بىرھون تورتۇراسى


تور ئادرېسىمىز:

birhon.sinaapp.com

birhon.blogspot.com

www.birhon.tk

www.birhon.com

## مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| سىرلىق «ئويۇن» لار مۇقەددىمىسى | 1 |
| پەيتۇللىنىڭ دەردى، تايغاننىڭ ئامىتى | 35 |
| خەيرلىك ۋىسال | 68 |
| ئىككى دەردمەننىڭ كەچمىشلىرى | 102 |
| ھەقدادىغا يەتمىگەن ۋىسال | 123 |
| تايغاننىڭ ئاخىرقى ھەۋىسى | 155 |
| بىر چاقماقتىن مىڭ چېقىن | 189 |
| دوستلۇق سادالىرى | 223 |
| تېڭىرقاش ئىچىدىكى خىياللار | 246 |
| شاللانغان سەرخىل | 273 |
| دوستلار ۋە كۆشەندىلەر | 307 |
| ئىرپان كۆكىدىن كۆچكەن يۇلتۇز | 337 |
| توزاق دېنىنى چوقۇغان قۇش | 363 |
| ئىسلاھاتچىنىڭ ئاخىرقى قارارى | 393 |
| «ئورا» كولىغۇچىلار | 428 |
| ئىسلاھاتچىنىڭ تەقدىرى | 469 |
| ئانا يۇرت مېھرى | 490 |


## سىرلىق «ئويۇن» لار مۇقەددىمىسى

ھېكمەتنىڭ يالاڭ كۆكرىكى، بىقىن ھەم دۈمبىلىرىدە ئايلىنىپ يۈرگەن پانىنداسكوپ، ئۇنى تۇتقان يۇمشاق بارماقلار تىنىمسىز سۈس تىترەيتتى. بۇ ھال بايا تومۇر تۇتقاندىمۇ يۈز بەرگەنىدى. يېرىم سائەتتەك داۋاملاشقان ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئاخىرلاشتى. ماھىگۈلنىڭ پېشانە، بۇرۇن ئۈچلىرى ئۇششاق تەرلىگەن بولۇپ، ئايدەك چىرايى ئاقىرىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— پۈتۈنلەي نورمال، مەن سىزگە دەپ كېلىۋاتىمەنغۇ، سىزدە يۈرەككە تالىق ئېغىر كېسەل يوق، — دېدى ماھىگۈل دوختۇرلۇق سايمانلىرىنى سومكىسىغا سېلىۋېتىپ، — ھە، قاچان ماڭماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— ئۆگۈنلۈككە ماڭىدىغاندەك تۇرىمىز.

— باشقىلارمۇ بارمۇ؟

— نەشرىياتىمىز بويىچە ئالتە كىشى.

تۈنۈگۈن كەچ ئۇچقۇنئاينىڭ «دادام خەلقئارالىق كىتاب يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارماقچى، شۇڭا مېڭىش ئالدىدا سالامەتلىكىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقسىڭىز» دەپ بەرگەن تېلېفونىغا ئاساسەن ماھىگۈل بۈگۈن ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەنىدى.

— مەھبۇبە ھەدەمنىڭ يىل نەزىرىنى بەرگەن كۈنى سىزدە

بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، خۇداغا شۈكۈر، ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمىدى.

— مەنمۇ سىزدەك ئويلىغان، لېكىن نەزىرىدىكى جىددىيچىلىكتە غەيرىي خىياللاردىن نېرى بولدۇم، شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك.

— مېنىڭ داۋاملىق تەكىتلەپ كېلىۋاتقىنىممۇ شۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلارنى كۆپ ئويلىماڭ، — ماھىگۈل ئورنىدىن تۇردى، — ھازىر مەن بىلەن كېتەمسىز؟ چۈشلۈك تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدە يەيلى.

— رەھمەت، ئەتىگەندىلا تۇرسۇنجان ئالىمدىن تېلېفون كەلگەن، ئۇنى ساقلاي.

— بولىدۇ ئەمىسە، ئەتە كەچ سىزگە كېرەكلىك دورىلارنى ئېلىپ كېلىمەن، — ماھىگۈلنىڭ يادىدىن بىر ئىش كەچتى بولغاي، ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدى، — ھېكمەت ئاكا، مەن يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئائىت بىر كىتاب يازغانىدىم، ئۇزۇندىن بېرى خىجىل بولۇپ سىزگە كۆرسىتەلمەي كەلدىم.

— كىتاب يېزىش ئىلمىي ئەمگەك، نېمىدىن خىجىل بولىسىز؟ ھە، نەگە بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز؟

— ھازىرچە نەگە بېرىشنى ئويلاشقىنىم يوق، — ماھىگۈل قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — دېمەكچى بولغىنىم، بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يازغان ئورىگىناللىرىمنى كۆرۈپ بېرەلەمسىزمۇ؟

— دوختۇرلۇققا ئائىت بىلىمدىن خەۋەرسىز تۇرسام، قانداق بولار؟

— سىز پەقەت جۈملىلەرنىڭ راۋانلىقى، سۆزلەرنىڭ جايىدا ئىشلىتىلىشى ھەم مەنتىقە باغلىنىشلىرى قاتارلىق تەرەپلىرىنى تۈزىتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

— ئۇنداقتا بولغۇدەك، — دېدى ھېكمەت، — ئاخشىمى



ھەم دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىككىمىز بىرلىكتە ئىشلەيلى، قانداق، بولامدۇ؟

— رەھمەت سىزگە.

ماھىگۈل ئۇزاپ بوسۇغا ئالدىغا كەلگەندە ھېكمەتكە قايرىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چىداپ بولماس بىر ئوتلۇق مېھىر يېلىنجاپ، قانداقتۇر سىرلىق بىر سوئال تەپچىپ تۇراتتى، قارىچۇقلاردىن چاچرىغان نۇر - چېقىنىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ھېكمەت ئىختىيارسىز يەرگە قارىۋالدى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي ھېكمەت ئاكا، كۆپ ئويلىماڭ، — پىچىرلىدى ماھىگۈل، — بىھۇدە خىياللار بەردەم تەنىنىمۇ قۇرتتەك يەپ تۈگىتىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، سىز ھەممىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك. . .

— رەھمەت، — ھېكمەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كۆز جىيەكلىرى قىزاردى.

مەھبۇبەنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى چېقىلغان چاقماقتەك تەسىر قىلغان ھېكمەت بىر قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقتى. ئۇنى ئۆز قولى بىلەن داۋالىغان ماھىگۈل داۋاملىق: «كۆكرەكتە قەرەلسىز پەيدا بولغان ئۇششاق سانجىق يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ياكى يۈرەك سانجىقىنىڭ كەلتۈرگەن ئالامىتى ئەمەس، ئۇنداق كېسەللىك سىزدە يوق، پەقەت سىز ھاياتىڭىزدىكى پاجىئەلەرنى ئويلاش، ھەسرەتلىنىش، غەزەپلىنىش، قايغۇرۇش، ھاياجانلىنىش قاتارلىق ئەنسىز خىياللارنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ئادەم فىزىئولوگىيىسىگە ئېغىر بېسىم كەلتۈرىدىغان روھىي زەربىدىن خالىي بولالمىدىڭىز. بۇ ھالنىڭ سىجىللىقى كۆكرەك ۋە يۈرەك ئەتراپىدىكى نېرۋىلارنى ئەدەپلەپ ئاچچىق ئاغرىقنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا يۈرەكتىمۇ نورمالسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرەتتى. بىراق، ھېكمەت مەشئۇم خىياللاردىن زادى نېرى بولالمايتتى.

هاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن قاتمۇقات زۇلۇملار، سۇرگۈندە ئۆت-
كەن كۈنلەر، زەي زىندانلاردىكى خورلىنىشلار ئۇنىڭ قەلبىدە
جىسمانىي جاراھەت پەيدا قىلغان بولسا، يۈرىكىنى يەپ كەتكەن
روھىي جاراھىتى باشقا ئىدى. گۈلزىبا سالغان داغلار ئۆچمەي
تۇرۇپلا ئوغلى ئەزىمەتنىڭ جۇدالىق زەردابلىرى ھېكمەتنىڭ
كۆڭلىگە لاي سۇدەك تىنىپ كەتتى. مانا ئەمدى بۇ دەردلەر
يەتمىگەندەك مەھبۇبەنىڭ يېڭى جاراھىتى قوشۇلدى. جىسمانىي
جاراھەتقۇ يىللار ئۆتكەنسېرى ساقىيىدىكەن ھەم ئۇنتۇلىدىكەن،
ئەمما روھىي جاراھەت ئۆمۈر مەنزىلىگىچە يۈرىكىڭدىن زادى كۆچ-
مەيدىكەن. ئىنسان تېنى مەڭگۈ ئۆپرىماس ئالماس ئەمەسقۇ!
بولۇپمۇ ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجاپ، ئېكەكتەك ئۆر-
رىتىۋاتقىنى ۋىجدان ئازابى ئىدى. ئۇ مەھبۇبەنى شۇنچە ئۇزاق
يىللار تاشلىۋەتتى. بۇ رايىش مەزلۇم نىم ئەر، نىم ئايال بولۇپ
ئۆمرىنى بىراۋلارنى كۈتۈش، قىزىنى بېقىش، تىلەك تىلەش
بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ياشلىقى ئەقىدە سۆلىرىدا ئېقىپ ئېتە-
قاد تۇپراقلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. ھېكمەت ئۇيقۇسىدىن يېشى-
لىپ ئۇنى ئۆز باغرىغا تارتقاندا، ئۇ ئىككى ئالەم شادلىقىغا
چۆمۈلگەنىدى. ئەمما، قىسمەت مەھبۇبەنى ئېلىپ كېتىش ئار-
قىلىق ھېكمەتنى پانىي ھەم باقىيغا يەتكۈدەك ئازاب ئوچىقىدا
ئۆرتىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ھېكمەت قانداقمۇ ئويلىماي، ئازاب-
لانماي، قايغۇرماي ئۆتەلىسۇن؟! ئۇ قانچە قېتىملاپ «ئويلىماي-
لا» دەپ ئۆزىگە ئەھدە قىلغان بولسىمۇ، تاشبېغىر خىياللار
ئىشىك يوچۇقلىرىدىن، دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن كىرىپ ئۇنى
زادىلا ئارامىدا قويمىدى. ئۇنىڭ ھەسرەت - نادامەت تېغى ئاستى-
دا قالغان ئاجىز تېنىنى ئازاب زەنجىرىدە كېپەنلەپ، يۈرىكىگە
مىختەك قادالدى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ھېكمەت-
نىڭ يالغۇزلۇقىنى بىلىندۈرمەي، دەرد - ھەسرەتلىرىگە مەلھەم
بولۇپ، كامىل، ماھىگۈل، تۇرسۇنجان، نەبى، دىلنارلار ئۇنى



داۋاملىق يوقلاپ تۇردى. ماھىگۈل ۋاقتى بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن
پاراڭلىشىپ ئۇنى غەيرىي خىياللاردىن نېرى قىلاتتى. بولۇپمۇ
ئۇچقۇنئاي ئاپىسى تۇغۇلغەندىن كېيىن دادىسىغا شۇنچىلىك مېھ-
رىبان بولۇپ كەتتىكى، ھېكمەت بىلەن ئىككىسى ھەم ئاتا -
بالا، ھەم سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ھېكمەتمۇ مۇشۇ
بىر تال قىزى ئارقىلىق مەھبۇبەنىڭ ئوت - پىراقىنى باساتتى.
مەھبۇبە قازا قىلغان بۇ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە
خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. كامىل، ئىشانوفلار
يىغىپ كەلگەن ئەجدادلار مىراسلىرىنى ژۇرنال ۋە مەجمۇئەلەردە
ئېلان قىلىش، كىتابلاشتۇرۇشتەك ئۇلۇغ پىلانلارنى تۈزۈپ،
ئەجدادلار قازغان ئىلىم - ئېرپان دەريالىرىغا يۈرەك قانلىرىدىن
سۇ باشلىماقچى بولۇپ تۇرۇشقىنىدا، يۇقىرىدىن ئىشانوف بىلەن
جاڭ جىجۇنىڭ دەم ئېلىشقا چىققانلىقى توغرۇلۇق ھۆججەت
چۈشۈرۈلدى. نەتىجىدە، نەشرىيات پىشقان نەشرىياتچى، پاك
رەھبەرلىرى ۋە مۇھەررىرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. كامىلنى
ئېچىندۇرغىنى ئۆزىگە يېتەك ۋە يۆلەنچۈك بولغان ئىشانوفنى
ئىنتايىن ھالقىلىق پەيتتە پېنسىيىگە چىقىرىش بولدى. قايسى-
دۇر بىر ناھىيىدە ھاكىملىق ئەمىلىنى ئۆتىگەن ياقۇپ مۇھىتى
ئىسىملىك بىر كىشى ئىشانوفنىڭ نەشرىيات باشلىقلىق ئورۇن-
دۇقىدا ئولتۇردى. مەمۇرىي ئورگاندا ئۇزاق يىل تەرجىمانلىق
ھەم كاتىپلىق خىزمىتىنى ئۆتىگەن نۇرساپا ئىسىملىك بىر كې-
شى مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقلىقىنى ھەم مۇئاۋىن باش مۇھەر-
رىرلىكتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۆتەشكە يۆتكەپ كېلىندى.
جاڭ جىجۇنىڭ شۇجىلىق ھەم باش مۇھەررىرلىك ئورنىنى بولسا
مەلۇم سانائەت زاۋۇتىنىڭ شۇجىسى لوگاڭ ئىگىلىدى. نەشرى-
يات باشلىقى ياقۇپ مۇھىتى ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان تەندۈ-
رۇس، ھەرىكىتى چاققان، دىقماقراق ئادەم بولۇپ، سېمىز،
بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا كىنايىلىك بىر كۈلكە دائىم ھەمراھ

ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەللىك تۆت ياشلىق نۇرساپا بولسا
«قەدەم ئالايمۇ - ئالمايمۇ» دېگەندەك، ئېگىز گەۋدىسى ئېغىر
تەۋرىنىدىغان، بېجىرىم، ئاق سېرىق چىراي، سارغۇچ قارىچۇق-
لۇق كۆزلىرى، ھەتتا بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئېقىپ چۈش-
كەن قورۇقلىرىغىچە بىر خىل ئېرىنچەكلىك تۇمانلىرى سىڭىپ
قالغاندەك تەسىر بېرەتتى. ئەللىك ئىككى ياشلىق لوگاڭ بولسا
ئوتتۇرا بوي، ئورۇق، چاچلىرى مەزگىلسىز ئاقىرىپ كەتكەن،
قىزغۇچ مىسرەڭ چىراي ئادەم ئىدى.
بۇ يېڭى باشلىقلارنىڭ نەشرىياتچىلىق كەسپى ۋە ھازىرقى
زامان، يېقىنقى زامان، قەدىمكى زامان كىتابلىرى، شۇنداقلا
مەدەنىي مىراسلارنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى چۈشىنىپ، بۇ كە-
سىپنىڭ ئېپى - جېپىنى ئىگىلەپ كېتىشى ئۈچۈن يەنە بىر
جەريان كېرەك، ئەلۋەتتە.
روھىي چۈشكەن كامىل ئىشانوفنىڭ خىزمىتى توختاپ
ئۇزاق ئۆتمەيلا «پەن تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ تەكلىپى-
گە ئاساسەن يۆتكىلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ باشلىماقچى بولغان
ئۇلۇغ پىلانلىرىنى شۇ يەردىلا كامال تاپقۇزالايدىغانلىقىغا ئىشەن-
گەنىدى. كامىل كېتىپ ھەپتىمۇ ئۆتمىدى بولغاي، «مۇنبەر»
ژۇرنىلىدا نامان سوپىنىڭ «زۇلمەتتىكى مەشئەلنىڭ سىرى»
سەرلەۋھىلىك ئوبزورى ئېلان قىلىندى. كىتاب بازارغا سېلى-
نىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوق - ئىشتىياقىنى قوزغاپ يېرىم يىل
ئۆتكەندە ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالە، خۇددى تويدىن كېيىن
ناغرا، ئاشتىن كېيىن زاغرا دېگەندەك كۈلكىلىك بولغان بولسى-
مۇ، ئەمما جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا قىلىپ زور كۆپچىلىك
زىيالىيلارنى غەزەپكە كەلتۈردى. گېزىت - ژۇرناللاردا
ئارقا - ئارقىدىن مۇنازىرە خاراكتېرلىك ئوبزور - ماقالىلەر
ئېلان قىلىندى ھەتتا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار تەرىپىدىن بۇ
كىتاب ھەققىدە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك يىغىنلار ئۇيۇشتۇرۇ-



لۇپ، «زۇلمەتتىكى مەشئەلنىڭ سىرى» مەغلۇپ قىلىندى. بۇ
ئارقىلىق كىتابنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتى بالدۇرقىدىنمۇ ئاشتى.
بىراق، بۇنىڭدىن مەسۇم قابىل كۆزلىگەن رىجىسگە يەتتى.
چۈنكى ئۇ نامان سوپى ئارقىلىق تۇرسۇنجاننىڭ ئىقبال دەپتىرىگە
بىر قارا تامغا باسقان بولسا، پەيتۇلنىڭ يىلتىزىغا كېلىشتۈرۈپ
بىر پالتا ئۇرغانىدى. ئۆزىنىڭ «ئاتمۇ ئۆلمەيدىغان، شوتىمۇ
سۇنمايدىغان» ئامالىدىن چەكسىز مەمنۇن بولغان مەسۇم قابىل
پەيتۇل ھەم تۇرسۇنجانلاردىن ئايرىم - ئايرىم ھال سوراپ:
«نامان تېتىقسىزنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان، خەلق سۆي-
گەن بىر نادىر كىتابنى سۆكۈپ دېگىنى قالماپتۇ. ئۇ دېگەن
تارىخىي ۋەقەلەر تېما قىلىنغان رومان تۇرسا، ھازىرقى سىيا-
سەتكە تەتبىقلىغىنى نېمىسى؟» دېگەندەك دەبدەبىلىك سۆزلەر
بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ئۆزىنى بىر كۆرسىتە-
ۋالدى. ئەمما، ئەسلىي ماقالە ئورىگىنالىنى يۇزە بولسىمۇ كۆر-
گەن نۇردۇن خوجىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ:
«قارا، بۇ ئەبلەخنىڭ ئۇستاتلىق قىلغىنىنى، مېنىڭ ئالدىمدا
‹خوش - خوش›، دەپ قويۇپ، نامان سوپى ئارقىلىق نەيزە
ئۇرغىنىنى. بۇ قىياق كۆز بەندە پىشىپتۇ، پىشقاندىمۇ بېغىشىدا
خېلىلا يېتىلىپ پىشىپتۇ» دەپ غۇدۇڭشىغان بولسىمۇ، لېكىن
بۇ سىر كۆڭلىدە دۇغ سۇدەك تىنىپ قالدىكى، ئېغىزىدىن
چىقىرالمىدى. چۈنكى مەسۇم قابىلدىن ئىبارەت تايغاننىڭ يۇزىدە
تۈكى بار ئىدى، جان ھەلقۇمغا كەلگەندە «مۇنۇ ئىگەمكەن»
دېمەي ئېغىز سالمىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى.
ھازىر بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، تۇرسۇنجاننىڭ «گۈلدەس-
تە» نەشرىياتىدا ئىشلەۋاتقىنىغىمۇ ئۈچ يىل بولۇپ قالدى.
گەرچە «گۈلدەستە» نەشرىياتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن خېلىلا
باش كۆتۈرۈپ قالغان بولسىمۇ، «قۇدۇق قازغۇچى» نىڭ
قەدىر - قىممىتى بولمايۋاتاتتى، بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەر

خىل تۇزۇم - مىزانلار بىلەن ئۇنىڭ پۇت - قولىنى چۇشەپ
قويۇپ، ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى. پەيتۇل ئۇ-
يۇشتۇرغان كىتابلارنىڭ تەرجىمىسى، تەھرىرلىكى، كوررېكتور-
لۇقى قاتارلىق كەسپىي تەلەپلەر سۇپەت ئۆلچىمىگە يېتىش ئە-
مەس، ئەقەللىيسى نەشرىيات ساۋاتىغىمۇ يەتمىگەنلىكى بىلەن
قايتىدىن ئۇيۇشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق تۇرسۇنجاننىڭ ۋاقىت پى-
لانىغا تەسىر كۆرسىتىش، توختامدىكى بەلگىلەنگەن ئاي - كۈن-
دە كىتابلارنى تاپشۇرالماسلىقتەك زىددىيەتلەر تۇپەيلىدىن، پەي-
تۇل بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئانچە ئېغىر بولمىغان سۇر-
كىلىشلەر بولۇپ ئۆتتى. بۇ پۇت تېپىشىشلار گەرچە ئەتىيازنىڭ
شامىلىدەك يېنىك سۇۋىشىپ ئۆتكىنى بىلەن خېلىلا جان قاقشات-
قۇدەك سوغۇقىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، تۇرسۇنجان ھەر قېتىم
ھېكمەتنى ئىزدەپ كەلگىنىدە بىر يېڭىلىقنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى.
مانا شۇ تۇرقىدىمۇ كرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ھېكمەت تۇر-
سۇنجاننىڭ تېلېفوندا: «مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار»
دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئولتۇراتتى. لېكىن، دالان ئۆي
ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى ۋە كارىدوردا ئۇچقۇنئاينىڭ كىمگىدۇر
گەپ قىلغىنى ئۇنىڭ خىياللىرىنى چېچىۋەتتى. ھېكمەت مېھمان-
خانا ئىشىكىنى ئېچىپ، بوي - تۇرقى ئۇچقۇنئايدىن ئانچە پەرق-
لەنمەي كەتمەيدىغان بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرى چوڭ، مۇلايىم
يىگىتنى كۆردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — يىگىت قولىنى كۆكسىگە قوي-
دى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ھە، دەرسكە قاتناشماي نېمە
قىلىپ يۈرىسىلەر؟

— رۇستەم ئىنگلىزچە سۆزلىشىش قاپلىق لېنتىسىنى
ئاپتىكەن، — دېدى ئۇچقۇنئاي ھۇجرىسى ئالدىدا ئايىغىنى سې -
لىۋېتىپ، — مېنىڭ ئۇنئالغۇمدا ئاڭلاپ باقايلى، دېگەن.



— ھەر ھالدا دەرس قالدۇرمىغىنىڭلار تۈزۈك.

— چۇشكىچە ئىختىيارىي پائالىيەت، ھېلىلا كېتىمىز.

ئۇچقۇنئاي رۇستەمنى بۇرۇنمۇ بىر قېتىم باشلاپ كېلىپ،
ئىككىسى سوئال - جاۋاب تەرىقىسىدە سۆزلىشىپ ئىمتىھانغا
تەييارلىق قىلىشقانىدى. ھېكمەت رۇستەمنىڭ ئېغىر - بېسىق،
مۇلايىم، چوڭلار بىلەن سۆزلەشكەندە گەپ - سۆزلەرگە دىققەت
قىلىدىغان مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ مەھبۇبە-
نىڭ ئۆلۈمىدە باغاق يەتكۈزۈش، مېھمانلارنىڭ قوللىرىغا سۇ
ئېلىش، ئۇزىتىش - كۈتۈشتەك ئىشلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىز-
مەت قىلدى. رۇستەمنىڭ بۇنداق «پىداكار» لىقىنى كۆرگەن
ھېكمەتنىڭ كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئوي چىگىلىپ قالدى. . .

ھېكمەت ئۇچقۇنئاي بىلەن رۇستەمنى ئۇزىتىۋېتىپ ئانچە
ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇرسۇنجان كەلدى. ئادەتتە ھېكمەتنى كۆرگەن
ھامان ۋارقىراپ - جارقىراپ بىرنەچچە ئېغىز تىللىۋالىدىغان
تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ غەزەپتىن بولسا كېرەك، كۆزلىرى چەك-
چەيگەن، چاققانغىنا گەۋدىسى بوشاشقان، روھى سولغۇن ئىدى.
ئۇ ئۆزىنى دىۋانغا تاشلاپ ھارغىنلىق يەتكەندەك «ئۇھ» دەپ
قويدى. چاي تەييارلىماقچى بولغان ھېكمەتكە: «بولدى قىل،
ناشتا قىلىپ كەلدىم» دەپ سۇسلا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. ئۇنىڭ
كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزگەن ھېكمەت تاماكا سۇن-
دى. ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماي بىردەم ئولتۇرۇشتى.

— بەك سولغۇن كۆرۈنىسەنغۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ
نېمە؟ — سورىدى ھېكمەت ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، — پەي-
تۇل بىلەن سەن - پەن دېيىشىپ قالدىڭمۇ يە؟

— ياقەي، — تۇرسۇنجان تاماكىسىنى قاتتىق شو -
رىدى، — قارا، ھەسەت ئىككى خىل بولىدىكەن: غەربلىكلەردە
بىرەرى بىرەر كەشپىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسە باشقىلىرى «مەن
سەندىن ئاشۇرۇۋېتىمەن» دەيدىكەن. بۇ، تەبىئىيكى، ئىلغار

ھەسەت. بىز شەرقلىقلەردە بولسا «مەن قىلالمىغان ئىشنى سەن
قىلالامتىڭ» دېگەن غەرەزدە ئادەم ئەقلى يەتمىگەن رەزىللىكلەر-
نى قىلىدىكەن.

تۇرسۇنجان ئالىم سۆزلىگەنسېرى غەزەپتىن تىترىمەكتە ئې-
دى. بىر يىل ئالدىدا نامان سوپىنىڭ «زۇلمەتتىكى مەشئەلنىڭ
سىرى» ناملىق ئوبزورى ئېلان قىلىنغان ھامان بەزى ئادەملەر
بۇ كىتاب توغرۇلۇق ھەر خىل سىياسىي ئۆسەكلەرنى تارقى-
تىپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ، ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ «زۇل-
مەتتىكى مەشئەل» رومانىنى تۇنجۇقتۇرماقچى بولۇشتى. شۇن-
داقتىمۇ بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ
قول تىقىشى، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشى، رەددىيە
ماقالىلىرىنى يېزىشى ئارقىلىق بۇ بىر مەزگىللىك جىددىي ئېلى-
شىش پەسەيگەنىدى. بۇ يىل ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپى، شىنخۇا
كىتابخانىلىرىنىڭ تىراژ بېرىشى بىلەن «زۇلمەتتىكى مەشئەل»
نىڭ ئىككىنچى نەشرى زاۋۇتتىن چىقىش ئالدىدا يەنە ئۇششۇك
تەگدى. غەممازلار (چېقىمچىلار) ئالدىنقى قېتىم تەشۋىقات بۆ-
لۈمى، نەشرىيات باش ئىدارىسىدە قىلغان ھىيلە - مىكىرلىرى
ئاشكارىلىنىپ گەپلىرىنى ئاقتۇرالمىغانلىقى ئۆزلىرىگە ئايان
بولغاچقا، بۇ قېتىم سامان تېگىدىن سۇ قويۇپ بېرىش يولىنى
تۇتقانىدى، «زۇلمەتتىكى مەشئەل» جامائەت خەۋپسىزلىكى نازا-
رىتى تەرىپىدىن قاتتىق مەنئى قىلىندى. ئالدىنقى قېتىم تارقى-
تىلغانلىرىنى يىغىۋېلىشتىن سىرت، «ئاپتور، مۇھەررىرلەر-
نىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىكەن» دېگەندەك ۋەھىمى-
لىك سۆزلەر ھەممە يەرنى قاپلىدى. بۇ خەۋەرنىڭ ئەندىشىسىگە
چۈشكەن باسما زاۋۇت رەھبەرلىرىمۇ تۇپلىنىپ، مۇقاۋىغا ئېلى-
نىپ بولغان كىتابلارنى تاپشۇرماي ئامبارلارغا بېسىۋەتتى.

— تويا قىلدىم، بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز نېمە بولۇپ
كەتكەن ئۆزى، — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ



قالدى، — سەن بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىگە يېتەلىدىڭمۇ؟

— ئوچۇقلا تۇرمامدۇ، يەنە شۇ نامان سوپى ھەم ئۇنىڭ
دۇمباقچىلىرىنىڭ ئىشى، — تۇرسۇنجان ئالىم قوللىرىنى
شىلتىدى، — ئۇلار ئالدىنقى قېتىم بۇرنىغا يېگەچكە بۇ قېتىم
ئۆچ ئالماقچى.

بۇ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. نامان سوپىنى ئالدىنقى
قېتىم نام چىقىرىش ھەم قەلەم ھەققى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى،
دېگەنمۇ، بۇ قېتىمقى شامال ئۇنىڭغا قانداق نەپ ئېلىپ كېلىدۇ؟
ئۇ بىر مەنپەئەتنىڭ قۇلى! بىراق، پايدا مەسۇم قابىلغا بولدى.
چۈنكى بۇ مەنسەپ مەستانىسى سېنىڭلا پېيىڭدا بولماي، بەلكى
پەيتۇللىمۇ كۆزدىن يوقاتماقچى. ئۇ ھەر ئىككىڭلارنى يۇقىرى
رەھبەرلىك ئالدىدا «قاشقىلىق» قىلىپ قويىدى.

— ئۇنداقتا، نامان سوپىنىڭ ماقالىسىدە ئۇنىڭمۇ قولى
بار، دېمەكچىمۇ سەن؟

— قولى بارلا ئەمەس، شۇنىڭ پىلانى بويىچە بولغان،
ئۇنىڭ پىلانى چوڭ ھەم چوڭقۇر يوشۇرۇنغان. ئۇ سەن ۋە
پەيتۇللىدەك باشلىقلىرى ئالدىدا ئۆزىنى ئاشكارىلىمايدۇ، بۇنىڭغا
نۇردۇن خوجىمۇ يول قويمايدۇ. بىراق، كېيىنكى پىلانلىرى
ئۈچۈن سېنىڭ كىتابىڭ ئۇنىڭغا تېپىلماس گۆھەر، چۈنكى بۇ
كىتاب سەن ھەم پەيتۇللىنىڭ يىلتىزىنى قىرقىشقا يېتەرلىك
قايچا.

— سەن بەكمۇ تېرەن ئويلاپ كېتىپسەن، — تۇرسۇنجان-
نىڭ كۆزلىرىدە ئىشەنمەسلىك ئىپادىسى بار ئىدى، — مەسۇم
قابىل ئىشخانىمۇ ئىشخانا كىرىپ نامان سوپىنىڭ ماقالىسىنىڭ
مېزىنى تىتىپ يۈرسە. مېنىڭچە، ئۇ ھازىرقى خىزمىتىدىن
مەمنۇن، تېخى پەيتۇل توغرۇلۇق خېلى ئىشەنچلىك مەلۇماتلار-
نى بېرىپ مېنى كۆپ ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— بۇ مېنىڭ پەرىزىم، ئەمما سەن بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە

ئۇخلاپ قالما، — دېدى ھېكمەت جىددىي تەلەپپۇزدا، — ھە، ئېيتە قېنى، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى ئەزىز ئېلى بىلەن كۆرۈشۈپ باقساق، — تۇرسۇنجان ھېكمەتكە ئۈمىد بىلەن قارىدى، — ماڭا قارىغاندا ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ تونۇشلۇقۇڭ ياخشى.

— بولىدۇ، قاچان بارىمىز؟

— ھەرقانچە مۇھىم ئىشىڭ بولسا بۈگۈنچە قوي، ھازىر بارايلى.

ئۇلار كوچىغا چىقىشتى. تىك كۆتۈرۈلگەن ماي قۇياشى ئەتراپقا نۇر زەررىلىرىنى چاچماقتا ئىدى، ئەينەك بېتىدەك سۈزۈك ئاسماندا بىرەر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. يولنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى قويۇق يوپۇرماقلىق ئاكاتسىيە، ئەرمۇدۇن دەرەخلىرى ئاستىدا ئالا كۆلەڭگىلەر تىترەيتتى. كۆنسېرى بىپلىنىۋاتقان ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ ئەينەكلىرى يالت - يۇلت چېقىن چاقاتتى. ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپ ئارقىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— بىر خوش خەۋەرنى دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى تۇرسۇنجان ھېكمەتكە قايرىلىپ، — «تۈندىكى چولپان» رومانىڭ بېسىلىپ بولدى، تۈپلىنىپ مۇقاۋىغا ئېلىنسىلا بازارغا سالىمىز.

— ئۇنىڭغىمۇ بىرەر چېچەك چىقمىسا بولاتتىغۇ، — ھېكمەت ئىستىھزا بىلەن كۈلدى، — بۇ رومانىدىن مەسۇم قابىلىنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟

— تېماتىك پىلاندىن كۆرۈپ قالغان بولسا بىلمىدىم، بولمىسا ئۇقمايدۇ.

— ئىلاج بار كىتاب چىقىپ بولغۇچە ئۇقمىغىنى ياخشى، بۇ ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەپ قالدىم.



— خاتىرجەم بول، يېڭى دەۋردىكى ئوقۇتقۇچى تېما قىلىنغان كىتابتىن قۇسۇر چىقىرالمايدۇ.

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قېلىشتى. ھېكمەت ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا تۇرسۇنجاننى دەرۋازا يېنىدىكى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى. قاراۋۇلدىن رۇخسەت خېتى ئالغاندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ كېلىشتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن ئەزىز ئېلى باش كۆتۈرمەي ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ ھېكمەتنى خۇشچىراي قارشى ئالدى.

— بەللى، بەللى ھېكمەت ئەپەندى، بېشىڭىزدىن ياغاچ ئۆشتۈۋېتەمدۇق، قانداق، — ئەزىز ئېلى ھېكمەتنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، — قانداق بولۇپ مەن يادىڭىزغا كېلىپ قالغاندىمەن. ۋۇي، بۇ ھېلىقى ئىسلاھاتچىمىز تۇرسۇنجانغۇ.

— مېنى ئۇنتۇپ قالماپسىز - دە، — تۇرسۇنجان چاقچاق قىلدى، — شۇنىڭغا قارىغاندا تەسىرىم بار ئادەم ئوخشايمەن.

— تەسىرىڭىزلا ئەمەس، نامىڭىزمۇ بار ئادەمسىز، چۈنكى نەشرىيات ساھەسىدە تۇنجى ئىسلاھاتچى - دە، سىز.

ئۇلار بىردەم چاقچاقلاشقاندىن كېيىن، ھېكمەت «زۇلمەتتىكى مەشئەل» رومانىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئىخچام قىلىپ سۆزلىدى ۋە قايتا نەشرى چىقىش ئالدىدا تارقالغان بەزى گەپ - سۆزلەرنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان يامان تەسىرى توغرىسىدىمۇ توختالدى. ھېكمەتنىڭ سۆزلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلاۋاتقان ئەزىز ئېلى سۆز ئارىلىقلىرىدا «ئانچە - مۇنچە خەۋىرىم بار» دەپ قوياتتى. ئۇ ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجانغا تاماكا سۇنۇپ ئۆزىمۇ بىرنى تۇتاشتۇردى.

— قاراڭ ھېكمەت، توي - تۆكۈن، نەزىر، مەرىكىلەر جەمئىيەتتىكى يېڭىلىقلارنى ئاڭلايدىغان ئەڭ ياخشى سو -

رۇنكەن، ــ دېدى ئەزىز ئېلى كۈلۈپ قويۇپ، ــ بىر - ئىككى
سورۇندا بەزىلەر تۇرسۇنجاننى غاجاپ يوقلا قىلىۋەتتى، ئاندىن
ئۇنىڭ كىتابىنى سۆكۈشكە باشلىدى. ھاراقنىڭ تەسىرىمۇ،
ئىشقىلىپ: «ھالۋىنى پوق، پوقنى ھالۋا قىلىۋېتىدىغان خەققەن-
سەن» دەپ خېلىلا قايناپ قاپتىمەن.
ئەزىز ئېلىنىڭ سۆزلىرىدىن تۇرسۇنجاننىڭ بىردىنلا قاپاق-
لىرى تۈرۈلۈپ، غەزەپتىن چىرايى قىزىرىپ كەتتى. تەرەپ -
تەرەپتە ئىغۋا تارقىتىپ تۇرسۇنجاننى سېستىۋاتقانلارنىڭ ئارقى-
سىدا مەلۇم ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى جەزملەشتۈرگەن ھېكمەتنىڭ
كۆز ئالدىدا يەنىلا مەسۇم قابىل، نۇردۇن خوجا، نامان سوپىلار
ئايان بولدى.
ــ بەزى ئادەملەرنىڭ «جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى
بۇ كىتابنى مەنئى قىلدى، چەكلىدى» دېگەن سۆزلىرى پۈتۈنلەي
ئىغۋا بولۇشى مۇمكىن، ــ دېدى ئەزىز ئېلى كەسكىن
قىلىپ، ــ ئۇنداق ئىش بولسا مەن مەشەدە تۇرۇپ خەۋەرسىز
قالامدىم.
ــ بۇ ئىشنى، ــ دېدى ھېكمەت ئۈمىدلەنگەن ھالدا، ــ
مۇناسىۋەتلىك باشلىقلاردىن ئېنىقراق ئۇقۇپ كۆرگىلى بولارمۇ؟
ــ ئېنىقلا بولمايدىكەن، بۇ ئىشقا «مەدەنىيەت قوغداش»
باشقارمىسى مەسئۇل. مەن تېخى بايىلا باشقارما باشلىقى ئەركىن
بىلەن كۆرۈشكەنىدىم.
ئەزىز ئېلىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇلار ئىككىنچى قەۋەت-
تىكى «مەدەنىيەت قوغداش» باشقارما ئىشخانىسىغا كىرىشتى.
بېجىرىم تولغان ئاق يۈزىدىن ئوتتۇز نەچچە ياشلارغا كىرگەنلىكى
مەلۇم بولۇپ تۇرغان، لېكىن چوقا چاچلىرى سەل شالاڭلاشقان
بىر يىگىت قىزىل سىزىقلار بىلەن سىزىلىپ، ۋاراقلىرى پۈك-
لەنگەن بىر كىتابنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ كىرگەنلەرنى كۆ-
رۈپلا كىتابنى قاتلاپ تارتمىغا سالدى - دە، ئورنىدىن تۇردى



ۋە ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.
ــ قېنى ئولتۇرۇڭلار، ــ دېدى ئەركىن قىزغىن تەلەپ-
پۇزدا.
بۇ ئەسنادا ئىشخانىغا پاكار بويلۇق، ئوتتۇرا ياشلاردىكى
قارا قۇمچاق بىر خەنزۇ كىشى كىرىپ كەلدى. ئەزىز ئېلى ئۇنى
«جاڭ چۇجاڭ» دەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ھېكمەت بىلەن
تۇرسۇنجان ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئەزىز ئېلى
جاڭ چۇجاڭمۇ خەۋەردار بولسۇن دەپ ئويلىدىمۇ، ھېكمەت،
تۇرسۇنجانلارنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى خەنزۇ تىلى بىلەن
چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئەزىز ئېلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان باش-
لىقلارنىڭ بىردىنلا قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ بىردەملىك جىمىپ
قالدى.
ــ ھەي، ھەي، سىلەر زىيالىيلار ئاجايىپ خەقتە، ــ
دېدى جاڭ چۇجاڭ بېشىنى چايقاپ، ــ بىرىڭلار كېلىسىلەر داد-
لاپ، بىرىڭلار كېلىسىلەر ئاقلاپ. بىزنىمۇ ساراڭ قىلىۋەتتىڭ-
لار، ئۇنىڭسىزمۇ بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز چېچىمىزدىن
تولا. خەنزۇ يازغۇچى، ئالىملىرىنىڭ يېزىۋاتقان كىتابلىرى
سىلەرنىڭكىدىن ئاز ئەمەس، بىراق بىرەرىمۇ بىر - بىرىنى
غاجاپ كېلىشمەيدۇ، قانداق دېدىم، ئەركىن چۇجاڭ.
ــ توغرا، ئۇنداق ئەھۋال ئاساسي جەھەتتىن مەۋجۇت
ئەمەس، ــ ئەركىن ئاچچىققىنا كۈلۈپ قويدى.
ــ ئۆزۈڭلار قانداقتۇر كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ئۇنداق يا-
مان، بۇنداق زەھەرلىك، جەمئىيەتتىكى قالايمىقانچىلىق شۇنىڭ-
دىن كەلگەن. . . دېگەندەك نەرسىلەرنى يېزىپ كېلىسىلەر. بىز
كىتاب بىلەن يازغىنىڭلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك تۈپتىن
ئوخشىمىغان، ــ جاڭ چۇجاڭ دېمىغىنى قاقتى، ــ تارىخي
چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن سۆز - جۈملىلەر، ۋەقەلەر ھازىرقى
دەۋرگە تەتبىقلىنىپ ئاجايىپ سىياسي قالپاقلار كىيگۈزۈلگەن.

كىتاب يېزىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنداق - مۇنداق
خاتالىقتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ - دە.
— جاڭ چۇجاڭ ئېيتقاندەك، كىتاب يېزىش ئاسان ئىش
ئەمەس، — ئەركىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ
قويدى، — بەزى ئادەملەر بەتلىرى قىپقىزىل بويالغان كىتابلار-
نى كۆتۈرۈپ كېلىشىدۇ، ھەتتا بىر دەستە ماتېرىيالنى قوشۇپ،
ئۇنداقچى، مۇنداقچى دەپ ئىزاھلارنى بېرىشىدۇ. بىز بۇنداق
ئىشلارنى كوللېكتىپ مۇزاكىرىگە قويىمىز، ئەگەر بۇ جەھەتتە
بىلىمىمىز كەملىك قىلسا جەمئىيەتتىن ئالىم، پروفېسسور،
نەزەرىيىچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆزقاراش، تەھلىل-
لىرىنى ئاڭلايمىز. يېنىكلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلساق زور
خاتالىققا يول قويغان بولىمىز، چۈنكى پارتىيىنىڭ زىيالىيلارغا
قاراتقان سىياسىتى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە قانداق مۇ-
ئامىلە قىلىش، قوغداش، ئاسراش دېگەندەك تۈزۈم، قائىدە -
مىزانلىرى بار تۇرسا.
— ئەگەر چەكلەشكە تېگىشلىك، ئالايلى، — دېدى ھېك-
مەت ئېنىقراق ئۇقۇمغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، — شەھۋانىي كى-
تاب، رەسىم، كىنو دېگەندەكلەر بولۇپ قالغىنىدا قانداق ئۇ-
سۇل ياكى تەدبىر قوللىنىسىلەر؟
— يىغىۋېلىش، مۇسادىرە قىلىش، جەرىمانە قويۇش،
كۆيدۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن تەڭ ئايرىم ھۆججەت چۈشۈرۈل-
دۇ. سىلەر سۈرۈشتە قىلغان «زۇلمەتتىكى مەشئەل» كىتابىغا
چەكلەش ھەققىدە ھۆججەت چۈشۈرۈلمىگەنىكەن، بۇ باشقىلارنىڭ
قانۇن، دىكتاتورا ئورۇنلىرىنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ
يامان نىيىتىگە يېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
— ھۆججەت چۈشۈرۈلمىگەنلىكى ھەققىدە، — دېدى ئا-
مالسىز قالغان تۇرسۇنجان، — بىرەر ئىسپات يېزىپ بېرە-
لەمسىز؟



— بۇ ئورۇنسىز، — ئەركىن كۈلۈپ قويدى، — قولىدا
كىتابنى چەكلىگەنلىك ھەققىدە ھۆججەت بولمىغان شارائىت ئاس-
تىدا ئىغۋاغا ئىشىنىپ كىتابلارنى بەرمەسلىكنىڭ ئۆزى خاتا،
ئۇنداقتا ئۇلار ئىقتىسادىي زىيانغا ئىگە بولۇشى كېرەك.
ئەزىز ئېلى، ھېكمەت، تۇرسۇنجانلار بىر - بىرىگە باش
لىڭشىتىپ كۆڭلى تىنغاندەك بولۇشتى - دە، ئىككى باشلىققا
رەھمەت ئېيتىشىپ ئۇزاپ چىقىشتى. ئەزىز ئېلى ئۆيىگە باشلى-
ماقچى بولغانىدى، ئۇلار ئۇزرە ئېيتىپ خوشلاشتى. بۈگۈنكى
پائالىيەتتىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن تۇرسۇنجان بىردىنلا يېنىكلەپ
قالغاندەك تېز - تېز قەدەم ئالاتتى، چىرايىمۇ ئېچىلىپ روھلى-
نىپ قالغانىدى. ئۇ خۇشلۇقىدا ھېكمەتنى تاكسىدا ئېلىپ
كەتتى.
— تۇرسۇنجان، جاڭ چۇجاڭنىڭ سۆزلىرى مېنى نومۇس-
تىن ئۆلتۈردى، — ھېكمەت خورسىندى، — ئۆزىمىزدىن باشقا
مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە «ساپاسىز مىللەت» دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا
قىلىۋاتقانلار يەنىلا ئۆزىمىز ئىكەنمىز. بۇ نېمىدېگەن خورلۇق.
— راست دەيسەن، جاڭ چۇجاڭنىڭ: «سىلەر زىيالىيلار
ئاجايىپ خەقتە» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇددى ئەرشتىن يەرگە
تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ دېگىنى ھەقىقەتقۇ!
— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — ھېكمەت دوستىنىڭ قارىشىنى
رەت قىلدى، — بۇنداق بىرنەچچىلىگەن چۈپرەندى زىيالىيلار
پۈتۈن بىر مىللەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇلار شۇ مىللەتنىڭ
بەدىنىدىكى يىرىڭلىق ئىششىق ياكى يۇقۇملۇق مەرەز.
— يۇقۇملۇق دېگەن دىئاگنوزىڭغا قوشۇلىمەن، شۇڭا
ئۇلار مىللىتىمىزنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا سېستىۋاتىدۇ.
بولدىلا، بۇ تېمىدا سۆزلەشمەيلى، كۆڭۈللەرنى غەش قىلىپ
نېمە قىلىمىز. ھازىر بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ قورساقنى ئەپلە-
گەچ ئازراق ئىچەيلى.

ــــ بولمايدۇ، مەن ئۆگۈنلۈككە بېيجىڭغا ماڭىمەن، بۇ-
گۈن ـ ئەته سىزنىپ تۇگىتىدىغان رەسىم بار.

ــــ بېيجىڭغا بارىمەن. . . يەنە نېمە ئىشكەن؟

ــــ خەلقئارالىق كىتاب يەرمەنكىسىگە قاتناشقىلى.

ــــ ۋاي ـ ۋۇي، ئۆيگە ئوغرى كىرسە ئىتنىڭ سىيگۈسى
كەپتۇ دەپ، داۋاملىق مېنىڭ بېشىمغا كۈن كەلگەندە قاچىسەن.

ــــ هەي، قارا يۈزلۈك قىلما، قاچان بېشىڭغا كۈن چۈش-
كەندە قاچقان يېرىم بار؟

ــــ قاچان قايتىپ كېلىسەن؟

ــــ كۆپ بولسا ئىككى هەپتە ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن.
بىر ئىش بار ئىدى، ساڭا مەسلىهەت سالىدىغان. ماهىگۈل
«يۈرەك كېسەللىكلىرى» دەپ بىر كىتاب يېزىپتىكەن، سەن
چىقىرالامسەن؟

ــــ يۈرەك كېسەللىكلىرى؟ ! . . . ــــ تۇرسۇنجان كۆزلى-
رىنى قىستى، ــــ سەن ئۈچۈن بولسىمۇ ئامالىنى قىلىمەن ـ
دە. . .

ــــ تولا بىلجىرلىما، ــــ هېكمەت تۇرسۇنجاننىڭ گېپىنىڭ
تېگىگە يەتتى، ــــ مەن بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
ماهىگۈل ئىككىمىز بىر قېتىم كۆرۈپ، تۈزىتىپ چىقماقچى،
ئاندىن ساڭا تاپشۇرايلى، بولامدۇ؟

ــــ ئۇ چاغقىچە يىراق ـ يېقىندىكى دوختۇرخانا، تېببىي
مەكتەپ، سەهىيە ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تىراژنىڭ ئور-
نىنى قىلىپ قوياي.

هېكمەت ئۆيى ئالدىدا چۈشۈپ قالدى. تۇرسۇنجان ئالىم
تاكسى بىلەن «گۈلدەستە» نەشرىياتىغا يۈرۈپ كەتتى. مۇشۇ
كۈنلەردە ئۇ ئالدىراشلىقتا ئۆزىنى نەچچىگە بۆلگۈدەك بولۇپ
كېتىۋاتاتتى. باسما زاۋۇتلىرىغا بېرىپ كىتابلارنىڭ سۈپەتلىك
بېسىلغان ـ بېسىلمىغانلىقىنى، توختامدا بېكىتىلگەن ماتېرىيال-



لارنىڭ ئىشلىتىلگەن ـ ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى، بەلگىلەنگەن
ۋاقىتتا بېسىلىپ چىقىش ـ چىقماسلىقىنى سۈرۈشتۈرەتتى،
ئۆيۈشتۇرۇلغان كىتابلارنى سۆيلەيتتى. . . تەرجىمە قىلىنىغان
ئەسەرلەرنى تەهرىرلىككە ئۆيۈشتۇراتتى، يېڭى ئەسەرلەرنى ئىز-
دەيتتى. . . مانا شۇنداق ئۆزۈلمەس ئىشلار ئۇنى ئىككى قوشۇقتا
ئاش ئىچكۈدەك ئالدىرىتىۋەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇ-
ۋاتقىنى پەيتۇلنىڭ ئۆيۈشتۇرغان كىتـابلىرى بولۇپ، بۇ كىتاب-
لارنىڭ تەرجىمە ۋە تەهرىرلىنىشى نەشرىيات تەلىپىگە يەتمەيت-
تى. ئۇنداق كىتابلارنى قايتا ئۆيۈشتۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىك-
تىن، توختامدىكى بەلگىلەنگەن مۆهلەتكە خىلاپلىق قىلىشتىن
سىرت، بىر كىتابقا ئىككى ـ ئۈچ تۈرلۈك قەلەم هەققى بېرىشكە
توغرا كېلەتتى. بۇنداق تەكرارلىنىشلاردىن قاتمۇقات زىيان كەل-
تۈرۈپ چىقىرىۋاتقان پەيتۇل ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك بەخىرا-
مان هۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزمەكتە ئىدى. تۇرسۇنجان بىر ئاي-
دىن بېرى پەيتۇل ئۆيۈشتۇرغان كىتابلار ئىچىدىكى تۆت كىتابنى
سۆيلەپ، ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغىسىنى تېشىۋەتكۈدەك
قىلدى، چۈنكى توختام بويىچە، قايسى تەرەپ توختامدىكى مۆه-
لەتكە خىلاپلىق قىلسا ئوتتۇز پىرسەنت تۆلەم تۆلەيتتى.

تۇرسۇنجان ماشىنىدىن چۈشۈپلا پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرۈپ
دېگۈدەك چىقىپ پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا توختاپ، نەپىسى-
نى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتى. پەيتۇلنىڭ «كى-
رىڭ» دېگەن بوغۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بوسۇغىدىن قەدەم ئالدى.
هازىر ئىشخانا باشلىققا مۇناسىپ هالدا بېزەلگەنىدى، بۇرۇنقى
نامراتلىق يىغىپ تۇرغان «ئاسارئەتىقە»لەرنىڭ قارىسىمۇ كۆ-
رۈنمەيتتى. سۇس خورمارەڭ تام ئىشكاپلىرىنىڭ ئەينەكلىرىدىن
هەر خىل كىتابلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى، تورۇسقا رومبا شەكىللىك
گۈل چىقىرىپ قېقىلغان سىلىق هەم رەڭدار تاختايلارنىڭ بىر-
قانچە يېرىگە زىننەت چىراغلىرى بېكىتىلگەنىدى. مودا بولۇۋاتـ-

قان شادلىق كرېسلولارغا يۇمشاق بولغار قاپلىق كۆرپىلەر سېلىنغان بولۇپ، ئارىلىقلىرىغا قوڭۇرراڭ چاي ئۈستەللىرى قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېقىقەتەك پارقىراق ئىستاكانلار تۇراتتى. ئىشخانىنى بۆلەكچىلا ھەيۋەت كۆرسىتىپ تۇرغىنى ھاۋا رەڭ ئويما گۈللۈك گىلەم ئۈستىگە قويۇلغان خىزمەت ئۈستىلى ئىدى. ئۈستەل خۇددى قېلىپتىن قۇيۇلۇپ چىققاندەك سىپتا، نەپىس ئىدى، كۆز چاقنۇدەك پارقىرايتتى.

پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسىنىڭ بۇنداق كۆركەم ياسىلىشىنى نەشرىياتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. ئۈچ يىلدىن بېرى قانات - قۇيرۇقىنى خېلىلا رۇسلىۋالغان «گۈلدەستە» نەشرىياتى مۇھەررىرلەرنىڭ ئۈستەل - ئورۇندۇقلىرىنى يېڭىلاپ بېرىشتىن سىرت، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى توشۇيدىغان ئاپتوبۇس ھەم پەيتۇل ئۈچۈن «سانتانا» ماركىلىق كىچىك ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالدى.

پەيتۇل تۇرسۇنجاننى بۇرۇنقىدەكلا ياسىما چىرايى بىلەن قارشى ئالدى. ئۇنىڭ نامراتلىق يېغىپ تۇرغان ئىشخانىسى ئۆزگەرگىنىدەك، بۇرۇنقىدەك كەمتەرلىك، قىزغىنلىق، ھېرىسمەنلىك خۇي - پەيلى سۇرلۇك، مەنمەنلىك، ئۆزگە تەمەننا قويۇش كىبىرىگە ئالماشقانىدى. بىر يىل ئالدىدا نامان سوپىنىڭ «زۇلمەتتىكى مەشئەلنىڭ سىرى» ناملىق ئوبزورى ئېلان قىلىنغاندا، كېرىم بوجاڭ، نۇردۇن خوجىلار پەيتۇلنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ ساقلىنى قىرغان بولسىمۇ ھەر ھالدا ساقلاپ قالدى. لېكىن، ئۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ خوجا ئاكىلىرى ئالدىدا خېلى ۋاقىتلارغىچە يۈزىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىلىرى بىردىنلا يامانلىشىپ ئۇنى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدۇردى. خەيرىيەت، ئۇ ئىشلار ئارقىدا قالدى ھەم ئۇنتۇلدى. بىراق، شۇنىڭدىن باشلاپ نۇردۇن خوجا قاتارلىق ھەقەمسايىلىرىنىڭ تۇرسۇنجان



توغرۇلۇق سىرلىق ھەم ۋەھىمىلىك قولاق قېقىشلىرىدىن پەيتۇل بۇ ئىسلاھاتچىدىن ھەزەر ئەيلەپ قالغاندەك قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ نەشرىياتنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ ھازىرقى كۈنلىرىنىڭ ئاشۇ جاپاكەشنىڭ ھىممىتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ قېتىم پەيتۇلنىڭ «زۇلمەتتىكى مەشئەل» نى قايتا نەشرگە بېرىشى يەنىلا ئۆزى ئۈچۈن ئىدى، چۈنكى ھەرقانداق كىتابنىڭ ئىككىنچى نەشرىدىن تۈزۈم بويىچە مۇھەررىرگە خېلىلا پۇل تېگەتتى. شۇڭا ئۇ شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن «زۇلمەتتىكى مەشئەل» نى ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلدۇردى. بىراق، جەمئىيەتتە تارقالغان «جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى مەنئى قىلدى، ئاپتور ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنماقچى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا ئېسەنكىرەپ قالغانىدى.

— ئۇلتۇرۇڭ تۇرسۇنجان، — پەيتۇل ئېڭىكىدە كرېسلونى ئىما قىلدى، — ئۆزىڭىزگە ئايان، ھەرقانداق كىتابنىڭ دەسلەپكى نەشرىدىن ئانچە كۆپ مەنپەئەت بولمايدۇ، ئەمما ئىككىنچى، ئۈچىنچى نەشرلىرى ساپ پايدىغا ماڭىدۇ. مانا ئەمدى نەچچە مىڭ تىراژلىق كىتاب تەييار بولغاندا، ئەسكى ئىشتاندىن بىر نېمە چىققاندەك غەلىتە گەپلەرنىڭ تارقالغانلىقىنى كۆرمەمسىز.

— پەيتۇلكا، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ھېكمەت ئىككىمىز جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە بېرىپ ئۇ ئىغۋانىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتە قىلىپ كەلدۇق، — دېدى تۇرسۇنجان پەيتۇلنىڭ ۋىللىدە ئېچىلغان چىرايىغا قاراپ، — ئۇلار «بىز چەكلەش ھەققىدە ھۆججەت چۈشۈرمىگەنىكەنمىز، ھەرقانداق كوچا گەپلىرى ئاساسسىز» دەيدۇ.

— ۋۇي راست، — پەيتۇل پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى، — ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ دەپ، شۇ ئىش نېمىشقا

كاللىمىزغا كەلمىگەن بولغىيدى. «ھۆججىتىڭ بولسا چىقار»
دېسەكلا ئىش پۈتمىدىمۇ.
— توغرا دەيسىز، ۋەھىمىدىن گاڭگىراپ بىزمۇ ئەقلى-
مىزنى يوقىتىپتىمىز.
— بۇگـۈنلا ماشىنىدىـﻰ ئـاپىرىپ كىتابلارنى ئەكېلىۋا -
لايلى، — پەيتۇل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — بولدى، ئۆزۈملا
باراي.
— ئىلاج بـار قـائىدە سـۆزلەپ، يـۇمشاقراق پاراڭلى -
شايلى، — دېدى تۇرسۇنجان پەيتۇلنىڭ ئەمەلدارلىق كىبىرىنى
ئىشقا سېلىشىدىن ئـەنسىرەپ، — ئۇلار يـەنىلا ئەسقـاتىدۇ ئە-
مەسمۇ.
— ئۇ تەرىپىنى بىلىمەن.
تۇرسۇنجاننىڭ چىرايى ئېچىلماي ئولتۇراتتى، چۈنكى ئۇ-
نىڭ پىكىر - خىيالى پەيتۇل ئۇيۇشتۇرغان كىتابلاردا ئىدى.
ئەلۋەتتە، ئۇ كىتابلار تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن ھالەتتىمۇ،
تەھرىرلىنىپ چىققۇچە ئىككى - ئۈچ ئاي كېتەتتى. ئەگەر
بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا زاۋۇتقا تاپشۇرۇلمىسا جەرىمانە تۆلەشتىن
سىرت، كىتابنىڭ چىقىش ۋاقتىغا تەسىر كۆرسىتەتتى. بۇنداقتا
توختام تۈزگەن ئورۇنلارغا كىتابلار ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمىسە بەلگى-
لىمە بويىچە بېرىشكە تېگىشلىك پۇلدىن يىگىرمە پىرسەنت تۆ-
لەپ قىلىناتتى.
— پەيتـۇلكا، سىز ئـۇيۇشتۇرغان كىتـابلاردىن خەۋەر
يوقمۇ؟ — سورىدى تۇرسۇنجان چىرايى تۈتۈلگەن ھالدا، — ۋا-
قىت بەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، توختام تۈزگەن ئورۇنلارنىڭ
ئالدىدا رەسۋا بولۇپ قالارمىزمۇ، دەپ بەك ئەنسىرەۋاتىمەن.
— ۋۇي، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ تاس قاپتىمەن ئۇن -
تۇغىلى، — پەيتۇل تام ئىشكاپىدىن چوڭ ئىككى دەستە ماتېرى-
يالنى كونۋېرتى بىلەنلا ئۈستەلگە قويدى، — بۇ سىز مۇھىم



دەپ تاپىلىغان كىتابنىڭ تەرجىمىسى، ئاخشام ئېلىپ كەپتى-
كەن، كونۋېرت ئىچىدە كىتابمۇ بار.
— قالغانلىرىچۇ؟
— مۇشۇ بىر - ئىككى ھەپتىگىچە تاپشۇرماقچى.
— پەيتۇلكا، ئۆزىمىز پات - پات بېرىپ ياكى تېلېفوندا
سۆيلەپ تۇرمىساق ئۆلگۈرمەيدۇ جۇمۇڭ.
— خاتىرجەم بولۇڭ.
— ۋەدىمىزدە تۇرالمىساق نەشرىياتنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر
يېتىشتىن سىرت، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ زىيان تارتىمىز.
— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار.
تۇرسۇنجان ماتېرىيالنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىسىغا چىقتى.
چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئىشخانا ئىشىكلىرىنىڭ
گۈپ قىلىپ يېپىلىشى، كارىدوردىكى قالايمىقان ئاياغ تىۋىشلى-
رى، پەلەمپەيلەردىكى تاقىلدىغان ئاۋازلاردىن ئىشچى - خىزمەت-
چىلەرنىڭ ئىدارە ئاپتوبۇسىغا ئالدىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
لېكىن، تۇرسۇنجان تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ كونۋېرتتىكى تەرجىمىنى
كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى، ئۆمچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ بىر -
بىرىگە ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ كەتكەن خەتلەرگە قاراپلا بېشى
پىررىدە قايدى. بۇ خەتلەرنى راۋان ئوقۇش ئەمەس، سۆز -
جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە باغلىماقمۇ تەس ئىدى، ھەتتا تەرجى-
مىنىڭ ھەربىر ئورىگىنالىدا A، B، C دېگەندەك شەرتلىك
بەلگىلەر بولۇپ، بۇ بەلگىلەرنىڭ مەزمۇنى ئورىگىنالنىڭ ئارقا
بېتىگە يېزىلغانىدى.
تۇرسۇنجان قورسىقىنىڭ دەممۇ دەم كورۇكىراپ ئالدىرىتى-
ۋاتقانلىقى بىلەنمۇ كارى بولماي كەچكىچە كۆردى. تەرجىمىنى
ئەسلىي كىتابقا سېلىشتۇرغانسېرى غەزىپى شۇنچە تاشتى. بۇ
«پەلسەپىدىن ساۋات» دېگەن كىتاب بولۇپ، ئاپتونوم رايون
بويىچە ھەربىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى پارتىيە مەكتەپلىرى بە-

لەن توختام تۈزگەن تۆت كىتابنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنى تەربىيىلەيدىغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى ئۇن مىڭدەك كادىرغا دەرسلىك قىلىپ تارقىتىلاتتى. بىراق، تەرجىمە مەزمۇن، جۈملە، ئىملا، ئاتالغۇ خاتالىقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

تۇرسۇنجان ماتېرىيالنى كەچتە ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ تۈن يېرىمىغىچە ئۇن ئالتە بەت ئەتراپىدا قايتا ئىشلەپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشخانىغا كېلىپ باشقىدىن تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ كىتاب خېلى قىيىن كىتاب بولغاچقا، لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. تۇرسۇنجان بىر قانچىلىغان قېلىن لۇغەتلەرنى ئۈستەلگە دۆۋىلەپ قويۇپ تەرجىمىنى ئۆزى قىلىشقا باشلىدى. ئەمدى پەيتۇلغا دادىلغىنى بىلەن بىكار ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ «ئۇنداقتا تەھرىرلىكنى سىز قىلىڭ، قەلەم ھەققىنى كۆڭلىڭىز تىنغۇدەك بېرەيلى» دېيىشى ئادەتكە ئايلانغانىدى.

تۇرسۇنجان پۈتۈن زېھنىنى تەرجىمىگە بېرىپ ئىشلەۋاتقاچقىمۇ، پەيتۇلنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ گېلىنى قىرىپ شەپە بەرگەندىن كېيىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدىيۇ، قاپىقىنى ئاچمىدى.

— ھە، تەرجىمىسىنى كۆرۈۋاتامسىز، قانداقراقكەن؟

— بىر دۆۋە ئەخلەتكەن. . .

بۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇرسۇنجان ئۆزىمۇ ئۇقماي قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا قورقۇش ياكى تەپ تارتىش ئىپادىسى كۆرۈلمىدى. لېكىن، پەيتۇلنىڭ سېمىز يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ دىمىققاندەك بولۇپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

— ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، — تۇرسۇنجان قىزىل قەلەم-



دە تۈزەتكۈدەك ئورۇن قالمىغان تەرجىمىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — تەھرىرلەپ بولالماي ئۆزۈم قايتىدىن تەرجىمە قىلىۋاتىمەن. تېخى تەرجىمە تۈگىگەندىن كېيىن سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىدىكى تەرجىمانلارغا تەھرىرلىككە بەرمىسەك بولماس، شۇڭا توختامدا بېكىتىلگەن ۋاقىتتا كىتاب ئۈلگۈرەمدۇ، يوق، بۇمۇ بىر مەسىلە. ئۈلگۈرمىسە قىپقىزىل زىيان.

— راست، تەرجىمىسى ئانچە ياخشى ئەمەسكەن، — پەيتۇل بويىلىپ كەتكەن ئورىگىناللارغا قاراپ تۇنجۇقۇپ كەتتى، — بولمىسا ئۇلارمۇ پىشقان تەرجىمانلار ئىدى.

— پىشقان تەرجىمانلار مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتسىز ئىش قىلامدۇ؟

— كىم بىلىپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنى، بولمىسا ھەر ئىككىلا تەرجىمان ئالىي مەكتەپ تىل فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى.

— پەيتۇلكا، بۇ تەرجىمىنى قانداق قىلىمىز؟ ئىگىسىگە قايتۇرۇۋېتەمدۇق؟

— بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ — پەيتۇلنىڭ غەزەپلەنگەنلىكى پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرىدىن بىلىنىدى، — ئۇلار يېرىم يىلدىن بېرى ئەمگەك سىڭدۈرگەن تۇرسا، بۇنداق قىلساق لىللا ئىش بولامدۇ؟ ئۇلارغا، سىزگە، تەھرىرگە ئايرىم - ئايرىم قەلەم ھەققى يازساق بولمىدىمۇ. بولدى، مەن زاۋۇتقا ماڭدىم، مېنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويارسىز.

ئاچچىقىدىن پۇشۇلداپ كەتكەن پەيتۇل ئىشىكنى زەرب بىلەن گۈپلا ياپتى - دە، پەلەمپەيلەردىن تاقىلداپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ نەشرىيات قورۇسىغا چىقىشىغا پوپكىسىنى قولتۇقلىغان مەسۇم قابىل دەرۋازا تەرەپتىن كۈچۈكلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— پەيتۇلكا، ئالدىراپ مېڭىپسىز، بىر ياققا ئىرادە قىلـ
دىڭىزمۇ نېمە؟ — مەسۇم قابىل ئۇنىڭ كەيپى چىگىش ئىكەنلىـ
كىنى ھېس قىلدى، — خاپىدەك كۆرۈنىسىزغۇ؟
— ياقەي، — پەيتۇل مىنبۇسنىڭ ئەينەكلىرىنى سۈرتۇـ
ۋاتقان شوپۇرغا قاراپ قويدى، — زاۋۇتقا ماڭدىم، «زۇلمەتتىـ
كى مەشئەل» توغرۇلۇق چىققان گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئىغۋاكەن
ئەمەسمۇ.
— ئىغۋاكەن؟ ! — مەسۇم قابىلنىڭ كالپۇكلىرى تىتـ
رىدى، — نەدىن ئۇقتىڭىز؟
— تۇرسۇنجان بىلەن ھېكمەت ئىككىسى جامائەت خەۋپـ
سىزلىكى نازارىتىگە بېرىپ ئىنقلاپ كەپتۇ.
— مۇنداق دەڭ، — مەسۇم قابىلنىڭ چىرايىدا غەلىتىلا
كۈلكە ئالامىتى كۆرۈلدى، — بۇ. . . بۇ خۇش خەۋەركەنغۇ،
ئۆتكەندە مەن سىزگە «بۇنداق پىتنە - پاساتلارغا ئىشەنمەڭ»
دېمىگەنمىدىم.
— توغرا پەرەز قىپتىكەنسىز.
مەسۇم قابىل مىنبۇسنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە چىش
ئارىلىقلىرىدىن پىشىلداپ: «ھىم، ھېكمەت، سەن قول تىقمىـ
غان شۇ ئىش قاپتۇ - دە» دەپ پىچىرلىدى. ئۇ ئىشخانىسىغا
كىرىپ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرغاندىمۇ ھېكمەت كۆز
ئالدىدىن كەتمىدى. توغرا، ئۇ يېقىن دوستى ئەزىز ئېلى ئارقىـ
لىق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە ئۇسۇپ كىرەلىگەن،
بەلكىم ئۇ يەردە مەسۇم قابىلنى سېستىپ ھېچنېمىگە ئەرزىمەس
بىر نېمە قىلىۋەتكەندۇ. كىم بىلىدۇ، يۇمشاق - تاتلىق تىللىـ
رى، رەڭگارەڭ چارە - ئاماللىرى ئارقىلىق ئارانلا ئىشەنچىسىگە
ئېرىشكەن تۇرسۇنجانغىمۇ قانچىلىك ئېزىتقۇ سۆيىنى ئىچۈردى.
خەپ ھېكمەت، يانپاشقا چىقىدىغان ۋاقتىڭمۇ كېلەر. «زۇلمەتـ
تىكى مەشئەل»گە ئىككىنچى قېتىم نىجاسەت سۇۋاپ، ئۇنى



كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ تېگىدە قانداق ئىنچىكە پىلاننىڭ بارلىقىنى
بىرلا مەسۇم قابىل بىلىدۇ. ئەلۋەتتە، تۇرسۇنجاننىڭ ئىقبالىغا
قايتا داغ چۈشسە پەيتۇلنىڭ يەنە بىر قېتىم يىلتىزىغا پالتا
ئۇرۇلاتتى. خۇددى يالغاننى يۈز قېتىم تەكرارلىساڭ راستقا
ئايلىنىدۇ دېگەندەك، ھەر ئىككىسى بارا - بارا يۇقىرىنىڭ
نەزىرىدىن قېلىپ، مەسۇم قابىل ئۈچۈن ئىقبال كۆۋرۈكى سېـ
لىنىمامدۇ.
مەسۇم قابىل خىيال بىلەن بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمما
ئۇنىڭ ئۇچلۇق كاللىسىدىن نېمىدۇر سۆرىلىپ ئۆتتى بولغاي،
قىياق كۆزلىرى قىسىلىپ، قاپقارا كالپۇكلىرى كۈلۈمسىرەشـ
تىن قىيسايدى. ھازىر تۇرسۇنجاننىڭ چېيى چېچەكلەپ، ئىشىـ
كى تۆت چىشلىق بولدى، شۇڭا ئۇنىڭ شادلىقىغا ئورتاق بولۇش
ئەڭ ئەپلىك چارە.
مەسۇم قابىل بىردىنلا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ نازۇك ھەم ئەپلىك بىر
پىكىر ئەلەڭلەپ تۇراتتى. ئۇ دەرھال تۇرسۇنجاننىڭ ئىشخانىسىـ
غا يول ئالدى. مەسۇم قابىل كىرىپ كەلگەندە تۇرسۇنجان
دەستە - دەستە ماتېرىيال ھەم لۇغەتلەر ئىچىگە چۆكۈپ
قالغانىدى.
پەيتۇل بەرگەن تەرجىمىنى تەھرىرلەشكە پۈتۈن زېھنى بىـ
لەن كىرىشىپ كەتكەن تۇرسۇنجان مەسۇم قابىلنىڭ بېشىدا
قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ قارىدى.
— ئىشىكىڭىز قىيا ئوچۇق تۇرىدۇ، چەكسەم ئاڭلىمىدىـ
ڭىز، شۇڭا ئۇسۇپلا كىردىم، — مەسۇم قابىل ئالىقانلىرىنى
ئۇۋۇلاپ كۈلۈپ تۇراتتى، — نېمە ئۇ، سىزنى شۇنچىۋالا مەپتۇن
قىلىۋالغان؟
— نېمە بولاتتى، مانا مۇشۇ، — تۇرسۇنجان ئورىگىنالـ
لارنى كۆرسەتتى، — قارىماسىز، بۇ تەرجىمە ئەمەس، بىر

قوچاق پايتىما. تېخى پىشقان تەرجىمانلارمىش!

— پاھ، پاھ، — مەسۇم قابىل ئاق يېرى قالماي قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن ئورىگىناللاردىن بىرنەچچە بەتنى ئېلىپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — بۇ خۇددى ئورىگىناللارنى قىزىل بوياققا چىلاپ ئالغاندەكلا ئىش بوپتىغۇ، ئۇ پىشقان تەرجىمانلار كىمكەن؟

— رىشات ھەسەن، ئەكبەر توختى دېگەنلەركەن، — تۇرسۇنجان «تەرجىمە قىلغۇچىلار» يېزىلغان بەتنى مەسۇم قابىلغا سۇندى، — تېخى ئۇلارنى پەيتۇللام ئالىي مەكتەپ تىل فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى دەيدۇ.

— بۇ ئىسىملارنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلىمەنغۇ، — مەسۇم قابىل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى - دە، بىردىنلا كۈلۈۋەتتى، — قۇرۇق گەپ، ئۇلار پروفېسسورلار ئەمەس، ئالىي مەكتەپ خەنزۇ تىلى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار.

— ئوقۇغۇچىلار؟

— شۇنداق.

پەيتۇل بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى داۋاملىق ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمە قىلغان ماقالە، ھېكايىلىرىنى بىرەر ژۇرنالغا توغرىلاپ بېرەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە سومكا، سۇلياۋ خالتىلارنى توشتۇرۇپ كېلەتتى. تۆت - بەش ئاي ئىلگىرى بولسا كېرەك، مەسۇم قابىل بىر كەچلىكى پەيتۇللىنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىدە ئىككى ئوقۇغۇچى ئولتۇراتتى. پەيتۇل ئۇلارغا خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسىدا خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا، ئىگىسى ئارقىسىدا كېلىدىغانلىقى، تەرجىمىنى ئەركىن تەرجىمە قىلىش، ھەتتا بەزى ئابزاس، بۆلەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلەپ جۈملە تۈزۈش لازىملىقى، سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا ھېچنېمىگە ئوخشىماي قالىدىغانلىقى، ئاتالغۇلارنى قانداق تېپىش ھەم بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەكلى-



كى ھەققىدە قايناپ سۆزلىدى. ئاخىردا ئۇ «پەلسەپىدىن ساۋات» دېگەن كىتابنى ئېلىپ تاماق ئۈستىلىگە قويۇپ: «ئىككىڭلار بۇ كىتابنى ئەستايىدىل تەرجىمە قىلىپ چىقىڭلار، — دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا، — سىلەر تېخى تەرجىمىدە پىشمىدىڭلار، بۇ سىلەرگە مەشىق بولسۇن. تەرجىمەڭلار يارىمىسا باشقىلارغا ئۇيۇشتۇرىمىز، سىلەرگە قەلەم ھەققى بېرىلمەيدۇ. ئەمما، تەرجىمە قىلىش جەھەتتە تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ دائىملىق خېرىدارىمىز بولۇپ قالىسىلەر.»

— ئەمدى چۈشەنگەنسىز، — دېدى مەسۇم قابىل يۆلەنمە ئورۇندۇقنى تۇرسۇنجانغا يېقىن سۈرۈپ، — بۇ قېرى تۈلكە شەيتانغا دەرس بېرىدۇ. ئۇنىڭ «قەلەم ھەققى بەرمەيمىز» دېگىنى يالغان، قەلەم ھەققى تالونىغا «ۋاكالىتەن» دەپ ئىمزا قويۇپ پۇلنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالىدۇ.

— مۇنداق ئىش دەڭ، — تۇرسۇنجان «مۇھىم» ئۇچۇرنى ئاشكارىلىغان مەسۇم قابىلغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قويدى، — توۋا، بۇ ئادەم تەرجىمىنىڭ يېرىم ئىجادىيەت ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىكىنە؟ پىشمىغان، تەرجىمىسى سىناقتىن ئۆتمىگەن باللارغا قورقماي پەلسەپە، سىياسىي قانۇن كىتابلىرىنى تۇتقۇزۇپ قويسا.

— ئۇنىڭ نەتىجە بىلەن نېمە ئىشى، ئۇ پۇلنىلا تونۇيدۇ، قالغىنىغا مۇھەررىرلەرنى قىيناپ ياماقچىلىققا سالىدۇ. يامىنى كەلسە باشقا بىرىگە تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇپ قوشلاپ قەلەم ھەققى يازىدۇ - دە، سىزنىڭ تاپقان پۇللىرىڭىزنى دادىسىنىڭ مىراسىدەك بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىدۇ.

— مەن ھەربىر ۋىلايەتتىكى پارتىيە مەكتەپلىرى بىلەن تۈزگەن توختامدىن ئەنسىرەپ قالدىم، — دېدى تۇرسۇنجان سۆھبەتنىڭ چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن ھالدا، — پەيتۇللام ئۇيۇشتۇرغان كىتابلارنىڭ تەرجىمىسى مۇشۇ ھەپتە ئى-

چىدە كەلمىسە زادىلا ئۆلگۈرەلمەيمىز، نەشرىياتىمىزنىڭ يۈزىمۇ تۆكۈلىدۇ ھەم نۇرغۇن زىيان تارتىمىز.

— پەيتۇلكامغا ئۇيۇشتۇرۇشقا بەرگەنمىدىڭىز؟

— شۇنداق، ئۇ ئۆزۈم ئۇيۇشتۇرىمەن، دەپ تۇرۇۋالغان.

— بەك چاتاق بوپتۇ. ئۇ ۋاقىت، پىلان دېگەنلەرنى چۈشەنمەيدۇ، — مەسۇم قابىلنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — زادى سىزنىڭمۇ بۇرنىڭىزغا سۇ كىرمەيدۇ. ئاشۇ يىلى پىشقەدەم مۇھەررىر نىيازكام نېمىلەرنى دەپ قاقشاپ ئالدىڭىزغا بىر دەستە ئورىگىنالنى تاشلىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟

— ئۇغۇ ئۆتكەن ئىشلار، ئەمما ئالدىمىدا ئۇيۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك يەنە ئوندەك مۇھىم كىتاب بار.

— ھەي، ھەي تۇرسۇنجان، مەن سىزنى جىگەرلىك ئادەم دەپ يۈرسەم نېمانداق ياۋاشلىق قىلىسىز، — مەسۇم قابىل ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىز ئۇيغۇر بۆلۈم باشلىقى، ئۇنىڭغا دەپ يۈرمەي ئۆزىڭىز ئۇيۇشتۇرۇڭ.

— پەيتۇلكام ئۇقۇپ قالسا. . .

— ھوقۇقنى ئىشلەتمەمسىز، تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن نېمە قىلالايتتى. ناھايىتى بىر - ئىككى ئېغىز تاراڭ - تۇرۇڭ تېگەر شۇ، ئۇنىڭغا سىزنىڭ بىر يېرىڭىز خوراپ قالامدۇ.

— ئىشلارنى يۈرۈشتۈرمەك ئەجەب تەس بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ تاڭ.

— بۇنىڭغا ئاشۇ ساۋاتسىز باشلىق سەۋەبچى، — مەسۇم قابىل ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — نەشرىياتنىڭ باشلىقلىقى، باش مۇھەررىرلىك ئەمەللىرىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. نېمە قىلىدۇ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىپ. بۇنداق زەردىگۈش بولۇپ يۈرگۈچە جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلارغا ئەھۋالنى دېسىڭىز بولمامدۇ.



— بۇنداق قىلسام پەيتۇلكام ھوقۇقىمغا چاڭگال سالدى، دەپ چۇشىنىپ قېلىپ زىددىيەتلىك بولۇپ قالىمىز.

— ئەمىسە باشقۇرۇش ئورگىنىدىكى باشلىقلارغا مەن دەي، — مەسۇم قابىلنىڭ چىرايىدا سەمىمىيلىكتىن باشقا ئىپادە يوق ئىدى، — بىز ئومۇملۇقنى ئويلىشىمىز كېرەك. نەشرىياتىمىزنىڭ سىز كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى ھەممىگە ئېنىققۇ.

— بولدى، باشقۇرۇش ئورگىنىدىكىلەرگە دەپ يۈرمەڭ.

— بوپتۇ، دېمىسەم دېمەي، لېكىن بىر مەسلىھەت بار، بىلمىدىم، خوپ كۆرەمسىز، يوق، بۇنىڭدىن كېيىن پەيتۇلكام ئۇيۇشتۇرغان كىتابلارنى سۈيلەپ يۈرمەڭ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— يۇقىرى زەمچىگە باسمىغۇچە ئۇ ھوشىنى تاپمايدۇ، سىزمۇ ئىسكەنجىدىن قۇتۇلالمايسىز.

ئۇلار يەنە بىردەم پاراڭ قىلىشقاندىن كېيىن، مەسۇم قابىل ئورنىدىن تۇردى. بىراق، ئۇنىڭ چىرايىدىن يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— تۇرسۇنجان، مەن ئەسلىي باشقا بىر ئىش توغرۇلۇق كىرگەنىدىم.

— قېنى دەڭ.

— «زۇلمەتتىكى مەشئەل» نىڭ ئىككىنچى نەشرىگە سوغۇق قول تەگدى، شۇڭا مەن تارقالغان ئىغۋالارغا قارشى بىر ماقالە تېزىسىنى تۈزۈپ قويغانىدىم، پەيتۇلكامغا دەي دەپ ئىزدىسەم ئىشخانىسى قۇلۇپلاقلىق تۇرىدۇ، شۇڭا سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئالغىلاي دەپ كىرىشىم ئىدى.

— بولدى، ئەمدى ئاۋارە بولماڭ، — تۇرسۇنجاننىڭ چېھرىنى مەمنۇنلۇق قاپلىدى، — ئۇ ئىشلار ئۆز يولىدا ھەل بولدى. شۇڭا، پەيتۇلكام كىتابلارنى ئالغىلى زاۋۇتقا كەتتى.

— مۇنداق دەڭ، بۇ بىر خۇش خەۋەر ئىكەن، — مەسۇم

قابىل نىمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك دۇدۇقلىدى، — تۇرسۇن-
جان. . . ياخشى. . . كۆڭلۈم بىلەن بايا دېگەن گەپلىرىم باش-
لىقنىڭ قۇلىقىغا يېتىپمۇ قالماس.

— نوۋا دەڭا، ئۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلارمەنمۇ.

مەسۇم قابىل چىقىپ كەتتى. تۇرسۇنجان ئۇنىڭ ئارقىسى-
دىن غەرەزسىزلا كۈلدى - دە، بېشىنى چايقاپ قويدى. چۈنكى،
مەسۇم قابىلنىڭ بۇنداق ئۇچۇق - يورۇقلۇقى، پەيتۇل ھەققىدى-
كى قاراشلىرى، تۇرسۇنجانغا كۆيۈنۈپ ئاچچىقلاشلىرى ھەم
دوستانە مەسلىھەتلىرىنى ئۇ باشقىچە چۈشەنگەنىدى. تۇرسۇنجان
ئۇنىڭ بىرمۇنچە بالىلار ھېكايىلىرىنى پىلانغا كىرگۈزۈپ كىتاب
قىلىپ چىقىرىپ بەردى، تېخى قەلەم ھەققىنى خېلىلا يۇقىرى
يېزىپ نەچچە كاللەك پۇلغىمۇ ئىگە قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئۆتكەن
ھەپتە تۇرسۇنجاننى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلغانىدى. بۇنى مىننەت-
دارلىق يۈزىدىن بولدى دېگەندىمۇ، «گۈلدەستە» نەشرىياتىغا
كەلگەندىن بېرى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈل چىگىلىدىغان ئىشلار
بولۇپ باققىنى يوق. ھەر ھالدا بىر ئىشخانىدا خىزمەتلەرنى بار
مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا مەڭگۈ تۈگىمەيدى-
غان ئاداۋەت، مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغان دوستلۇق رىشتى مەۋجۇت
بولمىسا كېرەك. تۇرسۇنجان مۇشۇنداق لىككىرتاقتاق خىياللار-
نى قىلىۋاتقىنىدا دانالارنىڭ: «بەزى دوستلۇق ۋە مۇھەب-
بەت بارا - بارا ئاز قالىدۇ، بەزى ئاداۋەتمۇ ئۆزگىرىپ شۇبھە
غۇبارى كۆڭۈل لەۋھەسىدىن يوقىلىدۇ، ئالەم ئەھلىنىڭ دوستى-
لۇقى ۋە ئاداۋىتى خۇددى باھار يامغۇرىغا ئوخشاش گاھى ياغى-
دۇ، گاھى توختايدۇ، دائىمىي ۋە مەزمۇت بولمايدۇ. . . »
دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى. بىراق، شۇ كۈنى كەچ، گۇ-
گۇم پەردىسى ئەتراپقا ئۆز تورلىرىنى يايغاندا داشمىنىدىكى بىر
تۆڭگان ئاشخانىسىدا ئولتۇرغان مەسۇم قابىل چىرايى قىزىل-
كوس، بويۇنلىرىنى كۆكۈچ مودۇرچاقلار بېسىپ كەتكەن، سىرىق



كۆز بىر يىگىتكە ئېڭىشىپ جىددىي تەلەپپۇزدا كۇسۇرلىماقتا
ئىدى. بۇ يىگىت ئۆزىگە «چىنار» تەخەللۇسى قويۇۋالغان شا-
ئىرچاق بولۇپ، «گۈلدەستە» نەشرىياتىنىڭ تارقىتىش بۆلۈمىدە
ئىشلەيتتى. مەسۇم قابىل ئۇنىڭ يۈز بەت ئەتراپىدىكى بىر
شېئىر توپلىمىنى پىلانغا كىرگۈزۈپ چىقىرىپ بەرگەنىدى، شۇ-
نىڭدىن بېرى چىنار مەسۇم قابىلنى پىر - ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭ
سىزغان سىزىقىدىن چىقماي كېلىۋاتاتتى.

— قارا، بۇ قېتىم تەييارلايدىغان جوزا توپلىمىمنىڭ چە-
قىش شەرىپىگە ئاتالغان «مېھماندارچىلىق» بولىدۇ، — مەسۇم
قابىلنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ئىدى، — مەن سىلەرنىڭ تەسەۋ-
ۋۇرۇڭلاردىنمۇ يۇقىرى بىر چوڭ باشلىقنى چاقىرىمەن. سەن
نەشرىياتىمىزدىكى ھېلىقىلارنى، ئاندىن قەلەمكەش ئاغىنىلىرىڭ-
دىن بىرنەچچىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوي، پىلان يەنىلا بۇرۇن-
قىدەك.

— ئۆتكەن ئىككى قېتىمدىكى ھېلىقى مۇھىم ئەربابلارنى
چاقىرغان مېھماندارچىلىقتىمۇ سۆھبىتىمىز سىزنىڭ ئورۇنلاش-
تۇرۇشىڭىز بويىچە راسا قىزىمىدىمۇ، — دېدى چىنار كۆك
كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — باشلىقنىڭ «نەشرىياتچىلارنىڭ ئىش-
لىرى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ» دەپ سورىشى تۇرغانلا گەپ.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ھەممىمىزگە ئايان، ھەربىرىمىز ئۆ-
زىمىزگە تېگىشلىك گەپلەرنى باشلايمىز. باشلىقنىڭ «ئۇنداقتا
ئۇنى نېمىشقا يۆتكەپ كەلدىڭلار» دېيىشى تەبىئىي. شۇ چاغدىلا
بىرىمىز «باشلىقىمىزنىڭ پۇلغا تويماسلىقىدىن بولمامدۇ» دې-
سەك، يەنە بىرىمىز «باشلىقىمىزنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، كۆپ
ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ» دەيمىز. ئىشقىلىپ، دەيدىغان
گەپلىرىمىز ھەممىمىزگە يادا بولۇپ كەتتى.

— ئەمما، مەن گەپنى ئاز قىلىمەن، — دېدى مەسۇم
قابىل چىنارغا مەنىلىك قاراپ، — ھەتتا سىلەرنى باسقاندەك

بولمەن.
— ئۇنداقتا بىز تېخىمۇ قاينايمىز - دە، — چىنار ھىجاي-
دى. ئۇنىڭ تاماكىدىن ئىسلاشقان چىشلىرى لايدىن سۇزۇۋالغان
قوزۇقتەك قاپقارا ئىدى، — قاراڭ مەسۇمكا، ئۆتكەندە بىر تويدا
بىرنەچچىمىز بىر - بىرىمىزگە پاس چىقىرىپ راسا سۆزلىشىۋات-
ساق، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ كىيىمىنى كىيە-
ۋالغان بىر ئېگىز ئاداش: «ھەرقايسىڭ پوقنى ھالۋا، ھالۋىنى
پوق قىلىدىغان نېمىلەركەنسەن» دەپ ۋارقىراپلا كەتتى. راسا
كېلىشتۇرۇپ سالايلى دېگەن، لېكىن جامائەت خەۋپسىزلىكى
خادىمى بولۇپ قالدى - دە.
— ئۇ بەلكىم، — مەسۇم قابىلنىڭ كۆزلىرى غىل -
پاللىدى، — ھېكمەت، تۇرسۇنجانلارنىڭ ئاغىنىسى ئەزىز ئېلى
بولسا كېرەك. ھەر ھالدا توي - تۆكۈن، مەرىكە، نەزىرلەردە
سورۇنغا دىققەت قىلىڭلار.
— ئۇلتۇرۇشنى قاچانغا توغرىلىساق بولار؟ — چىنار مە-
سۇم قابىلنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ئەتىگە بولسا قانداق؟
— ئالدىرىما، مەن چاقىرماقچى بولغان كىشىنىڭ رازىلە-
قىنى ئېلىپ خەۋەر قىلىمەن.
ئۇلار ئىككىسى ئاشخانىدىن چىقىپ داشمىنىنىڭ ئېگىز
بىنالار ئوتتۇرىسىدا قالغان قاراڭغۇ، تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدە
غايىب بولۇشتى. مانا بۇ باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان سىرلىق
«ئويۇن» لارنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.



## پەيتۇلنىڭ دەردى
## تايغانىنىڭ ئامىتى

— ئون ئىككى كىتابنى ئۆزى ئۇيۇشتۇرۇۋەتتى دەڭ.
— سىزنىڭ خەۋىرىڭىزدە يوق ئىكەن - دە.
— نەدىن بىلەي ئۇ كاززاپنىڭ مەندىن يوشۇرۇن بۇنداق
قىلىشىنى.
— تېخى ساپلا ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدى-
كى ئالىم، پروفېسسورلارغا ئۇيۇشتۇردى دەڭا.
— تايىنلىق يۈز - ئابرۇي، شان - شەرەپ تاپاي
دېگەندۇ.
— ھە راست، سىز تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرغان كىتابنى
«بىر دۆۋە ئەخلەت، بىر قۇچاق پايتىما» دەپ تىللاپ بىر تىيىنغا
ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. قاراڭ پەيتۇلكا، ئۇنىڭ يامانلىقىنى، ئە-
سىم ھەم ئادرېسى بويىچە ئالىي مەكتەپكە بېرىپ يوشۇرۇن
سۇرۇشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ پروفېسسور ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچى
ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىپتۇ.
پەيتۇل ئېغىر تىنغىنىچە پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئاق كۆڭلەك ياقىسىغا ئېقىپ چۈشكەن قوش ئېڭەكلىرى
قىزىرىپ، چىرايى مىس رەڭ قارىداپ، كۆزلىرى بىر چېكىتكە
تىكىلىپ قالغانىدى. كىتابلارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۇيۇش-
تۇرۇپ شان - شەرەپ تالاشسا، تەرجىمانلارنى يوشۇرۇن ئېنىق-
لاپ پەيتۇلنىڭ يولىغا ئورا كولىسا، تەرجىملەرنى بىر پۇڭغا

ئالغۇسىز قىلىۋەتسە، زادى بۇ لەنتىنىڭ غەرىزى نېمە؟! ئۇ پەيتۇلنىڭ گېلىدىكى ناننى تارتىۋېلىپ، يەۋاتقان ئېشىغا توپا چاچماقچىمۇ؟ ئۇنىڭسىزمۇ قورساق كۆپىدىغان ئىشلار جىق بولۇۋاتامدۇ، شىلەپىلىك، بادام دوپپىلىق ياكى ئاپئاق چاچلىق، قاتۇرۇپ كاستۇم - بۇرۇلكا، پەلتولارنى كىيگەن مويسىپىت بىلىمدارلار «تۇرسۇنجان ئالىم بارمىكىن» دەپ ئىزدەپ كېلىشىدۇ. تېخى كۆزگە ئىلمىغاندەك پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ سورايدۇ. بۇ باشلىقنى مەسخىرە قىلغىنى بولماي نېمە؟ خەپ تۇرسۇنجان قۇيۇن، سەن پەيتۇلنىڭ بېشىنى ئاسان ئېزىۋەتكىلى بولىدىغان خېمىر چاغلاپ قالدىڭما؟! ئۇخلىماي چۈشەكەپسەن!

— تۇرسۇنجان سىز تەرجىمە قىلدۇرغان كىتابنىڭ ئورىگىناللىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنىغا كۆتۈرۈپ كىرىپ جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلارغا دادلىماقچى بولغانىدى، مەن توسۇپ قويدۇم، — مەسۇم قابىل يەر تېگىدىن پەيتۇلنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى، — ئۇنىڭ «ئىشلارنى يۈرۈشتۈرمەك تەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېگىنىگە قارىغاندا، ئۇ سىزنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى بىرىنچى قول رەھبەرلىك ھوقۇقىڭىزنى تارتىۋالمىغۇچە تىنىم تاپمايدىغان ئوخشايدۇ.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداقتەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇ خام خىيال قىلمىسۇن.

— پەيتۇلكا، مەن سىزنى ھوشيارلىقنى يوقاتماي سەگەك بولسۇن دېگەن مەقسەتتە بەزى گەپلەرنى قىلدىم، — مەسۇم قابىل ئورنىدىن تۇردى، — بىراق، مېنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلۈم تۇرسۇنجاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالمىسۇن، چۈنكى ئۇ ھەر ھالدا ماڭا ئىشىنىدۇ، بۇ سىز ئۈچۈن پايدىلىق...

— چۈشەندىم.

— ئون ئىككى كىتابنى سۈرۈشتە قىلامسىز؟



— ئەلۋەتتە.

— ئۇنداقتا مېنى ساتمىدىكەنسىز - دە!

— بۇ...

مەسۇم قابىلنىڭ ئۈچلۈق كاللىسىدىن ئېيۇل چاقمىقىدەك بىر خىيال يالت قىلىپ يېنىپ ئۆچتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نەشرىيات باشلىقى ھەم بۆلۈم مۇدىرلىرىنىڭ ئىشخانىسىنى تازىلاپ، چايداندىكى قايناق سۇلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۈستەل - ئورۇندۇق، دېرىزىلىرىنى سۈرتۈپ تازىلىقىنى قىلىدىغان ئايال ئايان بولغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭدا ئۆزى مەسئۇل بولغان ئىشخانىلارنىڭ بىردىن ئاچقۇچى بار ئىدى.

— مەن، — مەسۇم قابىلنىڭ كۆزلىرى سىرلىق مەنە بىلەن چېقىن چاقتى، — ئەتىگەندە تۇرسۇنجاننىڭ ئىشخانىسى ئوچۇق تۇرغانىكەن، بىر ئىش بىلەن كىرىپ ساپتىمەن. ھېلىقى تازىلىقچى ئايال تازىلىق قىلىۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز، ئۈستەلدىكى ماتېرىياللار ئۈستىدە تۇرغان توختامغا كۆزۈم چۈشۈپ قېلىپ كۆرۈپ ساپتىمەن...

پەيتۇل سەل ئېڭىشىپرەك چىقىپ كېتىۋاتقاندەك مەسۇم قابىلنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە كۆڭلى نېمىدىندۇر تۇيغاندەك بولۇپ تېنى تىكەنلەشتى، گويا ئۆزىنى سىرلىق بىر جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك كۆزلىرى چەكچەيدى. قارا، بۇ تايغاننىڭ قۇۋلۇقىنى! ھەتتا پەيتۇلنىڭ نېمە دېسە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاغزىغا سېلىپ بېرىۋاتقىنىنى. ئۇنىڭ «سىز ئۈچۈن پايدىلىق» دېگىنى تۇرسۇنجاننىڭ پوستىغا كىرىۋېلىپ سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، دېگىنى ئەمەسمۇ. شۇنداق، نۇردۇن خوجا بىكار دېمەپتىكەن، ئۇ راستتىنلا يىراقنى كۆرەر ئادەمكەن!

ئون ئىككى كىتاب ۋەسۋەسىسىدە ئۆتى يېرىلغۇدەك بولغان پەيتۇل شۇ ھامان تۇرسۇنجاننىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون بېرىپ ھېچ جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۇدۇللا كوررېكتور بۆلۈمىگە

كىردى. بۇ بۆلۈمدە ئۈچ ئايال ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ بىرى
تۇرسۇنجاننىڭ تونۇگۇن كەچ «ئەتە ئەتىگەن ئۇدۇل زاۋۇتقا بارى-
مەن» دېگەنلىكىنى ئېيتتى. «ئەتىگەندىن بېرى شۇڭا كۆرۈن-
مەيتىكەن - دە، بۇ كاززاپ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن
پەيتۇل چۈشكىچە بولغان ۋاقىتنى ئارانلا توشقۇزدى. ئۇ «سانتا-
نا» ماشىنىسىدا ئاستا تەۋرىنىپ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندىمۇ چىشلىرى
غۇچۇرلاپ، ياڭاق مۇسكۇللىرى لىپىلداپ تۇراتتى. ئۇ، تۇر-
سۇنجاننىڭ تىزگىنىنى نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق تارتىپ تۇرمىغان-
دىمەن، دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. مانا ئەمدى ئۇ پەيتۇلنىڭ
قىلغان ئىشلىرىدىن يوچۇق تېپىپ قۇسۇر چىقىرىۋاتىدۇ. ئۆز
بېشىمچىلىق بىلەن كىتابلارنى ئۆيۈشتۇردى. ئۇنىڭ «ئىشلارنى
يۇرۇشتۇرمەك بەك تەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېگىنى، مېنى
«پۇتلىكاشاڭ بولدى» دېگىنى بولماي نېمە؟! قارا بۇ قۇيۇننىڭ
نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى!

چۈشتىن كېيىن ئىدارىگە كەلگەن پەيتۇل ئىشىكنى چەك-
مەيلا تۇرسۇنجاننىڭ كىچىك ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ-
نىڭ قاپاقلىرى تۈخۈمدەك ساڭگىلاپ، يىرىم يۇمۇق كۆزلىرىدىن
زەھەردەك ئۆچقۇنلار چاچراپ تۇراتتى. سېمىز، دىقماق گەۋدى-
سى ھەم مېڭىش - تۇرۇشىمۇ بىر خىل قوپال ئىدى. پەيتۇلنىڭ
يۈزىگە سوقۇلغان چاقماقنىڭ بوران - چاپقۇنسىز ئۆتمەيدىغانلى-
قىنى بىلگەن تۇرسۇنجان ھەرقانداق ئېھتىمالغا تەييار تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ پەيتۇلكا، — تۇرسۇنجان يۆلەنمە ئورۇن-
دۇقنى ئۈستەل ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — ئاڭلىسام مېنى ئىز-
دەپتىكەنسىز، بىرەر ئىش بارمىدى؟

— بۈگۈن ئەتىگەن ئىشخانىڭىزغا كىرگەنىدىم، تازىلىق
قىلىدىغان ئايال بار ئىكەن، — پەيتۇل ھەر ھالدا ئۆزىنى تۇتۇ-
ۋالغان ھالدا مەسۇم قابىلىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بەرگەن گەپلىرىنى
تەكرارلىدى، — سىزنى ساقلىغاچ توختامنى ۋاراقلاپ كۆرسەم



بىرمۇنچە كىتابنى ئۆزىڭىز ئۆيۈشتۇرۇۋېتىپسىز.

— شۇنداق، ئون ئىككى كىتاب. مەن سىزگە دېمەكچى
ئىدىم، لېكىن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم.

— مەن سىزگە داۋاملىق دەپ كېلىۋاتىمەن، — پەيتۇل
ئۈستەلنى پاقىلدىتىپ ئۇردى، — ھەرقانداق خىزمەتتە مەركەز-
لەشتۈرۈش دېگەن نەرسە بولۇشى كېرەك. مەن بۇ ئىدارىدە
ئېشەك باقامتىم!

پەيتۇلنىڭ قوپال تىلى تۇرسۇنجانغا تاياقتەك تەگدى، قى-
زىق قېنى يۈزىگە تېپىپ، ئاغزىنى قويۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.
شۇنداقتىمۇ ھېكمەتنىڭ قايتا - قايتا تاپىلىغان سۆزلىرى ئېسىگە
كېلىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— پەيتۇلكا، ئۆزىڭىزگە ئايان، — دېدى تۇرسۇنجان ئې-
غىر - بېسىقلىق بىلەن، — تۈزگەن توختاملىرىمىزدا كىتابلار-
نى تەرجىمە قىلىشتىن تارتىپ تەھرىرلەپ زاۋۇتلارغا بېرىش ھەم
ئالاقىدار ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشكىچە بولغان جەريانلارنىڭ
ۋاقتى ئۆچۈق يېزىلغان. قايسى ئورۇن خىلاپلىق قىلسا جەرىمانە
ھەتتا تۆلەم تۆلەيدىغان گەپ. سىز ئۆيۈشتۇرغان كىتابلار ۋاقتى-
دا كەلمىسە، كەلگەن ھالەتتىمۇ سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمەي قايتا
تەرجىمە قىلدۇرۇۋاتساق. . .

— سىزنىڭ مۇشۇلارنى باھانە قىلىپ كىتابلارنىڭ تەقدى-
رىنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىشىڭىزنىڭ ئۆزى خاتا، — پەي-
تۇلنىڭ قورساق كۆپۈكى بوشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — سىز
بۇ توغرۇلۇق تەكشۈرۈشنامە يېزىپ ماڭا تاپشۇرۇڭ.

— تەكشۈرۈشنامە؟! — تۇرسۇنجاننىڭ كۆزلىرى چەك -
چەيدى، — مەن. . . مەن نېمە خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن.

— تەشكىلنى، رەھبەرلىكنى كۆزگە ئىلماي ئۆز بېشىم-
چىلىق قىلىش خاتالىق بولماي نېمە؟

— ئۇيغۇر بۆلۈم باشلىقى كىتاب ئۆيۈشتۈرۈپ تەكشۈ-

رۇشنامە يازسا، — تۇرسۇنجان ئاچچىقىدا ئاقىرىپ كەتكەندى، — نېمە قىلىمەن بۇنداق ھەمدەمدە بار، ھېسابتا يوق ھوقۇقنى!

— شۇ نەرسە سەمىڭىزدە بولسۇنكى، سىز دېگەن مۇئاۋىن مۇدىر، مەن دېگەن ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى، شۇڭا ئۇيغۇر بۆلۈمگە تەئەللۇق ھەرقانداق ئىش مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتۈشى كېرەك. بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. كېيىنچە تۇخۇمنىڭ سېرىقى ئىككى چىقىپ قالسا ئۇنىڭغا كىم جاۋاب قىلىدۇ؟

— مەن تەكشۈرۈشنامىمۇ يازمايمەن ھەم بۇنىڭدىن كېيىن كىتابمۇ ئۇيۇشتۇرمايمەن، — تۇرسۇنجانمۇ ئورنىدىن دەس تۇردى، — ئەمما، توختام تۈزۈلگەن كىتابلار ۋاقتىدا چىقماي قالسا، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيانغىمۇ ئىگە بولمايمەن، كىم سەۋەبكار بولغان بولسا شۇ تۆلىشى كېرەك.

پەيتۇل قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى مەنپەئەتكە تەئەللۇق كەسكىن تەلەپپۇز ئۇنىڭ دېمىنى كېسىپ پۈتۈن تېنىدىكى مادارىنى قۇرۇتقانىدى. دېمىسىمۇ بۇلتۇر كۈزدە بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىك ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن تېخى كۆتۈرۈلگىنى يوق. پەيتۇل چىڭخەي پەن - تېخنىكا نەشرىياتىدىن چىققان بىر كىتابنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇردى. ئەسلىدە بۇ كىتابقا شەخسىي مەبلەغ سالغانىدى، بىراق كىتاب توختامدىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بەش ئاي كېچىكىپ چىققاچقا، مەزكۇر شەخس سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا پەيتۇل ھەم تۇرسۇنجانلار سوتقا چاقىرتىلىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىندى، ھۆكۈمدە مۇنداق يېزىلغانىدى:

*«مەزكۇر نەشرىياتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كىتاب چىقىرىشنىڭ ھەممە رەسمىيەتلىرىنى تولۇق ئۆتەپ، تېگىشلىك پۇلنى تاپشۇرغاندىن باشقا، كىتابقا سېلىنىدىغان مەبلەغنىمۇ ئالدىن تاپشۇرغان. لېكىن، نەش-*



*رىيات توختامدا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەمەل قىلماي ۋاقتىدا چىقىرىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىر قىسىم شەخسىي ۋە ئورۇنلار كىتابنى ئالماس بولغان، بۇ ئارقىلىق مەزكۇر ×× ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغان. شۇڭا، توختام بويىچە «گۈلدەستە» نەشرىياتى مەزكۇرغا ئوتتۇز مىڭ سوم تۆلەم تۆلەيدۇ...»*

تۇرسۇنجان بىلەن پەيتۇلنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە قادىلىپ قېلىشتى، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىك ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىگە تەڭلا سايە تاشلىغانىدى. شۇ چاغدا تۇرسۇنجاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوتتۇز مىڭ سومنى نەشرىياتنىڭ باشقا چىقىملىرىغا ئۇرۇۋېتىپ باشلىقنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتەك شاپائەتنى قايتا ئەسكە ئالغان پەيتۇل بىردىنلا ھوردىن چۈشتى. بولمىسا ھەركىم ئۆزى كەلتۈرگەن پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇپ پەيتۇل ئوتتۇز مىڭ سومنى تۆلىشى كېرەك ئىدى.

— بولدى ئەمدى، تالاشمايلى، — دېدى پەيتۇل قولىنى كۆتۈرۈپ، — بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىلى. ھەر ھالدا بار مەسلىھەت ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك.

پەيتۇل چىقىپ كەتتى. ئۇ كارىدورغا چىقىشى دوقمۇشتىن قايرىلىپلا ناھايىتى ئىتتىك قەدەم بىلەن پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈپ كەتكەن مەسئۇم قابىلنىڭ دۈمبىسىنى كۆرۈپ قالدى.

پەيتۇل ئىشخانىسىغا كىرىپ قانچە زورۇقۇپ باققان بولسىمۇ قولى ئىشقا بارمىدى، شۇڭا بالدۇرلا ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەتتى. ئۇ كەچلىك تاماقنى يەپ ئەمدىلا قولىغا گېزىتنى ئېلىشى مەسئۇم قابىل چوڭقۇر سالام بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلار پەيتۇلنىڭ كىچىك ھۇجرىسىدا چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى. ئىچى پۇخ بولۇپ، دەردىنى نەگە تۆكۈشنى بىلمەي ئولتۇرغان پەيتۇل تۇرسۇنجان ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بۈگۈنكى جېدەلنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلىدى. ئەسلى-

ده پەيتۇل مەسۇم قابىلنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى ھەم بىر
تەرەپتىن ئىھتىياتمۇ قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە
كاماندىروپكىغا چىقىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىككى قېتىم ئايلە-
نىپ كېلىش جەريانىدا ئۇنى خېلىلا چۈشىنىپ ياخشى كۆرۈپ
قالدى. چۈنكى پەيتۇل ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئاڭلىغان
ئادەم كۈلگۈدەك ھەم ئېچىنغۇدەك بەزى ئەخمەقلىقلارنى قىلغان-
دى. لېكىن، مەسۇم قابىل ئۇ سەتچىلىكلەرنى ھېچكىمگە تىنى-
ماي، مەخپىيەتلىكنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. گەرچە
پەيتۇلنىڭ بىر كېچىدىلا نۇرغۇن دۇنياغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن
قىلغان تەلۋىلىكلىرى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بۇ «ھۈنەر» نى
ئۆگەتكەن ئادەمدىن كۆرمەي، ئۆزىنىڭ تەلىيىنىڭ كاج كەلگەن-
لىكىدىن كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەسۇم قابىل
يۆتكىلىپ كەلگەن يىللاردىن بېرى، ئۇنىڭ تۇرسۇنجان ھەققىدە
يەتكۈزۈپ تۇرغان ئۇچۇرلىرى، كۆرسەتكەن چارە - ئاماللىرى
پەيتۇلنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ مەسۇم قابىلغا ئۇنى تېخىمۇ
يېقىنلاشتۇردى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ قۇللىرىنى شىلتىپ، كۆز-
لىرىنى ئالايتىپ، قوش ئېڭەكلىرىنى لىغىرلىتىپ قايناۋاتقان
پەيتۇلنىڭ سۆزلىرىنى مەسۇم قابىل بۇگۈن چۈشتىلا ئىشىك
تۈۋىدە ئاڭلاپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭىلىقتەك تىڭشىلىپ
ئولتۇراتتى.

— پەيتۇلكا، تۇرسۇنجاندەك ئادەملەرگە قورساقنى كەڭ
تۇتۇۋەرسىڭىز ئىچىڭىزدە بۆرە كۈچۈكلەپ كېتىدۇ جۇمۇڭ، —
دېدى مەسۇم قابىل چىرايىغا جىددىيلىك، ئاۋازىغا سەمىمىيلىك
تۈسىنى بېرىپ، — ئۇنىڭ «نېمە قىلىمەن، ھەمدەمدە بار، ھې-
سابتا يوق ھوقۇقنى» دېگىنىنىڭ تېگىگە نېمە غەرەز يوشۇرۇن-
غانلىقىنى سىنەكەپ باقتىڭىزمۇ؟

— ھوقۇقنى تاشلاپ بېرىمەن دېمەكچىدۇر، شۇ.

— يا. . . ياق، كۆڭلىڭىز نېمدېگەن تۈز، — مەسۇم



قابىل يالغان يۆتىلىپ قويدى، — ئۇ: «سېنىڭ ئۈچىنچى ھوقۇ-
قىڭنى ئالماي قويمايمەن» دېگىنى ئەمەسمۇ.

— شۇنداقمۇ قىلارمۇ ئۇ ناكەس.

— ئويلاپ كۆرۈڭ، «ئىقتىسادىي زىيانغا كىم سەۋەبكار
بولسا شۇ تۆلىشى كېرەك» دېگىنى، ئۆتكەندە ئوتتۇز مىڭ سوم
بالاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغىنىم بىلەن ئەمدى كانىيىڭىنى بوغى-
مەن، دەپ قورقاق سالغىنى بولماي نېمە. چۈنكى سىز ئۇيۇش-
تۇرغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى سۈپەتكە لايىق ھەم ۋاقتىدا ئۇل-
گۈرۈپ كېلىشى ناتايىن - دە.

— راست، راست دەيسىز، ئۇ دەرۋەقە پەيلىنى بۇزۇپتۇ.

— ھەببەللى، ئەمدى ھوشىڭىزنى يىغدىڭىز. بۇ تۇرسۇن-
جاننىڭ ياخشىلىق بىلەنمۇ، يامانلىق بىلەنمۇ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ
مۇدىرلىقىنى ئالغىنىم ئالغان، دەپ بەرگەن شەپىسى بولماي
نېمە؟

مەسۇم قابىلنىڭ بىردىنبىر ۋەزنى ئېغىر سۆزلىرى پەيتۇل-
نى دىۋانغا مىخلاپ قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش
توغرىسىدا خىيالغا پاتقان پەيتۇل توختىماي كاپىلداۋاتقان مەسۇم
قابىلنىڭ سۆزلىرىنى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىنى چىم-
چىقلىتىپ تۇرۇپ ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتقاندەك ئەلپازدا بولسىمۇ،
كۆڭلىدە قالغۇدەك بىرەر ئۇقۇمنى يادىغا ئالالمىدى.

— مەن چىقاي، — مەسۇم قابىل ئۇزاپ كارىدورغا چى-
قىپ بولۇپ ئارقىسىغا قايرىلدى، — پەيتۇلكا، بىر ئىشنى سى-
ناپ كۆرۈڭ، تۇرسۇنجان سىز ئۇيۇشتۇرغان كىتابلارنى سۈيلەپ
كىرسە، ئۇ سىز بىلەن يەنىلا ھەمكارلىشىدۇ، ئەگەر كىرمىسە،
يۇقىرى رەھبەرلىك ئالدىدا پاكىت ئارقىلىق سىزنى رەسۋا قى-
لىش نىيىتى بار دېگەن گەپ.

«يۇقىرى رەھبەرلىك ئالدىدا رەسۋا قىلىش» دېگەن سۆز-
لۈك كالتەكنىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچۈگەن پەيتۇل ئەتىسىدىن باش-

لاپ «سانتانا» غا ئولتۇرۇپ ئۆيمۇئۆي چاپتى: «جەرنمانە»،
«تۆلەم» دېگەن سۆزلەرنى تولا تەكرارلاۋەرگەچكە، بۇ سۆزلەر
ئۇنىڭغا يادا بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ بەزى تەرجىمانلار خىز-
مەتنىڭ جىددىيلىكى، خوتۇنى ياكى بالىسىنىڭ كېسەللىكى قا-
تارلىق سەۋەبلەرنى كۆرسەتسە، بەزىلىرى قايسىدۇر لۇغەتنى
تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاتالغۇ ئورۇنلىرى ئاق قالغانلىقى قاتار-
لىق قىيىنچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ۋاقتىنى يەنە ئۇزارتىپ بېرىش-
نى ئۆتۈندى ھەتتا بەزىلىرى «بۇ بىزنىڭ كەسىپ دائىرىسىدىكى
كىتاب بولمىغاچقا تەرجىمىز بوش كېلىپ قالدى» دېيىشىپ،
ئۇن نەچچە بەت تەرجىمە قىلىنىپ تاشلىنىپ قالغان كىتابنى
قايتۇرۇپ بەردى. پەيتۇل بەزىلىرىنى ئالدىرىتىپ، بەزىلىرىگە
ھەپتە - ئون كۈن ۋاقىت بېرىپ ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ
تۇرسۇنجان سۆيلەپ كىرمىگەنىېرى مەسۇم قابىلىنىڭ ئەۋلىيادەك
پەرەز قىلغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى
بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق خىياللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى قامالل-
ۋالدى. ئەگەر بۇ قېتىم پەيتۇل ئۆيۈشتۇرغان كىتابلار بەلگىلەن-
گەن ۋاقىتتا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسە (ھېلىھەم كىچىككەنلىكىگە
ئۇ ئۆزىمۇ ئىقرار ئىدى)، تۇرسۇنجان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلىپ بارلىق ئىقتىسادىي زىياننى پەيتۇلغا ئارتىپ قويۇشى تۇر-
غانلا گەپ. يەنە كېلىپ بۇ تۆت كىتاب تۇرسا، ئەگەر سوتقا
چۈشۈپ قالسا، تۇرسۇنجان ھېلىقى ئوتتۇز مىڭ سومنى سۆرەپ
چىقىپ كونا - يېڭى ھېسابنى بىر يولىلا قىلسا، پەيتۇلنىڭ ئۈچ
ئەملى تۇرماق، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىمۇ ناتايىن ئىدى.
پەيتۇل ۋەھىملىك خىياللار تورىغا چىرمىلىپ قالغانسې-
رى، ئۆزىگە ئايان بولغان بارلىق قىلمىش - ئەتمىشلىرى
بىر - بىرلەپ چۈۋۈلۈپ چىقىپ ھېساب بېرىۋاتقاندەك، نەشرى-
ياتنىڭ باشلىقلىق تاجىنى كىيگەن تۇرسۇنجان ئۇنى سوراققا
تارتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدا ئايان بولماقتا ئىدى.



شۇڭا، ئۇ ئۇيۇشتۇرغان تەرجىملەر پۈتسۇن - پۈتمىسۇن ياكى
نەشرىيات سەۋىيىسىگە يەتسۇن - يەتمىسۇن، ھەممىنى يىغىپ
تۇرسۇنجانغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ قۇتۇلماقچى بولدى. ئەگەر بىرەر
كىم «سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمىگەن» دەپ دادخورلۇق قىلسا
«يۈزدە يۈز، نۇقسانسىز تەرجىمە نەدە بار ئىكەن، ئۇنداقتا
مۇھەررىرلەر نېمە ئىش قىلىدۇ» دەپلا قۇتۇلمامدۇ.
پەيتۇل ئۇيۇشتۇرغان كىتابلىرىنى ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئاران
يىغىپ بولالىدى، ئۇ دەستىلەنگەن ئورىگىنال خالتىلىرىنى كۆ-
تۈرۈپ تۇرسۇنجاننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.
— مانا بۇ مەن ئۇيۇشتۇرغان تۆت كىتابنىڭ ئۈچى،
ئۆتكەندە بىرىنى بەرگەنىدىم، — دېدى پەيتۇل چىرايى تۇتۇلغان
ھالدا، — لېكىن بىرىنى تەرجىمە قىلالماپتۇ.
— نېمىشقا ئەمدى؟ — تۇرسۇنجان چۆچۈپ قارىدى.
— ۋاقتى چىقماپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي قانۇن
دائىرىسىدىكى كىتابقا كۈچى يەتمىگەن ئوخشايدۇ.
— شۇنداق بولغاندىكىن ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بەرسە
بولمامدۇ، ئەمدى بۇ قانداق ئۈلگۈرىدۇ.
پەيتۇل تۇرسۇنجاننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا چى-
قىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قوپال ھەرىكىتىدىن توختامنى ئۆزۈك
تۈزگەندىكىن قالغىنىنى ئۆزۈك بىر نېمە قىلمامسەن» دېگەن
مەنە چىقىپ تۇراتتى. تۇرسۇنجان ئورىگىنال خالتىلىرىنى ئې-
چىپ تەرجىمىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە بىرنەچچە بەت ئورى-
گىنالنى كىتابقا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بېشى پىررىدە پىرقىرى-
دى. باشقا خالتىدىكى تەرجىملەر ئۇنىڭدىن بەتتەر ئىدى. تۇر-
سۇنجان «پەلسەپىدىن ساۋات» دېگەن كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى
تەھرىرلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى تەرجىمە قىلىپ بېشى
قېتىپ تۇرغىنىدا، ساۋاتسىزلارچە تەرجىمە قىلىنغان بۇ بىرنەچ-
چە خالتا ماتېرىيال ئۇنى تاغدەك باستى. ئۇ كۈندۈزى ئىشخانى-

دا، كىچىسى ئۆيىدە ئۈچ كۈن كۆرۈپ بۇ تەرجىمىلەرنى زادىلا
ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، بىر ئەتىگەنلى-
كى ماتېرىيال خالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسىغا
كىردى.

— پەيتۇلكا، بۇ تەرجىمىلەرنى ئىشلەتسەك زور خاتالىققا
يول قويغان بولىمىز، — تۇرسۇنجان ماتېرىيال خالتىلىرىنى.
ئۈستەلگە قويدى، — بىرنەچچە باب، ئابزاسلارنى كىتابقا سې-
لىشتۇرۇپ كۆردۇم، تۇزگەن جۈملىلىرىنىڭ قاتاللىقى بۇ ياقتا
تۇرسۇن، مەزمۇن خاتالىقلىرىلا مېنى چۆچۈتۈپ قويدى.

— ئۇنداقتا بىرقانچە تەرجىمانغا ئۇيۇشتۇرۇڭ، — پەيتۇل
سىنەكىمگەن هالدا قاراپمۇ قويمىدى، — هەممىسىگە ئوخشاشلا
قەلەم هەققىنى يۇقىرىراق بەرسەك بولمىدىمۇ.

— قەلەم هەققىنى مۇشۇنداق قاتمۇقات بېرىۋەرسەك،
نەشرىياتىمىز قانداقمۇ روناق تاپسۇن؟

— نوقۇل هالدا روناق تېپىشنىلا قوغلاشقانلىق، — ۋار-
قىرىدى پەيتۇل، — پارتىيە رەهبەرلىكىنى چەتكە قاققانلىق،
بىلەمسىز؟

— پەيتۇلكا، بۇ قالپاق ماڭا چوڭ كېلىپ قالارمى-
كىن، — تۇرسۇنجاننىڭمۇ گەجگىسىدىن قورۇدى - دە، ئالدى-
دىكى ئورىگىنال خالتىسىنى كۆرسەتتى، — مەزمۇن خاتالىقى
بىلەن توشۇپ كەتكەن مۇشۇنداق ناچار تەرجىمىنى كىتاب قىلىپ
خەلققە سۇنساق، بۇ پارتىيە رەهبەرلىكىنى قوغدىغانلىقىما؟

— نېمە، سىز مەن بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچىمۇ -
هە؟ — پەيتۇل توكلۇك قوللىرىنى شىلتىدى، — مۇشۇ تەرجى-
مىنى كالتەك قىلىپ ماڭا هەيۋە قىلماقچىمۇ؟

— بۇ بىر - ئىككى قېتىملىق ئىش ئەمەس، پەي-
تۇلكا، — تۇرسۇنجانمۇ يۈز - خاتىرە قىلمىدى، — نىيازكام
تاشلاپ بەرگەن تەرجىمىچۇ؟ تېخى ئۆتكەندىلا ماڭا بەرگەن «پەل-



سەپىدىن ساۋات» دېگەن كىتابچۇ؟

— سىز. . . ! — گەپتە تۇتۇلۇپ قالغان پەيتۇل ئۆپكى-
دەك قىزاردى، — مەن ئۇ كىتابنى ئالىي ئۇنۋانلىق ئوقۇتقۇچى-
لارغا بەرگەن، لېكىن ئۇلار ۋاقىت چىقىرالماي ئوقۇغۇچىلىرىغا
بېرىپتۇ.

— ئۆزىڭىزگە ئايان، توختامغا، پىلانغا تەسىر كۆرسىتىد-
ۋاتقىنى ساپلا سىز ئۇيۇشتۇرغان كىتابلار. بۇنداق ئىش تەكرار-
لىنىۋەرسە نەشرىياتىمىزنىڭ تەقدىرى نېمە بولىدۇ؟ خەقلەرگە
بىكاردىن - بىكار تۆلىگەن ئوتتۇز مىڭ سومدىنمۇ ساۋاق ئالمى-
سىڭىز. . .

— بىلدىم، ئەمدى بىلدىم، — پەيتۇل ئورنىدىن چاچراپ
تۇرۇپ كەتتى، — سىز مېنىڭ ئىشلىرىمدىن ئېۋەن تېپىپ،
ئارقامدىن ئايغاقچىلىق قىلىپ يۈرۈپسىز. كۈچىڭىز يەتسە نەش-
رىياتتىن قوغلىۋەتمەمسىز.

— سىز نېمانداق تەتۈر ئادەمسىز، — تۇرسۇنجاننىڭمۇ
پەيلى بۇزۇلدى، — مېنىڭ نەشرىيات ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋات-
قىنىمنى «ئېۋەن تېپىش، ئايغاقچىلىق قىلىش» دەپ چۈشەنسى-
ڭىز، بۇ تەرجىمىلىرىڭىزنى توختامغا ئۈلگۈرتەمسىز ياكى ئىق-
تىسادىي زىياننى تۆلەمسىز ئۆزىڭىز قىلىڭ. مەن بۇنداق بىر
تاغار ئەخلەتكە ئىگە بولمايمەن، مۇدىرلىقنىمۇ چېكىڭىزگە تېڭى-
ۋېلىڭ.

سەۋر قاچىسى تولغان تۇرسۇنجان ئىشىكنى زەرب بىلەن
گۈپلا قىلىپ ياپتى - دە، چىقىپ كەتتى. چۈشكىچە ئۇنىڭ قولى
ئىشقا بارمىدى. شۇڭا چۈشتىن كېيىن ئىدارىگە كېچىكىپرەك
كەلدى. مەسۇم قابىل ئۇنى ئىشخانا ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى.
تۇرسۇنجاننىڭ ئۇنىڭ قولىدىكى ماتېرىيال خالتىلىرىنى كۆرۈپ
كۆزى چەكچەيدى.

— قېنى، ئىشىكنى ئېچىڭ، — دېدى مەسۇم قابىل سى-

پايىلىك بىلەن، — ئىشخانىدا سۆزلىشەيلى.

— بۇ ماتېرىياللارنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇپ ئەكىردىڭىز، — دېدى تۇرسۇنجان مەسۇم قابىلغا ئورۇندۇقنى سۇرۇپ بېرىپ، — ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن، مەن ئىگە ئەمەس.

— تۇرسۇنجان، بەزى ئىشلارغا بەك يۈزە قارايدىكەنسىز، — مەسۇم قابىلنىڭ تۇرقىدىن ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى، — ۋاقتى كەلگەندە پەيتۇل «مەن تەرجىمە قىلدۇرغان، لېكىن تۇرسۇنجان تەھرىرلەشتىن قېچىپ ياكى مېنى قەستەن تەتۈر قىيناپ، مەن بىلەن ھوقۇق تالىشىپ تاشلاپ بەردى» دېيىشتىن يانمايدۇ. ئۇ چاغدا ئۆزىڭىز پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىسىز. رەھبەرلىك ھەرگىز «قېنى ئۇ تەرجىمە، بىز كۆرۈپ چىقايلى» دېمەيدۇ. سىزنىڭ ھەرقانچە كۈچەپ «ئۇنداق سۈپەتسىز، مۇنداق ناچار» دېگەن قاقشاشلىرىڭىزغا، مۇشۇكنىڭ سوئالىغا چاشقاننىڭ جاۋابى تەييار، دېگەندەك، پەيتۇل «يۈزدە يۈز ساپ نەرسە نەدە بار، ئۇنداقتا نەشرىياتتا مۇھەررىر ئىشلىتىپ نېمە قىلىدۇ» دەپ ئالدىڭىزغا چىقىۋالىدۇ.

مەسۇم قابىلنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇقتەك قىلاتتى. ۋاقتى كەلگەندە پەيتۇلنىڭ تەرجىمىنى تولۇق كۆرمەيلا «بولمايدۇ» غا چىقاردى، ئۇنىڭ مەقسىتى ھوقۇق تارتىۋېلىش، دېگەندەك بوھتانلارنى چاپلاش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى، قوبۇل قىلسا ئۆزىنىڭ بېشىغا پىت چىچىۋالاتتى.

— قانداق قىلسام بولار، — تۇرسۇنجان ئىلاجىسىز ھالدا سورىدى، — قايتا تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرساق ھەرگىز ئۇلگۇرمەيدۇ.

— مېنىڭچە، باشقۇرۇش ئورگىنىدىكى جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلارنىڭ خەۋەر تاپقىنى ياخشى، — مەسۇم قابىل ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى، — ئۇلار سىزنىڭ مۇدىرلىقنى نېمە ئۈچۈن تاشلاپ بەرمەكچى بولغانلىقىڭىزنىڭ تېگىگە يەتسۇن.



مەن ئىككىڭلارنىڭ جېدەلدىن تولۇق خەۋەر تاپتىم. پەيتۇل ئىنتايىن يولسىز، ئۆكتەم، مەنسەپپەرەس، ھىيلە - مىكىرگە ئۇستا ئادەم. كىم بىلىدۇ، ئۇ، سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي، دەپ، ئەتىلا نەلەرگە دادلاپ بارىدۇ. شۇڭا، — مەسۇم قابىل ماتېرىيال خالتىلىرىنى ئىشارە قىلدى، — بۇ نەرسىلەرنى باشلىقلارغا كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ خەيرىخاھلىقىنى قولغا كەلتۈرگىنىڭىز تۈزۈك، ئەگەر لايىق تاپسىڭىز مەنمۇ بىللە كىرەي.

— بۇنداق قىلساق زىددىيەتنى بەك كەسكىنلەشتۈرۈۋېتەمىزمىكىن، — تۇرسۇنجان ئويلىنىپ قالدى، — ئۇنداق قىلمايلى دېسەك ئاقىۋەتتى ياخشى بولمىغۇدەك.

— مەيلىڭىز، — مەسۇم قابىل بېشىنى چايقىدى، — لېكىن بۇ قېتىم «بوپتىلا» دەۋەتسىڭىز، مۇتتەھەم ساق، ساق مۇتتەھەم بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىغا بەكمۇ يېقىن.

— بولىدۇ، — تۇرسۇنجان ئورنىدىن تۇردى، — ئەلۋەتتە رەھبەرلىكنىڭ پىكرىنى ئېلىشمۇ كېيىنكى ئىشلارغا يول ئاچىدۇ، يۈرۈڭ.

باشقۇرۇش ئورگىنى نەشرىياتتىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاكاتسىيە قويۇق سايە تاشلىغان يول چېتىدە كېتىپ باراتتى. ماتېرىيال خالتىلىرى سېلىنغان سومكىنى كۆتۈرۈۋالغان تۇرسۇنجان خىيالغا پاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شۇنداق، بىر يىللىرى ئۇنىڭ مەسۇم قابىلنى ئىزىق چىشىغا ئېلىپ چايناپ يۇركۇۋەتسە دەردى چىقمايتتى. شۇڭا، ھېكمەت بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالغاندا تۇرسۇنجان قايناپ: «مەسۇم قابىل كولۇپ تۇرۇپ گەپ ئېلىپ، چىرقىرىتىپ تۇرۇپ قايتۇرۇپ بېرىدىغان نەرسە»دەپ مەسۇم قابىلنى ئەيىبلەپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ بىلەن خېلى - خېلى ئىشلارنى بار مەسلىھەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. توغرا، ئۇلار بىللە ئىشلەۋاتقان تۆت يىلدىن بېرى ئارىدا كۆڭۈل كىر بولىدىغان ئىشلار

يۈز بەرمىدى. مەسۇم قابىلنىڭ ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ، ساخاۋەت يولىغا قەدەم ئالغانلىقى بەلكىم تۇرسۇنجاننىڭ سەمىمىي ھىممەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بولغاندۇ. باللار ئەسەرلىرىنى ئىشلەش ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش، نۇقتىلىق كىتابلارنى ئىشتىن سىرت ئۇيۇشتۇرۇپ مەنپەئەتكە ئىگە قىلىش، توپلاملىرىنى چىقىرىپ بېرىپ قەلەم ھەققىنى ۋاقتىدا يېزىپ بېرىش. . . قاتارلىق نۇرغۇن - نۇرغۇن ياخشىلىقلار ھەرقانچە ياۋۇز نىيەتلىك ئادەمنىمۇ تەسىرلەندۈرۈشى مۇمكىنغۇ؟ بىر نەشرىياتتا، ھەتتا بىر بۆلۈمدە ئىشلەۋاتقان ئادەملەر بىر - بىرىگە ھەمقان بولۇپ ئۆتمىسە، دائىم ئىت - مۇشۇكتەك بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ يۈرۈشسە خىزمەت ھەم تۇرمۇشتا نېمە لەززەت بولسۇن!

— تۇرسۇنجان، بىر ئىشنى سورىغۇم كەلدى، سەمىمىي جاۋاب بەرسىڭىز، — مەسۇم قابىل بىرنەچچە قەدەم ماڭغىچە ئۈندىمىدى، — تۆت - بەش ئايچە بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن، بىر كۈنى پەيتۇلكامنىڭ ئىشخانىسىغا تەرەپبال كىرىپ قالدىم. سىز بىر باغلام پۇلنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدىڭىز، ئۇ مېنى كۆرۈپلا ھاپىلا - شاپىلا تارتمىغا تىقىۋەتتى. شۇ چاغدىكى پەيتۇلنىڭ ئالاقزادىلىكى، سىزنىڭ تۇتۇلغان چىرايىڭىز مېنى ھازىرغىچە غەيرىي گۇمانلارغا سېلىپ قويىدى.

تۇرسۇنجاننى بۇرۇقتۇرما قىلىپ كېلىۋاتقىنى نەق مەسۇم قابىل سورىغان مۇشۇ سوئال ئىدى. پەيتۇل: «ئەسەرنىڭ بىرىنچى تەھرىرلىكىنى ۋەزىپىگە ھېسابلاڭ، ئىككىنچى تەھرىرلىكىگە قەلەم ھەققى يېزىپ ماڭا بېرىڭ، مەن ئۇنى ئىشخانا ھېسابىغا كىرگۈزۈپ خىزمەت ئۈچۈن ئىشلىتىمەن» دېگەندىن بېرى، تۇرسۇنجان ھەر يىلى بىر ياكى ئىككى قېتىم قەلەم ھەققى تاپشۇرۇپ تۇردى. لېكىن، بۇ غەيرىي نورمال ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا، تۇرسۇنجان ئالىم ئۆزىنىڭ



ۋە پەيتۇلنىڭ نەشرىيات تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. چۈنكى، مۇھەررىرگە بىر ئەسەر تەھرىرلىككە بېرىلگەنىكەن، ئۇنى قانچە قېتىم كۆرۈپ، تۈزىتىپ چىقىش ئۇنىڭ ئىشى، لېكىن بۇ بىر قېتىملىق ۋەزىپىلا ھېسابلىنىدۇ. بىراق،تۇرسۇنجان ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى بىر قېتىم تەھرىرلىگەن بولسىمۇ، پەيتۇلنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەھرىرلىك ئەخلاقىغا زىت ھالدا قايتىدىن قەلەم ھەققى يېزىپ پەيتۇلغا تاپشۇرۇۋاتىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، — مەسۇم قابىل يەنە جىمىپ قالدى، — پەيتۇل پۇلغا تويمايدىغان ئادەم.

— شۇ چاغدا سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز توغرا، — دېدى تۇرسۇنجان ئېغىر تىنىپ، — ئۇ ئىككى كىتابنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەھرىرلىكىگە يېزىلغان پۇل ئىدى.

— بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمىدىڭىزمۇ؟

— چۈشەندۈردۇم، لېكىن پەيتۇلكام ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ تۇرۇۋالدى، — تۇرسۇنجان ئاچچىقىدا كۈلۈپ قويدى، — ئاخىر مەنمۇ كۆندۈم. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇ ھارام پۇلنى مەن خەجلىمىگەندىكىن نېمىدىن قورقاتتىم. مەن قاتتىق قىراق تۇرۇپ باقايچۇ دەپمۇ ئويلىدىم، بىراق ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسام، نەشرىياتتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش پىلانلىرىمنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىدىم.

— سىزنىڭ بەزى ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز يوق، پەيتۇل ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەشرىياتنى شىلىپ يەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەلەم ھەققى ئېلىش ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل، — مەسۇم قابىل سۆزلىگەنسېرى غەزەپلەنمەكتە ئىدى.

پەيتۇلنىڭ نەشرىياتنىڭ باشلىقلىق ئەمىلىدىن سىرت، باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسى بارلىقى ھەممىگە ئايان. شۇنداق ئىكەن، مۇھەررىرلەر تەھرىرلىگەن ئەسەرلەرنى ئۈستىدىن كۆ-

رۇپ چىقىش، تەستىقلاش ئەلۋەتتە ھەقسىز بولمايتتى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، قەلىمى پىشقان ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئالدىغا
تارتىپ ئۆزى تەھرىرلەيتتى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تۇنجى تەھرىرلە-
كىنى ۋەزىپىگە، ئىككىنچى تەھرىرلىكىنى قەلەم ھەققىگە ھې-
سابلايتتى. بۇنداقتا ھەر ئايدا دېگۇدەك يېزىلغان شۇنچە كۆپ
قەلەم ھەققىلىرى باشقىلارنى گۇمانغا سېلىپ قويۇشى ئېنىق
ئىدى، ئۇلار ئېغىزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن بۇلۇڭ - پۇچقاق-
لاردا كۇسۇرلىشاتتى. شۇڭا، پەيتۇل بىر قىسىم قەلەم ھەققى-
لىرىنى يېقىن ھەقەمسايىلىرىگە، بەزى يازغۇچىلارغا يازاتتى،
ئۇلار قەلەم ھەققىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، كېچىلىرى پەيتۇلنىڭ
ئۆيىگە ئەكېلىپ بېرىپ مېھمان بولۇپ كېتەتتى.

— پەيتۇلنىڭ بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ تېماتىك پىلاندا بول-
مىغان ئەسەرلىرىنى مەجبۇريي ھالدا پىلانغا كىرگۈزۈپ ئۇنىڭغا
يۇقىرى قەلــەم ھەققــى بەرگەنلىكىنىڭ تېگىگــە ئــەمدى يەتـ .
كەنسىز؟ — دېدى مەسۇم قابىل، — بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى
ماڭا چېلىقىپ قالدى، بەزىلىرىنى ئاشۇ قەلەمكەشلەر ئۆزلىرى
دەپ بەردى.

— ھوقۇقنى مۇشۇنداق قالايمىقان ئىشلەتسە ئاقىۋىتىدىن
قورقمامدىغاندۇ؟

— ئۇ ئاقىۋەت - پاقىۋەت دېگەنلەر بىلەن ھېسابلىشىپ
ئولتۇرمايدۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھالال بولسۇن ياكى ھارام بولسۇن،
پۇللا بار، — مەسۇم قابىل تۇرسۇنجانغا سوئىدىشىپ كېلىپ
ئاستا پىچىرلىدى، — ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كاماندىروپكىغا
بارغاندا قىلغان ئىپلاسلىقلىرىنى ئاڭلىسىڭىز قۇلاقلىرىڭىزغا
ئىشەنمەيسىز. مەن سىزگە بىر پۇرسـەت بـولغـاندا سـۆزلەپ
بېرىمەن.

ئۇلار گەپ بىلەن باشقۇرۇش ئورگىنىغا كېلىپ قالغانىدى.



ئەكرەم نىياز ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە نېمە ئۈچۈن
كەلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىككىسىنى جاڭ پىڭنىڭ
ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان
ياش شۇجى جاڭ پىڭ قاپقارا پارقىراپ تۇرغان يۇمشاق چاچلىرى-
نى بارماقلىرى بىلەن ئارقىغا تاراپ قويۇپ، ئۇلارنى كرېسلوغا
تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۆزىمۇ ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئېلىپ
كەلدى.

— لاۋجاڭ، بۇ ئىككىسىنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ بېقىڭ، —
دېدى ئەكرەم نىياز، — مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا مەسىلە
جىددىيدەك قىلىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، قېنى، سۆزلەپ بېقىڭلارچۇ.

مەسۇم قابىل تۇرسۇنجانغا «قېنى سۆزلەڭ» دېگەندەك قا-
راپ قويۇۋېدى، تۇرسۇنجان گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي
بىردەم تۇرۇۋالدى. ئاندىن ئۇ ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن
نەشرىياتنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشقا
يۈزلەنگەنلىكى، مۇھەررىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي
ھالىتىدىكى جەڭگىۋارلىق، ئۇلارنىڭ تەسىراتلىرى قاتارلىقلارنى
قىسقىچە بايان قىلغاندىن كېيىن، كىتاب ئويۇشتۇرۇش، چىقى-
رىش، تارقىتىش، توختامغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك بىلەن ئىقتى-
سادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالماسلىق، ھەتتا زىيان تارتىش، يېقى-
نىم، تۇغقىنىم، پايدىلىق ئادىمىم دېيىش ئارقىلىق ئەڭ ياخشى
ئۈنۈم يارىتىدىغان كىتابلار، ۋاقىت خاراكتېرلىك دەرسلىك،
قوللانمىلارنىڭ تەرجىمىسى، تەھرىرلىكى، كوررېكتورلۇقى نا-
چار بولۇش ھەم ئۈلگۈرمەسلىك، ۋاقىت، پىلانغا سەل قاراشتەك
ئىسلاھات يولىدىكى قاتاللىقلارنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن
بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇ سومكىدىكى ماتېرىيال خالتىسىنى چىقى-
رىپ تۆت كىتابنىڭ تەرجىمە ئورىگىنالى بىلەن ئەسلىدىكى خەن-
زۇچە كىتابنى پولغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىگىلا يايدى. جاڭ

پىڭ «پەلسەپىدىن ساۋات»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە كونسپېكت» (ئىككىنچى قىسىم)، «سىياسىي ئىقتىساد» (سوتسىيالىزم قىسمى)، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قانۇنشۇناسلىق لۇغىتى» قاتارلىق تۆت كىتابنى قولىغا ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇ كىتابلار سىياسىي قانۇن ۋە سىياسىي ئىقتىسادقا ئائىت كىتابلار ئىكەن، دەپ قويدى.

— ئەمدى بۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈپ بېقىڭ، — تۇرسۇنجان «پەلسەپىدىن ساۋات» نىڭ تەرجىمىسىنى جاڭ پىڭغا سۇندى، — بۇنى ئۆزۈم قايتىدىن تەرجىمە قىلىۋاتىمەن. بىراق، سىياسىي قانۇنغا ئائىت ئاتالغۇلارنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن خېلى كۆپ لۇغەتلەردىن پايدىلاندىم.

جاڭ پىڭ قىزىل رەڭ بىلەن بويىلىپ ئاق يېرى قالمىغان، ھەتتا ئورىگىنال قەغىزىنىڭ ئاستى ـ ئۈستىلىرىگە قوشۇمچە قەغەزلەر چاپلانغان، قىسقىسى، توقۇمدەك قېلىنلىشىپ ھەم چاپاقلىشىپ كەتكەن تەرجىمىنى كۆرۈپ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

— ھەممىسىلا شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن.

— قالغانلىرى ئۇنىڭدىن بەتتەر، مانا كۆرۈڭ.

— ئون بەتتەك تەرجىمە قىلىپ، كىتابنى ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بەرگەنلەرمۇ بار ئىكەن، — دېدى ئەكرەم نىياز قوشۇمچە قىلىپ، — ئەمدى ئۇنى قايتا تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرسا توختامدىكى ۋاقىتتا ئۈلگۈرمەيدىكەن.

— تېخى ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭلار، — مەسۇم قابىل بىر دەستە ماتېرىيالنى جاڭ پىڭغا تەڭلىدى، — باشتىن ـ ئاخىر ھەربىر بەت ئاق قالدۇرۇلغان ئورۇن بىلەن توشۇپ كەتكەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلالمىغان.

— بۇ كىتابلارنى، — دېدى جاڭ پىڭ تۇرسۇنجانغا، — سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىدىكى كەسپىي تەرجىمانلارغا ئۇيۇشتۇرمىغانمىدىڭىز؟



— تۇرسۇنجان ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان بىلەن، — دەرھال گەپ قىستۇردى مەسۇم قابىل، — ئۇنىڭدا ئۇنداق ھوقۇق بولمىسا.

— نېمىشقا ئەمدى، — جاڭ پىڭنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئەمىسە بۇ كىمنىڭ ئويۇنى؟

— مەسىلە شۇ يەردە جاڭ شۇجى، — مەسۇم قابىل پاسقا چىققان توپنى كېلىشتۈرۈپ ئۇردى، — پەيتۇلكام ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغانىكەن، بۇنداق مەنپەئەتلىك ئىشنى باشقىلارغا بېرەمدۇ؟ تەرجىمىنى ئەسقاتىدىغان چوڭ باشلىق، كېرەكلىك كىشىلىرىگە، ھەتتا بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەننىڭ ئاقىۋىتى بۇ.

جاڭ پىڭ قاپاقلىرىنى تۈرگەنچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. كىتاب ئۇيۇشتۇرۇشتەك مۇشۇنداق ئىشتىمۇ مەنپەئەت ئۇندۇرۇش، قەلەم ھەققى بېرىش ۋە ئېلىشتىكى مۇخالىپ ئىشلار دەرۋەقە ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى.

— مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم، — دېدى تۇرسۇنجان ئېغىر تىنىپ، — ھەربىر ۋىلايەتتىكى پارتىيە مەكتەپلىرى بىلەن بۇ تۆت كىتابنى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يەنى دەرس باشلاشقا ئۈلگۈرتۈپ چىقىرىپ بېرىشكە توختام تۈزگەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ـ ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى تەربىيىلەيدىغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدىن بىر يۈز سەككىزى بار، ئۇلاردا ئون مىڭدەك كۇرسانت ئوقۇيدۇ.

— سىياسىي نەزەرىيىۋى دەرسلىك، قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كەمچىل بولغاچقا، — دېدى مەسۇم قابىل قوشۇمچە قىلىپ، — بۇ مەكتەپلەرنىڭ بەزىلىرى ئوقۇش باشلىيالماي، بەزىلىرى كونا ماتېرىياللارنى شاپىگرافتا بېسىپ قىسمەن ئېھتىياجىنى تەمىنلەۋېتىپتۇ.

— ئەمىسە ئۇلارنىڭ دەرسىگە تەسىر يەتكۈزۈشتىن سىرت، — جاڭ پىڭ مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — سىلەرمۇ بۇ تۆت كىتاب ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپالمىغۇدەك تۆلەم تۆلەيسىلەر، شۇنداقمۇ؟

— بۇلتۇر ئوتتۇز مىڭ تۆلىگەن بولساق، — دېدى مەسۇم قابىل ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ، — بۇ قېتىم ھەسسىلەپ تۆلەيمىز.

— چاتاق، بەك چاتاق بوپتۇ، — جاڭ پىڭ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئەمدى قايتىدىن ئويۇشتۇرۇشنىڭ ئامالى يوقمۇ؟

— تەرجىمە ئەمگىكى ئاسان ئىش ئەمەس، — دېدى ئەكبەر نىياز، — بۇ كىتابلارنىڭ ھەربىرىنى ئالتە ئاي، بېسىپ ئولتۇرغاندىمۇ ئۈچ - تۆت ئايدا تەرجىمە قىلىپ بولۇش مۇمكىن.

— مېنىڭ ئويۇمغا مۇنداق بىر چارە كېلىۋاتىدۇ، — جاڭ پىڭ ھەممىگە تەكشى قارىدى، — بۇ كىتابلارنىڭ بىرىنى تۇرسۇنجان تەرجىمە قىلىپ خېلى بىر يەرگە ئاپىرىپتۇ، قالغان ئۈچ كىتابنىڭ ھەربىرىنى تۆت - بەش پارچە قىلىپ، سوت، تەپتىش ھەم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىدىكى تەرجىمانلارغا، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپ سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىدىكى پروفېسور، دوتسېنتلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ۋاقتىنى ئوتتۇز ياكى قىرىق كۈن دەپ بەلگىلىسەك، تەرجىمە پۈتكەن ھامان يەنە شۇلارغا ئالماشتۇرۇپ تەھرىرلىككە بەرسەك قانداق بولار؟

— بۇ ئامال بولۇپ قالغۇدەك، — تۇرسۇنجان دەرھاللا قوشۇلدى، — ھازىر 6 - ئاي ئوتتۇرىلىشىپ قالدى، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە، ئەڭ بولمىسا 10 - كۈنىگە ئۈلگۈرتسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ، چۈنكى توختامدا ئون كۈن ئېھتىماللىققا قويۇلغان.

— ئەمىسە بۇ ئىشنى مەسۇم قابىل بىلەن ئىككىڭلار



تۇتۇڭلار، — دېدى ئەكرەم نىياز، — بۇ قېتىم تۆلەم تۆلەيدىغان سەت ئىش يەنە يۈز بېرىپ قالمىسۇن.

— ئىككى رەھبىرىمىزگە ئايان، — مەسۇم قابىل جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىيازغا قارىدى، — بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن چىقىرىلغان سىياسىي مائارىپ ۋە تارىخقا ئائىت كىتابلار چىقىشى بىلەنلا سېتىلىپ بولىدىغان بازىرى ئىتتىك كىتابلارغا ئايلاندى، ھەتتا بەزى كىتابلارنىڭ تىراژى يىگىرمە مىڭدىن ئوشۇق بولسىمۇ ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ.

— نەشرىيات شۇ كىتابلار ئارقىلىق قەددىنى رۇسلىۋالدى. پەيتۇلكام شۇنىڭ قەدرىگە يەتسە بولاتتى.

— قەدرىگە يېتىش ئۈچۈن قورساقتا ئۇماچ بولۇشى كېرەك، — ئەكرەم نىيازنىڭ سۆزىدىن جانلانغان مەسۇم قابىل كىنايە بىلەن كۈلدى، — ئەمما بۇ قېتىم ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىكى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلاشمىساڭلار، بۇنىڭدىن كېيىنكى نەشرىياتنىڭ تەقدىرىگە بىر نېمە دېمەك تەس.

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى جاڭ پىڭ ئۇلارنى ئۈزۈتۈپ چىقىۋېتىپ، — بۇ توغرۇلۇق چوقۇم ئويلىشىمىز، قانداق دېدىم، ئەكرەم نىياز؟

— ئويلاشمايمۇ بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى، — ئەكرەم نىياز بېشىنى لىڭشىتتى.

كەچلىك ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئەتە سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىگە بېرىشنى مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ئايرىلىشتى. تۇرسۇنجان كۆرۈشمىگىلى ئىككى ھەپتىدەك بولۇپ قالغان دوستى ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئىدارە ئاپتوبۇسىغا چىقتى. ئۇ «تۈندىكى چولپان» رومانىنىڭ تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدەك خۇش خە-

ۋەرنى يەتكۈزۈشنىمۇ كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەمما، شۇ كۈنى كېچىدە پەيتۇلنىڭ كىچىك ھۇجرا ئۆيىدە ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ كەتكەن مەسۇم قابىل كۇسۇرلاپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ جاڭپىڭ ھەم ئەكرەم نىيازلار ئالدىدا ئۆزى دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇرسۇنجانغا ئارتىپ، پەيتۇلنىڭ غەزەپ قېپىنى يېرىۋەتتى.

— پۈتۈن تەرجىمىلەرنى گىلەمگە يېيىپ سازايى قىلدىڭ، — پەيتۇلنىڭ چىرايى ئەمەن يۇتۇۋالغاندەك تۇرۇلۇپ كەتتى، — تېخى مەن ئۇنىڭغا ھوقۇق بەرمەپتىمەنمىش. ئۇمۇ ئۆز ئالدىغا كىتابلارنى ئۇيۇشتۇرۇۋاتىدىغۇ، بۇلتۇر كۈزدە ئاغىنىسى ھېكمەتنىڭ «تۈندىكى چولپان» دېگەن رومانىنى «ئۆزۈم تەھرىرلەيمەن» دېگەندە مەيلى دېدىمغۇ.

— نېمە، ھېكمەتنىڭ رومانى، — مەسۇم قابىلنىڭ بىردىنلا كۆزلىرى قىسىلدى، — ئۇنىڭ كىتابى بىزنىڭ نەشرىياتتىن چىقماقچىما؟

— چىقماقچى ئەمەس، تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، — پەيتۇل ۋارقىرىدى، — بىر بۆلۈمدە تۇرۇپ شۇنىمۇ سىزگە دېمىدىما؟ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قارىلىقىنى قارا.

— قايسى زاۋۇتتا بېسىلدى؟

— ئۈچىنچى باسما زاۋۇتىدا.

— مەسۇم قابىل كىرلىشىپ كەتكەن پايپىقىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئۇزۇن جىمىپ كەتتى. تۇرسۇنجاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پەيتۇلنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغىنىمۇ كار قىلماپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ قويۇننىڭ ئىچىدىكىنى بىلمەك تەس ئىكەن. دوستىنىڭ رومانىنى قوغداش يۈزىسىدىن مەسۇم قابىلدىنمۇ يوشۇرۇپتۇ. خەپ توختاپتۇر، سەن جىڭنىڭ شىنىسى بولساڭ، مەن تېشى، سەن بىر قاچا ئاش بولساڭ، مەن بىر چىمدىم تۇز بولۇپ تېتىيمەن.



— ئۇ يەنە نېمىدەپ شالىنى چاچراتتى؟ — سورىدى پەيتۇل ئېغىر پۇشۇلداپ، — مەن تېخى ئۇنى باشقۇرۇش ئورگىنىغا كىرمەس دەپ ئويلاپتىمەن.

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئاق، ھەممە ئىشنى تۈزلا ئويلايسىز، — مەسۇم قابىل پەيتۇلغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، — ئۇ سىزنىڭ ئىسلاھاتقا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقىنىڭىزنى ئەمەلىي پاكىت ئارقىلىق رەسۋا قىلىمەن، قېنى شۇ چاغدا كىم تەكشۈرۈشنامە يازىدىغانلىقىنى كۆرىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن قانداق پوق ئاقىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن مەنمۇ بىللە باردىم.

— ناھايىتى ئوبدان قىپسىز، بولمىسا مەن ھەممىدىن غاپىل يۈرۈۋېرىدىكەنمەن.

— جاڭپىڭ شۇجى ئاچچىقلاپ «بۇ كىمنىڭ ئويۇنى» دەپ سورىشى، — دېدى مەسۇم قابىل ئۆزىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى تەكرارلاپ، — تۇرسۇنجان: «كىتاب ئۇيۇشتۇرۇش پەيتۇلكام ئۈچۈن مەنپەئەت ۋاستىسى، بۇنداق پايدىنى باشقىلارغا بېرەمدۇ. ئۇ باللىرىنى ئوقۇشقا ئەۋەتىش، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، تۇغقانلىرىنى يۆتكەشكە پايدىسى تېگىدىغان ئەمەلدارلارغا، ھەتتا بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدۇ» دەپ قايناپلا كەتتى.

باشلىقىنىڭ قىزىرىپ ـ تاتىرىپ، ئېسىلىپ ئولتۇرالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەسۇم قابىل ئۇلغۇماچنى تېخىمۇ چىڭىتتى. «ھەسسىلەپ تۆلەم تۆلەش، قورسىقىدا ئۇماچ يوق، شەكلى ئۆزگەرگەن پارا بېرىش» دېگەندەك، ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى تۇرسۇنجانغا ئارتىپ قويۇش ئارقىلىق، پەيتۇل بىلەن تۇرسۇنجان ئوتتۇرىسىغا ئۆتكىلى بولمايدىغان تامنى سوقۇپ قويدى.

مەسۇم قابىل يىللاردىن بېرى تۇرسۇنجاننىڭ قەلەم ھەققىنى يولسىزلىق بىلەن ئېلىۋاتقان ئىشنى دېيىش ئارقىلىق،

پەيتۇلنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇنى راسا بىر چىرقىرىتى-
ۋەتمەكچى بولدى، بىراق پەيلىدىن شۇ ھامان ياندى، چۈنكى
قورقۇپ كەتكەن پەيتۇل دەرھال نەپسىنى يىغىۋالسا مەسۇم قابىل
ئۇچۇن پايدىسىز ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشنى ھالقىلىق پەيت يېتىپ
كەلگەندە ئـوت قويـۇشنىڭ پىلتىسـى قىلىش ئـۈچۈن ئېلىپ
قويدى.

— پەيتۇلكا، ئەمدى ھەرىكەت قىلمىسىڭىز بولمايدىغان
يېرىگە كېلىپ قالدى، — دېـدى مـەسـۇم قـابىل ئېغىر تە-
لەپپۇزدا، — تۇرسۇنجان: «بۇنداق ھەمدەمدە بار، ھېسابتا يوق
مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئەمدى قىلمايمەن» دېۋىدى، جاڭ پىڭ
بىلەن ئەكرەم نىياز «ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلە-
كىنى دەرھال ئويلىشىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ» دېيىشتى. سىز-
نىڭ ئۇچىنچى ھوقۇقىڭىزنى تارتىۋالىدۇ، دەپ بۇرۇنلا سىزنى
ئەسكەرتمىگەنمىدىم.

مەسۇم قابىل باشلىقنى چوغدا ئولتۇرۇۋالغاندەك چىچاڭشى-
تىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇ كېچىدىن باشلاپ پەيتۇل ساغرى-
سىغا چىقان چىقىپ قالغاندەك ئولتۇرالمايلا قالدى. تۇرسۇنجان
بىلەن مەسۇم قابىل كىتاب ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتتى.
پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسىدىن ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغان ئاياغ تىۋى-
شى ھەم نېمىلەرنىڭدۇر تاراق - تۇرۇق ئاۋازىدىن باشقا نەرسە
ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئۆتكەن كېچە نۇردۇن خوجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
ئۇنىڭ مەلھەملىرىدىن خېلىلا جانلانغاندەك قىلغان بولسىمۇ،
يەنىلا بىر يەرلىرى پېتىر ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىشتانغا چىققان
كۆڭۈلگە تايىن دېگەندەك، پەيتۇلنىڭ يېقىنلىرىغا كىتاب ئۇيۇش-
تۇرۇشى، بىر كىتابقا قوش قەلەم ھەققى يېزىشى، ئىشخانا
ھېسابىغا يولسىز پۇل يىغىشى دېگەندەك قىلمىشلىرى تارازىغا
ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئەگەر بۇ ئىشلار يۇقىرىنىڭ سەمىگە چۈشۈپ
قالسا، پەيتۇل كەشنى ئاسماندا، دوپپىسىنى يەردە كۆرەتتى.



ئۇ باي بولۇشنى، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي خەجلەشنى ئارزۇ
قىلغانىدى، بۇ ئارزۇ رېجىسىغا يەتتى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن
بىللە ئەمەللىرىگە، ئەركىن ئىمتىيازىغا كۇشەندە پەيدا قىلىۋال-
دى. پەيتۇل ئەمەلسىز جەننەتتە ياشىغاندىن كۆرە، ھوقۇق يۈر-
گۈزۈپ دوزاختا ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان ئادەم ئىدى. باشقىلار
«ۋاي باشلىق» دەپ تۇرسا، پايپېتەك بولۇپ خىزمىتىڭگە يۈگۈ-
رۈپ يۈرسە تۆت ئېغىز تاققا - تۇققا سۆزلەپ قويساڭ چاۋاكلار
ياڭراپ كەتسە، بىرەر يەرگە بېرىپ قالساڭ، شوپۇرۇڭ سېنى
قىش - قىرو، جۇدۇن - چاپقۇن، ئاچ - توق دېمەي مۈگدەپ
ئولتۇرۇپ ساقلىسا، سورۇنلاردا: «يۇقىرى ئۆتسىلە» دەپ تۇ-
رۇشسا، ھەممىسى ئۇنىڭ ئانچە كۆركەم بولمىغان بۇرنىغا قاراپ
تىكىلىشسە، قىسقىسى، خامانىنىڭ مومىسىدەك ھەممىدىن يۇقى-
رى چوقچىيىپ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرسا، بۇ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا
بەرگىنى ئەمەسمۇ! بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق ئامەت بولسۇن!
يارانقان ئىگىسى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، باشقىلار ئالدىدا چۈ-
كۈلداپ ياشاشنى! ھەتتىگىنەي، پۇلسىز بارماق شوراپ ئۆتسىمۇ
نېمە قىلاتتى تۇرسۇنجاندەك قۇيۇنتى! بۇ قۇيۇن مانا ئەمدى
ئۇنىڭ ئۇچىنچى ئەملىنى ئۇچۇرتۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.
كىم بىلىدۇ، باشقا ھوقۇقلىرى تۇرماق ئۆزىنىمۇ غازاڭدەك
پىرقىرىتىپ نەلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. توۋا، دۇنيادا پۇتاقسىز
دەرەخ بولمىغىنىدەك، كـۇشـەندىسىز ھۇزۇر - ھالـەۋەتمـۇ
بولمايدىكىنە. . .

پەيتۇل كۆنلىرىنى ئەنە شۇنداق ھەمدەم خىياللار بىلەن
ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئەمما، ھەپتە بولغاندا، نۇردۇن خوجا تېلې-
فوندا: «ئاخشاملىقىقا ئۆيۈمگە كېلىپ كېتىڭ، مەسلىھەتلىشىدى-
غان مۇھىم ئىش بار» دەپ بۇيرۇق قىلدى. پەيتۇل كەچلىك
تامىقىنى چالا - پۇلا يەپلا كىچىك ماشىنىسىغا چۈشتى - دە،
يۈرۈپ كەتتى. نۇردۇن خوجا ھازىر نازىر دەرىجىلىك چوڭ ئۆيگە

كۆچكەنىدى. ماشىنا ماي ئايلىرىدا سۇس سۆسۈن رەڭ ئېچىلىپ
كېتىدىغان سىرىنگۈللۈك قورۇغا ئاستا ئايلىنىپ كىرىپ كەل-
دى. پەيتۇل شوپۇرغا ساقلاشنى ئېيتىپ، بىنانىڭ ئىككىنچى
قەۋىتىگە چىقىپ زىۋانوكنى بېسىشى ئۆي ئىچىدىن مۇڭلۇق
مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىشىكنى نۇردۇن خوجىنىڭ يىگىرمە
ياشلاردىكى كىچىك قىزى ئاچتى. ئۇ پەيتۇلنى يېزىقچىلىق ئۆيە-
گە باشلىدى. پەيتۇل بۇ ئۆيگە داۋاملىق كېلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا
جىگەررەڭ پوللۇق كەڭ مېھمانخانا، تامغا بېكىتىلگەن بۇغا بې-
شى، زىننەت چىراغلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قويۇپ، يېزىق-
چىلىق ئۆيىگە ئايىغىنى سېلىۋېتىپ كىردى، پولغا قاپارتما
گۈللۈك گىلەم سېلىنغانىدى. قايقارا بولغار كرېسلوغا چۆكۈپ
ئولتۇرغان نۇردۇن خوجا پۇتىغا يۇمشاق كىپىش كىيىۋالغان-
دى. ئۇلار يانمۇيان ئولتۇرۇشۇپ ھال - ئەھۋال سوراشتى.
بۇ ئەسنادا بايىقى قىز پەتنۇستا بىر جۈپ پىيالە بىلەن چەينەك
كۆتۈرۈپ كىرىپ چاي ئۈستىلىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى. نۇر-
دۇن خوجا چاي قۇيغۇچە پۇشۇلداپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا
سېمىز، گەۋدىلىك ئىدى، كىچىك كۆك كۆزلىرىنىڭ جىيەكلى-
رى قىزىرىپ، بۇرۇن ئۇچىدا ئۇششاق مۇدۇرچاقلار قاپىرىپ
تۇراتتى.

— ھە، پەيتۇللا چوڭقام، چايمۇ ئىچىلى، گەپمۇ ئۆز
يولىدا بولۇپ تۇرسۇن، — نۇردۇن خوجا پەيتۇلنىڭ ھەپتىدىن
بېرى ئۇبدانلا يادىغان چىرايىغا قاراپ قويدى، — مەن سىزگە
داۋاملىق تاكتىكىغا دىققەت قىلىش ھەققىدە سۆزلەپ كېلىۋاتى-
مەن، ئەممازە سىنەكىمەي كەلدىڭىز. مانا ئەمدى تۇگمىنى دەپ
تۆگىدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدىڭىز.

«تۆگىدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدىڭىز» دېگەن سۆز بېشىغا
ئۇرۇلغان توقماقتەك تەسىر قىلغان پەيتۇلنىڭ كۆڭلىگە كەلمە-
گەن ئىشلار كېلىپ كەتتى. دەقىقە ئۆتمەي ئۇچ ئەمىلىنىڭ



قايسىبىرى ئېلىپ تاشلانغانلىقى ياكى ئۆزىنى قانداقتۇر ئىدارى-
لەرگە يۆتكىۋەتكەنلىكى، ھەتتا تەكشۈرۈشنامە يېزىپ خاتالىقلى-
رىنى ئىقرار قىلىشتەك ۋەھىمىلىك خىياللار ئۇنىڭ دىقماق،
سېمىز گەۋدىسىنى لەرزىگە سېلىپ، سەپكۈنلۈك ئاق يۈزى سۇپ-
سۇر تاتىرىپ كەتتى.

— قاراڭ سىزنى، بىردەمدىلا چىرايىڭىز پەنجىرە قەغىزى-
دەك بولۇپ كەتتى، — دېدى نۇردۇن خوجا كۈلۈپ، — ئۇنچە-
ۋالا چوڭ ئىش يوق، پەقەت جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىيازلارنىڭ
تۇرسۇنجاننى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى قىلىش
ھەققىدىكى تەكلىپىگە لى بۇجاڭ قوشۇلدى.

— كېرىم بۇجاڭچۇ؟ — پەيتۇلنىڭ كالپۇكلىرى
تىترىدى.

— لى بۇجاڭ قېتىلغان يەردە ئۇنىڭ قوشۇلماسلىقىقا ھەد-
دىمۇ.

پەيتۇل سۇغا چۆشكەن سامان قەغىزىدەك ئېزىلىپ، سېمىز
گەۋدىسى گىر تېشىدەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ مەسۇم قابىلى-
نىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىمەكتە ئىدى. نېمىشقىمۇ باشتا ئۇنىڭ
ئىما - ئىشارە، تەنبىھلىرىگە سەل قارىغان بولغىيدى، مانا
ئەمدى تۇرسۇنجان ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قېقىۋەتتى. ئۇيغۇر بۆ-
لۈمىنىڭ تىزگىنىنى قولدىن كەتكەنىكەن، پەيتۇلنىڭ ئېرىقىدا
كوركىراپ ئېقىۋاتقان پۇل تۇرسۇنجاننىڭ ئازمىسىغا چۆشمە-
دۇ، ھۆرمەت - ئىناۋەت، شان - شەرەپ ئۇنىڭغا قاراپ ئات
سالمامدۇ.

— ھە، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، — نۇردۇن خوجا ئۇنىڭغا
ئېگىشتى، — ئەنسىرەپ كەتكۈدەك چوڭ ئىش يوق، ئەتە -
ئۆگۈن باشقۇرۇش ئورگىنىدىكىلەر تۇرسۇنجاننى ئۆستۈرۈش
ھەققىدىكى ماتېرىيالنى سىزگە كۆرسىتىپ مەسلىھەتىڭىزنى ئا-
لىدۇ. قانداق قىلماقچى سىز.

— ئەگەر مەن قوشۇلمىسامچۇ؟
— مۇمكىن ئەمەس، لى بوجاڭنىڭ بەزى ئىشلىرىڭىزدىن
خەۋەر تېپىپ خېلىلا ئاچچىقلاپ قالغانلىقى مەلۇم، — نۇردۇن
خوجىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ئەڭ ياخشىسى، سىز بۇ ئىش-
تا ئاكتىپ بولۇڭ.
— نېمىشقا ئەمدى؟
— شۇنداق قىلغاندىلا مەسۇم قابىلنى مۇئاۋىن مۇدىر قى-
لىش شەرتىڭىز يوللۇق بولۇپ قالىدۇ.
— نېمە، تېخى مەسۇم قابىلنىمۇ تەڭ ئۆستۈرىمىزمۇ؟
— ئۆتكەندە ئۇنى ماختاۋاتاتتىڭىزغۇ.
— ئۇغۇ شۇنداق.
— ھەببەللى، مەسۇم قابىل ئارقىلىق ئۇيغۇر بۆلۈمگە
بۇرۇنقىدەكلا ھۆكۈمىڭىزنى يۈرگۈزۈپ، ئويلىغانلىرى-
ڭىزنى ئىشقا ئاشۇرالايسىز ئەمەسمۇ.
— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، — پەيتۇلنىڭ كۆزلىرى خۇش-
لۇقتىن يۇمۇلۇپ كەتتى، — مەن بۇنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلى-
مىغان بولغىيدىم.
— سىز نەشرىيات باشلىقى ھەم باش مۇھەررىر ئىكەن-
سىز، تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولى-
سىز، پەقەت خەت شەكلى ئۆزگىرىدۇ، مەزمۇنى يەنىلا شۇ پېتى
قالىدۇ.
پەيتۇلنىڭ بۇلغار كىرېسلوغا چۆكۈپ خۇددى ئېتىزلىقتىكى
مۇندەكتەك ئولتۇرغان دوغىلاق گەۋدىسىگە، ساللىپىپ تۇرغان
ئىككى زاڭقىغا، خالتىلىشىپ قالغان قوش ئېڭەكلىرىگە كۆز
سالغان نۇردۇن خوجىنىڭ چىرايىغا قانداقتۇر بىر ئاچچىق تې-
چىپ چىقتى - دە، كۆڭلىگە بىر - بىرىنى تەرك ئېتىدىغان
خىياللار لاي سۇدەك تىنىپ قالدى.
پەيتۇل ھوقۇق - ئەمەلگە، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى كۆ-



رەشكە لايىق ماتېرىيال ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتى-
سى، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق خەۋپكە تاقابىل
تۇرالىغۇدەك مۇرەككەپ كاللا، ئەقىل - پاراسەت يوق ئىدى،
ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت قىلىشىنىلا بىلىپ مۇداپىئەنى ئويلى-
مايتتى. پايدا - مەنپەئەتنى كۆرگەندە كۆزى كور بولۇپ، كې-
يىنكى ئاچچىق يىغىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگىمۇ ئېلىپ قويمايت-
تى. قارىمامدىغان ئۇنىڭ دۆتلۈكىنى! ئۆزىگە ئۆزى قەلەم ھەق-
قى يېزىشتىن سىرت، ھەققەمسايىلىرىگە، ھەتتا چالا ساۋات
خوتۇنىغىمۇ يازغىنىنى! ئوقۇغۇچىلارغا ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇ-
نىڭ پۇلىنى خەجلەشنى ئويلىغان ئادەم ناچار تەرجىمىنىڭ كې-
يىن ئۆزىنى رەسۋا قىلىدىغانلىقىنى ئويلىسا بولمامدۇ؟ مانا،
ئەمەلىيەتتە نېمە بولدى؟ ئۆزىنى ئۆزى ئورىغا تىقتى. ھېلىمۇ
ياخشى نۇردۇن خوجا لى بوجاڭ ھەم كېرىم بوجاڭلار ئالدىدا
تۇرسۇنجاننىڭ ئالىقاپ، تەبىئىتى يېنىك، مەنسەپكە ھېرىسمەن
ئادەم ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى «قويۇن» دەپ ئاتىشىدىغانلى-
قىنى، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى
ئېيتىپ ئۇلارنى خېلىلا پەسكارىغا چۈشۈردى. نۇردۇن خوجا
شۇنداق قىلمىسىمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئۇ «كۆرۈپ بەر-
گەن»، «تەھرىرلىك قىلغان»، «تەرجىمىسىگە ئىشلى-
گەن...» دېگەندەك ئەمگەكلىرى ئۈچۈن يىلىغا نەچچە قېتىم
«مېھنەت ئەجرى» كۆرۈۋاتاتتى. ئەگەر پەيتۇلنىڭ تىرنىقى كې-
سىلسە، ئەلۋەتتە، نۇردۇن خوجىنىڭ بارمىقى قانايتتى.
نۇردۇن خوجا پەيتۇلنىڭ ئەنە شۇنداق ئاجىزلىقلىرىغا سى-
لىق - سىپايىلىك بىلەن تەنبىھ بېرىپ ئۆتكىنىدە، ئۇنىڭ بېشى
مەيدىسىگە ساڭگىلىدى. لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن تۇرسۇنجان
بىلەن ئىلاجى بار ياخشى ئۆتۈش ھەققىدە گەپ بولۇنغىنىدا پەي-
تۇلنىڭ كۆزلىرى غىل - پاللىدى.
— سىز چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈڭ، — دېدى نۇردۇن

خوجا چىپىنى ئۇتلاپ قويۇپ، — تۇرسۇنجان دېگەن بۇ لەنتى
بوش ئادەم ئەمەس. ئۇ سىزنىڭ قۇيرۇقىڭىزنى تۇتۇۋالدى،
ئەگەر سەللا چىشىغا تەگسىڭىز سىزنى چىمدىپ تىرناق زېدىسى
قىلىۋېتىدۇ. ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىڭىزنى ساۋاق قىلىڭ بۇ-
رادەر.
— راست دەيسىز، خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا پات - پات
كېلىپ سىزنىڭ مەسلىھەتلىرىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرالمىدىم، —
دېدى پەيتۇل پەس ئاۋازدا، — شۇڭا سەۋەنلىكلىرىم ئۆزۈمگە
ئايان.
— مانا، بۇ گېپىڭىز سەمىمىي بولدى، — نۇردۇن خوجا
ئۇنىڭ دولىسىنى پەپىلەپ قويدى، — ئەمەلگە يېڭى ئولتۇرغان
يىللىرىڭىز كۆن ئاتلاپ كېلىپ تۇراتتىڭىز، خىزمەتلىرىڭىزنى
دوكلات قىلىپ مەسلىھەت سورايتتىڭىز. . .
پەيتۇل نۇردۇن خوجىنىڭ نەسىھەت - تەنبىھلىرىنى ئاڭلاپ
يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇلار يەنە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق
قىلىش ھەققىدە يېرىم سائەتتەك كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن ئورۇن-
لىرىدىن تۇرۇشتى.
— مەن قايتاي، كېچىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قايتۇ، —
دېدى پەيتۇل ئايىغىنى كىيىۋېتىپ، — شوپۇر تالادا ساقلاپ
قالغان.
— نېمە، شوپۇر ساقلاپ قالغان؟! — نۇردۇن خوجىنىڭ
كىچىك كۆك كۆزلىرى چەكچەيدى، — بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ،
ئۇنى كەتكۈزۈۋەتسىڭىز ياكى باشلاپ كىرسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى
كوچا ئاپتوبۇسىدا كەلسىڭىز بولمامدۇ.
— ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تۇرسا.
— ۋەزىپىسى بار دەپ قولدەك ئىشلەتسىڭىز ئۆزىڭىزگە
دۈشمەن كۆپەيتىۋالامسىز. ئۇنداق ئادەملەر خىزمىتىدىن ئاج-
راپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئوچۇق نارازىلىق قىلمىغىنى بىلەن،



ئادەم توپلاشقان ئورۇنلاردا ئۇنداق بيۇروكرات، مۇنداق قارا
نىيەت دەپ سىزنى سېستىماي قالامدۇ!
— بۇ. . . — پەيتۇل نۇردۇن خوجىنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەن-
دىكىپ جىمىپ قالدى.
— كىچىك ماشىنىدا كەلگەنىكەنسىز، ۋاقتىدا كەتكۈزۈۋې-
تىپ «ئۆيۈڭدە بالىلىرىڭ بىلەن بىللە بول، مەن كوچا ئاپتوبۇ-
سىدا ياكى پىيادە كېتىمەن» دەپ قويسىڭىز، ئۇ ئۇچرىغانلا
سورۇندا سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلمامدۇ. مانا بۇ جانلىق
تەشۋىقات ھەم تاكتىكا.
— ئۇقتۇم، ئۇقتۇم، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي.
— بۇنداق ئىشلارنى ھەرگىزمۇ كىچىك چاغلىماڭ، ئەل-
نىڭ ھىممىتى شاھنىڭ خەيرىخاھلىقىدىن ئەلا، دېگەن گەپ بار.
نۇردۇن خوجا پەيتۇلنى ئىشىك ئالدىدا ئۇزىتىپ قويدى.
ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان پەيتۇلغا: «مەسۇم قابىلىنى
مۇئاۋىن مۇدىر قىلىش تەكلىپىدە چىڭ تۇرۇڭ، مەنمۇ يۇقىرى
بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم» دەپ قايتا ئەسكەرتتى. بىراق،
پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان پەيتۇلنىڭ كاللىسى-
دىن: «مېنىڭ دەردىم ھېسابىغا بۇ تايغانغىمۇ ئامەت كەلدى»
دېگەن ئوي كىرىپ ئۆتتى.

## خەيرلىك ۋىسال

— نەدىن كېلىشىڭ؟

— ماھىن دوختۇرنىڭ قېشىدىن، — دېدى تۇرسۇنجان هارغىن قىياپەتتە، — ئۇنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى ھەققىدىكى قولىيازمىلىرىنى ئېلىپ كەلدىم، مەزمۇنى جەھەتتىن كۆرۈپ چىقىشنى بىرەر دوختۇرغا ئۆيۈشتۇرۇۋېتىپلا، رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دوختۇرخانىلىرىغا زاكاز تالونى ئەۋەتىمەن، ئۆزۈممۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ تىراژ توپلايمەن.

— يېڭى ئەمىلىڭ ئېلان قىلىندىمۇ؟

— ياق، ئاڭلىسام تەستىقلاپتىمىش، ئەمدى ئۇقتۇرارمىكىن.

تۇرسۇنجان ئالىم، مەسۇم قابىل، پەيتۇللار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرالاردىن تولۇق خەۋىرى بار ھېكمەت بۇ توغرىدا يەنە كوچىلاپ ئولتۇرۇشنى ئەپسىز كۆردى. ئۇ يەنىلا مەسۇم قابىلدىن ئېھتىيات قىلىشنى، سىر بەرمەسلىكنى يېنىش - يېنىشلاپ تاپىلىغان بولسىمۇ، تۇرسۇنجان: «ئۇ مېنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى قايتۇرۇش يۈزىسىدىن مەن بىلەن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. جاق پىلق، ئەكرەم نىيازلارنىڭ ئالدىدا دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىساڭ سەنمۇ قايىل بولغان بولاتتىڭ، ھەتتا مېنىڭ ئۆيغور بۆلۈمگە بىرىنچى قول باشلىق بولۇشۇمنى شۇ ئوتتۇرىغا قويىدى. ئادەم دېگەن ئۆزگىرىدىكەن» دەپ قايتا - قايتا ئىزاھ بەردى.



ھېكمەت بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپلا «گۈلدەستە» نەشرىياتىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى ھەم تېگىشلىك مەسلىھەتنى بەردى. ئۇنىڭسىزمۇ تۇرسۇنجان خۇشاللىقى، خاپىلىقى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى دۇچ كەلگەن توسالغۇلىرى ھەققىدە ئارى كۈندە بىر كېلىپ ئىچ - باغرىنى تۆكۈپ كېتەتتى، تېخى بەزىدە ماھىگۈل بىلەن توي قىلىش ھەققىدە ھېكمەتكە نەسىھەتمۇ قىلاتتى. مانا بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىشى بىكار ئەمەس ئىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر، تۇرسۇنجاننىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى يۈزىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— چىرايىڭ بىر قىسمىلىغۇ؟ يەنە بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— بىر شۇم خەۋەر بار، — تۇرسۇنجان بىردەم جىمىپ قېلىپ، تۆيۇقسىز ئاۋازىنى قويۇۋەتتى، — قانداق مۇناپىقنىڭ ئىشكەن، «تۈندىكى چولپان» ھەققىدە نامسىز خەت يېزىپتۇ. ھازىر نەشرىياتچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمىدىن تارقىتىشنى توختىتىپ تەكشۈرۈۋاتىدۇ.

— بوشراق ۋارقىرا، — ھېكمەت كارىدورغا قاراپ قويدى، — قىزىم ھۇجرىسىدا بىر ساۋاقدىشى بىلەن ئىنگلىز تىلى مەشىق قىلىۋاتىدۇ.

— ئەگەر ئۇقۇپ قالسام، — تۇرسۇنجان ئۇستەلگە بىرنى ئۇردى، — ئۇ مۇناپىقنى بوغۇزلىۋېتەتتىم.

ھېكمەتنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە يەنىلا مەسۇم قابىل ئايان بولدى. خوتەندە باشلانغان ئاداۋەت تا ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىۋاتاتتى. ھېكمەتكە «ئىقتىدارسىز»، «ئارقا ئىشىكتىن كەلگەن» دېگەن تۆھمەتلەرنى ئارتقان مەسۇم قابىل زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا شەرمەندە بولغاندىن كېيىن، ھېكمەت

ئەينى چاغدا بولغان ۋەقەنى سۆزلەش ئارقىلىق مەسۇم قابىلنى بىر پارچە نىجاسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، كامىلنىڭ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرىپ چاۋىسىنى چىتقا يېيىشى، نامان سوپىنىڭ ياقىسىنى بوغۇپ يۈزىگە تۈكۈرۈشى قاتارلىقلار مەسۇم قابىلنى «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىدا تۇرغۇسىز قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئاداۋەت تۈگۈچى بارغانسېرى چىڭىدىكى، بوشىمىغانىدى.

— ئۇ ئادەم ماڭا ئايان، — دېدى ھېكمەت تەمكىنلىك بىلەن، — يۈرىكىم مېنى ھەرگىز ئالدىغان ئەمەس.

— سەن يەنىلا مەسۇم قابىلدىن گۇمانلىنىۋاتىسەن، — تۇرسۇنجان بېشىنى چايقىدى، — ئۇنىڭ سېنىڭ كىتابىڭدىن خەۋىرى بولمىسا.

— بىر نەشرىياتتا تۇرۇپ بىلمەي قالارمۇ، يەنە كېلىپ مەسۇم قابىلدەك تايغان.

— ئۇنىڭ ساڭا ئۆچلۈكى ماڭا ئايان، ئەمما. . .

— بولدى، چۈشەندۈرمەي قوي، — ھېكمەت چۆچۈگەندەك بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ سول كۆكسىدىن يىڭنە سانجىغاندەك بىر ئاغرىق لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، — شۇ ئاسىيدىن باشقا بىرى ئەمەس!. . .

— قارا، بىردەمدىلا چىرايىڭ غەزەپتىن سارغىيىپ كەتتى، — تۇرسۇنجان ئورنىدىن تۇردى، — مەن كېتەي، چۈشتىن كېيىن زاۋۇتقا بارمىسام بولمايدۇ.

ھېكمەت تۇرسۇنجاننى ئۇزىتىۋېتىپ كىرىپ، يېزىۋاتقان پوۋېستىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاچچىق ھەقىقەت تورلىرى چىرمىۋالغانىدى.

مەسۇم قابىلدەك ئادەملەردە ئويۇلىدىغان يۈز، ئازابلىنىدىغان يۈرەك، پاك ۋىجدان، ديانەتلىك قەلب دېگەندەك ئادىمىي-



لىك مىزانلىرى يوق، ئۇلارنىڭ شۇم نىيەتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوغىدەك تارقىلىپ كەتكەچكە، ياخشى - يامان، دوست - كۈشەندە دېمەي نەشتىرىنى تىقىشنىلا ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا ئازاب سېلىشى شادلىق، بىرەر دەقىقە دۈشمەنلىكتىن خالىي بولۇشى ئازابتۇر. مەسۇم قابىل ئەينى يىللاردا دوستلارغا ھېچ كىمنا - كۈدۈرەتسىز زىيانكەشلىك قىلغانىدى. كېيىن يەنە كامىل، تۇرسۇنجانلارنىڭ ئەسەرلىرىگە غەممازلىق قىلىپ رەسۋا بولدى. ھېكمەت يۆتكىلىپ كېلىشى بىلەنلا تۆھمەت قىلدى. مانا ھازىر ئاتامىمۇ سىز، ئانامىمۇ سىز دەپ كۈچۈكلەنگەن پەيتۇلغا ھېچ ئايانمايلا ئېغىز سېلىۋاتىدۇ. بۇ لەنىتىنىڭ ئىسمىسىز خەت يېزىپ «ئىدىيىۋىلىكى ناچار ئەسەر» دەپ تۆھمەت قىلىشىغا نېمە ئاساسى بار؟ ياكى «تۈندىكى چولپان» نىڭ بىرەر - ئىككى قۇر سەھىپىسىنى كۆرمىسە. ئەگەر رومان يورۇقلۇققا چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ ئۆز قىلمىشىدىن نومۇس قىلماسمۇ؟ ياق، چۈنكى كۆمۈرنىڭ كىر بولغىنى نەدە بار؟ رەسۋا بولۇش، شەرمەندە ئاتىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر - دە.

ھېكمەتنىڭ يۈرىكىگە مىختەك قېقىلىۋاتقان خىياللار داۋاملاشقانمۇ بولار ئىدى، لېكىن كارىدوردا بىر پەس گۈدۈڭلاشقان ئاۋاز ئاڭلانغاندىن كېيىن ئۆچقۇنئاي مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ خەتكە كۆپ قارىغانلىقتىن بولسا كېرەك، قاپقارا قوي كۆزلىرى قىزىرىپ، گۆلدەك رۇخسارى ئاقىرىپ قالغانىدى.

— قىزىم، ساۋاقدىشىڭىز كەتتىما؟

— كەتتى، — ئۆچقۇنئاي سائىتىگە قارىدى، — دادا، سىزمۇ ماتېرىياللىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ، چۈش بولۇپ قاپتۇ. قازانغا دۈملەپ قويغان گۆشنانىنى ئېلىپ كىرەي، قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇر - ھە؟

ئۆچقۇنئاي لېگەنگە ئېلىنغان گۆشناننى ئېلىپ كىرىپ شى-

رەگە قويدى. ئۇ چاي دەملەپ ئەكىرگۈچە ھېكمەت گۆشناننى
توغراپ قويغاندى. ئۇلار قىزىق چاينى ئوتلىغاچ گۆشنانغا تۇ-
تۇش قىلىشتى.

— قىزىم، ساۋاقدىشىڭىزنى تاماقا تۇتۇپ قالسە-
ڭىزچۇ، — دېدى ھېكمەت ئۇچقۇنئايغا قارىمايلا، — خې-
لى ئەخلاقلىق بالىدەك قىلىدۇ.

— ئۇ بەك تارتىنچاق، ئادەتتە سىزنى كۆرسىمۇ يەرگە
كىرىپ كەتكۇدەك ئۇيىلىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ ئۇنىڭ ئۇيالغىنىغا قارىغاندا. .

— بولدى قىلىڭە دادا سوراۋەرمەي، — ئۇچقۇنئاي بويۇن-
لىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

قىزنىڭ قىزىرىپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشلىرىدىن ئۇ-
لارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساۋاقداشلىق، دوستلۇقتىن ھالقىغان مۇنا-
سىۋەتنىڭ بارلىقىنى جەزملەشتۇرگەن ھېكمەت كۇلۇپ قويدى.
بىر يىلدىن بېرى ئۇچقۇنئاي بىلەن رۇستەمنىڭ ئارىلىشىپ
ئۆتۇشى قويۇق بولدى. ئۇلار بەزىدە ئۇچقۇنئاينىڭ ھۇجرىسىدا
ئىنگلىز تىلىنى ئۆزئارا سۆزلىشىپ مەشىق قىلىشسا، بەزىدە
قىزى كەچرەك كېلىپ: «رۇستەم بىلەن سىنىپتا دەرس مۇزاكى-
رە قىلدۇق» دەيتتى. بىراق، ھېكمەت رەسىدە بولۇپ قالغان
قىزنى خىجىل قىلماي دەمدۇ، ئىشقىلىپ «ئۇ بالا كىم بولى-
دۇ، نەلىك، ئىسمى نېمە؟» دەپ سوراپ باقمىدى. يەنە بىر
تەرەپتىن، تۇنجى قېتىملىق كۆڭۈل رېجىلىرى ئازاب بىلەن
ئاياغلاشقانلىقىدەك تۇرمۇش ساۋىقىغا ئىگە بولغان ئۇچقۇنئاينىڭ
توغرا يولنى تاللىشىغا ئىشىنەتتى. بىراق، ھاياتىدىكى بىردىنى-
بىر تېۋىنىدىغان تايانچى، كۆڭۈل خۇشى، تەۋەررۇكى بولغان
قىزنىڭ ياقا يۇرتلارغا ئۇچۇم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قې-
لىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى.



— قىزىم، رۇستەم نەلىك بالىكەن؟ — ھېكمەت قىزى-
نىڭ يۇزىگە قارىمايلا سورىدى.

— نەلىك بولاتتى، ئۇرۇمچىلىك شۇ. . .

— ئاتا - ئانىسى نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

— كەچۇرۇڭ دادا، بۇ چاغقىچە سىزگە دېيىشكە
ئۇيالغانىدىم، — ئۇچقۇنئاي ئالدىدىكى تەخسىگە قاراپ سۆزلە -
ۋاتاتتى، — ئۇنىڭ دادىسى بىر مەزگىل سىز بىلەن بىللە «گۆ-
ھەر زېمىن» نەشرىياتىدا ئىشلەپتىكەن، ھازىر «گۇلدەستە»
نەشرىياتىدا.

— ئۇ. . . — ھېكمەتنىڭ بىردىنلا چىرايى ئۆزگەردى،
چۇنكى قورقۇنچلۇق بىر گۇمان ئۇنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدىنى قارا
تۇماندەك باسقانىدى.

— ئۇ مەسۇم قابىل دېگەن ئادەم. . .

— مەسۇم قابىل؟ !

ھېكمەتنىڭ قولىدىكى گۆشنان چىنىسىگە چۇشۇپ، تاۋلى-
نىپ قالغان چاي ئەتراپقا چاچرىدى. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى
شاكىلى سويۇۋېلىنغان تۇخۇمدەك ئاقىرىپ، پۇتۇن تېنى سۇس
تىترەۋاتاتتى، كالپۇكلىرىمۇ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتقان-
دەك توختىماي مىدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ دەلدۇگۇنۇپ ئورى-
نىدىن تۇردى - دە، سول كۆكرىكىنى قاماللىغىنىچە ئۆز ھۇج-
رىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ ھال خۇددى غوپۇر نىياز «ھېكمەت»
دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپلا ئاغزىدىكى چۆپنى يۇتماي، قولىدىكى
قوشۇقنىڭ چۇشۇپ كەتكىنىنى تۇيماي «يۇرىكىم، يۇرىكىم»
دېگىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىگە زەپمۇ ئوخشايت-
تى. قورقۇپ كەتكەن ئۇچقۇنئاي يۇگۇرۇپ كېلىپ دادىسىنى
يۆلىۋالغانىدى، ھېكمەت ئۇنىڭ قوللىرىنى ئاستا ئىتتىرىپ ئۆ-
زىنى تۇتقىلى قويمىدى.

— دادا، سىزگە نېمە بولدى؟ — ئۇچقۇنئاي يىغلىۋەتتى، — جېنىم دادا، ئېيتىڭە مېنى قورقۇتماي.

— مېنى بىردەم ئارامىمدا قويۇڭ، — دېدى ھېكمەت كارىۋاتتىكى ياستۇققا يۆلىنىپ، — چىقىپ كېتىڭ، مەن سىزنى چىقىپ كېتىڭ دەۋاتىمەن.

— ماقۇل، ماقۇل، مەن. . . مەن ماھىگۇل ھەدەمگە تېلېفون بېرەي، — ئۇچقۇنئاي چىقىپ كەتتى.

— ئاھ خۇدا، مېنى غوپۇر نىيازنىڭ ئورنىغا قويۇپ جازالىغىنىڭ نېمىسى! — ھېكمەت زەئىپ شىۋىرلىدى، — ياشانغان بىر ئادەمنى غايىۋانە قارغاپ، ئارامخۇدا ياشىغىلى قويماي ئازابقا سالغىنىمنىڭ جازاسىمۇ بۇ! ئۆز رەقىبىڭگە دوست قىلىدىغان كارامەتلىرىمنى كۆرۈپ قوي دېمەكچىمۇ سەن! مەن ئەمدى ئاشۇ غەمماز بىلەن تۇغقانچىلىق قىلارمەنمۇ؟! سەن بىر غەمماز ئۈچۈن پۈتۈن بىر قوۋمغا بالا ياغدۇرغانىدىڭغۇ.① ئەمدى مېنى ئاشۇ غەممازغا باغلاپ قويغىنىڭ نېمىسى! غەمماز دېمەكلىك خائىن، ئاسىي دېمەكلىكتۇر، سەن ئاشۇ خائىننىڭ پۇشتىغا قىزىمنىڭ تەقدىرىنى باغلاپ قويساڭ، بۇ سېنىڭ ئادىللىقىڭمۇ؟!

① رىۋايەتتە شۇنداق زىكرى قىلىنىدۇ: قىرىق كۈن ياغقان يامغۇر تۆپىلەرنى ئۆرۈپ، باغ - ۋاران، مال - چارۋىلارنى ئېقىتىپ، زىرائەتلەرنى لاي ئاستىدا كۆمۈۋەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا چىقىپ ئاللادىن ئاپەتنى توختىتىشنى ئىلتىجا قىلدى. ئاللادىن ۋەھيي كەلدى: «ئەي مۇسا، قوۋمىڭ ئىچىدە غەمماز بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ بالايىئاپەتنى ياغدۇردۇم.» مۇسا ئەلەيھىسسالام دېدىكى: «ئاشۇ غەممازغا بالا ياغدۇرماي، گۇناھسىز قوۋمىمنى دىشۋارچىلىققا سالغىنىڭ نېمىسى؟» ئاللا دېدى: «سېنىڭ قوۋمىڭ ئاشۇ ئاسىي غەممازنى قوينىغا ئالغانلىقى، ساقلىغانلىقى ئۈچۈن ھەممىنى جازالىدىم.» شۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىغا نۇرغۇن چۈمۈلىلەر ياماشتى، بىر چۈمۈلە چېقىۋالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىرلا سىيرىپ بىرمۇنچە چۈمۈلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاللادىن ۋەھيي كەلدى: «ئەي مۇسا، سېنىڭمۇ بىر چۈمۈلە چاقسا شۇنچە نۇرغۇن چۈمۈلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭ نېمىسى!»



— دادا، ماھىگۇل ھەدەمگە تېلېفون بېرىۋەتتىم، — باياتىن بېرى دادىسى كاللىسىغا كىرىۋالغان ئۇچقۇنئاي كارىۋات ئايىغىغا كېلىپ ئولتۇردى، — ئۇ ھازىرلا يېتىپ بارىمەن، دېدى.

ھېكمەت بىلەن مەسۇم قابىل ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر تۈگۈچنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان ئۇچقۇنئاي ھازىرلا دادىسىدىن سوراشنى ئەپسىز كۆردى. لېكىن، ھېكمەت بىلىنەر - بىلىنمەس زەئىپ ئاۋازدا «خائىن»، «ئاسىي - مۇناپىق» دېگەن سۆزنى تەكرارلىماقتا ئىدى.

— دادا، بىر نېمە دېدىڭىزما؟ — ئۇچقۇنئاي ئاستا ئېڭىشتى. لېكىن، ھېكمەت «گەپ قىلماڭ» دېگەندەك قول ئىشارىسى قىلىپ پىچىرلىدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن «كىتابى پەتىۋا شېرىپ» تىكى مۇنۇ جەۋھەر سەھىپىلەر تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى:

«يەر يۈزىدە خائىننىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاشتىن ئېغىر ئازاب، گۇناھ، ئەلەم يوقتۇر. خائىننى كۆرمەك بەتبەختلىكتۇر. . . خائىنلارنى يەكلەڭلار، ئۇلارغا تۇغقان بولماڭلار، دۇئا قىلماڭلار، دۇئا ئالماڭلار! خائىن يۈرگەن يوللارغا كىرمەڭلار، خائىن كۆمۈلگەن زاراتگاھلىققا مېيىت قويماڭلار، خائىننىڭ تۇۋىسىغا ئىشەنچ قىلماڭلار! خائىنغا ھۆرپەيمىگەن شىكار ئىتلىرىنى قىرىپ تاشلاڭلار! خائىنغا ھوممىيىش، تۆكۈرۈش. . . ھەربىر ۋىجدانلىق، راۋۇرۇس ئىنسان ھەم مۇسۇلماننىڭ ۋىجدان - ئىمان قەرزىدۇر. . . خائىننى رەسۋا قىلماق ھەربىر ئىنسانغا تاڭلا مەھشەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ساۋاب، ئىككى ئالەملىك شۆھرەت، ئانا سۈتىگە جاۋاب، ئەل - يۇرتقا تۆھپە ھېسابلانغاي. . . خائىن ئاللانىڭ غەزەپ، بەندىنىڭ نەپرەت ئوچقىدۇر. . .»

ھېكمەت كۆكرىكىنى تېخىمۇ مەزمۇت قاماللىدى، چۈنكى بايىقى زەھەردەك سانجىق يەنە تەكرارلانغانىدى. ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۈچقۇنئاي قورقىنىدىن دادىسىنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەيتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي كارىدوردىكى تېلېفوننى يەنە قولىغا ئالدى. ئۇ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بۇ ھەرىكىتىنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىنلا ئىشىك چېكىلىپ ماھىگۈل كىرىپ كەلدى. ئۇ ھېكمەتنى بىرقۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن «ھېچ گەپ يوق» دەپ ئۈچقۇنئايىنى قايناق سۇغا بۇيرۇدى، ئاندىن قاڭشىق ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ئۈششاق سارغۇچ دورىدىن ئون تالنى ھېكمەتنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قايناق سۇ بىلەن ئىچۈرۈۋەتتى.

— دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى سىرتتا قالدى، — دېدى ماھىگۈل ھېكمەتنى يۆلەپ، — كېلىڭ ئۈچقۇنئاي، ئىككىمىز ھېكمەتكامنى ئېلىپ چىقايلى.

ھېكمەت بالنىتسىدا يېتىپ قالدى. قايتا - قايتىلاپ قان تەكشۈرۈش، ھەر خىل ماشىنىلاردا ئېنىقلاش بىلەن ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ھەر كۈنى ئۇنىڭ ياتىقى يوقلايدىغانلار بىلەن توشۇپ كېتەتتى. نەبى، دىلنار، كىچىك ئەزىمەت ھەم ئابدۇراخمانلار، شۇنداقلا ھېكمەتنىڭ دوستلىرىدىن تۇرسۇنجان، ئابلىكىم قاسىم، قەدىردىن، ئەزىز ئېلى قاتارلىقلارمۇ ئالاھىدە يوقلاپ كېلىشتى. ھېكمەت: «مەندە چوڭ كېسەل يوق، مانا ھازىر ساپساقلا تۇرىمامدىم» دەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ماھىگۈل ھەر كۈنى نەچچە رەت كىرىپ ئۇنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. بەزى كەچلىرى ئاچچىق - چۈچۈك تاماقلارنى ئېتىپ ئەكىرەتتى. بىراق، ھېكمەت يالغۇز قالغانلىرىدا خىيالدىن باش كۆتۈرەلمەيتتى، ھەرقانچە ئويلىماي دېسىمۇ، بىر - بىرىدىن ئازابلىق خىياللار گويا قوش تۆگمەن تېشىدەك ئۇنى ئوتتۇرىغا



ئېلىپ قىساتتى. تەڭلىك ۋە ئىسكەنجە زەنجىرلىرىدە چىرمىلىپ تۇرسىمۇ، قىزى ئۈچقۇنئاي بىرەر دەقىقە كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى.

ئۈچقۇنئاي تۇنجى مۇھەببىتىدىن نومۇسلۇق ئازاب ئىچىدە خوشلاشقان، بۇ ئازاب ئۇنىڭ ياش يۈرىكىدە ئۆچمەس داغ قالدۇرغانىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ھېكمەت ئوغلى ئەزىمەتنى ئىزدەش ئەمەس، ھەتتا بىرەر قېتىم ئىسمىنى بولسىمۇ ئاتاپ باقمىدى. بۇ ئەلۋەتتە قىزىنىڭ قەلب جاراھىتىنى ئېسىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا قوشلاپ دەرد كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئىدى. بۇنى ئۈچقۇنئاي چۈشەنمەمدۇ، چۈشىنىدۇ، چۈشەنگەنسېرى ئازابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئازابلىرىغا دادىسىنىڭمۇ دىل زەردابلىرى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئەزەلدىن پېشانىسى شورلۇق بۇ قىز ئاپىسى مەھبۇبە قازا قىلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. پەقەت ئۇنىڭ رۇستەم بىلەن بولغان سەمىمىي دوستلۇقى ھەم مۇھەببىتىلا ئۇنى ئۈمىدسىزلىك ۋە جۇدالىق ئازابلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇ بارا - بارا ھاياتنىڭ نەقەدەر كۆڭۈللۈك، گۈزەل، ماتانەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى، ئۈمىد چېچەكلىرىمۇ قايتىدىن گۈللەپ - ياشنىدى. مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى ئىدى. ئەمدى ھېكمەت ئۇلارنى ئايرىۋەتسۇنمۇ؟ «رەقىبىمنىڭ پۇشتىنى تېپىپسەن» دەپ تاپا - تەنە قىلسۇنمۇ؟ ياق! ھېكمەت قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشى كېرەك. ئۇ قانچىلىغان قۇربانلارنى بەرمىگەن؟! پەقەت ھېلىقى مىللەت ئاسىيسى بىلەن بېرىش - كېلىشنى ئۈزۈپ تۇغقانچىلىق قىلمىسىلا بولمىدىمۇ. نېمە قىلىدۇ ئۆزىنى بۇنچىلىك ئازابقا سېلىپ! بۇ چاغقىچە نادامەت ئېكەكلىرىنىڭ ئۇنى ئېكەكدەپ، ئۆپرىتىپ كەلگىنىمۇ يېتەر.

ھېكمەت ئەنە شۇنداق تەسەللى ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى بەز-

لەپ، تەسكىن تاپقاندەك بولدى. قىزى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ شۇ هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى هېچكىمگە تىنمىدى، هەتتا ماهىگۇلدىنمۇ سىر تۇتتى. ئەمما، ئۇچقۇنئاي دادىسى بىلەن مەسۇم قابىل ئوتتۇرىسىدا چىگىلگەن قانداق تۈگۈچ بارلىقىنى بىلەلمەي كۈنلىرى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. پەقەت ئۇ بىر يىللىرى مەسۇم قابىلنىڭ «ئىزگۈ تىلەكلەر» دېگەن داستانغا ماقالە يېزىپ كامىل بىلەن ئارازلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. هېكمەت دوستى ئۈچۈن مەسۇم قابىلغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرەمدىغاندۇ؟ بۇ هەرگىز ئەقىلگە سىغمايدۇ، ئەدەبىياتچىلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق رىقابەت، مۇنازىرىلەر نورمال ئەهۋالغۇ، ئۇنىڭغا هېكمەت بۇنچىلىك بىئارام بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

ئۇچقۇنئاي بۇ سىرلىق دۇشمەنلىكنىڭ تېگىنى پەقەت كامىللا يېشىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بىراق، كامىل ئىككىنچى قېتىملىق مەدەنىي مىراسلارنى توپلاش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئاشقانىدى. ئۇچقۇنئاي كامىلنىڭ ئائىلىسىگە هەر كۈنى دېگۈدەك تېلېفون بېرىپ ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئۇ يىگىرمە نەچچە كۈندىن بېرى دادىسىغا تاماق توشۇپ، هالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ توغرۇلۇق هېكمەتتىن كوچىلاپ سورىمىدى، پەقەت دادىسىدىن يۈزىنى قاچۇرۇپلا تۇراتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئۇچقۇنئاي دوختۇرخانىغا تاماق ئېلىپ كەلدى. هېكمەت قايسىدۇر بىر گېزىتخانىدىن پېنسىيىگە چىققان سابىر توختى ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن بىر ياتاقتا ياتاتتى. ئۇچقۇنئاي سۈتكە نان چىلاپ دادىسىغا تۇتقۇزدى ـ دە، سىرتقا چىقىپ كېتىپ خېلىلا هايال بولۇپ كىردى، ئاندىن قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ داستىخانغا ئورىدى.



— دادا، مەن كېتەي، مەكتەپكە هېلىمۇ كېچىكتىم، — ئۇچقۇنئاي سائىتىگە قارىدى، — چۈشلۈك تامىقىڭىزنى تىزىملىتىپ قويدۇم، ئاشپەزلەر ئۆزلىرى ئەكىرىپ بېرىدۇ. قايناق سۇخانىغا چىققانىدىم، تېخى قايىنماپتۇ.

— مەشەدە خوتۇنىنى داۋالىتىۋاتقان بىر يىگىت بار، — دېدى سابىر توختى، — شۇ بالا بىزنى قايناق سۇسىز قويمايۋاتىدۇ، خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ.

— قىزىم ئۇچقۇن، كامىلدىن خەۋەر يوقمۇ؟ — هېكمەت دوستىنى ئەسلەپ قالغانىدى، — بۈگۈن ئۇنىڭغا توپتوغرا ئوتتۇز ئۈچ كۈن بولدى.

— ياق، دادا، مەن ئۆيىگە تېلېفون بەرگەنىدىم، مېھرىبان هەدەم: «بۈگۈن ـ ئەتە كېلىپ قالارمىكىن» دەيدۇ.

— تۇرسۇنجان دېگەن قۇيۇنمۇ يىگىرمە نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قارىسىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپ يوقاپلا كەتتى، — تۇرسۇنجاندىن ئەنسىرەش هېكمەتكە ئادەت بولۇپ قالغانىدى، — ئىدارىسىدە بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپقۇ قالمىغاندۇ.

— راست، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ، — دېدى ئۇچقۇنئاي دادىسىدىن يۈزىنى قاچۇرۇپ، — ئۈلۈشكۈن تۇرسۇنجان ئاكام بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم، ئۇ ئون نەچچە كۈندىن بېرى مەدەنىيەت ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئۆزى ئۈستىدە تۇرۇپ رومانىڭىزنى ئاقلاپ چىقىپتۇ، بەلكىم بۈگۈن كېلىپ قالارمىكىن.

ئۇچقۇنئاي چىقىپ كەتتى. هېكمەت زېرىكىشتىن بىر ئىش دېگەندەك، سابىر توختىغا كامىل، تۇرسۇنجانلارنىڭ تالانتلىق، ئىقتىدارلىق، شىجائەتلىك زىيالىيلار ئىكەنلىكىنى بىر هازا ماختاپ بەردى. سابىر توختىمۇ: «دوستلار دوستلىرىنى ماختاش ئارقىلىق پەخىرلىنىدۇ، دېگەندەك سەل ئاشۇرۇۋەتمىگەنسىز» دەپ چاقچاق قىلدى. ئۇلار چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ تۇرغىنىدا

تۇرسۇنجان كىرىپ كەلدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان-
دىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئارىلىقتا ئالدىراش بولۇپ كېتىپ كې-
لەلمىگەنلىكىدىن ئۆزرە سورىدى.

— نېمە سەۋەبتىن كېلەلمىگەنلىكىڭنى ئۇقتۇم، — دېدى
ھېكمەت، — ھە، ئەمىلىڭنى ئېلان قىلدىمۇ؟

— قىلدى، بىراق، — تۇرسۇنجان ئېغىر تىندى، — مە-
سۇم قابىلنى يانداپ قويدى.

— يانداپ قويدى دېگىنىڭ نېمىسى؟

— ئۇ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى.

— چۈشىنىشلىك، ئەمدىغۇ مەسلىنىڭ تېگىگە يەت-
كەنسەن؟

— بولدى، گەپ قىلما، — تۇرسۇنجان سومكىدىن قاتتىق
مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى چىقاردى، — رومانىڭنى كۆرۈپ باق،
تېخى تۈنۈگۈن كەچ «تارقىتىشقا بولىدۇ» دېگەن ھۆججەتنى
ئالالىدىم.

— «تۈندىكى چولپان»، — سابىر توختى كىتابنى قولىغا
ئالدى، — پاھ، پاھ، كۆركەم، سۈپەتلىك چىقىپتۇ. ھېكمەت
ئەپەندىم، مۇبارەك بولسۇن.

ھېكمەت كىتابنى ۋاراقلاپ ئىشلىتىلگەن قەغەز ۋە بېسىلى-
شىنىڭ سۈپەتلىك بولغانلىقىدىن كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. بۇ
ئەسنادا بىرمۇنچە دوختۇرلار ئەتىگەنلىك تەكشۈرۈشكە كىرىپ
كەلدى. ئۇلار ھېكمەتنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تەكشۈرۈپ بولغان-
دىن كېيىن بىرمۇنچە گەپلەرنى سورىدى. ماھىگۈل ياستۇق
ئۈستىدىكى كىتابنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈشى باشقا ئۇيغۇر -
خەنزۇ دوختۇرلارمۇ قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشكەن
بولدى.

— كىتابىڭىزنىڭ نەشردىن چىققىنىغا مۇبارەك



بولسۇن، — دېدى ماھىگۈل كىتابنى ياستۇق ئۈستىگە
قويۇپ، — لېكىن كىتاب ئوقۇشىڭىزغا بولمايدۇ.

دوختۇر سابىر توختىنى كۆرۈشكە يۆتكەلدى. ماھىگۈل
ئۇنىڭ ياستۇق تېگىگە يوشۇرۇپ قويغان تاماكىسىنى كۆرۈپ
قېلىپ كايىپلا كەتتى. سابىر توختى خىجىل بولغىنىدىن ئۆپكى-
دەك قىزىرىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ماھىگۈل
كېسەل كۆرگەندە تولىمۇ سالاپەتلىك، تەمكىن، سۈرلۈك بولۇپ
قالاتتى. بايا تۇرسۇنجانغىمۇ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا «كەلدىڭىز-
مۇ» دەپلا قويدى. ئەمما، ئۇنىڭ كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش،
داۋالاشتىكى ئەستايىدىللىقى، كەسىپكە ماھىرلىقى ھەق-
قىدە ھەرقانداق بىمار ئۇنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ماختايتتى.

— ھېكمەت ئەپەندىم، — دېدى سابىر توختى دوختۇرلار
چىقىپ كەتكەندە، — مۇشۇ ماھىن دوختۇرنىڭ سۈرىدىن ھەر-
قانداق ئادەم ئەيمىنىدۇ جۇمۇ، خەنزۇ دوختۇرلارمۇ «مادەيفۇ»
دەپ ھۆرمەت - ئىززىتىنى قىلىپ تۇرىدىكەن، بەك يامان خو-
تۇنكەن بۇ.

— خوتۇن ئەمەس ئۇ، — دېدى تۇرسۇنجان دەرھاللا، —
تېخى ياتلىق بولمىغان قىز.

— شۇنداقمۇ، سىز قانداق بىلىسىز؟

— بىز كونا تونۇش. ماھىن دوختۇرنىڭ ئۆمرى مېدىتسى-
نا ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ، موسكۋالاردا ئوقۇش ھەم تەتقىقات
بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن.

— مۇنداق دەڭ.

تۇرسۇنجان خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ھېكمەت كىتابنى
ئېلىپ قىستۇرما رەسىملىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئايالىنى داۋا-
لاتقىلى كەلگەن يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىرنەچچە
چايدان تۇراتتى.

— ھەر قاچان قايناق سۆيگۈلار قالمىغاندۇ، — دېدى يىگىت كۈلۈپ قويۇپ، — مەن ئەكىرىپ بېرەي.

— ئادەمگە يېقىشلىق ئەجەب ئوبدان بالىكەن بۇ، — سابىر توختى چىقىپ كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويدى، — بىر يەرلىرى سىزگە ئوخشامدۇ نېمە؟

— شۇنى دېمەمسىز، — ھېكمەت كىتابنى ياستۇق تېگىگە تىقىپ قويدى، — بۇ بالىنى كۆرسەم ياشلىقىمنى ئەسلەپ قالىمەن.

ئوتتۇرا بوي، قاشلىرى قويۇق، مۇلايىم كۆزلۈك، بۇدۇر چاچلىرى بىلەن قاپقارا كاۋكازچە بۇرۇتى ئاق يۈزىنى تېخىمۇ يارقىن ئېچىپ تۇرغان بۇ بالا ھېكمەتكە يېقىپ قالغانىدى. بىر كۈنى ھېكمەت ئۇنىڭدىن: «ئايالىڭىز نېمە كېسەل؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «تاماق سىڭمەيدۇ» دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى. بۇ ئۇزۇن كارىدور ئىككى بۆلۈمگە تەۋە بولۇپ، ئۇ تەرىپى «ئاشقازان ھەزىم» بۆلۈمگە، بۇ تەرىپى «يۈرەك كېسەللىكلىرى» بۆلۈمگە تەۋە ئىدى.

— دوختۇرخانا دېگەن بەكمۇ زېرىكەرلىك يەر ئىكەن، — دېدى يىگىت، — ئايالىم ئۇخلاپ قالسىلا ئۇ بۇ ياتاقلارغا كىرىپ پاراڭ سوقۇپ ئىچ پۇشۇقىمنى چىقىرىمەن.

— نەدىن كەلدىڭىز؟

— خوتەن يورۇڭقاشتىن.

يىگىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھېكمەت «ئەجەب ئىسمىنى سوراپ قويماپتىمەن» دەپ ئويلىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ يىگىتنى خۇددى چۈشىدە كۆرگەندەك، قايسىدۇر بىر يەرلىرىنى بىر كىملەرگە ئوخشىتالىغاندەك قىلاتتىيۇ، ھېچ ئېسىگە ئالالمايتتى. ئاخىر ئۇ ئويلا - ئويلا بۇنداق قارا بۇرۇتلۇق، تەمكىن يىگىتنى نەدە كۆرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى.



ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. يىگىت بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كىرىپ كەلدى. ئۇ كارىۋاتقا يانداپ قويۇلغان تومپۇچكا يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ھېكمەتتىن ھال سورىدى.

— ھە يىگىت، — سورىدى ھېكمەت ياستۇققا يۆلەنگەن ھالدا، — ئايالىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ئاشقازان ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى، — يىگىت قوللىرىنى يايدى، — نېمىشقىكىن تاڭ، دوختۇرلار يەنە بىرنەچچە كۈن ياتسۇن، دەيدۇ.

— ئۇنداقتا قايتىشىڭىزغا كۆپ قالماپتۇ - دە؟

— شۇنداق، لېكىن ئىزدەيدىغان بىر تۇغقان بار ئىدى، شۇ كىشىنى تاپقاندا ماڭارمىز.

— دوختۇرخانىغا كەلگىنىڭىزگە بىر ئايدىن ئېشىپتۇ، تېخىچە ئىزدەپ باقمىدىڭلارمۇ؟

— ئۈرۈمچىگە چۈشكەن كۈنىمىز مىڭ بالالىقتا ئىدارىسىنى تاپقاندۇق، بىراق ئۇ كىشى خوتەن، قەشقەر تەرەپلەرگە كېتىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، ئۆيىنى بىلمەيدىكەنمىز. ئايالىمنى ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىن ھېچيەرگە چىقالمىدىم.

— «ئۇ كىشى» دېگىنىڭىز قانداق گەپ ئۇ؟ خۇددى تونۇمايدىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟

— مەن تونۇمايمەن، ھەتتا كۆرۈپمۇ باقمىغان، — يىگىتنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، — ئۇ قېيىنانامنىڭ ئۇكىسى بولىدۇ، ئىسمى كاملاخۇن.

— «پەن تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى» دە ئىشلەيدۇ، دېگىنىڭىزگە قارىغاندا كامىل بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

— شۇ، شۇ، نەق شۇ، سىز قانداق تونۇيسىز؟

— ئۇنداقتا سىز سەئىدە ئاچامنىڭ كۈيئوغلى بولىدىكەن-

سىز ـ دە؟
— شۇنداق.
— تۇۋا خۇدايىم، بىر دوختۇرخانا، بىر كارىدوردا تۇرۇق-
لۇق تونۇشمىغىنىمىزنى كۆرۈڭ، — ھېكمەت ھاياجانلاندى، —
ھە، گۈلچىنئاينىڭ ئەھۋالى قانداق؟
— ئۇ ياخشى، بەك ياخشى، ھازىر ئۇخلاپ قالدى. سىز
كامىلاخۇن ئاكىمىزنى تونۇيدىغان ئوخشىمامسىز؟
— بىز ئەڭ يېقىن بۇرادەرلەردىن.
— مۇنداق دەڭ، ئەمدى كامىلاخۇن ئاكىمىزنىڭ ئۆيىنى
ئىزدەپمۇ يۈرمەيدىغان بولدۇق ـ دە، — يىگىت تومپۇچكا ئۇس-
تىدىكى قىزىل ئالمىنى ئالدى، — ئاكا، مەن سىزگە خوشلۇ-
قىمدا بىر ئالما ئاقلاپ بېرەي جۇمۇ.

ھېكمەت خىيال بىلەن يىگىتنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىل-
مىدى. يىگىت ئاقلانغان ئالمىنى قەلەمتىراچقا سانجىپ تەڭلى-
گەندىلا، چىمچىلاق قولىدەك كىچىككىنە قەلەمتىراچ ۋە ئۇنىڭ
بېغىچىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان قىزىل يىپەك يىپتىكى كۆك مار-
جانغا كۆزى چۈشكەن ھېكمەت، قانلىرى بىر ئىزدا توختاپ
قالغاندەك قېتىپ قالدى.
— بۇ. . . بۇ قەلەمتىراچنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ —
ھېكمەتنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.
— كۆرۈڭ ئاكا، — دېدى يىگىت خىيالىي، — بۇ قەلەم-
تىراچ كىچىكىمدىن تارتىپ مەن بىلەن بىللە چوڭ بولدى،
مېنىڭ بويۇم ئۆستى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆسمىدى.

ھېكمەت قەلەمتىراچنىڭ دەستىسىدىكى پىرژىۋالىسكىنىڭ
بۈركۈت بىلەن ئېلىشىپ تۇرغان ھەيكەل رەسىمىگە، يەنە بىر
تەرىپىدىكى ئۇششاق رۇسچە خەتلەرگە قارىغانسېرى، ئۇزۇن
يىللار مۇقەددەم «بۇ قەلەمتىراچ ماڭا ھەمراھ بولسۇن» دېگەن



يېقىملىق ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى.
— ئاكا سىز، — يىگىت ھېكمەتكە ئۈمىدلىنىپ
قارىدى، — ھېكمەت دەيدىغان يازغۇچىنى تونۇمسىز؟
— ھېكمەتنى. . . سېنىڭ ئىسمىڭ ئەزىمەتمۇ؟! . . .
— شۇنداق. ئۇ دېگەن بۇرۇنقى ئىسمىم، ھازىرقى ئىس-
مىم ئەنۋەر!

ئەزىمەتنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ھېكمەت ئاڭلىيالمىدى،
چۈنكى ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى. قورقۇپ كەتكەن ئەزىمەت ۋار-
قىرىغىنىچە كارىدورغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىلا ما-
ھىگۈل بىلەن بىرنەچچە دوختۇر يۈگۈرۈپ كىرىشتى. ئۇلار
ياتاققا كىرىۋالغان بىمارلارنى چىقىرىۋېتىپ ھېكمەتنى تەكشۈر-
دى، ئۇنىڭ يۈرىكى ھەددىدىن زىيادە تېز ئۇرۇۋاتاتتى. قانداقتۇر
قاتتىق ھاياجانلىنىشتىن پەيدا بولغان ئۆزگىرىشنى ئېنىقلاپ
چىققان دوختۇرلار تېگىشلىك چارە ـ تەدبىرلەرنى قىلىپ،
تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلىدىن بىرنى ئۇردى. ھېكمەت ئاستا ـ
ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

ھېكمەت كۆزىنى ئاچقاندا، قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بى-
لەلمىدى، لېكىن بالنىتسا چىرىغى يورۇپ تۇراتتى. ئۇ ئېسىنى
يىغقاندىن كېيىنلا كارىۋات ئەتراپىدا تۇرغان بىرمۇنچە سايىلەرنى
كۆردى. بۇ سايىلەر بارا ـ بارا روشەنلىشىپ ئېنىق كۆرۈندى.
ئۇلار كامىل، ماھىگۈل، نەبى، ئەزىمەت، گۈلچىنئايلار ئىدى.
— ھوشىغا كەلدى، — پىچىرلىدى ماھىگۈل، — ئۈنلۈك
گەپ قىلماڭلار.
— كامىل دوستۇم. . . مەن. . . مەن ئوغلۇم ئەزىمەتنى
تېپىۋالدىم، — ھېكمەت تۇرماقچى بولۇۋىدى، كامىل ئۇنى ياس-
تۇققا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، — قېنى ئۇ؟ مەن ئۇنى
ئوبدانراق كۆرەي. . . ئۇ بۇدۇر قوزامغا بىر قېنىۋالاي. . .

باغرىمغا بىر تېگىۋالاي...

— ھېكمەت ئاكا، كۆپ ھاياجانلانماڭ، بۇ سىزگە زىيانلىق، — دېدى ماھىگۇل، — ئوغلىڭىز ئەزىمەت مانا بۇ يىگىت.

— دادا!... دادا!!... جېنىم دادا!!! — ئەزىمەت دادىسىنى قۇچاقلاپ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلىدى، — پاخماچاچ بىر ئايالنىڭ مېنى ئىشەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەرگەنلىكى، قاپقارا ساقاللىق بىر ئادەمنىڭ قولۇمغا كەمپۈت تۇتقۇزۇپ يىراق يوللارغا ئېلىپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ خىرە-شىرە يادىمدا...

— ئاھ جېنىم بالام، سېنىڭ كويۇڭدا قانچىلىك سەرسان بولدۇم، شۇ ئاي، شۇ يىللاردا قانچىلىك كېسەل رەڭگىدەك ساپسېرىق تاڭلارنى ئاتقۇزدۇم، پۈتۈن جاھاننى زۇلمەت - قاراڭغۇلۇق باسقاندەك تېنەپ - تەمتىرەپ يۈردۈم، — ھېكمەت بىردەم دېمىنى ئېلىپ جىم بولدى، — بىلەمسەن بالام، ئاكاڭ نەبى سېنى دەپ ياشلىقىنى، بېجىرىم چىرايىنى يوقاتتى، نەچچە يىللار سەرگەردان تىلەمچى بولۇپ كىشىلەر ئىشىكلىرىگە تەلمۈردى، سېنىڭ قىساسىڭ ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشىنىڭ خۇنىنى تۆكۈپ ئون يىللاپ قاراڭغۇ تۈرمىلەرگە سولاندى... بىزنى شۇنچىۋالا ۋەيران قىلىۋەتتىڭا...

— ئاڭلىدىم دادا، ئاڭلىدىم، — ئەزىمەت ئېسەدەپ - ئېسەدەپ يىغلىماقتا ئىدى، — بىز ھەممىمىز نەچچە سائەت بولدى، شۇ ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق.

— نەبى، سەن قانداق ئۇقتۇڭ؟ — ھېكمەت ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرمىگەن نەبىگە قارىدى، — ئەجەب ۋاقتىدا يېتىپ كەپسەنا.

— ماھىگۇل ھەدەم تېلېفون بېرىپتىكەن، — دېدى نەبى غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا، — بېشىم بىلەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك



يېتىپ كەلدىم.

— گۈلچىنىئاي قىزىم، قېنى سىز؟ — ھېكمەت يامغۇردەك ياش تۆكۈۋاتقان گۈلچىنىئايغا قولىنى سۇندى، — بېرى كېلىڭ قىزىم، مەن سىزنى بىر پۇرىۋالاي... پاھ، پاھ، مۇرات پۇرايسىز، مۇرات!...

— ھېكمەت دادا، مەن ئەمدىلا ھەممىنى بىلدىم، كامىل دادام ھەممىنى دەپ بەردى، — گۈلچىنىئاي ھېكمەتنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ يۈزىنى - يۈزىگە يېقىپ تۇراتتى، — سىز مېنىڭ ھىدلىرىمدىن دادام مۇراتنىڭ پۇراقلىرىنى پۇرىغانىكەنسىز... ئاق ئات مىنىپ سىزنى ھەم مېنى تاشلاپ كەتكەن ئادەم مېنىڭ دادامكەن ئەمەسمۇ!...

گۈلچىنىئاينىڭ سۆزلىرى ياتاق ئىچىدە يىغا كۆتۈرۈۋەتتى.

— شۇنداق قىزىم، سىزنىڭ دادىڭىز بۇ دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان گۆھەردەك ئادەم ئىدى، — ھېكمەت كۆزلىرىگە لۆڭگىنى باستى، — ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي ماكانى ئەزىزانە قەشقەرلىك بولۇشقا مۇناسىپ جىگەرلىك يىگىت ئىدى.

— ھېكمەت دادا!

— يەنە «ھېكمەت دادا» دەيسىزغۇ قىزىم.

— ياق، ياق، دادا، ئۆزۈمنىڭ دادىسى! كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ ئارزۇيۇم شۇ ئەمەسمىدى، ئۇلۇغ ئاللا تىلەكلىرىمگە يەتكۈزدى.

— كامىل، سەن ئەجەب يوقاپ كەتتىڭغۇ، — ھېكمەت دوستىغا قارىدى، — قاچان كەلدىڭ؟

— مەن ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئۆيگە بارغانىدىم. مېھرىباندىن سېنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىڭنى ئۇقۇپ كەلسەم، سەن ئۇخلاپ قاپسەن، — دېدى كامىل بوش ئاۋازدا، — مەن سەئىدە ئاچامنىڭ ئەزىمەت بىلەن گۈلچىنىئايغا يازغان خېتىنى

بېرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ بەردىم.

ماھىگۇل گۇلچىنىئايىنى يۆلەپ ئاران تۇرغۇزدى. ئەزىمەت، نەبىلەر ئۈنسىز ياش تۆكۈپ قاراپ تۇراتتى. كامىل دوستىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى ۋە «غەيرەتلىك بول» دېگەندەك بوش سىقىپ قويدى. ئاندىن سەئىدە ئاچىسى بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئىخچام قىلىپ سۆزلەپ بەردى. . .

ئەنۋەر ئايالى گۇلچىنىئاينىڭ ئاشقازان كېسىلىنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ داۋالاتماقچى بولدى. ئۇلار مېڭىشقا ئىككى كۈن قالغاندا سەئىدە كېلىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشىپ بەردى. ئۇ: «ئۆيۈڭلاردىن ئەنسىرىمەڭلار، مەن پات - پات كېلىپ خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن» دەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ يولغا سالدى. سەئىدە بالىلىرى كېتىپ بىرەر ئايغىچە يورۇڭقاشتىكى ھويلا - ئارام، ئۆيلەرنى كۆرۈپ كېلىپ - كېتىپ تۇردى. بىر كۈنى سېرىق بوران ھەيۋەت بىلەن چىقىپ جاھاننى بىرنەچچە سائەت زۇلمەت - قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتتى. باغلار، ئۆيلەر، ھويلىلار بىر قەۋەت ئاق توپا بىلەن قاپلاندى. بالىلىرىنىڭ قورۇسىدا نېمىلەر ئۆرۈلۈپ، نېمىلەر ۋەيران بولغانلىقىدىن ئەنسىرەپ قالغان سەئىدە بىر ئەتىگەنلىكى يورۇڭقاشقا كەلدى. ئۇ ئۆينى بىر قۇر سۈپۈرۈپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى ھويلىغا يېيىۋەتكەندىن كېيىن، ساندۇق، كارىۋات، چىنە - قاچا، دېرىزە تەكچىلىرىنى دەسماللاپ سۈرتۈۋېتىپ، ئەينەكلىك ئىشكاپ ئۈستىدىن ئاغزى ئېچىلمىغان بىر خەتنى تېپىۋالدى. ئۇنىڭ قېلىن، سېرىق قەغەزدىن ياسالغان قوپال كونۋېرتى ئۈستىدە «ھېكمەت ئەپەندىگە تەئەللۇق، باشقىلارنىڭ ئېچىشىغا بولمايدۇ. غوپۇر نىيازدىن» دېگەن يوغان ھەم قىڭغىر - قىيسىق يېزىلغان خەتلەر تۇراتتى. سەئىدە ئىچىدە: «بۇ ئادەمنىڭ ھېكمەت بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇر؟ ياكى بۇ باشقا ھېكمەتمۇ؟» دېگەنلەرنى



ئويلىدى. لېكىن، تويۇقسىز بىر ئىش يادىغا كېلىش بىلەن چۆچۈپ كەتتى. ھېكمەت بىر يىلى گۇلچىنىئايىنى يوقلاپ كىرىپ ئوغلى ئەزىمەتنى چۈشىدە كۆرگەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭ بىردىنلا ئون ياشلىق ئەنۋەر دېگەن بىر بالىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ يىغلاپ سالدى. بۇ ئىشلار تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن سەئىدەنىڭ ئېسىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى، شۇڭا بۇ سىرلىق خەت ئۇنى قىزىقتۇرۇپ ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئاچام سەئىدە كۈيئوغلى ئەنۋەرنىڭ سېنىڭ ئوغلۇڭ ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، — دېدى كامىل چۈشەندۈرۈپ، — غوپۇر نىيازنىڭ خېتىنى ساڭا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا مەن بېرىپ قاپتىمەن.

— قېنى ئۇ خەت؟ — ھېكمەت تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— ئۆيدە قالدى، ئاچامنىڭ ئەزىمەت بىلەن گۇلچىنىئايغا يازغان خېتىنى ئۇلارغا بەردىم، — كامىل گۇلچىنىئايغا قارىدى، — ئەتە يەكشەنبە بولغاندىكىن ھەممىمىز بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، گۇلچىنىئاينىڭ «بولاقتىكى شولا» رەسىمىنى بىر كۆرۈش ئىستىكى بار.

— شۇنداق قىلايلى، ئەتە مەنمۇ دەم ئالىمەن، — دېدى ماھىگۇل سائەتكە قاراپ، — نۆۋەتچى دوختۇرنىڭ ياتاقلارنى تەكشۈرۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى، ھېكمەتكامىمۇ ئارام ئالسۇن.

ھەممىسى چىقىپ كېتىشى بىلەن ياتاق ئىچى جىمىپ قالدى. سابىر توختى بالنىتسىدىن چىقىش رەسمىيىتى ئۆتەپ يۈرگەچكە، ئىككى كۈندىن بېرى كېلىپ - كېتىپ يۈرەتتى. ھېكمەتنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى. ھەر كۈنى كەچلىك تاماقنى ئەكېلىپ بېرىۋاتقان ئۇچقۇنئاينىڭ بۈگۈن كەلمىگەنلىكى ئۇنى

ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇ كونسېرۋا بىلەن نان يېمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىستاكاندىكى سوۋۇپ قالغان چاينى تۆكۈۋېتىش ئۈچۈن مېڭىشى، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان تاماق قاچىسىنى كۆرۈپ قالدى. «ئۈچقۇنئاي كەپتۇ، لېكىن ئۇ ئەزىمەتنى كۆرۈپ قايتقان ئوخشايدۇ» دېگەن ئوي ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتكىنىدە، ئاكا - سىڭىل ئوتتۇرىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، بىراق ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر سېپىلنى كۆرگەندەك بولدى. ھېكمەت ئىسسىق ساقلاش قاچىسىدىكى قىزىق شورپىغا نان تۇغۇرۇپ يەۋېتىپمۇ، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن ياتاقتا تەنھا يېتىپمۇ «يۈز كۆيىدىغان بۇ سەۋەنلىك، خاتالىقلارغا زادى كىم سەۋەبچى؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى، تاپالمىدى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن قىسمەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان، پاجىئە ۋە تراگېدىيىلەر ھەقدادىغا يەتكەن ھايات - مامات ئاچچىقىدا ئەجەل بىلەن ئېلىشقان ئۆمۈر مەنزىللىرى، چاڭ - تۇمانلار كۆتۈرۈلگەن ئىزلىرى، باسقان ئەگرى - توقاي يوللىرى... ئاكا - سىڭىللارنىڭ غەرەزسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۈچقۇنئاينىڭ ئەزىمەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تاماق قاچىسىنى قويۇپ كېتىپ قېلىشى ھېكمەتنى ئاچچىق ھەقىقەت قامچىسىدا ئۇرغاندەك بىدەرمان قىلدى.

ئەتىسى كامىل ھېكمەت، ماھىگۈل، ئەزىمەت، نەبى، گۈلچىنئايلارنى ئىككى تاكسىغا سېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. كامىلنىڭ ئايالى مېھرىبان ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ مېھمانخانىغا باشلىدى. چوڭ تاماق ئۈستىلى تاتلىق - تۈرۈم، نان - توقاچ، پېچىنە، ھەر خىل مۇراببالار بىلەن ئاللىبۇرۇن تەييارلىنىپ، ئۈستىگە نېپىز يىپەك داستىخان يېپىپ قويۇلغانىدى. ئۇلار چاي ئىچىشىپ، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئالغاچ



پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. گەپ يەنىلا ئەزىمەت بىلەن گۈلچىنئاي ئىككىسىگە مەركەزلىشىپ قالغانىدى.

— گۈلچىنئاينىڭ بۆشۈك تويى زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، — دېدى ماھىگۈل ھەممەيلەنگەن قاراپ، — قۇتلۇق خۇيجاڭنىڭ ئۆيى بەزمە - مەشرەپ بىلەن راسا قىزىۋاتقاندا، بىر يېرىم ياشلىق ئەزىمەت تايتاڭلاپ كىرىپ زاكىداقلىق بوۋاقنى مېنىڭ دەپ قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى. زۇمرەت ئاچچىقلاپ: «قولۇڭنى كۆزىگە تىقىۋېتىسەن، ئۇنداق قىلساڭ قىزىمنى ساڭا بەرمەيمەن» دېيىشى، ئەزىمەت ھېكمەتكامغا دادلاپ يىغلىغىلى تۇردى. ھېكمەتكام: «مەندىن سورىماي، مۇرات داداڭدىن سورا» دەپ قويۇشى، ئەزىمەت: «مۇنات دادى، بۇباق مېنىڭ - ھە» دەپ كۆزىگە كىرىپلىۋالدى. شۇ چاغدا مۇراتكامنىڭ دېگەن گېپى زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ: «ئەستەغپۇرۇللا، ماۋۇ كىسپۇرۇچ ھېلىتىن قىزىمنى تالىشىۋاتىدا» دېيىشى ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— شۇ چاغدا شادىمانمۇ، ئېزىز تارمۇشمۇ، — ھېكمەت ماھىگۈلنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى، — مۇراتمۇ، ھازىر رازىلىق بېرىۋەت، ھەببەللى، كۈيئوغۇللۇق بولۇپ قالدىڭ، مۇبارەك بولسۇن، دەپ كۈلكە كۆتۈرۈۋەتمىدىمۇ.

— قىشنىڭ راسا سوغۇق كۈنلىرى ئىدى. ئەزىمەتنى قېلىن كىيىندۈرۈپ ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىغا ئالدىم - دە، قوشكۆلگە ئېلىپ كىردىم، — دېدى نەبى ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن ھالدا، — شۇرقىراپ توپا تۆكۈلۈپ تۇرغان گەمە ئىچىدە مۇراتكام ئەزىمەتنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ «مېنى دادا دە» دەپ شۇنداق قىينىۋەتتى. ئەزىمەت «مۇنات دادى» دېگەنسېرى تېخىمۇ سۆيۈپ، ساقاللىرىنى سۇۋاپ چىرقىرىتىۋەتتى. ئاخىر مۇراتكام «دادا» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «قانداق، دادا دېگۈز-

دۇمۇ» دېگەندى.

— ئاللانىڭ بېشارەت - كارامەتلىرىگە ئالدىن بىر نېمە دېمەك تەسكەن، — كامىلنىڭ يادىغا بىر ئىش كەلدى بولغاي، چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى، — قوشكۆلگە سۈرگۈنگە مېڭىش ئالدىدا دوستلار بىزنىڭ ئۆيگە يىغىلدۇق. گۈلچىنىئاينىڭ ئالتە ئايلىق ۋاقتى ئىدى. خان ئانام: «ئەمدى تۇغسىڭىز بۇ قىزىڭىزنى مەن ئېلىۋالىمەن، سەئىدەگە ھەمراھ بولىدۇ» دېگەندى. زۇمرەت: «قىزىم ئۆزلىرىدىن ئايلانسۇن خان ئانا، سىلى ئۆز ئانامدىنمۇ چارى» دېدى. خان ئانام: «ياشاڭ قىزىم، مىڭ ياشاڭ، مېنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتىڭىز، ھە، مۇرات ھارامزادە ھەييار، قارايسەنغۇ؟ ياكى قىزىڭغا پايلىمايۋاتامسەن» دېۋىدى، مۇرات: «ياقەي خان ئانا، ھېلىغۇ بىر قىزكەن، ئون قىزىم بولسىمۇ سىلىگە تەسەددۇق، زۇمرەت بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىمدا ئىككىدىن تۇغۇۋېرىمەن دەۋاتسا» دەپ ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى.

بولۇنۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر گەرچە ھەزىل تۈسىنى ئالغان ئۆتمۈش خاتىرىلىرى بولسىمۇ، گۈلچىنىئاينىڭ ھەربىر ئېغىز گەپتىن كېيىن ياشلىرى تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. ئەزمەتمۇ پات - پات كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرتەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تەقدىرداش بولۇپ، ئاتا - ئانىلىرىدىن ئوخشىمىغان قىسمەتلەر بىلەن ئايرىلىپ كەتكەنىدى. بىراق، تەڭرى ئاخىر ئۇلارنى جەم قىلدى.

چايلار ئىچىلىپ، تاماق يېيىلىپ بولغۇچە گۈلچىنىئاي ھەدەپ كامىلنىڭ كۆزىگە قارايتتى. ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن كامىل ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىدىن «بۇلاقتىكى شولا» رەسىمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ: «مانا بۇ ھېكمەت ئەينەن سىزغان دادىڭىز بىلەن ئانىڭىزنىڭ سۈرىتى» دەپ گۈلچىنىئايغا تۇتقۇزدى.



قىلىن ئوت قاپلىغان، تىلقانات، ياۋا بېدە، كاككۇك گۈللىرى، ئۇششاق ھەم سۇس سۆسۈن رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن يالپۇزلار شاخاراپ سۇزۇك سۇغا چىلىشىپ تۇرغان بۇلاق بېشى، ياپيېشىل چوكان تاللىرى خوتەن قىزلىرىنىڭ قىرىق ئۆرۈمە چاچلىرىدەك لەرزان يەلپۈنۈۋاتقان مەجنۇنتال تېگىدە بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرغان مۇرات ھەم زۇمرەت. ئۇلارنىڭ چېھرىلىرىدە ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ شەپەق نۇرلىرى ئەكس ئەتكەن، زۇمرەتنىڭ دولقۇن - دولقۇن قوڭۇر چاچلىرى مۇراتنىڭ مۈرىسىگە شۇنداق يېقىن بولۇپ، نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى دېمەكچى بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «بەختلىك بولۇڭ قىزىم» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى بولغاي، گۈلچىنىئاي ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ رەسىمىگە يۈزىنى يېقىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك پىغانلارغا تولغىنىدىكى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى.

چۈش بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار مېھرىبان قېزا بېسىپ ئەتكەن پولۇنى يېيىشىپ بولۇپ ئۇزاپ چىقىشتى. ئۇلار ئەتىگەندىلا كامىلنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى مەسلىھەت قىلىشقانىدى. بىراق، كامىل مۇھىم بىرنەرسە يېزىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى. ئۇ مېھمانلارنى ئۇزىتىپ چوڭ يولغا چىققاندا ھېكمەتنىڭ يانچۇقىغا قىلىن بىر كونۋېرتنى سېلىپ قويدى، بۇ غوپۇر نىيازنىڭ خېتى ئىدى. ئۇلار كامىل ۋە مېھرىبان بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇش ئارىلىقىدا نەبى ئىككى تاكسىنى توختاتتى.

— «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىغا، — دېدى ئالدىدىكى تاكسىدا ئولتۇرغان ھېكمەت شوپۇرغا.

نېمە سەۋەبتىندۇر، ھېكمەتنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، بىر خىل ئوڭايسىز ھالەت ئۇنى قىيناۋاتاتتى. ئادەتتە ئۇچقۇنئاي

چۈشلۈك تامىقىنى ئۇنىۋېرسىتېت ئاشخانىسىدا يېگەنلىكى ئۈچۈن ئارىلىقتا ئارىلاپ - ئارىلاپ كېلىپ قالمىسا ئادەتتە كەلمەيتتى. لېكىن «ئۈچقۇنئاي بۈگۈن چۈشتە كېلىپ قالغان بولسا، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرەرمۇ؟» دېگەن ئەندىشە ھېكمەتتىن زادى نېرى كەتمىدى. بۇنداق نومۇسلۇق تۇيغۇ ئەزمەتتە تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ چىرايى ھېلىدىن ھېلى ئۆزگىرىپ پەسكە، تاكى دېرىزىسىدىن سىرتلارغا قارىۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق تەڭلىكتە قالغان ھالىتىنى بىرلا گۈلچىنئاي بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ: «قاپىقىڭىزنى نېمانداق تۈرۈۋالىسىز، ئادەمنى خىجىل قىلماي ئېچىلىپ ئولتۇرۇڭا» دەپ تولىمۇ پەس ئاۋازدا شىۋىرلايتتى.

ھەر ھالدا ئۆيدە ئۈچقۇنئاي يوق ئىدى. ئۇلار ھېلىلا تاماق يېگەنلىكى ئۈچۈن ھېكمەتنى چاي دەملەشكىمۇ قويمىدى. شۇنداقتىمۇ ماھىگۈل بىردەمدىلا چاي تەييارلاپ، تاماق ئۈستىلىگە ئۇششاق - چۈششەك يېيىملىكلەرنى تىزىۋەتتى. گۈلچىنئاي ئۆزىنى تۇتۇۋالدىمۇ ياكى ئەدەپ - ئەخلاق يۈزىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇردى. ئەمدى سۆھبەت مۇراتنىڭ كۈرەش مەيدانلىرىدىكى سۆزگە چېۋەرلىكى، ئادەم ئويلىمىغان ھىيلە - مىكىرلەرنى ئويلاپ چىقىرىپ ئاكتىپلارنىڭ ئېغىزلىرىنى تۇۋاقلاپ قويغانلىقى ھەققىدە قىزىپ كەتتى. ھېكمەت قوشكۆلدىكى زەيىندىن بىلەن ھېكىم تۇردىنىڭ سۇنى يار ئالدۇرۇۋەتكەن چاغدىكى يۇمۇرلۇق ۋەقەنى سۆزلەپ ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ماھىگۈل ئىلەك يارلىقىدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار كېسەك قويۇۋاتقاندا مۇراتنىڭ داستىخان ئىچىدىكى تاماقنى تېپىش ئويۇنىنى چىقارغانلىقى، لېكىن زۆمرەتمۇ بوش كەلمەي نېمە دېگەنلىكى قاتارلىق ياشلىقتىكى خاتىرىلەر سۆزلىنىپ، ھەممىسى مۇراتنى ئىپتىخار ھەم سېغىنىش بىلەن ئەسكە ئېلىش-



تى. ئەمما، ھېكمەت زۆمرەتنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس قورقماس، جەسۇر، غۇرۇرلۇق قىز ئىكەنلىكىدىن ئىپتىخارلانغاندەك، ئۇنىڭ بوز يەر مەيدانىدىكى ئەسەبىي ھالەتتىمۇ ئۆز رەقىبىدىن ئۆچ ئالغانلىقى ھەققىدىكى باتۇرلۇقلىرىنى سۆزلىگەندە، گۈلچىنئاينىڭ قارا كۆزلىرى يەنە ياشقا تولدى.

— مۇرات ئاكىمىزنىڭ، زۆمرەت ئاچىمىزنىڭ ئەۋلادلارغا يادنامە بولغۇدەك ۋەقەلىرىنى سۆزلەپ بىر يىلدىمۇ تۈگىتەلمەيمىز، — دېدى نەبى ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ھازىر ھەممىڭلارنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىمەن، قانداق دەيسىلەر؟ قالدى گەپلەر بىزنىڭ ئۆيدە بولسۇن.

— نەبى ئۇكام، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى بولامدۇ؟ — ماھىگۈل ئىنىسىغا يېلىندى، — مەن تۈنۈگۈن كەچتىن تارتىپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلاپ كېچىچە يالغۇز قانداق ئۇخلايمەن. سېنىڭغۇ ئىسسىق ئائىلەڭ بار.

ماھىگۈلنىڭ ئاۋازىدىن ئېيتقۇسىز بىر يېلىنىش، ئۆتۈنۈشنى سەزگەن ھېكمەت ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. دېمىسىمۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى تەنھالىق، غېرىبلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتقان ماھىگۈل ئۇرۇق - تۇغقان ۋە مۇڭدىشىپ سىر تۆككۈدەك بىر ھەمراھقا شۇنچە موھتاج ئىدى.

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى ھېكمەت نەبىگە، — سەن ئەزىمەتنى، ماھىگۈل گۈلچىنئاينى ئېلىپ كېتىڭلار، قانداق، بولامدۇ؟

— ئەمىسە سىزچۇ؟

— مەن ئۈچقۇنئاينى ساقلايمەن، ئۇ كەچتە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، — ھېكمەت گۈلچىنئايغا قارىدى، — قىزىم گۈلچىن، بىر نەرسىنى كۆرستەي دېۋىدىم، لېكىن سىزنىڭ يەنە بىئارام بولۇشىڭىزدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن.

— كۆرسىتىڭ دادا، مەن ئىلاجى بار ئۆزۈمنى تۇتۇۋالىمەن. ئانام بىلەن دادامغا مۇناسىۋەتلىكلا بولسا ھەممىنى كۆرگۈم ھەم ئاڭلىغۇم بار.

ھېكمەت چامادانىدىن ئاپئاق يىپەك قولياغلىقتا تۈگۈلگەن تۈگۈچنى ئېلىپ سۆيۈپ قويدى-دە، گۈلچىنىئايغا سۇندى ۋە «بۇ ئانىڭىز زۇمرەت بىلەن دادىڭىز مۇراتنىڭ قەبرە تۇپىسى» دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. بىچارە ناتىۋان قىز ئۆز ۋەدىسىدە تۇرالمىدى. ئۇ تۇپا ئالغان ياغلىقنى كۆزلىرىگە، يۈزلىرىگە سۈۋاپ، قايتا-قايتا سۆيۈپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى. ماھىگۈل، نەبى، ئەزىمەتلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ تەستە توختاتتى.

— دادا، ئەگەر رازى بولسىڭىز، — دېدى گۈلچىنىئاي ئېسەدەپ تۇرۇپ، — بۇ مۇبارەك تۇپىنى ماڭا بەرسىڭىز، بايا كامىل دادامدىن رەسىمنى سورىيالمىغانىدىم. سىز مېنىڭ دادام بولغاندىكىن بۇنى مەندىن ئايىماڭ.

— ئېلىڭ قىزىم، ئېلىڭ. بۇ تۇتىيا تۇپا، ياخشى ساقلاڭ. خاتىرجەم بولۇڭ، كامىلنىڭمۇ ئۆيلىگىنى باردۇر.

نەبى ئەزىمەتنى، ماھىگۈل گۈلچىنىئاينى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ھېكمەتكە خوش دەۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدە ئۇچقۇنئاي ياشلار باغچىسىدىكى قويۇق قارىغايلار ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ رۇستەمگە نېمىلەرنىدۇر دەپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن چۈشتە نەبى، ئەزىمەت، ماھىگۈل، گۈلچىنىئايلار كامىلنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ ماڭغانغا قەدەر بىنا دوقمۇشىدا ساقلىدى. ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنلا كامىلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭدىن دادىسى بىلەن مەسۇم قابىل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سوراپ بىلدى، ئاندىن ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىپ رۇستەمنى چاقىرىپ چىققى-دە، ئارقا يوللار بىلەن ياشلار باغچىسىغا



كەلدى.

— «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالىڭىزغا ئەمدى تولۇق جاۋاب ئالدىڭىزغۇ دەيمەن، — ئۇچقۇنئاي غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، — خوتەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە دادىڭىزنىڭ ئەنە شۇنداق زىيانكەشلىكلىرى توختىغىنى يوق. مەن سىزگە قانداقمۇ تەقدىرىمنى باغلاپ ئۆتەلەيمەن؟

شادا ئورۇندۇقتا تىزلىرىغا جەينىكىنى تىرەپ، چاچلىرىنى قاماللاپ ئولتۇرغان رۇستەم ئالدىدا ئۆرە تۇرغان قىزغا تىكىلىپ قارىيالمىدى. ئۇ ھېكمەت كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغاندىن بېرى ئۇچقۇنئاينىڭ ئۆزىدىن قېچىپ يۈرگەنلىكىگە تاقەت قىلالماي نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «زادى نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغانىدى. مانا ئەمدى ئىش ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن نومۇس، ۋىجدان ئازابى ئۇنى ئۆرتىمەكتە ئىدى.

— مېنىڭ دادام، — دېدى ئۇچقۇنئاي چوڭقۇر تىنىپ، — قاراڭغۇ تۈرمىلەردە، زەي زىندانلاردا يېتىپ، لەھەتكە تىرىك كىرگەندىمۇ دوستلىرىنى ساتقىنى يوق، مەنپەئەت تەمەسىدە خائىنلىق قىلمىغان. كۆكرەكلىرى تىلىنىپ، قانغا بويىلىپ يىقىلغاندىمۇ باشقىلارنى چىشلەپ بالاغا تىقمىغان. ئۇ ئۆمۈر بويى ئىنسانىي بۇرچ بىلەن ياشاپ كەلدى.

— سىز دېگەن ئىشلاردىن خەۋىرىم بولمىسىمۇ، — رۇستەمنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ئىدى، — ئەمما دادامنىڭ ئەنە شۇنداق ناباب ئىشلىرىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋىرىم بار. بىراق، مەندە نېمە ئامال، نېمە چارە!

— دادام شۇنچە ئۇزۇن يىل ئازاب دېڭىزىدا قىينالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلزىبا ئاچام مەھبۇبە ئاپام، مۇرات، ئەزىمەت ئاكاملارنىڭ دەردى قوشۇلدى. مەنمۇ بىر چاغلاردا، — ئۇچقۇنئاي يىغلىۋەتتى، — ئۇنىڭ يۈرەك جاراھەتلىرىگە تۇز سەپكەنى-

دىم. توۋا، بىر ئادەمنىڭ ئەقىل لال قالغۇدەك دوزاخ ئازابى تارتىپ ھايات يۈرگىنىگە ھەيرانمەن! مېنىڭ دادام بىر گىگانت ئادەم، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن سۆيۈنىمەن، پەخىرلىنىمەن!

— ئۇچقۇنئاي، سىز بىلمەيسىز، مەنمۇ دادامنىڭ ئەنە شۇنداق ئىپلاسلىقلىرىدىن نومۇس قىلىمەن، — رۇستەم مىچچىدە يىغلىۋەتتى، — كىچىك چاغلىرىمدا ئۇنىڭ بەزى ماقالە، ئوبزورلىرى چىقسا، ساۋاقداشلىرىمنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەپتىلەپ ئۇلارغا يېقىن بارالمايتتىم. لېكىن. . . لېكىن، ھەرقانداق پەرزەنت ئۆزىنىڭ قانداق ئائىلىدە تۇغۇلۇشىنى بەلگىلىۋالالمايدىغۇ.

— بولدى يىغلىماڭ، ئوغۇل بالا يىغلىسا ئەجەب سەت تۇرىدىكەن، — ئۇچقۇنئاينىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — مەن دادامنىڭ ئازابى ھېسابىغا بەخت قوغلاشمايمەن، ئەمدى ئۇنىڭ جاراھەتلىك يۈرىكى كۆتۈرەلمەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ! . . .

ئۇچقۇنئاي ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بىچارىلىك، بىئاراملىق يېغىپ تۇرغان ياۋاش، يۈزى تۆۋەن رۇستەم ئۇچقۇنئاينىڭ ئارقىسىدىن زەئىپ توۋلىدى. ئۇنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازىغا نادامەتلىك پىراق، ئەلەم زەردابلىرى سىڭىپ كەتكەنىدى:

— ئۇچقۇنئاي! . . . ئۇنداق قىلماڭ، مەن ھامان بىر كۈنى ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن. . . ئەڭ بولمىسا دوستلۇقىمىز ساقلىنىپ قالسۇن. . .

— بىلىپ قويۇڭ، — ئۇچقۇنئاي ۋارقىرىدى، — ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭىزدىن مۇستەسنا دوستلۇق مەۋجۇت ئەمەس! ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆزىنى ياشلاپ تۇرۇپ ئورنىتىلغان دوستلۇق



ئۇلار ئۇچۇن ماتەم!

ئۇچقۇنئاي چوڭ يولغا چىقتى - دە، تاكسى توسۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ ماشىنىغا چىقىپ بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ ئولتۇرۇپ، «ئۇھ» دېگىنىچە يىغلىۋەتتى. رۇستەمنىڭ مەيۈس، مىسكىن قىياپىتى، يېلىنغان ئاۋازى، مۆلدۈرلەپ تۆكۈلگەن ياشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئاھ خۇدا، ئاتا - ئانىلارنىڭ خۇي - پەيلىمۇ مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان رەزىللىكلىرى ئاخىرقى ھېسابتا بالىلىرىغا توقۇلۇپ، بەختسىزلىك گىردابىدا قىينايدىكەن. شۇڭا، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تەقدىرىدىن ۋايىم يەپ: «بالىسى قانداقكەن، ئاتا - ئانىسىچۇ؟» دەپ نەسەب سۈرۈشتۈرۈشى تولىمۇ ئاقىلانە چارە ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەلۋەتتە، قىز - يىگىت ئۆمۈرلۈك جورىلاردىن بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىمۇ بىر تۇغقاندىن چارە بولۇپ كېتىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئاخىر بىر كۈنى بەختلىك ياشلارنىڭ مۇھەببىتىگە دەز كېتىشى تۇرغانلا گەپ!

ئۇچقۇنئاي ماشىنىدىن چۈشۈپ بىنا ئالدىغا كېلىشى تۇرسۇنجان ئالىمغا دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھېكمەتنىڭ قېشىدىن چىقىشى ئىدى.

— ئۇچقۇنئاي، مەكتەپتىن كېلىشىڭىزما؟ — تۇرسۇنجان ئۇچقۇنئاينىڭ چىرايىغا قاراپ بىر قىسما بولۇپ قالدى، — دادىڭىزنىڭ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقتۇم. ئۇ. . .

— شۇ ئەمەسمۇ، — ئۇچقۇنئاي شارتلا گەپنى تارتىۋالدى، — سىزنىڭ ئىشەنچلىك دوستىڭىزنىڭ شاپائىتى بولمامدۇ.

— ۋۇي، ئاچچىقىڭىز بەكلا يامانغۇ، — تۇرسۇنجان خى-

جىلىلىقتىن قىزىرىپ كەتتى، — لېكىن ھېكمەتنىڭ كۆكسى-قارنى كەڭ ئادەم، ئۇ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتى.

— دادام قوشۇلغىنىنى بىلەن، — ئۈچقۇنئاينىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى، — مەن قوشۇلمايمەن، شۇ تۇرقىدا تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىۋېتىپ كەلدىم.

تۇرسۇنجان تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۈچقۇنئاي ئۆيگە كىرىپلا دىۋاندا ئولتۇرغان ھېكمەتنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، تىزلىرىغا باش قويدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا دادىسىنىڭ بويۇنلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ، يۈزلىرىنى تاپانلىرىغا سوۋىغۇسى، ئۇنىڭ ئاشۇ سىماسىغا تاۋاپ قىلغۇسى كەلدى.

— جېنىم دادا، مېنى كەچۈرۈڭ، — ئۈچقۇنئاي بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يىغلىماقتا ئىدى، — مەن ھەممىنى ئۇقتۇم، كامىل... كامىل دادام...

— مەن رازى قىزىم، — ھېكمەت ئۈچقۇنئاينىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، — سىزلا بەختلىك بولسىڭىز مەن شۇنىڭغا خۇشال.

— ياق، دادا، ياق! — تىزلىنىپ تۇرغان ئۈچقۇنئاي دادىسىنىڭ پۇتلىرىنى چىڭ قۇچاقلىدى، — سىز ئۆمرىڭىزدە ھەددى-ھېسابسىز قۇربانلىق بەردىڭىز، يېتەر ئەمدى! مېنى دەپ ئۆزىڭىزنى ئازابلىماڭ، سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قارىساملا مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىمەن. بەرگەن رازىلىقىڭىز مېنى ۋىجدان ئوتىدا ئۆرتەيدۇ، خالاس.

— بەكمۇ چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپسىز قىزىم، گېپىمنى ئاڭلاڭ.

— ياق، ياق، ئەمدى ئاڭلىغۇچىلىكىم قالمىدى، — ئۈچقۇنئاينىڭ ياشلىرى ھېكمەتنىڭ تىزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن-



دى، — مەن... مەن ئۇچۇق جاۋابىنى بېرىۋېتىپ كەلدىم. ئەمدى مېنىڭ ئۇ ئائىلە بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق.

— چوڭ قۇربان بېرىپسىز قىزىم، — ھېكمەتنىڭ كۆزجىيەكلىرى قىزاردى، — رۇستەم ئوبدان بالا ئىدى، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىپسىز.

— بۇ قۇربان بېرىش ئەمەس، دادا، بۇ دېگەن ئاتا مېھرى ئالدىدىكى پەرزەنت بۇرچى! ئاتا روھىنى قانداقمۇ ئۆتكۈنچى كۆڭۈلگە تەڭلەشتۈرگىلى، تېگىشكىلى بولسۇن! مېنىڭ ھاياتىمنى، شادلىقىمنى، بەخت-ئىقبالىمنى، ھەممە-ھەممىنى سىز ماڭا بەرگەن!

— ئاھ بىچارە، ئەقىللىق قىزىم، ئاتا ئۈچۈن ئۆزىنى تەرك ئەتكەن قىزىم، — ھېكمەت قىزىنىڭ بېشىنى باغرىغا تېڭىپ ئۇزۇن جىمىپ قالدى.

## ئىككى دەردمەننىڭ كەچمىشلىرى

گۈلچىنئاي ماھىگۈلنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرۈپ «ۋاي توۋا، پادىشاھنىڭمۇ ئۆيى بۇنچىلىك بولماس» دەپ ئويلىدى. كەڭ، ئازادە كارىدور، قىپقىزىل جۇلا بېرىپ تۇرغان تاختايلىق پول، ئىچكىرى - تاشقىرى ياسىداقلىق مېھمانخانا - ھۇجرىلار، چىنندەك پارقىراپ تۇرغان مۇنچا، ئاشخانىلار، ئۇلارغا ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان زامانىۋى ئەسلىھەلەر، تاملارغا بېكىتىلگەن ھاۋا رەڭ چىراغلار، ئۆي دېرىزىلىرى ھەتتا بالكون ئەينەكلىرىگىچە تارتىلغان چەت ئەل پەردىلىرى گۈلچىنئاينىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. ئۇ «ماھىگۈل ئاچامنىڭ ئېرى كاتتا باشلىق ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ ئايىغىنى سېلىپ قىزىل مەخمەل كېپىش كىيىۋالدى. گۈلچىنئاي بىر - بىرىدىن كۆركەم ياسىدالغان تۆت ئېغىز ئۆينى ئارىلاپ كۆرۈپ «ماھىگۈل ئاچام ھەممىدىن بەختلىك ئىكەن» دەپ پىچىرلىدى ۋە بۇ ئويىنى ماھىگۈلدىن يوشۇرمىدى.

— ماھىگۈل ئاچا، سىز نېمىدېگەن بەختلىك، نېمىدېگەن ئامەتلىك!

ھېقىقەتەك جۇلالىنىپ تۇرغان نەپىس قاچىلارغا ھەر خىل مۇراببالارنى ئېلىۋاتقان ماھىگۈل ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغاچ خېلى ئۇزۇنغىچە جاۋاب بەرمىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان گۈلچىنئاينى كۆرگەندىن كېيىنلا چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە ياماشتۇرۇپ «ئەخمەق قىز» دەپ بۇرنىنى



چىمدىپ قويدى.

— ئاچا، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سورىغۇم كەلدى، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، — گۈلچىنئاي چەينەككە پەمىل چاي سېلىۋاتقان ماھىگۈلنىڭ غەمكىن چىرايىغا قارىدى، — ئاكىمىز چوڭ باشلىق ئوخشامدۇ، ئۇ كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتتىما؟

— ئاكىمىز؟! — ھەيران بولغان ماھىگۈلنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — قانداق ئاكىمىزكەن ئۇ؟

— يولدىشىڭىزچۇ؟

— يولدىشىڭىز؟ — ماھىگۈل ئەسلىدە «خۇدايىم مېنى بەخت - ئامەتلەردىن مەھرۇم قىلغان» دېمەكچى بولدىيۇ دېمىدى، — ئۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەس، مەن تەنھا ياشايمەن.

— نېمە، يولدىشىڭىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنمۇ؟ ياكى...

— ياق، مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق ياشاپ كېلىۋاتىمەن...

تەئەججۈپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە قالغان گۈلچىنئاي ماھىگۈلنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنىڭ تېگىدە يەنە بىر ھەسرەتلىك رۇخسارنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ ئارتۇقچە سوئاللارنى سوراپ، قانداقتۇر بىر جاراھەت ئېغىزىنى تاتىلاپ قويغانلىقىغا ئۆكۈندى.

— كەچۈرۈڭ ماھىگۈل ئاچا، مەن ئۆزۈمچە ئاتىكاچىلىق قىلىپ كېتىپتىمەن.

— نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز، يۈرۈڭ، چاي ئىچەيلى، مېنىڭ كىچىك ھۇجرامغىلا كىرەيلى.

دېرىزىدىكى دۇخاۋا پەردىلەر قاراڭغۇلاشتۇرغان كىچىك ھۇجرا تامدىكى زىننەت چىراغلار نۇرىدا سۇس ھاۋارەڭ يورۇپ تۇراتتى. پولغا خوتەننىڭ ئانار گۈللۈك گىلىمى تولدۇرۇپ سېلىنغان، ئوتتۇرىدىكى قوڭۇر رەڭلىك چاي ئۈستىلىنىڭ ئىككى يېنىغا ئالىي دەرىجىلىك يالغۇز كىشىلىك دىۋان قويۇلغانىدى.

دېرىزە ئالدىدىكى ئاپئاق لاكلانغان پارقىراق ئىش ئۈستىلى، ئۈنىڭ ئۈستىدىكى زىننەتلىك ئۈستەل چىرىغى ۋە تېببىي ئىلىمگە ئائىت كىتاب، لۇغەتلەر بۇ ھۇجرىنىڭ خىزمەت ئۆيى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ماھىگۈل تامدىكى كۈنۈپكىنى بېسىشى، تورۇستا ساڭگىلاپ تۇرغان نەپىس ئاسما چىراغ ھۇجرىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتتى. شۇندىلا گۈلچىنئاي ھەر خىل غۇنچىلار قاچىلانغان تامدىكى گۈل سېۋىتىگە، ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئورۇنلاشتۇرغان چوڭ رامكىلارغا قارىدى. رامكىدىكى رەسىملەر ماھىگۈل شاڭخەيدە چوڭايتىپ ئېلىپ كەلگەن خاتىرە سۈرەتلەر بولۇپ، مەھبۇبەنىڭ يىل نەزىرى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇ كىچىك ھۇجرىغا ئېسىپ قويۇلغانىدى. گۈلچىنئاي ھەر ئىككىلا رەسىمدىكى ھېكمەت بىلەن ماھىگۈلنىڭ قىياپەتلىرىگە، بولۇپمۇ ھېكمەتنىڭ تىزلىرىغا جەينىكىنى قويۇپ كۆپكۆك چىمدا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ماھىگۈلنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئانىسىنىڭ يازغان خېتىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

— ھېكمەت ئاكام شاڭخەيگە پەن-تېخنىكا كىتابلىرى كۆرگەزمىسىگە بارغاندا مەنمۇ خىزمەت بىلەن بارغانىدىم، — ماھىگۈلنىڭ سۆز ئورانىدىن ئۆزىنى ئاقلىغانلىق چىقىپ تۇراتتى، — شۇ چاغدا خاتىرە ئۈچۈن چۈشۈپ قويغان.

ماھىگۈل بىرنەچچە خونچا تەخسىگە تىزىلغان ھەر خىل پېچىنە ھەم مۇراببالارنى چاي ئۈستىلىگە قويۇپ چىنىلەرگە چاي قۇيدى. گۈلچىنئاي دىۋانغا ئولتۇرۇشى بىلەن خۇددى ئورىغا چۈشۈپ كەتكەندەك قورقۇپ كەتتى، ئۇ يۇمشاق دىۋانغا بەلگىچە چۆكۈپ يەنە كۆتۈرۈلگەنىدى.

— قېنى، چاي ئىچىڭ، كەچ تەرەپتە ئېغىر تاماق يېيىشنىڭ ئۆزىمۇ زىيانلىق، — دېدى ماھىگۈل پېچىنە تەخسىلىرىنى ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ، — بۈگۈن راسا چارچاپ كەتتىڭىزغۇ



دەيمەن. ئوپېراتسىيە قىلغان ئورۇن ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، تاكسىدا يۈرگەچكە ئانچە بىلىنمىدى، لېكىن ئەتىگەن دوختۇرخانا پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋېتىپ سەل چىمىلداپ ئاغرىغان بولسىمۇ، كېيىن توختاپ قالدى.

— گۈلچىنئاي، بارلىق سىرلار سىزگە ئايان بولدى، — دېدى ماھىگۈل ھارغىنلىق يەتكەن قىياپەتتە، — بۈگۈن كامىل، ھېكمەتكاملارنىڭ ئۆيلىرىدە نۇرغۇن سۆھبەتلەردە بولدۇق. سىز قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

— نېمە دېسەم بولار، — گۈلچىنئاي كۈلۈپ قويدى، — ئىشقىلىپ، بۇ دۇنياغا كەلگەنىكەنمىز، ئىنساننىڭ ئۆمرى ئېقىن سۇدەك تىنچ ئۆتمەيدىكەن، مەنمۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا «گۈلچىنئاي ھېكمەتنىڭ ھارامدىن بولغان قىزى» دېگەندەك خورلۇقلارغا ئۇچرىدىم. شۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئىككى كۈندىن بېرى ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىمدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، دادام مۇرات، ھېكمەت ۋە كامىل دادامىلارنىڭ دوستلۇقىنى ھازىرقى دەۋر ياشلىرى ئارىسىدىن ئىزدەپ تاپماق تەس.

— شۇنداق، — ماھىگۈل خىيالغا چۆككەنىدى، — ھېكمەت، كامىل، مۇراتكاملارنىڭ، گۈلزىبا، نەفىسە، زۇمرەت ئاچاملارنىڭ دوستلۇقى ھەم چىن مۇھەببىتى ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ يوللىرىغا شولا چاچىدىغان ماياك ھەم مەشئەل بولۇپ قالغۇسى! مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئۇلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، كۆپ نەرسىلەرگە ئىگە بولدۇم ھەم كۆپ نەرسىلەرنى يوقاتتىم، لېكىن ئېچىنمايمەن.

— ماھىگۈل ئاچا، — گۈلچىنئاي يەرگە قارىدى، — ئانامنىڭ يازغان خېتىنىڭ بەزى يەرلىرىگە ئانچە چۈشىنەلمىدىم، سورىسام بولامدۇ؟

— سەئىدە ئاچام نېمىلەرنى يېزىپتۇ؟

— مانا كۆرۈپ بېقىڭ.

گۈلچىنئاي خەتنى ئىككى قوللاپ سۇندى، سەئىدە خېتىنى مۇنداق باشلىغانىدى:

«بالىلىرىم ئەنۋەر، گۈلچىنئاي: مەن خېتىمنى نەدىن باش-
لاشنى، بۇ چاغقىچە دىل پىنھانلىرىمدا ساقلاپ كەلگەن يوشۇرۇن
سىر - ئەسرارلىرىمنى قانداق ئىزھار قىلىشنى زادىلا بىلەلمىدىم.
بۇ نازۇك سىر بۇرۇنلاردا بىرلا بولۇپ، قىزىم گۈلچىنئاي سىزگىلا
تەئەللۇق ئىدى. بىراق سىلەرنى ئۆرۈمچىگە يولغا سېلىپ بىرەر
ئاي ئۆتۈپلا، بۇ مەۋھۇم سىر قوشكېزەك بولۇپ قالدى، يەنى
سىزنىڭ ياخشى كۆرگەن ئىرىڭىز ئەنۋەر بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە
يىللار ئىلگىرى گۈلرۇز سېتىۋەتكەن ھېكمەتنىڭ جانجىگىرى ئەزى-
مەت ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. مەن غوپۇر نىيازنىڭ ھېكمەتكە
يازغان خېتىدىن بۇ پاجىئەلىك قىسمەتلەرنىڭ يىلتىزىنى كۆردۈم.
قىزىم گۈلچىن، «ماڭا تەئەللۇق قانداق سىر ئۇ؟» دەپ سورىشى-
ڭىز مۇمكىن. بۇ سىر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مېنىڭ يۈرىكىمنى
قۇرتتەك يەپ كەلدى، قانچە - قانچە تەمشىلىپمۇ ئېغىزىمدىن چىقى-
رالمىدىم، سىزنىڭ غۇبارسىز، نارەسىدە يۈرىكىڭىزنى خۇن قى-
لىشقا پاك ئىمانىم يول قويمىدى! مەن ئۆزۈمچە، ‹قىبنى، چوڭ
بولۇپ ئەقلىنى تاپسۇن، بىۋاپا دۇنيانىڭ جەبرۇ-نىيادلىرىنى چۈشى-
نىپ، ئۇنىڭ سىرلىرىنىڭ تېگىگە يەتسۇن›، دېگەن نىيەت - ئارزۇ-
لار بىلەن شۇنچە يىللارنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، بۇ ئىشلار يۈرىكىمدە
يوقالماس جاراھەت پەيدا قىلىغانىدى. لېكىن، غوپۇر نىيازنىڭ خې-
تىدىن ئىبارەت نەشتەر بۇ جاراھەتنى ئېغىز ئالدۇرۇۋەتتى. قېپى
يېرىلغان جاراھەت ئېغىزىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان قان - يىرىڭلار،
ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم ھەممىمىزنى ئازابقا سالغان سىر تۈگۈچلى-
رىنىمۇ ئېقىتىپ چىقتى! . . . جانابىي ئاللا ئەندىشە - غەملىرىمگە
بەرھەم بېرىپ، بۇ قوشكېزەك سىرلارنى ئاشكارىلىشىمغا ئاسانلىق
يارىتىپ بەردى.

قىزىم گۈلچىن، سىز ئەسلىدە ھېكمەت، كامىللارنىڭ قىيا-



مەتلىك دوستلىرى مۇرات ھەم زۇمرەتنىڭ بىردىنبىر كۆز ئېچىپ
كۆرگەن پەرزەنتىسىز، ئاتا - ئانىڭىز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا
ئېھىت بولغان (خۇدا ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە
قىلسۇن). ئېسىڭىزدىمۇ، ھېكمەت سىزنىڭ بويلىرىڭىزنى پۇراپ
«بىر دوستۇمنىڭ ھىدلىرىنى ئىزدەيمەن» دېگىنى. مانا ئاشۇ ئاق
ئات مىنىپ دوستىنى يالغۇز تاشلاپ بارسا كەلمەس يولدا ئۇزاپ
كەتكىنى سىزنىڭ دادىڭىز قەشقەر ئوغلى مۇرات ئىدى. شۇ نەرسە
سىزگە روشەن بولسۇنكى، ھېكمەت تا ھازىرغىچە مۇراتتى ئېسىدىن
چىقىرالمىدى، ئۇلارنىڭ جان ھەم تەنلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ
كەتكەن قەدىردانلاردىن ئىدى. ئانىڭىز زۇمرەت بوز يەر مەيدانلىرى-
دا زەنجىر كىشەنلەرگە چىرمىلىپ ئەسەبىي ھالدا ياتقانلىرىدا،
كامىل، ھېكمەتلەر ئۇنى ئېلىپ چىقىپ بىر يىل داۋالىتىپ دادىڭىز
بىلەن توينى قىلغان. بۇ چاغلاردا ھېكمەتنىڭ ئايالى گۈلزىبا
ئەزىمەتنى تەۋەللۇت قىلىپ تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتكەن، كىچىك ئەزى-
مەتنى بۇمەرەمخان ئانا، ماھىگۈل، نەبىلەر بېقىپ ئىككى يېرىم
ياشقا كىرگەندە رەشك، كۆرەلمەسلىك، كۈنداشلىق بالاسىغا گىرىپ-
تار بولغان گۈلرۇز ئۇنى يوشۇرۇن ھالدا لوپلۇق غوپۇر نىيازغا
سېتىۋەتتى. بۇ ئېغىر زەربىگە چىدىيالمىغان بۇمەرەمخان ئانا ۋاقىت-
سىز غازاڭ بولدى. نەبى، ھېكمەتلەر ئەزىمەت كويىدا نەچچە يىل
سەرسان بولۇپ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. گۈلزىبا ئوغلىنىڭ ياتلار
قولىدا ئۆگەي بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆلۈش ئالدىدا يازغان
ۋەسىيەتنامىسىدە ھېكمەتنى سىڭلىسى ماھىگۈل بىلەن بىرگە ئۇ-
تۇشنى پۇراتقانىدى. لېكىن، ھېكمەت ماھىگۈلنى ياخشى كۆرۈپ
قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىۋەتتى. دىلىدىن سۆي-
گەن ئايالى، ئوماق ئوغلىدىن ئايرىلغان ھېكمەت كېيىنكى كۈنلەردە
تولىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. شۇڭا مۇرات، كامىللار مەھبۇبەنى
ئۇنىڭغا چېتىپ قويدى، ھېكمەتمۇ دوستلىرىنىڭ لەۋزىنى يىرالمى-
دى. ئەمما، ھېكمەت بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنلىرىدە پات - پاتلا
ماھىگۈل توغرۇلۇق گەپ ئاچاتتى. بىر كۈنى ئۇ تاماق يەۋېتىپ:
‹ماھىگۈل ئەجەب خەت - خەۋەرسىز يوقاپ كەتتى، ياقا يۇرتلاردا
مۇساپىرچىلىق تارتىپ قالغانمىدۇ؟ ياكى خەت يازغان بولسىمۇ

يوللاردا توسلىپ قالدىمكىن تاڭ. . . ، دېگىنىچە تەخمىنىدىكى
لەگمەننى ئىلەشتۈرۈپ بەكمۇ ئۇزۇن جىمىپ كەتتى. مەن شۇ
چاغلاردىلا ئۇنىڭ ماھىگۇلنى ئۇنتۇيالمىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم.
لېكىن، ماھىگۇلنىڭ تىل - ھاقارەتلەرگە تولغان خېتىنى تاپشۇرۇ-
ۋالغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ بۇ ھەقتە سۆز ئاچقىنىنى
ئاڭلىمىدىم.

بالىلىرىم ئەزىمەت، گۇلچىنئاي، مېنىڭ بۇ خېتىمگە ئىشىنىد-
شىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ھازىر خۇپپىيانە تۇتۇپ ساقلىغان
كۆڭۈل خەزىنەمنىڭ داتلاشقان قۇلۇپىنى ئېچىۋېتىپ يېنىكلەپلا قال-
دىم. بالام ئەزىمەت، دادىڭىز غوپۇر نىيازنىڭ خېتى سىزنىڭ
بالىلىق پاجىئەلىرىڭىزنىڭ ھەقىقىي داستانى! مۇمكىن بولسا بىر
كۆرۈپ قويسىڭىز زەرەرلىك ئەمەس. قالدى تەپسىلاتلارنى ھېك-
مەت، كامىل، ماھىگۇل، نەبىلەر سۆزلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار
سىلەر ئىككىڭلارنىڭ بارلىق قىسمەتلىرىڭلارنىڭ ھەقىقىي شاھىد-
لىرى. . . »

ماھىگۇل خەتنى ئېتىكىگە يېيىپ قويۇپ، بېشى مەيدىسىگە
چۈشكەن ھالدا جىم ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە ئۆزۈنىغىچە
ئۇنچىقمىدى. ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان گۇلچىنئايىنىمۇ ئۇنتۇپ
قالغاندەك قىلاتتى. بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىپادىسىزلا
كۈلۈپ قويدى:

— گۇلچىنئاي، خەتتىكى بەزى سەھىپىلەرنىڭ تېگىگە
يېتەلمىگەنلىكىڭىز راست، — ماھىگۇل ئېغىرلىشىپ قالغان با-
دام قاپاقلىرىنى لەپپىدە كۆتۈردى، — مەن ھېكمەتكامنىڭ ئال-
دىدا چوڭ بولغان سىڭلىسى ھەم ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىسى بولغان-
لىقىم ئۈچۈنلا ئۇ مېنى «كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ ئۇرۇمچىگە
ئەۋەتىۋەتكەن.

— نېمىشقا ئەمدى، ياخشى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق ھەيدىۋەتسە
بولامدۇ؟ — گۇلچىنئايىنىڭ چىرايىدىن سادىدىلىق چىقىپ تۇ -



راتتى، — ئۆزى ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىسىنى، ئايالى ئۆلۈپ كەتسە
ئاچىسىنى ياكى سىڭلىسىنى ئالىدىغان ئىشلار بارغۇ.

— ھېكمەتكام ئۇنداق قارىمايدۇ، ئۇ مۇسۇلمان
ئەخلاق - مىزانلىرىغا تولىمۇ ئىتائەت قىلىدۇ. سىڭلىم دېگەن
ئىبارە دىلىغا، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق ئۇنى خوتۇنۇم
دېيىشكە، ئۆزى ساۋاق بېرىپ پەزىلەت يولىغا باشلىغان شاگىر-
تىنى ئىشق كوچىسىغا باشلاشقا ئۇنىڭ دىيانىتى يول قويمايدۇ.

— تۇۋا، ئەجەب ئادەملەر بار - ھە، — كۆڭلىدىكى ئەقى-
دە ئېتىقادقا ئايلىنىپ كەتكەن گۇلچىنئاي ئۆزىگە ئۆزى سۆزلە-
ۋاتقاندەك ئاستا پىچىرلىدى، — مەھبۇبە ئاچام ئۆلۈپ كەتكىلى
بىر يېرىم يىل بولۇپ قاپتۇ، ئاراڭلاردا بۇ توغرۇلۇق بىرەر
گەپ - سۆز بولۇنمىدىمۇ؟

— مۇمكىن ئەمەس، — ماھىگۇل ئاچچىققىنا
كۈلدى، — ھېكمەتكام ئامىنە دېگەن ئىسكىرىپكىچى قىزدىن
ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاچام گۇلزىبانى چىن دىلىدىن سۆيۈپ
تۇرۇقلۇق نەچچە يىلغىچە ئېغىز ئاچمىغان.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— بۇ ئۇنىڭ مىجەزى، ئېھتىمال شاخ سانايدىغانلاردىن
بولۇپ قالماي دەمدۇ، بىلمىدىم، — ماھىگۇلنىڭ كەيپى سەل
ئۆرلەپ قالدى، — بۇرۇن ئۇنىڭ مۇئامىلىسى خېلى ياخشى ئى-
دى. لېكىن، مەھبۇبە ئاچام تۈگىگەندىن كېيىن ماڭا ئانچە
قايىقمىنى ئاچمايدىغان بولۇۋالدى، ھەتتا ئۆيۈمگىمۇ كەلمەيدۇ.
شۇڭا كامىل ئاكام: «ھېكمەتنىڭ مىجەزىنى بىلگەندىكىن، ئۆزد-
ڭىزنى تارتىپراق يۈرۈڭ» دەپ مېنى ئەسكەرتتى. سىز بىلمەي-
سىز، ئۆمرۈمدە خاتا ئالغان بىر قەدىمىم مېنى بۇ گۇنكى كۈن-
لەرگە قويغان.

ماھىگۇل كۈنداشلىق ھەم رەشك ئازابىدا يازغان خېتى
سەۋەبىدىن ئون يەتتە يىلدىن بېرى تارتقان خورلۇقلىرىنى،

ئىنىسى نەبىدىن ئاڭلىغان تىل - ھاقارەتلەرنى، كامىلنىڭ ئاچ-
چىق تەنبىھلىرىنى، ھەتتا كۆرەش مەيدانىدا قانغا بويىلىپ ھو-
شىدىن كەتكەن ھېكمەتنى دوختۇرخانىدا ئالتە كۈن بېقىپ، بىر
ئېغىز گېپىنى ئاڭلىيالمىغانلىقى قاتارلىق جەريانلارنى سۆزلە-
ۋاتقاندا كۆز ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈپ تۇردى. گۈلچىنئاي
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. «نې-
مىدېگەن بەختلىك... نېمىدېگەن ئامەتلىك» دېگەن سۆزلەرنى
قىلغىنىغا يۈزى قىزاردى. دېمىسىمۇ شۇنچە يىل ئۇرۇق -
تۇغقانسىز، دوست - يېقىنلارسىز، بىر كىمگە گەپ قىلماي،
بىر ئۆندە، بىر تۈندە ياشاش تۈرمە ئازابىدىنمۇ يامانغۇ! ئۈرۈم-
چى، بېيجىڭ، موسكۋالاردا ئوقۇپ يات يەرلەردە مۇساپىرچىلىق
تارتىۋاتقان بىر ئاجىزەنى ھېچكىم ياد ئەتمىسە، بىرەر پارچە خەت
كەلمىسە، ھالىڭ نېچۇك دېگۈدەك ئادىمى بولمىسا، ھەرقانچە
دەۋر - دەۋرانلارنى سۈرۈپ كەتسىمۇ بۇنداق ھايات پانىيدىكى
دوزاخقۇ!

— سىز مېنى «نېمىدېگەن بەختلىك، نېمىدېگەن
ئامەتلىك» دېدىڭىز، — ماھىگۈل ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسى-
رىدى، — بىلەمسىز، مەن ئۈچۈن مىسىرنىڭ شاھلىقىدىن
كەنئاننىڭ گادايلىقى ياخشى، نېمە قىلىمەن بۇنداق دەپنە -
دۇنيانى! ماددىي بايلىق روھىي ئاچلىق ئورنىنى باسالامدۇ؟
كۆڭلۈمدىكى پۈخلىرىمنى تۆكۈپ بىرەر دەقىقە مۇڭدىشالايدىغان
سىرداشقا ھەممە مەئىشەتلىرىمنى، سۆيگەن كەسپ، بىلىملى-
رىمنى تېگىشىپ ئۆزۈم ئەسكى كەپىدە ئولتۇرۇشقا رازى
ئىدىم، — ماھىگۈل «ئۇھ» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوي-
دى، — كۆڭلۈم ئېچىلارمىكىن دەپ ئۆيلىرىمنى ياساپ قوي-
دۇم، لېكىن بۇ چوڭ ئۆيلەردە كېپىنەكتەك لەيلەپ قېلىپ
يالغۇزلۇقۇم تېخىمۇ بىلىنىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ھېكمەت
ئاكام نەبىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ۋارقىراپ -



جارقىراپ يۈرۈپ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىمىزنى تىكلەپ قوي-
دى، بولمىسا مەن بۇ چاغقىچە ساراڭ بولۇپ قالاتتىممىكىن دەپ
ئويلايمەن. شۇڭا، بىرەر كىم كېلىپ قالسا، ئۆيۈم ۋاراڭ -
چۇرۇڭغا تولسا ئىككى دۇنيا شادلىقىغا چۆمۈپ، قويغان -
تۇتقىنىمنى بىلمەيلا قالىمەن. مۇشۇنداق بىر روھىي قەلەندەرنى
«بەختلىك، ئامەتلىك» دېگىلى بولارمۇ؟! توۋا، سىزگە ئەجەب
ئىچ - باغرىمنى تۆكۈپ كەتتىم - ھە! بوپتىلا، بۇنداق غەنىيمەت
پۇرسەت ماڭا ئەمدى نەدە دەيسىز، سىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدى-
ڭىز، مېنى توغرا چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن، — ماھىگۈل قى-
زىرىپ يەرگە قارىدى، — توغرا، مېنىڭمۇ خۇش ئۆتكەن چاغلى-
رىممۇ بولغان، ئۇ بولسىمۇ ھېكمەت ئاكامنى يوقلاپ يېڭىئېرىق
سۇ ئامبىرىغا كىرگەن، مەكتەپتە ئۇنىڭ كىر - قاتلىرىنى
يۇيۇپ، بىر - بىرىمىزگە ھەمقان بولۇشقان، مۇڭداشقان ئاشۇ
غەلىيانلىق دەۋرلەر ئىدى. كېيىن مەن ھېلىقى لەنتى خەتنى
يېزىپ ھېكمەت ئاكامنىڭمۇ، ئۆزۈمنىڭمۇ يۈرىكىگە ساقايماس
جاراھەت قالدۇردۇم. 70 - يىللاردا مەن خوتەنگە بېرىپ ئۇنى
يوقلىدىم، لېكىن ئۇ مېنى مىنبەڭلار ئالدىدا: «تونۇمايمەن»
دېدى. كامىل ئاكام بولسا: «سىزنى ئۆستۈرگەن باغۋەنىنىڭ قو-
لىغا گۈل بەرمىدىڭىز، باغرىغا تىكەن سانجىدىڭىز، يۈرىكىنى
لەختە - لەختە قان قىلدىڭىز. ئەمدى ھېكمەت ئۆمرىنىڭ ئاخى-
رىغىچە بىر قېتىم كەچۈرسە بەخت - تەلىيىڭىز» دېدى. كامىل
ئاكام توغرا ئېيتىپتىكەن، ئۇ مېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ، بۇ
ماڭا ئايان، — بىر ئىش ئېسىگە كەلگەن ماھىگۈلنىڭ كۆزلىرى
بىردىنلا يورۇپ كەتتى، — توۋا، بەخت يۇلتۇزۇم چاقنىغان،
ئەمما دەقىقە ئارىلىقىدا يېنىپ ئۆتكەن ئاشۇ بىر كۈننى زادىلا
ئۇنتۇيالمايمەن. ھېكمەت ئاكامنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چى-
قىپ گۇندىخانىغا سولايدىغان چېغىدا، ئۇ مېنىڭ يۈزلىرىمنى
ئالىقانلىرىغا ئېلىپ پېشانەمگە سۆيدى، ئاندىن: «خۇدا-

يىم بەخت ـ تەلىيىڭىزنى بەرسۇن. . . » دەپ تىلەك تىلىدى.
مەن ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ قايتا كەچۈرۈم سوراپ بولغۇچە
گۇندىخانىنىڭ ئىشىكىگە يوغان بىر قۇلۇپ سېلىندى. . . ئاھ
خۇدا، — ماھىگۇلنىڭ كۆز جىيەكلىرى سۇپسۇزۇك ياشلار بى-
لەن تولدى، — تەقدىر ـ قىسمەتلىرىڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي،
ئاجىز بەندىلىرىڭنى قىينايدىغان تارازا ـ مىزانلىرىڭنى دەيمۇ!
تېخى دوزاخ، پىلسىرات كۆۋرۈكلىرىڭ بىلەن قورقاق سېلىشلى-
رىڭچۇ! . . . ماڭا ھەممىسى بەرىبىر، پانىيدا كۆرگەن دوزاخ،
ئازاب كۆۋرۈكلىرىمۇ يېتىپ ئاشار! . . .
ماھىگۇلنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى گۇلچىنىئايغا پەقەتلا ياقمى-
دى. ھەركىم كۈيۈر ـ كىبىرلىرى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ دىشۋار-
چىلىقلىرىغا قېلىپ ھېسابىنى بېرىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇ مۇشۇن-
داق دېيىش بىلەن ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولغاندۇ. بىراق،
تەڭرىتائالاغا شەك كەلتۈرۈش ئارقىلىق بەھرۇل ـ نىجادقا يەت-
كىلى بولامدۇ؟
— ماھىگۇل ئاچا، ئاللاغا دوق قىلىشىڭىز زادىلا بولمى-
دى، — دېدى گۇلچىنىئاي تاقەت قىلالماي، — بۇنداق قاباھەت
ھاقارەتلەر ئىمانى سۇس، دىلى قارا ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن
چىقىدۇ.
— كەچۈرۈڭ گۇلچىنىئاي، ھاياتىمدا بولۇپ ئۆتكەن خور-
لۇقلار تۇپەيلى ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ.
ماھىگۇل دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ گۇلچىنىئايدىن كە-
چۈرۈم سوراۋاتقان مۇشۇ پەيتتە نەبى بىلەن ئەزىمەتمۇ ئۇخلىمىغا-
نىدى. ئۇلار دىلنار مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىپ بەرگەن
ئورۇنلىرىدا ياستۇقلىرىغا جەينەكلەپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىش-
لار ھەققىدە مۇڭدىشىۋاتاتتى. نەبى ئاچىسى گۇلزىبا توگىگەندىن
كېيىنكى ۋە بالدۇرقى كەچمىشلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلىدى.
ئەزىمەتنىڭ يىتۇپ كېتىش جەريانلىرى، ھەتتا گۇلرۇزنى قانداق


ئېتىۋەتكەنلىكتەك پاجىئەلەرمۇ قالمىدى. ئەزىمەت ئاكىسى نەبى-
نىڭ ئىككى يىل ئۈرۈمچىدە بالا ئىزدەپ تىلەمچى بولغانلىقىنى،
دادىسى ھېكمەتنىڭ ئەندىر دەريا بويلىرىدىن يالاپ ئېلىپ كېلىن-
گەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر مەزگىل سەۋدايى بولۇپ قالغانلىرىنى
ئاڭلاپ ئاچچىق ياشلارنى تۆكتى. ئۆزىنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈر-
لۈك ھەم ياشلىق يىللىرىدىكى خاتىرىلەرنى، ئۆتكۈزگەن سەۋەن-
لىكلىرىنى يوشۇرماي سۆزلىدى.
— دادام غوپۇر نىيازنىڭ يازغان خېتى ماڭا يېڭىلىق
ئەمەس، نەبى ئاكا، — دەپ باشلىدى ئەزىمەت، — ھازىرمۇ ئۇ
ئىشنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن. بۇ خاتىرە گويا قويۇق تۇمانلار
ئىچىدىكى گۇڭگا سىمادەك كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. يەتتە ـ سەك-
كىز ياشلار چاغلىرىم بولسا كېرەك، مەن دادامدىن: «بىز يىراق
بىر يەردىن ئېشەككە مىنىپ كەلگەن ـ ھە؟» دەپ سورىشىمغا،
دادام بىلەن ئانامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بىر ـ بىرىگە قارى-
شىپ قالدى. ئۇلار: «بىز سېنى دادالڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئاناڭ-
نىڭ ئۆيىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن. بۇنداق گەپلەرنى كوچا ـ
كويلاردا دەپ يۈرمىگىن» دەپ نەسىھەت قىلىشتى. كېيىن ھېك-
مەت دادام قىزى ئۇچقۇنئاينى ئىزدەپ لوپقا باردى. مەن ئۇنىڭغا
بىر كۈن ھەمراھ بولدۇم. نېمىشقىكىن، مۇشۇ ئۇچرىششتىن
كېيىن دادام بىلەن ئانام مېنى ئوقۇشتىن قالدۇرۇپ كېرىيىگە
ئېلىپ كەتتى. ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قايتىپ كەلدۇق.
1981 ـ يىلى ئانامنى ئۈرۈمچىگە داۋالاتقىلى ئاپىرىپ، مەن
كۆرۈمسىز بىر ياتاقتا ئاجايىپ سىرلىق چۈش كۆرۈپ
«دادا! » دەپ جۆيلۈپ تۇرۇپ كەتتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ دادام
غوپۇر نىيازنىڭ قولى تىترەيدىغان، بېشى توختىماي گىلدىڭلاي-
دىغان، بىر يەرگە قارىسا قوزغالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئانام
ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، دادام مېنى تۇيۇقسىز كېرىيىگە ئې-
لىپ كېتىپ يەنە ئوقۇشۇمدىن قالدۇردى، — ئۇڭدا يېتىپ

سۆزلەۋاتقان ئەزىمەت يانغا ئۆرۈلۈپ نەبىگە قارىدى، — مەن ئو-
قۇشتا چېكىنىپ ئۇچقۇنئاي بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇپ قالدىم.
بۇ تەرەپتىكى ئىشلارنى ئاڭلىدىڭىز. بىراق، ئۇچقۇنئاينىڭ
ھېكمەت دادامنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دادام-
نىڭ مىجەزى ھېچ كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە سەپرا بولۇپ كەتتى.
كېچىلىرى نېمىلەرنىدۇر دەپ نالە قىلاتتى. تەرەت ئېلىشقا چىق-
سا باشلىرى گىلدىڭلاپ، قوللىرى توختىماي تىترەپ چۆگۈندى-
كى سۇنىڭ ئاياغلىرىغا تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى تۇيماي بىر يەرگە
قادىلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى شۇنچىلىك دەرىجىگە يەت-
تىكى، ھېكمەت دادامنى سۇيىقەست ئىشلىتىشتە ئەيىبلەپ تۆھ-
مەت قىلدى. مەھبۇبە ئاچام «سوتقا ئەرز قىلىمەن، بۈگۈنلا
ھېكمەتكە تېلېفون بېرىپ ئەكەلدۈرىمەن» دەپ كەتكەندىن كې-
يىن، دادام قورۇنى ھەپتە ئىچىدە سېتىپ، مېنى قارىقاش قارا
سايدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. مەن قېچىپ
كەتمەكچىمۇ بولدۇم، لېكىن سەكسەنگە ئۇلاشقان تەنھا بوۋاينىڭ
ئاھ - زارلىرى مېنىڭ يۈرەكلىرىمنى ئۆرتىۋەتتى، — ئەزىمەت
تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى، — بىر
كۈنى تۇغقىنىمىزنىڭ دادامنىڭ قۇلىقىغا ۋارقىراپ (ئۇ چاغلاردا
دادامنىڭ قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى) : «شۇنداق، كېتىپ-
تۇ، ھەممىسى كېتىپتۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.
شۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ يورۇڭقاشتا ئولتۇراقلىشىپ
قالدۇق. مەن دادۈينىڭ تراكتورىنى ھەيدىدىم، كېيىن مېنى
گوڭشى تراكتور زەنگە يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى.

ئەزىمەت نۆۋەر چاغلىرىدىكى بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىش-
لەرنى ئاستا ھەم مۇڭ بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى. سۆزلىگەنسې-
رى ئۆپكىسى ئۆرلەپ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا توختاپ قالاتتى.
نەبىمۇ كىچىككىنە گۆدەكنى ئالىقانلىرىدا قىسىپ ئوينىتىۋاتقان
تەقدىرىي ئەزەلگە ئەقلى يەتمىگەن ھالدا ھەيران بولۇپ ئېغىر



خورسىناتتى. بىراق، ئەزىمەتنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىدىن جىد-
دىيلەشكەن نەبى ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى.

غوپۇر نىياز يورۇڭقاشقا ئورۇنلىشىپ ئىككى ئايمۇ ئۆتمە-
دى بولغاي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ باقىيغا رەھلەت
قىلىش سەپىرىنىڭ بەكمۇ يېقىن ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى.
قۇرۇغان ساپسېرىق، قىزغۇچ، قوڭۇر ياپراقلار ئۆرۈك چېچەك-
لىرىدەك تۆكۈلۈپ، يوللار، باغلار زەپىران خازانلار بىلەن
كۆمۈلۈۋاتقان بىر كېچىسى ئامانەتنى ئاللاغا تاپشۇرۇش ئالدىدا
تۇرغان غوپۇر نىياز سەكراتقا چۈشۈپ قالدى.

— بالام، ئارتۇقچە ياش تۆكمە، جان خۇدانىڭ، تەن
يەرنىڭ، مەن تەييارلىنىپ بولدۇم، — دېدى ھاسىراپ تۇرغان
غوپۇر نىياز ئەزىمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — مەن گۇناھقا پاتقان
ئادەممەن، كېتىش ئالدىدا بىر سىرنى ئاشكارىلاشنى مەقبۇل
كۆردۈم. سەن بۇنى «ئۇ دۇنيانىڭ سوئال - سورىقىدىن، لەھەت-
نىڭ ۋەھشىيىتىدىن قورقۇپ شۇنداق قىلدى» دەپ ئويلاپ قال-
ما. بۇ سىر مېنى بىر ئۆمۈر ئەزرائىلنىڭ زۇلمىدىن بەكرەك
قىيناپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن باقىيدىمۇ تارتقۇلۇقۇم بار. مەن
سېنى ئۆز ئاتاڭدىن، يەنە كېلىپ بۇ يۇرتتا تېپىلىدىغان ھېچنې-
مىسى يوق مۇساپىردىن ئايرىۋەتكەن ئىمانسىز مەلئۇنمەن!

— دادا، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ بۇ قانداق مۇمكىن
بولسۇن، — دېدى ئەزىمەت بوۋاينىڭ قۇلىقىغا، — مېنىڭ دادام
تۇرسۇنتوختى تۇرسا.

— گۇناھ ھەم جىنايەت نەق مەشەدە، بالام، — بوۋاينىڭ
كۆزلىرى بىر ئېچىلىپ - بىر يېپىلىپ تۇراتتى، — مەن سېنى
ئىككى يېرىم ياشقا تولمىغان ۋاقتىڭدا بىر پاخماچاچ قىز بالىدىن
سېتىۋالغان!

ئەزىمەت ئۇنتۇلۇشقا ئۈلگۈرگەن، بىراق يىللار توزانلىرى
تامامەن كۆمۈۋېتەلمىگەن بەكمۇ گۇڭگا بىر كۆرۈنۈشنى ئەسكە

ئالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنى دەس كۆتۈرۈپ ئېشەك ئالدىغا ئېلىپ بەرگەن بىر سېرىق چىراي ئايان بولغانىدى.

— سەن ئون ياش ۋاقتىڭدا، قىزىنى ئىزدەپ كەلگەن ھېكمەت ئاكاشنى ئۇزۇن يىللارغىچە ئۇنتۇيالمىغانىدىڭغۇ؟

— شۇنداق، دادا، ئۇ ئادەم ھېلىھەم كۆڭلۈمدە چىراغدەك يورۇپ تۇرىدۇ.

— ئەلۋەتتە، بالام، چۈنكى خۇدا كۆڭلۈڭگە سالغان، — بوۋاي بىر پەس جىمىپ قالدى، — مانا ئاشۇ ئادەم سېنىڭ داداڭ بولىدۇ!... ماڭا ئۇنداق چەكچىيمە، راست دەۋاتىمەن، سەن ئۇنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگەن ئوغلى... سېنىڭ ئەسلى ئىسمىڭ ئەزىمەت...

— دادا!... بۇ... بۇ، ياق... سىز قېرىلىقتىن ئالجىپ قاپسىز، — ئەزىمەت بېشىنى قاماللىغىنىچە ئۆي ئىچىدە پىرقىراپ كەتتى، — ئۇنداقتا مەن...

— توغرا، بالام، سەن ئۇچقۇنئاينىڭ ئاكىسى بولىسەن...

— ۋاي خۇدا!... بۇ قانداق شۇم تەقدىر... نېمىدېگەن رەھىمسىز رېئاللىق... مەن... مەن نېمە بولدۇم؟! — ئەزىمەت قوللىرىنى سىلكىپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىماقتا ئىدى، — سىز نېمىشقا بۇنى مەندىن يوشۇرغان؟ دېگەن بولسىڭىز سىزنى تاشلاپ كېتەرمىدىم. سىز مېنى بېقىپ شۇ دېمەتلىك قىلمىقىڭىز ئاسانمۇ؟! خۇدادىن قورقسىڭىز بولمامدۇ؟! مېنىڭ بۇ رەسۋاچىلىقلارنى قىلىشىمغا كىم سەۋەبكار؟!

— مەن، بالام، مەن... شۇڭا دەۋاتىمەنغۇ گۇناھكارمەن دەپ، سېنىڭ مېنى تاشلاپ كېتىشىڭدىن، قېرىغان چېغىمدا قېرى يېتىم بولۇپ قېلىشىمدىن قورققانىدىم.

— مەن شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ دادا، ھەي ئىسست، ھەي



ئىسست، ئۆمرۈم بويى كۆز ياشلىرىمدا يۇيۇپ تۈگىتەلەرمەنمۇ بۇ گۇناھلىرىمنى!

— بالام، سەندە گۇناھ يوق، ھەممە گۇناھلارنى مەن يۈدۈپ ئېلىپ كېتىمەن، — بوۋاينىڭ ئامۇت گۈلىدەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن ئۇزۇن ساقاللىرى ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتتى، — بالام، ياستۇق تېگىدە بىرنەرسە بار، ئالغىن.

ئەزىمەت تىترىگەن قوللىرىدا تومپايغان بىر خەتنى سۇغۇرۇۋالدى. بۇ غوپۇر نىيازنىڭ ھېكمەتكە يازغان خېتى ئىدى.

— بالام، بۇ خەتنى ھېكمەت ئەپەندىنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرغىن. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاچىما ھەم باشقىلارغا كۆرسەتمە، — بوۋاينىڭ ئاۋازى پەيدىنپەي ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى، — ھېكمەت ئەپەندىم بۇ تۇۋا-ئىستىغپارىمنى كۆرسە، ئەجەب ئەمەس كەچۈرۈۋەتسىمۇ...

— ئەمدى... ئەمدى مەن قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن. مېنى ئۆز دادامدىن، قېرىندىشىمدىن شۇنچىلىك يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن زادى كىم؟ — ئەزىمەت دېرىزە ئالدىدا بوۋايغا ئارقىسىنى قىلىپ قوللىرىنى سىلكىدى، — ئەمدى يۈزۈمگە نىجاسەت سۈۋاپ، دادام ھەم سىڭلىم قېشىغا بارايمۇ؟! ئۇنىڭدىن كۆرە تىرىك يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالغىنى مىڭ مىراتەم ياخشىغۇ!

بارلىق گۇناھ، جىنايەتلەرنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ چىققان ئەزىمەتنىڭ ئاخىرقى سۆزى، ئەجەل ياقىسىنى سوغۇق قوللىرىدا سىقىپ تۇرغان غوپۇر نىيازنى مىڭ پاتمان ئۇمۇت بىلەن ئۇرغاندەك بىلىندى، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك بۇژۇلداپ قايناپ چىقتى-دە، ئۇزۇن ساقاللىرى تىترىگىنىچە تورۇسقا قاراپ قېتىپ قالدى...

بوۋاي قازا قىلىپ بىر-ئىككى ئاي ئۆتكۈچە ئەزىمەت

خەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۇنى نومۇس كۈچى ھېكمەت، مەھبۇبە، ئۇچقۇنئايلار بىلەن يۈز كۆرۈشكە يول قويمىدى، شۇنداقتىمۇ بوۋاينىڭ روھىنى خۇش قىلمىسا بولمايتتى. شۇڭا، ئەزىمەت خەتنى مەھبۇبەنىڭ قورۇسىغا تاشلاپ قويۇش ياكى بىرەر بالىدىن كىرگۈزۈپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىر كۈنى تونۇش قورۇ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ تەلىيىگە ھېكمەت ئايالى مەھبۇبە، قىزى ئۇچقۇنئايلارنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەنىدى.

— ئۇنداقتا مۇراتكامنىڭ قىزى گۈلچىنئاي بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭ؟ — سورىدى نەبى، — بۇ قاچانلاردا بولغان ئىش؟

ئۇ چاغلاردا توي - تۆكۈنلەر تويى بولغان قىزنى ئات، ئېشەك ھارۋىلاردا كۆچۈرۈشتىن تراكتورلاردا كۆچۈرۈشكە تەرەققىي قىلغان دەۋرلەر ئىدى. بىر كۈنى ئەزىمەت تراكتوردا يورۇڭقاشلىق ئەر - ئاياللارنى توي كۆچۈرۈش ئۈچۈن خوتەن شەھەر كابۇل مەھەللىسىگە ئېلىپ كەلدى. توي چوڭ قورۇنىڭ گۈللۈك ھويلىسىدا ناھايىتى قىزىپ كەتتى. ئەزىمەت تراكتورنى كوچىدا توختىتىپ قويۇپ، بىر تۈپ غەزىمەت ئالمىغا يۆلەنگىنىچە ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ناخشا - سازلىرىنى ئاڭلىدى. مەيداندا ئۇسسۇل قىزىماقتا ئىدى. يورۇڭقاشتىن كەلگەن قىزلارنىڭ بىرى تۇيۇقسىزلا ئەزىمەتنى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئۇ ئاستىلا ئارقىغا قاچماقچى بولۇۋىدى، باشقىلار ئۇنى سۆرەپ - ئىتتىرىپ مەيدانغا چۈشۈردى. ئەزىمەت ئۇسسۇلنى بەكمۇ چىرايلىق ئوينايتتى. ئۇ پىرقىراپ - چۆرگىلەپ ئويناۋېتىپ قىز - چوكانلار ئىچىدە ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى. ئەسلىدە مەيداننى ئىككىلا پىرقىراپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئەزىمەت، بىردىنلا ھاياجانلىنىپ ئويناپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ



سەزمىدى. ئۇ ئاخىر ھېلىقى نازاكەتلىك قىزنى ئۇسسۇلغا تارتىپ مەيدانغا چۈشۈردى. ئىككىسى بېقىشىپ شۇنداق ئوينىدىكى، توي ئەھلى ئىختىيارسىز سۈرەن كۆتۈرۈپ، چاۋاكلار ياڭراپ كەتتى. قىز ئىزا تارتقىنىدىن يۈزىنى ئالىقانلىرىدا توسۇپ يۈگۈرگىنىچە ئۆزىنى سىرتقا ئالدى. ھاسىراپ ھەم تەرلەپ كەتكەن ئەزىمەت يەنە بىردەم تاماشا كۆرگەندىن كېيىن كوچىغا چىقتى. چۈنكى، ئۇ ئۇششاق بالىلارنىڭ تراكتورنىڭ ئۇيەر - بۇ يەرلىرىگە قول تەگكۈزۈشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. دېگەندەكلا بىر توپ بالىلار بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ تراكتور رولىنى ئوڭ - تەتۈر پىرقىرىتىپ ئويناۋاتاتتى، بەزىلىرى بولسا كوزۇپ ئۈستىدە ھە دەپ سەكرەشمەكتە ئىدى. ئەزىمەت ئۇلارغا ۋارقىراپ چۈشۈرۈۋاتقاندا، ئېرىق بويىدا قولياغلىقىنى يۇيۇۋاتقان ھېلىقى قىزنى كۆرۈپ قالدى. ئەزىمەت ئۇنىڭ قېشىغا قانچە بارغۇسى كەلدىيۇ، ئەيمىنىپ بارالمىدى، چۈنكى قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، سالاپەتلىك، ھۆسن كامالدا بەرقارار ئىدى. ئۇنىڭ قومۇش قەلەمدە تارتقاندەك تۈپتۈز قارا قاشلىرى، چوڭ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ تۇرغان بوستاندەك قېلىن كىرپىكلىرى، چاسىغا مايىل قىزىل يۈزى، ناۋات سۈيىدەك ئېقىپ چۈشكەن چىرايلىق بۇرنى، تومپىلاق ھال رەڭ لەۋلىرى ئۇنى شۇنچىلىك ئوماق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەزىمەت «تولا قاراۋەرسەم بېزەڭ بالىكەن» دەپ قالمىسۇن دېدىمۇ، تراكتورنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى سۈرتكەچ ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى. قىز ئورنىدىن تۇرۇشى «ئاپلا، كىرىپ كېتىدىغان بولدى» دەپ ئويلىغان ئەزىمەت بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي دېدى - دە: «يەنە بىر قەپەس ئوينىۋېتەمدۇق» دەپ بولۇپ، «ۋاي خۇدايىم، بىر سەتلىۋەتسە قانداق قىلارمەن» دېگەن ئەندىشە يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋەتتى. بىراق، قىز مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ: «سىز شۇنداق

چىرايلىق ھەم چاققان ئوينايدىكەنسىز، سىزگە تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن» دېدى. قىزنىڭ سۆزىدىن غەيرەتكە كەلگەن ئەزىمەت تراكتوردىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ قېشىغا ئەيمىنىپكىنە باردى.

— مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، — ئەزىمەت قىزنىڭ نومۇسچان كۆزلىرىگە قارىدى، — سىزنىڭ ئويىنىشىڭىزغا قارىغاندا، مېنىڭ ئويىنىشىمنى مەكتەپ بالىلىرىنىڭ گىمناستىكىسى دېسە بولىدۇ.

— ئەجەب قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، — قىز ۋىلىققىدە كۈلۈۋېتىپ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، — تراكتور ھەيدەمسىز؟

— شۇنداق، لېكىن ھازىر ماشىنا ھەيدەش كۇرسىدا ئوقۇۋاتىمەن، يېزىلىق ھۆكۈمەت يېقىندا ماڭا ماشىنا بەرمەكچى، ئىسمىم ئەنۋەر، سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىمدىن شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

— ۋاي - ۋۇي، خۇددى بەنجاڭغا دوكلات قىلغاندەك سايراپلا كەتتىڭىزغۇ، — قىز ئەزىمەتكە قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى، — ياكى مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى سورىمىسام.

— ئەمدى مەن دېگەندىن كېيىن سىزنىمۇ دەپ بېرەرمىكىن دەپ...

— شۇنىڭغا ئۆزىنى شۇنچە تونۇشتۇرۇش كېتەمدۇ، ئوۋدۇللا سوراۋەرسىڭىز بولمامدۇ؟ — قىزنىڭ تۈز مىجەزى گەپ - سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — ئىسمىم گۈلچىنئاي، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، تېخى بۇ يىل خىزمەتكە چىقتىم. ئەمدى قانائەت تاپقانسىز؟

— توختاڭا گۈلچىنئاي، — ئەزىمەت توي بولغان ھويلىغا كىرىپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى، — قىزغا ھەمراھ بولۇپ بارىدىغانلار قاتارىدا سىزمۇ بارمۇ؟



— بارغۇمغۇ بار، لېكىن كېچىدە قالسام يورۇڭقاشتىن قانداق قايتىپ كېلىمەن؟

— دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە مەن ئەكېلىپ قوياي.

— راستمۇ؟

— سىزگە يالغان ئېيتسام ماۋۇ توپىنى، — ئەزىمەت يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئالدى، — ئالدىڭىزدا كاپ ئېتىپ بېرەي...

نەبى ئەزىمەتنىڭ ساددا، سەممىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ گۈلچىنئايغا، ھەتتا سەئىدەگىمۇ «دادام بىلەن ئانام مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، مەن بوۋام، موماملارنىڭ قولىدا چوڭ بولغان» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېيتمىغانلىقى نەبىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى.

— سىز شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن نەبى ئاكا، — دېدى ئەزىمەت غەمكىن ھالدا، — باقما بالىنىڭ نامى ياخشى بولمايدۇ. بەزىلەر: «ھارامدىن بولغان بالىكەن، كوچىغا تاشلىۋەتكەن يەردىن تېپىۋاپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «دېۋانىنىڭ باقالماي قالغان بالىسىنى ئاسراۋاپتۇ» دېگەندەك جىق گەپلەرنى تېپىشىدۇ. بۇلارنى گۈلچىنئاي ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر، ئانام سەئىدە مېنى كۆيئوغۇل قىلىشقا ئۇنارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام ھېكمەت بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان تۇرسام...

تۇرمۇشتىكى بۇنداق نازۇك تەرەپلەرنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدىغان نەبى ئەزىمەتنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغاندا ئۇچقۇنئاي بىلەن بولغان نومۇسلۇق مۇناسىۋەتمۇ چۇۋۇلۇپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— بولدى ئۇكام، ئۇخلىغىن، ئەتە ئەتىگەن دوختۇرخانىغا بارىدىغان گەپ.

نەبى ئالىقانلىرىغا بېشىنى قويۇپ ئوڭدا ياتقىنىچە خىيالغا پاتتى. ھېكمەتنىڭ يىگىرمە يىللاردىن كېيىن ئوغلى بىلەن دىدارلىشىشى، ئەزىمەتنىڭ ئۆز ئاتىسىنى تېپىشى، گۈلچىنئاينىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ئەسلى نەسەبىنى بىلىشى قاتارلىقلار كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئىچىدە «خەيرلىك ۋىسال» دەپ ئويلىدى، ئەمما ئۇچقۇنئاي بىلەن ئەزىمەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار كۆڭلىنى خىرە قىلىپ «لېكىن. . .» دېدىيۇ، ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. . .



## ھەقدادىغا يەتمىگەن ۋىسال

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھېكمەت ئەپەندىم! ئەزرائىل بېشىمدا قاراپ تۇرغان، ئەجەل ياقىسىنى بوغۇپ ئامانەتنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر گۇناھكار قېرىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغايلا. ئۆزلىرىنىڭ بەكمۇ كېچىكىپ تەگكەن بۇ خېتىمدىن مېنى يەنە قارغاپ - تىللاشلىرى ماڭا ئايان. چۈنكى، ئۆزلىرى ئەينى يىللاردا مېنى تولا قارغاپ - تىللاپ خۇدادىن جازا بېرىشىنى كۆپ تەكرارلىغان ئىدىلە. مەن بۇ قارغاشلارنى سۈكۈت ئىچىدە تىڭشاپ ئولتۇرغان، ياق، دوزاخ ئوتىدا پۇچىلىنىپ ئاڭلىغانىدىم. چۈنكى سىلىنىڭ ئىمانسىز، دىيانەتسىز، قارا كۆڭۈل دەپ زارلانغان ئادەملىرى مەن ئىدىم، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمەيتتىلە. دۇنيادا بىراۋلارنىڭ يۈزۈڭدىن - يۈزۈڭگە مۇناپىقلىقىڭنى ئاشكارىلاپ، ئۇياتلىق ئەيىب - نۇقسانلىرىڭنى چۇۋۇپ سۆزلىگەن نالىلىرىنى ئاڭلاشتىنمۇ ئازابلىق ئىش يوقكەن. شۇنداقتىمۇ مەن سەۋر - تاقەت، شۈكۈر - قانائەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بۇ ئۆزۈمگە ئايان، ئۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا چاپلاشقان ئىپلاس گۇناھ تۇرسا! مەن ئۆزۈمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاقلىيالمايتتىم. ئاڭلا مەھشەر كۈنى، بىر مۇساپىر، بىقۇل ئاتا بىلەن ئانىسىز يېتىمنى زۇلۇم بىلەن ئايرىۋەتكەن گۇناھىمنى ئاللادىن قانداق تىلەشنىمۇ بىلمەيتتىم، يۈزۈممۇ، ئىمانىممۇ چىدىمايتتى. ئۆزلىرى تاڭ ئاتماس كېچىلەردە، شامۇ سەھەرلەردە گۇلزىبانىڭ قەبرە بېشىدا قان - قان يىغلىغان ئاشۇ تۈنلەردە مەنمۇ ئۇيقۇدىن بىدار ئىدىم. مېنى كۆزگە كۆرۈنمەس دوزاخنىڭ ئوتلۇق زەنجىرلىرى، يىلان - چايانلىرى چىرمىۋالغانىدى. كىچىك ئەزىمەتكە قارىساملا ئۇنىڭ ياش يۇقى نارەسىدە كۆزلىرى، ئۇمچىيىپ تالاغا تەلمۈرۈشلىرى مېنىڭ تېنىمنى پارە - پارە

قىلىپ، يۈرىكىمنى ھەرە كۆنىكىدەك ئۆتمۈتۈشۈك قىلىۋېتەتتى،
يېگەن تامىقىم زەھەر - زوقۇم بولۇپ تۇيۇلاتتى. بىراق، بەزى
كېچىلىرى ئاچچىق خىياللار ئىچىدىن خۇددى يىڭنە كۆزىدەك يەردىن
چۈشكەن نۇر مېنى بەزلەيتتى. ئۇ بولسىمۇ «ۋۇي، مەن گۇناھنى
ئۆزۈم ئۈچۈن قىلمىسام، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم تۇرسۇنتوختى ھەم
ئۇنىڭ ئىناق ئائىلىسىگە قىلغان ساخاۋىتىمغۇ» دەپ ئۆزۈمنى ئال-
دايتتىم، بەزلەيتتىم.

بىئەمدۇللا، ھېكمەت ئەپەندىم، مەن بۇ گۇناھلارنى راستىنلا
ئوغلۇم ئۈچۈن قىلدىم. بۇ يولدا ئۆزلىرىنى، نەبى ئىنىلىرىنى قان
يىغلاتقىنىم راست. ئوغلۇم تۇرسۇنتوختى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى
پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن قىزى بىلەن
توينى قىلىپ قويدۇق، بىراق ئايالى تۇغمىدى. ئانىسى ئىككىمىز
نەۋرە ئوتىدا كۆيۈپ پىشاتتۇق. ئاجراشتۇرۇۋېتەيلى دېسەك، ئوغلى-
مىز ئايالىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. شۇڭا تونۇش - بىلىشلەر-
نىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بالا بېقىۋالماقچى بولدۇق. بىز ۋىلايەت-
لىك دوختۇرخانىدا «ئاتىسىز تۇغۇلۇپ قالغان بالىلارنى ياكى تولىمۇ
نامرات، ئۇششاق بالىلىرى كۆپ بەزى دېھقان ئاياللىرى ئازراق ھەق
بەرسىلا يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى بېرىۋېتىدىكەن» دېگەن گەپنى
ئاڭلاپ بىر ئايدەك يول ماڭدۇق. بىر كۈنى چىرايى ئاق سېرىق،
پاخماق چېچىنى ئۆرۈمەي قويۇۋەتكەن بىر قىز دوختۇرخانا ھويلىسى-
دا مېنى ئارقامدىن چاقىردى ۋە بۈك دەرەخلەر سايىسىدىكى ئورۇن-
دۇققا باشلاپ كەلدى. ئۇ ئەتراپقا ئوبدان بىر سەپسېلىپ قارىغاندىن
كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— سىلىنىڭ بالا بېقىۋېلىش كويىدا يۈرگەنلىكلىرىنى ئاڭ -
لىدىم، — دېدى قىز پەس ئاۋازدا، — ئاچام تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەت-
كەن، ئۇنىڭ ئوغلىنى بېقىپ ئىككى يېرىم ياشقا كىرگۈزدۈم.
بالىنىڭ دادىسى بولسا ئوغرىلىق ھەم بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بىلەن
قولغا ئېلىنىپ ھازىر تۈرمىدە. مېنىڭ ئاتا - ئانام يوق، ئۆزۈم
قۇرۇلۇشلاردا ئىش تاپسام قىلىمەن، بولمىسا خەقلەرنىڭ كىر -
قاتلىرىنى يۇيۇپ جېنىمنى باقىمەن.

— قىزىم، بالىنى بېقىۋالسىلا، دېمەكچىمۇ سىز؟ — سورى-



دىم مەن، — كېيىنچە دادىسى تۈرمىدىن چىقىپ قالسا غەلىۋە قىل-
ماسمۇ؟

— بالىنىڭ دادىسى يىگىرمە يىللىق كېسىلگەن، — دېدى
قىز دەرھاللا، — مەن يېقىندا تۈرمىگە بېرىپ بالىنى بېقىش جەريا-
نىدا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۇ: «بالىنى
بىر كىمگە سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىدا قەرزىڭنى تۆلەڭ» دېدى. ماڭىمۇ
نېمە ئامال، گېلىمنى باقالماي تۇرسام، بىر بالا دېگەن ئېغىر يۈك
ئەمەسمۇ؟ پەقەت قەرزىمنى تۆلىگۈدەك پۇل بەرسىلە بولىدۇ.

— نەچچە پۇل؟

— تۆت يۈز سوم قەرزىم بار.

— ئالالمىغۇدەكمەن قىزىم، مەندە ئارانلا ئىككى يۈز سوم
پۇل بار.

— بۇ دېگەن پوق - سۈيدۈكىدىن ئايرىلغان بالا تۇرسا، ئەگەر
يېڭى تۇغۇلغان بالىنى باقسىلا ئىككى يېرىم ياشقا كىرگۈزگىچە
قانچىلىك چىقىم ھەم جاپا كېتىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، بالام. لېكىن، بار پۇلۇم شۇ تۇرسا، —
مەن سومكامنى ئاچتىم، — بۇ بىر كۆڭلەكلىك دۇڭپاڭلى ھەم
تامباللىق چىبەرقۇت، بۇنىڭغا ئىككى بولاق قەنتنى قوشۇپ بەرسەم
رازى بولارسىزمۇ؟

سېرىق قىز ئۆزۈن جىممىپ كېتىپ شاپپىدە ئورنىدىن تۇردى.

— مەيلى، ئۆزلىرى شۇنداق دەۋاتقاندىكىن، ئەمىسە بۈگۈن
كەچتە دوختۇرخانا ئالدىدا ساقلىسىلا، ئەگەر بىرەر ئىشىم چىقىپ
قېلىپ كېلەلمىسەم ئەتە ئەتىگەندە چوقۇم بالىنى ئېلىپ كېلىمەن.

سېرىق قىز شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرۇش بىلەن بالىنى كۆتۈرۈپ
كېلىپ ئېشەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەردى - دە، پۇل ھەم رەختلەرنى
سومكىسىغا پۇرلاپ سېلىپ شۇ ھامان كۆزدىن غايىب بولدى.

ھېكمەت ئەپەندىم، مەن بالىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەزىمەت ئىكەنلىكى، «دادام كىتاب ئوقۇي-
دۇ» دېگەن سۆزىدىن سىلىنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكلىرىنى، ھەتتا
نەبى ئىسىملىك بىر ئاكىسىنىڭ ھەم مومىسىنىڭ بارلىقىدىنمۇ خە-
ۋەر تاپتىم. شۇندىلا مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدانغانلىقىمنى بىلدىم، ھىلە-

تى پاخما چاچ قىزنىڭ بالىنى ئوغرىلاپ ساتقانلىقى مەلۇم بولدى.
بىر كۆك تىرناق نارەسىدىنى ئاتىسىدىن، شاپائەتچىلىرىدىن ئايرىپ،
ئۇنىڭ نالە - پىغانلىرىنىڭ تەخسىراتىغا كېتىش مەندەك بەش ۋاخ
نامازنى قازا قىلماي ئۆتەيدىغان خۇدانىڭ رايىش بەندىسى ئۈچۈن
بەكمۇ گۇناھلىق ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا كۈندىن -كۈنگە
جۇدەپ، كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئانىسى بىلەن ئىككىمىز سەللا
خالىزىم بولۇپ قالساق، ئەزىمەت دەرۋازا بوسۇغىسىدا ئېڭەك قوشـ
تۇرۇپ ئولتۇرغىنىچە كوچىلاردىن كۆز ئۈزمەيدۇ. قايتۇرۇپ ئەـ
كىرمەكچى بولساق «دادام كېلىدۇ، نەبى ئاكامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاـ
دىم» دەپ نالە قىلىدۇ. بالىنى ئېلىپ كەلگەننىڭ ئىككىنچى كۈنىـ
مۇ، ئۈچىنچى كۈنىمۇ، ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، تولا يىغلاپ
بىئارام بولۇپ كەتكەن ئەزىمەتنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئاغرىپ قالـ
دى. بۇنى كۆرگەن ئوغلۇم تۇرسۇنتوختى ئاچچىقلاپ:
— ئانا، دادا، بىر ئىشلارنى بىلىپ قالغان بالىنى سېتىۋېلىپ
ئۇنىڭ ئوت ئۇۋۇلىغا قالامسىلەر، غۇبارسىز نارەسىدىنىڭ ئاھ -
زارى سىلەرنى تۇتماسمۇ، ھازىر بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى نېمە بولۇپ
كېتىۋاتقاندۇ؟ مەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كېتىپ يېرىم يىل بولار -
بولماي «سېغىنىپ كەتتۇق، كۆزىمىزدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭ» دەپ
بارغىنىڭلار ئېسىڭلاردا باردۇ؟ — دەپ كايىپلا كەتتى.

ھېكمەت ئەپەندىم، مېنىڭ بۇ ئازابلىق جەريانلارنى سۆزلەپ،
قەستەن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى پاراكەندە قىلىش ھارام نىيىتىم
يوق. پەقەت ئۆلۈم بۇرنۇمغا يۇراپ، ۋاقىت - سائەت قىستاپ
كېلىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا خۇدا ئالدىدا ھەم سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا
ئازراق بولسىمۇ ئۆزۈمنى ئاقلاپ، دات باسقان كىر يۈرىكىمگە تەسـ
كىن تېپىش ئويۇملا بار. چۈنكى، يىگىرمە يىللاردىن بېرى ئۆكۈـ
نۈش، پۇشايمان، مۇرتەتلىك ھەم ئېچىنىش داغلىرى ئۆمرۈم بويى
قىلغان تائەت - ئىبادىتىمنى، سېخىي - ساخاۋەتلىرىمنى كېپەنلەپ،
مېنى ئىمانى سۇس مۇسۇلمانغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. . .

ئەمدى ئۆز گېپىمگە كەلسەم، مەزلۇم بىلەن ئىككىمىز بىر
كېچە مەسلىھەتلىشىپ، مەن ئەتىسى ئەتىگەندە خوتەن شەھىرىگە
كىردىم. چۈنكى بالا يىتكەنىكەن، كوچا - كويلاردا داۋراڭ كۆتۈرۈـ



لۈشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. «ئەزىمەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىگە
قانداق قارارمەن» دېگەن تەشۋىش كۆڭلۈمدە بولغاچقا، «ئۆيىنى
كۆرۈۋالسام، بىر كەچلىكى ئەزىمەتنى دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋېتىپ
يېنىپ كەلمەمدىم» دەپ ئويلىدىم. لېكىن، مەن «ئات بازىرى» غا
كېلىشىم، مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىن جىنازا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان
بىر توپ جامائەت كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ياش بالا كوچىنى
چاڭ كەلتۈرۈپ يىغلاپ كېلەتتى. ئىككى قاسناقتا يىغلىغان ئادەملەر
نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىشاتتى. بەزىلەر «رەھمىتىنى نەۋرىسىـ
نىڭ ئوت - پىراقى ئېلىپ كەتتى» دېسە، يەنە بەزىلەر «شۇ ئەمەسـ
مۇ، تېخى ھەپتە ئالدىدا نەۋرىسىنى يېتىلەپ بازاردىن نەرسە -
كېرەك ئالغىلى چىققانتى» دېيىشەتتى. مەن ساقاللىرى قىرىل بويىـ
لىپ كەتكەن بىر خالايىقتىن سورىشىم، ئۇ: «ھەي. . . قانداق دوزىـ
خى كاپىرنىڭ ئىشىكىن. بۇمەرەمخان نەۋرىسى ئوغرىلاپ كېتىلگەن
كۈنى يىقىلغانچە ئۆرە بولالمىدى» دېدى. بۇ سۆز مېنىڭ پاك ئېتىقاد
تۈۋرۈكىمگە پالتا ئۇرغاندەك زەربە بولدى. چۈنكى ئەزىمەتنى سېتىـ
ۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر ئانىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدىم. بۇ
ئەسنادا ئۆزلىرى ئۈستىۋاشلىرىدىن تەر قۇيۇلغان ھالدا كوچىنىڭ
ئۇ بېشىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ «نەبى ئۇكام» دېگەنلىرىچە بازاردا
بالىنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتىلە. . .

مەن شۇ كۈنى ئىمان سورىقى ئازابىدا ئۆرتىنىپ لوپقا قايتتىم،
ئۆيگە كىرىشىمگە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، چىرايلىرى ياش بىلەن بۇلـ
غىنىپ كەتكەن ئايالىم ھازا ئېچىپ ماڭا ئېسىلدى. چۈنكى ئوغلـ
مىز تۇرسۇنتوختىنى مەكتىپىدە بىر كۈن كۈرەش قىلىپ سولاپ
قويغانىدى. شۇ كۈنى «كېچىلىك بېقىن تەربىيىسى»① دە قاتتىق
تاياق يەپ كەتكەن بالىمىزنى ئەتىسى كىيىم - كېچەكلىرى ئىت
تالىغاندەك تىتىلغان، ئۈستىۋاشلىرى قان ھالدا ئەكىرىپ بېرىشتى.
ئۇ ئادەم تونۇماس بولۇپ قالغانىدى. ئاغزىدىن، قۇلىقىدىن قان
ساقىپ تۇرغان تۇرسۇنتوختى بىر كېچە يۇقىرىغا تىنىپ سەھەرلىكتە

① «كېچىلىك بېقىن تەربىيىسى» — قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ تەن جازاسى
بېرىش.

جان ئۈزدى. . .
ئەرز ـ دادى، ئوتلۇق پىغاننى ئاللا مەقبۇل ئەتكەن ھېكمەت
ئەپەندى! سىلى مەھبۇبەخان بىلەن مېنى ئۆيۈمگە يۆلەپ ئەكىرگەندە
دېگەن قارغىشلىرى خاتىرىلىرىدىمۇ؟ سىلى «ئوغلۇمنى قارا كۆ.
ڭۈل، ئادىمىلىك پەزىلىتى يوق، ياۋۇز، دوزىخى ئادەملەر ئوغرىلاپ
كەتتى. بالام تۇغۇلۇپلا ئانىسىدىن ئايرىلدى. ئەمدى قانداقتۇر قارا
يۈرەك ئىمانسىزلار ئۇنى مەندىن ئايرىۋەتتى، خۇدا ئۇ دىيانەتسىز
مەلئۇنلارنىڭ كۆزىگە كۆرسەتەر. . .» دەپ ياش تۆككەن چاغلىرى.
دا، خۇدا ئاللىبۇرۇن مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرسىتىپ بولغانىدى.
«ئاتا ـ بالىنىڭ مېھرى قانداق بولىدۇ. . سەن بۇنىڭ تەمىنى تېتىپ
باق» دەپ ئەزىمەتنىڭ، سىلىنىڭ، بۇمەرەمخان، نەبىلەرنىڭ قىسا.
سىنى ئېلىپ بەرگەنىدى. راست ئەمەسمۇ، ئەزىمەتنى ئۇياقتىن
ئېلىپ كەلدىم، بۇياقتىن ئوغلۇمنى ئېلىپ كەتتى، خۇدانىڭ قەھرى
شۇنچىلىك تېز بولدى! ئويلاپ باقسام، سىلىنىڭ ئىككى ياشلىق
بالىلىرىغا مەن يىگىرمە نەچچە ياشلىق ئوغلۇمنى تېگىشىپتىمەن.
كۆنلەرنى تۈنگە ئۇلاپ تۆككەن ياشلىرى، نالە ـ پىغانلىرى ئوغلۇم.
نىڭ جېنىغا زامىن بولدى! ئەمدى بەدەل تۆلىگەنكەنمەن، ئەزىمەتنى
ئاپىرىپ بېرەمدىمەن، ياق!، چۈنكى، سىلىنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك
قىساسلىرىنى خۇدا ئېلىپ بەردى. ئەمدى مەندە يەنە نېمە ھەققىياتلى.
رى قالدى. «لازىم بولسا قېرى جېنىمنى ئالار!» دېگەندەك كۆپۈر.
لۈق ئۈستىگە كۆپۈرلۈق، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىمنى
ئۆزۈم سەزمەي قالدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەزىمەتنىڭ ئىسمىنى
ئۆزگەرتىپ، تالا ـ تۈزلەرگە چىقارماي، خۇددى قەپەسكە سولانغان
قۇش بالىسىدەك ئىسكەنجىگە ئالدىم. بىر كۈنى تام قوشنىمىز
كېرىم بوۋاي ئالدىمنى توسۇپ:
— غوپۇراخۇن، قۇشقاچنىڭ بالىسىنى چېغىدا ئۇۋىسىدىن
ئايرىۋەتسە ئەددەسسىز گۇناھ، سىلى ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ
تۇرغان نارەسىدىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىپ خۇدادىن قورق ـ
ماملا؟ — دېدى.
— نېمە بۇ ئىشلارنى زىغىرلاپ يۈرىدىلا، — دېدىم مەنمۇ
سەپرايىم ئۆرلەپ، — بۇ تۇغرۇلۇق بىرەر گەپ ـ كالىچى بولۇپ



قالسا مەندىن ئاغرىنمىسىلا.
— مەنغۇ بىرنېمە دەپ يۈرمەسمەن، بىراق يارانقان ئىگىسى
بىر ئەتلىمە گۆشنىڭ دادىغا يەتمەسمۇ، — دېدى كېرىم بوۋاي ساقى.
لىنى تۇتاملاپ، — ئۇ بالا يەكتىكىمنىڭ پەشلىرىنى قامالاپ «بۇب.
با، دادامنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇڭ» دېۋىدى، ئىچ ـ قارنىم
ئۆرتىنىپ كەتتى.
— خۇدايىم ئۇ شۇمنىڭ دادىغا ئاللىبۇرۇن يېتىپ
بولغان، — چالۋاقاپ كەتتىم مەن، — ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم، بۇمۇ
يەتمەمدۇ؟ تولا سەپرايىمنى ئۆرلەتمەي، غىت قىسىپ يۈرسىلە،
بولمىسا مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىدىلا.
مەن شۇ كۈنى كېرىم بوۋاينى ئاڭلىسۇن دەپ قەستەن ئەزىمەت.
نىڭ كاسىسىغا ئۇرۇپ ئۇنى قىرقىرتىپ يىغلىتىۋەتتىم. كۆڭ.
لۈمدە بولسا بالىنىڭ يىغىسىدىن خۇددى سىلى ئاڭلاۋاتقاندەك ھۇ.
زۇرلاندىم، چۈنكى ئۆزلىرى ماڭا گويا قان چېچىشقان دۈشمەندەك
بىلىنىپ كەتكەنىدىلە. كۆردىلىمۇ بۇ تەتۈر جاھاننى؟ ئىككىمىزنىڭ
ئورنى، ئازابلىرى ئالمىشىپ قالغانىدى. بىرلا ئوخشىمايدىغان يې.
رى، مەن سىلىدىن ئەزىمەتنى ئايرىۋەتكەن بولسام، خۇدايىم مېنىڭ.
دىن بالامنى ئايرىۋەتتى. مەن ئاغزىمدىن چىقىرالمىغىنىم بىلەن
دىلىمدا بىر كۆڭۈل قارىلىق ساقلىنىپ كەلدى. شۇڭا تەڭرىم مەن.
دەك ناشۈكۈر بەندىسىگە قوشلاپ، ئارقا ـ ئارقىدىن سىھرىي كارا.
مىتىنى كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى مېنىڭ بوسۇغامغا سۆرەپ ئېلىپ
كەلدى. سىلى مېنى ئۆيۈمگە يۆدۈپ ئەكىرگەنلىرىدە: «ساڭا ساخا.
ۋەت قولىنى سوزغان بۇ ئاتىنىڭ ھالىنى كۆر» دەپ تۈنجى قېتىم
مېنى ئاگاھلاندۇردى. كېيىن قىزلىرى ئۈچقۇنئاينى ئىزدەپ لوپقا
كەلگەنلىرىدە، ئون ياشلىق ئەزىمەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئاتا ـ
بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىرلىق مېھىر ـ مۇھەببەت پەيدا قىلدى.
بولۇپمۇ سىلىنىڭ: «ئەزىمەتنى گۈلرۇز سېتىۋەتكەندە تارتمىغان كۈ.
نۈم قالمىدى. مىنبەگلار مېنى ئەندىر دەرياسى بويىدىن قولۇمنى
باغلاپ، ئاتلارنىڭ ئالدىدا يۈگۈرتۈپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ چاغدا بىر
مەزگىل ئېلىشىپ قېلىپ ساقايدىم» دېگەن سۆزلىرى، قىسقىسى،
ئەزىمەت يوقالغاندىن كېيىن بۇمەرەمخاننىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى،

نەبىنىڭ ئىككى يىل سەرسان بولۇپ ئادەم تونۇغۇسىز هالدا قايتىپ
كەلگەنلىكى، بۇ قىساسنى كۆڭلىگە پۈككەن نەبى ئاچىسى گۈلرۇزنى
ئېتىۋېتىپ تۈرمە ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلغان-
لىرىدا، مەن ئۆزۈمنىڭ بىرلا ئەزىمەتنىڭ ئۆۋالىغا ئەمەس، بەلكى
ئىككى ئادەمنىڭ ئۆلۈمىگە، ئىككى ئادەمنىڭ پانىيدا تارتقان ئازابلى-
رىغا سەۋەب بولغانلىقىمنى بىلىپ يېتىپ كۆزلىرىمدىن ئىختىيار-
سىز ياش قۇيۇلدى. ئەدناسى، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەزىمەت تۈپەي-
لىدىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تۈرمىگە كىرگىنى كىرىپ ۋەيران بولۇپ
تۈگىگەنىدى. سىلى شۇ چاغدا: «ئەزىمەتنى مەندىن ئايرىۋەتكەن ئاشۇ
ئادەملەر ئىنسان بالىسىنى هايۋان ئورنىدا سېتىۋېلىشنىڭ قانچىلىك
رەزىل، مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشمەمدىغاندۇ! خۇدا ئۇلار-
غا ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇهەببەتنىڭ قانداق بولىدىغان-
لىقىنى ئۆز كارامىتى بىلەن كۆزىگە كۆرسىتىدۇ تېخى» دەپ مېنى
ئىككىنچى قېتىم چىن كۆڭۈللىرىدىن قارغاۋاتقان چاغلىرىدا، سىلى-
نىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، بېقىنلىرىدا ئولتۇرغان ئون ياشلىق ئەزى-
مەتنىڭ چىرايى ئاق لەيلى غۇنچىسىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. مەن
شۇ چاغدىلا تەڭرىتائالانىڭ قىساسى تېخى هەقدادىغا يەتمىگەنلىكىنى،
كۆرمىش كۈنلىرىم ئالدىمدا ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم.
جۇدالىق دەشتلىرىدە قىيامەت ئازابىنى تارتقان هېكمەت ئەپەن-
دىم! ئۆزلىرى لوپتىن كەتكەندىن كېيىن، ئەزىمەت كېچىلىرى
جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ «نەبى» ، «گۈلرۇز» ، «دادا، ئانا»
دېگەندەك بىر - بىرىگە باغلاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ مېنى ئەندىشى-
گە سالاتتى. بىر كۈنى ئەزىمەت دەهشەت چىرقىراپ ئورنىدىن تۇ-
رۇپ كەتتى. ئانىسى بىلەن ئىككىمىز ئۇنى قۇچاقلىرىمىزغا ئال-
دۇق. ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچىيىپ قاتتىق هاسى-
رايتتى:
— دادا، ئانا، — دېدى ئۇ ئەتراپىغا بىسەرەمجان قاراپ، —
قاپقارا تۈتۈنگە ئوخشايدىغان بىر ياۋۇز ئادەم، ئۆزۈن تىرناقلىرىنى
هېكمەت ئاكاشنىڭ مەيدىسىگە پاتۇرۇپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇ-
ۋالدى. . . ئاندىن قىپقىزىل قان شورقىراپ ئېقىپ تۇرغان يۈرەكنى
قوينىغا سالدى - دە، بىر ئېشەككە مىنىپ كېتىپ قالدى. . .



كۆرۈڭ هېكمەت ئەپەندىم، بۇ بېشارەتلىك چۈشنى! سىلىنىڭ
يۈرەكلىرىنى ئۆزۈن تىرناقلىرى بىلەن سۇغۇرۇۋالغان ياۋۇز ئادەم
مەن ئەمەسمۇ! مانا شۇنىڭدىن باشلاپ كۈنلىرىم قورقۇنچ ۋە ۋەهىمە
ئىچىدە ئۆتتى. نامازلىرىمدىن ئاداشتىم، كۆز ئالدىمدىن قاپقارا
تۈتۈنلۈك ئادەم، قىپقىزىل قانلىق يۈرەك زادىلا كەتمەيتتى. شۇڭا،
بالىنى ئوقۇشتىن قالدۇرۇپ كېرىيىگە ئېلىپ كەتتىم، ئەمما تەڭرى-
نىڭ قىساسى توختاپ قالمىدى! مەن ئانىسىنى ئۆرۈمچىدە داۋالىتى-
ۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەزىمەت تۇن نىسپى بىلەن «دادا! »
دېگىنىچە جۆيلۈپ تۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا: «بالام، سېنى قارا
بېسىپ قاپتۇ، مېنىڭ بىلەن بىللە ياتقىن» دېگىنىمدە، ئۇ يىغلاپ
تۇرۇپ: «ياق، مېنى قارا باسمىدى، هېلىقى بىر چاغدا بىزنىڭ
ئۆيگە كىرگەن هېكمەت ئاكاش مېنى ئوغلۇم ئەزىمەت. . . دەپ
باغرىغا باسقانىدى، مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ
تۇرسام يوقاپ كەتتى. . . » دېگىنىچە تېلىقىپ - تېلىقىپ يىغلىدى.
مەن قانچە مىنۇت، نەچچە دەقىقە نەپەس ئالمىغىنىمنى، سوغۇق ياتاق
ئوتتۇرىسىدا قاققان ئەگرى قوزۇقتەك دۈمچىيىپ تۇرغىنىمنى بىلەل-
مىدىم، مېنىڭ ۋىجدان جاراھىتىم قاناپ كەتكەنىدى! قۇدرەت -
كارامەت ئىگىسى مېنىڭ گۇناھ كەبىرلىرىمنى ئېسىمگە سېلىپ
قىساس نەشتىرىنى يەنە بىر قېتىم سانجىپ ئۆتتى! . . . مەن خوتەن-
گە قايتىپ كېلىپ ھەپتىمۇ ئۆتمىدى بولغاي ئايالىم قازا قىلدى.
ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا:
— دادىسى، بالىنى بېقىۋالغان يىللاردىن بېرى چۈشلىرىم
بۇزۇلۇپلا كەلدى، قانداقتۇر بىر قورقۇنچلۇق سايە ئارقامدىن قوغ-
لىغىنى - قوغلىغان. . . بىز قىيامەتلىك بىر قەرزنى ئارتىۋالغان
ئوخشايمىز، — دېدى.
مەن شۇندىلا بىلدىمكى، ئايالىم ئېغىزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن
ئۇنىڭمۇ كۈنلىرى دەككە - دۈككىدە ئۆتكەنىكەن. ئويلاپ كۆرسىلە
هېكمەت ئەپەندىم، ئۆزلىرى ئەزىمەتنىڭ جۇدالىق ئازابىنى يۇدۇپ
يۈرگەن شۇ يىللاردا مەنمۇ ئانىسى بىلەن سىلىدىن ئېغىرراق قىساس
تاغلىرى ئاستىدا قالدۇق. . . ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىر كۈنى بەزى
ئادەملەر قۇلىقىمغا پىچىرلاپ: «ئۆزلىرى ئۆرۈمچىگە كەتكەندە هېك-

مەت دېگەن بىر ئادەم ئەنۋەرنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىپ كەلدى»
دېيىشتى. ئاڭغىچە مەن بىلەن ئۈرۈمچىگە داۋالانغىلى بىللە بارغان
بىر بۇرادىرىمدىن ئۆزلىرىنىڭ دوختۇرخانىلاردا مېنى ھەم ئەنۋەرنى
ئىزدەپ يۈرگەنلىكلىرى ھەققىدە خەت كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بالامنى
ئوقۇشىدىن ئاجرىتىپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتىم.
قىسقىسى، ئۆزلىرىدەك بىر مۇساپىر بەندىنىڭ ئاھ - زارى
خۇداغا بەكرەك يەتكەنمۇ نېمە، ئەزىمەتنى سېتىۋالغان كۈندىن باشلاپ
بىز ئىككى قېرىغا ئاسايىشلىق كۈنلەر ھارام بولدى، ئايالىم چۈشىدە
كۆرگەن قورقۇنچلۇق سايە ئىزىمىزنى قوغلاپ ھاردۇرۇۋەتتى. خەيـ
رىيەت، ئۆزلىرى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېتىپ بىرنەچچە يىللار
كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. تەڭرىنىڭ قىساس - زەربىلە-
رى مەن قېرىدىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئېلىپ بولغان چېغى دەپ
ئويلىدىم. ئەمما، بۇ قەلب خۇشلۇقى ھەم ئارامىلىقى خۇددى چاقماق
يورۇقىدەك تېزلا يېنىپ ئۆچتى. چەرخى - پەلەك ماڭا قىلمىشىنىڭ
يەنە بىر زەربىسىنى گۈرزىدەك بېشىمغا ئۇردى. تەڭرى ئوغۇللىرى
ئەزىمەت بىلەن قىزلىرى ئۈچقۇنئاينىڭ كۆڭلىگە ئىشق سەۋداسىنى
سېلىپ، مېنى ۋەيلۇن دوزاخ ئوتىغا تاشلىدى. توۋا قىلدىم خۇدا-
يىم، مىڭ توۋا! . . . بۇ مېنىڭ گۇناھىمنىڭ دەھشەت كەچۈرگۈسىز
ئېغىرلىقىغا بەرگەن جازا ئەمەسمۇ؟ ! «سىلەر قېرىنداش» دېيىشكە
شەيتىنىم ئۇنىمايتتى، ئۇ «بالاڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن» دەپ ۋەس-
ۋەسىگە سالاتتى، ئۇندىمەي دېسەم ئىمانىم قويمايتتى. ئەگەر
بۇ ئاكا - سىڭىل قوشۇلغان تەقدىردە ئۇنىڭ گۇناھى جازاسى زادى
كىمگە بولىدۇ؟ بۇ خۇددى ئاياقتىكى قېتىقتەك ئېنىقلا تۇرامدۇ،
مەن ئاڭلا مەھشەردە نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟ قىيامەت كۈنى قارا
يۈزۈم بىلەن ئاللانىڭ جامالىغا قانداق قارايمەن؟ «پانىيدا تاپقىنىم
دوزاخ ئازابى» دەپ جاۋاب بېرەمەنمۇ؟ . . .
ئەپۇ قىلسىلا ھېكمەت ئەپەندىم، خېتىم بەكمۇ كۆپ يېزىلىپ
كەتتى. ئۆزۈمنىڭمۇ ئەزەلدىن زېھنىياتىم گال ئادەممەن. «ئېزىپ
ئىچۈرىمەن» دەپ بىر گەپنى نەچچە قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن.
قانداق قىلاي، دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا ئىچىمگە يىغىلىپ كەتكەن
پۇشايمان، ئۆكۈنۈش، ئاچچىق، مۇناپىقلىق زەردابلىرىنىڭ قايسى-


سىنى يېزىپ، قايسىسىنى قويۇشنى زادىلا بىلەلمىدىم. ھەتتا مەن
ئەزىمەتنى ئۈچقۇنئايدىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن سىلىگە قاپقارا تۆھمەتتىن
بىرنى ئارتىپ، ياۋۇز ھەم رەزىل تەبىئەتلىك بىر ئادەمگە ئايلاندۇ-
رۇپ قويدۇم. قىلچىمۇ ۋىجدان ئازابى تارتماي بۇ سۇيىقەستتە چىڭ
تۇردۇم، بىر گۇناھتىن قېچىپ يەنە بىر گۇناھقا پاتتىم. لېكىن،
مېنىڭ بۇ پىلانىمنى ئاياللىرى مەھبۇبەخان ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇ-
نىڭ: «ھېكمەتنى چاقىرتىپ كېلىمەن، قانۇن ئالدىدا ئۇنى ئاقلاپ
بېرىدىلا. ماڭا قورقاق سېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىسىلىمۇ مەيلى، لېكىن
ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈدىلا» دېگەن ۋاقىتتىكى ئەلپازىنى كۆرۈپ
راستىنلا ئەددەسىز قورقتۇم، ئۇ چاغدا ئوغلۇم ئەنۋەرنىڭ
تېگى - تەكتى ئاشكارىلىنىپ قالاتتى، مەن قېرى دۇنيادا تىكەندەك
يالغۇز قېلىشتىن سىرت جازاغىمۇ تارتىلاتتىم. شۇڭا، قورۇ -
جايىنى سېتىپ يەنە قېچىشقا مەجبۇر بولدۇم.
ھېكمەت ئەپەندىم، ئۆلۈم بۇرنۇڭغا پۇراپ، ئەجەل ئەزرىئى بې-
شىڭنى ئايلىنىپ يۈرگەن چاغلار يېتىپ كەلگەندە، ئادەمنىڭ ئۆمۈر
مەنزىلىدىكى بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى، قىلمىش - ئەتمىشلىرى،
تاتلىق خاتىرە، ئاچچىق ئەسلىمىلىرى، گۇناھ - ساۋابلىرى تەسۋى
ئۇرۇقىدەك بىر - بىرلەپ سىيرىلىپ ئۆتۈپ كۆز چاناقلىرىڭنى
دەممۇدەم سۈزۈك ياشلارغا تولدۇرىدىكەن. بۇ دۇنيا سارىيىغا تۆت
كۈنلۈك مېھمان بولۇپ كېلىپ، تۆت پاتمان گۇناھنى يۈدۈپ باقىيغا
رەھلەت قىلغىنىڭنى ئويلاپ يەتكىنىڭدە، سەندىكى ئۈمىدسىزلىك
شۇنچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يېتىدىكەنكى، تۆرىلىپ قالغىنىڭغا مىڭ
بىر پۇشايمانلارنى قىلىدىكەنسەن. مېنىڭ بېشىم ياستۇققا يەتكەندىن
بېرى، قاراڭغۇ لەھەت ئىچىدە پۈتۈمنى ئۆزۈن سۇنۇپ ياتقان ھالى-
تىم كۆز ئالدىمدىن بىر دەقىقىمۇ نېرى كەتمىدى، ئۆزۈمنى بۇ
دۇنيادىلا ئاخىر زامان تارازىسىغا سېلىپ كۆردۈم. ھەيھات، ئاتا -
بالىنى ئايرىۋېتىشتەك قارا كۆڭۈللۈكۈم ھەممە گۇناھلىرىمنى بې-
سىپ چۈشتى. شۇڭا، جان تومۇشۇقىغا كەلگەندە ئىمان ئېيتقان
بىدئەت بەندىدەك، ئەزىمەتكە ھەممە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر -
بىرلەپ بايان قىلماقچىمەن. بەلكىم ئۇ دەھشەتلىك ئازاب ئىچىدە
قېلىشىمۇ مۇمكىن، مەندىن يۈز ئۆرۈپ ئۆمۈر بويى نەپرەت بىلەن

ئەسكە ئېلىشىمۇ مۇقەررەر. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، ئەزىمەت
ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، پەزىلەتلىك بالا. ئۇ بەلكىم ئۇچقۇنئاي
بىلەن بولغان ئاشۇ ئىشتىن نومۇس قىلىپ، مېنىڭ خېتىمنى ئۆزلە-
رىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىنمۇ قېچىشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇنداقتا
مەن گۆرۈمدىمۇ خاتىرجەم ياتالمايمەن.
ھېكمەت ئەپەندىم، ناۋادا مېنىڭ مۇشۇ خېتىم قوللىرىغا تېگىپ
قېلىپ، مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقانلىرىدا مېنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھ،
سەۋەنلىكلىرىمنى ئەپۇ قىلالامسىلا؟ ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە،
مەن تاڭلا مەھشەر كۈنى ئىككى بارمىقىمغا تايىنىپ ئورنۇمدىن
يېنىك تۇرغان بولاتتىم ھەم ئاللانىڭ جامالىغا يورۇق يۈزۈم بىلەن
قارىيالايتتىم. . .

گۇناھكارلىرى: غوپۇر نىيازدىن

— ئۇھ! . . .
بىمارلار كارىۋىتىدا ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھېكمەت
چوڭقۇر تىنىدى. ئۇزۇندىن - ئۇزۇن يېزىلغان بۇ خەت خۇددى
سۇغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ جان ئاچچىقىدا «مېنى
قۇتقۇزۇڭلار» دېگەندىكى ئايانچلىق ئاۋازى، يېلىنىپ - يالۋۇ-
رۇشلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئادەم دېگەن ھەرقانداق شارائىتتا
ماسلىششچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان مەخلۇقكەن. ئۇ
تەندۇرۇسلۇقتا، بەھۇزۇر راھەتتە ياشىغانلىرىدا گويا مەڭگۇ
ئۆلمەيدىغاندەك ئاخىرەتلىكنى ئويلىمايدىكەن! ئەدناسى قولى-
دىن ياخشىلىق كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، يامانلىقتىن نېرى بولاي
دېمەيدۇ. ئۆزىنىڭ شادلىقى، ئەركىن - ئەمىن يايرىشى ئۈچۈن
ناپاكلىق يولىغا ئەيمەنمەي قەدەم ئالىدۇ. بۇ يولدا شەيتاننىڭ
تەييارلىغان نېمەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ مۇرۇۋۋەت ۋە شاپائەتنى
ئۇنتۇيدۇ - دە، بارغانسېرى پاكلىق ۋە دىيانەتتىن ئۇزاپ
كېتىدۇ. بىر چاغلاردا تەنلىرىدىن مادار كېتىپ، ئېگىلگەن



قەددى ئۆلۈمگە سالام بېرىپ، ئاپئاق چاچ - ساقاللىرى ئەجەل
ھىدلىرىنى بۇرنىغا پۇراتقاندىلا «ئەلھەمدۇلىللا» دېيىشىپ تەق-
ۋادار، تېقىمى پوق سوپىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا
ئەۋلىيا - دانىشلىرىمىز «ياشلىقىڭدىكى تووۋا - ئىستىغپار،
ياخشىلىقلىرىڭ تاشقا مۆھۈر باسقاندەك بولۇر، قېرىغىنىڭدا
قىلغىنىڭ قۇمغا يازغان خەتتەك ئۆچۈپ كېتۇر» دەپ بىز ئەۋلاد-
لىرىنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئەگەر غوپۇرنىيازغا تەڭرى ئىلتى-
پات كۆرسىتىپ يەنە ئون يىل ھۆما بەرگەن بولسا بۈگۈنكى
تووۋا - ئىستىغپارلارنى ئۇقۇپ ئەزىمەتنى ئۆتۈنۈپ بېرەرمىدى؟
بۇنىڭغا ئالدىن بىر نېمە دېمەك تەس. ئۇنىڭ ئاشۇ خېتى ھېك-
مەت، نەبىلەرنىڭ يۈرىكىدىكى شۇنچە ئۇزۇن يىللىق داغنى
يۇيۇپ تازىلىيالامدۇ؟ نەۋرىسىنىڭ ئوت - پىراقىدا ۋاقىتسىز
خازان بولغان بۇمەرەمخان ئانىنى تىرىلدۇرۇپ بېرەلەرمۇ؟ ئەزى-
مەت تۇپەيلىدىن شۇنچە خورلۇقلارنى تارتقان مەھبۇبەنىڭ يوقات-
قان بەختىچۇ! خاھ ياخشى بولسۇن، خاھ يامان بولسۇن، گۈل-
رۇزمۇ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈشى كېرەك ئىدىغۇ. لېكىن،
ئەزىمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ بىر پاي ئوقتا نېسىپ بولدى. ھەتتا
ماھىگۈل خېتىدە «ئەزىمەتنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە خۇش بولدى-
ڭىز، ئەگەر ئۇ بولغان تەقدىردە ئۇنى چىرايلىق خوتۇنىڭىزنىڭ
ئالدىغا سوغۇق زەللە قىلىپ قانداق ئاپىراتتىڭىز؟ . . .» دەپ
يېزىپ ھېكمەتنىڭ يۈرىكىگە ھېچ ئايانمايلا نەشتەر ئۇردى.
يۈرەكلەرنى زېدە قىلىدىغان بۇ ئىشلارنى ئويلىساق غوپۇر-
نىيازنى كەچۈرۈش ئەمەس، ئاللادىن ئۇنىڭغا يەتتە دوزاخ ئازابى-
نى بەر دەپ تىلىشىمىز كېرەك. ئەمما، بىزنىڭ ئىسلام مىزاندى-
مىزنىڭ «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك يوق»، «ئۆلگەننىڭ ئە-
يىبىنى كوچىلىماق گۇناھ»، «ئۆلگەندىن كېيىن رەھمەتلىك
بولۇر» دېگەندەك پاك ئېتىقاد پەزىلەتلىرى بار. ئۇنىڭسىزمۇ
ئۆزىمىز ئەپۇچان، بوينىمىز يۇمشاق، كۆڭۈلچەك، كىنا -

كۆدرەتنى ئاسانلا ئۇنتۇپ ئاداۋەتكە شاپائەت قىلىدىغان خەق تۇرساق. . . بۇ توغرىدا تارىختا مىساللار ناھايىتى كۆپ. بىراق، «قاننى قان بىلەن يۇيغىلى بولماس» دېگەن ئەقىدە بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداشنى ھەم بەزلەشنى بىلىمىز. شۇڭا غوپۇرنىيازنىڭ گۇناھلىرىنى تاسادىپىي سەۋەنلىككە جوراپ ئۇنى كەچۈرۈشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. خۇدايىم ئۇنىڭ جايىنى جەننەتتە قىلسۇن! . . .

تاڭ ئاتتى. كەڭ دېرىزىلەردىن چۈشكەن قىپقىزىل قۇياش نۇرى ياتاق ئىچىنى قىزغۇچ نۇر بىلەن تولدۇردى. نۆۋەتچى سېسترا ئەتىگەندىلا كىرىپ ھېكمەتنىڭ تومۇر سوقۇشىنى تەكشۈرۈپ، تېرمومېتىرنى تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. خەتنىڭ تەسىرىدە كېچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىغان ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ يوتقانلىرىنى رەتلەپ تۇرۇشى، ئۇچقۇنئاي ئىسسىق ساقلاش قاچىسىدا سۈت كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ دادىسىدىن ئەھۋال سورىغاچ پات - پات ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوياتتى. قىزنىڭ نېمىدىن خاۋاتىرلىنىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن ھېكمەت ئۇنى تۇتۇپ قالمىدى. ئۇچقۇنئاي ئەمدىلا ئىشىك تەرەپكە مېڭىشى گۇلچىنئاي كىرگەنچە ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى.

— ۋاي - ۋۇي ئۇچقۇنئاي، ئۇرۇمچى يارىشىپتۇ جۇمۇ سىزگە، نېمىدېگەن چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، — گۇلچىنئاي زوقلىنىپ قارىماقتا ئىدى، — ئۇلۇشكۈن ياتاق ئىچى ئوپۇر -توپۇر بولۇپ كەتتى. ئۇ يەردىمۇ كۆرۈنمىدىڭىز. تۈنۈگۈن ئۆيىڭىزدە ئۇچرىتارمەن دېسەم يوقكەنسىز.

— ھەممە ئىشلاردىن خەۋىرىم بار، — دېدى ئۇچقۇنئاي قىزىرىپ، — ھازىر باسقۇچلۇق ئىمتىھانغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىمىز، شۇڭا مەكتەپتىن كېلەلمەيمەن ھەم رۇخسەتمۇ بەرمەيدۇ.



— ۋىيەي، ھەرقانچە بولسىمۇ كۆرۈشۈشكە ۋاقىت چىقىرالمىدىڭىزمۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، ھازىر سىز مېنىڭ قېيىنسىڭىلىم، مەن بولسام يەڭگىڭىز، — گۇلچىنئاي ھېكمەتكە قارىدى، — شۇنداق ئەمەسمۇ، دادا؟

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — ھېكمەت قولتۇقىدىكى تېرمومېتىرنى سېستراغا تۇتقۇزدى، — كېچىچە ماھىگۇل ئاچىڭىز بىلەن مۇڭداشقان ئوخشىمامسىلەر، كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ قاپتۇ.

— تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمىز. ماھىگۇل ئاچام ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى، — گۇلچىنئاي ئۇچقۇنئايغا قارىدى، — بىردەم ساقلىسىڭىز نەبى ئاكام بىلەن ئەزىمەتمۇ كېلىپ قالاتتى، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈۋالمامسىز؟

— ياق. . . بولدى. . . — ئۇچقۇنئاينىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى، — ھېلىمۇ مەكتەپكە كېچىكتىم. دادا، مەن كەتتىم. . .

— دادا، مەن ئۇچقۇنئاينى ئۇزىتىپ قويۇپ ياتاققا كىرىپ كېتىمەن، — دېدى گۇلچىنئاي ھېكمەتكە، — ھېلى دوختۇرلار تەكشۈرۈشكە كىرىدۇ.

ئىككى قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالغان ھېكمەت مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەزىمەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن ئۇچقۇنئاينىڭ ئەسلىدە گۇلچىنئاي بىلەنمۇ كۆرۈشكۈسى يوق ئىدى، بىراق ئۇلار تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى. قىزنىڭ پات - پات ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇشى، گۇلچىنئايدىن يۈزىنى ئېلىپ قېچىپ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كېتىشى، ئۇنىڭ ھېلىمۇ نومۇس ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىگە مەڭگۈ قارىيالمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. نەبى ۋە ئۇنىڭ قېيناكىسى راخمان بىلەن سۆزلىشىپ، ئەزىمەتنى كالونغا

يۆتكەپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھېكمەت غەمگە پېتىپ قالدى. «بۇ ئاكا ـ سىڭىل مەڭگۈ بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداشلىق مېھرى تىكلىيەلمەسمۇ» دېگەن سوئال ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قېتىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بەزلەپ «ئەزىمەت يۆتكىلىپ كەلسە، ئۆيى ئايرىم بولغاندىكىن مەن كۆرۈشۈپ تۇرسام بولمىدىمۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بەلكىم ئۇلارمۇ ئەپلىشىپ قالار» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. بۇنداق ئۆزىنى ئالدايدىغان خىياللار داۋاملىشىۋەرگەنمۇ بولاتتى، لېكىن ياتاققا نەبى بىلەن ئەزىمەت كىرىپ كەلدى. ھېكمەت ئەزىمەتنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە ئىچىدە «ئاھ بۇدۇر قوزام، سېنىمۇ كۆرەر كۈنلىرىم بولىدىكەن» دەپ ئويلىدى.

— گۈلچىنئاينىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ دېسەم، سىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن بەتتەرغۇ، — دېدى ھېكمەت ھەر ئىككىسىگە قاراپ، — شۇنىڭغا قارىغاندا كېچىچە ئۇخلىماپسىلەر ـ دە؟

— نەبى ئاكامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىسام ئاڭلىغۇم كېلىپ ئۇيقۇممۇ كەلمەپتۇ، — ئەزىمەت دادىسىغا تويماي قارايتتى، — دادا، بىز دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيىتى ئۆتەيلى دەۋاتىمىز، دوختۇرلارمۇ ئەمدى قايتساڭلار بولىدۇ، دەۋاتىدۇ.

— كېتىمىز دېگىن، — ھېكمەت بىردىنلا مۇڭلىنىپ قالدى، — دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن بىرەر ئاي تۇرۇڭلار، مەنمۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە رەسمىيەت بېجىرىپ چىقىپ كېتىمەن. مەن ساڭا ئوبدان بىر قېنىۋالاي، ئۇنىڭدىن باشقا دەيدىغان گەپلىرىممۇ بار.

— شۇنداق قىلساققۇ بەك ئوبدان بولاتتى، — دېدى ئەزىمەت تەڭلىك ئىچىدە، — بىز يۇرتتىن چىققىلى قىرىق كۈندەك بولۇپ قاپتۇ، ئانىمىز كېسەلچان، گۈلچىنئاي ئەنسىرەپ قېلىۋاتىدۇ.

— ئاكا، خاتىرجەم بولۇڭ، — نەبى ھېكمەتنىڭ مىسكىن



چىرايىغا قاراپ كۆڭلىنى ياسىدى، — ئەزىمەت شۇنداق دېگىنى بىلەن ماھىگۈل ئاچام ئىككىمىز ئۆيلىرىمىزدە بىر ھەپتىدىن تۇرغۇزىمىز دەۋاتىمىز، ئاڭغىچە سىزمۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ بولىسىز.

— مەندىمۇ ھېچقانداق كېسەل يوق، — دېدى ھېكمەت ئوغلىغا قاراپ، — مۇشۇ ماھىن دوختۇر چىقىپ كەتكىلى قويمايدىغۇ تاڭ.

— بالىلارغا مېنى نېمىدەپ يامانلاپ بېرىۋاتىسىز، — ئاق خالات، پوسما كىيىپ سۇرلۇك قىياپەتتە كىرىپ قالغان ماھىگۈل كىرىپ كەلدى، — سىزنى ئاخىرقى قېتىم ئۆزۈم تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بىر گەپ بولىدۇ، ھازىرچە تولا قەغىشلىق قىلماڭ.

— تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى دەپ بولسىمۇ بىرەر قېتىم ئارقا ئىشىك قىلىۋەتسىڭىز، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — سىزدىن نېمە كېتەتتى.

نەبى بىلەن ئەزىمەت ئېغىزلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈۋېتىشتى.

— سىز ماڭا ئارقا ئىشىك قىلىسىڭىز تاڭ بىلمىدىم، لېكىن مەن سىزگە ھەرگىز قىلمايمەن، — ماھىگۈلنىڭ چاقچىقىدىن ھېكمەتمۇ كۈلۈۋەتتى، — قانداق دېدىم بالىلار، پارا بېرىپ ئارقا ئىشىك قىلىدىغان ئادەم چوقۇم ھاجەتمەن بولۇشى كېرەك ـ دە.

— ماھىگۈل ھەددەممۇ ئۇنداق ـ مۇنداق پارىلارغا رازى بولمايدۇ دەڭا ھېكمەتكا، — نەبىنىڭ ئىككى بىسلىق چاقچىقى ماھىگۈلنى قىزارتىۋەتتى، — بۇنىڭغا ئەستايىدىل قارىمىسىڭىز بولمايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — ھېكمەت سادىدىلىق بىلەن بېشىنى چايقىدى، — ئۇنداقتا ئويلىنىپ كۆرسەم بولغۇدەك. پاھ، پاھ، يىڭناغۇچتەك ۋاقىتتىن تەربىيىلەپ، ئاخىر پارىخور دوختۇردىن

بىرنى يېتىشتۈرۈپ چىققىنىمنى كۆرۈڭ.

ھېكمەتنىڭ ئاخىرقى چاقچىقى ئومۇمىي كۆلكىگە سەۋەب بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن «ئويلىنىپ كۆرسەم بولغۇدەك» دېگەن سۆزى خۇددى ئوتلۇق ئېقىندەك ماھىگۈلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. گەرچە بۇ سۆز ئاددىيلا چاقچاق ئىچىگە ئارىلىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ماھىگۈل ئۇنى ئەلگەكتە ئايرىۋالغانىدى. مەھبۇبە ھايات ۋاقتىدا ياكى قازا قىلغاندىن كېيىن بولسۇن، ھېكمەتنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى، پىسخىك ھالەتلىرىدىمۇ بىر خىل ئېغىرلىق، تەمكىنلىك، ئادەم بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق تۇيغۇلار ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما، ھازىر «ئويلىنىپ كۆرسەم بولغۇدەك» دېگەن بۇ سۆز خۇددى ئۈمىد چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرىدىغان باھار شامىلىدەك ماھىگۈلنىڭ كۆڭۈل باغلىرىنى يەلپۈپ ئۆتتى.

ئۈچ كۈنگىچە كېيىنكى ئەتراپلىق تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكەن ھېكمەت، ھەممە جەھەتتىن «نورمال» دېگەن دىئاگنوز بىلەن بالنىتسىدىن چىقتى. ئۇ دەرھال نەبىرىسىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى، چۈنكى ئەزىمەت، گۈلچىنئايلار شۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، ماھىگۈل «مەن ئۇلارغا تېلېفون بەردىم، ھېلىلا بىزنىڭكىگە كېلىدۇ» دەپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى - دە، يېزىقچىلىق قىلىدىغان كىچىك ھۇجرىسىغا باشلىدى. بۇ ئۆي تامدىكى زىننەت چىراغلار نۇرىدا سۇس ھاۋارەڭ يورۇپ تۇرغاچقا دەم ئېلىشقا، خىيال سۈرۈشكە، سۆھبەتلىشىشكە تولىمۇ قولايلىق ئىدى. ماھىگۈل قېلىن پەردىلەرنى يېرىم قايرىپ قويۇشقا ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ ئالتۇن زەرلىرى تامدىكى چوڭئايتىلغان ئىككى رەسىمگە چۈشۈپ، گويا ئىتالىيە رەسساملىرىنىڭ قەدىمىي ئەسەرلىرىدەك ئەكس نۇر چاقنايتتى. شائىخەي پۈجياڭ باغچىسىدا خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن بۇ رەسىم بەكمۇ ئۇستىلىق بىلەن تارتىلغانىدى. ھېلىقى خەنزۇ يىگىت ئەسلىدە فوتوگراف



بولسا كېرەك، كۆپكۆك چىملىقتا ئاق گىرىپ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى يېيىلدۇرۇپ ئولتۇرغان ماھىگۈلنىڭ يان تەرىپىدىن تارتقاچقا، ئۇنىڭ ھېكمەتنىڭ تىزلىرىغا قويغان بىلەكلىرى، بۇرۇن قىرلىرى، لەۋ سىزىقلىرى، توزۇغان چاچلىرى ئولتۇرۇۋاتقان كۈن نۇرىدا بىنەپشەرەڭ نۇر بىلەن قىزغۇچ تاۋلىنىپ تۇراتتى. ھېكمەتنىڭ خىيالچان كۆزلىرىگە تەلمۈرگەن ماھىگۈل خۇددى رىۋايەتلەردىكى ئاق لىباسلىق پەرىلەرگە ئوخشايتتى.

— ماھىگۈل، بۇ رەسىملەرنى گۈلچىنئاي كۆردىمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت خىجىل بولغان تەلەپپۇزدا.

— كۆردى، بىراق ھېچنېمە دېمىدى.

— قاراڭ سىزنى، بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك.

— نېمىگە سەتچىلىك بولاتتى، — ماھىگۈلنىڭ ئاۋازىدىن خاپا بولغانلىقى ئېنىق ئىدى، — ياكى مەندىن نومۇس قىلىۋاتامسىز؟

— ۋاي - ۋۇي، گەپنى نەلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىز، ياش باللار نېمىدەپ ئويلاپ قالىدۇ، بۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمەمسىز؟

— گۈلچىنئاي رەسىمگە بەك قاراپ كەتكەنىدى، مەن ھەممىنى دېدىم.

— ھەممىنى، قايسى ھەممىنى؟

— ئىشقىلىپ، ھەممىنى دېگەندىكىن ھەممىنى-دە. . .

— قاراڭ سىزنىڭ ئاغزىڭىزنىڭ باتۇرلۇقىنى! گەپ قىلىدىغان سورۇننى، ئادەمنى تاللاپراق قىلىدىغان ئىشنىمۇ بىلمەمسىز؟

— مەن ھازىر ئاشۇنداق قېلىن بولۇپ كەتتىم، — ماھىگۈل قىزىق ئىستاكاننى چاي ئۈستىلىگە قويۇپ، ھېكمەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى دىۋاندا ئولتۇردى، — بۇنداق دېسەم ئۇدۇل كەلگەن

ئادەمنىڭ ھەممىسىگە ھال تۆكىدىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ.
گۈلچىنئاي يىگىرمە نەچچە يىللىق كەچمىشلىرىمىزگە مۇناسى-
ۋەتلىك بولغاچقا ئۆزئارا سىرداشتۇق.
ماھىگۈل مەھبۇبە قازا قىلىپ تۇنجى قېتىم كۆڭۈلگە تالىق
سۆزلەرنى قىلىۋاتاتتى. ئۇنى بۇنداق جۇرئەتلىك قىلىپ قويغان
غايىۋى قۇدرەت يەنىلا ھېكمەتنىڭ «ئويلىنىپ كۆرسەم بولغۇ-
دەك» دېگەن بىر ئېغىز چاقچىقى ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ سۆزنىڭ
ئۇزۇن يىللار ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئاتىنىڭ ۋىسال
شادلىقىدا دېگەنلىكىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى ھەم كەلتۈرۈشى-
نىمۇ خالىمايتتى. شۇڭا، ماھىگۈل خۇددى شاگخەي پۇجياڭ
باغچىسىدىكى چىملىقتا ئولتۇرغاندەك گىلەمدىلا ئولتۇرۇپ،
ھېكمەتنىڭ تىزلىرىغا بىلەكلىرىنى قويغىنىچە يەر بېقىپ سۆز-
لىدى.

— ھېكمەت ئاكا، مېنى راستىنلا كەچۈردىڭىزمۇ؟
مەن... مەن شۇنداق چۈشەنسەم بولامدۇ؟
— نېمە ئۇ «كەچۈرۈش، كەچۈرمەسلىك» دېگەن، —
ھېكمەتنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ئارىمىزدا بۇنداق ئىش مەۋ-
جۇت ئەمەس.
— ئەمىسە، نېمە ئۇچۇن ئوچۇق - يورۇق بولال-
مايسىز، — ماھىگۈل لەپپىدە قاراپ كۆزىنى قاچۇردى، —
ئۆزىڭىزنى ھەم مېنى نېمانچە قىينايسىز.
ھېكمەت قايسى كۈنى «ئويلىنىپ كۆرسەم بولغۇدەك» دې-
گەن سۆزنى ئوشۇق قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، بۇ سۆز
ماھىگۈلنى ئۈمىدلەندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇزۇن يىللار كۆڭۈل
بەتلىرىدىن ئۆچۈرۈۋېتەلمىگەن بۇ تەلەيسىز قىرى قىزنى ھېك-
مەت ياخشى كۆرگەن ھەم كۆرۈپ كەلدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى
باغرىغا تارتىشقا، تاتلىق، لەزىز لەۋزى بىلەن كۆڭۈل كىرلىرى-
نى يۇيۇشقا قويماۋاتقان يەنە قانداق مەۋھۇم كۈچ بار؟!



ھېكمەت گۈلزىبانى ئۇزۇن يىللار ئۇنتۇيالمىدى. ئۇ ھەتتا
«بۇنىڭدىن كېيىن گۈلزىبانىڭ خىيالى بىلەن ياشايمەن، ئەمدى
قەلب سارىيىمغا ھېچكىمنى چىللىمايمەن» دەپمۇ ئەھدە قىلغان-
دى، ئەمما تۇرمۇش، ھايات غەلىيانلىرى ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى
باھار چېچەكلىرىدەك توزۇتۇۋەتتى. رېئاللىق بىلەن غايە بىر -
بىرىنى تەرك ئېتىدىغان ئىككى دۇنياكەن. ئارزۇلىرىڭ گۆھەر
بولسا، ئېرىشكىنىڭ ئەرزىمەس تاش بولۇپ قالىدىغان، تەشنا-
لىقتا سەكراتتا ياتساڭ، بىر قەترە سۇ ئورنىغا ئاغزىڭغا چوغ
سالىدىغان ئىشلار رېئاللىقنىڭ مەنتىقىسىكەن! خەيرىيەت، روھ
تەندىن ئايرىلغاندا «مېيىتنىڭ مېھرى سوغۇق» دېگەن گەپ بار
ئىكەن. ھېكمەت يېرىم خالتا سۆڭەكنى يېڭى قەبرىستانلىققا
يۆتكەپ گۈلزىبانىڭ روھىغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن
مېھىر - مۇھەببىتىنى مەھبۇبەگە بەردى. ئۇنىڭ غەرەزلىك ھەم
غەرەزسىز قىلغان سەۋەنلىك - خاتالىقلىرىنى كۆڭۈل - كۆكسى-
دىن چىقىرىۋەتتى. بەخت ئارقىسىدىن ئات سالغان ھەرقانداق
ئادەمزات بۇ يولدا ۋاستە تاللىمايدىغانلىقى، ھەتتا ئەڭ سىرداش
دوستلىرىغىمۇ شەپقەتسىزلىك قىلىشتىن يانمايدىغانلىقى ئېنىق.
بىراق، مەھبۇبەنىڭ قىلمىشلىرى دۈشمەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى
چەكسىز ياخشى كۆرۈشتىن كېلىپ چىققان تەلۋىلىك ئىدى.
شۇڭا ئۇ ئون بەش يىل ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە پۇچىلىنىپ،
گۈلدەك ياشلىقىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. ھېكمەت بۇنىڭدىن
ۋىجدان ئازابى تارتامدۇ؟ «بىر خوتۇن كىشىگە قېيداپ ئەجەب
باغرى تاشلىق قىپتىمەن» دەپ يۈرىكى سىقىلامدۇ؟ بۇ ئىسكەن-
جىلەر ھېكمەتنىڭ قەلب سارىيىغا سېلىنغان قۇلۇپنى ئاچتى،
مەھبۇبەنى ھەقىقىي ساھىبخانىلىق تۆرىگە باشلىدى. ئەمدى مۇ-
شۇ ئاجىز مەزلۇمەنىڭ ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، كۆڭۈل داغ-
لىرىنى يۇيۇش، يۈرەك جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولۇش، ئۇنىڭغا
ھەقىقىي بەخت شەربىتىنى ئىچۈرۈش ھېكمەتنىڭ ۋىجدانى قەر-

زى ئىدى. بىراق، تەڭرى مەھبۇبەنىڭ تارتقان رىيازىتىگە تۇش-
لۇق شادلىق قىرغاقلىرىغا باشلاپ كېلىپ بەختىنىڭ رۇجەكلىرى-
نى كۆرسەتتى - دە، ئېلىپ كەتتى. توغرا، ئۇنى ئېلىپ
كەتتىيۇ، ھېكمەتكە ئازاب يۈكىنى ئارتىپ قويدى. ئۇ ئاشۇ
بىتەلەي ئايالنى مەڭگۈ كۈتۈش، ئاسراش، نادامەتلەر ئىز قال-
دۇرغان چېھرى - رۇخسارىغا غەم تۇمانلىرىنى قوندۇرماسلىق
ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانىدى، بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭمۇ
ئازابىنى يېنىكلەتكەن بولاتتى. لېكىن، تەڭرى - قىسمەت ئۇنى
بۇنداق پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلدى. شۇنداق ئىكەن، ھېكمەت
قانداقمۇ غەيرىي خىياللارنىڭ ھامىيسى بولسۇن! گويا مەھبۇبە
«سىز شۇنى كۈتكەنىدىڭىز» دەپ بېشىدا قاراپ تۇرغاندەكلا بىلى-
نەتتى. مەھبۇبە قازا قىلغاندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ ماھىگۈلگە
چىراي ئاچمىغانلىقى، ئۇچرىشىشتىن قاچقانلىقى مانا شۇ ۋەجى-
دىن ئىدى.

ماھىگۈل ھېكمەتنىڭ ۋىجدان، بۇرچ، ئادىمىيلىك مۇجەس-
سەملەنگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئەيىبلەشنى ياكى خەيرىخاھ-
لىق قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دېۋانغا
كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئىچىدە «پاھ، مۇنداقمۇ ئىرادە ھەم
خاراكتېر بولىدىكەن» دەپ ئويلىدى. دېمىسىمۇ كۆپ يىللار
مۇقەددەم بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىيان
بولغانىدى.

ھېكمەت ئامىنەدىن ئايرىلىپ ئۆزى ياخشى كۆرگەن گۈلزى-
باغا نەچچە يىللارغىچە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت
قىلالمىغانىدى. ئۇ گۈلزىبا تۈگىگەندىن كېيىن، قەتئىي ئۆيلەن-
مەسلىكنى ئۆزىگە ئەھدە قىلىپ ئۈچ يىل تەنھا يۈردى. لېكىن،
دوستلىرىنىڭ نەسىھىتى، بېسىمى بىلەن مەھبۇبەگە ئۆيلەندى.
مانا ئەمدى ئۇ ئاشۇ مەرھۇملارنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلىپ
دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ.



— ماھىگۈل، ماڭا ئەمدى ئۆيلىنىش ئەمەس، ھەتتا ئايال-
لارنى خىيال قىلىشمۇ شۇنچىلىك ئازابلىق تۇيۇلىدۇ، — ھېك-
مەتنىڭ بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلىغانىدى، — گويا گۈلزىبا ھەم
مەھبۇبە كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرغاندەكلا ۋىجدان سورىقى ھېس
قىلىمەن.

— چۈشەندىم، بىراق ھەممىلا ئادەم مۇھەببەتكە سىزدەك
قارىغان بولسا، بۇ جاھان ھادىس گۈزەل جەننەتكە ئايلانغان
بولاتتى، — ماھىگۈلنىڭ تەلەپپۇزىغا تەئەددى ئارىلاشقاندەك
قىلاتتى، — ئەپسۇس، تۇرمۇش، ھايات، رېئاللىق سىز ئويلى-
غاندەك ئۈنچىۋالا رومانتىك ئەمەس. ئىزگۈ تىلەكلەر روھقا
مەنسۇپ، لېكىن ياشاش ئەمەلىيەت. بۇ دۇنياغا كەلگەنىكەنمىز،
ھاياتلىقتىن ئۆزىمىزگە تېگىشلىك بولغان ھەم بولمىغانلىرىغا
ئىنتىلىپ ياشاش، ئىلاجى بار ئىگە بولۇشقا تىرىشىش كېرەك،
شۇندىلا بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمىز، بولمىسا خۇدامۇ بۇن-
داق بىقۇل، بىنەزەر، نىمجان بەندىسىدىن رازى بولمايدۇ.

ماھىگۈلنىڭ مەنتىقىسىدىن ئىزا تارتىپ قالغان ھېكمەت
ئەمدىلا ئۇ سۆزلىرىگە ئىزاھ بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئىشىك
قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ قالدى. ماھىگۈل ئىشىكنى ئېچىشى ئۆيگە
نەبى، ئەزىمەت، گۈلچىنەئىيلار كىرىپ كېلىشتى. ھېكمەت
ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى، ماھىگۈل مېھمانلارنى سا-
رايغا باشلىدى، ئۇلار سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۈستەل
ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلاردىن ئورۇن ئېلىشتى. ماھىگۈل چاي
تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ھېكمەت
ھەيران بولۇپ نەبىگە قارىدى.

— دىلنار كەلمەپتىغۇ؟ ياكى ئۇنى رەنجىتىپ
قويدۇڭمۇ - ھە؟

— ياقەي، بۈگۈن كەچ ئۇلارنىڭ قاتار چېيى بار ئىكەن،
شۇ يەرگە كېتىپ قالدى. گۈلچىنەئىينى بىللە بارايلى دېگەنىدى،

ماھگۈل ئاچام خاپا بولارمىكىن دەپ ئۈنىمىدى.

— ئۈرۈمچىنىڭ ئاياللىرى نېمىدېگەن ئەركىن، — دېدى گۈلچىنىئاي كۈلۈپ قويۇپ، — ئويۇن - تاماشىلىرى بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۆي ئىشلىرىنى ئەرلىرى بىرلىكتە قىلىشىپ بېرىدىكەن.

— ئۇنداقتا ئۈرۈمچىگە كەلگۈڭلار بار ئىكەن - دە، — ھېكمەتنىڭ چىرايى ۋىللىدە يورۇپ كەتتى، — بولىدۇ، مەن گۈلچىنىئاي قىزىمغا بىرەر مەكتەپتىن تەكلىپنامە ھەل قىلىپ بېرەي، ئاندىن نەبىنىڭ قېيناكىسى راخمان بىلەن سۆزلىشىپ ئەزىمەتنى كالونغا يۆتكەپ كېلەيلى، قانداق دېدىم؟

ماھگۈل پەتنۇستا تاتلىق - تۈرۈملارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، چىنىلەرگە چاي قۇيدى ۋە «سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇم» دېگەچ پىيالىلەرگە ناۋات سېلىپ ئۆزىمۇ ئولتۇردى.

— رەھمەت، دادا، — گۈلچىنىئاي سەل ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، — كەتمىسەك بولمايدۇ، ئانام يالغۇزلۇق تارتىپ قالىدۇ.

— بۇ توغرۇلۇق نەبى ئاكامۇ خېرىدارلىقىمىزنى قىلدى. دادا، سىزگىمۇ رەھمەت، ئادەم ھاياتلا بولسا كۆرۈشىدىكەن، — ئەزىمەت يىغلىۋەتتى، — ھاياتىمدا ئۆز دادامغا تونۇشلۇق بېرىۋالسام دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى، خۇدا ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. ئەمما، كەتمىسەك بولمايدۇ، ئانىمىز ياشىنىپ قالدى، ئاخىرقى ئۆمرىدە خىزمىتىدە بولمىساق پەرزەنتلىك بۇرچىمىز نەدە قالىدۇ؟

— سەئىدە ئاچىمىزنى ئەكېلىۋالساق بولمىدىمۇ، — ھېكمەت ئوغلىغا ئۈمىد بىلەن قارىدى، — ئۇرۇق - تۇغقانلار جەم بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى.

— ئانىمىز كەلمەسمىكىن، — ئەزىمەت گۈلچىنىئايغا «راستمۇ» دېگەندەك قاراپ قويدى، — ئۇنىڭ خوتەندىن نېرىغا



چىققۇسى يوق...

سەئىدە بىر كۈنى گۈلچىنىئاي بىلەن ئەزىمەتنى گۆجان مازىرىغا باشلاپ باردى. ئۇ چوڭ گۈمبەز ئالدىدا ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن، يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بالىلىرىم، ئېسىڭلاردا بولسۇن، بۇ شام گۆردە ئەجدادلىرىمىز ياتىدۇ. كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئۈچىنچى لەھەت خان ئانامنىڭ، مېنى شۇنىڭ يېنىدىكى لەھەتكە قويۇڭلار، خان ئانامغا ھەمراھ بولغۇم بار...

— ئۇ شام گۆر دادامغا بەكمۇ تونۇش، — گۈلچىنىئاي يىغلاپ تۇرۇپ ھېكمەتكە قارىدى، — ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، كامىل دادام ئىككىسى بىر كېچىسى شۇ يەرگە كىتاب يوشۇرغانىكەن.

نەپەس ئۆتمەي ھېكمەتنىڭ خىيال قۇشى قانات قېقىپ ئاشۇ يىللار ۋە ھېلىقى سۈرلۈك ئايدىڭ كېچە، شام گۆردىكى قورقۇنچلۇق دەقىقىلەر، لەھەت ئىچىدە ئورنىغىلا تۆكۈلۈپ قالغان ئاپئاق سۆڭەكلەر، كۆڭلىدىن كەچكەن مەشئۇم خىياللار، گۆجان مازىرىدىكى قىڭغىر - قىيسىق مەقبەرە - قەبرىلەر، تۇغ - ئەلەملەرگە بېرىشقا ئۇلگۇردى... ھېكمەت ئاشۇ كېچىدىكى ۋەقەنى سۆزلەۋاتقاندا ئۆي ئىچىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى قاپلىدى...

— بوپتۇ بالام، — دېدى ھېكمەت كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا، — خوتەنمۇ ئوبدان يۇرت، داداڭنىڭ چۈشكەن ئىزلىرىنى ئۆچۈرمەي شۇ يەردە كۆكلە، لېكىن مېنى ئۇنتۇپ قالما، خەت يېزىپ تۇر، پۇرسەت بولسا كېلىپ تۇرۇڭلار.

— كەچۈرۈڭ دادا، سىزدىن بىسوراق نەبى ئاكام ئىككىمىز تۈنۈگۈن ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى ئەزىمەت، — ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن كېيىن ئۇچىدىكەنمىز.

— قىلغان ئىشىڭلارنى قاراڭلار، يەنە بىرەر ھەپتە تۇر-

ساڭلار بولامدۇ؟
— ئانىمىزدىن ئەنسىرەپ قالدۇق.
— كۆڭلۈمدە ئۆزۈم ئايروپىلانغا سېلىپ قويىمەن، دەپ
ئويلاپتىكەنمەن.
— بىلەتنى نەبى ئاكام ئېلىپ بەردى. ئەسلىدە بىز ماشى-
نىدا كەتمەكچىدۇق.
— گۈلچىنئاينى ئوپېراتسىيە قىلغان تۇرسا، نەچچە كۈن-
لۈك يولغا قانداق بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟
قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ھېكمەت ئۇلارنى ئۇزىتىش
ئۈچۈن ئايروپىلان ئىستانسىسىغا بىللە چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ
ئورنىدىن تۇردى.
— كامىل بىلەن خوشلاشقىلى قاچان بارىسىلەر؟ — سو-
رىدى ھېكمەت نەبىدىن، — ياكى خوشلىشىپ بولدۇڭلارمۇ؟
— كامىلكام ئەتىگە چاقىرىپ قويغان، — دېدى نەبى، —
ئەتە شۇ يەرگە بارىمىز، ئۈگۈنلۈككە ئەتىگەندە مىنىبۇس بىلەن
سىزنى ئالغىلى بارىمىز.
ھېكمەت ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كارىدورغا قەدەم ئېلى-
شى، ماھىگۈلمۇ ئۇنى ئۇزىتىپ قويغىلى ئارقىسىدىن ماڭدى.
ئىككىسى پەلەمپەيلەردىن تاقىلداپ چۈشۈپ ھويلىغا چىقتى.
لېكىن، ماھىگۈل ئۇنى دوختۇرخانىنىڭ ئۈستى قىرقىلغان قا-
رىياغاچلىق يوللىرىدىن، ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن خىلمۇخىل
گۈللەردىن ئايلاندۇرۇپ چوڭ يولغا ئېلىپ چىقتى ۋە دەرۋازا
ئالدىدا توختاپ، جىمجىت تىكىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن،
ھېكمەتنىڭ كاستيۇمىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ قويدى.
— ھېكمەت ئاكا، بايا سىزگە قاتتىق گەپ قىلىۋېتىپتىم-
مەن، — ماھىگۈلنىڭ ئاۋازى بەك تۆۋەن ئىدى، — مېنى كە-
چۈرۈڭ.
— ئۇنداق دېمەڭ، ھەركىمنىڭ دۇنيا قارىشى ئۆزگىچە


بولىدۇ ئەمەسمۇ، ئەيىبلەشكە نېمە ھەددىم.
— ئۇنداقتا «ئىككىمىزنىڭ دۇنيا قارىشى ئوخشىمايدۇ،
شۇڭا گېپىمىزمۇ بىر يەردىن چىقمايدۇ» دېمەكچىمۇ سىز؟
— ياق، ياق، سىز بەك يىراقلاپ كەتتىڭىز، ھەر ھالدا
ئەمەلىيەتكە يېقىن كەلگەندەك قىلدىڭىز، — ھېكمەت دەرۋازا
ئالدىدىدا تۇرغاچقا ئەتراپىغا خۇدۇكسىنىپ قاراپ قويۇاتتى، —
«ياشاش ئەمەلىيەت»، كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقاتلار قورساق
تويغۇزۇش، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن ياشايدۇ. ئادەممۇ قور-
ساق، بايلىق، مەئىشەت، ئەمەل - ئىمتىيازلارغا ئىنتىلىپ
ئۆزى ئۈچۈنلا كۆرەش قىلىپ ياشىغىنىدا ئاشۇ مەخلۇقاتلاردىن
نېمە پەرقى قالىدۇ؟ دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىزمۇ زوق
ئالىدىغان روھىي ئامىللار ناھايىتى كۆپقۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمى-
غاندا خۇددى سىز ئېيتقاندەك ئىزگۈ تىلەكلەر قۇرۇق خام
خىيالغا ئايلىنىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ.
— ھېكمەت ئاكا، كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ دەي، — ماھى-
گۈلمۇ يۈز - خاتىر قىلمىدى، — يىراقلاپ كەتكىنى مەن ئەمەس
بەلكى ئۆزىڭىز. خۇددى كاككۇك ئۆز ئىسمىنى چاقىرغاندەك
نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز. مېنىڭ دېگىنىممۇ تار دائىرىدىكى
كۆڭۈلگە تالىق مەنتىقە. پەقەت ئۆزۈمگە تېگىشلىك بولغان،
لېكىن ئېرىشەلمىگەن كىچىككىنە كۆڭۈل... لېكىن، بۇنى
سىز ئايىغى چىقماس دەۋر سانلاردەك بەكمۇ يىراقلارغا ئېلىپ
كەتتىڭىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟
— سىز دەۋاتقان ئاشۇ كىچىككىنە كۆڭۈل ماڭا ناھايىتى
چۈشىنىشلىك، — ھېكمەت ئېڭىشىپ تەئەددى بىلەن شىۋىرلى-
غانىدى، ئىككىسىنىڭ نەپەسلىرى قوشۇلۇپ بۇرۇنلىرى بىر -
بىرىگە تېگەيلا دەپ قالدى، — سىز «ماڭا تېگىشلىك بولغان
نەرسىنى ئاچام گۈلزىبا، مەھبۇبەلەر تارتىۋالغان دېمەكچىمسىز-
غۇ؟!» بىلىپ قويۇڭ، تەقدىر - قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى

سىزنىڭ رايىڭىزغا باقمايدۇ، مانا بۇ رېئاللىقتىكى پاجىئە.
— چىدىماس، — ماھىگۈلنىڭ چىرايى سۇپسۇر تاتىرىپ
كەتتى، — مېنىڭ ئۆيدە قىلغان بىر ئېغىز سۆزۈم سىزگە تېك
كەلگەنلىكىنى شۇ چاغدىلا سەزگەنىدىم.
ھېكمەت خوشمۇ دېمەي چوڭ يولغا چىقتى - دە، تاكسى
توسۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ كەيپىياتىنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق ئۆر-
لەپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ يېشىپ بېرەلمەيتتى. يىگىر-
مە نەچچە يىلدا ئاران تېپىشقان ئوغلىنىڭ كەتمەكچى بولغىنى
يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ قويدىمۇ ياكى ماھىگۈلنىڭ «بىقۇل،
بىنەزەر، نىمجان بەندىسى» دېگەن ئاچچىق تەنىسىدىن غەزەپ
قېپى يېرىلىپ ئۆتى تاشتىمۇ، ئىشقىلىپ، ھەر ئىككىسى بار-
دەك قىلاتتى. لىللا گەپ، بايا بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشقاندا
تېمىدىن چەتنەپ، تەتۈرلۈك قىلغىنى ھېكمەت ئىدى. ئۇ ماھى-
گۈلنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ سۆز كارۋى-
نىنى قەستەن ئايىغى چىقماس چۆللەرگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.
كىچىك ھۇجرىدا كۆڭلىدىكى ئادىمى بىلەن يالغۇز قالغان ماھى-
گۈل ھېكمەتنىڭ تىزلىرىغا قوللىرىنى قويغاندا كۆزلىرى-
دىن زەر - ئۈچقۇنلار يامرىدى، نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئېنىقكى،
«ئويلىنىپ كۆرسەم بولغۇدەك» دېگەن بىر ئېغىز سۆز ئۇنىڭ
قەلبىنى لەرزىگە سالغانىدى. سۆھبەت پەقەت يۈرەكتىكى تاتلىق
تۇيغۇلاردىن باشلاندى. ئەمما، ھېكمەت تەتۈرلۈك قىلىپ «دۇنيا
قاراش» مەسىلىسىگە تاقاپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ماھىگۈل قەلبىدى-
كى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ ئۆزىنى چەتكە تارتىشىمۇ ياكى
بۇ چىڭ باغلىنىپ قېلىشىنىڭ ئىنكاسىمۇ؟! دۇنيادا شۇنداقمۇ
سۆيگۈلەر بولىدۇكى، ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن زىتلى-
شىش، قېيدىشىش، قەستەن ئۆكتەملىك قىلىش، ھەتتا دۈش-
مەنلىشىش دەرىجىسىگە يېتىش، لېكىن كۆرمىسە چىدىمايدىغان



تەشنالىق ئازابىنى تارتىشتەك بىر - بىرىنى تەرك ئېتىدىغان
تۇيغۇلار ئارقىلىق روھىي مۇھەببەت ئازابىدىن لەززەتلىنىدىغان
ئاشىقلارمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ!
ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەندە قىزى ئۈچقۇنئاي بىلەن بازارغا
چىقىپ يوللۇق سوۋغات ئالدى. ئۇلار تۈنۈگۈن كەچ قىلغان
مەسلىھەتى بويىچە، ئەزىمەت ھەم گۈلچىنئاينىڭ توي قىلغانلى-
قىغا ئاتاپ «سونى» ماركىلىق رەڭلىك تېلېۋىزور، كاستۇم -
بۇرۇلكا، گۈلچىنئايغا بىر قۇر مودا كىيىم، بىر جۈپ ھالقا،
ئالتۇن زەنجىر دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى.
بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، ئۈچقۇنئاي كەچكىچە ئۆي تازىلىقىنى
قىلدى. ئۇ دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ، ئەينەك - ئىشكاپلاردىكى
چىنە - قاچا، زىننەت فارفورلارنى پارقىرىتىپ، پوللارنى يۇي-
دى، ئاندىن كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن
خىيالى نەبى ئەتە ئەتىگەندە مىنىبۇسنى ئېلىپ كەلگۈچە ئۆيدىن
چىقىپ كېتىش ئىدى، چۈنكى ئۇ ئاكىسى ئەزىمەتنىڭ چىرايىغا
قاراشنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر كۆرەتتى. ئۈچقۇنئاي تاماق ئاپار-
غان كۈنى دادىسى بىلەن قۇچاقلىشىۋاتقان ئەزىمەتنى پەقەت يان
تەرەپتىن چالا - پۇچۇق كۆردى ھەم بولۇنغان سۆزلەرنى
ئاڭلىدى - دە، تاماق قاچىسىنى تام تۈۋىگە قويۇپ يىغلىغىنىچە
دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى. مانا شۇنىڭدىن بېرى ئەزىمەت
بىلەن پەقەتلا ئەسرا بولمىدى. ئۇ شۇ كۈنى بىر كېچە كىرپىك
قاقماي خىيال قىلىپ چىقتى. ئەگەر دادىسى ئەزىمەتنى ئېلىپ
قالغۇدەك بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەتلا كەلمەسلىك
ياكى ماھىگۈلنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كېتىشىنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ
قويدى. ئاخشام دادىسىدىن ئەزىمەتنىڭ خوتەنگە كەتمەكچى بول-
غانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ خاتىر-
جەم بولدى. لېكىن، دادىسىنىڭ غەمكىن، مىسكىن چىرايىنى

كۆرۈپ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ئېيتقۇسىز ئېچىشتى.

ھېكمەت بىلەن ئۇچقۇنئاي ئاشكۆكى ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان سۈيۈقئاشنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمىدى، ھەتتا چىرايلىرىغىمۇ قاراشمىدى. چۈنكى، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى بىرلا ئىش غەش قىلىپ تۇراتتى، ئۇ بولسىمۇ ئەتە خوتەنگە قايتماقچى بولغان ئەزىمەت بىلەن گۈلچىنئاينى ئۇزىتىش ئىدى. ھېكمەت قىزىغا ئېغىز ئاچماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ نومۇسلۇق جاراھىتىنى قايتا ئېسىگە سېلىپ بىئارام قىلىشنى خالىمىدى، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇچقۇنئاي مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىنى قاچۇرۇپلا كەلدى. ياش ھاياتىدا پاك يۈرىكىگە چۈشكەن بۇ ئۇياتلىق داغ، ئۇنى داۋاملىق شەرم - ھايا، پاكىز ئېتىقاد ۋە ئەخلاق ئاتەشلىرىدە كۆيدۈرۈپ، ئازابلاپ كەلمەكتە ئىدى. گەرچە ئۇ ئەزىمەتنىڭ ئۆز ئاكىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ سەۋەنلىك ئىككى ئوتتۇرىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان تۇۋۈسىز ھاڭنى پەيدا قىلىپ قويدى. شۇڭا، سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئۇچقۇنئاي مۇنچىغا كىرىپ ئالدىراپلا تازىلىق قىلدى - دە، ئەتكەنچاي تەييارلىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇزلا چېيىنى ئىچىپ مەكتەپكە كەتمەكچى ئىدى، لېكىن ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپلا مۇنچىغا كىرىپ كەتكەچكە دادىسىنى بىردەم ساقلىدى، ئاخىر تاقەت قىلالماي ئۆزى ناشتا قىلىپلا كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشى ئىشىك چېكىلىپ قالدى. ئۇ ئالمان - تالمان ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى. كىرگەن ئادەمنىڭ ئاۋازىدىن يالغۇز نەبى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىشىك يوچۇقىدىن مارىدى.

— ھېكمەت ئاكا، تېزرەك بولۇڭ، — دېدى نەبى ئالدىرىغان تەلەپپۇزدا، — ئەزىمەت، گۈلچىنئايلار ماشىنىدا ساقلاپ



قالدى. بىللە كىرەيلى دېسەم ھايال بولۇپ قالىمىز، دەپ ئۇنىمىدى.

كۆڭلى جايىغا چۈشكەن ئۇچقۇنئاي ھۇجرىسىدىن چىقىپ نەبى بىلەن سالاملاشتى. بۇ ئەسنادا ھېكمەت ئازراق ناشتا قىلىۋېلىپ سومكىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى ئالدى. ئۇ قىزىدىن «سىزمۇ بارامسىز؟» دەپ سورىمايلا نەبىگە ئىلتىجا قىلدى.

— سەن ماۋۇ نەرسىنى كۆتۈرۈپ، — دېدى ھېكمەت چوڭ كوروپكىغا قاچىلانغان تېلېۋىزورنى ئىما قىلىپ، — ئارقامدىن چىق، مەن چۈشكەچ تۇراي.

— نەبى ئاكا، — دېدى ئۇچقۇنئاي بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ، — سىز بۇ ئۈزۈكنى گۈلچىنئاي ھەدەمگە بېرىپ قويۇڭ، يادنامە بولۇپ قالسۇن.

— سىزنى سورىسا نېمە دەيمەن؟

— ئىمتىھان بولغاچقا ئاخشام مەكتەپتىن كېلەلمەپتۇ، دەپ قويىمامسىز.

— ئەمىسە بۇ ئۈزۈكنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن؟

— بىر نېمە دەپ گەپنى ئوخشاتامسىز، يائاللا سىزمۇزە.

— بولدى، بولدى، ئېسىمگە كەلدى، — نەبى مەنىلىك كۈلۈپ قويدى، — خاتىرجەم بولۇڭ.

نەبى چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۇچقۇنئاي دېرىزە ئالدىغا كەلدى - دە، پەردىنى يېرىم قايرىپ پەسكە قارىدى. ئەزىمەت نېمىلەرنىدۇر دەپ ھېكمەتنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ماشىنىغا سالدى. گۈلچىنئاينىڭ قولىدا بولسا ئاق قەغەزگە ئورالغان تۆت چاسا بىر نەرسە تۇراتتى، ئۇچقۇنئاي كۆڭلىدە «بەلكىم كامىل دادام بەرگەن ‹بولاقتىكى شولا› رەسىمى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. نەبى تېلېۋىزورنى كۆتۈرۈپ چىقىشى ھېكمەت بىلەن ئەزىمەت ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ

كوروپكىنى ماشىنىغا ئاۋايلاپ سالدى. گۈلچىنىئاي نەبىگە نېمىلەرنىدۇر دېگەندى، ئۇ قوللىرىدا قانداقتۇر ھەرىكەتلەرنى قىلىپ چۈشەندۈردى. ھېكمەت بولسا كۆزلىرىنى سۈرتكەچ، ئوغلى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتاتتى.

مىنىبۇس سىلىق قوزغىلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۈچقۇنئاي دېرىزە تەكچىسىگە يۆلەنگىنىچە يىغلىۋەتتى:

— ئاھ خۇدا، دادام نېمىدېگەن بىتەلەي ئادەم! ئۇ ئۇزۇن يىللار زارىقىپ كۈتكەن ئوغلىنى تاپتى، لېكىن ئايرىلدى. بۇ ھەقدادىغا يەتمىگەن ۋىسالغا مەن سەۋەبكار ئەمەسمۇ...



## تايغاننىڭ ئاخىرقى ھەيۋىسى

رەسسام بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسى، لايىھىلەش خىزمىتى، شۇنداقلا كۈنلەرنى تۈنلەرگە ئۇلاپ يېزىش ئالدىراشچىلىقىدا باھار، يازلار ئۆتۈپ كەتتى. قاچانلاردا كەچ كۈز ئايلىرىنىڭ كىرىپ قالغانلىقىنى تۇيمىغان ھېكمەت سارغايغان ئاكاتسىيە قاتارلىرىنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئىنسانىنىڭ ئاخىرقى ئۆمۈر مەنزىلىنى ئەسكە سالىدىغان بۇ پەسىل ھەر نۆرە يېتىپ كەلگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل مىسكىنلىك، تەنھالىق ۋە مۇڭلۇق خىياللار ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ غېرىبسىنىپ قالاتتى. قىزغۇچ، قوڭۇر، زەپىران ياپراقلارغا، گۈل تەكچىلىرىدىكى مونەكتەك قۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن گۈللەرگە ھەسرەتلىك باققىنىدا، ئەلەملىك بىر نىدا ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىپ چىقاتتى: قىسقىغىنا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ قۇياشلىق جاھانغا كۆزى قىيمىغاندەك ئېرىنچەكلىك بىلەن شىرتىلداپ تۆكۈلۈۋاتقان ئاخىرقى غازاڭلارغا قارىغانسېرى، گويا يۈرىكىمۇ بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ ئانا تۇپراققا قېتىلىپ كېتىۋاتقاندەك ئېغىر تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى. بولۇپمۇ ھازىر ئۇ تەبىئەتتە ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان چۈشكۈنلۈك، ئېغىر ۋەھىمە ۋە ئەنسىرەشلەر ئىلكىدە قالغانىدى. بۈگۈن ئاڭلىغان شۇم خەۋەر ھېكمەتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئۈزۈلمەي تەكرارلىنىپ تۇراتتى. تېلېفون تۇرۇپكىسىدا ماھىگۈلنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ياڭرىدى:

— ھېكمەت ئاكا، كامىل ئاكام ئېغىر زىققا كېسىلىگە مۇپتىلا بوپتۇ. ئۇ دوختۇرلارنىڭ «بالنىتسىدا ياتمىسىڭىز بول-

مايدۇ» دېگىنىگە قۇلاق سالماي كېتىپ قالدى. جان بولسا
جاھان، ئاش بولسا قازان ئەمەسمۇ، سىز بىر سۆزلىشىپ كۆر-
مىسىڭىز زادى بولمايدۇ.

ھېكمەتنىڭ يۈرىكى بىردىنلا مۇجۇلۇپ، خۇددى ئامبۇردا
قىسقاندەك ئازابلاندى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە
پۈكۈپ كېلىۋاتقان دوستلارنىڭ خاتىرىلىرىنى تېخى ئەمەلىي -
لەشتۈرگىنى — غەلىيانلىق دەۋرلەردىكى پاجىئەلىك تارىخنى
ئەۋلادلارغا قالدۇرغىنى يوق! ئۇ مەشئۇم زامانلارنىڭ بىردىنبىر
شاھىدى كامىل ئىدى. ھېكمەتكە ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھەمپىكىر،
ياخشى رەپىق، ھەمسۆھبەتتىن يەنە كىم بولسۇن؟ ئۇلار ئاشۇ
تۇتەك قاپلىغان زۇلمەتلىك تۈنلەردە، قاراڭغۇ، زەي زىندانلار-
دا، سۈرگۈن قىلىنغان چۆللەردە، تېررورلۇق ھۆكۈم سۈرگەن
جازا مەيدانلىرىدا، قانلار دەريا بولۇپ ئاققان جەڭگاھلاردا بىرگە
بولغانىدى. زاماننىڭ قانلىق پەنجىرىلىرى قاماللاپ بىمەھەل
ئېلىپ كەتكەن دوستلىرىنى، جەننەت ھۆرلىرىدەك مەھبۇبىلە-
رىنى، مەرىپەت مەشئەللىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن كۆمۈشتى.
خوتەن دىيارىنىڭ باغ - چۆللىرىنى قاپلاپ ئۆسكەن يۇلغۇنلارغا
قاراڭ، ئۇنىڭ ئوتقاشتەك تاۋلانغان چېچەكلىرى ئاشۇ شۇم دەۋر
قۇربانلىرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن ئۈمىد -
ئارزۇلىرى، قىزىللىقى بىھۇدە تۆكۈلگەن قانلىرىنىڭ نامايەندى-
سى. شامەشرەپنىڭ «شەھىدانە خوتەن»① دېگەن بىر ئېغىز سۆ-
زى بۇ دىيارغا دۇئايىبەت بولۇپ كەتكەنمۇ نېمە؟ 20 - ئەسىر

① 9 - ئەسىردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قوشۇنلىرى بۇددىزمنىڭ مۇھىم
مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان خوتەنگە ئىسلام يۈرۈشى قىلدى. بۇ ئۇرۇش دىنىي
رىۋايەتلەردە قىرىق يىل، تارىخىي خاتىرىلەردە يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان
دېيىلىدۇ. رىۋايەتتە زىكرى قىلىنىشىچە، شامەشرەپ كىچىك تەرەت قىلىدىغان جاي
تاپالماي يورۇڭقاش دەرياسىغا سىيدى، كىمدۇر بىرى دېدى: «ھەي كاپىر، نېمە ئۈچۈن
سۇغا سىيىسەن؟» شامەشرەپ جاۋاب بەردى: «قانداق قىلاي، شەھىدانە خوتەننىڭ
تۇپرىقى بەندە قېنى بىلەن بويالغان تۇرسا. . .»



ئاتوم دەۋرىدىمۇ يەنە بىر قېتىم قانغا بويالدى. خەيرىيەت، ئاشۇ
قىيىلغان جانلارنىڭ ئازابلىرى، دېھقانلارنىڭ ئاچچىق تەر -
زەردابلىرى، ئاۋامنىڭ كۆز ياشلىرى ئىككى دوستنىڭ يۈرەكلى-
رىگە تىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ھېكمەت كېسەلگە مۇپتىلا بولغان
دوستىدىن ئەنسىرىمەي تۇرالامدۇ؟ ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلىرى-
غا پەقەت شۇلا ھەمقان بولالايتتى. ھازىر كامىل يۇقىرىنىڭ
يوليورۇقىغا ئاساسەن مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنماقچى
بولغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئون ئىككى كىتابىنىڭ تېكىستلى-
رىنى رەتلەش خىزمىتىنى جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ «كلاسسىك-
لىرىمىز» مەجمۇئەسىنىڭ مۇدىر ۋە مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى
ئۆتەۋاتقان يىللاردا، ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتى
مىرزا مۇھەممەت ئىسىملىك يىگىت بىلەن تەنتەربىيە كومىتېتى
مېھمانخانىسىنىڭ مەخسۇس خانىسىدا قەدىمىي كلاسسىك كىتاب-
لار دۆۋىسىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى. ئۆي ئارىلىقى يېقىن بولغاچ-
قا، ھېكمەت كەچ تەرەپلەردە بېرىپ كېچە بىر ۋاقلارغىچە پاراڭ-
لىشىپ كېلەتتى. تېخى ھەپتە ئالدىدىلا كامىل مىرزا مۇھەممەت
بىلەن ھېكمەتنى دۆڭكۆۋرۈكتىكى كاۋاپخانىدا مېھمان قىلغانى-
دى.

ھېكمەت دوستىغا دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى كۆڭلىگە
پۈكۈپ تەنتەربىيە كومىتېتى مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ
سۇنئىي تالالىق پاياندازا سېلىنغان ئۇزۇن كارىدور بويلاپ مېڭىپ
ئىككىنچى قەۋەتكە ئۆرلىدى، ئاندىن تونۇش ئىشىكنى چەكتى.
ئىچكىرىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئىجازەت بېرىلىپ بولغۇچە ئۆزىمۇ
ياتاققا كىرىپ بولدى. يېزىق ئۈستىلى ئۈستىگە قاتمۇقات دەس-
تىلەنگەن قەدىمىي كىتابلار ئىچىدە بېشىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان
كامىل كۆزەينەكنى ئېلىۋېتىپ لەپپىدە قارىدى - دە، ئورنىدىن
تۇردى. ئاڭغىچە ياندىكى ئۈستەلدە تاللانغان غەزەللەرنى ئاققا
كۆچۈرۈۋاتقان مىرزا مۇھەممەتمۇ قەلىمىنى كىتاب ئارىلىقىغا

قويدى.

— كەل، كەل شاماللىق، — دېدى كامىل قولىنى سو -
زۇپ، — مانا شۇ تۇرقىدا پەرمانشا مۇدىرنىڭ «شاماللىق، قاتـ
لىماڭنى ئالمامسەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئولتۇراتتىم.

— خەقلەر ئىشتىن چۇشۇپ كەتكىلى نە ۋاق، — ھېكمەت
ئولتۇرىدىغان يەرنىڭ يوقلۇقىدىن ئەتراپقا قارىدى، — ئەمدى
يىغىشتۇرساڭمۇ بولار بۇ كىگىز كىتابلىرىڭنى.

— سەنمۇ خالىقتەك كىگىز كىتاب دېگىلى تۇر -
دۇڭغۇ، — كامىل دىۋان، ئورۇندۇق، كارىۋات ئۈستىلىرىگە
يېيىلىپ كەتكەن كىتاب، قولىيازمىلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلى -
دى، — سەن قەستەن مېنىڭ چىشىمغا تەگمەكچىغۇ،
شۇنداقمۇ؟

— كامىلكا، — نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ قالغان مىرزا مۇـ
ھەممەت دەرھال سۆز قاتتى، — ھېكمەتكام چاقچاق قىلىۋاتىدۇ،
چاقچاق...

مىرزا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق چۆچۈپ قېلىشى سەۋەبسىز
ئەمەس ئىدى. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كلاسسىك ئەسەرلەر
ئىشخانىسى ھەم ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدىن بىرـ
مۇنچە باشلىقلار كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاتىپ سىياق
بىرى: «ۋاي - ۋۇي، كونا جۇۋىدەكلا كىتابلاركەنغۇ بۇ» دەپ
سالغانىدى، كامىل رەھبەرلەرنى بار - يوق دېمەي: «نېمە، سىز
ھېلىلا كونا - ئەسكىلىكتىن چىققاندەك گەپلەرنى قىلىسىزغۇ.
بىلسىڭىز، بۇ كىتابلار سىزدەك مىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىشـ
مەيدىغان ساپ گۆھەرلەر...» دەپ قىزارتىۋەتكەنىدى. بىـ
راق، ئۇ ھېكمەتكە ئۇنداق قىلالمايتتى.

— بىلىمەن، بىلىمەن مىرزا مۇھەممەت، بۇ قېرى بويـ
تاقنىڭ تىلى بارغانسېرى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك قىرتاقلىشىپ
كېتىۋاتىدۇ، — كامىل مىرزا مۇھەممەتكە پۇل سۇندى، — قېـ



نى، سىز دەرھال چىقىپ بىرنەچچە بوتۇلكا پىۋا ۋە كاۋاپ
ئەكىرىڭ. بۇ شاماللىقنى شۇنىڭ بىلەن مەلىكە قىلمىساق تېخىـ
مۇ سېسىقىنى چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ.

مىرزا مۇھەممەت سومكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھېكـ
مەت بىلەن كامىل يالغۇز كىشىلىك دىۋانلاردا يانمۇيان ئولتۇـ
رۇشتى.

— ھە، بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا، شاتۇتىدەك «شامالـ
لىق، شاماللىق» دەپ سايراپلا كەتتىڭا، — دېدى ھېكمەت دوسـ
تى سۇنغان تاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — پەرمانشانى سېغىـ
نىپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— تاپتىڭ، — كامىلنىڭ چىرايىنى تۇمان قاپلىدى، —
پەرمانشا مۇدىر ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كونا ئىشلار
ئېسىمگە كېلىۋالدى.

— قوپاللىقى بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى ئادەم ئىدى
رەھمەتلىكنىڭ، — ھېكمەت خورسىندى، — ئۇنىڭ: «گۈلزىباـ
نى ئېلىپ بېرەيمۇ ساڭا، بۇنداق قىزنى كۈندۈزى چىراغ يېقىپمۇ
تاپالمايسەن جۇمۇ» دېگەن سۆزى زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ.

— ھېكمەت، — كامىل كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىـ
چە خېلى ئۇزۇن جىمىپ قالدى، — ھازىر ھېكايە، پوۋېستلارـ
دىن ئالتە كىتاب چىقاردىڭ، رومانىڭمۇ نەشر قىلىنىدى. دېمەكـ
كى، قەلىمىڭ خېلىلا پىشىپ قالدى. ئېسىڭدىمۇ، يېڭىئېرىق
سۇ ئامبىرىدىكى ئايدىڭ كېچە. بىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە نېمىـ
لەرنى دېيىشكەنىدۇق. ئاشۇ دوست - بۇرادەرلەر، جاپاكەش
دېھقانلار، رىيازەت چەككەن ئاۋامنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنتۇپ
قالمىغانسەن؟

— قانداقمۇ ئۇنتاي، — ھېكمەت گويا ئىچىدىكى پىغانىنى
بىر يولىلا چىقارماقچى بولغاندەك تاماكىنىڭ ئىسىنى «ئۇھ»
دېگىنىچە ئۇزۇن پۈۋلىدى، — مەھبۇبە تۇگىگەندىن كېيىن،

خوتەندە ئۆتكەن يىگىرمە يىللىق ھاياتىم كۆڭۈل ئەينىكىمدە بىر - بىر ئايان بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. قەلەمنى قولۇمغا ئالساملا خۇددى ئايىغى ئۈزۈلمەس بۇلاقلاردەك بىر ئۆمۈر داستانىغا، چەك - چېگرىسى كۆرۈنمەس جاڭگىللى مازاندىران، تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق دەشتى - چۆللىرىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇلارغا چۆمۈلىمەن. . . بۇ ھەقتە غەلىتە - غەلىتە تېمىلار مېنى ھاياجانغا سالىدۇ.

— قېنى دەپ باققىنە، قانداق تېمىلار ئۇ؟

— «شۇنداقمۇ دوستلار ئۆتكەن» ، «تۇمانلىق يىللار» ، «بىز باسقان قانلىق يوللار» .

— باشتىكى تېما چەكلىمىلىككە ئىگە، چۈنكى سەن دوستلار توغرۇلۇقلا يازمايسەن، — دېدى كامىل بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، — ئاخىرقىسى بولسا بەك يالىڭاچ قويۇلغان، مېنىڭچە، «تۇمانلىق يىللار» بولۇپ قالغۇدەك.

— مەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن قەبرىستانلىققا چىقىپ مۇرات بىلەن مۇڭداشتىم، — ھېكمەت بىردىنلا مۇڭلاندى، — سەن دېگەن بۇ ئىشلار شۇ چاغدىمۇ كاللامغا كىرىۋالدى. مەن مۇرات ئۈچۈن بولسىمۇ پۈتۈن ئەقىل - ئىدراكىمنى ئىشقا سالىمەن.

— ئىرادەڭگە تەساننا، — كامىل دوستىنىڭ مىسكىن چىرايىغا باقتى، — مۇسەللەپ كۆرسەم ئاشۇ ئۇنتۇلماس ئايدىڭ كېچىنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە يىگىرمە تۆت يىل بولۇپ قاپتۇ.

ھېكمەت كامىلنىڭ كېسىلى ھەققىدە ئەمدىلا گەپ ئېچىشىغا، ئېغىر سومكىنى كۆتۈرگەن مىرزا مۇھەممەت كىرىپ قالدى. ئۇ ئېگىز بوي، تەمبەل، يۇمشاق قارا تۈكلەر بۇرۇت ئىزناسىنى شەكىللەندۈرگەن، خۇش پېئىل، مۇلايىم يىگىت ئىدى. مىرزا مۇھەممەت كاۋاپ پىشقۇچە كاۋاپداننىڭ ئالدىدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانمۇ، قارىغا مايىل ئۆڭى بېغىررەڭ تۇس



ئالغاندى. ئۇ سومكىنى گىلەم ئۈستىگىلا قويۇپ پېشانىسىدىكى ئۇششاق تەر ئۇنچىلىرىنى سۈرتتى.

— مىرزا مۇھەممەت، قېنى سىز چاي دەملەڭ، — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن جوزا راسلاي.

كامىل يېزىق ئۈستىلىگە گېزىتنى يېيىپ سالغاندىن كېيىن، ئىككى ناننىڭ ئارىسىغا ئېلىنغان كاۋاپنى قويۇپ، ئاندىن پىۋىنى ئالدى. ئۇ ئىش قىلغاندا تولىمۇ زىرىپىلەپ كەتكەچكە، پاكىز ئىستاكانلارنىڭ ئىچى - سىرتىنى قەغەز بىلەن سۈرتۈپ بولۇپ دېرىزىگە تۇتۇپ كۆرۈپمۇ باقتى. ھېكمەت ئۇنىڭ ھېچقانداق كېسەل ئەسرارى كۆرۈلمىگەن چىرايىغا، چاققان ھەرىكەتلىرىگە قاراپ «ماھىگۈل سەل ئاشۇرۇۋەتتىمۇ قانداق» دەپ ئويلىدى. بۇ ئەسنادا مىرزا مۇھەممەت ئىستاكانلارغا چاي قۇيۇپ بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئۇلار كاۋاپ ھەم نان بىلەن قورساقنى ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن پىۋا ئىچىشتى.

— ھەرقاچان شارابقا تەئەللۇق نەرسىگە داخىل بولساملا مۇرات ئېسىمگە كېلىدۇ، — دېدى ھېكمەت ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، — رەھمەتلىك ئاجايىپ ئامراق ئىدى.

— ئىچىۋالغاندىن كېيىنلا سىنىڭ چىشىڭغا تېگىدىغان، — كامىل پىۋىنى بىر ئوتلاپ قويۇپ قويدى، — سىلەر جىقراق ئىچىڭلار، مەن سىلەرگە ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرەي، بولمىسا ھاسىراپ كېتىدىكەنمەن.

كامىل تۇيۇقسىز ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپتىن ئەندىكىپ، دەرھاللا مىرزا مۇھەممەتكە قاراپ قويدى. «ھاسىراپ كېتىدىكەنمەن» دېگەن سۆزدىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەنىلىك قارىشىدىن يۈرىكى «قارتلا» قىلىپ قالغان ھېكمەت دوستىغا قارىدى. كامىلنىڭ كېسىلىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇ بۇ چاغقىچە ئىچىملىك ئىچىپ بۇنداق ھالەت يۈز بەرمىگەنىدى.

— بولدى، سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ ئىچمە، — دېدى ھېكمەت كامىلنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ، — سېنىڭ قانداق كېسەل بولۇپ قالغىنىڭ ماڭا ئايان. نېمە ئۈچۈن بالنىتسىدا ياتقىلى ئۇنىمىدىڭ؟

كامىل بىلەن مىرزا مۇھەممەت تۇنجۇقۇپلا قالدى. ھەر ئىككىلىسى ھېكمەتنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىغا قارىغىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. ئارىنى بىر ھازا جىمجىتلىق باستى. ئاخىر كامىل چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— يائاللا، قۇلىقىڭ ئەجەب ئۇزۇن نېمىكەنسەن، — كامىل بېشىنى چايقىدى، — ساڭا يەتكۈزگەنلەر بەك كۆپتۈرۈۋېتىپتۇ، ئەنسىرەپ كەتكۈدەك چوڭ ئىش يوق.

— سېنىڭ مىجەزىڭ ماڭا ئايان، — دېدى ھېكمەت، — بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلساڭ گېلىڭدىن تارتىپ ئائىلەڭگىچە ئۇنتۇيسەن، خۇددى يەر شارىنى ئۆزۈڭ چۆرگىلىتىدىغاندەك.

— خاتىرجەم بول، ئەزرائىلنىڭ ھازىرچە ماڭا چولىسى تېگىدىغاندەك ئەمەس. قارىمامسەن، شۇنچە بەردەم تۇرمامدىمەن.

— ھەر قېتىم دوختۇرخانىغا بىللە بارغىنىمىزدا، — دېدى مىرزا مۇھەممەت ھېكمەتنىڭ سۆزلىرىنى قوللىغان تەلەپپۇزدا، — كامىلكام دورا بىلەن ئوكۇلنى ئېلىپلا قايتىدۇ. دوختۇرلارنىڭ. . .

— دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، — كامىل مىرزا مۇھەممەتكە ئالىيىپ قويدى، — كېسەلنىڭ ئەمدى باشلىنىشىكەن، دورا، ئوكۇل بىلەن بىر مەزگىل داۋالانسام ساقىيىپ كەتكۈدەك.

— ساڭا گەپ يېگۈزمەكنىڭ تەسلىكىنى بىلىمەن، — ھېكمەت ئۇستاكاندىكى پىۋىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، — لېكىن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنىڭ نەقەدەر



كۆپلۈكىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك.

— چۈشىنىمەن، — كامىل دوستىنىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى، — مىرزا مۇھەممەت ئىككىمىز ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىچىدە بېيجىڭغا ماڭىدىغاندەك تۇرىمىز، شۇ پۇرسەتتە داۋالىنىشنى ئويلاۋاتىمەن.

مۇقام جەمئىيىتى، تەشۋىقات بۆلۈمى، شۇنداقلا كلاسسىك ئەسەرلەر ئىشخانىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى بېيجىڭدا تۈزگەچ، بىر تەرەپتىن نەشردىن چىققان قىسىملىرىنى ئۈستىدىن تۈزىتىپ مېڭىش ئۈچۈن كامىل بىلەن مىرزا مۇھەممەتنى بېيجىڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلغانىدى.

— بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىشىم سېنىڭ كېسىلىڭ توغرۇلۇق ئىدى، — دېدى ھېكمەت كۆڭلى ئەمىن تاپقان قىياپەتتە، — بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن داۋالىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قوي، ئۇ يەرنىڭ داۋالاش سەۋىيىسى ئەلۋەتتە يۇقىرى.

— مانا شۇنىڭغا خۇشال، — مىرزا مۇھەممەت سۆز قىستۇردى، — كامىلكامغا ئۆزۈم ھەيدەكچىلىك قىلىمەن، داۋالانمىسا زادى بولمايدۇ.

— سىلەر يولغا چىققۇچە يەنە پاراڭلىشىمىز، — ھېكمەت مىرزا مۇھەممەتكە قارىدى، — سىز قولىڭىزغا تاياق ئېلىپ زىنچىلاپ تۇرمىسىڭىز، تۈگمەندىن زېرىككەن تۈزچىنىڭ ئېشىكىدەك، بۇ جاھىل دوختۇرخانىغا تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىمايدۇ.

— پاھ، پاھ، ماۋۇ شاماللىقىنىڭ گېپىنىڭ سېسىقلىقىنى كۆرەيمۇ، — كامىل بېشىنى چايقىدى، — بارمىسام سېنىڭدىن قۇتۇلالمىغۇدەكمەن. مېنىڭمۇ بېيجىڭدىكى «جۇڭيى» دوختۇرخانىلىرىنىڭ بىرىدە داۋالىنىش ئويۇم بار ئىدى.

ھېكمەت ئۇلار بىلەن بىرەر سائەتتەك پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. . . كامىل ئۇنى ئۇزىتىپ سىرتقا بىللە چىقتى. تەنتەربىيە كومىتېتى ئالدىدىكى كاۋاپخانا ئالدى خۇددى

چۇۋۇلۇپ كەتكەن ھەرە كۆنىكىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. باشقا يەرلەرگە قارىغاندا بۇ يەرنىڭ كاۋىپىنىڭ گۆشى يېڭى، ئەرزان ھەم چوڭ ئۆتكۈزۈلگەچكىمۇ، ھەر كۈنى تازىمۇ قىزىپ كېتەتتى. ئىككى غولاچ ئۇزۇنلۇقتىكى كاۋاپداندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاپئاق ئىس، ئاجايىپ مەززىلىك پۇراقلارنى نە - نەلەرگە ئۇچۇرۇپ دىماغلارنى غىدىقلايتتى. ئىككى دوست كوچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن كوچا چىراغلىرىغا، ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈۋاتقان ھەرخىل ئاپتوموبىللارغا، رەڭگارەڭ كىيىنگەن كىشىلەرگە قاراپ بىردەم تۇرۇشتى.

— كامىل، — دېدى ھېكمەت روھسىز قىيا - پەتتە، — رەسسام بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىنى قىلمايمىكىن دەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— يېزىقچىلىق ھەم سىزىقچىلىق ئىشلىرىمغا خېلىلا تەسىرى بولۇۋاتىدۇ.

— ئەسلىدىغۇ ئەمەل دېگەن نەرسە كەسپىي خادىملار ئۈچۈن ئارتۇقچە يۈك. تاشلاپ بېرىمەن دېسەڭ ئۇلار قوشۇلارمۇ؟

— بىر قېتىم سۆزلىشىپ كۆردۈم، رەھبەرلىك ئۇنىماي تۇرۇۋاتىدۇ.

ھېكمەتنىڭ كەسپىنى باھانە قىلىپ مۇدىرلىقنى تاشلاپ بەرمەكچى بولغانلىقى، ئەمەلىيەتتە كۆڭۈل سوۋۇشتىن بولۇۋاتاتتى. ھازىر «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتى ئىشانوف ھەم جاڭ جىجۇلار بار ۋاقىتتىكى جەڭگىۋار ھالىتىنى يوقىتىپ قويماقتا ئىدى. نەشرىيات باشلىقى ياقۇپ مۇھىتى، باش مۇھەررىر نۇرساپا، شۇجى ھەم مۇئاۋىن باش مۇھەررىر لۇگاڭلار كەلگەن دەسلەپكى يىللاردا نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى خېلىلا يۈرۈشكەندەك قىلغان بولسىمۇ، كېيىن بارا - بارا چېكىنىشكە باشلىدى. نەشر خىزمىتى، كىتاب تارقىتىش، تېماتىك پىلان تۈزۈش،



مەمۇرىي خىزمەت، قەلەم ھەققى قاتارلىق بىر يۈرۈش كەسپىي خىزمەتلەر ئوخشىمىغان قاتاللىقلار سەۋەبىدىن بىر ئىزدا توختاپ قېلىۋاتاتتى. ياقۇپ مۇھىتى ھەر قېتىملىق چوڭ يىغىندا قايسى كىتاب، قايسى ژۇرناللاردىن قانچىلىك زىيان بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە قايناپ - تېشىپ سۆزلەيتتى، بىراق ئاشۇ زىياننى قانداق ئازايتىش توغرىسىدا ھېچقانداق ئامال - چارە قويالمايتتى ياكى ئىزدەنمەيتتى. ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان بىر قىسىم كىتابلارنىڭ ۋاقتىدا زاۋۇتقا يوللانماي پىلانغا تەسىر يېتىۋاتقانلىقىدىن بولسا مۇدىر ۋە مۇھەررىرلەر قاقشايتتى، كۆرۈپ تەستىقلاپ بېرىشكە يوللانغان قوليازمىلار باش مۇھەررىر نۇرساپانىڭ ئىشكاپلىرىدا توپا بېسىپ ياتاتتى. قانداقتۇر تۈزۈم - قائىدىلەرنىڭ تولىلىقىدىن رەسسام بۆلۈمىمۇ قەدەمنى چوڭ ئالالمىغاچقا لى يۇڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل نەشرىيات بولۇش ھەققىدە دوكلات يېزىپ، يۇقىرى ئورگانلارغا چېپىپ يۈرەتتى. شۇڭا، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ھېكمەتنىڭ ئەمەلدىن كۆڭلى سوۋۇپ قالغانىدى.

— بولدى، بۇ ئىشلارنى ئويلاۋەرمە، كېيىنچە ئىزىغىمۇ چۈشۈپ قالار، ساڭا بىر مەسلىھەت بار ئىدى، — دېدى كامىل نەگىدۇر تىكىلگەن پېتى، — سەن مۇشۇنداق غېرىب دېۋانىدەك ئۆتۈپ كېتىۋېرەمسەن؟ مەھبۇبەنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ماھىگۈل بىلەن بىرگە قىلىپ قويساق قانداق دەيسەن؟

— ئۇ بىر نېمە دېگەن ئوخشىمامدۇ؟ — ھېكمەت دوستىغا قارىمايلا سورىدى، — سەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقانمىدىڭ؟

— بەزىدە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدۇ، بۇ توغرۇلۇق بىرنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، سېنى ساقلاۋاتقانلىقى ئېنىق، — كامىل ھېكمەتكە قىيا كۆزىنى سالدى، — ئۆزۈڭ شۇنچە ئالدىراش، ئۆيىنىڭ ئېغىر - يېنىكىنى بىر ئادەم كۆتۈرگەندىن ئىككى ئادەم

ئۇستىگە ئالغىنى ياخشى ئەمەسمۇ، كەسپىي ئىشلىرىڭغىمۇ كۆپ ياردىمى بولاتتى.

— تۇرمۇشتىن سوۋۇپ كەتتىممۇ بىلمەيمەن، ئۆيلىنىشكە ھېچ رايىم يوق.

— سېنىڭ مىجەزىڭ ماڭا ئايان، مەھبۇبەنىڭ ئۆلۈمى سېنى ۋىجدان ئازابىغا قويدى، — كامىل ئېغىر تىندى، — گۈلزىبادىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە ئەسلىگىگە كېلەلمىگەنىدىڭ. بىراق، رېئاللىقتا يۈزلىنىشىڭ كېرەك، ئۇچقۇنئايمۇ ساڭا مەڭگۇ ھەمراھ بولالمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما مېنى ھازىرچە تەڭلىككە سالما، كۆڭلۈم تارتمايدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ھەر كۈنى دېگۈدەك مەھبۇبە چۈشلىرىمدىن چىقمايدۇ. ئۇنى نېمىشقىمۇ شۇنچە يىللار ئازابلىغاندىمەن، دېسەملا يۈرىكىمنىڭ ئاغرىشىغا چىدىيالمايمەن.

— بۇنى ئۆزۈڭگە يۈك قىلىۋالساڭ ئۆمۈر بويى چۈشكىنلىشىپ ئۆتىسەن، — كامىلنىڭ تەلەپپۇزى بىردىنلا ئۆرلىدى، — مەھبۇبەمۇ نادانلىقىدىن سېنىڭ يۈرىكىڭنى جاراھەت قىلمىدىمۇ؟ بۇ دۇنيادا ھەر كىم ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

— ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماڭا قىلغىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا قىلغىنىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ.

كامىل چوڭقۇر خورسىنىپ ئۈندىمىدى، دوستىنىڭ خۇي - پەيلى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. دۇنيادا شۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدۇ، باشقىلاردىن دىلىغا رەنجى - كىنا يەتسە ئىچىگە يۇتۇپ بىر مەزگىل ئازابلىنىدۇ ۋە بارا - بارا ئۇنتۇيدۇ، ھەتتا «مەن مۇنداق دېمىگەن بولسام، ئۇ ئۇنداق قىلمىغان بولاتتى» دېيىش



ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس بىر ئېغىز سۆزىنى ياكى توغرا نىيەتتە قىلغان ئەقىدىسىنى ئەيىبلەپ ئۆزىنى ئۆزى كايىيدۇ. قانداقتۇر سەۋەنلىكلىرى ئۆزىگە تاغدەك كۆرۈنۈپ، باشقىلارنىڭ شۇم غەرەزلىرى تېرىقتەك بىلىنىپ قالىدۇ، ئەدناسى ئەپۇ سورايدۇ. بۇ ۋەجىدىن، قىسقىسى، رەقىبلىرىنىڭمۇ يۈزىنى قىزارتىپ قويۇشىدۇ. مانا بۇ ئەقىللىق، زېھنىياتلىق، ياۋاش كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر. بۇ توغرۇلۇق دانالىرىمىز مۇنداق تەبىر بەرگەن:

ئەقلى كامىل كىشىلەر تەمكىن ھەم ياۋاش بولۇر،
دۆت كىشىلەر يامانلىق ھەم شۇملۇق قىلۇر.

ھېكمەت دوستى بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇ يولدا ماھىگۈلنى ئەسلەپ ماڭدى. ماھىگۈل ھازىر بۇرۇنقىدەك قويۇق كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىرنەچچە ھەپتە يوقاپ كەتسە ھېكمەتنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى كۆرگۈسى، پاراڭلاشقۇسى، نېمىلەر ئۈستىدە تاكاللاشقۇسى كېلەتتى. بەزىدە ئىشىك چېكىلسە ياكى تېلېفون جىرىڭلاپ قالسا «شۇمىكىن» دەپ قالاتتى، كېلىپ قالغۇدەك بولسا ئەھۋال سوراشتىن باشقا ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمايتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۇچقۇنئاي دومسىيىپ «ئادەمنى خىجىل قىلىپ، خۇددى گاچىدەك ئولتۇرۇۋالغان ياكى كىتابقا بېشىچە چۆكۈپ كەتكەن. . .» دەپ دوق قىلاتتى. ئۇچقۇنئاي دەرسلىرى جىددىيلىشىپ، ئىمتىھانلار قىستاپ كەلگەن كۈنلەردە ماھىگۈل تېلېفون بەرگەن ھامان ئۇ چۈش ياكى كەچ تەرەپلەردە كېلىپ تاماق ئېتىپ، ئۆينى بىرقۇر يىغىشتۇرۇپ بېرىپ كېتەتتى.

ماھىگۈلنىڭ خىيالى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ھېكمەت ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇچقۇنئاي ئۆز ھۇجرىسىدا كىچىك ئۈنئالغۇ

ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى. ئۇ
رۇستەمدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن بېرى ئۆزى يالغۇز مەشىق
قىلاتتى. ئۇچقۇنئاينىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئالىي مەكتەپ بويىچە
ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، ئىنگلىز ھەم ياپون تىلىنى تىرىشىپ
ئۆگىنىۋاتاتتى. ھېكمەت قىزىنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن
تېلېۋىزورنىمۇ ئاچماي مېھمانخانىدا كىتاب كۆردى. ئەمما، شەپە
چىقارماي كىرىپ كەلگەن ئۇچقۇنئاي دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن
قۇچاقلىۋالدى ـ دە، بويۇن، قۇلاق، مەڭزىلىرىگە قارىقويۇق
سۆيۈپلا كەتتى.

ــ ھەي، ھەي، بولدى قىلىڭ، چوپچوڭ ستۇدېنتمۇ
ئەركىلەمدۇ ـ ھە؟ ــ ھېكمەت قىزىغا قايرىلىپ قارىدى، ــ
بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟

ــ دادا، مەن سىزگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرمەكچى.

ــ ۋۇي، نېمىشقا ئەمدى؟

ــ مۇشۇ كۈنلەردە ئىككىمىز نېمانداق ئۆزۈنراق ئەسرا
بولالمايمىز، ــ ئۇچقۇنئاي دادىسىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىغىنىچە
تۇراتتى، ــ مەن مەكتەپتىن كەلسەم سىز يوق، بولسىڭىزمۇ
ئۆيىڭىزگە كىرىۋېلىپ يازغان، سىزغان، ئوقۇغان. . . ئەتە-
گەنلىكى مەن سەھەر كەتكەن، بەزى كۈنلىرى تېخى كېچىدە
كىرسىڭىز كۆرۈشمەيلا كېتىپ قالىمەن.

ــ قىزىق گەپ بولدى بۇ، ــ ھېكمەت قىزىنى يېنىغا
تارتىپ ئولتۇرغۇزدى، ــ سىز ئوقۇۋاتسىڭىز، مەن ئىشلەۋات-
سام، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە.

ــ راست گەپنى قىلسام، بىزنىڭ ئۆيىمىز ھېچ بىر
ئائىلىگە ئوخشىمايدۇ، ــ ئۇچقۇنئاينىڭ ئاۋازىدا ياسالمىلىق
يوق ئىدى، ــ سىز مېنى زادىلا ئويلىمايدىكەنسىز.

ــ ھەي، ھەي، تولا ئۇششۇقلۇق قىلماڭ ـ ھە، ــ
ھېكمەت قىزىنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ قويدى، ــ مەكتەپتىن



كەچتە كېلىپ بولغۇچە قورۇمىلارنى قورۇپ، چايلارنى تەييار
قىلىپ قويىمەن، ئۆگىنىشىڭىزنى سورۇشتە قىلىمەن، پات ـ
پات ئەھۋالىڭىزنى سوراپ تۇرىمەن، سىز بولسىڭىز خۇددى
خېنىملاردەك يۈرىسىز.

ــ مەن ئۇششۇقمۇ، سىزمۇ؟ ــ ئۇچقۇنئاي دادىسىغا
ئېسىلدى، ــ يەكشەنبىلەردە كىر يۇيۇپ، ئاش ـ تاماق ئەتكە-
نىم، ئۆيلەرنى تازىلاپ يىغىشتۇرغىنىم ھېساب ئەمەسكەن ـ دە؟

ــ شۇنداقمۇ قىلدىڭىزمۇ؟

ــ ئەسكى، ئەسكى، ــ ئۇچقۇنئاي ئەركىلەپ دادىسىنىڭ
دۈمبىسىگە ئۇرۇشقا باشلىدى، ــ تېخى مېنى ئۇششۇق دەيدۇ،
سىز دېگەن كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان مۇشۇك.

ھېكمەت قىزىنىڭ ئەركىلىگەندەك قىلىپ ئېيتقان سۆزلى-
رىنىڭ تېگىدە يوشۇرۇن مەنە بارلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇ
ئىشخانىدا رەسىم سىزىپ، يىغىن ئېچىپ، ۋەزىپە سۆيلەپ قاي-
تىپ كىرەتتى ـ دە، ئۆز ھۇجرىسىدا تەڭ كېچىلەرگىچە يېزىق-
چىلىق بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنى، قى-
زىنىڭ «مەن كەلدىم» دېگەندەك يۆتەلگەن ياكى شىپىلداپ ماڭ-
غان تىۋىشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئالدىغا چىقىپ قويمايتتى.
ئۇچقۇنئاي بولسا دادامنىڭ پىكرىنى چېچىۋەتمەي دەپ جىمىپ
كېتەتتى ياكى ھۇجرىسىدا ئۆگىنىش قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ دادى-
سىنىڭ چىرايىنى، كەيپىياتىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر چىنە چاينى
باھانە قىلىپ كىرەتتى، ھېكمەت بولسا قىزىغا لەپپىدە بىر قاراپ
كۈلۈپ قوياتتى، خالاس. ئۇچقۇنئاي دادىسى بىلەن مۇڭدىشىش-
نى، دەردلىرىگە دەرمان بولۇشنى، ھەر خىل تېمىلاردا سۆھبەت
قىلىشنى شۇنچە خالايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىسىغا دېيەلمەي
كېلىۋاتقان سىرى ـ ئەسرالىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

نەبى ماشىنىسىغا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى بېسىپ ئاقسۇ-
غا كەتكەن بىر شەنبە كۈنى ئۇچقۇنئاي ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ

قالدى. دىلنار تەڭ كېچىكچە ئېرى نەبىدىن ئاڭلىغان نۇرغۇن
ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. دادىسى ھېكمەت، گۈلزىبا، مەھبۇ-
بە، ماھىگۈل، گۈلرۇز، نەبى، ئەزىمەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ
ئۆتكەن ھايات قىسمەتلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئۇچقۇنئاينىڭ قەلبى-
دە ماھىگۈلگە نىسبەتەن چىن دىلىدىن خەيرىخاھلىق تۇيغۇلىرى
چېچەك ئاچتى. مۇھەببەت، دوستلۇق، بۇرچ مۇجەسسەملەنگەن
بۇ ھايات پاجىئەلىرىنى ئۇ ئانىسى مەھبۇبەدىن بۇرۇن ئانچە -
مۇنچە ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇنچىلىك چوڭقۇر ھەم كەڭ دائىرىدە
بولمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ دىلنارنىڭ ئېيتقانلىرىغا تەلتۆكۈس
ئىشىنىپ كېتەلمىگەن ئۇچقۇنئاي يەنە بىر شەنبە كۈنى ماھىگۈل-
نىڭ ئۆيىگە مېھمانلاپ بېرىپ قونۇپ قالدى. ئۇلار بىر كېچە
مۇڭداشقاندىن كېيىنلا، ئۇ دادىسىنى تېخىمۇ تولۇق چۈشەندى.
بولۇپمۇ ماھىگۈلنىڭ شۇنچە ياشقا كىرگۈچىلىك توي قىلماي بىر
ئېتىقاد چىرىغىنى ياندۇرۇپ، بىراۋلارغا ئەقىدە باغلاپ كەلگەن
ئىرادىسىگە يۈرىكىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇچقۇن-
ئاي دادىسى بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە
پۈكۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاتا - بالىلىق پەردىشەپ ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىغا شەرم - ھايا تېمىنى سوقۇپ قويغانىدى، شۇنداقلا
تەبىئىي بىر پۇرسەتمۇ بولمىدى.

— دادا، بىر گەپ قىلسام خاپا بولامسىز؟ — ئۇچقۇنئاي
ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ھازىر كاللامغا دەرس زادىلا
كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۆگىنىشلەردە چېكىنىپ كېتىۋاتى-
مەن.

— نېمىشقا؟ — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى قىزىغا قا -
دالدى، — مەكتەپ بويىچە ياخشى ئىدىڭىزغۇ.

— ھېچ بىلمىدىم، ئۆزۈم سىنىپتا ئولتۇرغىنىم بىلەن
پىكىر - خىيالىم سىزدە ھەم ئۆيدە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

— قىزىق گەپ، ماڭا، ئۆيگە نېمە بوپتۇ؟



— ئۆيىمىز ئۆيگە ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ. . .

— نېمە ئۈچۈن؟

— بىر ئۆيدە ئانا ئورنىدا بىرەر ئايال بولمىسا زادىلا
قاملاشمايدىكەن. . .

— شۇنداقمۇ؟ — ھېكمەت قىزىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەن-
لىكىنى مۇسەللىدى، — ئۇنداقتا خىزمەتچى ياللايلى.

— ئوھۇش، قويۇڭا ئۇنداق ئوغرىلارنى، — ئۇچقۇنئاي
دەرھاللا قارشى چىقتى، — نەچچە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۆيىدىكى
خىزمەتچىلىرى ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشۋېلىپلا نەرسىلە-
رىنى ئېلىپ قاچتى.

— ھەممىسىلا ئۇنداق ئەسكى ئەمەستۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئاجا-
يىپ ياخشىلىرى بار.

— شۇنداقتىمۇ بولمايدۇ، — ئۇچقۇنئاي دادىسىنىڭ قەس-
تەن بىلمەسكە سېلىۋاتقانلىقىدىن جىلە بولدى، — راست گەپنى
قىلسام، ماڭا ئانا بولالىغۇدەك ھەمراھلىق بولۇۋېلىڭ.

ھېكمەت قىزىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى باشتىلا چۈ-
شەنگەن بولسىمۇ تېمىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانىدى. ئۇچقۇنئاي نەبى
ۋە ماھىگۈللەرنىڭ ئۆيىدە قونۇپ كەلگەندىن بېرى بىردىنلا كەم
سۆز، قاراشلىرى غەلىتە ھەم قانداقتۇر بىر ئىشنى دېيەلمەيۋات-
قاندەك سىرلىق بولۇپ قالغانىدى. قىزىنىڭ يۈزتۇرا بۇنداق
گەپ قىلىشى ھېكمەتكە سەل تىك كەلگەندەك تۇيۇلسىمۇ ئۇنى
ئەيىبلىمىدى. چۈنكى، ھەدىستە «ياشانغىنىدا تەنھا قالغان ئاتا
ھەم ئانىلارغا ‹يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىلا، ھەمراھلىق قىلىپ
قويايلىمۇ؟› دەپ تۇرۇش ئوغۇل ۋە قىز پەرزەنتلەرنىڭ پەرز-
دۇر» دېيىلگەن. ئەمدى نېمە دېيىش كېرەك.

ھېكمەتتىن ئۇزۇنغىچە سادا چىقمىدى. ئۇنى قانداقتۇر بىر
كۈچ پۈت - قولىنى بوغۇپ، كىشەنلەپ تۇرغاندەك قىلاتتى.
بايا كامىل بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقاندىمۇ ئۇ مۇشۇنداق ھالەتتە

قىنالغاندى. دەرۋەقە، دوستى ئېيتقاندەك ئارزۇ - ئۈمىدلەر ئىستىكىدە ئۆزىنىمۇ، ھېكمەتنىمۇ ئازابلىغان مەھبۇبە كېتىپ قالدى، رېئاللىق ئۇنىڭغا مەڭگۈ قارىلىق تۇتۇشقا ئىجازەت بەرمەيدۇ. ئەمىسە ھېكمەت نېمە ئۈچۈن بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ؟ ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئۆزىمۇ ئېنىق بىر نېمە دەپ بېرەلمەيتتى. بىراق، جىمجىت، پىنھان ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ساپسېرىق غازاڭلاردىن، باھار سوۋغا قىلغان ياش يوپۇرماقلاردىن، ئۈنچىدەك تۆكۈلۈۋاتقان ئاق يېغىندىن، لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق قارلاردىن ھايات كارۋىنى بېسىپ ئۆتكەن قانلىق ئىزلارنى كۆرۈش، مەڭگۈ ئۈزۈلمەس مۇڭلۇق تۇرمۇش سىمفونىيىسىنى ئاڭلاش، كۆزلىرى لىپمۇلىپ سۈزۈك ياشلارغا تولۇپ ئاھ ئۇرۇش، كۆزىدە قانلىق ياش بىلەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يۇدۇپ كەتكەن دوست - مەھبۇبلىرىنى كۆرۈش ھېكمەتنىڭ ھۇزۇرلىنىش مىزانى بولۇپ قالدى. مانا بۇ تەنھالىق ئاتا قىلغان ئازاب شەربىتى ئىدى. بۇ شېرىن ئازاب ئېگى ئۇنىڭ ھاياتىغا مەنە بېغىشلاپ، كۆزىنى نۇر بىلەن تولدۇرۇپ، دىلىغا ئويناق تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتاتتى. يالغۇزلۇق ئەسىر قىلغان دەقىقىلەردە ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۆرتىنىپ چىققان ئاھلىرىدىن، نىدالىرىدىن ئۈنچە - دۇرلار قەغەز بېتىگە تۆكۈلەتتى. . . شۇڭا ھېكمەت ئازاب لەززەتلىرىدىن، شېرىن چۈشلىرىدىن كېچەلمەيتتى، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىنىمۇ خالىمايتتى، بۇ تۇيغۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنىمۇ تەرك ئېتىپ بىئارام قىلاتتى.

— دادا، بەكلا جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، — دېدى ئۇچقۇنئاي دادىسىنىڭ ناگىھان ھالەتتىكى چىرايىدىن ئىچى ئۆرتىنىپ، — بوپتۇ، ئەگەر تەبئىتىڭىز كۆتۈرمىسە ئۆز مەيلىڭىز.

— قىزىم، ھازىرچە مېنى تەڭلىككە سالماڭ، كېيىنچە بىر گەپ بولار، — ھېكمەت ئۇچقۇنئايغا قارىيالمىدى، — ۋا-



قىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئۇخلايلى.

— دادا، بىر ئىشنى ئۇنتۇغىلى تاس قاپتىمەن، — دېدى ئۇچقۇنئاي ئورنىدىن تۇرۇپ، — تۇرسۇنجان ئاكام سىزنى ئىزدەپ كەپتىكەن، «مۇھىم ئىشىم بار ئىدى» دەيدۇ، ئەتە ئەتىگەن يەنە كەلمەكچى.

— تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ مۇھىم بولمىغان ئىشىمۇ بارمىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلار قىزىق سۈت بىلەن ناشتا قىلىشتى. ئۇچقۇنئاي سومكىسىنى ئالدى - دە، ئالدىراپ مەكتىپىگە ماڭدى. خىزمەت ۋاقتىغا يەنە بىرەر سائەت ۋاقىت بار ئىدى، شۇڭا ھېكمەت كىتاب كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك ئىشكاپنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ تۇرۇشى، ئىشىك چېكىلىپ تۇرسۇنجان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ياداپ قالغان سولغۇن چىرايىدىن ھارغىنلىق ۋە خاپىلىق چىقىپ تۇراتتى، ئىككى چېكىسىدىكى ئاق چاچلارمۇ كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇ ھېكمەت بىلەن بىرنەچچە ئېغىز «تىللىشىپ» كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئايىغىنى سېلىپ مېھمانخانىغا كىردى. تۇرسۇنجان قورسىقىنىڭ توق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ھېچنېمە قىلغۇزغىلى قويمىدى. شۇنداقتىمۇ ھېكمەت بىر تەخسىدە ئالما ھەم ئاپېلسىن ئەكېلىپ قويدى. ئۇلار تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلار ھەققىدە بىردەم پاراڭلاشتى، لېكىن «گۈلدەستە» نەشرىياتىدىكى لىڭگىر - تاقتاق توقۇنۇشلار توغرۇلۇق بىر نېمە دېيىشمىدى، چۈنكى تۇرسۇنجان پات - پات كېلىپ تۇرغاچقا، ھېكمەتنىڭ ھەممىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ھازىر «گۈلدەستە» نەشرىياتىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شەكىل جەھەتتىن ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈشى «ئاتام ئېيتقان بايىقى» ئىدى. تۇرسۇنجاننى ئۇيغۇر بۆلۈم مۇدىرى، مەسۇم قابىلنى مۇئاۋىن مۇدىر دەپ ئېلان قىلغاندا، پەيتۇلنى «مۇۋەققەت مۇدىر» دەپ قىستۇرۇپ قويدى. پەيتۇل نەشرىيات باشلىقى ھەم

باش مۇھەررىر ئىكەن، ئۇيغۇر بۆلۈمى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىن
مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. نۇردۇن خوجىنىڭ پىلانى ھەم ئاس-
تىرتتىن خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە، «مۇۋەققەت» دېگەن
پانا قەستەن قېقىلغانىدى. پەيتۇلنىڭ بۇرۇنقى «ئۇيغۇر بۆلۈم-
نىڭ بىرىنچى قول باشلىقى» دېگەن ھوقۇق كالتىكىگە پەقەت
«مۇۋەققەت» دېگەن يېڭى ئىسىم ئالماشتى، خالاس. شۇڭا ھازىر
پەيتۇل، تۇرسۇنجان، مەسۇم قابىلدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈك
شەكىللىك رەھبەرلىك مەركىزىدە يەنىلا پەيتۇل تۇراتتى. ئۇنىڭ
دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى. كىتاب ئۇيۇشتۇرۇش،
پىلان تۈزۈش، قەلەم ھەققى يېزىش، كىتاب تارقىتىش قاتارلىق
كەسپىي خىزمەتلەر ئۇنىڭسىز بېجىرىلمەيتتى. دېمى ئىچىگە
چۈشۈپ كەتكەن تۇرسۇنجان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ چىداپ
كېلىۋاتاتتى. پەيتۇل بىلەن بەزىدە قىسقا توقۇنۇشلار يۈز بەرگەن
ھامان، مەسۇم قابىل تۇرسۇنجاننى پىنھانغا تارتىپ تۈرلۈك
چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسەتسە، تۈن كېچىدە پەيتۇلنىڭ ئوچىقى-
نى پۇدەپ ئوت ياقاتتى. ئەگەر ئوت تۇتىشىپ كەتكۈدەك بولسا،
باشقۇرۇش ئورگىنىدىكى جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلار مۇ-
رەسسە - مادارا قىلىپ تەستە بېسىقتۇرۇپ قوياتتى.

— ھە، مېنى ئىزدەپتىكەنسەن، — دېدى ھېكمەت ئاقلان-
غان ئالمىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — نېمە مۇھىم ئىشتۇ ئۇ؟

— يېقىن ئارىدا گېزىت كۆردۈڭمۇ، — سورىدى تۇرسۇن-
جان ھېكمەتتىن.

— ياق، خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا گېزىت كۆرگۈدەك
بولمىدىم.

— مەسئۇت پەيزۇللانىڭ بىر ئوبزورى ئېلان قىلىنىپتۇ،
ھەجىم جەھەتتىن خېلىلا چوڭ ئوخشايدۇ.

— كىم توغرۇلۇقكەن؟

— مۇقىتجان باھادىرنىڭ پوۋېست - ھېكايىلىرىنى تىتىپ



ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتىپتۇ، دېيىشىدۇ. مەن ئۇ گېزىتنى
ھېچنەدىن تاپالمىدىم.

— مۇقىتجاننىڭ؟!

ھېكمەت قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. مۇقىتجان يېڭى
دەۋر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرى
بولۇپ، ئۇنىڭ يېڭىچە ئۇسلۇب بويىچە يېزىلغان ئەسەرلىرى
ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ئالقىشقا ئېرىشىپ كېلىۋاتاتتى، ھېكمەت
ئۇرۇمچىگە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن يىلى ئىشانوف ئۇنى ماخ-
تاپمۇ بەرگەنىدى. مەسئۇت پەيزۇللا ھېكمەتنىڭ بىرنەچچە ئە-
سىرىنى ماختاپ ماقالىمۇ يازغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئادەتتىكىدەك ئەمەس ئىدى.

— مۇقىتجاننىڭ بىر پوۋېستى كىنو سېنارىيىسى قىلى-
نىپ مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشتى، — دېدى ھېكمەت خىيال
بىلەن، — باشقا ھېكايىلىرىگىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ماقالىلەر
ئېلان قىلىندى. ئەمدى بۇ. . . بۇ مەسئۇت پەيزۇللانىڭ نېمە
قىلغىنىدۇ؟

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نېمە ئىش ئۆتتۈلدى، كىم
بىلىدۇ دەيسەن، — تۇرسۇنجان قولىدىكى ئالمىنى بىر چىش-
لەپ قويدى، — بۇ ئىش زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا گۇمانلىق تې-
ڭىرقاشنى پەيدا قىلىپ قويدى.

— مەسئۇت پەيزۇللانى شەخسىي غەرەز نۇقتىسىدىن چىق-
تى دېيىلسە، — ھېكمەت شىرەگە ئۇردى، — ئەمدى بۇ دۇنيادا
كىمگە ئىشەنگىلى بولار.

— شۇ ئەمەسمۇ، بولدى، بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ نېمە
قىلاتتۇق. ئاخىرلاشمايدىغان زىياپەت يوق، بىر كۈنى تېشىلىپ
چىقار.

— ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.

— قارا، ھېكمەت، سەندىن بىر ئىشنى سورىماقچى ئى-

دىم، لېكىن ئاچچىقلاپ قالما.

ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا مەسۇم قابىل تۇرسۇنجاننىڭ ئۆيىگە كەلگەن ھەم بەكمۇ مىسكىن قىياپەتتە ئوغلى رۇستەمنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭغا ھېكمەتنىڭ قىزى ئۇچقۇنئاي بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى سەۋەب بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەسۇم قابىلنىڭ سۆز ئورانىدىن، بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ھېكمەتتىن كۆرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، شۇنداقلا تۇرسۇنجاننىڭ ھېكمەتكە «كۆڭۈل ئېيتىپ قويۇش»نى ئىستىگەن ئۆتۈنۈشمۇ بار ئىدى.

— ئۇنداقتا سەن ئاشۇ لەنىتىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەپسەن - دە، — ھېكمەتنىڭ قوشۇمىسى مىژىدە تۇرۇلدى، — سەن نېمانچىلا بىخۇدلىشىپ كېتىۋاتىسەن.

— سەنمۇ شۇ، گەپنى نەلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىسەن، مەن ئۇنىڭغا ئەلچى بولۇپ ساراڭ بولدۇممۇ، — تۇرسۇنجاننىڭ تىرىكىپ قالغانلىقى ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — ناھايىتى سوراپ قويدۇم شۇ.

— سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ھازىرقى مۇئامىلەڭگە قاراپ دەۋاتىمەن.

— مەسۇم قابىل بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالاشقۇدەك دەرىجىگە يەتكىنىم يوق، — دېدى تۇرسۇنجان ئۆزىنى ئاقلاپ، — پەقەت خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن پايدىلىنىۋاتىمەن. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇ پەيتۇلنىڭ شۇملۇقلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— بىلىپ قوي، سېنى سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ سىسەتىۋاتقىنى نەق ئاشۇ ئېبلىسنىڭ كۈچۈكلىرى، — ھېكمەت قوللىرىنى شىلتىدى، — ئەزىز ئېلىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بىر گۇرۇھ ئىكەنلىكى ئېنىق. كىم بىلىدۇ، مەسۇم قابىل پەيتۇلدىن گەپ ئېلىپ ساڭا، سېنىڭدىن گەپ ئېلىپ



پەيتۇلغا يەتكۈزۈشتەك ئىككى قوچقارنى ئۇسۇشتۇرۇش ئارقىلىق مەيداننى ئۆزى ئىگىلىمەكچىمۇ تېخى.

— سەنزە كىچىككىنە ئىشلارنى بەكمۇ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىسەن، — تۇرسۇنجان ئىپادىسىزلا كۈلۈپ قويدى، — ئەمما خاتىرجەم بول، مەسۇم قابىل ھەققىدىكى گەپلىرىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

— ماڭا ئىسسىقمۇ، سوغۇقمۇ ئەمەس، بىراق سەندىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

تۇرسۇنجان قايتىپ كېتىپ، ھېكمەت خۇددى گېلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغاندەك ئۈچ كۈنگىچە خامۇش يۈردى. ئۇ تۇرسۇنجاننىڭ بىر مەلئۇننىڭ دامىغا چۈشۈپ بىخۇدلىشىۋاتقانلىقىغا خاپا بولسا، مەسۇم قابىلنىڭ قىزى ئۇچقۇنئاي توغرۇلۇق گەپ ئاچقانلىقىغا ئاچچىقى كېلەتتى. ئەلنىڭ نەپرەت ئوچىقى بولغان بىر ئاسىي بىلەن قودا بولۇش ھېكمەت ئۈچۈن يۈزىگە نىجاسەت سۈۋۈغاندەك ئېيتقۇسىز خورلۇق ئىدى. ئەمما، ئۇ قىزىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ماقۇل دېگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈر بويى تۇغقانچىلىق قىلماسلىقنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق، ئۇچقۇنئاي كامىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋىجدان ۋە غۇرۇرنى ھېسسىياتقا يەم قىلىپ بېرىشنى نومۇس دەپ بىلدى. شۇڭا، ئۇ رۇستەمنى ھېچ ئايانمايلا يۈرىكىدىن سىقىپ چىقىرىپ، دادىسىنىڭ ھۆرمەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قالالىدى.

سوغۇق كەچ كۈزنىڭ جۇدۇنلۇق بىر كۈنى ئىدى. ئۇششاق چۈشۈۋاتقان يامغۇردىن سوغۇق قار ھىدى كېلىپ تۇراتتى. كەچتە ھېكمەت مېھمانخانىدا قىزى ئۇچقۇنئايغا يېڭىدىن باشلىغان بىرىك ئەسىرى «تۇمانلىق يىللار» نىڭ قىسمەن يەرلىرىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، ئىشىك چېكىلىپ قالدى. ھاياجانلىق ۋەقەلەر قايىنىمىغا چۆككەن ئۇچقۇنئاي ئېرىنچەكلىك

بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چىقىپ كەتتى. ئاز ئۆتمەي
كارىدوردىن ئۇچقۇنئاينىڭ «دادامنى قايسى يۈزىڭىز بىلەن ئىز.
دەپ كەلدىڭىز، يەنە ئۇنىڭ يۈرىكىنى زەردىگۆش قىلماقچىمۇ.
سىز. كېتىڭ، دادامنىڭ سىزنى كۆرەر كۆزى يوق!» دېگەن
ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھېكمەت ھەيرانلىق ئىلكىدە يۈگۈرۈپ چىقىپ
كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا
مەسۇم قابىل تۇراتتى. ئۇنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلىشنى ياكى
قوغلاپ چىقىرىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغان ھېكمەت قىزىنى
ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىشكە ئىشارە قىلدى ـ دە، مەسۇم قابىل.
نى ئىچكىرىگە باشلىدى. چۈنكى، «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ
كەسمەس» دېگەن گەپ بار ـ دە. يەنە بىر تەرەپتىن، مەسۇم
قابىلنىڭ ھازىرقى ھالىتى ھەرقانداق ئادەمنىڭ خەيرىخاھلىقىنى
كەلتۈرگۈدەك بىچارە كۆرۈنەتتى. ئۇ بوسۇغىدا ئايىغىنى سېلى.
ۋېتىپ، قىش ـ ياز قولتۇقىدىن چۈشمەيدىغان قارا سومكىسىنى
تام تۈۋىگە قويدى، ئاندىن چەتتىكى دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى.
ھېكمەت قول ئىشارىتى ئارقىلىق ئۇنى شىرە ئالدىغا تەكلىپ
قىلىپ، ئۆزىمۇ يىغما ئورۇندۇقنى ئۇنىڭغا قىيپاشراق قويۇپ
ئولتۇردى. گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىگەن مەسۇم قابىل بىر
ھازا قىزىرىپ ـ تاتىرىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھېكمەتكە باش
كۆتۈرۈپ قاراشقا پېتىنالمىدى. ئۇ بەلكىم «ھېكمەتنىڭ ئالدىغا
باش ئېگىپ، يالۋۇرۇپ بارارمەن» دەپ ئويلىمىغان بولغىيدى،
ئەمما تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئويۇنلىرىغا، سىناق ـ ئىمتىھانلىرى.
غا ئالدىن بىر نېمە دەپ بولمايدىكەن. فۇرقاتى مۇھەممەد[1]تە
«كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتى.
نى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ.
نىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» دېيىلگەن. مەسۇم قابىلنى ئۆز رەقىبى.

---

[1] فۇرقاتى مۇھەممەد — قۇرئاننىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.



نىڭ ئالدىغا خۇددى مۇساپىرنىڭ كۈچۈكىدەك سۆرەپ ئېلىپ
كەلگەن قۇدرەتمۇ نەق ئاشۇ ئۇلۇغ يەكۈننىڭ خاسىيىتىدۇر.
— ھېكمەت. . . — دېدى مەسۇم قابىل بەكمۇ زەئىپ
ئاۋازدا، — مېنى كۆرۈپ بەلكىم كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك
ھەيران بولۇۋاتقانسىز. . .
— راست دەيسىز، مەن خۇددى كۈندۈزدە پارقىراق قوڭ.
غۇزنىڭ يورۇقىنى كۆرگەندەك ھەيران بولۇۋاتىمەن. . .
مەسۇم قابىل ھېكمەتنىڭ قىپپىالىڭاچ تەئەددىسىدىن تۈنجۈ.
قۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ چويۇندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن
بېشىنى تەستە كۆتۈردى.
— نېمە دېسىڭىز مەيلى، ئەمدى ئىنسانچىلىقتا ھەر خىل
ئىللەتلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدىكەن، — مەسۇم قابىل پۈ.
تىنىڭ ئۇچىغا قاراپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — بۇ چاغقىچە ئارد.
مىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئاداۋەت ۋە قۇسۇمەتلەرنى ئۇنتۇپ، ئىككى
ياشنىڭ تەقدىر ـ ئىقبالىنى ئويلىساقمىكىن دەيمەن. سىزنىڭ
كۆكسى ـ قارنىڭىز كەڭ ئادەم، شۇنداق قىلالىشىڭىزغا ئىشى.
نىمەن. . .
— قېنى سۆزلەڭ، — ھېكمەت ئاچچىقىنى تەستە
باستى، — قۇلىقىم سىزدە.
— ئوغلۇم رۇستەم. . . ئۇ. . . ئۆيدىن چىقىپ
كەتتى، — مەسۇم قابىلنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى بولغاي، قولياغ.
لىقىنى ئېلىپ مىچىلداپ قالغان بۇرنىنى سۈرتتى. ئۇ شۇ
ئارىلىقتا ئوغلى بىلەن بولغان جېدەلنى ئەسلەشكە ئۈلگۈر.
دى. . .
رۇستەم دوستى، سىردىشىلا ئەمەس، گوياكى قېرىنداشى.
دەك ئېجىل بولۇپ كەتكەن ئۇچقۇنئايدىن ئۈزۈل ـ كېسىل
ئايرىلىپ زادىلا چىدىيالمىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپنى
پۈتتۈرۈپ چەت ئەلدە بىللە ئوقۇش ئارزۇلىرىمۇ بەربات بولغاندى.

دى. رۇستەمنىڭ بىرنەچچە ئاي يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىمۇ
ئۈچقۇنئايغا كار قىلمىدى. شۇڭا، ئۇ بىر ئاينىڭ ئالدىدا دادىسى
مەسۇم قابىل بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ھېكمەتكە قىلغان
زىيانكەشلىكلىرىنى يۈزتۇرا ئېچىۋەتتى ھەم ئۆزىنىڭمۇ بۇ سەۋەب-
تىن ئەڭ يېقىن دوستىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بەختسىز بولۇپ
قالغانلىقىنى ئاچچىق يېشىنى تۆككەن ھالدا سۆزلىدى:
— مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن تار-
تىپ، — دېدى رۇستەم ئېسەدەپ، — سىزنىڭ بىرەر ماقالىڭىز-
نىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن يۈرىكىم سۇ بولۇپ ياشاپ كەلدىم.
ئادەم دېگەننىڭ ياشاش مىزانى ياخشىلارغا يامانلىق، يامانلارغا
خۇشامەت قىلىش بولۇپ قالسا ئۇنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بول-
سۇن؟! مەن سىلەردەك چوڭلارنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم.
بىر - بىرىڭلارنى كۆرەلمەيسىلەر، ھەسەتخورلۇق، پىتنە -
پاسات، چېقىمچىلىق، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر پۈتۈن تې-
نىڭلارنى چىرمىۋالغان! شۇڭا سىلەردىن پۈتۈنلەي كۆڭلۈم قال-
دى، رايىم يېنىپ كەتتى.
ئالىي مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان رۇستەم-
نىڭ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئېيتقان ۋەزنى ئېغىر،
مەنىسى تېرەن سۆزلىرىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمىگەن
مەسۇم قابىل دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمىدى.
— ئوغلۇم، سەن بىلمەيسەن، — دېدى مەسۇم قابىل
ئىنجىقلاپ، — مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ۋابا جەمئىيەت-
نىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيىسىنى بۇزۇۋەتتى. مەنىۋى ئېكولوگى-
يىنىڭ بۇزۇلۇشى مەنىۋىيەتنىڭ مەلۇم زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلگەنلى-
كىنىڭ بەلگىسى. بۇ ئۈزۈلگەن زەنجىر نەق شۇ دەۋر زىيالىيلى-
رىنىڭ روھىدىكى ھەق - ناھەق كۆزقارىشىنىڭ ئاستىن -
ئۈستۈن بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.
— رەھمەت دادا، سىز بۈگۈن روھىڭىزدىكى زەھەرنى


ئازراق بولسىمۇ ئىقرار قىلدىڭىز، — رۇستەم كۆز ياشلىرىنى
سۈرتتى، — سىز ئېيتقان ۋابانىڭ تەسىرى شۇ چاغلاردىلا زىيان
سېلىپ قالماي، ھازىرمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا
چوڭ بولغان، ياشلىقىنى ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ۋۇ-
جۇدىدا ئۆز زەھىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار مەنىۋى ئاچ-
لىقتىن كۆرە ماددىي ئاچلىقنى، مەنىۋى يالىڭاچلىقتىن كۆرە
ماددىي يالىڭاچلىقنى، روھىي قۇللۇقتىن كۆرە ماددىي قۇللۇقنى
ئازابنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ بىلىشىدۇ. مەدەنىيەت زور ئىن-
قىلابى ئەنە شۇنداق گالۋاڭ، خۇشامەتچى، خاسلىقنى يوقاتقان،
غالچىلىقنى شەرەپ ھېس قىلىدىغان قۇل مىجەز، چۈشكۈن،
قورقۇنچاق زىيالىيلارنى يېتىشتۇرۇپ، بىز ئەۋلادلارنىڭ بەختى-
گە ئولتۇرۇشنى قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. . .
— بولدى رۇستەم، — ۋارقىرىدى مەسۇم قا-
بىل، — گەپ قىلمىسام بارغانسېرى ھەددىڭدىن ئاشقىلى تۇر-
دۇڭغۇ! سەنچە شۇ دەۋر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسىلا كېرەكسىز
بىر دۆۋە ئەخلەتكەن - دە؟
— ھەممىگە مەلۇم، دادا، زېدىسى بار مېۋىگە قۇرت
چۈشىدۇ، دەزى بار تۇخۇمغا چىۋىن چىچىدۇ، — غەزەپ ھەم
نەپرەت رۇستەمنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى، — ھوقۇق، مەنپە-
ئەت، ئىمتىيازغا تەمەخور، دىلىدا كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخور-
لۇق، ئاسىيلىقتىن ئىبارەت زېدىسى ھەم دەزى بار زىيالىيلارنى
مەدەنىيەت ئىنقىلابى قېلىپتا قۇيغاندەك قايتىدىن ياساپ چىقتى.
بولمىسا ھېكمەت، كامىل، تۇرسۇنجان ئاكاملارمۇ شۇ دەۋرنىڭ
قۇربانلىرىغۇ! . . .
مەسۇم قابىل نومۇسلۇق دەپ بىلگەن تەرەپلەرنى سۆزلە-
مەي، ئامالنىڭ يوقىدا ئۆزىگە ھار كەلگەن قىسمەن ئىشلارنى
سىلاپ - سىيپاپ دېگەن بولسىمۇ، ھېكمەت ئۇنىڭ «ئىقرارنامە-
سى»نىڭ ئۇياتلىق تېگىنى چۈشەندى، شۇڭا بېشىغا كۈن چۈش-

كەندە سەممىلىك كۆرسىتىۋاتقان بۇ ئادەمگە ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قالدى.

— ئوغلۇم رۇستەم، — دېدى مەسۇم قابىل بېشىنى چايقاپ، — دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئاشخانا، كاۋاپخانىلاردا يۇندىپۇرۇشلۇق قىپتۇ. ئۇلۇشكۈن ئاڭلىسام، ئوپتۇۋاي بازاردىن كۆكتات ئەكېلىپ كەچ تەرەپلەردە سېتىۋاتقان ئوخشايدۇ.

— سىز ئۇنىڭغا ئوقۇش راسخوتى بەرمىدىڭىزمۇ؟

— قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىسا قانداق قىلىمەن، — مەسۇم قابىل بۇرنىنى تارتىپ قويدى، — بۇ مەندەك بىر زىيالىيغا ھاقارەت ئەمەسمۇ، مەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن.

رۇستەمنىڭ ئىرادىسىگە، غۇرۇرىغا قايىل بولغان ھېكمەت «سۇندۇكنىڭ ئۇۋىسىدىن كاككۇك بالىسى چىقتى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— ھېكمەت، مەن سىزگە كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى سالدىم، كونىلار «دۇنيادا ئەڭ تەس نەرسە پاك بولۇش» دېيىشىدىكەن، — مەسۇم قابىل ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى كۆتۈردى، — ئاددىيسى مەسئۇت پەيزۇللانى كىم شۇنداق قىلار دەپ ئويلىغان، كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ ئۇمۇ دوستى مۇقىتجان باھادىرنى ئاسماندىن يەرگە تاشلىغاندەك قىلىۋەتتىغۇ.

— قانداق مەنپەئەتكەن ئۇ؟

— تېخى خەۋىرىڭىزدە يوقكەن - دە؟ — مەسۇم قابىل ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويغۇدەك ھېكايىدىن بىرنى سۆزلەشكە باشلىدى، — ھازىر يېڭىدىن سېلىنماقچى بولغان بىنالاردىن ئۆي ئالماقچى بولغانلار بىر قىسىم پۇلنى ئالدىن بېرىش شامىلى چىقتى. بەش مىڭ سوم پۇلى كەملەپ قالغان مەسئۇت پەيزۇللانىڭ پۇل سوراپ بارمىغان ئەل - ئاغىنە، يېقىن بۇرادەرلىرى قالمىدى. پۇل تېپىلمىدى، چۈنكى باشقىلارمۇ ئۆي سېتىۋېلىش كويىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. پۇل تاپشۇرۇشقا بېرىلگەن



سۇرۇككە بىر كۈنلا قالغانىدى. كەچتە چوڭ قورۇدا سەگىدەپ يۈرگەن نۇردۇن خوجا مەسئۇت پەيزۇللادىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ «ۋوي، شۇنچىلىك ئىشمىدى، بولدى، يۈرۈڭ» دەپ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ. مەسئۇت پەيزۇللانىڭ يېقىن بۇرادىرى مۇقىتجاننى يانپاشقا ئالالماي يۈرگەن نۇردۇن خوجا مۇشۇ باھانىدە قوينى ئۆز يۇڭىدا ئارغامچا ئېشىپ باغلىغان، چۈنكى مۇقىتجاننىڭ «ساختا رېئالىزم خەلقنى ئالدىيالمايدۇ» دېگەن ماقالىسى نۇردۇن خوجىنىڭ رومانىنى قامچىلىغانلىقى ئۆزىڭىزگە مەلۇم.

— بۇ ئىشلارنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە بىلگىنىڭىزگە قارىغاندا، — دېدى ھېكمەت ئۇنى ئاياپ ئولتۇرماي، — سىلەر ھەممە ئىشلىرىڭلارنى كېڭىشىپ قىلىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟

— يوقسۇ، مەنمۇ پەيتۇلكامدىن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە، نۇردۇن خوجا بىر سورۇندا: «ئازراقلا شەپە بېرىپ قويۇۋىدىم، مەسئۇت پەيزۇللا ئۆز بۇرادىرىنى تازا ئوخشىتىۋېتىپتۇ» دەپتىمىش.

دەقىقە ئۆتمەي ھېكمەتنىڭ كاللىسى قالايمىقان ئوي - پىكىرلەر قايىنىمىغا ئايلاندى. تۇۋا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟ ھەقىقەت ئۈچۈن جان تىكىپ كېلىۋاتقان زىيالىيلىرىمىز پۇل ئۈچۈن دوستىنى سېتىۋەتسە، ئەمدى ۋىجدان، غۇرۇردىن قانداق گەپ ئېچىش مۇمكىن؟! مەسئۇت پەيزۇللادەك زىيالىيلىرىمىز ئاۋامنىڭ يولىغا شولا چاچقۇچى نۇر بولاقلىرى ئىدى، ئەمدى بۇ بولاقلارنىڭمۇ كۆزى تىنىپ لېيىپ كېتەرمۇ؟! پەيتۇل، مەسۇم قابىلدەك ئىتىبارلىقلىرى نەشرىياتتىن ئىبارەت بىلىم بۇلىقىنى لېيىتىۋەتتى. ھەر تەبىقە زىيالىيلىرى بىر - بىرىنىڭ پېيىدە ئۆز ئارا ئورا كولىشىپ، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت چوڭ بولاقنىمۇ بۇلغىۋەتتى. زادى بۇ بولاقلار مەڭگۈ سۇزۇلمەي ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟!

— ھېكمەت، ئالدىڭىزغا نېمە ئۈچۈن كەلگىنىم سىزگە

ئايان، ــ دېدى مەسۇم قابىل مۇلايىملىق بىلەن، ــ مەن پەقەت
ئوغلۇم ئۇچۇن، ياق، ئىككى ياشنىڭ بەختى ئۈچۈن ئالدى-
ڭىزدا بويۇن ئېگىپ تۇرۇۋېتىمەن.

ــ چۈشىنىمەن، سىز رۇستەم بىلەن ئۇچقۇنئاينىڭ مۇنا-
سىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن كەلدىڭىز، ــ ھېك-
مەت ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى، ــ ئەمما، بۇ ئىككى ياشنىڭ ئۈتتۈ-
رىسىدىكى ئىش، مەن قانچە مەجبۇرلىغىنىم بىلەن بىكار.

ــ ئاڭلىسام، ئۇچقۇنئاي سىزنى چەكسىز ھۆرمەتلىگەنلە-
كى ئۈچۈنلا رۇستەمدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپتۇ، شۇڭا بىر نەسى-
ھەت قىلىپ كۆرسىڭىز قانداق؟

ــ سىز مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك قىلىپ تۇرى-
سىز، ــ ھېكمەتنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگەردى، ــ مەن شۇ چاغ-
دىلا قىزىمغا: سىزنىڭ كۆڭۈلگە تالىق ئىشلىرىڭىزغا ئارىلىشال-
مايمەن، شۇنداقتىمۇ سىزنى چىرايلىق ئۆزىتىپ قويىمەن، ئەم-
ما ئۇ ئائىلە بىلەن تۇغقانچىلىق قىلالمايمەن، دېگەن شەرت
ئاستىدا ماقۇللۇقىمنى بىلدۈرگەنىدىم.

مەسۇم قابىلنىڭ كاللىسى سىيلىنىپ، دىمىققاندەك بولۇپ
جىمىپ قالدى. لېكىن، ئىشكىنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى بىلەن
ئۇچقۇنئاينىڭ بوسۇغىدا پەيدا بولۇشى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. بو-
لۇنغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇن ئاڭلىغان ئۇچقۇنئاي
چىرايلىق رۇخسارىدىن ئۇچقۇنلار چاچرىتىپ دەرغەزەپتە تىكى-
لىپ تۇراتتى.

ــ سىزنىڭ ئىلتىجا، ئۆتۈنۈشلىرىڭىزگە مەن جاۋاب بې-
رەي، ــ ئۇچقۇنئاينىڭ چوڭ كۆزلىرى مەسۇم قابىلغا قادال-
دى، ــ ئوغلىڭىز رۇستەم پەزىلەتلىك بالا، بىراق ئۇنىڭ بى-
لەن دوست بولۇپ ئۆتۈشۈمگە ۋىجدانىم، غۇرۇرۇم، پەرزەنتلىك
بۇرچۇم يول قويمىدى. سىزنىڭ دادامغا قىلغان زىيانكەشلىكلى-
رىڭىز خوتەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە توختىغىنى يوق! ئېيتى-



ڭا، دادام سىزگە نېمە يامانلىق قىلغان؟ «چەكلەنگەن كىتابلار-
نى ئوغرىلىغان» دەپ ئۇنى ئەكسىيەتچى قىلىپ قويغىلى تاس
قالدىڭىز؛ ئارقا ئىشىكتىن كەلگەن، ئىقتىدارسىز دېگەن تۆھ-
مەتنى چاپلاپ يۇقىرى ئورگانلارغىچە دادلاپ باردىڭىز؛ ھەتتا،
ھەتتا تارقىلىش ئالدىدا تۇرغان كىتابلىرىغىمۇ سوغۇق قولىڭىز-
نى سوزدىڭىز؛ تەرەپ - تەرەپتە ئىغۋا تارقىتىپ سېستىنىشقا
ئۇرۇندىڭىز؛ كامىلكام قاتارلىق ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچى - شا-
ئىرلارنىڭ ئىقبال دەپتىرىگە داغ چۈشۈردىڭىز. ئوغلىڭىز رۇس-
تەم ھەقىقەتنى سۆزلەپتۇ، زادى سىزنىڭ ياشاش مىزانىڭىز
ياخشىلارغا يامانلىق، يامانلارغا قولدەك خۇشامەت قىلىشمۇ؟
ئۆزىڭىزنىڭ زىيالىيلار بوستانىدىكى بىر شۇمبۇيا بولۇپ قالغان-
لىقىڭىزدىن نومۇس قىلمامسىز؟

ــ قىزىم ئۇچقۇنئاي، بۇ، قاراڭ. . . ــ مەسۇم قابىل
ئىنجىقلاپ ئۆزىنى ئاقلىشى، ئۇچقۇنئاي ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە
تەپتى:

ــ مېنى قىزىم دېمەڭ، سىزدەك ئادەمنىڭ قىزىم دېيى-
شىدىن بەكمۇ نومۇس قىلىمەن، ــ ئۇچقۇنئاي ھېكمەتنىڭ تو-
سۇغىنىغا باقماي سۆزلىمەكتە ئىدى، ــ بىلىپ قويۇڭ، ئوغلى-
ڭىز سىزدىن نەپرەتلەنگەن بولسا، مەن دادامدىن پەخىرلىنى-
مەن. دادامنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى خەلققە بېغىشلاش يولىدا تارتىم-
غان ئازابلىرى قالمىغان، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇ-
زۇشنى، كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمايمەن، بۇ يولدا ھېلىغۇ
بىر رۇستەمكەن، مىڭ رۇستىمى داستان بولسىمۇ ئارقامغا
تاشلىۋېتىمەن! . . .

ھېكمەت غەزەپلىك ھاياجاندىن جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان
ئۇچقۇنئايىنى ھوجرىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى. ئۆي ئىچىنى بىر ھازا
خۇددى كونا مازاردەك جىمجىتلىق باستى. قىزى ئۇچقۇنئاينىڭ
سۆزلىرىدىن كۆزىگە ياش كەلگەن ھېكمەت يەر بېقىپ ئولتۇراتـ

تى. پۈتۈن ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان ئېغىر تىللار ۋەزىنىدىن ئورنىغا
مىختەك قېقىلىپ قالغان مەسۇم قابىل بولسا كىرپىدەك تۈگۈل-
گىنىچە تۈنجۇقۇپ كەتكەن بولۇپ، تىنغىنىنىمۇ بىلگىلى بول-
مايتتى.

— ياش باللارنىڭ قېنى قىزىق بولىدۇ، — مەسۇم قابىل-
نىڭ ھالىتىدىن بىر قىسما بولۇپ قالغان ھېكمەت ئۇنىڭغا
تەسەللى بەردى، — كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ.

— يا. . . ياق، قىزىڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى يوللۇق، —
مەسۇم قابىل دۇدۇقلىدى، — ئۇچقۇنئاي ئېيتقان ئاداۋەت تو-
گۈچلىرىنى يېشىپ كۆڭۈل - كۆكسىڭىزدىن چىقىرىۋېتەلمەس-
سىزمۇ؟ مەن ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالماي، ئۇچقۇنئايغا يەنە بىر
قېتىم نەسىھەت قىلىپ باقسىڭىز؟

— ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭىز، بۇنىڭغا مېنىڭ يەنە
نېمە ئامالىم بار؟

— ئۇنداقتا، ئەبەدىلئەبەد دۇشمەنلىك گىردابىدا تۇرۇۋې-
رىمىز دېمەكچىمۇسىز؟ — مەسۇم قابىلنىڭ ئاچچىقىنىڭ كەل-
گىنى چىرايىنىڭ قارىداپ كېتىشىدىن بىلىندى، — ئەلۋەتتە،
بۇنىڭ ئاقىۋىتى سىز ئۈچۈنمۇ ياخشى ئەمەس. بۇنىڭغا يېنىكلىك
بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەستايىدىل ئويلىنىپ جاۋاب بېرىشىڭىزنى
ئۈمىد قىلىمەن.

مەسۇم قابىلنىڭ ئاخىرقى سۆزىنىڭ ئورانىدىن يېلىنىش
ئەمەس، قورقاق سىلىش چىقىپ تۇراتتى. ئۇ: دۇشمەنلىك
گىردابىدا تۇرۇۋەرسەڭ سەن ئۈچۈنمۇ ياخشى ئەمەس، دېيىش
ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى كۆرمىشىڭ ئالدىڭدا، مەندىن رەن-
جىمە، دېگەن ۋەھىمىنى پۇراتقانىدى. قاپقانغا چۈشۈپ قالغان
سىرتلان ئاخىرقى قېتىم جان ئاچچىقىدا ئۈۋچىغا ئېغىز سالغى-
نىدەك، مەسۇم تايغاننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىشى
ھېكمەتنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇ شىرەدىكى خاتىرىنى ئالدى-



غا تارتىپ نېمىلەرنىدۇر شۇنداق تېز يازدى، ئاندىن ۋاراقنى
يىرتىپ تۆت قاتلاپ ئالدىغا قويۇپ قويدى. چىرايى بۇلۇتتەك
تۇتۇلۇپ، قىيسىق كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن مەسۇم قابىل
ھېكمەتتىن سادا بولمىغاندىن كېيىن، ئېغىرلىشىپ كەتكەن
تېنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ خوشلاشتى. ئۇ كارىدورغا چىقىشى
بىلەن ھېكمەت بايىقى قاتلانغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭ مەيدە
يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— بۇ سىزنىڭ بايىقى سوئالىڭىزغا بەرگەن جاۋابىم،
ئۆيگە بارغاندا ئوقۇپ باقارسىز.

مەسۇم قابىل سىرتقا چىقىش بىلەن پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى
ئۆرىدەپ، قارا موۋۇت شىلەپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيدى. ئۇ كەل-
گەندە يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇر قارغا ئۆزگىرىپ كەتكەن
بولۇپ، ئەتراپ ئاپئاق ئاقىرىپ تۇرسىمۇ، ئاسفالت يوللاردا
ماشىنىلار ئۆزۈلمەي مېڭىپ تۇرغاچقا شالاقشىپ ئېرىپ كەتكە-
نىدى. ھېكمەتنىڭ جاۋابىغا تەقەززا بولغان مەسۇم قابىل چىرى-
غى ئاپئاق يورۇپ تۇرغان ئىستولبا تۈۋىگە كەلدى - دە، مەيدە
يانچۇقىدىن باغاقچىنى ئېلىپ يورۇققا تۇتتى. ئۇنىڭغا بىر كۇپ-
لېت شېئىر يېزىلغان بولۇپ، ئاستىغا «دانالار ھېكمەتلىرىدىن»
دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلغانىدى. مەسۇم قابىل سوغۇقتا شۈمشەي-
گىنىچە شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

نېچۈك ئەر سانىلۇر مىڭلاپ دۈشمىنى،
مىڭ غەيۋەت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۈنى.
كۆر، ئىتتىن قورققان بۆرە بولۇرمۇ؟!
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى. . .

«ئەبلەخ، — مەسۇم قابىل قولىدىكى قەغەزنى ئۇششاق پار-
چىلاپ تاشلىۋەتتى، — قارا، گېپىنىڭ تومۇلۇقىنى، مىڭلاپ

دۈشمىنىم مىڭلاپ غەيۋىتىمنى قىلىپ تۇرمىسا قانداقمۇ ئەر سانىلىمەن، دېمەكچىمۇ سەن؟ بۇ سېنىڭ مەنتىقەڭمۇ؟ تېخى قىزنىڭ دېگەن ئالۋاستى تەپ تارتماي ‹شۇمبۇيا›، دېسە، سەن قوپۇپ مېنى ئىتقا ئوخشاتتىڭا. سەن شۇنى ئۇنتۇپ قالما، بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن قاۋىغان ئىتنىڭ قوغلاپ بېرىپ جان يېرىگە ئېغىز سالالمىغانلىقىنى!»

مەسۇم قابىل گەرچە ئادەم شالاڭ تۇن كېچىدە غايىۋانە تىللاپ قورساق كۆپۈكىنى چىقارغىنىنى بىلەن، ھېكمەتنىڭ شېئىرىدا ئېيتىلغاندەك، مىڭلاپ دۈشمىنى ھەر كۈنى مىڭ غەيۋەتىنى قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئازاب دېڭىزىدا چىڭقىپ، قار ـ بوران، قەھرىتانلاردا مەزمۇت قەد كېرىپ تۇرغان قورام تاشقا ئوخشايدىغانلىقىغا ئىقرار بولماي تۇرالمايتتى. . .



## بىر چاقماقتىن مىڭ چېقىن

مەسۇم قابىل ئىشخانىسىدا قەلەم ھەققى يازىدىغان تالوننى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ بەزىدە تالون ۋاراقلىرىنى قاتلاپ قويۇپ ئۇزۇن قاراپ كېتەتتى. بۇ تالونغا ئۇيغۇر بۆلۈم قارىمىقىدىكى ھەرقايسى ئىشخانا مۇدىرلىرى قول ئاستىدىكى مۇھەررىرلەر ئىشلىگەن ئىجادىي ياكى تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ھەتتا قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭمۇ قەلەم ھەققىنى يېزىپ ئۇيغۇر بۆلۈمگە ئەكىرىپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا قول قويۇپ تەستىقلاش تۇرسۇنجاننىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، قالايمىقانچىلىق چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىدىن ئىبارەت بىرلا كىشىگە تەئەللۇق ھوقۇق ئىدى. ئەمما، پەيتۇل ئۆزىنىڭ «مۇۋەققەت» ھوقۇقىنى پەش قىلىپ، يېزىلغان قەلەم ھەققىنى كۆرۈشنى ھەم ئۆزىمۇ قول قويۇشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتاتتى.

مەسۇم قابىل تالون دەپتىرىنىڭ يىگىرمىدىن ئارتۇق ۋارىقىنى قاتلاپ قويۇپ زەھەردەك كۈلۈمسىرىدى. ئۇ خۇددى نىجاسەت ئارىسىدىن ئالتۇن تەڭگە تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتكەنىدى، چۈنكى ئۇ قاتلىغان ۋاراقلار ئۇنىڭغا ئامەت، تۇرسۇنجانغا ئاپەت ئېلىپ كېلەتتى. ھازىر بۇ ئىككى مۇدىر بىر ئىشخانىدا ئولتۇراتتى. ئەتىگەن تۇرسۇنجان زاۋۇتقا ماڭغاندا مەسۇم قابىل «بىر كىتابقا قەلەم ھەققى يازماقچى ئىدىم، كەلگەندە تەستىقلاپ بېرەرسىز» دەپ تالون دەپتىرىنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قەلەم ھەققى يازماقچى بولغانلىقى راست، بىراق پۇراپ تاپماقچى بولغىنى تۇرسۇنجان ئۆزىلا قول قويۇپ مالىيە بۆلۈمگە ماڭدۇرغان

قەلەم ھەققى كۆتەكلىرى ئىدى. چۈنكى، پەيتۇل بىلەن تۇرسۇن-
جاننىڭ ئۆتتۈرىسىدا كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ پەسىيىپ قېلىشى ئۇنى
بىتاقەت قىلاتتى، شۇڭا بىرەر ئوت پۈدەيدىغان نوگايدەك بىر
نېمە تاپمىسا بولمايدۇ ـ دە.
مەسۇم قابىل توپلىمىنى چىقىرىپ بەرگەن چىنار تەخەل-
لۇسلۇق شائىرچاق ھەم ياش مۇھەررىرلەردىن بىرنەچچىسىنى
ئىنىدەككە كەلتۈرۈپ رېستوران ـ ئاشخانىلاردا سورۇن ھازىر-
لاپ، بىرىنىڭ گېپىگە بىرى پاس چىقىرىپ، بىرى ناخشا ئېيتسا
يەنە بىرى دوست تارتىشىپ تۇرسۇنجاننى نۇرغۇن باشلىقلارنىڭ
نەزىرىدە سېسىق پايتىمىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. مۆرىتى كېلىپ
تۇرسۇنجان بىرەر ھاجەت بىلەن ئۇلارنى ئىزدەپ بارسا، كىم
بىلىدۇ، تەقدىر تارازىسى شۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ قالسا ئۇلار
چىرايلىرىنى مىژىدە پۈرۈشتۈرۈپ «بۇ ھېلىقى ئاداش شۇغۇ»
دەيدۇ ـ دە، كىيىمىنى پىچىپ كېپىنىنى كىيگۈزۈپ قويۇپ،
«غانجۇغىدا كۆرۈشەيلى» دەپ يۈزىنى ئۆرۈيدۇ.
مەسۇم قابىل ھېكمەت، ئۇچقۇنئايلاردىن تومشۇقىغا يەپ
قايتىپ كەلگەن ئۈچ ئايدىن بېرى تۇرسۇنجانغا تېخىمۇ ئۆچ
بولۇپ كەتتى. ئەلۋەتتە، تۇرسۇنجان رۇستەم بىلەن ئۇچقۇنئاي
مەسىلىسىدە ھېكمەتنى قايىل قىلالايتتى، بىراق ئۇ، قېنى
سۆزلىشىپ باقاي، دەپ قويۇپ قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك جى-
مىپلا كەتتى. يا ئۇ، يا بۇ دېمەكتە يوق، مەسۇم قابىلغا تېخى
سوغۇق نەزىرىدە قاراپ يۈرىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئەپلەش-
تۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى ئوت قويغىلى بارغان گەپ. مەسۇم
قابىلنىڭ پەيتۇل ھەققىدە شۇنچە «پايدىلىق» ئۇچۇرلارنى يەتكۈ-
زۈپ قىلغان ئەقىدىسىنىڭمۇ ھۆرمىتى بولمىسا ـ ھە! ئەگەر
تۇرسۇنجان ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىگەن بولسا مەسۇم قابىل ئۇچقۇن-
ئاي ئارقىلىق ھېكمەتنى بوي ئەگدۈرگەن، ئالدىدا چۆكۈلداتقان
بولار ئىدى! ئۇ چاغدا نەچچە يىللىق تارتقان خورلۇقى يۇيۇلۇپ



«ئۇھ» دەپ ھاردۇقى چىقماسمىدى. رۇستەم بىلەن ئۇچقۇنئاي-
نىڭ ئىشى روياپقا چىققان تەقدىردە، مەسۇم قابىل خوتۇنى
ئارقىلىق ئوغلىغا ئېزىتقۇ سۈيىنى ئىچۈرۈپ يەل بېرىپ تۇرات-
تى. ئەر كىشى دېگەن خوتۇنىنى سىقىپ باشقۇرامدۇ، قورقۇتۇپ
ئەدىپىنى بېرىپ تۇرامدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، ئۇ چاغدا ھېكمەت-
نىڭ بىر تال قىزىنىڭ كۆز يېشى ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلماي
ئامالى يوقتە.
مەسۇم قابىلنىڭ ئويلىغانلىرى ئوغنىسى قايىندى. ئۇ بۇ
قېتىم تۇرسۇنجان بىلەن پەيتۇلنى راسا كىرىشتۈرۈپ قويۇپ بىر
پۇخادىن چىقماقچى بولدى. بۇ چاغقىچە بۇ ئىككى قوچقارنىڭ
كاللىسىنى بىر قازاندا قاينىتىپ، پات ـ پاتلا تاماشىسىنى
كۆرۈپ كەلدى، لېكىن ھېچ پۇخادىن چىقمىدى. چۈنكى، قۇ-
لۇپ ياسىغان ئاچقۇچمۇ ياسار دېگەندەك، ئۇ بىرەر پوپاڭ چىقى-
رىش ئالدىدا ھەر ئىككى تەرەپكە ياخشىچاق بولۇپ ئۆزىنى دالدى-
غا ئېلىشنى بىلەتتى. ئىش ئۆتكەندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك
رەھبەرلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ «ھەي. . . بۇ ئىككى باشلىق-
نىڭ بۇنداق تېتىقسىز غوۋغالىرى تۈگىمىسە نەشرىياتىمىزنىڭ
ئاقىۋىتى قانداق بولار» دەپ ئېچىنغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى.
پەيتۇل بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ جېدىلىگە ئارىلىشىۋېرىپ،
باشقۇرۇش ئورگىنىدىكى جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلارمۇ بىزار
بولۇپ كەتتى. تۇرسۇنجاننى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بىرەر خىزمەت
تاپشۇرسا ياكى نەشرىيات ئەھۋالىدىن دوكلات قىلسا پەيتۇلنىڭ
خۇيى تۇتۇپ بىرەر ئايغىچە يىغىنلارغا قاتناشمايدىغان، خىزمەتكە
سۇس قارايدىغان بولۇپ قالاتتى. ئەگەر پەيتۇلنى چاقىرسا، ئۇ
ساقلانغان مەسىلىلەرنى يوشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنى
ماختاش، يالغان ئېيتىش بىلەن يۇقىرىنى ئالدايتتى. مەسۇم
قابىل ئۇچۇن بۇ ئىشلار تېپىلغۇسىز ئىدى. ئۇ نەشرىياتچىلىق
ئىدارىسى، تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار-

دىكى رەھبەرلەرگە بىرنى ئۇن قىلىپ يەتكۈزۈپ تۇرغاچقا، ئۇنى
ھەممىسى تونۇپ كەتتى. مەسۇم قابىلنىڭ خۇددى يىڭنىدىن يىپ
سۇغۇرغاندەك ئاسانلا «مۇئاۋىن مۇدىر» ئەمىلىگە ئېرىشىشى
بەلكىم شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك.
مەسۇم قابىل قەلەم ھەققى تالون دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ پەي-
تۇلىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. زامانغا لايىق بېزەلگەن
چىرايلىق ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۈستەل ئالدىدا
كېرىلىپ ئولتۇرغان پەيتۇل لەپپىدە قارىدى ـ دە، كۈلۈمسىرەپ
قويدى. مەسۇم قابىل ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىنىڭ نامزات
قاتارىدا بار ئىدى. مەسۇم قابىلنىڭ ھەر قېتىم «قۇرۇق»
كىرمەي، تۇرسۇنجان ھەققىدە بىرەر يېڭى ئۇچۇر بىرىدىغانلىقىغا
دەندەپ قالغان پەيتۇل قولىدىكى قەلەمنى قويۇپ ماتېرىياللىرىنى
بىر تەرەپكە يىغىشتۇردى.
— پەيتۇلكا، — مەسۇم قابىل دىۋانغا ئولتۇرماي ئورۇن-
دۇقنى ئۇنىڭغا يېقىن سۈردى، — خىزمەت دېگەندە مەركەزلەش-
تۈرۈش بولمىسا نېمە قالايمىقانچىلىقلار چىقمايدۇ دەيسىز. بۇ
تالوندىكى قاتلانغان بەتلەرنى كۆرۈپ بېقىڭ، سىزنىڭ ئىمزا
قويغانلىرىڭىز ئۈچتىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ.
پەيتۇل تالوننى ۋاراقلىغانسېرى پوكاندەك ئېسىلىپ پۇشۇل-
داپ كەتتى. ئۇ قايتىدىن يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىققاندىن
كېيىن، تالون دەپتىرىنى ئۈستىلىگە پاققىدە تاشلاپ قويدى.
ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، گۆشلۈك قاپاقلىرى ئېسىلىپ
چۈشتى.
— قارا، شۇنچە كۆپ قەلەم ھەققىنى ئۆزى قول قويۇپلا
مالىيە بۆلۈمىگە يوللىۋەتكىنىنى، ئۇنىڭ يۈرىكى نېمانچە يوغى-
ناپ كەتكەن، — پەيتۇل ئۈستەلگە مۇشتلىدى، — مەن قوغۇن-
لۇقنىڭ قارانچۇقىمۇ ـ ھە!
— شۇ ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە «نەشرىيات باشلىقى»

دېگەن ئۇقۇم زادى يوق، — مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ چىرايىغا
ئاستىرتىن قاراپ قويدى، — بۇ سىزنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بول-
ماي نېمە؟
— تېخى بەزى كىتابلارغا بەلگىلىمىدىن خېلىلا يۇقىرى
يېزىپتۇ، — پەيتۇل قوللىرىنى شىلتىدى، — ئۇ پۇلنى يانچۇ-
قىدىن بېرەمدىكەن؟
— دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، — مەسۇم قابىل تالوننى
ۋاراقلىدى، — يۇقىرى قەلەم ھەققى بەرگەنلىرى نامدار زىيالىي-
لار ھەم بەزى ئەمەلدارلار، يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار.
— توغرا، توغرا، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ مەقسىتى ئاشۇ-
لارنى قولغا كەلتۈرمەكچى، نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى قارا.
— قولغا كەلتۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى بۇ بىر ۋاستە،
ئاساسىي مەقسىتى ئاشۇ ۋاستىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان.
— ئېنىقراق سۆزلەڭ، نېمە دېمەكچىسىز؟
— شۇنىمۇ ئۇقالمىدىڭىزمۇ؟ — مەسۇم قابىل ئىچىدە ئۇ-
نى «قاپاقۋاش»، «دۆت» دەپ تىللىدى، — ئۇ ئاشۇ نامدار
كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ كەڭ جامائەت پىكرى توپلىماقچى،
بۇ ئارقىلىق سىزنىڭ «نەشرىيات باشلىق» لىقى تاجىڭىزنى كىي-
مەكچى...
— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، — پەيتۇل تېڭىرقاپ قالدى.
— سىز ساددا دىللىقىڭىز، ئاق كۆڭۈللۈكىڭىز، تاياقتەك
تۈز مىجەزىڭىزدىن زىيان تارتىپ كېلىۋاتىسىز. ئېسىڭىزدىمۇ،
بۇلتۇر شۇنچە ئەسكەرتسەم سىنەكىمەي، ئاخىر ئۇيغۇر بۆلۈم-
نىڭ بىرىنچى قوللۇق ھوقۇقىڭىزنى تارتتۇرۇپ قويدىڭىز. بۇ
سىزگە ساۋاق بولمىدىمۇ؟
— راست شۇنداق، سىز بىرنەچچە قېتىم بۇ ھەقتە سىگ-
نال بەرگەنىدىڭىز، — پەيتۇل نېمىدىندۇر كۆڭلى ئۆيگەندەك
بولۇپ مەسۇم قابىلغا تىكىلدى، — ئۇ راستىنلا جامائەت پىكرى

توپلاپ پېيىمنى قىرقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلارمۇ؟

— قىلارمۇ ئەمەس، بەلكىم ئاللىبۇرۇن باشلىۋەتتى، — مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ قورققىنىدىن چىمچىقلاپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى، — سىز سۈت ئۇيقۇڭىزدا ئۇخلاۋاتىسىز.

مەسۇم قابىل بىر چاغلاردا تۇرسۇنجاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، پەيتۇلنىڭ خىيانەت، شەكلى ئۆزگەرگەن پارا بېرىش، قاقتى - سوقتى قىلىش قاتارلىق بىرقاتار خاتالىقلىرىنى ئۆزى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ پوقىنى تۇرسۇنجاننىڭ يۈزىگە سۇۋاپ، شۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ پەيتۇلنى قايناق سۇدا تەرەت ئالغاندەك چىچاڭشىتىۋەتتى. بولۇپمۇ ئۆزلىرى كۆرۈپمۇ باقمىغان كىتابنىڭ تەھرىرلىك ھەققىنى تاپشۇرۇۋالغان يازغۇچى ئاغىنىلىرىنىڭ كېچىلىرى پۇلنى ئەكېلىپ بېرىشى، بىر كىتابقا قوش تەھرىرلىك قەلەم ھەققى ئېلىش، بىر قىسىم ھوقۇقدار ئاغىنىلىرىگە كىتابنى بىر ھەپتە تۇتقۇزۇپ قويۇپ شەكلى ئۆزگەرگەن پارا بېرىش دېگەندەك بىر قاتار ئىشلارنى تۇرسۇنجان نەدىن بىلىۋالغاندۇ، دېگەن خىيال پەيتۇلنىڭ چىرايىنى سارغايتىپ، پۈتۈن تېنىنى تىترىتىۋەتتى. ئەگەر بۇ ئىشلار يۇقىرى ئورگان رەھبەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا پەيتۇلنىڭ تۈگەشكىنى شۇ - دە.

— بۇ مۇناپىق راستىنلا مېنىڭ ئارقامدىن ماتېرىيال توپلاپ يۈرۈپتۇ - دە.

— تېخى ئەڭ زەھەرلىك سۇيىقەستتىن بىرى بار، ئۇنى دېسەم بولماس. . .

— نېمە زەھەرلىك سۇيىقەست؟! — پەيتۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى، — قېنى دەڭ، دېمىسىڭىز تېخىمۇ بىئارام بولىمەن.

مەسۇم قابىل چاشقاننىڭ قۇيرۇقىنى چىمدىپ تۇتۇۋالغان-



دى. قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئەنسىزلىك ئىلكىدە پىلتىڭلاپ تۇرغان پەيتۇل پۈتۈن بەدىنى قولاققا ئايلانغاندەك كالپۇكلىرى مىتىلداپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ تىكىلىپ ئولتۇراتتى. بۇ تولىمۇ ئەپلىك پۇرسەت ئىدى. مەسۇم قابىل گويا قىيامەت قايىم خەۋىرىنى يەتكۈزۈۋاتقان مۇنەججىمدەك، چىرايىغا سۇر، ئاۋازىغا سىرلىق تۈس بېرىپ ئاستا شىۋىرلاشقا باشلىدى:

— تۇرسۇنجان سىزنى، بەش - ئالتە قېتىملىق قەلەم ھەققىمنى ھېچقانداق ئىسپاتسىز ھالدا تارتىۋالدى، بۇ يولسىزلىقنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىمەن، دەيدۇ.

پەيتۇل قول ھەم تىزلىرىنىڭ خېلىلا تىترەۋاتقانلىقىنى سەزمىدى. بىر دەمدىلا ئۇنىڭ سەپكۈنلۈك سىمىز يۈزى ئېسىلىپ مىس تەلەڭگىدەك قارىداپ كەتتى. «بۇ ئىشنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇڭ، ھېچكىم ئۇقمىسۇن» دەپ تاپىلىغان سىرنى ئاشكارىلىغىنىغا قارىغاندا، تۇرسۇنجان راستىنلا پەيلىنى بۇزۇپتۇ. ئۇ چار داستىخاننى بىرلا ئاچسا ھەممە نەرسە «مانا مەن» دەپ چىقىدۇ، ھەتتا بۇلتۇر پەيتۇلنى رەھبەرلىك ئالدىدا نەم - نەمگە ئۇسسۇل ئوينىتقان تۆت كىتاب ۋەقەسىمۇ قوشۇلۇپ ئۇنى يۈز - ئابرۇي، شان - شۆھرەت بىناسىدىن موللاق ئاتقۇزىدۇ. ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئەمەل تاجلىرى بېشىدا توختىماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھەتتىگىنەي، بارمىقىنى شوراپ ياشىسىمۇ، تۇرسۇنجاندەك قۇيۇننى نېمىدەپ يېنىغا تارتقان بولغىيدى، ئەڭ بولمىغاندا بىر - ئىككى يىل ئالدىدا كەشىنى توغرىلىغان بولسىچۇ كاشكى. يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ قەپەستىكى تۇتقۇنلىرىنى سەمرىتىشتىكى مەقسىتى يېيىش ئۈچۈن بولغىنىدەك، بۇ لەنىتىنىڭ پۇل تېپىپ بېرىشى، تاپىنىمدىن يىلىكىمنى شوراش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن ئويلىمىغاندىمەن. ئۇنىڭ قازغان ئورىسىغا پۇت ساڭگىلىتىپ بەرگىنىمنى قارىمامدىغان!

— مە. . . مەسۇم قابىل، — پەيتۇل دۇدۇقلىدى، —

ئۇ، ئۇ راستىنلا بۇ مەسىلىنى يۇقىرىغا يەتكۈزەرمۇ؟ ئۇنداقتا...

— خاتىرجەم بولۇڭ، تۇرسۇنجان ئۇنداق قىلالمايدۇ، — تارىنى بەك چىڭىتىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان مەسۇم قابىل سەل پەسكارىغا چۈشتى، بولمىسا ئۆزى پۇدەۋاتقان ئوتنىڭ ئۇچۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى، — مەن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ بارمايدىغان بولدى.

— بۇ ئەبلەخ ئالدىڭىزدا ھە دەپ قويۇپ، ئاستىرتىن يەتكۈزەرمىكىن دەيمىنا.

— مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.

— قانداقسىگە؟

— يۇقىرىدىن «سەن ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارغا يول قويدۇڭ. يەنە كېلىپ ئۆزۈڭ تەھرىرلىگەن كىتابنى ئىككى ۋەزىپىگە ھېساب قىلىپ بىرىگە قەلەم ھەققى ئالغىنىڭنىڭ ئۆزى خاتا. تېخى ئۇ پۇلنى پەيتۇلغا بەرگىنىڭ نېمىسى، بۇ باشلىقلارنى پۇل بىلەن چىرىتىش بولماي نېمە» دېسە ئۆزى تۇتۇلۇپ قالامدۇ.

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا! — پەيتۇلنىڭ چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى، — ئەلۋەتتە، بۇ بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ئىشلار - دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇ پۇللارنى ئىشخانا خىراجىتىگە ئىشلىتىدىغان تۇرسام.

— پەيتۇلكا، بۇ گەپ ئاقمايدۇ، — مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ بىرەر كامارغا كىرىۋېلىشىغا يول قويمىدى، — باشقا يەرلەردە بۇنداق بىمەنە گەپلەرنى دەپ سالماڭ، ھەرقانداق ئىدارە - ئورگان باشلىقلىرى شەخسنىڭ مىڭلاپ پۇلنى ئېلىۋېلىپ ئىشخانىغا ئىشلەتمەيدۇ.

پەيتۇلنىڭ كۆزى چەكچەيدىيۇ، بىراق زەرىگە ئۆتەلمىدى،



چۈنكى مەسۇم قابىل ئۇنىڭ قىرىق كوكۇلىسىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ «مىڭلاپ پۇلنى ئېلىۋېلىپ» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ھېلىھەم ئەنسىز ئورۇپ تۇرغان يۈرىكىنى تىرنىدەك تىلغىۋەتتى. ئامال قانچە؟ ئىلاجى بار بۇ تايغاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەسلىك كېرەك، بولمىسا ئۇدۇل كەلگەن يېرىڭگە ئېغىز سېلىشتىن يانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەيتۇلنىڭ ئىچ - باغرىدىن تارتىپ ئاچچىق ئۈچەيلىرىگىچە بىلىپ كەتكىنىچۇ! شۇڭا، تۈكنى يېتىشىغا سىلاپ پەپىلەپ، ئانچە - مۇنچە سۆڭەك تاشلاپ بېرىپ كۆندۈرۈۋالغىنى تۈزۈك.

— پەيتۇلكا، قەلەم ھەققى تالونىغا ئىمزا قويۇش مەسىلىسىنى سورۇشتە قىلىپ قالسىڭىز، — دېدى مەسۇم قابىل گەپنى ئەگىتمەيلا، — تالوننى ئۆزۈم ئېلىپ چىقتىم، دەپ قويارسىز.

— بولدى قىلىۋەتسەك بولارمىكىن، — پەيتۇل نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ قالغانىدى، — بىكاردىن - بىكار جىم ياتقان يىلاننىڭ بېشىغا تاش ئاتقاننىڭ پايدىسى نېمە.

— بۇ دېگىنىڭىز قاملاشمىدى، — مەسۇم قابىل ئۇنى بەك قورقۇتۇۋەتكەنلىكىدىن پۇشايمان قىلدى، — بۇ قېتىم ئېغىزنى ئەتمىسىڭىز كېيىنكى كەلگۈننى توسۇپ قالالمايسىز. تۇرسۇنجانمۇ «قېنى، نەچچە سەر، قانچە مىسقال كېلىسەنكىن» دەپ سىزنى تارازىغا سېلىپ باققان گەپ. ئەگەر مۇشۇ پۇرسەتتە بەل قويۇۋەتسىڭىز ئۇ كېيىن بېشىڭىزدا ياڭاق چاقىدۇ.

— بىراق...

— مەن ئېيتتىمغۇ، ئۇ يۇقىرىغا ھەرگىز بارالمايدۇ، بارسىلا قاپقانغا چۈشۈپ قېلىشى ئۆزىگە ئايان.

مەسۇم قابىلنىڭ جىددىي تەلەپپۇزى پەيتۇلدا ئىشەنچ پەيدا قىلدى بولغاي، ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى گىلدىڭلاتتى. بۇ نۆۋەت ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويمىسا قەلەم ھەققى تەستىقلاشتەك

ئەڭ ئەمەلىي مەنپەئەتلىك ھوقۇقتىن قۇرۇق قىلىش ئېھتىمالى
بار ئىدى.

— قاراڭ، مەسۇم قابىل، سىزمۇ ئۇيغۇر بولۇمىنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرى، — دېدى پەيتۇل بىر ماتېرىيال خالتىسىنى كۆر-
ستىپ، — بۇ بىر دوختۇرلۇققا ئائىت كىتاب ئىكەن، تۇرسۇن-
جان بۇنى خەلق دوختۇرخانىسىدىكى بىر باش دوختۇرغا ئۇستى-
دىن كۆرۈشكە بېرىپ ئېلىپ كەپتۇ. خېلىلا چوڭ، نۇقتىلىق
كىتاب بولغۇدەك. چىقارساق بولارمۇ، بولماسمۇ دەپ ئىككىلە-
يىن بولۇپ قالدىم.

— ئاپتورى كىم ئىكەن؟

— ماھىگۈل قايىت.

— ماھىگۈل قايىت! ؟ — مەسۇم قابىل غەلىتىلا ھىجاي-
دى، — ئەمدى ئۇنىڭ پىلانغا كىرگۈزمىگەن ئاشىنىسىنىڭ كى-
تابى قالماپتۇ - دە. بىلەمسىز، ئۇ خوتۇن ھېكمەتنىڭ ئاشىنى-
سى، مېدىتسىنا دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ.

— مۇنداق دەڭ.

— ئەڭ ياخشىسى، دوختۇرلۇققا ئائىت كىتاب بولغاندى-
كىن، سەھىيە نەشرىياتى چىقارسۇن دەپ قايتۇرۇۋېتىڭ. بۇنداق
كەسپىي كىتابلارنىڭ چاتىقى چىقسا كېيىنچە جاۋاب قىلمىقىڭىز
تەس.

— توغرا دەيسىز، كېيىنىمۇ ئويلاش كېرەك.

— ئەمىسە پەيتۇلكا، بۇگۈن سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا كىر-
مىگەن بولاي، سىزمۇ مېنى كۆرمىگەن بولۇڭ، قانداق
دېدىم، — مەسۇم قابىل پەيتۇلدىن قىلچە تەپتارتماس بولۇپ
قالغانىدى، — بۇ كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن پايدىلىق.

مەسۇم قابىل چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم تۇرسۇنجان
ھەققىدە قانداقتۇر ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ پەيتۇلنىڭ يۈرىكىگە
ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچاتتى - دە، چىقىپ كېتەرىدە «بۇ



كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن پايدىلىق» دېگەن گەپنى دېيىشنى ئۇن-
تۇمايتتى. بۇ گەپ پەيتۇل ئۈچۈن بەكمۇ چۈشىنىشلىك. ئەگەر
ئۇ كۆيۈۋاتقان ئوتقا مەسۇم قابىلنى سۆرەپ كىرگىنىدە، تۇر-
سۇنجاننىڭ ئىزىنى يۇرايدىغان تايغان گۇمانلىق بولۇپ قالاتتى.
ئۇنداقتا پەيتۇل نورغۇنلىغان پايدىلىق ئۇچۇرلاردىن غاپىل قال-
مامدۇ! بۇنداق ھەمدەم خىيال ئوخشاشلا تۇرسۇنجاندىمۇ بار
ئىدى. ئۇ مەسۇم قابىلنىڭ پەيتۇل ھەققىدە يەتكۈزگەن خەۋەرلى-
رىدىن پايدىلاندى، سەگەك تۇردى، تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى
ئالدىن پىلانلىدى. ئەمما، ئۇمۇ ئۆزى ئۈچۈن قاۋاۋاتقان تايغاننى
ئۈركۈتۈپ قويۇشنى خالىمىدى. شۇڭا، پەيتۇل بىلەن تۇرسۇن-
جان تايغاننىڭ قانداق لوقما كويىدا نېمە ئويۇنلارنى ئويناۋاتقانلى-
قىدىن بىخەۋەر، ھەر ئىككىلىسى ئۇنىڭدىن مەمنۇن ئىدى.
«سۇخەنچىدىن پاناھ بەرگىن خۇدايىم» دېگەن ھېكمەتلىك جەۋ-
ھەرلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىغا زادىلا كىرىپ چىقمىدى. زېھنىيات-
لىق ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ سەھىپىلەرنى ئوقۇۋاتقىنىدا ئۆزلىرى-
نىڭ مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، قېرىن-
داشلىق، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، ئېلىم - بېرىم. . . قاتارلىق
ھايات مۇساپىسىدە سۇخەنچىلەردىن كۆرگەن دىشۋارچىلىقلىرىنى
بەلكىم ئويلاۋاتقاندۇ. شۇڭا دەيمىزكى، دۈشمەنلىك نەشتىرى
قادالغاندا ئۇنىڭ مەنبەسىنى قېزىڭ، ياخشى - يامان، ئوڭ -
تەتۈر، تېيىز ھەم تېرەن تەرەپلىرىگە ئەقىل يۈرگۈزۈڭ، ھەر-
گىز ھېسسىياتقا بېرىلمەڭ. ھېسسىيات ئالدىدا يۈرسە، ئەقىل
ئارقىدا ئۆمىلەپ قالىدۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. . . كىم
بىلىدۇ، قىزىل ياقۇت دەپ تۇتقىنىڭىز ئوت، ئوت دەپ ھۆكۈم
قىلغىنىڭىز ياقۇت بولۇپ قالامدۇ! چۈنكى، بۇ تۈرلۈك - تۈمەن
قىسمەتلەرگە تولغان جاھان!

شۇ كۈنى كەچ ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن ئىشخانىدا مەسۇم
قابىل تۇرسۇنجانغا «قەلەم ھەققى يازماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا،

پەيتۇل تالون دەپتىرىنى تەكشۈرمەن، دەپ ئېلىپ چىقىپ كەت-
تى» دەپ داتلاپ تۇراتتى، پەيتۇل ئىرغاڭلاپ كىرىپ كەلدى.
ئۇنىڭ قولىدا بىر سېرىق تاشلىق ماتېرىيال خالتىسى بىلەن
قەلەم ھەققى تالون دەپتىرى بار ئىدى. چىرايىدىن، يېرىم
يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن غەزەپ، شۇنداقلا ئەندىشىگە يېقىن بىر
تۇمان چىقىپ تۇراتتى. پەيتۇل قولىدىكى ماتېرىيال خالتىسىنى
ئۈستەلگە قويدى - دە، تالون دەپتىرىنى تۇرسۇنجاننىڭ ئالدىغا
پاققىدە تاشلىدى ۋە بىر ھازا ئىككىسىنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى
بىر - بىرىنى چوقۇيدىغاندەك تىكىلىپ قېلىشتى.

— شۇنچە نۇرغۇن قەلەم ھەققىلىرىنى ئۆزىڭىز قول قو-
يۇپلا مالىيە بۆلۈمىگە يوللاپسىز، بۇ قانداق گەپ - ھە؟ —
پەيتۇل ئۈستەلگە تايىنىپ تۇرسۇنجان ئېڭىشىپ تۇراتتى، —
ئىقتىسادىي ئىشنى نېمە چاغلايسىز، نەزىرىڭىزدە رەھبەرلىك
دېگەن بىر ئۇقۇم بارمۇ، يوق زادى؟

— بۇ ئىشقا بۇنچىلىك چېچىلىپ كەتمەڭ، پەيتۇلكا، —
دېدى تۇرسۇنجان تەمكىن ھالدا، — ئۇ چاغلاردا سىز پارتىيە
مەكتىپىدە كۇرسقا قاتنىشىۋاتاتتىڭىز. تۈزۈم بويىچە نەشردىن
چىققان كىتابلارنىڭ قەلەم ھەققىنى يوللىۋەتمىسەم بولمايتتى.

— «تاغدا يولۋاس بولمىسا مايمۇن پادىشاھ بوپتۇ» دېگەن-
دەك، ئۆزىڭىز خان، ئۆزىڭىز بەگ بوپسىز - دە.

پەيتۇلنىڭ ئالغان تەمسىلىدىن يۈزى تۆكۈلگەن تۇرسۇنجان
ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇ مەسۇم قابىلغا قاراپ تېخىمۇ
قىزىرىپ كەتتى.

— ئاغزىڭىزدىن پوق ئېقىتماڭ، — تۇرسۇنجان قولىنى
شىلتىدى، — خان، بەگ مەن ئەمەس، سىز! ھەممە ئىشقا چات
كىرىۋېلىپ باشقىلارنى ئىشلىگىلى قويمايسىز، يا ئۆزىڭىز قام-
لاشتۇرالمايسىز. بىز تۈزەۋاتقان، سىز بۇزۇۋاتقان. . . قىسقى-
سى، ھازىرغىچە پوقىڭىزنى بىز تازىلاپ كېلىۋاتىمىز. . .



پەيتۇل داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ بۇ چاغقىچە تۇرسۇن-
جاننىڭ بۇنداق ئەلپازدا ئاچچىقلاپ ئاغزىنى بۇزۇپ باققىنىنى
ئاڭلاپ باقمىغانىدى. تاقىر چوققىلىرى ئۇششاق تەرلەپ، ئېغىر
پۇشۇلداپ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن پەيتۇلنىڭ كاللىسىدىن
مەسۇم قابىلنىڭ «تۇرسۇنجان ئاللىبۇرۇن ھەرىكەتنى باشلىۋەت-
تى» دېگەن سۆزلىرى ئەلەڭلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. بولمىسا ئۇ
بۇنداق قىپيالىڭاچ سۇغا سەكرەمتى! مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ پەردىشەپنى بۇزماقچى، پەيتۇلغا جەڭ ئېلان قىلماقچى!
ئالدىرىما غورالداي، ئاسانلا ئېزىۋېتىدىغان پەيتۇلنىڭ بېشى خې-
مىر ئەمەس، سەن تاش سانىساڭ ئۇ قۇم سانايدۇ.

پەيتۇل ئەنە شۇنداق زەھەردەك خىياللار قويۇنىدا پىرقىراپ
يۈرگىنىدە تۇرسۇنجان پەيلىدىن يانماي تۇراتتى، چۈنكى ئۇ ماي-
مۇنغا ئوخشىتىشتەك ئاھانەتنى كۆڭلىگە زادىلا سىغدۇرال-
مىغانىدى.

— سەن. . . سېنىڭ. . . — پەيتۇل بىگىز قولىنى جۇ-
نۇپ سەنلەشكە باشلىدى، — بۇرۇنلا نىيىتىڭ بۇزۇلغان. . .

— نىيىتى بۇزۇلغان مەن ئەمەس، سەن! — تۇرسۇنجانمۇ
پەيلىنى بۇزدى، — قايسى نەشرىياتتا قەلەم ھەققىگە نەشرىيات
باشلىقى قول قويىدۇ؟ مېنىڭ بىرنەچچە قەلەم ھەققىگە قول
قويۇشۇم شۇنچىلىك چوڭ ئىشمىدى؟ بۇنىڭغا بۇنچىلىك چىچاڭ-
شىپ كېتىشىڭ تېگىدە نېمە غەرەز بارلىقىنى ئوبدان
بىلىمەن. . .

ئۇلار ئەنە شۇنداق رەسۋايى ئالەم بولۇشۇپ ۋارقىراشماقتا
ئىدى. چۇقان - سۈرەننى ئاڭلىغان باشقا ئىشخانىلاردىكى مۇ-
ھەررىرلەرمۇ كارىدورغا توپلىشىپ، بەزىلىرى تاماشا كۆرۈپ،
بەزىلىرى ياقىلىرىنى تۇتقان ھالدا تۇۋا دېيىشەتتى. لېكىن،
ماتېرىيال كۆرگەندەك بولۇۋالغان مەسۇم قابىل ئۈن - تىنسىز
جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزى تۇتاشتۇرغان ئوتنىڭ

ھەقدادىغا يېتىشىنى تىلەيتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ياقا سىقىشىش، ھەتتا مۇشت كۆتۈرۈش يۈز بەرمىگۈچە كۆزلىگەن رېجىسىغا يەتكەن ھېسابلانمايتتى. ئۇ كارىدور ۋە ئىشخانا ئىشىكلىرى ئەتراپىغا توپلانغانلارنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. لېكىن، پەيتۇل بىلەن تۇرسۇنجان ئۆزلىرىنى قىزىق كومېدىيە ئورۇنداۋاتقان ئارتىسلاردەك ھېس قىلىپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر جىمىپ قىلىشتى. پەيتۇل شاپىدە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي يەنە قايتىپ كىردى ـ دە، تۇرسۇنجاننىڭ ئالدىدىكى قەلەم ھەققى دەپتىرىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە تۇيۇقسىز ئارقىغا قايرىلدى:

— ئاۋۇ بىر نېمىڭىزنى، — دېدى بىگىز قولىدا ماتېرىيال خالتىسىنى كۆرسىتىپ، — دەرھال قايتۇرۇۋېتىڭ، بۇ دوختۇرلۇق كىتابلىرىنى ئىشلەيدىغان سەھىيە نەشرىياتى ئەمەس.

پەيتۇل چىقىپ كېتىشى بىلەن مەسۇم قابىل ئورنىدىن تۇرۇپ توپلانغانلارنى ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كېتىشنى ئېيتىپ تارقىتىۋەتتى. تۇرسۇنجان چاچلىرىنى قاماللىغىنىچە ئۈستىلىگە جەينەكلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھېكمەتنىڭ بىر چاغلاردا ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسكە ئالماقتا ئىدى:

«ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلمىساڭ، ئۇلار ئالدىدا كەمتەر، سەمىمىي بولمىساڭ، خې شىنن ئەپەندى ئېيتقاندەك ئىجادىي خاسلىقىڭ، تەۋەككۇلچىلىك روھىڭ، ئىسلاھاتچىغا خاس قەيسەرلىكىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ‹قوشۇلمەن›، دېگەن بىر ئېغىز سۆزگە ئېرىشىش تاغنى يۆتكىمەكتىن تەسكە چۈشىدۇ، ئۇ چاغدا ئەمدىلا باشلىغان ئىشلىرىڭ سۇغا چىلىشىدۇ. . . »

مانا بۇ بېشارەتلەر بىر ـ بىرلەپ يۈز بېرىۋاتامدۇ. ماھىگۇل قان ـ تەرلىرى بىلەن يازغان، ھېكمەت مەنتىقە، جۇملىلەرنىڭ راۋانلىقىغا ئىشلىگەن، مەزمۇن جەھەتتىن شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولغان پروفېسسورلار ئۈستىدىن كۆرگەن نۇقتىلىق



بىر كىتاب بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئىنكار قىلىندى. نەچچە يۈزلىگەن زاكاز تالونلىرىنى ئەۋەتىپ توپلىغان شۇنچە كۆپ تىراژمۇ پەيتۇلنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى. بۇنداق مەنسەپپەرەس، ساۋاتسىز، ھەسەتخور، قارانىيەت باشلىق بىلەن قانداقمۇ كۆزلىگەن بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتەلىسۇن؟ ھازىرمۇ تۇرسۇنجاننىڭ نۇرغۇن پىلانلىرى قاتمۇقات توسقۇنلۇقلار، ئىمتىياز كالتەكلىرى، نام ـ ئابرۇي، شان ـ شۆھرەت قوغلىشىش ئىللەتلىرى تۈپەيلىدىن چۈشكە ئايلىنىپ قېلىۋاتامدۇ! بۇ ھەقتە جاڭ شيەنلياڭ① ئەپەندىنىڭ «پۇقرالار ساپاسىدىن سۆز ئاچقاندا، ئاۋام پۇقرا ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئادەمنى ئەندىشىگە سالسىمۇ، لېكىن ئۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئامىل ئەمەس، تەرەققىي تاپقان، قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىيەتلىك، تىنچ دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن مەنسەپدارلار ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم شەرتتۇر. . . ئادەتتىكى پۇقرالار ساپاسى ئەمەس، مەنسەپدارلار ساپاسىلا دۆلەتنىڭ تەقدىرىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. . . » دېگەن سۆزلىرى يىمىرىلمەس ھەقىقەت ئىدى!

— تۇرسۇنجان، كۆپ ئويلىنىپ ئۆزىڭىزنى بىئارام قىلماڭ، — دېدى مەسۇم قابىل ئۇنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ، — بۇ قارا قورساق ئوغرىنىڭ بولۇشى شۇ تۇرسا، بۇنچىلىك ئازابلىنىپ، ھەسرەت چېكىشكە ئەرزىمدۇ؟

— ماڭا، ماڭا ھېچنېمە بولمىدى، — تۇرسۇنجان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — قاراڭ، بۇ ئادەمنىڭ يولسىزلىقىنى.

① جاڭ شيەنلياڭ — نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى.

— قەلەم ھەققى دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكىنىگە
قارىغاندا، — دېدى مەسۇم قابىل، — ئۇ ئۇدۇل باشقۇرۇش
ئورگىنىغا ماڭدى. جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلارغا بىرنى ئۇن
قىلىپ يەتكۈزمىسە سېسىق قارنى بوشىمايدۇ.

— پەرۋايىم پەلەك، مېنى دېسە مەركەزگە بارمامدۇ.

— سىزمۇ بىخۇدلۇق قىلماي، جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىياز،
لى بۇجاڭلارغا ئۇنىڭ ھەققىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىڭ،
ئۇلارمۇ پەيتۇلنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ
قالسۇن، — مەسۇم قابىل سىرتقا قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىك-
نى ھىم ياپتى - دە، ئورنىغا يېنىپ كەلدى، — بولمىسا رەھ-
بەرلەر ئالدىدا ياغلىقچاپاق بولۇپ قالىسىز.

— ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، رەھبەرلەر ئالدىدا
ئىككى باشلىق بىر - بىرىنى سۆكۈشۈپ، مېزىنى تىتىپ يۈر-
سەك بولماس.

— سىز مۇشۇ تۈز كۆڭلىڭىز، سەمىمىي نىيىتىڭىز بىلەن
زىيان تارتىپ، خورلىنىپ كېلىۋاتىسىز، — مەسۇم قابىل ئە-
شىك تەرەپكە قاراپ قويدى، — سىز كۆپ ئىشلاردىن خەۋەر-
سىز، پەيتۇل ئىنتايىن نەپسانىيەتچى، پەزىلەتسىز، تويمىغۇر
ئادەم. ئۇ مال - دۇنيا كويىدا ھەرقانداق رەزىللىكنى قىلىشتىن
يانمايدۇ.

مەسۇم قابىل ئىككى يىل ئالدىدا پەيتۇل بىلەن كىتابلارنىڭ
سېتىلىش ئەھۋالى، يېڭى ئەسەرلەرنى تېپىش، شۇنداقلا جايلار-
دىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى باشلىقلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش
ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا كاماندىروپكىغا بارغان ۋاقتىدىكى بىر
ئىشنى يۇمۇرلۇق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

پەيتۇلنىڭ كىچىك ماشىنىغا ئىگە بولغان چاغلىرى ئىدى.
ئۇلار بىر ئاپتورنىڭ تارىخىي رومان يېزىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ،
تەكلىماكان قۇملۇقلىرى ئىچىگە جايلاشقان كۆكۈلمەيدانلىق بىر



كەنتكە يېتىپ كەلدى ۋە ئاپتور بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن
كېيىن بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشتى. پەيتۇلنىڭ چوڭ
كاتتا سېلىپ قويغان كونا نۇسخا گىلەمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى.
گەرچە گىلەمنىڭ مويلىرى چۈشۈپ تاقىرلىشىپ پالاسقا ئوخشاپ
قالغان بولسىمۇ، قويۇق ئۇرۇچ، ئارقاق ئارىلىقلىرىدىن گۈل
شەكىللىرىنىڭ رەڭ ئىزنالىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. بۇن-
داق گىلەملەرنى ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرى قىممەت باھادا سېتىۋا-
لاتتى. شۇڭا، پەيتۇل ئۆي ئىگىسىگە «ماڭا سېتىپ بەرسىلە»
دەپ يېلىمدەك چاپلاشتى. لېكىن، بۇ ئائىلىنىڭ مۇرەببىيسى
بولسا كېرەك، توقساندىن ھالقىغان بىر بوۋاي سېتىپ بېرىشكە
زادىلا قوشۇلمىدى. ئۇ «ئاتا - بوۋامدىن قالغان بىردىنبىر
تەۋەررۇك، ئۇرۇق - ئەۋلادىمغا ئالىقاندەك پارچىسى قالغۇچە-
لىك ساقلاشنى ۋەسىيەت قىلغانمەن» دەپ خوتۇن - بالا،
نەۋرە - چەۋرىلىرىنىمۇ ئېغىز ئاچقۇزمىدى. گىلەمدىن ئۈمىد
ئۈزەلمىگەن پەيتۇل ئاخىر «ئەمىسە گىلەمنى يىگىرمە كۇنلۇك
بېرىپ تۇرسىلا، مەن مۇشۇ نۇسخىدا گىلەم توقۇتۇۋالاي» دەپ
ئۇلارغا يۈز سوم تۇتقۇزۇپ قويدى.

— تۇۋا، بۇ ئادەمنىڭ قىلىنىلىقىنى، — دېدى تۇرسۇنجان
ھەيران بولۇپ، — خىزمەت ئۈچۈن بېرىپمۇ قىلىپ يۈرگەن
ئىشلىرىنى كۆرمەمدىغان.

— تېخى ئاخىرىنى ئاڭلاڭ، قىزىقى ئەمدى چىقىدۇ، —
مەسۇم قابىل ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا سۆزلى-
دى، — گىلەمنى ناھىيە بازىرىدىكى گىلەم كارخانىسىغا ئاپى-
رىپ كۆرسەتتۇق ھەم ۋاقتى، نەرخىنى سۆزلىشىپ قايتىپ
كەتتۇق. بىز باشقا ناھىيە، شەھەرلەرنى ئايلىنىپ يىگىرمە بىر
كۈندە كەلسەك، تۆت خاللاپ بىر دۇكاندا كىچە - كۈندۈزلەپ
ئولتۇرۇپ گىلەمنى پۈتتۈرۈپ قويۇپتۇ.

— ئاخىر دېگىنىنى قىپتۇ - دە، — تۇرسۇنجان بۇ ئۇزۇن

ھېكايىگە قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى، — ھە، ئاخىرى قانداق بولدى؟

— شۇ كۈندىن باشلاپ، — مەسۇم قابىل كۈلۈۋەتتى، — ساپلا كېچىسى يولغا چىقىپ، كۈندۈزلىرى جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىنى ئايلىنىش، ئەسەر ئىزدەش، ئۇخلاش بىلەن كۈنىمىز ئۆتتى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— پەيتۇلكام گىلەمنىڭ ئىككى ئۇچىنى ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ يولدا سۆرەلدۈرۈپ ماڭدى. بىر قېتىم باغلىغان ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، كېچىدە ئارقىمىزغا قايتىپ گىلەمنى تېپىپ كەلدۇق، — تۇرسۇنجان بىلەن مەسۇم قابىل تەڭلا كۈلۈۋەتتى، — شۇنىڭ بىلەن سۆرىلىپ تىۋىتى قالمىغان تەرىپىنى باغلاپ يەنە بىر تەرىپىنى سۆرەلدۈرۈپ ماڭدۇق.

— پاھ، ماۋۇ ئادەمنىڭ ئامالىنى، گىلەمنى كونا گىلەمگە ئوخشىتىپ ئاسارئەتىقە سۈپىتىدە قىممەت باھادا ساتماقچى ئىكەن - دە.

— ئەلۋەتتە شۇ - دە. پەيتۇلكام گىلەمنى بوۋامنىڭ بوۋىسىدىن قالغان دەپ ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. ئاسارئەتىقە ئورنىدىكىلەر گىلەمنىڭ ئۇرۇچ ئارىلىقلىرىدا قېپقالغان تىۋىتلىرىنى خىمىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ «بوۋىڭىزنىڭ بوۋىسى ھەم ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ تۇغۇلغىنىغا تېخى بىر ئاي بولماپتۇ. . .» دەپتۇ.

— ھا. . . ھا. . . ھا. . . — تۇرسۇنجان بىلەن مەسۇم قابىل قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— تېخى پەيتۇلكامنىڭ شوپۇرى دەپ بەرگەن بىر گەپنى ئاڭلىسىڭىز، — دېدى مەسۇم قابىل پىچىرلاپ، — كۈلۈپ ئۇچىسىڭىز ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

— ھە، قېنى دەڭ، — تۇرسۇنجان بىرەر ئەسەرگە تېپ



بولغۇدەك بۇ ئىشلارغا قىزىقىپ قالغانىدى، — بۇ ئادەمنىڭ خىزمەتكە كاللىسى ئىشلىمىگىنى بىلەن بۇنداق ئىشلارغا خېلىلا ئېپى بار ئىكەن.

— توختاڭ، ئىشىك سىرتىغا بىر قاراپ باقاي، بۇ ئوغرى ماراپ تۇرغان بولمىسۇن يەنە.

مەسۇم قابىل ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، شوپۇرنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر قېتىم پەيتۇل قەشقەرگە كاماندىروپكىغا بېرىپ، بىر مىسكەرچىگە چىغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان كلاسسىك شېئىردىن بىر كۇپلېتنى ئوتتۇرىغا قاپارتما قىلىپ چىقىرىپ بىر مىس تاۋاق سوقۇپ بېرىشنى كېلىشتى. پەيتۇل قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاۋاقنى يېقىن ئارىدىكى بىر باغچىغا كۆمدى، ھەم تۆت - بەش كۈندە بىر قېتىم چۆگۈندە سۇ قۇيۇپ بەردى.

— قاراڭ، بۇ ئادەمنىڭ يامانلىقىنى، ئۇنى داتلاشتۇرۇپ قەدىمكى بۇيۇمغا ئوخشاتماقچىكەن - دە، — دېدى تۇرسۇنجان ھەيرانلىقتا، — ھە، ئۇنى كېيىن ساتالىدىمۇ؟

— نەدىكىنى، — مەسۇم قابىل يەنە كۈلۈۋەتتى، — بەتنىيەتنىڭ قازىنى تۆشۈك دېگەندەك، بىر كۈنى بارسا تاۋاق كۆمگەن يەردە ئېگىز بىر توپا تاغ تۇرغۇدەك، ئەسلىدە ئۇ يەرگە سۈنئىي تاغ ياساپ ئۈستىگە راۋاق سالماقچىكەن. توپا تۇرتۇش ماشىنىسى ھېلىقى بايلىق مەنبەسى بولغان مىس تاۋاقنى قايسى كامارلارغا تىقىۋەتتى دەڭا.

كۆلكىلىك ھېكايىلەردىن بايىقى كۆڭۈلسىزلىك خېلىلا ئۇنتۇلدى بولغاي، تۇرسۇنجان يېنىكلەپلا قالدى. ئەمما، مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ ئۇياتلىق مەخپىيەتلىكلىرىنى چۇۋۇپ، ئۇنى پۇچۇق يارماققا ئالغۇسىز قىلىۋەتكەن بۇ پەيتتە پەيتۇلمۇ جاڭ پىلىڭ، ئەكرەم نىيازلارنىڭ ئالدىدا تۇرسۇنجاننى ھۆكۈمەتسىز-

لىك، باشباشتاقلىق، يۇقىرىنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك نۇرغۇن قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ ئەيىبلىمەكتە ئىدى.

— ئىقتىسادىي مەسىلە ئوينىشىدىغان ئىشمۇ، قاراڭ بۇ تالونلارغا، — پەيتۇل جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىيازلارغا تالوننى ۋاراقلاپ كۆرسەتتى، — ساپلا ئۆزى قول قويۇپ يوللىغان گەپ. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۈزۈم، سىياسەت، رەھبەرلىك دېگەن نەرسە بارمۇ، يوق؟

— پەيتۇلكا، بۇ پرىنسىپقا كۆتۈرگۈدەك چوڭ مەسىلىمۇ ئەمەس، — چۈشەندۈردى ئەكرەم نىياز، — ئەسلىدە ھەرقايسى تەھرىر ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ئىشخانىسىدىكىلەر ئىشلىگەن كىتابلارغا قەلەم ھەققى يېزىپ، قول قويۇپ بۆلۈمگە چۈشۈرىدۇ. تۇرسۇنجان ئۇنىڭ ئارتۇق، كەم يېزىلغان تەرەپلىرىنى تەڭشەپ قول قويسىلا بولدى. نېمە قىلىسىز بۇنداق ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىپ، ھەممە نەشرىياتلار مۇشۇ تۈزۈم بويىچە بېجىرىۋاتامدۇ.

— بۇ... بۇ... مەن دېگەن ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى تۇرسام، — پەيتۇل قوللىرىنى يايدى، — مەسئۇل بولمىسام بولامدۇ؟

— «مۇۋەققەت» دېگەن قانداق گەپ ئۇ، — جاڭ پىڭنىڭ ئاۋازىدىن تېرىككەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — سىز دېگەن نەشرىيات باشلىقى، بارلىق بۆلۈم، ئىشخانا، مەمۇرىيەتلەر سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە، ئومۇميۈزلۈك باشقۇرسىڭىزلا بولمىدىمۇ، ئارتۇقچە يۈكنى ئارتىۋېلىپ نېمە قىلىسىز.

— سىز شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن جاڭ شۇجى، تۇرسۇنجان دېگەن بۇ شەيتاننى چۈشەنمەيسىز، مانا قاراڭ، — پەيتۇل تالوننىڭ ئايرىم بەتلىرىنى كۆرسەتتى، — ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرىگە يۇقىرى يېزىپتۇ ئەمەسمۇ، يانچۇقۇمدىن چىقمىغاندىكىن، دەپ نەشرىياتنىڭ پۇلىنى شۇنداق



بۇزۇپ-چاچسا توغرا بولامدۇ؟

— يۇقىرى قەلەم ھەققى يېزىلغان ئۇ ئادەملەر توغرۇلۇق ئۆز ۋاقتىدىلا تۇرسۇنجان ماڭا دېگەن، مەنمۇ قوشۇلغان، — جاڭ پىڭنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — قايتا نەشر قىلىنىش ئېھتىمالى بار، ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقان كىتاب ئاپتورلىرىغا يۇقىرى قەلەم ھەققى يېزىشنى مەن بۇيرۇغان.

— بۇ چارىنىڭ ئۈنۈمى خېلىلا ئوبدان بولدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئەكرەم نىياز، — نۇرغۇن قەلىمى پىشقان ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرى نەشرىياتقا قاراپ ئاقتى، شۇنداق بولغاچقا ھالىڭلارمۇ ياخشىلىنىپ كەتتى.

— بۇ يولنى ئاچقۇچە تۇرسۇنجان نېمە جاپالارنى تارتمىدى-ھە؟ — جاڭ پىڭ پەيتۇلغا تىكىلدى، — زادى سىلەر نېمە ئۈچۈن ئىناق، چىقىشىپ ئۆتمەيسىلەر، بىزمۇ سىلەرنىڭ جېدەللىرىڭلاردىن جاق تويدۇق.

— چىقىشالمىغىنىمىز مەنلا ئەمەس، — دېدى پەيتۇل غۇدۇڭشۇپ، — كۆپ ساندىكى مۇھەررىر، كوررېكتورلىرىمىز تۇرسۇنجاندىن نارازى، ئىنقىلاپ كۆرسەڭلار ئاندىن بىلىسىلەر.

پەيتۇلنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىياز دەماللىققا جىم ئولتۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ بەزى مۇھەررىر ۋە بىر قىسىم كوررېكتور ئاياللار باشقۇرۇش ئورگىنىغا بىرنەچچە قېتىم بېسىپ كىرىپ تۇرسۇنجاننىڭ ئۈستىدىن داد-پەرياد كۆتۈرۈشكەنىدى. نەشرىياتتا ئىسلاھات تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغاندىن بېرى، بارلىق مۇھەررىر، كوررېكتورلارنىڭ يىللىق ۋەزىپىلىرى بېكىتىلىپ، ئاشۇرغان قىسمىغا مۇكاپات بېرىش، ۋەزىپىنى ئورۇندىغان، لېكىن ئاشۇرالمىغانلارنىڭ مائاشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغانلارنىڭ مائاشىدىن مەلۇم نىسبەتتە تۇتۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، بەزىلەر يىل ئاخىرىدا نەچچە مىڭ، ھەتتا ئون مىڭلاپ مۇكاپات پۇلى

ئالغان بولسا، بەزىلىرى مۇكاپات تۇرماق، مائاشىنىمۇ ساق
ئالالمىدى. قىسقىسى، بۇ چاغقىچە ھەممىسى قول تىقىپ تاماق
يېيىشىۋاتقان داشقازان چېقىلغانىدى. ئىشچان بىلەن ھۇرۇن،
ئىقتىدارلىقلار بىلەن ئىقتىدارسىزلار پەرقلەندۈرۈلمىگەن ئۇ
چاغلاردا نەشرىيات خۇددى كۆكىرىپ لەش بېسىپ كەتكەن كۆل
سۇيىدەك تىنچ ئىدى. شۇڭا، ھەممىدە بىر خىل تۇرغۇنلۇق
ھالەت ئەۋج ئالغاچقا، قىزغىنلىق، جۇشقۇنلۇق، ئاكتىپلىق،
يېڭىلىق يارىتىشتەك جەڭگىۋارلىق بولمايتتى، خادىملار پەقەت
كۈن ئۆتكۈزۈپ مائاش ئېلىشنىڭلا كويىدا بولاتتى. مانا ئەمدى-
لىكتە ئىقتىدارلىقلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ئەجىر مېۋى-
سىنى كۆرگەندە بىر قىسىملارنىڭ كۆزى قىزىرىپ، تۇرسۇنجان-
نىڭ ئارقىسىدىن تىللاپ، غەيۋەتىنى قىلىپ، يۇقىرىغا دادلاپ
جامائەت پىكرى توپلاپ يۈرۈشەتتى.
— سىز دېگەن كىشىلەرنى ئېنىقلاپ كۆرمىسەكمۇ ئۇلار
بىزگە ئايان، — دېدى جاك پىك ئاچچىقىدا، — ئىسلاھات دېگەن
جەمئىيىتىمىزدىكى زور بۇرۇلۇش، قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىش
ۋە قارشىلىقلاردىن مۇستەسنا بولۇش قىيىن، شۇڭا بىز سوغۇق
قان بولۇشىمىز كېرەك. خۇددى بىكون ئېيتقاندەك «زور كۆپ-
چىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى دېگەندىمۇ، ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىش يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش»، شۇنداق ئىكەن، نارازى-
لىق ھەم قارشىلىقلارنىڭ چىقىشى تەبىئىي.
ھەر تەرەپتىن قاپسىلىپ قالغان پەيتۇل قايتا زۇۋان سۈرەل-
مەي جىمىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە «كېرىم بۇجاك، نۇردۇن
خوجىلارنى ئىزدەپ بارسامچۇ، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەندىمەن»
دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ
كېتىشىنى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشەنگەن جاك پىك
ئەكرەم نىيازغا باش لىڭشىتىپ كۆزىنى قىسىپ قويۇۋېدى،
ئەكرەم نىياز پەيتۇلنىڭ دۈمبىسىگە يېنىككىنە ئۇرۇپ، ئۇنىڭ



يېنىغا ئورۇندۇقنى سۈردى.
— پەيتۇلكا، سىز پېشقەدەم رەھبەر، قورساقنى كەڭرەك
تۇتۇڭ. سىزمۇ جاپا چېكىۋاتىسىز، — دېدى ئەكرەم نىياز، —
بىر ئىش توغرۇلۇق سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئالماقچى ئىدۇق.
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، تۇرسۇنجاننى بېي-
جىڭغا يىغىنغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق.
— بېيجىڭغا؟ — پەيتۇلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەت-
تى، — تۇرسۇنجان بارمىسا بولمايدىغان قانداق يىغىنكەن ئۇ؟
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرقايسى ساھەلەردىكى
ئىسلاھات تەجرىبىلىرىگە ئىگە ھەم ئاز - تولا نەتىجىمۇ قازانغان
ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق خادىملارنىڭ بېيجىڭدا ئۇچرىشىش،
تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلماقچى ئىدى، شۇڭا ئىككى
كۈننىڭ ئالدىدا جاك پىك، ئەكرەم نىيازلار تەشۋىقات بۆلۈمىگە
چاقىرتىلىپ يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلىدى. شۇ چاغدا لى
بۇجاك «گۈلدەستە» نەشرىياتىدىن تۇرسۇنجاننى ئويلىنىپ كۆ-
رۈشنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. بۇ خەۋەر پەيتۇل ئۈچۈن ئۆلۈم-
دىنمۇ قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ تۇرسۇنجاننى «كۆزۈمگە قادالغان
مىخ» دەپ كەشىنى توغرىلىيالماي تۇرغىنىدا يۇقىرى رەھبەر-
لىك ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. تۇرسۇنجان مۇشۇ سۈرئەت
بىلەن ئۆرلىگىلى تۇرسا پەيتۇلنىڭ نەشرىيات باشلىقلىق تاجىمۇ
بىر كۈنلەرگە كەلگەندە بۇ قۇيۇننىڭ بېشىغا كىيىلىپ قېلىشى
ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. «ئاھ خۇدا، بۆرىنى قوتانغا
چىللاپتىمەن - دە. تاپقان پۇللىرىڭ قۇرۇپ كەتسۇن. .
.» دېدى ئۇ ئىچىدە. پەيتۇل تۇرغان يەردە تۇرسۇنجان ئۇنىڭ
بېشىنى دەسسەپ ئۆتۈپ بېيجىڭغا بارسا، يىغىنلاردا پۈتۈن نەتى-
جىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ سۆزلىسە، مۇخبىرلار ئەتراپىنى قورشى-
ۋالسا، مەركەزدىكى رەھبەرلەر ئۇنىڭغا قول بېرىپ كۆرۈشسە،
گېزىت - ژۇرناللاردا رەسىمى بېسىلىپ تەشۋىق قىلىنسا پەيتۇل-

نىڭ تىرىك ئۆلگىنى شۇغۇ! بۇنداق بولارىنى ئېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيدى، بىلگەن بولسا قول ئاستىدىكى خوش - خوشچىلارغا تۆت تال مائاشنى سوسكا قىلىپ ئەمدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى بۇرۇنقىدەكلا «ۋاي باشلىق» بولۇپ گىدىيىپ يۇرۇۋەرگەن بولماتتى.

— پەيتۇلكا، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ئەكرەم نىياز ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ، — ياكى كاللىڭىزدىن ئۆتمەي تۇرامدۇ؟ پىكرىڭىز بولسا دەڭ، ئاڭلاپ باقايلى.

— يا. . . ياق، ئېمە پىكرىم بولسۇن، — پەيتۇل تۇنجۇققاندەك بولدى، — لى بۇجاڭ ئۆزى كۆرسەتكەن نامزات تۇرسا ئېمىمۇ دەيتتىم.

پەيتۇل ئىككى كۇنگىچە قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي، ئۇغا يەپ، يىڭنە يۇتقاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇچىنچى كۇنى كېچىدە مەسۇم قابىلنى چاقىرىپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇ «مانا، مانا دېمىدىممۇ، ئۇ ئاللىبۇرۇن سىزنى سېسىتىپ، يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋالدى. سىزمۇ لى بۇجاڭ ھەم كېرىم بۇجاڭلارغا ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچى بولۇپ كەتكەنلىكى، ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ كىتابلىرىنى پىلانغا كىرگۇزۇپ يۇقىرى قەلەم ھەققى بەرگەنلىكى، خالىغانچە كىتاب ئۇيۇشتۇرۇپ، رەھبەرلىكنى كۆزگە ئىلماي ھۆكۇمەتسىزلىك قىلىۋاتقانلىقى، نەشرىياتتا نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئۇنىڭغا نارازى ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلەڭ، بولمىسا ئۇ قويۇن ئۇيغۇر بۆلۇمىنىڭ باشلىقلىقىنى تارتىۋالغاندەك، ئەمدى نەشرىياتنىڭ يۇگىنىنىمۇ قولىڭىزدىن تارتىۋالىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئوت قويۇۋەتتى. مەسۇم قابىلنىڭ سۆزلىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن پەيتۇل ئەتىسى قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا، دەسلەپتە نۇردۇن خوجىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. گەۋدىسى ئالدىغا سەل ئېڭىشكەن، خام سېمىزلىكىدىن



ھەرىكەتلىرى سۇس، سېرىق چىراي، كىچىك كۆك كۆزلىرى دائىم يېرىم يۇمۇق قىسىلىپ تۇرىدىغان نۇردۇن خوجا پەيتۇلنى سۇسلا قارشى ئالدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، پەيتۇل بېگىم، ئۆز ئۆيىڭىزدەك ھە، — نۇردۇن خوجا پەيتۇلنى كەڭ، ئازادە مېھمانخانىغا باشلىدى، — قورسىقىڭىز قانداقراقكىن، بالىلار بىرنېمە قىلىپ بەرسۇنمۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، كەچلىك تاماقنى يەپلا كېلىشىم، — پەيتۇل ئورنىدا مىدىرلاپ قويدى. نۇردۇن خوجىنىڭ قىزى بىردەمدىلا چاي دەملەپ ئېلىپ كىردى. قىزىق چاي سوغۇقتا توڭۇپ كەتكەن پەيتۇلغا مايدەك ياقتى. ئۇ ئارقا - ئارقىدىن ئوتلاپ بىردەمدىلا چىنىسىنى بوشىتىپ قويدى.

— ئۇسساپ كەتكىنىڭىزگە قارىغاندا، كەچتە مايلىق تاماق يېگەن ئوخشىمامسىز؟ — نۇردۇن خوجا پىيالىگە قايتىلاپ چاي قۇيدى، — قېنى، قىزىق - قىزىق ئىچىڭ.

— يوقسۇ، سەل تىترەك ئولىشىپ. . . — پەيتۇلنىڭ مەيدىسىگە ئېقىپ چۈشكەن قوش ئېڭەكلىرى راستىنلا كۆكىرىپ قالغانىدى، — مارتمۇ كىرىپ قالدى، سوغۇق ئەجەب بوشىمايدا، سىرتتا سۆڭەكتىن ئۆتكۇدەك ئاچچىق شامال چىقىۋاتىدۇ.

— يەردىكى توڭنى ئېرىتىدىغان شامال، بۇ شامالنى باھارنىڭ خەۋەرچىسى دەيمىز.

ئۇلار ئىككىسى ئەنە شۇنداق ئادەتتىكى گەپلەر ئارقىلىق بىردەم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، پەيتۇل ئاساسىي تېمىغا ئۆتتى. ئۇ تۇرسۇنجاننىڭ نەچچە يىللىق «جىنايەت»لىرىنى بىرنى قالدۇرماي سۆزلىدى، ھەتتا ئۇچ كۇننىڭ ئالدىدىكى قەلەم ھەققى توغرۇلۇق تىللىشىش، جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلارنىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىگىچە قالدۇرمىدى. ئوخلاپ قال-

غانداك مەيدىنىگە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان نۇردۇن خوجا ئاڭلىغانلىرى ئوغسى قايناپ پات - پات پۇشۇلداپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىچارىلەرچە مىسىلداپ ئولتۇرغان، قىلغان ئىشىمۇ، ئۆزىمۇ دىقماق مۇنۇ بەندىنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالغۇسى كەلدى. نۇردۇن خوجىنىڭ بايا پەيتۇلنى سۇسلا قارشى ئېلىشىمۇ سەۋەبسىز بولمىغان، ئۇ تۇرسۇنجاننىڭ بېيجىڭدىكى يىغىنغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەنچىدە پەيتۇلغا قاتتىق ئاچچىقلانغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ بەدبەخ قۇيۇننى نەشرىياتقا ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق بىر ئېغىز مۇرنۇەتكەن بولسا، بۇگۇنكى كۇندە يۇز بېرىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەر ھەققىدە بېشارەت بېرىپ توسۇپ قالماتتى. مانا ئەمدى ئارا كۇندە بىر كېلىپ قاقشىغىنىنىڭ نېمىگە پايدىسى. ھازىرغۇ پەيتۇل بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۇشمەنلىشىش يۇقىرى پەللىگە كۆتۇرۇلگىنى يوق، ساپلا «كالتە جەڭلەر»، ئەگەر تۇرسۇنجان رەسمىي «قايتۇرما ھۇجۇمغا» ئۆتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تېپىپ بەرگەن پۇللىرى پەيتۇلنىڭ بۇرنىدىن بۇلاق، ئارقىدىن يۇملاق بولۇپ، كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالىدۇ. ئۇ چاغدا پەيتۇل «يېقىنىم، بۇرادىرىم، كېرەكلىك كىشىم، بىر يۇرتلۇقۇم» دېگەنلەرنى يەتتە قات ئاسمانغا چۆرۈۋېتىپ ھەممىنى چىشلەپ تارتقىلى تۇرىدۇ. . .

— پەيتۇل بېگىم، بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى، — نۇردۇن خوجىنىڭ كىچىك كۆك كۆزلىرىدىن چېقىن چاقتى، — سىزنىڭ تارتقۇلۇقىڭىز بار ئادەم؛ تۇرسۇنجان مۇشۇنداق قانات ياساپ ئۇچقانىكەن، كۆرگۈلۈكىڭىز ئالدىڭىزدا. ئۇ ئالىقاپنى ئەكېلىدىغان چېغىڭىزدا قارىڭىزنى كۆرسەتمىدىڭىز، مانا ئەمدى نېمە بولدى؟ پۇتى سىزدىن چاققان، تىلى سىزدىن ئۆتكۈر بولۇپ كەتمىدىمۇ!

— مەن يوق يېگەن دىتسىز ئادەمكەنمەن، — نۇردۇن خو-



جىنىڭ زەھەردەك تەنىسى پەيتۇلنى يەرگە قېقىۋەتتى، — ئۇنىڭ قانات - قۇيرۇقىنى رۇسلىۋېلىپ، مېنىڭ كۆزۈمنى چوقۇشىنى ئويلىماپتىمەن.

— «ئىشنىڭ باشلىنىشى» دېگەن سۆزۈمنىڭ تەكتىگە يېتەلمەيۋاتىسىز، — نۇردۇن خوجىنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى پەيتۇلنىڭ سوزۇنچاق تەلەتىگە نەشتەردەك قادالدى، — ھازىر تۇرسۇنجان سىزنىڭ ئىقتىسادىي ھەم خىزمەت جەھەتتىكى كۆپ ئىشلىرىڭىزنى بىلىپ بولدى، لېكىن ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆتۇرۇپ چىقماي جىم بولۇۋالدى. بۇنىڭ ئۆزى سىز ئۇچۇن دەھشەت تەھدىت! ئۇ بىر كۇنى ھەممىنى يىغىپ بىرلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۆزىڭىزنى قايىنامدا، دوپپىڭىزنى سايرامدا كۆرىسىز.

پەيتۇلنىڭ چىرايى سۇپسۇر تاتىرىپ كەتتى. نۇردۇن خوجىنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق ئىدى. مەسۇم قابىلنىڭ ئۇچ كۇننىڭ ئالدىدا ئېيتقانلىرى، ئۇ ھىيلىگەرنىڭ ھەممە ئىشنى ئاستىرتىن بىلىپ كەتكەنلىكىگە ئىسپات ئەمەسمۇ! سىرتقا قەلەم ھەققى يېزىپ بىنورمال ئالغان پۇل، ئوقۇغۇچىلارغا تەرجىمە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان، بىر كىتابقا قوش تەھرىرلىك ھېسابلىغان، ھەتتا باشقىلارنىڭ قەلەم ھەققىنىمۇ ھوقۇقىغا تايىنىپ تارتىۋالغان، شەكلى ئۆزگەرگەن پارا بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ھوقۇقدارلاردىن پايدىلانغان، ناچار، سۇپەتسىز تەرجىمە، تەھرىرلىكلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ نەشرىياتقا زىيان سالغان. . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرسۇنجانغا ئايان. ئەگەر ئۇ راستىنلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتسە پەيتۇلنى يەنە قانداق خەۋپ كۇتۇپ تۇرغاندۇ؟! . .

قورققانغا قوش كۆرۇنۇپتۇ دېگەندەك، دەقىقە ئۆتمەي كۆزلىرىگە سوراق مەيدانلىرى، قاسقان شەپكە كىيگەنلەر، تۇرمە تاملىرى كۆرۇنۇپ كەتكەن پەيتۇل نۇردۇن خوجىنىڭ پارقىراپ

تۇرغان ئاق سېرىق چىرايىغا ئۈمىد بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ ئىش-
شىپ قالغاندەك يۇزىدىن، مۆلۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، بۇر-
نىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يېرىلغان يەردەك ساڭگىلاپ چۈشكەن
قېلىن قورۇقلىرىدىن چەكسىز يېلىنغانلىق ئالامىتى چىقىپ
تۇراتتى.

— ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ — پەيتۇل تولىمۇ بىچارە
ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى، — كېرىم، لى بۇجاڭلارغا يالۋۇر-
سام ئۇنى باشقا يەرگە يۆتكىۋېتەرمۇ؟

— ئۇنى بېيجىڭغا ئەۋەتىش بىلەنلا «يۆتكىۋەت» دەپ بار-
سىڭىز ئۇلار نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟ — نۇردۇن خوجا چەكچەي -
دى، — سىزنى كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق، تار رامكىدىكى
شۆھرەتپەرەسلىكتە ئەيىبلىشى تۇرغانلا گەپقۇ.

— توغرا، بۇ تەرىپىمۇ بار، — پەيتۇلنىڭ بېشى مەيدىسى-
گە ساڭگىلىدى، — بۇ كـازازاپتىن قـۇتـۇلىدىغـانىنىڭ بىرەر
ئامال - چارىسى بولسا دەپ باققان بولسىڭىز.

— ئامال - چارە ھامان تېپىلىدۇ، مۇنداق بىر تەدبىر
كۆڭلۈمدىن كېچىۋاتىدۇ.

پەيتۇل بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ ئىت - مۈشۈكتەك داۋاملىق
خىرقىرىشىپ، تالىشىپ، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىدىن
باشقۇرۇش ئورگىنىدىكىلەرمۇ، كېرىم ھەم لى بۇجاڭلارمۇ خې-
لىلا زېرىكتى. نەچچە نۆۋەت ئارىغا چۈشۈپ مۇرەسسە - مادارا
قىلدى. ئەمدى بۇ ئۇسۇلنى ئۆزگەرتمىسە يۇقىرى رەھبەرلىك-
نىڭ پەيتۇلغا ئۆچ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا،
ئۈمىد تۇرسۇنجانغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقانلاردا قالدى.
يىل ئاخىرىدىكى خۇلاسىدە مۇكاپات سوممىسى ئالالمىغانلار،
مائاشى تۇتۇلغانلار يەنە بىر قېتىم قوزغىلىپ چىقىشىدۇ. ئۇلار
بەلكىم باشقۇرۇش ئورگىنىغا، تەشۋىقات بۆلۈمىگە پەرياد كۆتۈ-
رۈپ كېلىشىمۇ مۇمكىن ھەم كېلىشى كېرەك!.. ئەڭ مۇھى-



مى پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرىشىسە پۇرسەتنىڭ پى-
شىپ يېتىلگىنى شۇ! ئۇ چاغدا پەيتۇل نەشرىيات باشلىقلىق
سالاھىيىتى بىلەن، نەشرىياتنىڭ تىنچ - ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئۇ
ھاننات ئوغرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى. «باشقا
يەرگە يۆتكىلىپ كېتىڭ» دەمدۇ ياكى «مەن ئەمدى سىزنى
ئىشلىتەلمەيمەن، ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق ئورۇن تېپىۋېلىڭ» دەپ
يولغا سېلىپ قويامدۇ، بولۇۋېرىدۇ.

— پاھ، بۇ ئامالىڭىز جايىدا، — پەيتۇلغا جان كىرگەن-
دەك بولدى، — ئۇ چاغدا يۇقىرى رەھبەرلىك ئالدىدىمۇ تىلىم
ئۇزۇن بولىدىكەن.

— چۈنكى، سىز ئامىمىنىڭ بېسىمى، نارازىلىقى بىلەن
ئىنقىلابىي تەدبىر قوللانغان بولىسىز - دە، — نۇردۇن خوجا
سىرلىق كۈلۈمسىرىدى، — گەپ ئاشۇ ئامىمىنىڭ پىكىر - تە-
لەپلىرىنى، نارازىلىق سەۋەبلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقالىشىدا.

— كۆتۈرۈپ چىقىدۇ... چوقۇم چىقىدۇ... ھەتتا
ئىشخـانامغـا يېنىش - يېنىشلاپ بېسىپ كىرىـشىمـۇ مۇم-
كىن...

— ھەببەللى، بۇ گېپىڭىزنىڭ خېلىلا سالمىقى بار، —
دېدى نۇردۇن خوجا دەرھاللا چۈشىنىپ، — ئەمما سىز بۇنىڭدىن
كېيىن سەۋرچان، ئېغىر بولۇڭ، كالتە جېدەللەرنى چىقارماڭ،
بەزى ئىشلاردا يول قويۇپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە «كەڭ قورساق
باشلىق» دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلىڭ. شۇندىلا ئۇ تۆگىنىڭ
قوڭىغا چالما ئاتىدىغان ئەخمەقلىقىنى قىلىۋېرىدۇ. ئەڭ مۇھى-
مى، يىل ئاخىرىدىكى خۇلاسىنى ئىشلىگەندە «پرىنسىپ» تا
چىڭ تۇرۇڭ. مۇكاپات، مائاشىنى ئالالمىغانلارغا قايسىبىر يىل-
دىكىدەك ياردەم پۇلى بېرىدىغان نادانلىقنى قىلماڭ...

نۇردۇن خوجا چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ بىردەم جىمىپ قالدى.
چۈنكى، ئۇنىڭ كاللىسىدىن بىر - بىرىگە زىت خىياللار كېزىپ

ئۆتمەكتە ئىدى. بۇ چەرخى پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىنى كۆرۈڭ!
قۇلىقى يۇمشاق، گەپ يەيدىغان، تۇمشۇقىدىن نەگە يېتىلىسەڭ
شۇ يەرگە كېتىۋېرىدىغان باشلىقلار دىتسىز، ئەقلى كوتا، گال-
ۋالڭ، پاراسەتسىز كېلىدىكەن. ئۇلارنى دۆت ئېشەكنى زىخلىغان-
دەك زىخلاپ تۇرمىساڭ ماڭىدىغان يولىنىمۇ تاپالماي، مۇدۇرۇپ،
پۇتلىشىپ، يىقىلىپ ئىگىسىگە دەردىسە بولىدىكەن. سەگەك،
زېھنى ئۆتكۈر، ئىقتىدارلىق، تەدبىرلىكلەر بولسا تۇرسۇنجان-
دەك بەز قۇلاق، يېتىلەككە ماڭمايدىغان، يۈز - خاتىرە يوق،
هۇررەك ئۇششۇقلاردىن بولۇپ قالىدىكەن. هەي. . . تەڭشەلمى-
گەن ئالەم دېگىنى شۇ - دە!

— هە ـە، مەسۇم قـابىل بىلـەن قانداقراق ئۆتۈۋاتى -
سىلەر، — نۇردۇن خوجا بېشىنى كۆتۈرمەيلا سورىدى، — يا-
كى ئۇمۇ چىشىڭىزغا تېگىۋاتامدۇ؟

— يوقسۇ، سىز بىر چاغدا ئەۋلىيادەك گەپ قىپتىكەن-
سىز. ئۇ هازىر ماڭا هاسا تاياق بولۇپ قالدى، — تۇرسۇنجان-
نىڭ سىرتلاردا مېنىڭ ئۈستۈمدىن قىلىپ يۈرگەن گەپلىرى ۋە
ئىشلىرىدىن تارتىپ يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدىكى
قەلەم هەققى مەسىلىسىنىمۇ شۇ خەۋەرلەندۈردى. ئۇ بولمىغان
بولسا نۇرغۇن ئىشلاردىن غاپىل قالىدىكەنمەن.

— مانا، مانا، مەن بۇرۇنلا دېمىگەنمىدىم، — نۇردۇن
خوجا شىرەنىڭ قىرىغا ئۇرۇپ قويدى، — ئۇنىڭ هېكمەت، كا-
مىل، تۇرسۇنجانلار بىلەن پۈرچىقى پىشمايدۇ، سىز ئۇنىڭ
مۇشۇ تەرىپىدىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

— باشتىلا مەسۇم قابىلنى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا
تەكلىپ قىلىپ دوكلات يازساق بوپتىكەن. ئۇ تۇرسۇنجاندەك
سۇيىقەست، هىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ.

«ماۋۇ قاغا مېڭىسى يەۋالغان ئالىجۇقا سارالڭ نېمىلەرنى
جۆيلۈۋاتىدۇ، — دەپ ئىچىدە كۈلدى نۇردۇن خوجا، — مەسۇم



قابىل سۇيىقەست، هىيلە - مىكىرنى بىلمەيمىش. هەي باي-
قۇش، ئۇنىڭ بىلەن پۇت ئېتىشىپ قېلىشتىن خۇدا ئۆز پاناهىدا
ساقلىسۇن! ئەقىل كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قاراپ باق، تۆھ-
مەت، هىيلە - مىكىر، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق زەهەرلىك پىلانلار
‹مەسۇم قابىل› ماركىلىق زاۋۇتتىن چىقىدۇ. . . ئەدناسى،
سەن تەھرىرلىگەن ‹زۇلمەتتىكى مەشئەل› گە نامان سوپى قاۋ-
غان بولسىمۇ، لوقمىنى مەسۇم قابىلنىڭ تاشلاپ بەرگەنلىكى
سېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭگىمۇ كىرمەيدۇ. . .»

نۇردۇن خوجا گەرچە شۇنداق خىياللارنى كاللىسىدىن ئۆت-
كۈزگەن بولسىمۇ، مەسۇم قابىلنىڭ يامان گېپىنى قىلمىدى.
چۈنكى، ئۇ پەيتۇلدەك قورقۇنچاق، تۇراقسىز، مەيدانىنىڭ تاي-
نى يوق ئادەمگە ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ بېشىدا
سىيرىلىپ تۇرمايۋاتقان ئەمەل تاجى بىرەر شامالغا يولۇقسىلا
نۇردۇن خوجىنىڭ پۇتىغا چۈشۈپ زېدە قېلىشى مۇمكىن ئىدى.
مانا شۇ چاغدا مەسۇم قابىلدەك كاپ - كۇچۇكنى ئىگىسىگە
قاۋىتىپ سېغىزخاندىن ساق چىقىپ كەتمەمدۇ. . .

— پـەيتۇل بېگىم، بىر ئىشنـى سـەمىڭىزگـە سېلىپ
قوياي، — نۇردۇن خوجا بىگىز قولىنى شىلتىدى، — تۇرسۇن-
جاننى كۆزىڭىزدىن يوقاتقان تەقدىردىمۇ، مەسۇم قابىلنى ئۇيغۇر
بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى قىلىشقا ئالدىرىماڭ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — هەيران بولغان پەيتۇلنىڭ كۆزلى-
رى چىمچىقلاپ كەتتى.

— ئۇ ئاشۇ مۇئاۋىنلىقتا تۇرۇۋەرسۇن، سىز بۇرۇنقىدەكلا
بىرىنچى قول مۇدىر بولۇۋېرىڭ. ئەمدى «مۇۋەققەت» دېگەن
كۆلكىلىك ئاتالغۇنى ئىشلەتمەڭ. مەنمۇ باشتا بۇ ئاتالغۇنىڭ
بۇنداق مەسخىرىگە قېلىشىنى ئويلاپ يەتمەپتىمەن.

پەيتۇل شۇ هامان جاڭ پىڭنىڭ «مۇۋەققەت» دېگەن قانداق
گەپ ئۇ، دەپ ئاچچىقلاپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

راست، دېمىسىمۇ نەشرىياتنىڭ بارلىق كەسپىي، مەمۇرىي بۆ-
لۈم، ئىشخانىلىرىنى ئالىقىنىدا تۇتۇۋاتقان باشلىقنىڭ قانداقتۇر
بىر بۆلۈمگە «مۇۋەققەت» بولۇشى كۆلكىلىك گەپتە.

— چۈشەندىم، تولۇق چۈشەندىم، — پەيتۇل ھىجايدى.

خوجايىنىنىڭ تەنبىھ - تەلىملىرىدىن كۆڭلى جايىغا چۈش-
كەن پەيتۇل گويا گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرغان بىر تاغنى ھالقى-
تىپ تاشلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى. بىر چاغدا نۇردۇن خوجا
«شوپۇرنى ساقلىتىپ قويسىڭىز دۈشمەن كۆپەيتىۋالىسىز» دەپ
ئاچچىقلىغاچقا ئۇ پىيادە كەلگەنىدى.

رەت كەتكەن چىراغلار يوللارنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى.
كوچىدا بىر قانچە تازىلىق خادىملىرى قار تازىلاش ماشىنىسىدىن
قېپقالغان قالدۇق قارلارنى سۈپۈرۈپ قول ھارۋىلىرىغا تاشلى-
ماقتا ئىدى. پەيتۇل كېتىۋېتىپ: «مەسئۇم قابىل بولمىغان بول-
سا قەلەم ھەققى توغرىسىدىكى ئىشتىن خەۋەرسىز قالاتتىم،
بۈگۈنكى كۆڭۈل سۆيۈنگىدەك سۆھبەتمۇ بولمىغان بولاتتى» دې-
گەنلەرنى سۆزلەپ ماڭدى. لېكىن، ئۇنىڭدا ئۈچ كۈندىن بېرى
يۈز بەرگەن توقۇنۇش، جېدەل، زىددىيەت، غەيۋەت - شىكايەت-
لەرنىڭ تەكتىگە يەتكۈدەك پاراسەت يوق ئىدى، «نېمە
ئۈچۈن؟» دەپ ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. كۆرۈڭ، تېخى مەسئۇم
قابىلدەك غەممازدىن مەمنۇن بولۇۋاتقىنىنى! مەسئۇم قابىل قە-
لەم ھەققى دەپتىرى ئارقىلىق پەيتۇلغا ئوت ياقتى، ئارقىدىن
تۇرسۇنجاننىڭ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ قوت-
راتتى. نەتىجىدە، تۇرسۇنجان بىلەن پەيتۇل بىر - بىرىنى
ھاقارەتلەپ باشقىلار ئالدىدا رەسۋا بولۇشتى. بۇنىڭغىمۇ قانمى-
غان پەيتۇل جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلارغا دادلاپ ئاخىر ئۆزى
لەت بولدى. مانا بۈگۈن بولسا نۇردۇن خوجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
كونا خامانلارنى سورۇشۇپ، زەھەرلىك پىلاندىن بىرنى قۇرۇپ
چىقىشتى. بىر غەممازنىڭ غەممازلىقىدىن شۇنچە كۆڭۈلسىز-



لىكلەرنىڭ تۇغۇلغانلىقى ئۇنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمىدى.

شۇنداق! مەسئۇم قابىل قەلەم ھەققى تالونىدىن ئىبارەت
«چاقماق تاش»نى بىرلا ئۇرۇۋىدى، نۇرغۇن ئۇچقۇنلار چاچرى-
دى. بۇ «بىر چاقماقتىن مىڭ چېقىن» دېگەن گەپنىڭ ئەمەلى-
يىتى ئىدى...

پەيتۇل تاتلىق، قىرتاق خىياللار بىلەن دەرۋازا ئالدىغا
كېلىشى ناھايىتى تېز ئايلانغان بىر تاكسى ئۇنىڭ يېنىدىلا توخ-
تىدى - دە، ئىشىكى ئېچىلىپ تۇرسۇنجان ماشىنىدىن چۈشتى.
مەڭدەپ قالغان پەيتۇل ئالمان - تالمان كىرىپ كەتمەكچى
بولۇۋىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى.

— پەيتۇلكامغۇ بۇ، بىر يەرگە بارغانمىدىڭىز، — تۇر-
سۇنجان ھېچ ئىش بولمىغانداك تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن
سورىدى، — تازا ئولتۇرۇپ قاپسىزدە، ئانچە - مۇنچە ئىچكەن
ئوخشىمامسىز؟

— ياقەي، مەن... — پەيتۇل بارغان يېرىنى دەرھال
دەپ بېرەلمىدى، — تۇغقانلارنىڭكىگە بارغان. ھە، سىزچۇ؟

— ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ
كەلدىم.

— ھە توغرا، بېيجىڭغا قاچان ماڭماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— ئۆگۈنلۈككە، ئەتە باسما زاۋۇتىدا تۈگىتىدىغان ئازراق
ئىشلىرىم بار.

— ئۇنداقتا ئەتە ئالدىراش بولۇپ كەتكۈدەكسىز، كۆرۈ-
شەلمەي قالساق مۇشۇ خوشلاشقىنىمىز بولۇپ قالسۇن.

پەيتۇل كىرىپ كەتتى. تۇرسۇنجان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
قارىغىنىچە «بۇ ئادەمنىڭ ئېچىلىپ قالغىنىغا قارىغاندا، قەلەم
ھەققى ئىشى كاللىسىدىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ
تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى چېكىپ بولغۇچە قورۇ ئالدىدا تۇردى.
تۇرسۇنجاننىڭ «گۈلدەستە» نەشرىياتىنىڭ ئائىلىكلەر بىنالىرى

جايلاشقان بۇ قورۇغا كۆچۈپ كەلگىنىگە بىر يىل بولۇپ قالاي دېگەنىدى. پەيتۇل ھەم مەسۇم قابىللار بىنادا، ئۇ بولسا ئۈچ ئېغىزلىق يەرلىك ئۆيدە ئولتۇراتتى.

باشقۇرۇش ئورگىنىدىن بېيجىڭغا يىغىنغا بېرىش ئىشى تۈنۈگۈن ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرسۇنجان ئالدىراش ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بۈگۈن كەچ ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى. ئۇ ئۈچ كۈن ئالدىدا بولغان «قىسقا جەڭ» نى سۆزلىدى، شۇنداقلا «يۈرەك كېسەللىكلىرى» دېگەن كىتابنىڭ پىلاندىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، بىراق ئۇ كىتابنى باشقا ئۇسۇلدا ئۆزى چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ھېكمەت بەش ئايدىن بېرى بېيجىڭدا ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش ھەم باشقۇرۇش ئىشى بىلەن بولۇۋاتقان كامىلغا خەت يازغۇچە «تۇمانلىق يىللار» نىڭ قوليازمىسىنى كۆرۈپ ئولتۇردى. چۈنكى، ئۇ رومان باشلانغان تۆت ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە پۈتكەن بابلارنى ئۇتتۇرلۇق كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. «تۇمانلىق يىللار» باشلىنىشى بىلەنلا قىزىقىپ قالغان تۇرسۇنجان «بۇ كۆپ قىسىملىق رومانىڭنى ماڭا بېرىسەن» دەپ ھېكمەتتىن ۋەدە ئېلىۋالغانىدى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇ ھېكمەت بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن بارغان بولسىمۇ، بىرىنچى تومنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىنى كۆرۈش تەقەززاسى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

تۇرسۇنجان تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ دەسسىۋەتكەندىن كېيىن، بىنالار دالدىسىدا شۈمشىيىپ تۇرغان پاكار ئۆيىگە قاراپ ماڭدى ۋە تۇرخۇندىن ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقىۋاتقان سارغۇچ ئىسقا قاراپ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.



## دوستلۇق سادالىرى

كامىلنىڭ شاگىرتى مىرزا مۇھەممەت بىلەن بېيجىڭغا كەتكىنىگە بەش ئاي بولۇپ قالغانىدى. «كىتاب ئىشلەش بىلەن ئالدىراش بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن ھېكمەت ئىككى - ئۈچ ئاي سەۋر قىلغان بولسىمۇ، كۈن - ئايلار ئۆتكەنسېرى دوستىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. كامىل زىنقا كېسىلىگە مۇپتىلا بولغاندىن بېرى ئۇ زادىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھېكمەت ھەپتە ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى، مېھرىبان: «بىر ئاي ئىلگىرى كەلگەن تېلېفوندا بېيجىڭدىكى قايسىدۇر بىر مېھمانخانىدا كىتاب تۈزۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى، لېكىن تولۇق ئادرېسىنى ئۇقمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ھېكمەت ئۆيەردىن قايتىپ كامىلنىڭ ئىدارىسىگە بارغانىدى، باشلىق ئۇنىڭغا:

— كامىل زىنقا كېسىلى بىلەن ئىشلەۋاتقان يېرىدە يىقىلىپ، ھاۋا ئارمىيىسى دوختۇرخانىسىدا جىددىي قۇتقۇزۇۋېتىلىپتۇ. ئۇ ئائىلەمدىكىلەر ئەنسىرەپ كېتىدۇ، ئۇقتۇرماڭلار دېگەچكە بىزمۇ ئۇقتۇرمىدۇق، — دېدى.

بېيجىڭ ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسى شەھەردىن خېلىلا يىراق بولۇپ، ئادەتتە كىچىكرەك شەھەرنى ئەسكە سالىدىغان كاتتا دوختۇرخانا ئىدى. بەلكىم بېيجىڭدەك چوڭ شەھەردە ئۇنىڭ تارماقلىرى، ئامبۇلاتورىيىلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھېكمەت «ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسى» دەپ خەت يازغان تەقدىردىمۇ شۇنچە چوڭ دوختۇرخانىنىڭ قايسى بۆلۈم، قاپسى تارمىقىنى

بىلمەيتتى. يەرلىك بىمارلارنى ئانچە قوبۇل قىلمايدىغان ئۇ دوختۇرخانىدا كاملىنى كىم تونۇسۇن؟ تۇرسۇنجاننىڭ بېيجىڭغا كەتكىنىگىمۇ ئۈچ ھەپتىدەك بولۇپ قالدى. ئۇ يىغىن، ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت بىلەن بولۇپ كېتىپ كاملىنى ئىزدىيەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ھېكمەت ئەنە شۇنداق جىددىيلىك ئىچىدە تەقەززا بولۇپ تۇرغىنىدا، بۈگۈن ئەتىگەن كاملىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خەتنىڭ كەلگىنىگە شاد بولغان بولسا، دوستىنىڭ بىمار كارىۋىتىدا خەستىلىك ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىدىن قەلبى ئۆرتەندى. شۇڭا، ھېكمەت خەت يېزىپ سېلىۋەتتى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتمەي كاملىدىن يەنە بىر مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر - بىرىگە مەدەت ۋە ئىلھام ئاتا قىلىدىغان خەتلەر ئارقىلىق ياشلىق دەۋرىگە قايتىپ، دوستلۇق، مۇھەببەت، بۇرچ، ۋاپادارلىق، ئىزدىنىش، كۈرەش. . . بىلەن ئۆتكەن ھاياتىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتۈشتى.

ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلىرىم، مەن بۇ خەتلەرنى سىلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇش بىلەن بىرگە، ھاياتنىڭ سىلەرگىمۇ ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.

## *سېغىندۇرغان دوستۇمغا سالام!*

*«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك دوستۇم ھېكمەت، ياخشىمۇسەن؟ تېنىڭ سالامەتمۇ؟ سۆيۈملۈك پەرزەنتىڭ ئۈچقۇنئاي تىنچلىقمۇ؟ جانابىي ھەق ھەممىمىزنى سالامەت قىلسۇن ۋە ئۆز پاناھىدا ئامان ساقلىسۇن!*

*ھۆرمەتلىك دوستۇم! ئۆتكەندە ساڭا بېيجىڭدىكى «جۇڭگىيى» دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىمنى ئېيتقانىدىم، لېكىن خىزمەت ئۈستىدە بۇ كېسەل تۇيۇقسىز قوزغاپ دوختۇرلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. مەن كېسىلىمدىن بۇ قېتىم ھەقىقەتەن قورق-*



*تۇم. بىر ئايغا يېقىن جىددىي قۇتقۇزۇش نەتىجىسىدە كېسىلىم ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. ھازىر دوختۇرلار «پۈتۈنلەي ساقايتىۋېتىمىز» دېگەن ئىرادىدە كۆڭۈل قويۇپ داۋالاۋاتىدۇ. داۋالىنىش شارائىتىمۇ ياخشى. مىرزا مۇھەممەت بىلەن ئۆزئارا مۇڭدىشىپ، روھىي ھالىتىممۇ ياخشى بولۇپ قالدى.*

*دوستۇم ھېكمەت، يۇرتتىن يىراقتا خەستىلىك ئازابىنى تارتىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلىرىمدا سېنى تولىمۇ سېغىندىم. مۇشۇنداق چاغلاردا كىشى نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ دەيسەن. ئادەم قايناق خىزمەت، جىددىي كۈرەش، پاك سۆيگۈ - مۇھەببەت ئىشتىياقىغا تولغان ساغلام، جۇشقۇن ياشلىق دەۋرنى، سېھرىي ھېس - تۇيغۇلارغا، تىئورتىك سۆھبەتلەرگە باي، رەڭداش ياشلىق ھاياتنى ئەسلەپ بىر پەسكە بولسىمۇ شۇ دەۋرلەرگە قايتقۇسى كېلىپ قالىدىكەن؛ شۇ دەۋرلەردىكى ئاجايىپ سەمىمىي، تالانتلىق، مېھرىبان، ساپ ئىنسانىي ۋىجدانغا، كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلەتلەرگە ئىگە ئاشۇ دوستلارنى ئەسلەپ قالىدىكەن؛ ئۇلارنىڭ يېقىملىق سىماسى تەبىئىيكى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدىكەن.*

*قەدىرلىك دوستۇم ھېكمەت، خەستىلىك دەردىنى تارتىۋاتقان بۇ يەردىكى ئەڭ ئېغىر پەيتلىرىمدىمۇ سېنى ئەسلىدىم ۋە سېنى ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە سېغىندىم. بولۇپمۇ تۇرسۇنجان ئالىم سېنىڭ سالىمىڭنى ۋە مەن ئۈچۈن تۇتىيا بىلىنگەن خېتىڭنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، بىلمىدىم، كۆزلىرىمدىن ياش قۇرۇمىدى. ھەر كۈنى يېنىش - يېنىشلاپ ئوقۇيمەن. تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا تۇرىمەن، مىرزا مۇھەممەتنى ئويغىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بالكونغا چىقىمەن - دە، چىراغ نۇرىغا تۇتۇپ ئوقۇشقا باشلايمەن. تۇرسۇنجان ئالىم رومانىڭنىڭ بىرىنچى تومى ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ رومان ئورىگىناللىرىنى باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ ماڭغاچقىمۇ، سۇدەك ئىچىپىلىۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىگە قانماي تەپسىلىي بايان قىلىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ دوختۇرخانىغا ئۈچ كۈن ئۇدا كېلىپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ۋەقەلەرنى سۆزلىدى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى ئاشۇ تۇمانلىق ھەم جۇشقۇنلۇق يىللارغا قايتقاندەك، باقىيغا رەھلەت قىلغان ۋە ھايات ياشاۋاتقان دوستلار بىلەن قايتا*

ئۆچراشقاندەك ھاياجانغا تولدۇم. سەن دوستلار خاتىرىسىنى قەلبىڭ-
دە تولۇق ساقلاپ كەپسەن. ئۇلارنىڭ ھايات مەنزىلى خاتىرىلىرىنى
ئەبەدىيلەشتۈرمەكچى، ئەۋلادلارغا قالدۇرماقچى بولۇپسەن. بۇ نې-
مىدېگەن ئالىيجانابلىق، نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار مېھنەت! ئېسىڭدى-
دۇ، ساڭا «مۇڭ دەرۋىش» دېگەن نامنى ئاتا قىلغان يېگىتېرىق
سۇ ئامبىرىدىكى ھىلىقى ئاپئاق ئايدىڭ كېچە! بىز ئۈچ دوست
نېمىلەرنى دېيىشمىگەن، قانداق كۈنلەرنى ئارزۇ قىلىشمىغاندۇق.
شۇ چاغدىكى مۇرات ئىككىمىزنىڭ ئۈمىد - ئىستەكلىرىمىزنى يەردە
قويماپسەن، رەھمەت ساڭا!
دوستۇم، بىز ھەقىقەتەن چىن دوستلاردىن ئىدۇق، بىز شۇن-
داق ياشىغاندۇق. . . ھاياتىمىزدىن ئاز كەم يېرىم ئەسىر ئۆتكەن
بۈگۈنكى كۈندە سەن كەينىڭگە بۇرۇلۇپ، يەنى ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈش-
كە قاراپ، بىزنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىمىزدىن كۆپ قى-
سىملىق رومان يازسا ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپسەن. ئەقلىڭ-
گە ئاپىرىن! مەن سېنى ئىلگىرىمۇ چۈشەنگەن، قايىل بولغانىدىم،
بۇ قېتىم مەن سېنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە مۇيەسسەر
بولدۇم. مەن سېنىڭدەك بىر دوستۇم بارلىقىدىن پەخىرلىنىمەن.
سەن مېنى يەنە ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈشكە — نەۋقىران ياشلىق دەۋرگە
باشلاپ كەتتىڭ؛ سەن مېنى ئاشۇ ھىجران قايغۇسى بىلەن ۋىسال
شادلىقى، دوستلۇق مېھرى بىلەن دۈشمەنلىك ھەسەتلىرى، قايناق
مېھنەتلەر بىلەن جاپا - مۇشەققەتلەر ئالمىشىپ تۇرغان، رەڭدار،
بەختىيار كۈنلەر بىلەن قاپقارا ئازابلىق تۈنلەرگە باشلاپ كەتتىڭ؛
قەلبىمدە يېڭى ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغاتتىڭ. خەلقىمىزدە:

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ، كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ؟!

دېگەن قوشاق بار. خۇددى شۇنىڭدەك، كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلارنى
قەلبىمدە قايتىدىن ياندۇردۇڭ. مېنى قايتىدىن ئىجاد - مېھنەت
قاينىمىغا باشلاپ كىردىڭ. دوستۇم، ساڭا ھەۋەسىم كېلىدۇ. ھا-
زىر دېرىزەمنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ قاشتېشى گۈلى پورەكلەپ ئېچىل-



دى. ئەنە شۇ گۈلنىڭ ئەڭ چىرايلىق ئېچىلغىنىدىن بىرىنى ئۈزۈپ
ساڭا تۇتقۇم، سېنى ئاشۇ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتىڭ بىلەن تەبرىكلە-
گۈم كېلىۋاتىدۇ.
دوستۇم، سەن كىشىلەر ئاسان ئېرىشەلمەيدىغان بىر بەختكە
ئېرىشتىڭ، يەنى سەن ياشلىق دەۋرگە، ئاشۇ رەڭدار ئۆتمۈشكە،
يېقىملىق، مېھرىبان دوستلار ئارىسىغا قايتىپ كەتتىڭ؛ سەن مۇ-
رات، كامىل، نايۇبى، شادىمان، ئالىمجان، ئامانىللا، گۈلزىبا،
نەفىسە، زۇمرەتلەرنىڭ قېشىغا كەتتىڭ؛ مېھرىبان، كۆيۈم-
چان ئاتا - ئانىلار، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، جاپاكەش خوتەن
دېھقانلىرى ئارىسىغا چۆكتۈڭ. شۇ تاپتا سەن ئاشۇ سۆيۈملۈك،
مەرد، تالانتلىق، ئاق كۆڭۈل، گۇناھسىز جەسۇر قەھرىمانلىرىڭ
بىلەن بىللە شاۋقۇنلۇق يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى بۈك - باراق-
سان باغلاردا سەيلە قىلىۋاتقانسەن؛ قومقايغاننىڭ پىژغىرىم
ئىسسىقىدا، زۇمچەك - زۇمچەك قوم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان
بوغدايزارلىقلاردا مۇرات، كامىل، نەفىسە، گۈلزىبالار بىلەن ئورما
ناخشىسىنى ئېيتىپ ئورما ئورۇۋاتقانسەن؛ ئاي نۇرىغا چۆمگەن
ئانارلىق باغدا كامىل بىلەن نەفىسەنىڭ تۇنجى مۇھەببەت ھېسسىيا-
تىغا تولغان يۈرەكلىرىنىڭ قانداق تېپىۋاتقانلىقىنى تىڭشاۋاتقانسەن؛
مۇقامچى مىرزاپ شاھىنىڭ بالىخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ساتارىنىڭ
تارلىرىدىن ياڭرىغان ئاشىقانە ناۋا - كۈيلىرىنى ئاڭلاۋاتقانسەن!
دوستۇم، قارا! تەبىئەتكە باھار كەلدى. چوكانتال ۋاقتى بول-
دى. ئۆستەڭ بويلىرىدا كاككۇك گۈللىرى ئېچىلدى. ئالما، ئۆ-
رۈكلەر چېچەكلىدى. بىز قانچە - قانچە باھارنى باشتىن ئۆتكۈز-
دۇق. بۇ يىلمۇ باھار كەلدى، ئەمما بۇ باھارنىڭ پەيزى باشقىچە.
مەرھۇم دوستىمىز نايۇبى — تەڭرى ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە
قىلسۇن — «باھار» ناملىق بىر شېئىرىدا:

قانچە - قانچە باھار ئۆتتى، ھەر باھارنىڭ پەيزى باشقىچە،
قانچە چېچەك قويۇلۇپ پۈتتى، قويۇلغاندەك كۆزلەردىن تامچە.

دېگەنىدى. دوستۇم، سەن ئاشۇ چېچەكلەر قويۇلۇپ پۈتمەستىن
بۇرۇن گۈلزىبا، نەفىسە ۋە زۇمرەتنىڭ يېشىل كۆڭلەكلىرىنىڭ

ئېتەكلىرىگە ئۆرۈك چېچەكلىرىنى يېيىپتۇر، بۇ ئۇلارنىڭ ۋاپاغا تولغان قەلبىنىڭ بىغۇبارلىقىنى ئىپادە قىلسۇن؛ سەن ھال رەڭ ئالما چېچەكلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چاچقىن، مەڭزىگە يېپىشقان ئالما چېچەكلىرى ئۇلارنىڭ خىجالەت بولغان چاغدىكى ھايالىق مەڭزىنىڭ قىزىللىقىنى ئەكس ئەتتۈرسۇن؛ مەجنۇنتالنىڭ ياپيېشىل نوتىلىرىدىن تاج ياساپ باشلىرىغا كىيدۈر. بۇ ئۇلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن مۇھەببەتلىك رەڭدار ياشلىق دەۋرىنى ئەسلەتسۇن؛ قۇلاقلىرىغا يېڭى ئېچىلغان «سېرىق سەمبەر» گۈلىنى قىستۇرغىن، بۇ ئۇلارنىڭ ھىجران ئازابى بىلەن جۇدالىق ھەسرىتىدە سارغايغان گۈزەل چېھرىنى كۆرسەتسۇن!

دوستۇم ھېكمەت، شۇ تاپتا يېنىڭدا بولسام ئىدىم، مۇڭلىرىڭغا مۇڭداش، سىرلىرىڭغا سىرداش بولۇپ قايناق ھېسسىيات دولقۇنلىرىڭدا بىللە ئاققان بولار ئىدىم، چۈنكى سېنىڭ بۇ رومانىنى يېزىش جەريانىدىكى نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىڭنى بىردىنبىر چۈشەنگۈچى دوستۇڭ يەنىلا مەن ئەمەسمۇ؟!

ياز دوستۇم، ياز! قەلىمىڭدىن سەھىپىلەر ئۈستىدە گۈللەرنى ئېچىلدۇر، ئۇنىڭدىن گۈلدەستىلەر ياساپ ئەۋلادلارغا تۇت!

دوستۇم، قەلىمىڭنىڭ قايسى بابلار ئۈستىدە چېپىۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كېلىدۇ. ئىتتىكرەك ساقىيىپ قايتسام، رومانىڭنىڭ بىرىنچى تومىنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولسام دەيمەن. دوستۇم ھېكمەت، رومانغا بېرىلىپ كېتىپ سالامەتلىكىڭنى ئالدۇرۇپ قويما. ساغلاملىق ھەممىدىن ئەۋزەل، ئىجادىيەت دېڭىزىدا ئۈزۈش ئۈچۈن تەن سالامەتلىك كېرەك، ئەلۋەتتە.

ساڭا ۋە ئوماق قىزىڭغا بەخت - ئامەت، ئۇزاق ئۆمۈر تىلەيمەن، خېتىڭنىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتۈپ:

دوستۇڭ كامىل راخماندىن 8 - ئاپرېل بېيجىڭ

## سالام دوستۇم!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ۋە قىممەتلىك دوستۇم كامىل، قانداق ئەھۋالىڭ؟ مۇبارەك قوللىرىڭ بىلەن يېزىلغان خې-



تىڭنى كۆرگىنىمدىن كېيىن خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر قىلدىم ۋە خۇشاللىقتىن ياش تۆكتۈم.

سېنىڭ تۇيۇقسىز يىقىلغانلىقىڭنى ئاڭلىغان چاغدىكى روھىي ھالىتىمنى تىل بىلەن ئىزھار قىلالمايمەن. شۇنچىلىك ئەنسىرەش، تەقەززالىق، پەرىشانلىق، سېغىنىش ئىسكەنجىسىدە قىسىلدىمكى، گويا ئاتا - بوۋامدىن قالغان تەۋەررۈك گۆھىرىم يوقالغاندەك، يۈرىكىم بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ئازابلاندىم، «ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ ياراتقان ئىگەمگە ئىلتىجا قىلدىم. شۇ كۈنلەردە يۈرىكىم ماڭا بويسۇنمىدى، ھەتتا قەلىمىممۇ مەندىن يۈز ئۆرۈدى، ئىشلىرىم ئاقمىدى. بۇ پەرىشانلىقىم قىزىمغىمۇ بەك تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ ھەر كۈنى سېنىڭ خەۋىرىڭنى سورايدۇ، «شۇ مۇساپىرچىلىق باسقان يىراق يۇرتتا كىممۇ قاراۋاتقاندۇ، كىممۇ ھالىڭ نېچۈك دەپ سوراۋاتقاندۇ، كىممۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقاندۇ؟» دېگەندەك ئويلار بىلەن ئوتتا پۇچۇلانغاندەك بولۇپ كەتتى. مەن ئۇياق - بۇياقلارغا يۈگۈرۈپ تولۇق ئادرېسقا ئىگە بولالمىدىم. مانا بۈگۈن ئەتىگەن — دۈشەنبە، 15 - ئاپرېل — خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپلا جاۋاب يېزىۋاتىمەن.

كامىل، مەن نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئازابلاندىم، قايغۇردۇم؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئاددىيلا: شۇ جەننەت تىمسالى گۈزەل، مېھرى ئىسسىق يۇرت خوتەندە نەۋقىران ياشلىقىمىز بىللە ئۆتكەنىدى. شاد - خۇراملىقتا، قايغۇ - ھەسرەتتە، مۇھەببەت ۋە نەپرەتتە، مېھنەت ۋە رىيازەتتە بىر جان - بىر تەندەك ياشىغانىدۇق، يورۇڭقاشنىڭ ئابىھاياتتەك سۈيىدىن ئىچىپ ئەقىل تاپقانىدۇق. ساددا، سەمىمىي، دىلكەش خەلق بىزگە ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى كۆرسەتتى، بىز ئۇلاردىن ئىنسانىي پەزىلەتنى ئۆگەنىدۇق. ئاشۇ مۇدھىش يىللاردا ساپ - سەمىمىي دوستلۇقنى قەدىرلەپ، ۋىجدان - دىيانەتنى ئۇلۇغلاپ بىر - بىرىمىزگە يۆرەك بولدۇق. يۆلەك بولدۇق! تېررورلۇق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن چاغلاردىمۇ ئىشارەت ۋە كۆز گۆھەرلىرىمىز ئارقىلىق بىر - بىرىمىزگە مەدەت بەردۇق. دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان بۇنداق ئۇلۇغۋار دوستلۇققا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاجايىپ ئۇ-

زۇن بىر تارىخىي جەريان كېرەك ۋە تارىختا ئىز قالدۇرغۇدەك
ۋەقەلەرگە باي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەم-
دى ئۇ دەۋرلەر ئۆتۈپ كەتتى!

دوستۇم كامىل، ئاشۇ بوران - چاپقۇنلۇق يىللاردىكى جۇشقۇن
ياشلىق هاياتىمىز ئەۋلادلارغا ئۈرنەك بولغۇدەك دەرىجىدە مەنىلىك
ئۆتكەنىدى. مانا شۇ يىللارنىڭ، شۇ هاياتنىڭ شاهىدى ۋە گۇۋاهچە-
سى كىم؟ سەن ۋە مەن! . . .

ھەقىقىي دوستلار ئۆز دوستلىرىنى ماختاش ئارقىلىق پەخىر-
لىنىدۇ، دېيىشىدىكەن. بەلكىم ئاڭلىغان بولغىيدىڭ، مەن ھەربىر
ئولتۇرۇشتا، سورۇنلاردا سېنىڭ ئەقىل - ئىدراكىڭنى، ئىنسانىي
پەزىلىتىڭنى، قورقماس جاسارىتىڭنى تەرىپلەپ كەلدىم، تەرىپلە-
ۋاتقىنىمدا ئۇلار ھاڭ - تاڭ قېلىشتى ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە ياقىلى-
رىنى تۇتۇشتى. بۇ نېمىلىكتىن؟ ساڭا بولغان دوستانە ئەقىدەم-
دىن، سېنىڭ بىلەن ئىپتىخارلانغىنىمدىن، ئەلۋەتتە.

كامىل، بۇنداق يازغىلى تۇرسام سۆزۈم بەك ئۇزىراپ كەتكۇ-
دەك، چۈنكى مەن ھېسسىياتنى ئەمەس، ھېسسىيات مېنى باشقۇرۇ-
ۋاتىدۇ. ئەمدى ئەمەلىي سۆزۈمگە كېلەي: مەن سېنىڭ خېتىڭنى
ئەسىرىمدىكى دوستلارغا — نەفىسە، گۈلزىبا، زۇمرەت، مۇرات-
لارغا كۆرسەتتىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولمۇقول ئېلىپ ئو-
قۇشتى. . . خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىڭدىن خۇشال بولۇشۇپ
ياش تۆكۈشتۇق. . . ئەمما، نەفىسە يۈزىنى تۇتقىنىچە ئۆيدىن چى-
قىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئىزدەپ بوۋايقەمبەردىكى چىلانلىقتىن تاپ-
تىم. ئۇ خېتىڭنى باغرىغا باسقىنىچە كاككۇك قونغان چىنارغا
يۆلىنىپ، ئۈن - تىنسىز ياش تۆكۈۋېتىپتۇ. . . ئۇنىڭغا تەسەللى
بەردىم، بىراق ئۇ «ئۆمىلەپ بولسىمۇ بارىدىغان» لىقىنى
ئېيتتى! . . .

— ئويلاپ بېقىڭلا ھېكمەت، — دېدى ئۇ ئىسەدەپ
يىغلاپ، — ھېلىمۇ بىز بىر - بىرىمىزنىڭ قوللىرىنىڭ ئۇچىنى
تۇتمىغان سەمىمىي يۈرەكلەر، ئەمما ۋاپادارنىڭ بېشى ياستۇققا
يەتكىنىدە يېنىدا بولمىغان، مۇبارەك بېشىنى قۇچىقىغا ئالمىغان،
شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا ھالىغا يەتمىگەن مەزلۇمەنىڭ پەزىلىتىنى



نېمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟ . . .

— ئاھ خۇدا، — دېدىم مەن كۆككە قاراپ، — ياراتقان
مەزلۇمەلىرىڭنى نەفىسەگە ئاتا قىلغان مېھىر - ۋاپا، سۆيگۈ -
مۇھەببەت، ئەقلى - پەزىلەتلەرنىڭ مىڭدىن بىرىگە بولسىمۇ نائىل
قىلغايسەن! . . .

خوش، شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنى توسۇپ قالالمىدىم. . . ئۇ
مېنىڭ گېپىمنى زادىلا ئاڭلىمىدى. ئۇ كەتتى. . . ساپ مېھىر -
ۋاپا، ھەقىقىي چىن مۇھەببەتنىڭ نۇرى دېڭىز قەرىدىكى ئۈنچە -
مارجانلارغا جۇلا ئاتا قىلىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ ۋە كۆكتىكى
يۇلتۇزلارنى يىغلىتىپ زېمىنغا يامغۇردەك تۆكتۈرىدۇ، دېگەن گەپ
راست ئوخشايدۇ. . .

دوستۇم كامىل، تۇرسۇنجان «قۇيۇن» دىن رومان ۋەقەلىرىنى
ئاڭلاپ ئۇنىڭغا تەقەززا بولغانلىقىڭنى بىلدىم. خېتىڭدە «قەلىمىڭ-
نىڭ قايسى بابلار ئۈستىدە چېپىۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كېلىدۇ» دەپ
يېزىپسەن. ماقۇل، تەلىپىڭنى ئانچە - مۇنچە قاندۇراي:

كامىل بارما دېسە ئۇنىماي، نەفىسەنىڭ باشلىشى بىلەن توق-
سان ياشلىق قۇتلۇق ھاجىم بىلەن كۆرۈشتى — ئەجەب ئۇنىڭ
بۇنداق قېلىنلىقىنى شۇ چاغقىچە بىلمەي يۈرۈپتىمەن — . شۇن-
داقتىمۇ ھاجىم كامىلنى: «ئەسلىي زاتى ئۇلۇغ، مۇرۇۋۋەتلىك ئائى-
لىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلا» دېدى. كېيىن نەفىسە، گۈلزىبا، زۇم-
رەتلەر خانزاتخان مومايىنى يوقلىدى. نەفىسە مومايىنىڭ ئالدىدا
تىزلىنىپ، بۇ پەرىشتىدەك ئانىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆزىگە، پېشانى-
سىگە سۈرتتى ۋە ياش تۆكتى. . . موماي ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆ-
يۈپ، ئۇنىڭ قۇتلۇق ھاجىمنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىدىن سۆ-
يۈندى. . .

كامىل بىلەن نەفىسە كىنودىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
نەفىسە سەئىدە ئاچامنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى. . . قۇرۇم كۆلىدى-
كى ئۈچ جۈپ دوستنىڭ ساياھىتى ئاجايىپ كۆڭۈللۈك
ئۆتتى. . .

مەشھۇر سەيلىگاھ ئىگەچى باغچىسىدىكى تاماشىنى دېمەيسەن!
بۇ يەردىكى مۇشائىرە، لەپەر، چاقچاق، يۇمۇر، مۇقام، ئىلى

ناخشىلىرى، تاتار جىرلىرى. . . پاھ، پاھ، شۇنچىلىك قىزىدىكى،
ئەيۇھەنناس! . . . ئۇنى تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. تېخى
جۈپ - جۈپ ئىلەڭگۈچ ئۇچقان چاغدىكى قىزلارنىڭ چىرقىراشلى-
رى، يىگىتلەرنىڭ قىقاس - چۇقانلىرىنى دېمەيسەن. . . ئۇلار تاڭ
ئاتقۇچە بوستان قۇشلىرىنى ئۇخلاتمىدى. ھەتتىگىنەي، سەن كەچتە
غەربكە پېتىپ كېتىۋاتقان ئوت شارىدەك قىپقىزىل قۇياشنىڭ يو-
رۇڭقاش دەريا بويلىرىنى، ئۇ قاسناقتىكى ئىگىز ئىرىق، قۇتچى،
جىيا، گىجى كەنتلىرىنى قانداق سېھرىلىك تۈسكە كىرگۈزگەنلى-
كىنى بۇ قېتىم كۆرەلمەي قالدىڭ - دە! تېخى يورۇڭقاش دەرياسى-
نىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن كۆتۈرۈلگەن قىپقىزىل سەھەر قۇياشى-
نى، سانسىزلىغان مەرۋايىت - ياقۇتلارنى چېچىۋەتكەندەك ۋىللىلاپ
ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى، قۇتچى، جىيا، گىجى كەنتلىرى ئۈستىدە
لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن سۈس ئاق تۇمانلارنى دېمەيسەن! . . . قىز-
لار مانا مۇشۇ قاق سەھەردىلا يەنە ئىلەڭگۈچلەرگە چىقى-
ۋالدى. . .
ھە راست، بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن. ئالىم-
جان زىھرۇللا بۇ سەيلىگە «ساقىي» بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماي
يېزىپ قوي دېگەنىدى. يەنە ئامانىللا قۇربانمۇ ماتېماتىكىلىق چاقچى-
قىمنى خېتىڭنىڭ بىر يېرىگە پۈتۈپ قوي دەپ جېكىلىگەن. . .
ئامانىللا بۇ سەيلىدە ناھايىتى «ئوساللىق» قىلدى. ئۇ «تونۇشتۇرى-
مەن» دەپ ھەممە قىزلارنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ بەشپۇچۇق قىلى-
ۋەتتى. ئۆزىگە كەلگەندە «مەن روشەن بىلەن «$x+y$» بولىمەن
دەپ تۇرىۋالدى. ئالىمجاننىڭ لۇتپىيە، شادىمانىنىڭ گۈلباھار،
ئابلىز نەۋانىڭ بائۇمە، نائىبنىڭ سائادەتلىرىمۇ شۇنداق ياخشى
ئوينىدى. نىزامىدىن يالغۇز چىقىپتىكەن، ئۇ نەمەت مىرزىنىڭ
«سوزماق» ، «گومىنداڭنىڭ ئالتە شوئارى» دېگەن يۇمۇرلىرىنى
سۆزلەپ ھەممىنى كۈلدۈردى. . .
دوستۇم كامىل، ھازىر مۇرات، ھېكمەت، گۈلزىبالار مەكتەپ-
تە قاتتىق ئىشلەۋاتىدۇ. تۇراپ تۆلەدىن كەلگەن كىتابلار، ھېكمەت-
كە زەيتۇنەدىن كەلگەن خەتلەر، ئالىمجان، كامىل، ھېكمەتلەر
بىللە تۈزگەن «ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى» دېگەنلەر ئۇلارغا



بالايىئاپەت ئىلىپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئاڭلىساق، پارتىيە مەك-
تىپىدىن «ئۈچ دوستقا ھېزى بولۇڭلار» دېگەن مەنىدە ئۇلارغا
«چېكىت» قويۇپ، گۈڭشې داڭۈيىغا چىقارتقانمىش. بۇنى بىلگەن
خالىق قىن - قىنىغا پاتماي يۈرگۈدەك. . . مائارىپ ئىدارىسىدىن
نەفىسەنى باش مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىرلىققا تەكلىپ قىلغانىكەن،
ئۇ زادى ئۇنىمىدى. مېنىڭ گۇمانىمچە، نەفىسە ئىلاجى بار خالىق
ھەم تۇردى ھېكىمدەك دالتەكلەردىن يىراق تۇرۇشنى ئويلىغان
ئوخشايدۇ.
دوستۇم كامىل، ئىشلار بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، چې-
گىشلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئۈچ جۈپ ياشنىڭ بېشىدا يەنە نېمە
قازانلار قاينايدۇ، بىلگىلى بولمايدۇ. . . ئىشقىلىپ، خۇدا ئۇلارغا
خەيرلىك ئاتا قىلسۇن. . . مەن ھەممىنى تەپسىلىي يازالمىدىم،
پەقەت تاغدىن - باغدىن دېگەندەكلا. . .
مەن بىلەن تەڭ قىران دەۋرلەرگە قايتقان دوستۇم كامىل،
نەفىسەنى يولغا سېلىۋەتتىم. . . ئەمدى ئۇ سېنىڭ قېشىڭدا بولى-
دۇ، ئەزىز بېشىڭنى سىلايدۇ، ئورمىلىقلار ۋە ئانارلىق باغلارنى
ئەسلەيسىلەر. . . بىر خەيرلىك ئىش — ئۆتمۈشكە قايتى-
سىلەر. . . ئانا دەريا، ئەزىم دەريا يورۇڭقاش ساھىللىرىدا مۇڭدى-
شىپ ياش تۆككەن كۆنلىرىڭلارنى ياد ئېتىسىلەر! ئەمدى ساڭا
ئونپۇلۇ ۋادىسىنى سۆيۈپ ئاققان كوراپ دەرياسىنىڭ مەخمەل بويلى-
رىدا ئېچىلغان بابۇنە گۈلىدەك نازۇك، شەرم - ھايالىق، چوڭقۇر
ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ساھىبى سۆيۈملۈك قىز نەفىسە ھەمراھ
بولغاي! . . .
خۇدا ساڭا شىپالىق ئاتا قىلغاي:
دوستۇڭ ھېكمەت ئەلى 16 - ئاپرېل

## سېغىنغان يۈرەكتىن سالام!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەدىرلىك، مېھرىبان دوستۇم ھېكمەت
ئەلى، سالامەتلىكىڭنى، پەرزەنتىڭ ئۈچقۇنئاينىڭ تىنچ - ئامانلىقى-
نى بىلىپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە شۈكۈرلەر ئېيتتىم، قادىر ئاللا ھەممە-

مىزنى سالامەت قىلسۇن، ئىنشائاللا.
ھۆرمەتلىك دوستۇم ھېكمەت، زارىقىپ كۈتۈۋاتقىنىمدا خې-
تىڭ كەلدى، خېتىڭ ئەمەس، بەلكى دوستلۇق مېھرىڭ كەلدى.
خېتىڭنى تەكرار - تەكرار ئوقۇدۇم، خېتىڭدىن بىغۇبار قەلبىڭنى،
دوستلارغا بولغان سەمىمىي ئەقىدەڭنى، ئىنسانىي پەزىلىتىڭنى
كۆردۈم. مەكتۇبىڭنىڭ مۇبارەك سەھىپىلىرىگە كۆز تىكتىم: قەلب
دېڭىزىڭنىڭ تۈۋىدە ياتقان سۆز گۆھەرلىرىڭ بىلەن سەھىپىلەرنى
بېزەپسەن. مەكتۇبىڭنى ئوقۇۋاتقىنىمدا كۆز چەشمىلىرىمدىن ياشلار
تۆكۈلدى، ئۇزاقىچە ئۈن - تىنسىز ياش تۆكتۈم. دوستلۇق ئالد-
ىدىكى ساداقىتىڭگە تەشەككۈر. كەچۈر مېنى، يۈرەك سۆزلىرىم
روشەن بولسۇن ئۈچۈن خېتىمنى بىرقانچە سەھىپىلەرگە بۆلۈپ
ئىزھار قىلماقچىمەن.

## دوستلۇق

خېتىڭدە بەختىيار، قۇۋناق ياشلىق دەۋرىمىز توغرىسىدا،
دوستلار ھەققىدە سۆزلەپسەن. دوستۇم ھېكمەت، بىزنىڭ دوستل-
ىرىمىز چىن مەنىسى بىلەن ئاجايىپ كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردا تالانت،
ئىرادە، ئۈمىد، مۇھەببەت، نەپرەت، پەزىلەت، غەيرەت ۋە شىجا-
ئەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پاك ئېتىقادى، دوستلارغا ئەقىد-
ىسى، ئىجادىي مېھنىتى، قىزغىن سۆھبىتى، ئىلمىي ئىزدىنىشل-
ىرى ھېلىمۇ بىزنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىمىزدا يۇلتۇزدەك چاقناپ،
يادلىنىپ تۇرمامدۇ؟! بىز ئەنە شۇنداق ئەقىدىلىك، ۋىجدانلىق،
مېھىر - شەپقەتلىك، پەزىلەتلىك دوستلاردىن ئىدۇق، توسۇن ئات-
تەك شوخ ئىدۇق. ئۆركەشلىگەن دەريا ئىدۇق، بىرىمىز رەسسام
ئىدۇق، بىرىمىز سازەندە، بىرىمىز ماتېماتىك، بىرىمىز خىمىك،
بىرىمىز يازغۇچى، بىرىمىز تارىخچى ئىدۇق. ھايات سەلكىنلىرى
بىزنى بۇياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەلدى. دوستۇم ھېكمەت، بىز ئۇلاردىن
يىراقتا، بەكمۇ يىراقتا قالدۇق. ئەمما، ئۇلار سېنىڭ ۋە مېنىڭ
قەلب ئەينىكىمىزدە تاڭدىكى چولپاندەك يالتىراپ تۇرۇۋاتامدۇ؟!
ئۇلارنىڭ مۇلايىم، ئوچۇق چېھرىسى، بىغۇبار سىماسى كۆز ئالد-
ىمىزدىن كەتمەيدۇ. بولۇپمۇ سېنىڭ ئۆتكۈر زېھنىڭ، روشەن خاتى-



رەڭدە ئۇلارنىڭ ئوبرازى نۇر چېچىپ، جۇلالىنىپ تۇرغاچقا،
ئاخىر ئۈنچە - ياقۇتلارنى يىپقا تىزغاندەك، ئۇلارنىڭ ھايات خاتى-
رىلىرىنى نەشر رىشتىسىگە تىزىۋاتىسەن. سەن دوستلۇق ھەققىدە
داستان يېزىۋاتىسەن، چىن دوستلۇق ھەققىدە ئۆمۈر قىسسىسى
يېزىۋاتىسەن، چۈنكى سەن دوستلۇقنى چۈشەنگەن، دوستلارغا ئەقى-
دە باغلىغان، دوستلۇق ئۈچۈن يارالغان ھەقىقىي ئىنسانسەن! سەن
ئۆزۈڭنىڭ ئىجادىي خىزمىتىڭ بىلەن دوستلارنىڭ خاتىرىسىنى ئەبە-
دىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا ھەيكەل تىكلەپ، دوستلۇقنىڭ ئۆلگىسىنى
كۆرسىتىپ قويماقچىسەن. سېنىڭ بۇ ئۇلۇغ خىزمىتىڭ ئىجادىيەت
ئاسمىنىدىكى بىر نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ھايات يولىمىز-
غا ئۆزىنىڭ نۇرىنى چاچىدۇ.
ئۆتكەندىكى خېتىمدە سېنىڭدەك بىر دوستۇم بارلىقىدىن پەخىر-
لىنىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم، ھېلىمۇ شۇ سۆزۈمنى تەكرارلاي-
مەن. دوستۇم ھېكمەت، بىز رەھىمسىز تارىخنىڭ ئەڭ قىيىن
سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي دوستلارمىز، بىزنىڭ دوستلۇقى-
مىزنى بۇ قېتىمقى ئىجادىي مېھنىتىڭ يەنە بىر پەللە يۈكسەكلىككە
كۆتۈردى. شۇڭا، سېنى باھار چېچەكلىرى بىلەن تەبرىكلەيمەن،
تاڭ شامىللىرىدىن ساڭا سەمىمىي سالام يوللايمەن.

## خىسلەتلىك باھار

قەدىرلىك دوستۇم ھېكمەت، قارا، قەلبىمىزنىڭ پاكلىقىنى
نامايان قىلغاندەك چاچلىرىمىزغا ئاق كىرىپتۇ. دېمەك، ئۆمۈر
مەنزىلىمىز ئىككى قەرنە مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. قايرىلىپ
كەچمىش تارىخىمىزغا نەزەر سالسام، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياش-
لىق راباتلىرىدا توختاپ، نەۋقىرانلىق مەنزىلىگە يېتىپ كەپتۇق.
ئېھ قىرىق سەككىز يىل! ھايات گۈلىستانىمىزنىڭ قىرىق سەككىز
يىلى، يەنى قىرىق سەككىز باھارى ئۆتتى. «يازنىڭ قىشى بار»
دېگەندەك، باھارغا ئەگىشىپ قىرىق سەككىز قىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى.
ھېكمەت، بىز يېرىم ئەسىردەك ھايات مۇساپىمىزنى بېسىپ
ئۆتتۇق. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇڭلۇق بېشىمىزدىن نىملەر

كەچمىدى دەيسەن. ھىندىستاندا بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرغان شۆھرەت-لىك شاھ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر بىر غەزەلىنىڭ مەتلىئىدە:

چەرخنىڭ مەن كۆرمىگەن جەبرۇ جەفاسى قالدىمۇ،
خەستە كۆڭلۈم چەكمىگەن دەردۇ بالاسى قالدىمۇ؟!

دېگەنىدى. پەلەك چاقى تەتۈر چۆرگىلىگەن ھېلىقى ئاپەتلىك يىللار-دا، بىز تارتمىغان جەبىر - جاپا، بىز چەكمىگەن دەردۇ بالا قالدى-مۇ؟ ئىسسىناي دەپ كۈنگە قول سۇنساق كۈن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى؛ ئايغا باقساق ئاينى بۇلۇت باستى؛ ئۇسساپ دەرياغا بارساق دەريا مۇزلىدى. بۇ مىسكىن دىلىمىزدا پەقەت ئارمان بىلەن ئەپغان قالغان ئەمەسمۇ!

قەدىرلىك دوستۇم ھېكمەت، بەلكى ئېسىڭدىدۇر، خانئانام رەھمەتلىك بەزىدە «ئەجرەن - ئەزىما» دەيتتى. ئېھتىمال، بۇگۇن-كى كۈنلىرىمىز ئاشۇ ئىلگىرى تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىمىزنىڭ ئەجرىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. قىلغان خىزمىتىمىز ئەلنىڭ نەزىرىدىن ئۆتتى بولغاي، ئەل بىزگە يۇقىرى باھا بەردى. شۇڭا بىزگە بېرىلگەن ھەربىر باھا ئۆزىگە خاس مەزمۇنى، رەڭدار ھۆسن - جامالى، قۇتلۇق قەدىمى بىلەن جىلۋىلىنىپ كەلدى. خۇسۇسەن ھايات گۈلىستانىمىزنىڭ قىرىق سەككىزىنچى باھارى ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك قەدىمى بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئاپرېلنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى پايتەخت بېيجىڭدىكى ساۋاق-داش، يۇرتداش، خىزمەتداش ھەم كەسىپداش دوستلاردىن بولۇپ يىگىرمە بەشەيلەن ھايات بوستانىمىزنىڭ قىرىق سەككىزىنچى باھارىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. بۇ تەبرىكلەش پائالىيىتى قانداقتۇر ھەيۋەت-لىك زالدا ئەمەس، بەلكى بېيجىڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ كىچىككىنە، لېكىن چىرايلىق بېزەلگەن خاس بۆلۈمىدە ئۆتتى. بەقەسەم تونلار يېپىلمىدى، بادام دوپپىلار كىيگۈزۈلمىدى، لېكىن كۆزلىرىدىن ئىللىق نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان غەرەزسىز، ئاق كۆڭۈل دوستلىرىم باھارنىڭ يېڭى ئېچىلغان گۈل - چېچەكلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈل سېۋىتىنى تەقدىم قىلدى. مېنى مەركەز قىلىپ



چېچەكلىك باغدا رەسىملەرگە چۈشتى ۋە: «بۇ سېنىڭ قىرىق سەك-كىزىنچى باھارىڭنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن» دېدى. تەنتەنىلىك يىغىن باشلاش نۇتقى سۆزلەنمىدى، ئەمما تەبىئىي، قىسقا، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە دوستلۇق ھېسسىياتىغا تولغان سۆزلەر بىلەن مېنى تەبرىكلەشتى. تەنتەنىلىك سۆزگە چىقىشلار بولمىدى، ئەمما ئۇلار شەنىمگە قەدەھلەر كۆتۈرۈپ، ماڭا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ گۈزەل ئىزگۈ تىلەكلەر تىلىدى. شېئىر ئوقۇش، قولىقىمغا پىچىرلاشلار ئارقى-لىق ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشتى. تېئۇرتىك سۆھبەتلەر، دوستانە چاقچاقلىرىدىن ئىبارەت دوستلۇق سەلكىنى بىلەن قەلب بېغىمنىڭ غۇنچىلىرىنى ئېچىلدۇ-رۇپ، ماڭا ئالەمچە مەدەت ۋە ئىلھام بەخش ئەتتى. ئۇلار ئالبوم ۋە ھايات خاتىرىلىرىنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭغا «گۈزەل ھايات، شانلىق مۇساپە»، «مول مەزمۇنغا تولغان قىرىق سەككىز يىل»، «ئۇستاز ئەجرى ئۆلمەيدۇ، مەرىپەت مەشئىلى ئۆچمەي-دۇ» . . . دېگەن بېغىشلىمىلىرىنى يېزىپ، ئىمزالىرىنى چەكتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار قىرىق سەككىز يىللىق ھايات مۇساپەمنى يەكۈن-لەپ كۆرسەتتى. بۇ ماڭا قىرىق سەككىز تون يېپىپ، يۈز دوپپا كىيدۈرگەندىن ئەلا بولۇپ تۇيۇلدى.

دوستۇم ھېكمەت، كىشى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى كۆر-گەندە، قەلبى ھاياجانغا تولماي قالامدۇ؟! يۈرىكىم خۇشال تەپتى، ۋۇجۇدۇم زىلزىلىگە كەلدى، نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن دوستلارنىڭ قەلب ئەينىكىدە ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي ئوبرازىمنى كۆر-دۈم، قەدىر - قىممىتىمنى تاپقانلىقىمدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىل-دىم. بۇ باھار ئۆزىنىڭ قۇتلۇق قەدىمى بىلەن يېتىپ كەلدى، ئۇ ھايات خاتىرەمدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان خاسىيەتلىك باھار بولۇپ قالدى!

## ۋىسال

ئەزىز دوستۇم ھېكمەت، نەفسەنى توسۇپ قالالماپسەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئاپرېلنىڭ يىگىرمە سەككىزى بۇ يەرگە

يېتىپ كەلدى. . . شۇ كۈنى تاڭغا يېقىن بىر چۈش كۆرگەنىدىم.
چۈشۈمدە: «سۈپسۈزۈك نىلۇپەر كۆلىنىڭ بويىدا تۇرغۇدەكمەن.
قولۇمدا يېنىپ تۇرغان شام، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا كۆز تىكىپ
نېمىگىدۇر ئىنتىزار بولۇۋاتقۇدەكمەن. دەل شۇ چاغدا نەفىسە ئانار-
لىق باغقا كىيىپ چىققان كۆڭلىكى بىلەن، ئانار گۈلىدىن گۈلدەستە
تۇتقان ھالدا سامانيولى بويلاپ پەرىزاتلاردەك لەرزان ئۇچۇپ كېلە-
ۋاتقۇدەك. دوستۇم ھېكمەت، ئۇزاقتىن بۇيان يارىنىڭ جامالىغا
ئىنتىزار بولغان ئاشىقنىڭ ۋىسالغا يەتكىنىدە يۈرىكىنىڭ قانداق
سوقىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قانداق ئىزتىراپقا چۈشىدىغانلىقىنى،
ۋۇجۇدىنىڭ قانداق لەرزىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتمىسساممۇ ساڭا
ئايان. ئۇ ئىتتىك، ئەمما كېيىكتەك سىلىق يۈرۈشى بىلەن يېتىپ
كەلدى. ئۇ ھايا ۋە نازاكەت بىلەن ئاستا ئېگىلىپ سالام بەردى.
بىز ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئەڭ نازۇك ھېسسىياتلىرىمىزنى باسقان
ھالدا سالاملاشتۇق. ئۇ مەندىن سېغىنىش، ھاياجان ئىلكىدە يىغا
ئارىلاش ھال سورىدى ۋە قولىدىكى گۈلدەستىنى ئېھتىرام بىلەن
ماڭا سۇندى: «بۇ يۇرتىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق گۈلى، ئۇنى ھىدلاڭ،
بۇ گۈلنىڭ ھىدى كېسىلىڭىزگە داۋا، — دېدى. ئاندىن شامنى
كۆرسىتىپ، — قولىڭىزدىكى نېمە؟» دەپ سورىدى. مەن: «بۇ
ھىجران تۈنىنىڭ شامى» دەپ جاۋاب بەردىم. نەفىسە: «ئەمدى ۋى-
سال تېڭى ئاتىدۇ، شامغا ھاجەت قالمايدۇ» دېدى. شامنىڭ يورۇ-
قىدا ئۇنىڭ ھايالىق مەڭزىنىڭ ئالما چېچىكىدەك ھال رەڭگە كىر-
گەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ئۇھ تارتتىم، ئۇمۇ ئىختىيارسىز قول
ئۇزاتتى. نىلۇپەر كۆلى ئۈستىدىكى تولۇنئاي ئۆزىنى ئاستا دالدىغا
ئالدى. شام ئۆچتى، چولپان بالقىپ تاڭ يورۇدى. . .

دوستۇم ھېكمەت، نەفىسە يېتىپ كەلدى. باھار يېشىل كۆ-
كاتلىرى بىلەن ئۇنىڭ يولىغا پاياندار سالدى، ئاپئاق ئۆرۈك چېچەك-
لىرىنى، ھال رەڭ ئالما چېچەكلىرىنى بېشىغا چاچقۇ قىلدى،
باھارنىڭ سەلكىن شاماللىرى ئۇنىڭ ئىپار ھىدلىق چاچلىرىنى
تارىدى، نەغمىچى باھار قۇشلىرى ئۇنىڭغا شادىيانە كۈيلىرىنى بې-
غىشلىدى. ئۇ كەلدى، ۋاپا گۈلزارىدىن چىمەن تۈزۈپ كەلدى،
ئەقىدە دەرياسىدىن ئۈزۈپ كەلدى، مېھىر - مۇھەببەتتىن قەدەھ



تۇتۇپ كەلدى، كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتلىرىدەك ياش تۆكۈپ كەل-
دى. ئۇ كەلدى، بىغۇبار قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلىدى، پەرۋا-
نىدەك ئەتراپىمدا ئايلاندى. ئۇ گۈلزىبا، زۇمرەت ۋە ھېكمەت بىلەن
مۇرات. . . قاتارلىق دوستلارنىڭ قېرىنداشلارچە قايغۇسى، قەدىر-
دانلارچە ئىزگۈ تىلەكلىرىنى بىر - بىرلەپ يەتكۈزدى. بىز ھېسسى-
يات دەرياسىدا بىللە ئاقتۇق، قۇمقايغاننىڭ بۇغداي ئۇنىدا يېقىلغان
توقاچلىرىنى يېگىنىمىزدە، قۇمقايغاندا ئورما ئورۇغان بەختىيار
چاغلارنى ئەسلەشتۇق. ئانار گۈلىنى ھىدلىغىنىمىزدا، ئاي نۇرىغا
تولغان ئاشۇ ئانارلىق باغدىكى شېرىن دەملەرنى يادلاشتۇق. يۈرەك
دولقۇنلىرىمىزنى تىڭشاشقاندا، مەجنۇنتاللار سايە تاشلىغان يورۇڭ-
قاش دەرياسىنىڭ ساھىلىنى ۋە بۇ ئەزىم دەريانىڭ شىددەتلىك دول-
قۇنلىرىنى قانداق تاماشا قىلغانلىقىمىزنى ئەسكە ئېلىشتۇق.

نەفىسە بىلەن باھار چېچەكلىرىگە پۈركەنگەن باغلاردا، مەج-
نۇنتاللار سايە تاشلىغان ئەينەكتەك تىنىق كۆل بويلىرىدا سەيلە
قىلدۇق. مەن ئۇنىڭغا ئاق قېيىننىڭ يېڭىدىن چىققان ياپراقلىرى-
نىڭ ئىللىق شامالدا نېمىدەپ پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى، باھار چې-
چەكلىرى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەرنىڭ نېمىدەپ ناخشا
ئېيتىۋاتقانلىقىنى، گۈللەردىن شىرنە يىغىۋاتقان بال ھەرىسىنىڭ
نېمىدەپ ھېكمەت سۆزلەۋاتقانلىقىنى، كۆل بويىدىكى مەجنۇنتالنىڭ
يېڭى چىققان نوتىلىرى بىلەن سەلكىن شامالنىڭ نېمىدەپ شىۋىرلە-
شىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ گاھى كاككۇكتەك قاقاقلاپ
كۈلدى، گاھى مۇلايىم كۆزلىرىدىن شەبنەم تۆكتى، گاھىدا ھايالىق
مەڭزىدە ئۇياتلىق قىزىللىقى پەيدا بولدى، گاھىدا ئاجايىپ ناز -
ئىستىغناسى بىلەن قېيىداپمۇ قالدى. نەفىسە بىلەن ۋاپا قېيىقىغا
ئولتۇرۇپ مۇھەببەت كۆلىدە ئۈزدۇق. . .

بىز ھىجرانلىق دەشتىدە تارتقان رىيازەتلىرىمىز توغرۇلۇق
كۈنلەر بويى مۇڭداشتۇق، ۋىسال شادلىقى ھەققىدە تۈنلەر بويى
سىرداشتۇق. شۇنداق تاتلىق سۆھبەتلەرنىڭ بىرىدە ئۇ: «ئېسىمدە
بارىدا ئېيتىپ قوياي، ھېكمەتنىڭ قەلەملىرى ئالتۇن سەھىپىلەر
ئۈستىدە تولا يۈگۈرۈپ كېرەكتىن چىقىپتۇ. ئۇنى مۇزېيغا قويۇپ
قويسۇن، ئىككىمىز ئۇنىڭغا قەلەم سوۋغا قىلايلى» دېدى. بىز شۇ

كونىلا بىر جۈپ «پاركىر»نى ئىزدەپ تاپتۇق.

دوستۇم ھېكمەت، «بېلىق باقساڭ ئويناپ بېرۇر، بۇلبۇل باقساڭ سايراپ بېرۇر» دېگەندەك، سايراپلا كېتىپتىمەنغۇ. ئۇلۇغۋار ئىجادىي ئىشلىرىڭ نەتىجىلىك كېتىۋاتقاندۇ. ھېلى قايسى بابلار ئۈستىدە تەر تۆكۈۋاتىسەن. خېتىڭدە يازارسەن.

قەدىرلىك دوستۇم، ئەمدى ئۆز ئەھۋالىمغا كەلسەم، يەنىلا داۋالىنىۋاتىمەن، ئۈنۈمىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. قاچان قايتىشىم ھەققىدە ئېنىق بىر نىمە دېيەلمەيمەن. پەرۋەردىگار بۇ كېسەلدىن نىجاتلىق تېپىپ، خۇشال - خورام دىدارلىششقا نېسىپ روزى قىلسۇن. ساڭا ھاياتلىقىمنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە بىرقانچە پارچە سۈرەت ئەۋەتتىم، تەقەززالىق بىلەن خېتىڭنى كۈتىمەن.

دوستۇڭ كامىل راخماندىن    12 - ماي

## سالام ساڭا

دوستۇم كامىل، سالامەتلىكىڭنىڭ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى خېتىڭدىن بىلىپ ۋە ئەۋەتكەن رەسىملىرىڭدىن كۆرۈپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى، شۇ كونىلا ئائىلەڭگىمۇ خەۋىرىڭنى يەتكۈزدۈم.

نەچچە كۈندىن بېرى تەقەززالىقتا كۈتكەن خېتىڭ — 25 - ماي — قولۇمغا تەگدى. خېتىڭنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇۋاتقىنىمدا كۆزلىرىم دەممۇ دەم ياشقا تولۇپ تۇردى. كۆڭلۈمدىن كەچمىگەن قۇمقايغان، ئوتتۇرا مەكتەپ، باغۋەنچىلىك مەيدانى، ئاجايىپ جۇشقۇن ئۆتكەن ياشلىق دەۋر، قەلبى غۇرۇر - ئىپتىخارغا تولغان، كۆزلىرىدىن سەممىيەت نۇرى چاقناپ تۇرغان دوستلار، ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكەن جەڭگىۋار يىللار. . .

ھەممە - ھەممىسى قالمىدى!

شۇنداق، ياشلىق دەۋرىمىز ۋە چىن دوستلۇق بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىمىز ئەزىم دەريا يورۇڭقاشنىڭ سۈيىدەك بىردە دولقۇنلۇق ناخشىلار بىلەن، بىردە ئۈن - تىنسىز ياش تۆكۈشلەر بىلەن، بىردە شىددەتلىك كۆۋەجەپ غەزەپلىك نەرە تارتىش بىلەن، بىردە بولسا



لىرىك پىچىرلاشلار بىلەن ئۆتتى. مەيلى يىغلايلى، مەيلى كۈلەيلى، مەيلى ھەسرەت چېكەيلى ۋە مەيلى ئازاب تارتايلى، ئۇ دەۋرلەر مەنىلىك ئۆتكەن ھاياتىمىزنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئەبەدىلئەبەد ساقلانغۇسى. . . ئەۋلادلار ئۈچۈن تۇرمۇش ئۈلگىسى، ھايات دەستۇرى بولغۇسى. . .

دوستۇم كامىل، چىن ھېسسىيات، سەممىي تۇيغۇ بىلەن يېزىلغان خەتمۇ ئادەمنى مۇڭلاندۇرۇپ، دىلىغا ھەسرەت سېلىپ غېرىبلىقتا، مىسكىنلىكتە گىرىپتار قىلىدىكەن، چۈنكى ئۇ سېنى ئۆتمۈشكە ئېلىپ كېتىدىكەن. ياشلىقىڭنى، دوستلىرىڭنى، ھاياتىڭ ئۆتكەن ئەزىز تۇپرىقىڭنى ئەسكە سالىدىكەن، ئەنە شۇلارنى سېغىنىدىكەنسەن! شۇنداق تاقەتسىزلىك بىلەن سېغىنىدىكەنسەن!

ئاھ، شاخ - شۇمبىلار سىجاپ، شاماللار يالاپ يول - يول قورۇقلارنى قالدۇرغان يول بويلىرىدىكى پاكار سوقما تاملار، باغرى ئىسسىق يېزىنىڭ يۇمشاق توپىلاڭ يوللىرى. . . پاخال ساتما، قوشاملاردىن ئېشىپ يوللارغا ئالا - بۇلا كۆلەڭگىلەر تاشلىغان ياڭاقلار. . . مەززىلىك ھىدى دىماغلارنى غىدىقلاپ ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچقان مېۋىلىك باغلار. . . تەرلىرىمىزنى سۈرتۈپ ئارام ئالىدىغان كۆل بويلىرىدىكى تەتۈر سۆگەت سايىلىرى. . . تەمبۇر، دۇتارلارنى چېلىپ، ناخشىلارنى ئېيتىپ، شوخ ئۇسسۇللارنى ئويناپ ئۆتكەن سەيلىگاھىمىز — باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ سەبزەزار چىمەنلىكلىرى! ئەدناسى، ئېشىكىنى يانتۇ مىنىپ، قانداقتۇر تۈگىمەس غەزەللىنى غىڭشىپ كېتىۋاتقان ئىللىق چىرايى دېھقان. . . ئېھ، يۈرەكتە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. . .

دوستۇم كامىل، ياراتقۇچى ئىگىسى بىزنى بۇ پانىي دۇنيانىڭ كونا چايخانىسىغا تۆت كۈنلۈك مېھمان قىلىپ ئەۋەتتى. بىز ساھىبخان ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلمىدۇق. ئەخلاق - پەزىلىتىمىز، ھالال مېھنىتىمىز بىلەن ياشاپ، ھايات يولىمىزدا گۈزەل ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئىزلارنى قالدۇردۇق. ئەمما، شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ چاغقىچە شۇ مەنىلىك ئۆتكەن ھاياتىمىز توغرىسىدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق سۆزلەپ، بىھۇدە خىياللار چەينىكىدىن ئاچچىق چاي ئىچىپ، ئازابلىق كەچمىشلىرىمىزنى ئۇنتۇش ئۈچۈن

سەرمەستلەرچە چىلىم تارتىپ بۇ زىھرىكەرلىك چايخانىدا تېخىچىلا ئولتۇرۇپتىمىز!... ياق، بىزنىڭ ھاياتىمىز ئىنسانلار ھەۋەس قىلغۇدەك، دۈشمەنلەر ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلانغۇدەك ھايات ئىدىغۇ؟! ئەۋلادلارغا مەنىلىك ھاياتىمىزدىن بىرەر ئۆرنەك قالدۇرمىساق، كېيىن ئۇلار كىملەرگە قاراپ تىنىكسىلىنەر؟ ھەي دەرىخ! ياخشىسى بۇ پانىي دۇنيا چايخانىسىغا كەلمىسەك، ئۇنىڭ ئاچچىق چايلىرىنى ئىچمىسەك، مەست قىلغۇچى چىلىمنى چەكمىسەك بولىدىغانىكەن. ھەي، دۇنيانىڭ غۇۋغاغا تولغان چايخانىسى، تۆت كۈنلۈك بۇ ئالەمدە ساڭا مېھمان بولۇپ كېلىپ سېنىڭدىن نېمە تاپتۇق؟ پەقەت باقىي دۇنياغا دەرد - ھەسرەت، ئارزۇ - ئارمان ۋە ھىجران يۈكلىرىنى ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. شۇڭا ئاشۇ ياشلىقىمىزغا يەنە بىر قېتىم قايتىپ بىردەمگە بولسىمۇ دوستلىرىم بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇتاي، ئۆزۈمنى بەزلەي...

دوستۇم كامىل، قاچاندۇر بىر چاغلاردا شۇنداق جەۋھەرلەرنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئۆزىنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەۋېتىپ، كۆزى روشەنلىشىپ، ئاپتاپتەك چاقناپ كەتكەن بوۋاينى ئۇچراتقانمۇسەن؟ بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ياشلىق ئەستىلىكى... بۇ ئۆتمۈشنىڭ خۇددى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان يۇلتۇزدەك غۇۋا كۆرۈنۈشىدۇر... بۇ گويا ساتار تارىدىن ياڭرىغان لىرىك، جۇشقۇن ۋە بەزەن مۇڭلۇق كۈيلىرىنىڭ تاغۇ - تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئاخىر قايتىپ كەلگەن ئەكس ساداسىدۇر... مانا بۇ ئىككىنچى ياشلىقىمىزدۇر! ئەمدى ئۇنىڭغا جىسمىيەت جەھەتتىن قايتالمايمىز، ئەمما روھىيەتلىرىمىز قايتىپ، ئۆلۈك ۋە تىرىكلەر بىلەن بىللە ئاشۇ ياشلىقىمىزنى قايتىدىن باشلايدۇ... خۇددى شۇنىڭدەك مېنىمۇ ھازىر «تۇمانلىق يىللار» نىڭ تۇمانلىرى يىراق ئۆتمۈشكە ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ كەتتى. مەن ئاشۇ سۈزۈك ماكانلار ئىچىدە ياشلىقىمغا قايتىپ، ئەينى يىللاردىكى دوستلىرىم بىلەن بىرگە ياشىماقتىمەن!...

بولدىلا، قايغۇلۇق پىكىرلىرىمنى توختىتاي. بىزنىڭ شۇنچىلىك قايغۇ - ھەسرەتلەرنى چەككىنىمىزگە خۇدا ئەمدى ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن!



كامىل، خېتىڭدە قايسى بابلار ئۈستىدە تەر تۆكۈۋاتقانلىقىمنى سوراپسەن. رومانىنىڭ بىرىنچى تومى ئاياغلاشتى — ھازىر قايتا كۆرۈشنى باشلىدىم —. ئەسلىدە بىرىنچى تومنى 1964 - يىلى باش باھاردا كامىل ئەلنامىغا، ھېكمەت يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، مۇرات مەكتەپتە رېجىم ئاستىغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۈگەتمەكچى ئىدىم، بىراق ئۇ پەللىگە يەتمەستىن توختاتتىم — چۈنكى بەك ئۇزاپ كېتىدىكەن —. قالغان پاجىئە ئىككىنچى كىتابقا قالدى. ئەمدى ئازراق ئارقىمىزغا يانايلى:

كامىل ئۆز ھۇجرىسىدا نەفىسە بىلەن ئاتايى شېئىرلىرىنى ترانسكرىپسىيە قىلدى ۋە بىرقانچە غەزەلنىڭ «يەشمە» سىنى ئىشلىدى. بۇ جەرياندا يۈرەككە تالىق مۇھەببەت، ۋىسال، ھىجران مەزمۇنى يوشۇرۇنغان مىسرالارنى يەشكەندە ھەر ئىككىسى يوشۇرۇن، ئاجايىپ نازۇك ئىزتىراپلارغا چۈشتى... كۆز گۆھەرلىرى بىر - بىرىگە ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئايان قىلدى...

ئۈچ دوستنىڭ ئىلمىي مېھنىتى بولغان «ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى»، كامىل ۋە ھېكمەت يازغان «دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ۋە مېتودىكا» ناملىق ئەسەر، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدۇرغان پېداگوگىكا، ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابلار 1963 - يىلى يازلىق كۇرستىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى ئۆگىنىشتە «جىنايەت»، «سىياسىي خاتالىق» بولۇپ ھېسابلاندى. بىراق، كامىل يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە يەنىلا باشتىن - ئاخىر «جاھىللىق» بىلەن مۇنازىرىلەشتى — بۇ جاھىل ئۇنسۇرنىڭ مىجەزىنى زادى ئۆزگەرتكىلى بولمىغۇدەك —. باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم دەم ئالسا، بۇ ئۈچ «جاھىل بەتبەخت» ئۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قېلىپ مەسلىسىگە تەييارلىق قىلدى. ئەمما، شۇ كۈنلەردە زۇمرەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر، دەھشەتلىك قىسمەتلەر كەلدى، شۇڭا دوستلار نەفىسەنى «بوۋام كېسەل» دېگەن باھانە بىلەن بوستانغا ئەۋەتىپ زۇمرەتكە مەدەت بەردى. نەفىسە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كامىلنىڭ بېغىدا — كۆل بويىدىكى «ئاشىق - مەشۇق»لار ئالمىسىنىڭ سايىسىدە دوستلار مۇراتقا تە-

سەللى بەردى ۋە بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى تۈزۈشتى.

قىسقىسى، خالىق ھەم مەتمۇسانىڭ قۇرغان قاپقانلىرىنى بىت-چىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئېغىر زەربىسىگە تاقابىل تۇرغان زۇمرەتكە ئۆزۈممۇ ھەيران قېلىپ ياقامنى چىشلىدىم. ئارىدا زۇمرەت ئۈچ دوستىنىڭ ياردىمىسىز قالدى، چۈنكى زەينىدىن مۇدىر خالىقنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى يېزىلاردا سەييارە ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتىۋەتكەنىدى.

ئاھ، زۇمرەت ئاجايىپ شوخ، تېتىك، شۇدلۇق قىز ئىدى. ھازىر ئۇ باشقىلا بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، دادىسى بىلەن بىللە بوز يەرگە كۆچۈش بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي گەپ-سۆزدىن ئازىدىغان، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. مانا ئەمدى دادىسىغا تارتىشىپ دوستلىرىنى، تۇغۇلغان ماكانىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ھازىر شەھەردىن «مىنبىلىك» تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلگەن كېرىموف مەيدانغا چىقىپ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. ئۇ گۈلرۇز ۋە جامال توختى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ گۈلزىباغا يوشۇرۇن تۇزاق قۇردى.

خالىق بىرنەچچە قېتىم بوۋايقەمبەرگە چىقىپ نەفسەنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ، ھېچنېمە دېيەلمەي يېنىپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ يولى ئېچىلدى. ئۇ خوتۇنىدىن ئاجراشتى ۋە ئۇنى بالىسىنى قولتۇقلىتىپ يولغا سالدى، ئەمدى ئۇ نەفسەگە چىشىنى بىلەۋاتىدۇ. . .

دوستۇم كامىل، قىسقىسى، زىددىيەتلەر بەكمۇ گىرەلىشىپ ۋە كەسكىنلىشىپ كەتتى. زۇمرەتكە تولىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. بۇ كىچىككىنە، يۇمران نوتىدەك قىزنىڭ بېشىغا كۈلپەت ياغقان ئاشۇ كۈنلەردە كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى. . . ئۇنىڭ تەقدىر-قىسمىتى قانداق بولار؟

بىرىنچى قېتىم مۇرات ۋە زۇمرەتكە ئۇششۇك تەگدى، ئارقىدىن ھېكمەت، گۈلزىبالارغا سوغۇقنىڭ شەپىسى كەلدى. بىراق،



كامىل بىلەن نەفسە ھازىرچە ئۇ بورانلاردىن خالىي. ئەمما، قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۇرغان سوغۇق شامال ئېغىر بۇلۇتلىرىنى ئۇلارنىڭ باش ئۈستىگە توپلىماقتا. . . قارىغاندا، جۇدۇن پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. قارا، بۇلۇتلار ئارىسىدىن چېقىلغان چاقماقنىڭ دەھشىتىگە، يەر يۈزىنى يالمىۋېتىدىغاندەك گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرمامىنىڭ ھەيۋىتىگە قارىغاندا، كامىل بىلەن نەفسەنىڭ پاك مۇھەببەتتىن پۈتكەن سۆيگۈ بوستانلىرى، مېھىر-ۋاپا گۈلىستانلىرى ۋاقىتسىز خازان بولۇپ، ھەتتا قۇرۇق-قاقشال چۆللۈككە ئايلىنىپ، ئېچىنىشلىق ئىشق پاجىئەسى ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. . .

دوستۇم كامىل، رومانىنىڭ بىرىنچى تومى مۇنداق ئاياغلاشتى: كېرىموف، زەينىدىن، گۈلرۇزلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى بىلەن گۈلزىبا شەھەرلىك ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكەلدى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ بوستان رايونىدىن ئۆزىدى. ئۇنى قايغۇ-ئەلەمگە تولغان ھېكمەت ئۇزىتىپ كېتىپ بارىدۇ.

خالىقنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ياقۇپ، زۇمرەت بوز يەرگە سۈرگۈن قىلىندى. مۇرات ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «يېڭىئېرىق» رايونىنىڭ شال ئېتىزلىقلىرىدا، شورلۇق، زەي يوللىرىدا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ قوغلاپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇ تۈن باغرىنى يارغان گۆڭگا ئاۋازى بىلەن ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى. نەق شۇ پەيتتە خالىق نەفسەنىڭ ھۆسن-جامالىنى كۆرۈش ئىستىكى بىلەن ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە بوۋايقەمبەرگە كېتىۋاتىدۇ. . . مانا بۇ بىر كۈن، ئوخشاش ۋاقىتتىكى پاجىئەلىك ۋەقەلەر.

ساڭا شىپالىق تىلەپ:

دوستۇڭ ھېكمەت ئەلى 26 ـ ماي

# تېخىرقاش ئىچىدىكى خىياللار

رەسىدە قىزلاردەك ھۆسنى كامالىغا يەتكەن ياز كۈنلىرىدە ئۈرۈمچى بۆلەكچىلا گۈزەللىككە تولىدۇ. ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان ئىسلاھات شاملى شەھەرنى كۈنسېرى ئۆزگىچە تەرەققىياتلار بىلەن بېزىلمەكتە ئىدى. رەڭگارەڭ تاكسى ھەم ھەر خىل ئاپتوموبىللار كەڭ ئاسفالت يوللاردا پاتماي چېپىشاتتى. تۆت كوچا ئوتتۇرىسىدىكى يۇمىلاق تەكچىلەردىكى گۈللەر ئوتقاشتەك تاۋلىناتتى. دوقمۇش ۋە كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قات - قات پەلەمپەيلىك گۈل جاھازلىرىدىكى تەشتەك گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بىر - بىرىدىن ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك رەڭدار بىنالار كۆك قەرىدە قەد كېرىپ تۇرۇشاتتى. قايتىدىن كېڭەيتىلىپ رەتكە سېلىنىۋاتقان كوچىلار كەڭ، ئازادە ھەم پاكىز بولۇپ، كۆڭۈللەرگە زوق بېغىشلايتتى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى خەلق باغچىسى، سۇ ئۈستى ئارامگاھى، جەنۇبىي باغچا قاتارلىق سەيلىگاھلار سەيلە - ساياھەتكە كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئاكاتسىيە، قارىغايزارلىق ئورمانلىرىدىكى يېشىل مەخمەلدەك چىملىقلارغا گىلەم، ئەدىياللىرىنى يايغان سەيلىچىلەر ھەر خىل ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى، كۈلكە - چاقچاقلار ئەۋج ئالاتتى. ھەشەمەتلىك راۋاقلار، قولۋاقلار ئۈزۈشۈپ يۈرگەن كۆل بويلىرى، مەجنۇنتاللار ئاستىلىرى بەزمە - مەشرەپ سورۇنلىرى ئىدى. گاھىدا پىنھان سايىلەردىن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سىرلىق پىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ھازىر تەتىل ۋاقتى بولغاچقىمۇ، ئالىي مەكتەپ-



لەرنىڭ قىز - ئوغۇل ستۇدېنتلىرى خېلىلا كۆپ ئىدى.

كۆل بويىدىكى كۆپكۆك چىملىقتا بىر جۈپ قىز - يىگىت گويا يامانلىشىپ قالغاندەك ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. قىز قاپقارا قاغا پېيىدەك قاشلىرىنى ھىمىرىپ، ئۇياق - بۇياققا ئۈزۈپ يۈرگەن قولۋاقلارغا تىكىلىپ قالغان، يىگىت بولسا بېشى ساڭگىلىغان ھالدا پات - پات بۇرنىنى تارتىپ مىچىلداپ قوياتتى.

— بۇ. . . بۇنداق ئىش تەكرارلىنىۋەرسە، — دېدى يىگىت كۆزىدىكى يېشىنى سۈرتمەي، — مەن. . . مەن بېسىم ھېس قىلىپ قالىدىكەنمەن.

— مېنى شۇ ئىش توغرۇلۇق چاقىرتقانمىدىڭىز؟ بولدى، تولا مىچىلداۋەرمەڭ، — قىز قوپاللا تەگدى، — يېشىڭىز تەييارلا تۇرىدىكەن، ئوغۇل بالىمۇ شۇنداق بولامدۇ. . .

— مەنمۇ. . . قەستەن ياش تۆككىنىم يوق، — يىگىت كۆزلىرىنى سۈرتتى، — نېمىشقىكىن تاڭ، ئۆزى. . .

— ماڭا نېمە ئامال، ئۇ دېگەن دادامنىڭ كۆڭلى، — قىز چوڭ كۆزلىرىنى يالتىتىدە ئېلىپ قاچتى، — دادىڭىزنىڭ رەزىللىكلىرىنى دېسىغۇ، تەمەچكە ئېلىپ پوق بەرسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلىدۇ.

غورىدەك توڭ ھەم قىرتاق بۇ سۆھبەتتىن زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مۆسەللەپ بولدى. توغرا، سىلەر ئويلىغاندەك بۇ قىز - يىگىت ئۇچقۇنئاي بىلەن رۇستەم ئىدى.

ئىئانە يىغىش، ئوپتىۋاي بازاردىن كۆكتات ئېلىپ كېلىپ كەچ تەرەپلەردە سېتىش، شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى كاۋاپخانا، ئاشخانىلاردا ئىشلەش ئارقىلىق ئوقۇش ماتېرىياللىرى ھەم تاماق پۇلىنى تېپىش بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى. گەرچە بۇ ئالقىشلاشقا تېگىشلىك روھ بولسى-

مۇ، ئالىي مەكتەپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇۋاتقان بىر
ستۇدېنتنىڭ ئوقۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىرى بولماي قالمايت-
تى. بۇ خىيال ھېكمەتنىڭ كاللىسىدىن زادىلا چىقمىدى، شۇڭا
ئۇ رۇستەم ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت
ئىچىدە ئۇنىڭغا پوچتا ئارقىلىق ئۈچ قېتىم پۇل سالدى. پۇل
سالغۇچىنىڭ ئىسمى، ئادرېسى يېزىلمىغان كونۋېرتنى تۇنجى
قېتىم تاپشۇرۇۋالغان رۇستەم «دادام سالغان بولسا كېرەك»
دەپ ئويلاپ، پۇلنى كونۋېرتى بىلەنلا قوشۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا
تاشلىدى. مەسۇم قابىلنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە چەك-
چىيىپلا قالدى. ئۇ شۇ پېتى قانچىلىك ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى
بىلمىدى، بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— قەسەم قىلالايمەن، بۇ. . . بۇ پۇلنى مەن سالمىدىم.
بۇ. . . بۇ ھېكمەتنىڭ ئويۇنى. . . ئۇ. . . ئۇ سېنى مەندىن
ئۇزۇل - كېسىل تارتىۋالماقچى، — دەپ دۇدۇقلىدى.

بۇ خەۋەر ئۆچقۇنئاينى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇ شۇ
كۈنى كەچتىلا دادىسى بىلەن سۆزلەشتى.

— دادا، سىزنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، قىزىڭىز يۈرە-
كىدىن سىقىپ چىقىرىۋەتكەن بىر بالىغا خەيرىخاھلىق قىل -
سىڭىز، — دېدى ئۆچقۇنئاي قىزىرىپ، — ھۆرمەتلىك نامە-
ڭىزنى، غۇرۇرىڭىزنى يەرگە ئۇرغان بولامسىز.

— قىزىم، — ھېكمەت كۆزەينىكىنى سۈرتۈپ تاقاپ بول-
غۇچە ئۈندىمىدى، — ئاتىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتتىن بالىلار-
نىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىشنى خالىمايمەن. بۇ بىر يىلدىن بېرى
قانچىلىك تەڭلىك يۈكىنى ئارتىۋالغانلىقىمنى ھېس قىلالماي-
سىز. رۇستەم سىز، پەقەت سىز ئۈچۈنلا ئاتا - ئانىسى ھەم
ئىسسىق ماكانىدىن ئايرىلدى ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى خۇن
قىلماڭ. . .

ئۆچقۇنئاي نەزىرىنى كۆل ئىچىدىكى قولۋاقلاردىن رۇستەم-



گە يۆتكىدى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۈچىغا قاراپ، چىم ئۈچىنى مەقسەت-
سىز يۇلۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قاملاشقان سىماسى يادەك ئې-
گىلگەن، بۇغداي ئۆڭ چىرايىنى خىجىللىق، ئوڭايسىزلىق تۇ-
مانلىرى قاپلىغانىدى. قويۇق كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرىمۇ ئا-
دەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋەتكۈدەك مۇلايىم مۆلۈلدەپ تۇرات-
تى. رۇستەمنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئۆزئارا چىقىشالاي-
دىغان، ئورتاق كۈلەلەيدىغان، ھەمپىكىرگە كېلەلەيدىغان، بىر
مەقسەتنى نىشان قىلالايدىغان خۇي - پېئىللىرىنىڭ قوشۇلۇپ
كېتىشىدەك چىن دوستلۇقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك.

— رۇستەم، — دېدى ئۆچقۇنئاي سىلىق تەلەپپۇزدا، —
بىلىمەن، دادامنىڭ ياردىمى سىزنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈ-
رۈپ قويىدى، لېكىن توغرا چۈشىنىڭ.

— مەن. . . مەن ئاي - كۈنلىرى بىلەن تىزىملاپ قوي-
دۇم، ئەگەر خىزمەت قىلىپ قالسام ئۇ پۇللارنى ھېسابلاپ
قايتۇرىمەن، — رۇستەم ئېسەدەپ چوڭقۇر تىنىدى، — بۇ ھەقتە
قەسەم قىلالايمەن.

— دادامنىڭ مەقسىتى ھېسابلاپ قايتۇرۇۋېلىش
ئەمەس، — ئۆچقۇنئاينىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، — دادام
ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلدى. بۇنداق گەپلەرنى ئۇنىڭ ئالدىدا
ھەرگىز دەپ سالماڭ.

— بىلىمەن، ھېكمەتكام پەرىشتىدەك ئاق كۆڭۈل
ئادەم، — رۇستەم ئەيمىنىپكىنە ئۆچقۇنئايغا قارىدى، — مېنىڭ
ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ دادام ئۈچۈن كەچۈ-
رۈم سورىغۇم، ئۆزۈمنىڭ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرگۈم كېلىۋا-
تىدۇ.

— دادام ئۆيدە يوق، — ئۆچقۇنئاينىڭ چېھرىنى بىردىنلا
غەم تۇمانلىرى قاپلىدى، — خوتەندىكى ئاكامدىن خەت، رەسىم
كەلگەنىكەن، ئۇنى كۆرسەتكىلى ماھىگۈلنىڭ ئۆيىگە بارىمەن،

دېگەندەك قىلىۋىدى. بەلكىم بۇ چاغقىچە كېتىپ قالغاندۇ.

«ئاكام» دېگەن سۆز ئېغىزىدىن چىقىش بىلەن يۈرىكى نومۇستىن ئۆرتەنگەن ئۇچقۇنئاي رەسىمدىكى بەش ئايلىق ئوغلى مۇراتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئولتۇرغان ئەزىمەت بىلەن گۈلچىنئايلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرغان شۇ پەيتتە، ھېكمەت تاكسىدىن چۈشۈپ قىپقىزىل تاختايلىق پەلەمپەيلەردىن ئۆرلەپ ماھىگۈلنىڭ ئىشىك ئالدىدا توختىدى. ئۇ دېمىنى بىر ئاز ئېلىۋېلىپ ئىشىكنى چەكتى. بۈگۈن ئۇنىڭ خۇشاللىقى بۆلەكچىلا ئىدى. ئەزىمەت بىلەن گۈلچىنئايلاردىن ئايرىلغان بىر يېرىم يىل ئىچىدە ئۇلاردىن ئىككى نۆۋەت خەت تاپشۇرۇۋالدى ھەم ئۆزىمۇ يازدى. ئەمما، بۇ قېتىم رەسىمدىكى نەۋرىسى مۇراتنى كۆرۈپ خۇشاللىقى تېنىگە سىغمايلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆلۈشكۈن بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە كامىلنىڭ يولغا چىقىدىغانلىقىنى تېلېفون ئارقىلىق ئۇققاندىن كېيىن، خۇشاللىقىغا قوشلاپ خۇشاللىق قېتىلدى.

— ۋيەي، ھېكمەت ئاكامكەنغۇ، — ئىشىك ئېچىلىپ بوسۇغىدا ماھىگۈل كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئارقىدىن بوغۇۋالغان ئۇزۇن ھۆل چاچلىرى، ھۆپپىدە قىزارغان پاكىز چېھرىدىن ھېلىلا مۇنچىدىن چىققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — ئۆيگە كىرىڭ، مەن تېخى سىزنى نەبىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇ ئەتىگەن بۈگۈن كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تېلېفون بەرگەنىدى.

ھېكمەت ئايىغىنى سېلىپ كېپىش كىيىپ مېھمانخانىغا ماڭغانىدى، ماھىگۈل ئۇنى مىللىي پاسوندا گىلەم ئۈستىگە چۆرگىلىتىپ كۆرپىلەر سېلىنغان ھۇجرىسىغا باشلىدى. چۈنكى مېھمانخانا قالايمىقان بولۇپ، يېڭىدىن يۇيۇلغان دېرىزە پەردە، چامادان ياپقۇچ، ئۈستەل داستىخانلىرى دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ماھىگۈل يۇمىلاق كىچىك شىرەنى دومىلىتىپ كېلىپ ھېكمەتنىڭ ئالدىغا قويدى ـ دە، چاي تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن



ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

كۈنگەيدىكى دېرىزە ئاپئاق يورۇتۇپ تۇرغان بۇ ھۇجرىنى ئانچە كىچىك دېگىلى بولمايتتى. دېرىزىنىڭ سول بۇلۇڭىغا دەستىلەپ قويۇلغان بىرنەچچە چامادان، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك يېپىلغان گۈللۈك ناۋات رەڭ ياپقۇچلار، ئوڭ تەرەپتىكى تور تارتىلغان تىزىقلىق يوتقان ـ كۆرپىلەردىن باشقا نەرسىلەر بولمىغاچقىمۇ، بۇ ئۆي ئادەمگە تېخىمۇ ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرەتتى.

ماھىگۈل چوڭ پەتنۇسقىلا رەتلىك تىزىلغان پېچىنە، قات ـ قات، باقالى ھەم چەينەك، پىيالىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ شىرەگە قويدى. ئاندىن ھەسەل، ئەنجۈر مۇراببا قاچىلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئەمدىلا چاي قۇيۇپ تۇرۇشى ئىشىك چېكىلدى. ماھىگۈل چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا نەبىنىڭ گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئوھۇي، ھېكمەتكاممۇ بۇ يەردىكەنغۇ، — نەبى ھېكمەتنى قۇچاقلىدى، — مەن تېخى بۇ يەردىن قايتىپ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارماقچى ئىدىم، ئەمدى بىر يولۇم قىسقاردى.

— يەنە بىر يەرگە سەپەر قىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟ — نەبى ھەر قېتىم يولغا چىقىش ئالدىدا ھېكمەت بىلەن خوشلىشىشنى ئۇنتۇمايتتى؛ — بۇ قېتىم نەگە بارماقچىسەن؟

— غۇلجا ناھىيىسىدىن چىگە يىپ يۆتكەيدىغان ۋەزىپە چۈشۈپ قالدى، ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىمەن.

— مەن تېخى ماھىگۈلنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ سېنىڭكىگە بارماقچى ئىدىم، — دېدى ھېكمەت پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، — مانا ئەمدى ئۆزۈڭلا كېلىپ قالدىڭ.

— شۇنداقمۇ، — نەبى ھېكمەتنىڭ ئۇدۇلىدا باداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى، — چىرايىڭىزدىن بىر خۇش خەۋەر باردەك قىلىدىغۇ.

— بۇنى كۆرسەڭ بىلىسەن.

ھېكمەت كاستومىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن كونۋېرتنى ئېلىپ نەبىگە سۇندى. نەبى كونۋېرت ئۈستىدىكى ئادرېس ھەم ئىسمىغا قاراپلا «ئەزىمەتنىڭ خېتىكەن» دېدى - دە، ھاياجانلىنىپ خەتنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇ دەسلەپتىلا رەسىمگە قاراپ كېتىشى، ماھىگۈل رەسىمنى قولىغا ئالدى.

— بۇ بوۋاق؟ — نەبى ھېكمەتكە قاراپ ھىجايدى، — مۇبارەك بولسۇن ھېكمەتكا، نەۋرىلىك بولۇپ قاپسىز.

— قىشتا گۈلچىنئايدىن بىر خەت تاپشۇرۇۋالغانىدىم، ئۇنىڭدا «ئالدىمىزدىكى ئايدىن قورقۇۋاتىمەن» دەپ يېزىپتىكەن، — دېدى ماھىگۈل قىزىرىپ، — شۇنىڭغا قارىغاندا بالىسى بەش - ئالتە ئايلىق بولۇپ قاپتۇ - دە.

نەبى خەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ماھىگۈلگە بەردى.

— تېخى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى مۇرات قويۇپتۇ، — نەبىنىڭ خىيالغا پاتقانلىقى كۆزلىرىدىن بىلىنىدى، — ئوبدان بوپتۇ، بەك ئوبدان بوپتۇ. مۇراتكام خاتىرىسى ئۈچۈن مۇنار تىكلىسىمۇ ئەرزىيدىغان ئادەم ئىدى!

— ماھىگۈل، قاراڭ بۇ قۇرلارغا، — ھېكمەت خەتنىڭ سەھىپىلىرىنى كۆرسىتىشى، قولى ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ كېتىپ ماھىگۈل يەنە بىر قېتىم قىزاردى، — مەن شۇنىڭغىلا خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

ماھىگۈل ئەزىمەتنىڭ خېتىدىكى «مەن ھازىر بىر شىركەتنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەۋاتىمەن، لېكىن يەنە كالونغا يۆتكىلىش ئۈچۈن يول مېڭىپ تۇردۇم، ھەل بولۇپ قالسىلا سىلەر بىلەن پات - پات يۈز كۆرۈشەلەيمەن» دېگەن سەھىپىلەرنى ئوقۇدى.

— قېنى، ماۋۇلاردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭلارچۇ، — دېدى



ماھىگۈل نەبىدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، — ئۇسساپمۇ قالغانسىلەر، توڭلاتقۇدىن سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ كېلەيمۇ؟

— بولدى، چاي ئۇسساتمايدۇ، — ھېكمەت ماھىگۈلگە تىكىلدى، — ماھىگۈل، سىزگە بىر مەسلىھەت، كىتابىڭىزنى تۇرسۇنجاندىن قايتۇرۇۋېلىپ سەھىيە نەشرىياتىغا بېرەيلىمۇ؟

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ۋاقتى بەك ئۇزىراپ كەتتى، بېسىلىپ يېتىۋېرەمدۇ.

— تۇرسۇنجان بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپلا مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، — دېدى ماھىگۈل ھېكمەتنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — ئۇ تەھرىرلىك ھەم كۆچۈرۈش ھەققىنى ئۆزى تۆلەپتۇ. باشقا نەشرىياتلاردىن كىتاب نومۇرى سېتىۋېلىپ، مەبلەغنى ئۆزۈم سېلىپ نەشر قىلدۇرىمەن، سىز يەنە بىر ئاز سەۋر قىلسىڭىز، دەيدۇ.

— داۋالاش جەھەتتىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان نوقتىلىق كىتاب ئىدى، — ھېكمەت بېشىنى چايقىدى، — پەيتولنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەنلا قېپقالدى - دە.

— ئۇ كىتابقا سىزنىڭمۇ كۆپ ئەجرىڭىز كەتتى، — ماھىگۈل ھېكمەتكە لەپپىدە قاراپ قويدى، — بوپتۇ، تۇرسۇنجان شۇنچىلىك خېرىدارلىقىنى قىلىۋاتقاندىكىن بىر كۈنى چىقار. سىزچە شۇنداق قىلساق بولارمۇ ھېكمەت ئاكا؟

— بوپتۇ، سىز ئۇنداق دەۋاتقاندىكىن مەن نېمە دەيمەن.

ھېكمەت بىلەن ماھىگۈلنىڭ تەكەللۇپ سۆزلىرىدىن، بىر - بىرىگە مېھىر بىلەن تىكىلىشلىرىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالغان نەبى «بىمەسەل ۋاقتىدا كېلىپ قاپتىمەن» دەپ ئويلاپ، پىيالىدىكى چېيىنى سۇمۇرۇۋېتىپلا ئورنىدىن تۇردى. ماھىگۈل، ھېكمەتلەر ئۇنى قانچە تۇتقان بولسىمۇ ئۇ «ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىمەن، كەچكىچە قىلىدىغان تەييارلىقلىرىم بار» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئىككىسى ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ

قايتىپ كىرىشتى.

ماھىگۇل يېقىندىن بېرى نېمە ئۈچۈندۇر خۇشال ئىدى. ئۇچقۇنئاي پات - پاتلا كېلىپ قونۇپ، مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئۇ دادىل، تۇرگۇن، ئۆز سۆزلۈك قىز بولغاچقىمۇ ھەرقانداق ئىشتا، بولۇپمۇ كۆڭۈلگە تالىق ئىشلاردا سۇلكەت قىلىپ ئولتۇرمايتتى. بىرنەچچە قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇ ماھىگۇلنى: «يۈرەكسىز، ئىرادىسىز، ھالقىلىق پەيتلەردە دادىل ئەمەس» دەپ ئەيىبلىگەنىدى، ھەتتا ئۇچقۇنئاي دادىسىغا نېمە دېگەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى قاتارلىق «ئۈچۈر» لارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ دەپ بېرەتتى. شۇڭا، ماھىگۇل ھېكمەتنى ئىزدەشنى ئازايتتى، كەمدىن - كەم تېلېفون بېرەتتى، ھەتتا ئايلاپ يوقاپ كېتەتتى. مانا ئەمدى فورمۇلا ئۆزگىرىپ، ھېكمەت ھەپتىدە بىرەر قېتىم كېلىپ ماھىگۇل بىلەن مۇڭدىشىپ كەتمىسە بىرنېمىسى يىتۈپ كەتكەندەك خامۇش بولۇپ قالىدىغان بوپقالدى. ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ھەر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇراتتى. بىردە يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى، بەزىدە بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ياشلىق چاغلار، قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇشلار سۆزلىنىپ تەڭ شادلىققا چۆمۈپ، تەڭ ھەسرەتلىنەتتى، ھەتتا ھېكمەت ھازىرقى ئىجادىي ئەمگەك، خىزمەتتىكى نەتىجىلىرى ھەققىدە، ماھىگۇل بولسا تېببىي ئىلىم ساھەسىدىكى ئاجايىپ يېڭىلىقلار، ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشلىرى، قىلماقچى بولغان كەشپىياتلىرىنى سۆزلىشىپ ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەيلا قالاتتى.

— ھېكمەت ئاكا، — دېدى ماھىگۇل يىغىشتۇرۇلغان شىرەگە جەينەكلەپ، — ئۆتكەندە «ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىمگە قايتقۇم بار» دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز، ئۇ ئىشلار قانداق بولدى؟

— بۇنىڭغا قەدىردىنىنىڭ كۆزقارىشى باشقىچە، — ھېكمەتنىڭ چىرايىدا ئۈمىدسىزلىك ئالامىتى كۆرۈلدى، — ئۇ نەش-



رىياتتىن ئايرىلماسلىقنى تەكىتلەۋاتىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— قەدىردىنىنىڭ دېيىشىچە، ھازىر مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالى سەل مۇرەككەپتەك قىلىدۇ، — ھېكمەت ماھىگۇلگە ئېغىر نەزەر بىلەن قاراپ قويدى، — ياشلار ئوقۇتۇش ۋەزىيىتىگە يېتىشەلمىگەچكە، ئېغىرلىق پېشقەدەملەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپ قاپتۇ، شۇڭا ئىجادىي ئىشلىرىڭغا ۋاقىت چىقىرالمايسەن، دەيدۇ.

— قەدىردىن توغرا دەپتۇ، — دېدى ماھىگۇل دەرھاللا، — دەرس تەييارلىقى، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇزاكىرە - تەكرارلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشتەك ئىشلار بىلەن ئىجادىيەتكە ۋاقىت چىقارمىقىڭىز تەس بولۇپ قالىدۇ.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ قالدىم.

— مەن «تۇمانلىق يىللار» نىڭ يېرىم يولدا توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، — ماھىگۇل قويۇق كىرپىكلىرىنى قېقىپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — ئۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مېھنىتىڭىز بولۇپ قالغۇسى.

ھېكمەت سۆيۈنۈش ئىچىدە ماھىگۇلگە قارىدى. ئۇ «تۇمانلىق يىللار» نى باشلىغاندىن بېرى ماھىگۇل ھەر بارغىنىدا قوليازمىلارنى كۆرۈپ تۇراتتى. شۇ جەرياندا ئۇ بىرنەچچە قېتىم بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە يۈز بەرگەن، لېكىن ھېكمەتنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ ئۇنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى. بولۇپمۇ گۈلزىبا، نەفىسە، زۇمرەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان قىزلارنىڭ سىرلىق، مەخپىي سۆھبەتلىرىنى ئاشكارىلاپ، ھېكمەتنى ئاجايىپ لىرىكىلىق دېتاللار بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا، ھېكمەتنىڭ ماھىگۇلنى پات - پات ئىزدەپ، ئۇزۇن مۇڭدىشىپ كېتىشىمۇ، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا، دېگەندەك بىر ئىش ئىدى. بىراق، بۇنداق سىردىشىش ھېكمەتنىڭ ئۇزۇن

يىللار قۇلۇپلانغان كۆڭۈل دەرۋازىسىنى ئېچىپ ئۇلارنى بارغان-
سېرى چىڭ باغلىماقتا ئىدى.

— ماھىگۇل، — ھېكمەتمۇ شىرەگە جەينەكلىگەنىدى،
ئۇلارنىڭ يۈزلىرى شۇنداق يېقىن كەلدىكى، ئىسسىق تىنىقلىرى
بىر - بىرىگە قوشۇلدى، — رەھمەت سىزگە!

— نېمىگە بۇنچىۋالا تەكەللۇپ قىلىپ كېتىسىز؟ ئەجەب
ماڭا رەھمەت ئېيتقۇڭىز كېلىپ قاپتۇغۇ.

— سىز مېنىڭ رومانىمغا، ياق، ياق، — ھېكمەت قى -
زاردى، — قەلب بوستانىمغا ئەجەب ئۈز چېچەكلەرنى
چاچتىڭىز. . .

— مەن. . . مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلىمىغان. . . ۋاي خۇدا-
يىم، مەن نېمە بولۇۋاتىمەن. . . — ماھىگۇل ئالىقانلىرىدا يۈ-
زىنى توستى. . .

— ئويلاپ باقسام، ياق، ياق، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، —
ھېكمەتنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، — سىز ئۆتمۈشۈمنىڭ بىر
قىسمى. . . شاھىدى گۇۋاھچىسى ئىكەنسىز. . .

— بىراق، مېنىڭ ئۆتمۈشىڭىزگىلا ئەمەس، بەلكى ھازى-
رىڭىزغا ھەم كەلگۈسىڭىزگە، — ماھىگۇل ئېسەدەپ
كەتتى، — كۆڭۈلدىكىدەك ھەمراھ، ياخشى رەپىقە، سادىق
دوست بولۇشقا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. . .

— ئەمما، مەن سىزنى كۆپ ئازابلىدىم. . .

— بەس، يۈرىكىمدىكى ساقايماس جاراھەتلەرنى قايتا ئې-
سىمگە سالماڭ، — ماھىگۇل شىرەگە بېشىنى قويۇپ ئۈنسىز
ياش تۆكتى، — ئاھ خۇدا، كېرىيە تۈرمىسىدىكى ئازابلىق بىر
كېچە! دوختۇرخانىدا بىر ئېغىز سۆزىڭىزگە تەشنا بولغان دەقى-
قىلەر. . . گۇندىخانا ئىشىكىنى قېقىپ نالە - زار بىلەن يىغلى-
نىشلار. . . رىزقى - نېسىۋەم ئۈزۈلگەن يۇرتۇمدىن ئارقامغا
قاراپ - قاراپ ئۈزىغان جۇدالىق كۈنلەر. . . ئۈمىدلىرىم ئۇ-



زۈلگەن تاڭ ئاتماس كېچىلەر. . . سارغايغان گىياھتەك سولى-
شىپ ئۆتكۈزگەن بېيجىڭ، موسكۋالاردىكى كۆڭۈلسىز ئوقۇش-
لار. . . ھەر كۈنى كېسەل رەڭگىدەك ساپسېرىق ئاتقان
تاڭلار. . . ئازابلىق خىياللار ئىسكەنجىسىدە بوغۇلغان ئاشۇ يىل-
لار گۈلدەك ياشلىقىمنى ئېلىپ كەتتى! . . . بىراق، يۈرىكىمدە
بىخلانغان ئەقىدە، ئېتىقاد يىلتىزلىرىنى قۇرۇتۇۋېتەلمىدى. . .
ئۇ ھېلىمۇ ياشىرىپ تۇرۇپتۇ! . .

ھېكمەت ئۆكۈنۈش، خىجالەتچىلىك، ۋىجدان سورىقى زەن-
جىرلىرىگە چىرمىلىپ ئۈزۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. كۆلۈپ -
ئېچىلىپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن ماھىگۇلنىڭ يۈرەك جارا-
ھىتى ئېيتقۇسىز ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. شۇڭا، ئۇ
يېنىش - يېنىشلاپ ئەپۇ سورىدى، ئۆزىنىڭمۇ مۇشكۈلاتلىرىنى
بايان قىلدى. شۇندىلا ماھىگۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەسرەتلىكى-
نە كۈلۈمسىرىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق قىلىپ تۈنجى قېتىم
كۆڭۈل كىرلىرىنى يۇيۇپ، ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىپ بىردەم
ئولتۇرغاندىن كېيىن ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى. مېدىتسىنا
دوختۇرخانىسىنىڭ دەرەخزارلىقىغا يوشۇرۇنغان قۇياشنىڭ بى-
نەپشەرەڭ نۇرلىرى دېرىزىدىن قىيپاش ماراپ، ئۆي ئوتتۇرىسى-
دا يەر بېقىپ تۇرغان ئىككى دەردمەننىڭ سىمانى يورۇتۇپ
تۇراتتى.

— ماھىگۇل! . . .

ھېكمەت ئىككى قولىنى سوزغىنىچە ناتىۋانغا قاراپ ئاستا
ئىلگىرىلىدى، ماھىگۇلمۇ تىلىقىپقىنا ئالدىغا بىر قەدەم سۈرۈل-
دى ۋە بىردىنلا ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلاندى، تاشلاندىيۇ يۈزىنى
ئىسسىق كۆكرەكلەرگە يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆز
ياشلىرى خۇددى باھار يامغۇرىدەك يىگىرمە يىللار چاڭقاق تەشنا-
لىقىغا قانمىغان يۈرەكنى نەمدەپ ھۆل قىلىۋەتتى. . . ماھىگۇل
مۇشۇنداق دەقىقىلەرنى قانچىلاپ ئارزۇ قىلمىغان! تۈنلەرنى تاڭ-

لارغا ئۇلاپ پەرياد چەكمىگەن! بىز شۇنى قايتا قەيت قىلىمىزكى، قۇرئاندا: «ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر» دېيىلگىنىدەك، ئاللا سەۋر ـ تاقەت، شۈكۈر ـ قانائەت قىلغۇچىنى خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ نۇرى ئېھسانىغا نائىل قىلغۇسىدۇر. . .

— سىز ئەسكى. . . سىز تاشبېغىر. . . سىز ئاداۋەتخور. . . — شىۋىرلىدى ماھىگۈل.

— مەن گۇناھىمغا توۋا قىلدىمغۇ، — ھېكمەت ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى، — يەنىلا كەچۈرمەمسىز؟ ئەمدى كۆڭلىڭىزدىن بىر تامچە ياش ئاققۇزسام مېنى يەر يۇتسۇن؟

ماھىگۈل شارتلا قايرىلىپ ھېكمەتنىڭ لەۋلىرىگە بارماقلىرىنى باستى.

— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ. . . كەچۈرۈش مەندىن، ئەپۇ سىزدىن. . .

قىرىق يېشىدا بەخت شەربەتلىرىدىن قەلب باغلىرى ياشارغان ماھىگۈل ھېكمەتنى ئۇزىتىپ چىقىپ، تاكسى ئۇزاپ كەتكۈچە كەينىدىن قاراپ تۇردى.

بۈگۈنكى سۆھبەت ھېكمەت ئۈچۈن شادلىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ماھىگۈلنىڭ ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن ھەسرەتلىرىنى ئاڭلاپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى. بۇ چاغقىچە بولۇنغان مۇڭدىشىش، سىردىشىشلار ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بولۇپ، ھېكمەت ئۇنىڭدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ئۈنچە ـ دۇرلارنى سۈزۈش كويىدىلا بولۇپ كەلدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئۆتمۈش تىرەنلىكىدە كۆمۈلۈپ ياتقان جاۋاھىراتلار ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈرىكىنى تەڭلا نۇر زەرلىرى بىلەن تولدۇردى. دېمىسىمۇ ئۇلار ئۆمۈر مۇساپىسىدە بىرلىكتە بېسىپ ئۆتكەن يوللار تولىمۇ ئۇزۇن، جاپالىق ھەم تۈرلۈك ـ تۈمەن مەنىلەرگە تولغانىدى. ھېكمەت



بىلەن ماھىگۈل سىرداشىش، مۇڭدىشىش ئارقىلىق بۇ يوللارنى قايتىدىن بېسىپ ئۆتتى. ماڭغانسېرى ئىككىسى قالدۇرغان كونا ئىزلار قەدەممۇ قەدەم بىر ئۇچراپ تۇردى. ئۇچرىغانسېرى ئۇلارنىڭ دىل پىنھانلىرىدىكى يۇلتۇزلار چاقنىدى. بۇ قانداق قىزىل يۇلتۇزلار كۆچكەنسېرى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتى!. . .

ھېكمەت ئۆتكەن ھەپتىمۇ كېلىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ماھىگۈل بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كېتەر چېغىدا نەشرىياتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە قايتماقچى ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەنىدى. شۇ چاغدىلا ماھىگۈلنىڭ چىرايىدىن ئانچە قېتىلمىغانلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ، ھېكمەتنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ رازىلىق بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا بۈگۈن قەدىردىنىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھاللا كۆڭلىدىكى گەپنى ئوچۇق ئېيتتى. ھېكمەتنىڭمۇ ئوقۇتقۇچى بولۇش ئويىغا كېلىشىمۇ ئامالسىزلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. ھازىر «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتى بۇرۇنقى قاينام ـ تاشقىنلىق ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتى.

ئىسلاھاتنىڭ رەھىمسىز شامىلى تىنىمسىز ئىزدەنگۈچىلەرگە، چارە ـ تەدبىرلىكلەرگە ئامەت ئېلىپ كەلسە، داشقازانغا كۆنۈپ قالغان بىغەملەرنى ئارقىغا تاشلاپ يېتىشىپ مېڭىشقا ئۈندىمەكتە ئىدى. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھاللىق دەرىجىگە يېتىش، ھەتتا باي بولۇش بۇ ئىسلاھاتنىڭ تۆمۈر قانۇنى ھەم مىزانى ئىدى. ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن ئورگانلارغا، كارخانىلارغا بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي ياردەمنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىۋاتقانلىقى بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئىدى. بىراق، «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ سىگنالدىن مۇستەسنادەك غاپىل ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي تۇراتتى. ئۇلار ھەربىر يىغىننى ئاچچىقىنى چىقىرىش، قورقاق سىلىشنىڭ دەسمايىسى

قىلىپ «ئۇ كىتابتىن بۇنچىلىك زىيان، بۇ ژۇرنالدىن ئۇنچىلىك زىيان، باسما زاۋۇتلىرىغا پالانى پۇل قەرز بولدۇق، شۇڭا پوكۇنى ژۇرنالنى چىقىرىشنى توختىتىش كېرەك. . .» دەپ ۋارقىرايتتىيۇ، باشقا نەشرىياتلاردەك قەد كۆتۈرۈشنىڭ ئامال - چارىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرمايتتى، ھەتتا نەچچە يۈز كىشىلىك چوڭ يىغىنلاردا پېشقەدەم ھەم ياشانغان مۇھەررىرلەرنىڭ داۋالانغان پۇللىرىنى چىشلەپ - تارتىپ، دۆلەتنىڭ كادىرلارنى بەھرىمەن قىلىشقا تېگىشلىك تۈزۈملىرىنىمۇ ئويلاپ قويمايتتى. ئەقەللىيسى، تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ ئىسلاھات تۈرتكىسىدە ئېلىپ بارغان چارە - تەدبىرلىرىنى تەتبىقلاپ بېقىشنىمۇ خالىمايتتى. بۇ توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالغىنىدا، ئۇلار بىر قىسىم ئىقتىدارسىز، داشقازان ئۇمىچىغا دەندەپ قالغانلارنىڭ يىل ئاخىرىدا مۇكاپات ئالالمايۋاتقانلىقى، ھەتتا مائاشىدىن تۇتۇپ قالغاچقا نارازىلىق چۇقانلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكەنلىكلىرىنى يىغىنلاردا ئالاھىدە كۆپتۈرۈپ سۆزلەيتتىيۇ، كۆپ سانلىق مۇھەررىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالدى ئون نەچچە مىڭ، كەينى بىرنەچچە مىڭ سوم مۇكاپات ئالغانلىقى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشمايتتى. ئىسلاھات خۇددى كېلىپ - كېتەر شامالدەك، ئۇلار قانداقتۇر ئىشلار بىلەن بەنت ئىدى.

نەشرىيات باشلىقى ياقۇپ مۇھىتى يۇقىرىدىن پۇل ھەل قىلىپ بىنا سېلىش، كونا ماشىنىلارنى سېتىپ يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش، قايسى ماشىنىدا كىم ئولتۇرۇش دېگەندەك مەمۇرىيەتنىڭ ئايىغى چىقماس ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەسپىي خىزمەتلەرنى ئانچە يادىغا ئالمايتتى. ئۇ بەزى كالتە يىغىنلاردا «يۇقىرىدىن بەرگەن پۇلنى ئالدى بىلەن مائاشقا ئىشلىتىپ، ئاشقىنىدا كىتاب چىقىرايلى» دېگەندەك كىشىنى خۇش قىلىدىغان دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىپ قوياتتى. مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى ھەم باش مۇھەررىر نۇرساپا بولسا ئويۇن - تاماشىغا،



كاماندىروپكىغا ئامراق باشلىق چىقىپ قالدى. ئۇ قەيەردە يىغىن بولسا پىداكارلىق بىلەن «مەن بارىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇراتتى. ئات مۇتتىن①، قوڭ چويۇندىن دېگەندەك، ئىدارىنىڭ تۆمەنلىگەن پۇلىنى خەجلەپ ئايروپىلان، پويىزغا ئولتۇرۇپ كېتىۋېرەتتى. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ قاتناشمىغان چەتئەل، بېيجىڭ، شاڭخەي، قەشقەردىكى يىغىنلاردىن باشقا، «قوغۇن بايرىمى»، «ئۆرۈك بەزمىسى»، «ئالمىزارلىقتا تەنتەنە»، «ئۈزۈم مەرىكىسى»، «نەشپۈتزارلىقتا توي» دېگەندەك رەڭگارەڭ بايرام - مەرىكىلەر قالمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىشخانىسى ھەرقاچان تاقاقلىق تۇراتتى. ئۈستىلىگە، ئىشكاپلىرىغا دۆۋىلەنگەن نۆۋەتلىك كىتابلارنىڭ ئورىگىناللىرى، سىزىپ تەييارلانغان مۇقاۋا ۋە قىستۇرما رەسىملەر «قاچانمۇ كىتاب بولۇپ يورۇقلۇققا چىقارمىز» دەپ توپا بېسىپ ياتسا، ئۇلارنى مىڭ جاپادا تەييارلىغان مۇھەررىرلەر كۈنىگە نەچچە نۆۋەت قاتناپ، نۇرساپانىڭ ئىشخانا ئىشىكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىشاتتى، پىلانىنىڭ ئورۇندالمىغانلىقىدىن قاقشايتتى، بەزىلىرى غايىۋانىسىگە تىللايتتى. نۇرساپا كۆرۈپ تەستىقلاپ قول قويمىسا، مۇھەررىرلەر كىتابلىرىنى قانداقمۇ نەشر بۆلۈمىگە يوللىيالىسۇن؟!

«گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىدىكى يەنە بىر ئۆزگىرىش، رەسسام بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لى يۈڭ يىل بېشىدا بىر قىسىم ئادەم ۋە كەسپىي ئىشخانىلارنى بۆلۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى يۇقىرى - تۆۋەن يول مېڭىپ مۇستەقىل نەشرىيات بولۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقانىدى. «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتى قارىمىقىدا پەقەت مۇقاۋا لايىھىلەش كەسپىي بۆلۈمىلا قېپقالغان بولۇپ، نەشرىيات رەھبەرلىكى ھېكمەتنى بۇ

① مۇت — خوتەن شېۋىسى، بىكارغا، ھەقسىز دېگەن مەنىدە.

بۆلۇمگە مەسئۇل قىلىپ ئېلىپ قالدى. ئاز ئۆتمەي «ئادەم
تولۇقلاش» باھانىسىدە نۇرساپا بىر نازىر ئاغىنىسىنىڭ ھەربىي
سەپتىن قايتقان ئەركىنتاي ئىسىملىك ئوغلىنى مۇقاۋا بۆلۇمىگە
ئەكىرىپ قويدى.
بىر كۈنى نۇرساپا ھېكمەتنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كايىپلا
كەتتى.
— بۇ قانداق سىزىلغان مۇقاۋا ئۆزى، ساپلا مەسچىت،
خانىقالار تۇرىدۇ. ئۇلارنى تەشۋىق قىلىپ قانداق قىلاتتىڭىز،
ئۆزى؟
— سىز رومانىنى ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟ — ھېكمەت ئۆزىنى
ئارانلا تۇتۇۋالدى، — مۇقاۋا رومانىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن سى-
زىلغان.
— رومانىنى ئوقۇسام - ئوقۇمىسام بۇنداق نەرسىلەرنى
تەشۋىق قىلىشنىڭ ئۆزى خاتا.
— بۇ دېگەن تارىخىي رومان، بىلەمسىز؟ — ھېكمەتنىڭ
بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى، — دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان بەگلەر،
پاششاپلار، قازى - قۇزاتلارنىڭ مەھكىمە شەرئىيدىن پايدىلىنىپ
ئىلغار پىكىرلىك بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇھەببىتىنى خازان قى-
لىپ، ئىككى ياشنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغانلىقىدەك تراگېدى-
يىلىك ۋەقە بايان قىلىنغان.
مۇقاۋىلاردىن ساۋاتسىزلارچە قۇسۇر چىقىرىپ تەنبىھ بې-
رىشلەر بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ
رەسىم سىزىشتىن رايى يېنىپ قالدى. كىتاب مەزمۇنى بويىچە
لايىھىلەنگەن، مۇھەررىرلەر مەمنۇن بولغان مۇقاۋىلار نۇرساپا-
نىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا قانداقتۇر سىياسىي قالپاقلار كىيدۈ-
رۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرساپا ئەكىرىپ قويغان ئەركىنتاي
ئىنتايىن سەپرا، بىغەرەز، ھەر كۈنى بىرەر مۇھەررىر بىلەن
سۈركىلىپ جېدەل چىقارمىسا يېگەن نېنى تېنىگە سىڭمەيدىغان


تەلۋە بىر نېمە ئىدى. ئۇ رەسساملىقتا مەخسۇس ئوقۇمىغان
بولۇپ، ھەربىيلىكتە تەشۋىقات تاختىلىرىغا بوردا رەسىم سىزىپ
يۈرگەچكە، مۇقاۋىلارنى نەشرىيات سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپ سى-
زىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تەييار مۇقاۋىنىمۇ جايىدا كۆچۈرۈپ
سىزالمايتتى. شۇنداقتىمۇ گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى ئىكەن،
ۋەزىپە تاپشۇرماي بولمايتتى. ھېكمەت ئۇنىڭغا تەرجىمە كىتاب-
لارنىڭ تەييار مۇقاۋىسىنى سىزىشقا بېرەتتى. بۇ كۆچۈرۈپ
سىزىش بولۇپ، ئىجادىي مۇقاۋىغا كىرمەيتتى. ئەركىنتاي شۇن-
داقلىقىغا باقماي، ھە دېسە دادىسىنىڭ نامى بار نازىر، ئۆزىنىڭ
پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ پو ئاتاتتى. بىر كۈنى
ھېكمەت ئۇ سىزغان بىر مۇقاۋىنى قايتا سىزىشنى ئېيتقانىدى،
ئۇ چىچاڭشىپ:
— مەن بارغۇ قاراڭ، بەنجاڭ بىر يۇمىلا دېسە ئۈچ
يۇمىلىنىپ، بىر قەدەم تاقلا دېسە ئون قەدەم تاقلاپ، بىر
دىققەتكە تۇرغۇز ۇپ قويسا سائەتلەپ غىڭ قىلماي تۇر ۇپ پارتىيە-
گە كىرگەن. سىز پارتىيە ئەزاسىغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلام -
سىز؟ — دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپلا كەتتى.
بىرەر يىلدىن كېيىن يۈز بېرىۋاتقان كەسپىي ۋە رەھبەرلىك
خىزمەتلىرىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردىن كۆڭلى سوۋۇغان ھېكمەت بى-
رەر مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنى كۆڭ-
لىگە پۈكتى. شۇڭا ئۇ تونۇگۈن كەچ ئىلمىي مۇدىر قەدىردىنى-
نىڭ ئۆيىگە باردى. بىراق، قەدىردىنىنىڭ ئەستايىدىل چۈشەندۈ-
رۈشى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى.
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان يىللاردىن بېرى، مەكتەپلەردى-
كى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپلىرى ياشلىشىپ كەتكەنىدى. تەجرى-
بىلىك، پىشقان، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئاغرىق سەۋەبى-
دىن ياكى يېشى توشۇپ قالغانلىقتىن دەم ئېلىشقا چىقىپ بارغان-
سېرى ئاز قېلىۋاتاتتى. ياشلارنىڭ بەزىلىرى مۇناسىۋەت ئارقى-

لىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشقان ئىقتىدارسىزلار بولۇپ، بەزىلە-
رىنىڭ بىلىمى بولسىمۇ تەجرىبە، مېتودىنىڭ كەملىكىدىن
دەرسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى، ھەتتا باللارنى تەشكىللە-
يەلمەي سىنىپتىن يىغلاپ چىقىدىغانلارمۇ بار ئىدى. شۇڭا،
ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن قىسمەنلىرى شتاتىنى ساقلاپ قېلىش ھې-
سابىغا مەكتەپكە قوشۇمچە كىرىم بېرىپ تىجارەتكە چىقىۋال-
غانلار، ھەتتا شتاتىنى تاشلاپ تاكسى شوپۇرى بولۇۋالغانلارمۇ
بار ئىدى. تېخى بەزى ئوقۇتقۇچىلار كېچىلىك بازاردا ئوقەت
قىلىپ، كۈندۈزلىرى سىنىپتا مۈگدەپ چىقاتتى. ئاتالغان بەزى
يازغۇچىلار قەلەمنى تاشلاپ مىلىچمال دۇكانلىرىنى ئېچىۋالغان،
كاتتا ئەربابلارنىڭ خوتۇنلىرى گەزلىمە دۇكانلىرىدا مۈگدەپ
ئولتۇرغان، ئالىي مەكتەپنىڭ بەزى پروفېسسور، دوتسېنتلىرى
ھەم ئاتاقلىق قىسمەن سەنئەتكارلار كەچ تەرەپلەردە رېستورانلار-
غا بېرىپ ھېساب - چوت قىلىشىۋاتقان يەردە، ئادەتتىكى ئوقۇت-
قۇچىلارنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئەيىبلەپ كېتىشكىمۇ بولمايتتى.
خىيال دېگەن شۇنداق ئۇچقۇر نەرسە ئوخشايدۇ، ھېكمەت
ئۆزىنى كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس
قىلدى. ئۇ تاكسىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇچقۇنئاينىڭ
ھۇجرىسىدىن يانچۇق ئۈنئالغۇسىنىڭ زىل، ياڭراق ئاۋازى ئاڭ-
لىنىپ تۇراتتى. ئۇچقۇنئاي ئىنگلىز تىلى بويىچە دۆلەتلىك
ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئۈچۈن تەتىل جەريانىدا بېرىلىپ تەييارلىق
قىلىۋاتاتتى. ھېكمەت قىزىنىڭ ھۇجرا ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ
قارىشى، ئۇچقۇنئايمۇ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى.
— ئۇچقۇن قىزىم، — ھېكمەت ئايغىنى سېلىۋېتىپ
ھۇجرىغا قەدەم ئالدى، — تەتىلمۇ توشۇپ قالاي دېدى، دەم
ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟
— بۇلتۇر دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ تۆت نومۇرۇم
كەملەپ قالغان، — دېدى ئۇچقۇنئاي ئۈنئالغۇنى ئۆچۈ-



رۈۋېتىپ، — بۇ يىل چوقۇم ئۆتۈپ كېتىمەن.
— ئىنگلىز تىلىدىن ئۆتۈپ تەرجىمان بولماقچىمۇ سىز،
بەك يامان جۇمۇڭ سىز.
— ياق، دادا، ئۇنىۋېرسىتېت ھەر يىلى بىر تۈركۈم
مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى چەت ئەلگە چىقىرىۋاتىدۇ، — ئۇچقۇن-
ئاينىڭ كۆزلىرىدىن ئىشەنچ يېغىپ تۇراتتى، — مېنىڭمۇ چەت
ئەلگە چىقىپ مەخسۇس كەسىپ ئىگىلىگۈم بار.
— پاھ، غەيرىتىڭىز بەك چوڭغۇ.
— ئويلاپ باقسام، تىرىشمىساق زادى بولمايدىكەن، دەۋ-
رىمىز ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ نۇر ئىلمى باسقۇچىغا قەدەم قوي-
دى. شۇڭا كەلگۈسىدە شاللىنىپ قېلىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەي-
مەن.
— غەيرىتىڭىزگە كۆز تەگمىسۇن قىزىم، — ھېكمەت قى-
زىنىڭ پېشانىسىگە ئۆپتى، — مانا ئەمدى ئىسمىڭىزغا لايىق
ئۇچقۇن چاچرىتاي دەپسىز - دە.
— سىز يالقۇندەك كۆيۈۋاتقان يەردە مەن ئۇچقۇن چاچرات-
سام بولمامدىكەن.
— قارا، بۇ مارۇخنىڭ گەپتانلىقىنى.
ئۇچقۇنئاي بايىلا ماھىگۈلنىڭ بەرگەن تېلېفونىنى قوبۇل
قىلغانىدى. ماھىگۈل ھېكمەت بىلەن بولغان سۆھبەتنى يېپىق
ھالدا سۆزلەپ: «فانداق، ئوقۇغۇچىڭىز يارامدىكەن؟» دېگەنىد-
دى. شۇڭا، ئۇچقۇنئاي دادىسىنىڭ نۇرانە كۆزلىرىگە، بىر خىل
مەمنۇنىيەتلىك جىلۋىلىنىپ تۇرغان چېھرىگە قاراپ يوشۇرۇن
كۈلۈپ قويدى.
— دادا، — ئۇچقۇنئاي ھېكمەتنىڭ چىرايىغا قارد -
ىمدى، — ماھىگۈلنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، دېگەندەك قىلىۋىدى-
ڭىز، باردىڭىزمۇ؟
— ھە، ھە. . . با. . . باردىم، — ھېكمەتمۇ قىزىنىڭ

چىرايىغا قارىيالمىدى، — خەت، رەسىملەرنى كۆرسىتىپ كەلدىم. ھە راست، نەبىمۇ بار ئىكەن.

دادىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن ئۆزىنى نىمىدىنىدۇر قاچۇرۇۋاتقاندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئۇچقۇنئاي نەبىنىڭ خېلى بۇرۇنلا كەتكەنلىكىدىن خەۋىرى بولغاچقا سىرلىق ھالدا كۈلۈپ قويدىيۇ، ئۈندىمىدى.

— بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ، — ھېكمەت غىپىلا قىلىپ چىقىپ كەتتى.

ھېكمەت ئەتىسى ئىشقا ۋاقچىراق چىقتى. ئۇ پەلەمپەيلەردىن ئۆرلەپ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىشى، ئۇيغۇر بۆلۈم باشلىقى مىھرۇللا كىرىمى نۇرساپانىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئىشخانىلاردىن چىققان مۇھەررىرلەر كارىدوردا قارىشىپ تۇرۇشاتتى. مىھرۇللا كىرىمى سەپكۈن يۈزلۈك، بەستلىك ئادەم بولۇپ، ئاچچىقى كەلگەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

— ئەمدى سەن بارمىغان ئىشەك بايرىمى، توڭگۇز بايرىمى قالدى، — مىھرۇللا كىرىمىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، — مىڭىمىزنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ تەھرىرلىگەن ماتېرىياللار بېسىلىپ ياتسا، بىز كىتاب چىقىرامدۇق ياكى تەخەي باقامدۇق. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن تاقاق تۇرسا بۇ يۈزى قېلىن ئىشىك.

مىھرۇللا كىرىمى غەزەپ - ئاچچىقىدا نۇرساپانىڭ ئىشىكىگە «تۇفى» دەپ تۈكۈردى - دە، گۈس - گۈس دەسسەپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ھېكمەت «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى رازاق مالىك، تەرجىمە ئەسەرلەر مۇھەررىرى ئىمىنجان ئەسئەدلەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

— مىھرۇللاكام چېچىلىپ قاپتىغۇ، — سورىدى ھېكمەت رازاق مالىكتىن.



— چېچىلغۇدەك ئىشلار بولۇۋاتقاندىكىن چېچىلماي قانداق قىلىدۇ، — رازاق مالىكنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەنىدى، — مۇھەررىرلەرنىڭ جاپا بىلەن تەھرىرلىگەن ماتېرىياللىرىنى بېسىپ قويۇپ ئۆزى ئويناپ يۈرسە، پىلان ئورۇندالمىسا رەھبەرلەر مۇھەررىرلەرنى زەمچىگە بىسىۋاتسا، نۇرساپاكام تېخى ھەپتە ئالدىدا قۇمۇلدىكى «قوغۇن بەزمىسى» دىن كەلگەنىدى، مانا ئەمدى «ئەنجۈر بايرىمى» غا قاتنىشىش ئۈچۈن ئاتۇشقا كېتىپتۇ.

— ھەي. . . ئۆز ۋاقتىدا ئىشانوفكامنى «قاتتىق قول» دەپ ئاغرىنىپ يۈرۈپتىكەنمىز، — دېدى ئىمىنجان ئەسئەد بېشىنى چايقاپ، — بىرەر ئەسەرنى بەرسەك ئىككى كۈنگە قالماي «ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ» دەپ تېلېفون بېرىدۇ. بىز ئىچىمىزدە «ھەي، بۇ ئادەم كۆرمەيلا تەستىقلاپتۇ ياكى ۋاراقلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ» دەپ ئويلايتتۇق. لېكىن، نەچچە يۈز بەتلىك ئورىگىنالنىڭ قىزىل قەلەم تەگمىگەن بەتلىرى قالمايتتى، قاچانلاردا شۇنچە ئەستايىدىل كۆرۈپ بولغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

— تېخى ھەربىر ئەسەرنىڭ ئېلىۋېتىشكە، تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك يەرلىرىگە ئايرىم پىكىر يازاتتى، — دېدى رازاق مالىك، — ھەتتا مۇھەررىرلەرنى چاقىرىپ چېكىت، پەشلەرنىڭ جايىغا قويۇلماسلىقىدىن كېلىپ چىققان مەزمۇن خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى ئەمەسمۇ.

— ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق دېگەن شۇ - دە، — ئىمىنجان ئەسئەد مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — ئەمدى قانچە قاقشىغىنىمىز بىلەن بىكار.

كارىدورغا توپلاشقان مۇھەررىرلەر ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. ھېكمەتمۇ ئەمدىلا ئىشخانىسىغا مېڭىشى، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مىرسۇلتان ئۇنى چاقىرىپ بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى. مىرسۇلتاننىڭ ئېغىر رېماتىزىم ئاغرىقى بولغاچقا خې-

لىلا ئاسقالاپ ماڭاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ چىشنى چىشلەپ ئىشلەۋاتاتتى.

— ئاڭلىسام، سىزنى بىرەر مەكتەپكە يۆتكىلىدىكەن دېيىشىدىغۇ، — مىرسۇلتان چوققىسىدىكى شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويىدى، — بۇ قانداق گەپ؟

— شۇنداق قىلماقچىمۇ بولغانىدىم، ئويلىسام ئۇمۇ بولمايدىكەن.

— مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمچە، — مىرسۇلتان ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئېلىپ كەلدى، — رەسسام بۆلۈمى پارچىلىنىپ سىزنى ئېلىپ قالغىنىمىزدىن كېيىن شۇنداق قارارغا كەلدىڭىزغۇ دەيمەن. ئەلۋەتتە، سىز ئۇلار بىلەن كەتكەن بولسىڭىز مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى بولاتتىڭىز.

— بۇ سەۋەب بولالمايدۇ، — دېدى ھېكمەت قاتتىقراق تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ ئەمەلگە ئانچىلا ھېرىسمەن ئەمەسلىكىم ئۆزىڭىزگە ئايان، شۇڭا باشتىلا كەتمەيدىغانلىقىم ھەققىدە ئوچۇق پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويغان.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن تۇرۇپلا كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟

— بۇنى چۈشەندۈرمەكمۇ تەس.

ھېكمەت نەشرىياتتىكى بەزى قاتماللىقلارنى سۆزلىمىدى. ئۇ پەقەت ئۆز مەسئۇلىيىتى تارمىقىدىكى رەسساملىق ئۈستىدىلا توختالدى. سىزىلىۋاتقان مۇقاۋىلارنىڭ ئۆتمەسلىكى، سۈپىتىنىڭ ناچارلاپ كېتىۋاتقانلىقى، مۇناسىۋەت ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان ئەركىنتاينىڭ مۇتتەھەملىكى، ئەگەر بۇ ئوڭشۇشسىز ۋەزىيەت تۈزىتىلمىسە كىتابلارنىڭ ناچار، سۈپەتسىز چىقىپ كېتىشىدەك مەسئۇل جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان مىرسۇلتاننىڭ قاپقارا ئۆسكىلەڭ قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ ئېغىر تىنىدى.



— نەشرىياتىمىز ئىسلاھاتقا يېقىندىن ئەگىشىپ كېتەلمىگەنلىكتىن بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مىرسۇلتان ئېغىر تەلەپپۇزدا، — بۇنىڭ ئاددىيلا بىر مىسالى، ھازىر كىتاب - ژۇرناللىرىمىزنى بېسىپ بېرىۋاتقان باسما زاۋۇتلىرىغا بىر مىليوندىن ئارتۇق قەرز بولۇپ قالدۇق. نەچچە خىل تىلدا كىتاب چىقىرىدىغان، مەمۇرىي تارماقلىرى كەڭ بولغان بۇنداق چوڭ ئانا نەشرىياتنى باشقۇرۇپ، ئېپى - جېپىدە يولغا سېلىپ مېڭىشمۇ تەس، شۇڭا يۇقىرى رەھبەرلىك بەزى ئامال - چارىلەرنى ئىزدىنىۋاتىدۇ.

يېقىندا يۇقىرىدىن بىر ھۆججەت چۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «پەن - تېخنىكا» كىتابلىرى تەھرىر ئىشخانىسىنى ئادەملىرى بىلەن يۆتكەپ چىقىپ ئايرىم نەشرىيات قىلىش قەيت قىلىنغانىدى. بۇ خۇددى بالىلار چوڭ بولۇپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەندە ئاتا - ئانىلار يېنىكلەپ قالغاندەك ئۇقۇم پەيدا قىلىسىمۇ، ئەمما پەن - تېخنىكا كىتابلىرىدىن كىرىۋاتقان كىرىم مەنبەسى ئۈزۈلەتتى.

— سىزنىڭ رەسسام بۆلۈمى ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم، يېقىندا نەشرىيات پارتكومى يىغىنى ئېچىلماقچى، مەن بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەستايىدىل سۆزلىشىمەن، — دېدى مىرسۇلتان ئىشەنچ بىلەن، — لېكىن، سىز خاتىرجەم ئىشلەڭ، نەشرىياتىمىزدىكى بۇ قىيىنچىلىقلار قىسمەنلىك، ھەرگىز ئومۇملۇق ئەمەس.

— ھېلىتىن بىر مىليون قەرزگە بوغۇلساق، — ھېكمەت ئاستا غودۇڭشۇپ قويدى، — يەنە بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن نېمە بولۇپ كېتەرمىز.

— ئۇ چاغقىچە رەھبەرلىك ئالمىشىپ ئىسلاھاتچى باشلىقلار كېلىشى مۇمكىن.

— ئۇنداقتا شالتاقنى ئۇلارنىڭ بويىنىغا تۈگمەن تېشىدەك

ئارتىپ قويۇپ چىقىپ كەتكۈدەك.
— ھەي، ھەي، سىزنىڭ ئاغزىڭىززە. . .
مىرسۇلتان گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە ئىشىك چې-
كىلىپ تۇرسۇنجان كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككى قولىنى سوزۇپ
ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىشخانا ئوتتۇرىسىدا
ئۆرە تۇرۇپلا گېپىنى باشلىۋەتتى.
— سىلەرنىڭ سۆھبىتىڭلارنىڭ بېلىگە تەپتىمۇ قانداق؟
— ياق، ياق، قېنى ئولتۇرۇڭ، بىز ئۆزئارا پاراڭلىشىپ
ئولتۇراتتۇق، — دېدى مىرسۇلتان، — ھە، ئىسلاھاتچى، ھا-
زىر ئىشلىرىڭىز قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ ئاڭلاپ تۇردۇق،
غەيرەت ـ شىجائىتىڭىزگە بارىكاللا.
— ئا. . . مىرسۇلتانكا، بارىكاللا دېگۈدەك ئىش
يوق، — تۇرسۇنجان ھېكمەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇققا كې-
لىپ ئولتۇردى، — ھازىرقى دەۋردە ئىسلاھاتچى بولماق قىلىچ-
نىڭ بىسىدا دار ئوينىغاندەك خەتەرلىك ئىشكەن. دارنى ئوڭۇش-
لۇق ئوينىساڭ، بەزىلەر سالما تاشلاپ، قاپقان قۇرۇپ يىقىتىش-
نىڭ كويىدا بولىدىكەن. سەللا مۇدۇرۇپ كەتسەڭ، ئۇلار چاۋاك
چېلىشىپ قىن ـ قىنىغا پاتماي، تەرەپ ـ تەرەپتە غاجاپ،
موللاق ئېتىشىڭنى تىلەپ، تاپمايدىغان پىتنە ـ ئىغۋالىرى قال-
مايدىكەن. شۇڭا، ھازىر مەنمۇ ئېقىننىڭ ئېقىشىغا قاراپ پالاق
ئۇرىدىغان، تۈكنى يېتىشىغا سىلاپ يولۋاسنى ئاچچىقلاتمايدىغان
ھالغا كېلىپ قالدىم.
— بۇ يەنىلا رەھبەرلىكنىڭ ساپاسى مەسىلىسى، — دېدى
مىرسۇلتان قوللىرىنى شىلتىپ، — ئۆزلىرى قىلالمىغان ئىش-
نى باشقىلارنىڭ قىلىپ كېتىشىنى ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت دەپ
بىلىدىغان، ئەمەلدىن، شان ـ شۆھرىتىدىن، مەنپەئەت ـ
ئىمتىيازىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرنى كۆرەلمەيدىغان
باشلىقلىرىمىز بار.



— تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىپ، قايتا ـ قايتا رەتكە سې-
لىپ ئۈچ ـ تۆت يىل تىرىشىۋىدۇق، «گۈلدەستە» نەشرىياتى
لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ قەددىنى رۇسلىغانىدى، — تۇرسۇنجان ئا-
لىم ئىسلاھات ھەققىدە گەپ ئېچىلسىلا قايناپ قالاتتى، — مانا
ئەمدى سېسىق كۆلنىڭ سۈيىدەك لەش بېسىپ ياتتۇق. پەيتۇل-
كام كېكەرسە كېكىرىمىز، ئوسۇرسا يالغاندىن ئىنجىقلاپ قويى-
مىز. قىسقىسى، ئاشۇ «رەھبىرىمىز» نىڭ كۆزىگە قاراپ ياشا-
ۋاتىمىز.
— گېپىڭگە قارىغاندا، ئىجادىي خاسلىقىڭنى ئۆزگەرتىش
ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھىڭنى يوقىتىش شەرتى ئاستىدا ئاخىر
پەيتۇلغا بېقىنىپسەن ـ دە، — دېدى ھېكمەت قوپاللىق
بىلەن، — خې شىن ئەپەندىنىڭ: «ھەقىقىي كەسپىي سەرخىللار
جۇڭگودا ھەمىشە باستۇرۇلىدۇ، بوغۇلىدۇ ۋە باش كۆتۈرەلمەي-
دۇ. باش كۆتۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى كۆتۈرۈلگەن شۇ باش-
نىڭ ئۆزىمۇ ھەر خىل بىنورمال ئىجتىمائىي بېسىمدا ئۇجۇقۇپ
كېتىدۇ. . . سېنىڭ نەتىجە قازىنىش ـ قازانماسلىقىڭ تىرىش-
چانلىقىڭغا باغلىق ئەمەس، بەلكى كاتتىلار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ
قوللاش ـ قوللىماسلىقىغا باغلىق» دېگەن سۆزلىرىنى بۇرۇنلا
ئويلىشىڭ كېرەك ئىدى.
— نېمە، نېمە؟ — سورىدى مىرسۇلتان، — بۇ. . . بۇ
نېمىدېگەن قوپال گەپلەر، كىم دېگەن كىشى ئۇ؟
— خې شىن ئەپەندى، — ھېكمەت خې شىننىڭ كىم
ئىكەنلىكىنى قىسقىلا چۈشەندۈردى، — ئۇنىڭ 1985 ـ يىلىدىن
تا ھازىرغىچە يازغان ماقالىلىرىنى ئوقۇسىڭىز ئاندىن بىلىسىز.
— بولدى، قويۇڭلارچۇ ئىچىمنى قايناتماي، — تۇرسۇن-
جان قول سىلكىدى، — قارا ھېكمەت، كامىل بۈگۈن ئەتىگەن
ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كەپتۇ.
— كامىل كەپتۇمۇ؟ — ھېكمەت ۋارقىرىۋەتكەنلىكىنى

ئۆزىمۇ سەزمىدى.
— ئۇ كېلىپلا ئۆيۈڭگە، ئىشخاناڭغا تېلېفون بېرىپ ئالال-
ماي ماڭا تېلېفون بېرىپتىكەن، شۇڭا سېنى ئىزدەپ كېلىشىم.
— هازىر ئۇ نەدە؟
— ئۆيىدە بولامدۇ.
— كەچۈرۈڭ مىرسۇلتانكا، قالدى گەپلەرنى كېيىن قى-
لىشارمىز.
هېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان ئىشخانىدىن ئالدىراپ چىقىپ
كېتىشتى.



## شاللانغان سەرخىل

كېچە سائەت ئوندىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى. ئىچىدىن تاقال-
غان ئىشخانا ئىچىدە مەسۇم قابىل «چىنار» تەخەللۇسلۇق شا-
ئىرچاق بالىغا قانداقتۇر قولىيازمىلارنى تەرجىمە قىلدۇرۇۋاتات-
تى. ئۇ ئورىگىنالاردىكى سەھىپىلەرنى پىچىرلاپ دېگۇدەك ئاس-
تا ئوقۇيتتى، نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرەتتى، تۇرۇپلا «مۇنداق
دېسەك بولمىغۇدەك، ئۇنداق ئۆزگەرتىڭ» دەپ ئۆگىتەتتى. تولا
ئۆچۈرۈپ هەم تۈزىتىپ ئاق بەتلەرمۇ ئوقۇغۇسىز بۇلغىنىپ
كەتكەنىدى. ئاخىر تەرجىمىمۇ ئاياغلاشتى. «چىنار» چاپاق سە-
هىپىلەرنى هەجىلەپ ئوقۇشنى باشلىغاندا، مەسۇم قابىلنىڭ چە-
رايى خۇددى ئازغان غۇلىدەك ئېچىلسا، تۇرۇپلا هېلىلىدەك
قورۇلۇپ قىياق كۆزلىرى قىسىلاتتى ۋە ئېسىدىن كەچكەن مەز-
مۇنلارنى قۇر ئارىلىقلىرىغا قىستۇرۇشنى ئۇنتۇمايتتى. خەير-
يەت، سەككىز بەتلىك خەنزۇچە ماتېرىيالنى قايتا كۆچۈرۈپ
چىققۇچە كېچە سائەت ئون ئىككى بولۇپ قالدى.
— مەسۇمكا، — شىۋىرلىدى چىنار، — ئاستىغا تۇرسۇن-
جاننىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويايمۇ؟
— قانداق بولار؟ — مەسۇم قابىلنىڭ كۆزلىرى قىسىل -
دى، — ياق، بولمىغۇدەك، ئىسىم بويىچە تۇرسۇنجاندىن سۇ-
رۇشتە قىلىپ قالسا ئىش بۇزۇلىدۇ. «ئامىمدىن» دېسەك
بولارمۇ؟
— توغرا، — چىنار جانلانغاندەك بولدى، — ئۇنداقتا
خەتنىڭ تەسىرچانلىقىمۇ چوڭقۇر بولغۇدەك.

— توختا، — مەسۇم قابىل ئاياغ ئاستىدىكى ئۆزىنىڭ تۇكۇرۇكىگە قاراپ خېلىغىچە جىمىپ كەتتى، — ئەڭ ياخشىسى «ئاممىدىن»مۇ دېمەيلى، ئىسمىمۇ ئالمايلى.

— بوپتۇ ئەمىسە، سىز دېگەندەك بولسۇن.

— نېمىشقا دېسەڭ، بەربىر ئۇلار تۇرسۇنجاندىن گۇمان قىلىدۇ، — مەسۇم قابىل يېزىلغان ماتېرىيالنى قاتلاپ قويۇن يانچۇقىغا سالدى-دە، تولىمۇ ئاستا شىۋىرلىدى، — ھازىر يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى، ھەممە بۆلۈملەر يىللىق خۇلاسە قىلىشىۋاتىدۇ، تاماشا تېخى ئالدىمىزدا.

— مۇكاپات ئالمىغانلار، مائاشى تۇتۇلىدىغانلار بولتۇرقىدەك يەنە جېدەل چىقىرىمىزمۇ؟

— ئۇنىڭدا گەپ يوق، مەسىلە نەق شۇ يەردىن باشلىنىدۇ، — دېدى مەسۇم قابىل چىراغنى ئۆچۈرۈپ، — پەيتۇلكامنىڭ دېيىشىچە، پۇرسەت پىشىپ يېتىلسىلا تۇرسۇنجاننى ھەيدەيمەن، دەيدۇ. ئۇ كۆزدىن يوقالسىلا. . .

— ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇشىڭىزدا گەپ يوق.

— ئۇ چاغدا سېنى ئىجادىيەت تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ھەتتا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىپ دوكلات يازىمەن.

— رەھمەت مەسۇمكا، مانا مەن ھەرقانداق ئىشىڭىزغا بېشىم بىلەن تەييار، — چىنار ھاياجانلاندى، — بۇنىڭدىن كېيىن قانداقلىكى ھاجىتىڭىز بولسا ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرۇڭ.

— تۇرسۇنجان ھازىر لىكتاسىمىدەك بولۇۋالغاچقا، — ئۇلار تىمىسقىلاپ قاراڭغۇ كارىدورغا چىقىشتى، — پەيتۇل بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلمۇ بېسىقىپ قالدى.

— چۈشەندىم، شۇڭا بۇ نامسىز خەت بىلەن پۇرسەتنى ئۆزىمىز پىشىپ يېتىلدۈرىمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟



مەسۇم قابىل بىلەن شائىرچاق چىنار پەلەمپەي تاملىرىنى سىيپاشتۇرۇپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

ئەتىسى كادىرلار ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. داۋاملىق سېمىز قاپاقلىرى سېلىنىپ تۇرىدىغان پەيتۇل ئۇنىڭغا قىيا كۆزىنى تاشلىدى.

— ھە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى، مەسۇم قابىل؟

— يوقسۇ، تۇسۇنجاننى ئىزدەپ كىرىشىم. ئۇ بۇ يەرگىمۇ كىرمىگەن ئوخشايدۇ.

— مەنمۇ ئۇنى تۈنۈگۈندىن بېرى كۆرمىدىم.

— مەن تۈنۈگۈن كوچا ئاپتوبۇسىدا كېتىۋېتىپ پوچتىخانا ئالدىدا ئۇنى كۆرگەندەك قىلدىم، — مەسۇم قابىل ئاۋازىغا سىرلىق تۈس بەردى، — قولىدا خەت تۇرامدۇ نېمە، شۇمۇ-ئەمەسمۇ دېگۈچە ماشىنا مېڭىپ كەتتى.

— تايىنلىق ئۇ قويۇن تىراژ خاپىلىقىدا ئۇ يەر-بۇ يەرلەرگە زاكاز تالونى يوللاپ يۈرگەندۇ.

— شۇنداقمىكىن دېسەم ئالاقزادىدەك كۆرۈنىدۇ. . .

مەسۇم قابىل ھىيلە كۆۋرۈكىدىن بىرنى سېلىۋېتىپ چىقىپ كەتتى. پەيتۇل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سىگارىيان قارىغىنىچە مەسخىرە بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئىچىدە «خەت سالغانغىمۇ ئالاقزادە بولامدۇ كىشى، پۇرىمايدىغان يېرى يوقتە بۇ تايغاننىڭ» دەپ ئويلاپ تۇرۇشى، تېلېفون جىرىڭلاپ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. پەيتۇل تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن «بولىدۇ، مەن ھازىرلا باراي» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئۈستەلدىكى كۆرۈۋاتقان ئورىگىناللارنى يىغىشتۇرمايلا ئىشخانىنى قۇلۇپلىدى. داۋاملىق ھويلا ئەتراپىدا، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە چۆرگىلەپ يۈرىدىغان شوپۇر ئۇنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇ:

«باشقۇرۇش ئورگىنىغا بارىمەن، ئىككى قەدەم ئارىلىق تۇرسا»
دەپلا دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. پەيتۇل كېتىۋېتىپ «جاڭ پىڭ
بىلەن ئەكرەم نىياز يىللىق خۇلاسىنى سۆيلەمدىغاندۇ ياكى يېڭى-
دىن كەلگەن ھۆججەت، ئوقتۇرۇش بارمىكىن» دېگەندەك خى-
ياللار بىلەن باشقۇرۇش ئورگىنىغا يېتىپ كەلدى.
ئورگان باشلىقلىرى پەيتۇلنى بىرلىكتە ساقلاپ تۇرغاچقا،
ئەكرەم نىيازمۇ جاڭ پىڭنىڭ ئىشخانىسىدا ئىدى. قىزغىن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشۈشلەردىن كېيىن پەيتۇل دىۋانغا كېلىپ ئول-
تۇردى. جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىياز بۇ تەرسا باشلىققا ھەر
قېتىم بىرەر ئىشنى ئوقتۇرغىنىدا، ۋەزىيەت، سىياسەت، تۇ-
زۇم، خىزمەت ئېھتىياجى، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇش قاتار-
لىقلارنى يىراقتىن ئەگىتىپ كېلىپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن چۈ-
شەندۈرۈش، ئېزىپ ئىچۈرۈشتەك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلەت-
تى. مانا ھازىرمۇ جاڭ پىڭنىڭ ئىشارىتىدىن كېيىن، ئەكرەم
نىياز تونۇر كۆرمىگەن دىۋانىگە تونۇرنىڭ توپا، سۇ، توزغاق،
يۇڭلاردىن ياسىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ تونۇر بېشىغا ئېلىپ كەل-
گەندەك، «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» باھالاشنىڭ شەرت، تەلەپ-
لىرىنى ئۇزۇن سۆزلىدى.
— ئورگىنىمىزغا «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» نامزاتىدىن
بىر سان كەلگەنىكەن، — دېدى ئەكرەم نىياز گەپنىڭ پوسكاللى-
سىنى ئاشكارىلاپ، — ئورگاندىكىلەر ئەستايىدىل مۇزاكىرە قى-
لىپ تۇرسۇنجاننى بېكىتتۇق، شۇڭا سىزنى چاقىرغاندۇق.
— ئەكرەم نىيازنىڭ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىدەك، — جاڭ
پىڭ تارتمىدىن تامغا بېسىلغان جەدۋەلنى ئېلىپ پەيتۇلغا سۇن-
دى، — شەرتتە ئىسلاھات روھى كۈچلۈك بولۇشى، يېڭىلىق
ياراتقان، كەسپىي جەھەتتە ئالاھىدە نەتىجىسى، ئىلمىي
ماقالە - ئەسەرلىرى بار بولغان، شۇنداقلا نەتىجە قازانغان بولۇ-
شى كېرەك دېيىلگەن. بۇنىڭغا تۇرسۇنجان ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەن،



دەپ ئويلاشتۇق.
پەيتۇل جەدۋەلگە قانچە قارىغانسېرى ھېچنېمىنى كۆرەلمى-
دى، كاللىسىدا غەليان كۆتۈرۈۋاتقان شان - شۆھرەت، نام -
ئاتاق، شۇنداقلا ئاچچىق ئەسلىمىلەر قويۇق تۇمان بولۇپ كۆز
قارىچۇقلىرىنى مانانلاشتۇرغانىدى. ھازىرغىچە پۇت تېپىشىپ،
سوقۇشقاق خورازلاردەك چوقۇشۇپ، ئىتتەك خىرقىرىشىپ پەي-
تۇلغا بىرەر نەپەس ئاراملىق بەرمەيۋاتقان تۇرسۇنجان ئەمدىلىكتە
«مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ كېتەرمۇ؟ ھازىرقى ۋاقىتتا
مەركەزدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە، زاۋۇت، كان - كارخانا، پەن
تەتقىقات ئورۇنلىرى، شىركەتلەر، يېزا ئىگىلىك، سانائەت،
ھەتتا مەمۇرىي ئورگانلارغىچە بىرىنچى قول ھوقۇقنى ئەنە شۇن-
داق ھەممىگە كامىل كىشىلەرگە تۇتقۇزۇۋاتامدۇ؟ زەھەر ماياق-
لايدىغان بۇ قۇزغۇننى نېمە پوق يەپ باغقا چىللاپ كەلگەن
بولغىيدىم، تېخى ماۋۇ سارىنىڭ مېڭىسىنى يەۋالغان پەپىلىقۇش
ساراڭلارنىڭ پەيتۇلنى مەسخىرە قىلغاندەك، تامغا بېسىلغان
جەدۋەلنى كۆرسىتىۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان!
— پەيتۇلكا، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — ئەكرەم نىياز ئۇ-
نىڭغا ئېگىشتى، — ئەگەر جەدۋەلدە كەم قالغان يەرلىرى بولسا
دېسىڭىز بىز تولدۇرۇپ قويىمىز.
— بوپتۇ، بوپتۇ. . . ئۇ. . . ئۇ ئىسلاھاتچى بولغاندىكىن
شەرتكە چۈشكۈدەك، — پەيتۇل دۇدۇقلىدى، — بىراق ئۇ. . .
ئۇنىڭغا پىكىر كۆپ تۇرسا، مۇھەررىر، كوررېكتورلار ئۇنىڭ
ئۈستىدىن قاقشاپ، قاغاپ يۈرۈشسە. . .
— ئىسلاھات دېگەن ئەنە شۇنداق رەھىمسىز بولىدۇ، —
دېدى جاڭ پىڭ گەپنى ئەگىتمەي، — داشقازان چېقىلغانىكەن،
ئىشچانلار، ئىقتىدارلىقلار تىرىشىپ - تىرمىشىپ مەنپەئەت
يارىتىدۇ. ھۇرۇن، لايغەزەللەر چېقىلغان داشقازانغا قاراپ ياش
تۆكىدۇ، چېقىۋەتكەنلەرنى قارغايدۇ، تىللايدۇ، غوۋغا قىلىدۇ.

ئەسلىدە «گۈلدەستە» نەشرىياتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى، كادىرلارنىڭ ئارخىپى باشقۇرۇش ئورگىنىدا ساقلىناتتى. كونكرېتلاشتۇرغاندا، «گۈلدەستە» نەشرىياتىنىڭ ھەممە ھوقۇقى يەنىلا باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ قولىدا ئىدى. ئىسلاھات جەريانىدىكى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك كونا قائىدە - تۈزۈملەر، خىزمەت ۋەزىپىسى، ئىنتىزام، ئىلغارلارنى سايلاش، جازالاش، مۇكاپاتلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتۈپ تەستىقلاپ يوللانغاندىن كېيىن، باشقۇرۇش ئورگىنى كۆرۈپ چىقىپ بېكىتەتتى. مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى باھالاش، ئۇنۋان باھالاش ئىشلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىپ، «گۈلدەستە» نەشرىياتى باشلىقلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويسىلا بولۇۋېرەتتى. شۇڭا جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىياز بۇ قېتىمقى «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بېكىتىش ئىشىنى يۇقىرىغا يوللىۋەتمەكچى بولغان، بىراق پەيتۇلنىڭ تۇرسۇنجاننى «يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ ئارقا ئىشىكتىن ماڭدى» دەپ جېدەل چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئاتايىن چاقىرغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئىككى باشلىقنىڭ تۈگىمەس جېدەللىرى جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىيازنى بىر چوقۇپ ئىككى قارايدىغان قىلىپ قويغانىدى، ھەتتا ئۇيغۇر بۆلۈمگە تەئەللۇق بىرەر مۇھىم مەسىلىنى مۇزاكىرىلىشىش ياكى ئاممىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىدىمۇ تۇرسۇنجاننى يالغۇز چاقىرالماي، مەسۇم قابىل ئىككىسىنى تەڭ تەكلىپ قىلاتتى.

پەيتۇل جاڭ پىڭنىڭ ئىشخانىسىدىن سالپايغان پېتى چىقىپ كەتتى. ئۇ «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» تىن ئىبارەت كالتەكنىڭ زەربىسىدىن ئۈچ - تۆت كۈنگىچە گاراڭلا يۈردى، قولى زادىلا ئىشقا بارمىدى. گويا تۇرسۇنجان مۇشۇ شەرەپ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا بۇيرۇق بېرىۋاتقاندەك، خىزمەتلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ ئەيىبلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدا ئايان



بولاتتى. پەيتۇل ئەنە شۇنداق ئىچىنى تىتىشاپ قالغان بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن لى بۇجاڭدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. «ئىشخانامغا تېز كېلىڭ» دېگەن بۇ ئادەتتىكى سۆز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەزرائىلنىڭ بۇيرۇقىدەك ئاڭلىنىپ پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى. ئۇ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ پەسكە چۈشتى - دە، شوپۇرغا ۋارقىرىدى.

— تەشۋىقات بۆلۈمىگە.

پەيتۇل باشقىلار ئىشتىن چۈشۈپ خېلىلا قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلدى. ئۇ بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا خۇددى ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ ھورىدىن چۈشكەنىدى. ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا، دەرۋازا ئالدىدا تاماكا چېكىپ تۇرغان مەسۇم قابىل يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، ماشىنىدىن چۈشۈپلا دەلدۈگۈنۈپ كەتكەن پەيتۇلنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى.

— ۋوي پەيتۇلكا، بىر نېمە بولمىغانسىز، چىرايىڭىز باشقىچىلا بولۇپ قاپتۇ، — مەسۇم قابىل ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى، — كېسەل بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە، يۈزلىرىڭىز ئېسىلىپ، كۆزلىرىڭىز ئولتۇرۇشۇپ قاپتۇ.

— ياق، ياق، — پەيتۇل جانسىز قوللىرىنى سىلكىدى، — ھېچ... ھېچنېمە بولمىدىم.

— نەدىن كېلىشىڭىز؟

— لى... لى بۇجاڭ چاقىرتىپتىكەن...

— ئۇنداقتا لى بۇجاڭ جىقراق ئىچۈرۈپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئىچۈردى... راسا ئىچۈردى... ئوغا بىلەن زەھەرنى قوشۇپ ئىچۈردى...

ھويلا ئىچىدە مىسقالچە مادارى قالمىغان پۇتلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ كېتىۋاتقان پەيتۇلنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان مەسۇم قابىلنىڭ قىياق كۆزلىرى قىسىلىپ، قارىمۇتۇق چىرايى مەس-

خىرىلىك پۇرۇشتى - دە، پوسۇققىدە كۇلۇۋەتتى. ھەر ھالدا ئۇنىڭ نەچچە سائەتلەپ سوغۇقتا توڭۇپ تارتقان ئەجرى بىكار كەتمىگەنىدى.

قاپاقلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قوش ئېڭەكلىرى تارتىلىپ، كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى توختىماي نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ تۇرغان پەيتۇل پەلەمپەي شادلىرىنى تۇتۇپ ھەم ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئارانلا چىقتى. ئۇنىڭ تىزلىرى توختىماي تىترەپ تۇراتتى، پۇتۇن تېنى تاشقا ئايلانغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى.

پەيتۇل خوتۇن - بالىلىرىنىڭ پايپېتەك بولۇشىغا پەرۋا قىلماي، «چارچاپ كەتتىم، مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار» دەپ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئايالى شىپىلداپ كىرىپ ئۇنىڭ ئاياغ، چاپانلىرىنى سالدۇرۇپ، ئەدىيالنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

پەيتۇل تورۇسقا تىكىلگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى. بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قورقۇنچلۇق ئوي - پىكىرلەر گويا ئۇنىڭ كاللىسىغا ئوچۇمداپ يىڭنە چېچىۋەتكەندەك، بېشىنى مىدىرلاتسىلا سانجىلىپ ھەم قادىلىپ ئازابلايتتى. شۇنداقتىمۇ بىر تۇرتەك ماتېرىيالنىڭ ئۇستىگە پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ سۆزلەۋاتقان لى بۇجاڭنىڭ غەزەپلىك سىماسى كۆز ئالدىدا مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇراتتى.

ئىسمىسىز پاش قىلىش خېتىنى تۇرسۇنجان قۇيۇندىن باشقا يەنە كىم يازاتتى؟ خەنزۇچىنى بۇنداق قاملاشتۇرۇپ يېزىش پەقەت شۇنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. ماتېرىيالدا قويۇلغان مەسىلەلەر تۇرسۇنجاننىڭ مەسۇم قابىلغا دەپ بەرگەن سۆزلىرىنىڭ نەق ئەينىغۇ. ئېلىۋاتقان بىنورمال قەلەم ھەققىنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇدۇكسىنىپ ھەم سۆز - چۆچەكتىن قورقۇپ باشقىلارنىڭ نامىغا يېزىش، بىر كىتابقا قوش تەھرىرلىك قەلەم ھەققى ئې-



لىش، بىر قىسىم ھوقۇقدار ئاغىنىلىرىگە كىتابنى بىر ھەپتە تۇتقۇزۇپ قويۇپ شەكلى ئۆزگەرگەن پارا بېرىش، ھېچقانداق ئىسپاتسىز باشقىلارنىڭ قەلەم ھەققىنى تارتىۋېلىش، دېگەندەك گەپلەر ھوقۇق كويىدا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقماي قالامتى! خەپ قۇيۇن، سەن ئۇستۇمدىن نامسىز خەت يازغانىكەنسەن، ئەمدى مېنىڭ ھۇنىرىمنى كۆر! مۇشۇكنىڭ پەنجىسىدىن يۇڭۇزلانغان چۈجىدەك قىپيالىڭاچ قىلىپ قويمىسام پەيتۇل ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن! ئەلھۆكمىللا دەپ بېشىنى چاترىقىغا تىقىپ ياش تۆكۈپ ئولتۇرىدىغان پەيتۇل تېخى تۇغۇلمىدى!

پەيتۇل ئوغىدەك خىياللار پەنجىسىدە تۈن نىسپىغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ تۇرسۇنجاننىڭ قاملاشتۇرۇپ ئەدىپىنى بېرىش، بۇ ئارقىلىق ئۇنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش چارىلىرىنى ئويلاپ ياتتى. تۇيۇقسىز، نۇردۇن خوجىنىڭ يىل بېشىدا دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىپ، خۇددى ئوشۇقى ئالچۇ چۈشكەن قىمارۋازدەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ نۇردۇن خوجىنىڭ شۇ چاغدىكى سۆزلىرىنى ئەسكە ئالماقتا ئىدى: «باشلىقلىق سالاھىيىتىڭىز بىلەن نەشرىياتنىڭ تىنچ - ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئۇ ھاننات ئوغرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۆزىڭىزنىڭ ھوقۇقى. ‹باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كېتىڭ›، ياكى ‹مەن ئەمدى سىزنى ئىشلىتەلمەيمەن، ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق ئورۇن تېپىۋېلىڭ›، دەپ يولغا سېلىپ قويسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. ئادەم ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك سىزنىڭ ھوقۇق دائىرىڭىز ئىچىدە. گەپ يەنىلا ئاممىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى، نارازىلىق چۇقانلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقالىشىدا. . . »

«پاھ، نېمىدېگەن ئاقىلانە ۋەھشىي تەدبىر بۇ. . . بىر چاغلاردا بۇ ئادەمنىڭ خېلىلا بىر چوڭ ئورۇنغا باشلىق بولىمەن، دەپ يۇقىرى - تۆۋەن قاتىرىغانلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن - دە. بۇ ئادەم پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ ھېلىھەم

كىچىك ماشىنىدا يۈرىدۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك. . .
كېچىچە ھەمدەم خىياللار قايىنىمىدا تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان
پەيتۇل ئەتىسى ئەتىگەندە ئانچە - مۇنچە ناشتا قىلدى - دە،
ئىدارىگە كەلدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇدۇل مالىيە بۆلۈمىگە
كىردى. بىر چوڭ ئىشخانىغا سولىنىۋالغان تۆت مالىيە خادىمى
چوتلىرىنى شاراقلىتىپ، يىللىق مۇكاپات ۋە قەلەم ھەققىگە
ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلار پەيتۇلنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدا سەل قد-
مىرلاپ قويۇپ سالام بەجا كەلتۈرۈشتى.
ـــ مۇكاپات ھەم قەلەم ھەققىلىرىنى قاچان تارقىتىسى-
لەر؟ ـــ سورىدى پەيتۇل چىرايى تۈتۈلغان قىياپەتتە، ـــ سى-
لەرنىڭ ئىش ئۈنۈمىڭلار نېمانداق ئاستا، بۈلتۈر بۇ ۋاقىتتا
تارقىتىلىپ بولۇنغان ئەمەسمىدى.
ـــ ھەممە بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ يىللىق خۇلاسە جەدۋەل-
لىرى ئىشلىنىپ تەييار بولدى، ـــ دېدى چاچ - ساقاللىرى
ئۆرۈك گۈلىدەك ئاقىرىپ كەتكەن مالىيە بۆلۈم باشلىقى رەجەپ
قاسىم، ـــ لېكىن، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ھازىرغىچە تاپشۇر-
مىدى، شۇنىڭغىلا قاراپ قالدۇق.
پەيتۇل قاپىقىنى ئۈشۈرۈپ بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن
كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇيغۇر بۆلۈم
مۇدىرى ئىشخانىسىغا كىرگەندە، تۇرسۇنجان بىلەن مەسۇم قابىل
باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلار پەيتۇلنى كۆرۈش بىلەن
ئورنىدىن تۇرۇپ ھال سورىدى، لېكىن پەيتۇل ئېتىلىپ كېتى-
دىغاندەك يۈزلىرى چىمىقىلىپ قاراپ تۇراتتى.
ـــ تۇرسۇنجان، بۇ قانداق گەپ ئۆزى، ـــ پەيتۇلنىڭ
كۆزلىرىدىن قىنىقماس دۈشمەنلىك زەردىلىرى چاچراپ تۇرات -
تى، ـــ باشقا بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ يىللىق مۇكاپات، قەلەم
ھەققى خۇلاسىلىرى ئىشلىنىپ بوپتۇ، مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر
ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ھازىرغىچە يوق دەپ قاقشاۋاتىدۇغۇ؟



ـــ پەيتۇلكا، خۇلاسىنى ئىشلەپ بولغان، ـــ دېدى تۇر-
سۇنجان تۈز كۆڭلى بىلەن، ـــ لېكىن، سىز بىلەن مەسلىھەتلى-
شىدىغان ئىش چىقىپ قالغاچقا ئەكىرىپ بەرمىگەن.
ـــ ماڭا سالغۇدەك قانداق مەسلىھەت ئىدى ئۇ؟
ـــ مەن ھازىرلا ئىشخانىڭىزغا قەلەم ھەققى تالونلىرىنى
ھەم خۇلاسە جەدۋىلىنى ئېلىپ كىرەي.
ـــ بولدى، ئەزمىڭىزنى ئەزمەي مەشەدىلا دەڭ، مەن ئال-
دىرايمەن.
پەيتۇلنىڭ قوپال تېگىشىدىن تۇرسۇنجانىنىڭ غۇزۇژىدە ئاچ-
چىقى كەلگەن بولسىمۇ، قەلەم ھەققى تالونى ھەم يىللىق خۇلاسە
جەدۋىلىنى پەيتۇلنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. تالونغا مۇھەررىر-
لەرنىڭ يىللىق ۋەزىپىدىن ئاشۇرغان قىسمىغا قەلەم ھەققى يې-
زىلغان، يىللىق جەدۋەلگە بولسا ئۇلار ئىشلىگەن كىتابلارنىڭ
نەشرىياتقا كىرگۈزگەن پايدىسىنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتى مۇكاپاتقا
ئايرىلىپ تەپسىلىي يېزىلغانىدى. پەيتۇل جەدۋەلگە سىنچىلاپ
ئۇزۇن قاراپ كەتتى، قارىغانسېرى چىرايى بۇلۇتتەك تۈتۈلۈشقا
باشلىدى.
ـــ بۇ. . . بۇ قانداق تۈزۈلگەن جەدۋەل؟ ـــ پەيتۇل جەد-
ۋەلدىكى بىرقانچىلىغان ئىسمىغا بىگىز قولىنى چىنىدى، ـــ
ئۇلار ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا پىرسەنت بويىچە مائاشىدىن تۇ-
تۇش يوق، يەنە بەش يۈز سومدىن مۇكاپات يېزىپ قويۇپسىزغۇ؟
ـــ مېنىڭمۇ سىزدىن مەسلىھەت سورىماقچى بولغان ئىشىم
شۇ ئىدى، ـــ تۇرسۇنجانىنىڭ چىرايىدىن ئامالسىزلىق چىقىپ
تۇراتتى، ـــ ئۆزىڭىزگە مەلۇم، بۈلتۈر ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى
يىلدا بىرقانچە مۇھەررىر، كوررېكتورلار غوۋغا كۆتۈرۈپ ئىش-
خانىڭىز ئالدىدىن كەتمىدى، شۇڭا بۇ يىلمۇ سىزنى تەڭلىككە
سالمىسۇن دەپ. . .
ـــ بىلىپ قويۇڭ، ئىسلاھات دېگەن ئەنە شۇنداق رەھىم-

سىز بولىدۇ، — پەيتۇل جاڭ پىڭنىڭ سۆزلىرىنى خېلىلا ئۆزلەشتۈرگەندەك قىلاتتى، — داشقازان چىقىلغانىكەن، ئىشچانلار، ئىقتىدارلىقلار تىرىشىپ - تىرمىشىپ پايدا يارىتىدۇ، ھۇرۇن - لايغەزەللەر چىقىلغان داشقازانغا قاراپ ياش تۆكىدۇ، ۋارقىرايدۇ، جارقىرايدۇ. سىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ياخشىچاق بولماقچىمۇ؟

تۇرسۇنجاننىڭ كۆڭلىدىن لەپلا قىلىپ بۇلتۇر بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش كەچتى. يىللىق خۇلاسە چىقىرىلىپ، مۇكاپات، قەلەم ھەققىلىرى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۈچ - تۆت مۇھەررىر، كوررېكتور ئاياللار پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرىپ بىر ھەپتىگىچە غوۋغا كۆتۈرۈپ بوسۇغا ئالدىدىن نېرى كەتمىگەن، كېيىن ئۇلارغا چىنار قاتارلىق ئۈچ ئەرمۇ قوشۇلغانىدى. شۇ چاغدا پەيتۇل ئىسلاھاتنىڭ قائىدە - مىزانلىرىنى چۈشەندۈردى — ئۇنىڭ ئىسلاھات توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىمۇ قانچىلىك دەيسىز — ، تېرىكتى، ئاخىر ئاچچىقلاپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ شۇنچىلىك ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتىكى، ھەر قېتىم ئىشقا كەلگەندە، ئىشخانام ئالدىدا «قاراۋۇللار» بارمىكىن، دەپ پەلەمپەي دوقمۇشىدىن مارايدىغان بولۇپ قالدى. تەڭلىكتە قالغان پەيتۇل بىر كۈنى تۇرسۇنجانغا: «ئاشۇ خەقنىڭ ئاغزىنى بەش يۈز سومدىن تارقىتىپ تۇۋاقلامدۇق يە» دېۋىدى، تۇرسۇنجان: «ئۇنداق قىلساق ئۇلارنى تەييار تاپ، ھۇرۇن قىلىپ قويۇشتىن سىرت، ھەقىقىي جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ قويىمىز» دەپ كەسكىن رەت قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە پەيتۇل تۇرسۇنجاننى «ياخشىچاق» لىقتا ئەيىبلەۋاتىدۇ.

— مەنغۇ ئامالسىزلىقتىن سىزنى ئويلاپ شۇ قارارغا كەلگەن، — دېدى تۇرسۇنجان.

— مېنى ئويلىماي قويۇڭ، — پەيتۇلنىڭ ئاچچىقى بوش



ئەمەس ئىدى، — تۈننى نەدىن كەلسە شۇ يەردىن پىچىڭ، بۇنداق پرىنسىپاللىق ئىشلاردا يەل قويۇۋەتسىڭىز قانداق بولغىنى. مۇكاپات، قەلەم ھەققى ئالالمايدىغانلارغا بەرمەسلىك، ۋەزىپىسىنى نورمىغا يەتكۈزەلمەي كەملەتكەنلەرنىڭ پرىنسىپ بويىچە مائاشىنى تۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە جەدۋەلنى ھازىرلا قايتىدىن تۈزۈپ بۈگۈنلا يوللىۋېتىڭ.

پەيتۇل ھېچ كۆرۈلمىگەن قوپاللىق بىلەن دىمىغىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن تۇرسۇنجان مەسۇم قابىلغا قاراپ مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى.

— نېمە بولغاندۇ بۇ ئادەمگە، — تۇرسۇنجان غۇدۇڭشۇپ قويدى، — بۈگۈن بۆرە جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپلا قوپۇپتىغۇ.

— نېمە بولماقچىدى، — دېدى مەسۇم قابىل كۈلۈپ قويۇپ، — تۈنۈگۈن لى بۇجاڭ چاقىرتىپتىكەن، شۇ يەردىن خۇددى كۈچۈلا يېگەن ئىتتەك قايتىپ كەلدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— لى بۇجاڭ ساقىلىنى قىرغان گەپ، — مەسۇم قابىل گەپ يورغىلاتماقتا ئىدى، — ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، ئۇنىڭ «ئىسلاھات رەھىمسىز بولىدۇ، پرىنسىپاللىق ئىشلاردا يەل قويۇۋەتمەڭ» دېگەن گەپلىرىدىن لى بۇجاڭدىن ئەدىپىنى يېگەنلىكى چىقىپ تۇرمامدۇ.

— شۇڭا شۇنداق ئاكتىپ بولۇپ كېتىپتىكەن - دە.

جەدۋەلنى قايتىدىن ئىشلەپ مالىيە بۆلۈمىگە تاپشۇرۇۋەتكەن تۇرسۇنجان شۇ كۈنى كەچ ئىشتىن بالدۇرلا چۈشتى. ئۇ مەسۇم قابىلغا: «ماھىگۇل كىتابىنىڭ بەزى يەرلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزمەكچىكەن، ھېكمەت ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بارماقچى ئىدۇق» دەپ قويۇپ، ئورگىنال خالتىلىرىنى سومكىسىغا سېلىپ كېتىپ قالدى. مەسۇم قابىل ھېكمەتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن چىرايى غەلىتىلا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ چاندۇرمىدى.

ھېكمەتنىڭ رۇستەمگە ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن مەسۇم قابىل دەسلەپتە ئانچە سىنەكىمىگەندەك قىلغانىدى، كېيىن ئويلىغانسېرى ئوغىسى قاينىدى. «پۇل ئارقىلىق ئوغلۇمنىڭ بوينىنى باغلاپ ماڭا قارشى قويماقچى» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى. شۇڭا ئۇ ھېكمەت، كامىللارنىڭ ئەسەرلىرىنى «ئوپېراتسىيە قىلىپ» راسا بىر ئەدىپىنى بېرىش كويىدا يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە رۇستەم ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇددى يات ئادەمدەك ئەلپازدا ھۇرپىيىپ تۇراتتى.

— دادا، — دېدى رۇستەم يۈز - خاتىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، — بۇنىڭدىن كېيىن ھېكمەت، كامىلكاملار ئۈستىدىن ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتسىڭىز، ئوبزور - ماقالە يېزىپ سېسىتسىڭىز مېنى «ئۆز پۇشتۇمدەك ئىش قىلمىدى» دەپ رەنجىپ يۈرمەڭ. مەن مەتبەئە يۈزىدە سىز بىلەن مۇنازىرىلىشىمەن... ئىلىم - پەندىكى بەس - مۇنازىرە قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ مەسۇم قابىل ھېكمەت، كامىللارغا قاراتقان نەيزە ئۇچىنى يىغىشتۇردى، چۈنكى ھازىر كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش ئوبزورچىلارغا سەل قارىغىلى بولمايتتى. ئۇلار يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، ئوقۇپ ھەزىم قىلماق تەس بولغان، پەلسەپىلىك روھقا ئىگە ئاجايىپ ماقالىلىرى ئارقىلىق زىيالىيلارنى تاڭ قالدۇرماقتا ئىدى. يەنە كېلىپ، رۇستەم كىچىكىدىن دادىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ سەل قارىغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ مەسۇم قابىلنىڭ ھازىر ئەمەل - مەنسەپ كويىدا ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى.

كارىدوردىكى تاراقلاپ مېڭىشقان ئاياغ ئاۋازلىرىدىن كەچلىك ئىشتىن چۈشكەنلەرنىڭ ئىدارە ئاپتوبۇسىغا ئالدىراۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بىراق، مەسۇم قابىل ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ



قويمىدى. چۈشتە پەيتۇل ئۇنىڭغا پىچىرلاپ دېگۈدەك «كەچتە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئىشخانىڭىزدا مېنى ساقلاڭ» دەپ قويغاچقا، ئۇ ئالدىدىكى ئورگىناللارنى بېرىلىپ كۆرۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، پەيتۇلنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ئويلاپ ئولتۇراتتى.

لى بۇجاڭ تاپشۇرۇۋالغان نامسىز خەت پەيتۇل ئۈچۈن سىر ئەمەس، ھەتتا كېرىم ھەم لى بۇجاڭلارمۇ تۇرسۇنجاننىڭ يازغانلىقىدىن گۇمانلانمايدۇ. چۈنكى، بۇ چاغقىچە ئىككى باشلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئايىغى چىقماس بىر - بىرىنى چىشلەپ تارتىشلار يىمىرىلمەس پاكىت، ئەلۋەتتە! بۇ خەت پەيتۇلنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، تومىقىنى ئۇچۇرۇپ، بەدىنىدىكى بارلىق مەرەزلىرى بىلەن يىرگىنىشلىك مەخلۇق كۆرسەتسە، تۇرسۇنجاننىڭ نەشرىياتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتەك ئەگرى نىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. «ئەگەر ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بولمىسا ئۆزى كېلىپ ئەھۋال ئىنكاس قىلماي، نامسىز خەت يېزىشتەك سىرلىق ئۇسۇللارنى قوللىنامتى» دېگەن گۇمان كېرىم ھەم لى بۇجاڭلارنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. قىسقىسى، بۇ قېتىم ھەر ئىككىسىگە دەز چۈشكىنى چۈشكەن!

ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلىپ پەيتۇل كىرىپ كەلدى. ئۇ ئورۇندۇقنى سۈرۈپ مەسۇم قابىلغا روبىرو ئولتۇردى - دە، ئېغىر پۇشۇلداپ قويدى. ئۇنىڭ گەپنى نەدىن باشلاشنى ئويلاۋاتقانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. مەسۇم قابىل ئۇنىڭغا پىشاڭ سېلىش ئۈچۈن گەپنى ئۆزى تېشىپ بەردى:

— پەيتۇلكا، تونۇگۈن كەچ لى بۇجاڭنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ كەلگىنىڭىزدىن بېرى كەيپىياتىڭىز ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. قانداق، بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ نېمە؟

— سىز مېنى ئەسكەرتىپ كېلىۋاتقان ئىشلار بىر - بىرلەپ ئالدىمغا كېلىۋاتىدۇ، قاراڭ. تۇرسۇنجان دېگەن قارا

نيەت ئۇستۇمدىن نامىسىز ئەرز يېزىپتۇ ئەمەسمۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز، ئۇنداقمۇ قىلمىغاندۇ؟

— ھەي. . . كۆرمىسىڭىز ئىشەنمەيسىز، تېخى سەككىز بەتلىك خەنزۇچە ماتېرىيال دەڭا. .

— توۋا قىلدىم، ما ئاداشنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى. ھەرقانچە بولسىمۇ بىر ئىدارىدە ئىشلىگەننىڭ يۈزىنى قىلسا نېمە بولىدۇ.

— ئادەم دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدىكەن جۇمۇڭ، — پەيتۇل ئىشىك سىرتىغا قاراپ قويۇپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى، — ئۇ لەنىتى سىزگە دەپ بەرگەن گەپلەرنىڭ ئۆز ئەينىنى يېزىپتۇ دېمەمسىز.

— بۈگۈن ئەتىگەن ۋەزىپىنى ئورۇندىمىغانلارغا بەش يۈز سومدىن بېرەيلى، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ غەرىزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدىم، — دېدى مەسۇم قابىل، — ئۇ نەشرىياتتىكى بارلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلماقچى.

— شۇڭا «ياخشىچاق بولماقچىمۇ» دەپ قېقىۋەتتىمغۇ، — پەيتۇل ئېغىر پۇشۇلدىدى، — بۇ قويۇن شۇ ئۇسۇلدا كېيىنكى ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلىماقچى.

— مەن سىزگە ئۆز ۋاقتىدىلا دېمىگەنمىدىم، — مەسۇم قابىل ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە سۆزىنى باشلىدى، — سىز ئاق كۆڭۈلسىز، سەممىمىلىكىڭىز بىلەن زەربىگە ئۇچراۋاتىسىز، زىيان تارتىۋاتىسىز. ئۇ مۇشۇ تۈز مىجەزىڭىزدىن پايدىلىنىپ كەتتى. دەسلەپتە ئەسكەرتسەم سىنەكىمەي ئۇيغۇر بۆلۈمنىڭ ھوقۇقىنى تارتتۇرۇپ قويدىڭىز. مانا ئەمدى ئۇنىڭ نەپسى يوغىناپ ئولتۇرغان ئورنۇڭىزنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئىشلار مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىپ ماڭسا ئاخىر سىز ئۇنىڭ



چاكىرىغا ئايلىنىسىز، ئەڭ يامىنى نەشرىياتتىن ھەيدىلىسىز. ئۇ چاغدا بىز ئاشۇ قويۇننىڭ قولىغا قېلىپ نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمىز؟

پەيتۇلنىڭ ئىششىپ قالغاندەك سېمىز يۈزى سۇپسۇر تاتىرىپ كەتتى. مەسۇم قابىلنىڭ سۆزلىرى گەرچە تاشتوقماقتەك قاتتىق بولسىمۇ ھەقىقەت ئىدى! ئەگەر نامىسىز خەتتىكى ئاشۇ شالتاقلار سۈرۈشتە قىلىنىپ تېگىنى كوچىلىغىلى تۇرسا پەيتۇلنى تۇزغاقتەك تۇزۇتۇۋەتمەمدۇ؟! خۇددى يا ئوقى تەگكەن ئۆردەكتەك بىر مەزگىل پالاقشىپ ئاقىۋەت سازلىقنىڭ سېسىق سۈيىگە غەرق بولۇش خەۋپىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بەس، كونىلار: يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال، دەپتىكەن، پەيتۇل تۇرسۇنجاننىڭ يايغان تورىغا ئۆزىنى ئۆرىدىغان ئەخمەق ۋىتىۋىلداقلاردىن ئەمەس! ئۇ ئوت پۈركۈسە، پەيتۇل سۇ پۈركۈپ ئۇنى غەرق قىلىۋېتىدۇ. ئۇ يارغا سۆرىسە، ھاڭدىن ئىرغىتىپ تاشلايدۇ، ئورىغا ئىتتەرسە، پەيتۇل ئۇنى گۆرگە تىقىۋېتىدۇ! . .

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟ — مەسۇم قابىل تەقەززالىق بىلەن قارىدى، — پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە بىر ئامالىنى قىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ئۇنىڭ ئامالىنى ئويلاپ قويدۇم، — پەيتۇل مەسۇم قابىلغا سىرلىق مەنىدە تىكىلدى، — بۇنىڭغا سىز ماڭا ھەمدەمدە بولمىسىڭىز بولمايدۇ، قىسقىسى، ياردىمىڭىز كېرەك.

— قېنى سۆزلەڭ، قولۇمدىن كەلسىلا، — ئىشلار مەسۇم قابىلنىڭ كۈتكىنىدەك بولماقتا ئىدى، — بۇ چاغقىچە ھەممە ئىشتا ھەمقان بولۇپ كەلدىمغۇ.

ئەتە مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئېلان قىلىنماقچى ئىدى، پەيتۇلنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئوت يېقىش پىلتىسى بولالايتتى. قوشلاپ قەلەم ھەققى ۋە مۇكاپات ئالغانلار گويا دادىسى ھېيتلىق كىيىم قىلىپ بەرگەن بالىلاردەك شاد - خۇراملىقتا چۈمۈپ چاۋاكلار

چىلىشىدۇ. مۇكاپات ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەر ئائىلىق مائاشىدىن
پىرسەنت بويىچە تۇتۇپ قېلىنىدىغانلار بولسا ھېيتتا كىيىم
تۇرماق ناشتىلىققا ئېرىشەلمىگەن ئۆگەي بالىلاردەك بويۇن قى-
سىپ قېلىشىدۇ. خۇشال بولغانلارنىڭ تەنتەنىسى ئۇلار ئۈچۈن
بەجايىكى مەسخىرە، ھاقارەت، خورلۇق بولۇپ تۇيۇلىدۇ ـ دە،
«بېشىمغا كەلگىنىنى كۆردۈم» دەيدىغان ئۇششۇقلار ئىشتان ـ
كۆڭلىكىنى سىلىپ يالىڭاچلىنىپ مەيدانغا چىقىدۇ.
ــ گېپىمنىڭ تېگىگە يېتىۋاتامسىز، مەسۇم قابىل.
ــ پېتىۋاتىمەن، يەتتىم. . .
ــ ھەببەللى، بەلكىم سىز دالا سەيلىسىگە چىقىپ باققان
بولۇشىڭىز مۇمكىن، ــ پەيتۇل دېمەكچى بولغان گېپىنى ئۇ-
دۇللا دېيىشكە تىلى بارمىدىمۇ، بەكمۇ يىراقلاردىن ئايلاندۇرۇپ
كېلىۋاتاتتى، ــ كېچىدە يېقىلغان گۈلخان ئەتراپىدا تاماشا قى-
زىپ كېتىدۇ. سىز بىر ئىشقا دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، گۈلخان
تۇتەپ كەتكەن ھامان، بەزى قارىغاي ئوتۇنلىرى كۆيۈپ، بەزىلە-
رى چارسىلداپ ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئېتىلىدىغانلىرى قانچە كۆپ
بولغانسېرى، ئېتىلمايدىغانلىرىنىمۇ بىللە سەكرىتىپ ئېلىپ
چىقىدۇ، مانا بۇ تاماشىنىڭ ئەڭ قىزىقى.
مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ ئالدىغا ئۇسۇپ چىققان قورسىقى-
غا، دوغىلاق پەس مۇرىلىرىگە، دىقماق پۇت ـ قوللىرىغا،
پاتۇرۇپ قويغاندەكلا بويىنى يوق خاپان كاللىسىغا، ھۇپپىدە ئې-
سىلىپ تۇرغان سېمىز يۇزلىرىگە قارىغانچە «بۇ قاپاقۋاش،
ئەمەلپەرەس بۇنداق سۆزمەنلىكنى نەلەردە يۇرۇپ، كىملەردىن
ئۆگىنىۋالغاندۇ؟ قارا، گەپكە چېچەك قوندۇرۇۋاتقىنىنى» دەپ
ئويلىدى. ئەلۋەتتە، پەيتۇلنىڭ ئالغان مىسالىنىڭ مەنتىقىسى-
دىن «غوۋغا كۆتۈرىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا، تاماشا ئاندىن
قىزىيدۇ، بۇ ‹شەرەپلىك› ۋەزىپىنى سىزگە تاپشۇردۇم» دېگەن
يوشۇرۇن مەنە چىقىپ تۇراتتى. دېمەككى، پەيتۇل تۇرسۇنجاننى



كۆزدىن يوقىتىپ، ئۆزى پۇت ـ قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ «گۇل-
دەستە» نەشرىياتىنى بەھۇزۇر ئېمىپ ياتماقچى. ئۇخلىماي
چۈش كۆرۈپسەن پەيتۇل! مەسۇم قابىلنىڭ جىنىنى ئالىقىنىغا
ئېلىپ قويۇپ ئويناۋاتقان سىرلىق ئويۇنلىرى، ئەقىل ئارقىلىق
ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرى سېنىڭ ياستۇق قىرلاپ يېتىشىڭ
ئۈچۈن ئەمەس! بىلسەڭ، تۇرسۇنجان دېگەن بىر كۆۋرۈك.
مەسۇم قابىلنىڭ بۇ كۆۋرۈكنى ياساپ، تۈزەپ، سىلاپ ـ سىي-
پاپ كېلىشىمۇ سېنىڭ پۇتۇڭنى سىپىلدۇرۇش! بىلىپ قوي
بايقۇش، تايغاننىڭ ئوۋ نىشانى سەن! تۇرسۇنجاننى كۆزدىن
يوقاتساملا ئىش تامام ۋەسسالام دەپ ئويلاپ قاپسەن ـ دە.
تۇرسۇنجان سېنىڭ بىلەلمىگەن تىغىڭغا باش تۇتۇپ بېرىدىغانلار-
دىن ئەمەس. مەن ۋەيران قىلغان ئۇ كۆۋرۈك بىر كۈنى سېنىڭ-
مۇ كۆتۈڭنى توپىدا قويىدۇ.
ــ ھە، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ مەسۇم قابىل، ــ سورىدى
پەيتۇل مەسۇم قابىلنىڭ تېگىرقاپ قالغان سىياقىغا قاراپ، ــ
كاللىڭىزدىن ئۆتمەيۋاتامدۇ يە؟
ــ يوقسۇ، يوقسۇ، بەك چوڭقۇر ئويلاپسىز، سىزنىڭ
پىلانىڭىزغا ھەيران قېلىۋاتىمەن، نېمىدېگەن ئەتراپلىق ئويلان-
غان ئەقىل ـ پاراسەت، ــ مەسۇم قابىل قەددىنى رۇسلاپ دى-
ۋانغا يۆلەندى، ــ خاتىرجەم بولۇڭ، سىز دېگەندەك ئېتىلىپ
چىقىدىغان ئەركەك ـ چىشى قارىغاي ئوتۇنلىرىنى تەييارلاش
مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ.
ــ بەللى، بۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى، ــ پەيتۇل يېنىك
تىنىپ قويدى، ــ ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇ كۆزدىن يوقالغان
ھامان سىزنى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش توغرۇ-
لۇق دوكلات يازىمەن.
نۇردۇن خوجىنىڭ «تۇرسۇنجاننى كۆزدىن يوقاتقان تەقدىر-
دىمۇ، مەسۇم قابىلنى بىرىنچى قول مۇدىر قىلىشقا ئالدىرىماڭ»

دېگەن سۆزلىرى پەيتۇلنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگەنىدى. شۇن-
داقتىمۇ ئۇ «ئېشىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە» ھەرقانداق ۋەدى-
لەرنى بېرىشكە تەييار ئىدى. بىراق، مەسۇم قابىل ئۇنىڭ
يۈزىدىكى گۆش بىلەن كاسىسىدىكى گۆشنىڭ پەرقى يوق ئادەم
ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە «دوكلات يازىمەن» دېگەن قۇرۇق سوس-
كىغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى.
«ۋەزىيەت» ئەتىسى چۈشكىچە تىنچ ئۆتتى. ئەمما، چۈش-
تىن كېيىن بۆلۈم، كارىدور، ھويلىلاردا، قىسقىسى نەشرىيات
ئىچىدە «يەر تەۋرىدى». كىملەردۇر كۈلسە، ئاللىكىملەر ۋار-
قىرايتتى. قايناپ - تېشىپ كىملەرنىدۇر غايىۋانىسىگە تىللايت-
تى، ھەتتا بۇ شاۋقۇنلار ئىچىدە بىر ئايالنىڭ «ھۇ» تارتىپ
يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەكمۇ قىلاتتى. تاراق - تۇرۇق ماڭ-
غان، ئۆزئارا نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەن ئاۋازلار نەق ئۇيغۇر بۆ-
لۇم مۇدىرى ئىشخانىسى ئالدىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. نېمە قىلا-
رىنى بىلمەي جىددىيلەشكەن تۇرسۇنجان ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىق-
ماقچى بولۇۋىدى، مەسۇم قابىل ئۇنى توسۇپ:
— نېمە قىلىسىز چىقىپ، ئۇ ئۇششۇقلار ئىككىمىزگە
ئېسىلىۋېلىشتىن يانمايدۇ، بىزنى يوقكەن دېيىشسۇن، —
دېدى - دە، ئىشخانا ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىۋالدى. بۇ ئەسنادا
ئىشىكنى كىمدۇر بىرى قاتتىق مۇشتلىدى، تەپتى. پەيتۇل
ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويۇپ، ھاياجان شادلىقى ئىچىدە ئۇلارنى
كۈتمەكتە ئىدى ۋە ئۇلارغا قانداق جاۋاب ھەم «يوليورۇق» لارنى
بېرىشنى ئىچىدە تەكرارلايتتى. مانا ئۇ كۈتكەن دەقىقىلەرمۇ
يېتىپ كەلدى.
ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ، ئىشخانىغا ھەربىر تەھرىر ئىش-
خانىلىرىدىن يىغىلغان يەتتە - سەككىز ئەر - ئايال بېسىپ
كىردى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا چىنارمۇ پالاقشىپ يۈرەتتى. كىر-
گەنلەر بىر - بىرىگە يول قويماي، سۆزلىرىگە قۇۋناق بەرمەي



ۋارقىرىشاتتى، ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ قوللىرىنى شىلتىيتتى.
بەزىلىرىنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ تۈكۈرۈكلىرى چاچرىسا،
بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن زەھەردەك ئۇچقۇنلار ياناتتى. قىسقى-
سى، پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسى قوزىلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن قوي
قوتىنىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.
— بىر - بىرلەپ سۆزلىمەمسىلەر، — ۋارقىرىدى پەي-
تۇل، — مەن بىر يولىلا قايسىبىرىڭلارغا جاۋاب بېرىپ
بولىمەن.
چاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوتتۇنلارغا سۇ سېپىلگەندەك، غوۋغا
بىر ئاز پەسكارىغا چۈشتى. ئەمما، مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان
بۇدۇر چاچلىرى، ھەتتا قاش - كىرپىكلىرىگىچە ئالتۇندەك
سارغىيىپ بىر چوكان ئالدىغا ئېتىلىپ چىقتى - دە، غالىۋاراپلا
كەتتى:
— بىزچۇ سەھەر كېلىپ، كەچ قايتىپ، بىر كۈن كەچ-
كىچە دوڭغىيىپ ئىشلەيمىز، — «ئالتۇن» چوكان ئالىقانلىرىغا
قارسىلدىتىپ ئۇردى، — شۇنداق جان ئېتىپمۇ مائاشىمىزنى
ساق ئالالمىساق بۇ نەنىڭ سىياستى؟
— ئۇنىڭدىن كۆرە پېنسىيىگە چىققىنىمىز تۈزۈك-
كەن، — قوللىرىنى شىلتىدى ئورۇق، ئېگىز ئايال، — پېن-
سىيىگە چىققانلارمۇ مائاشىنى تولۇق ئالىدۇيۇ، بىز ئىشلەپ
تۇرۇپ ساق ئالالمايمىز، بۇ قانداق تۈزۈم؟
— بۇ نېمىدېگەن ناھەقچىلىق، — دېدى چىنار ئوت يې-
قىپ، — باشقىلار ئۈچ - تۆت مىڭلاپ، ھەتتا بەش - ئون
مىڭلاپ مۇكاپات ئالسا، مۇشۇ بىچارە ئاياللار بالىلىرىغا قارى-
ماي، توي - تۆكۈنگە بارماي، ئەرلىرىنى كۈتمەي، تاپا - تەنە
ئاڭلاپ، يەنە بارماق شوراپ قالسا.
— بۇلارنىڭچۇ قورسىقىدا جىن بار، — پاكار، ۋىجىك،
ئورۇقلۇقىدىن باشقىلار «چىش كولىغۇچ» دەپ لەقەم قويۇۋال-

غان بىر ئايال ئالدىغا چىقتى، ــ بولمىسا تۇرسۇنجان دېگەن
ئەبگا بىلەن قىياق كۆز قالماق مەسۇم قابىل قۇيرۇقىنى خادا
قىلامتى.

ــ ھـاي، ھـاي، ياخشـى يولداشلارنـى ئۇنداق تىللـ ـ
ماڭلار، ــ پەيتۇلنىڭ سۆزى ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك
بولدى، ــ ئۇلار بولسا بۆلۈم مۇدىرلىرى. ئۇن مىڭلاپ مۇكا-
پات، قەلەم ھەققى ئالغان بـولسـا ئـۆزىنىڭ ئەجرى ھېسابىغا
ئالدى. . .

ــ ئەجىر ھېسابىمىش، ــ بوينى، يۈزى، ئۆزىمۇ ئىنچى-
كە، ئۇزۇن، ئۇچلىغان قوزۇقتەك بېشىدا بىر تۇتام چېچى
كىرپىنىڭكىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان، ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى
نۇرى نوگاي چوڭ كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئالدىغا ئۈسسۈپ
چىقتى، ــ بىزنىڭ مائاشلىرىمىزنى تۇتۇپ، ئۆزئارا تەقسىم قى-
لىپ ئېلىۋالسا ئۇلارنىڭ ئەجرى بولامدا؟ بۇ قانداق تېتىقسىز
نەزەرىيە؟

ــ سىلەر نېمانداق يولسىز خەق، ــ ئوتنىڭ پەسىيىپ
قېلىشىنى خالىمىغان پەيتۇل ئارىتام ئىشخانىدىكى تۇرسۇنجاننى
ئاڭلىسۇن دېگەندەك قاتتىق ۋارقىرىدى، ــ بۇ دېگەن ئىسلا-
ھات!

ــ ئۇنداق ئىسلاھاتنىڭ قوڭىغا ئوت كېتەر ئىلاھىم!
ھەممىسى ئارقىغا قايرىلىپ قاراشتى. ئىشىككە پاتماي دې-
گۈدەك كىرىپ كەلگەن بۇ ئايال پېنسىيە يېشى توشۇش ئالدىدا
تۇرغان ھۆرۈلخان ئاپپاي ئىدى. ئۇ يۇمىلاق پىدىگەندەك توغرى-
سىغا يوغىناپ كەتكەن بولۇپ، كىيىۋالغان قارا مەخمەل پەلتۇ-
سى تىكىشلىرىدىن سۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك تىرىسسىدە تۇراتـ
تى. ھۆرۈلخان ئاپپاي سېمىزلىك، شۇنداقلا ئۇزۇن يىللىق
كاناي ياللۇغى كېسىلىدىن بولسا كېرەك، داۋاملىق ھاسىراپ،
كالپۇكلىرىغا چىۋىن قونۇۋالغاندەك پۇدەپ ماڭاتتى.



ــ ھەي پەيتۇل باشلىق، ــ دېدى ھۆرۈلخان بىر ھازا
نەپەس يېتىشتۇرەلمەي، ــ سىز بۇ نەشرىياتقا كەلمەسىنىڭ ئال-
دىدىمۇ ھەممىمىز بىر نان تاپساق تەڭ ئۈلىشىپ يەپ كەلگەن.
پۇۋ، پۇۋ. . . ئەجەبا، ھازىر بىرىنى كۆلدۈرۈپ، بىرىنى يىغ-
لىتىپ، بىرىگە گۆش بېرىپ، بىرىگە سۆڭەك تاشلاپ، نېمانداق
چاققۇ ـ چوقماققا سالىسىز ـ ھە؟ سىزدە ئىنساپ ـ دىيانەت
دېگەن نەرسە نەگە كەتتى؟ پۇۋ، پۇۋ. . .

ــ ھۆرۈلخانىم، مەنمۇ ئىسلاھاتنىڭ قائىدە ـ مىزانلىرى-
نى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن، ــ پەيتۇل ئاۋازىنى قەستەن
پەسەيتتى، ــ نەشرىياتىمىزدا تۇرسۇنجان ئىسلاھات ئېلىپ بې-
رىۋاتىدۇ، ئۇنى يۇقىرى قوللاۋاتىدۇ.

ــ بىلىپ قويۇڭ، مەن بۇ نەشرىياتقا كەلگەن يىللىرىم،
پۇۋ، پۇۋ. . . چېچىنى ئارقىدىن بوغۇۋالىدىغان چەبدەس چوكان
ئىدىم. . .

ــ ھۆرۈلخانىم ياش چاغلىرىدا بىر قوشۇق سۇدا يۇتۇۋال-
غۇدەك قالتىس سەتەڭمىشكەن، ــ نۇرى نوگاينىڭ مەسخىرە بى-
لەن قىلغان چاقچىقىغا ھەممىسى تۇمشۇقىنى تۇتۇشتى.

ــ ئاغزىڭنى يىغ سوقىۋاش نوگاي، پۇۋ، پۇۋ. . . ــ
ھۆرۈلخانىم كۆزلىرىنى ئـالايتتـى، ــ ھـە، ئۇ چـاغلاردا
ئىسلاھات ـ پىسلاھـات دېگـەن نـەرسلەرمۇ يوق ئىدى، پۇۋ،
پۇۋ. . . ھېيىت ـ بايراملاردا بىر كاللەك پىنتوزا، بىرەر
يەشىك نەشپۈت ياكى ئالما، ئەڭ بولمىسا بىرەر كىلو كەمپۈت
بېرىپ قويسا خۇشلۇقىمىز ئىچىمىزگە سىغماي قالاتتى. نېمە
ئۈچۈن؟ چۈنكى ھەممىمىز ئوخشاش، تەڭ بەھرىمەن بولاتتۇق.
سېنىڭ جىقكەن، مېنىڭ ئازكەن دېگەن نارازىلىقلار چىقمايتتى.
ئەمدىزە سىزنىڭ قولىڭىزغا قېلىپ بەزىلىرىمىز ئۆز، بەزىلىرى-
مىز ئۆگەي بالا بولدۇقما؟
پەيتۇل ئويلىنىپ قالدى. راست، ئۇ چاغلاردا مائاش ئاز،

تۆرمۆش غورىگىل بولسىمۇ، ھەممە كىشى ئىناق ئىدى، سەن
سىمىز، مەن ئورۇق دېيىشمەيتتى. يىللىق خۇلاسىدە نەمۇنە-
چى، ئىلغار ئاكتىپ سايلانغانلارغا ئالىقاندەك تەقدىرنامىنى بې-
رىپ قويسا باشقىدىنلا جانلىنىپ، يىل ئاخىرىغىچە ھاردىم -
تالدىم دېمەي ئىشلەيتتى. باشقىلار ئاشۇ بىر پارچە رەڭلىك
قەغەزنى ئېلىش ئۈچۈن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن سىرت،
ھەمراھلىرىغا خالىسانە ياردەم قىلاتتى. تېخى ئىشخانا، بۆلۈم-
لەرنى ئۆزلۈكىدىن تازىلاپ، ئۈستەللەرنى سۈرتۈپ نامسىز قەھ-
رىمان بولاتتى. . . باشلىقلارغا قەدەمدە بىر ھۆرمەت قىلىپ،
سادىقلىقىنى نامايان قىلاتتى. مانا ئەمدى خەقلەرنىڭ قولى پۇل
كۆرۈپ تۆرمۆشى ياخشىلىنىۋىدى، ئۇلاردىن ئىنساپ - دىيانەت،
ئۆزئارا ياردەم، باشلىقلارغا بولغان ھۆرمەت دېگەندەك
ئەخلاق - پەزىلەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەم
دېگەننىڭ بىر نېنى ئىككى بولماي، چىرايى سارغىيىپ ئۆتكىنى
تۈزۈككەن، شۇ چاغدىلا ئادىمىلىك خىسلەتلىرىنى يوقاتمايدى-
كەن. . .

— پەيتۇلكا، ئەجەب جىمىپ كەتتىڭىز، — دېدى نۇرى
نوگاي ئىنچىكە بويۇنلىرىنى سوزۇپ، — ھۆرۈلخان ئاپپاينىڭ
سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەمسىز؟ ئۇنىڭ كالپۇكىدا نەي پۇدەپ
ئىشخانىڭىزغا كەلمىكى ئاسان ئەمەس:

نۇرى نوگاي بايىقى ئاچچىقىنى چىقىرىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ
تەئەددىسىدىن بەزىلەر خىر - خىر كۈلۈشتى.

— ھەي، پۇۋدىسەم مەن پۇۋ دەپتىمەن، پۇۋ،
پۇۋ. . . — ھۆرۈلخانىم راستىنلا تېرىكتى، — سىزنىڭ كۆ-
تۈڭگە پۇۋ دېمىگەندىكىن، ساڭا نېمە دەز كەتتى.

نۇرى نوگاينىڭ ئىككى ئېغىز ھەزىلى بىلەن غوۋغاچىلار-
نىڭ بايىقى يامان كەيپىياتى بىردىنلا پەسلەپ كەتتى. بۇ پەيتۇل
ئۈچۈن مەغلۇبىيەت ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەسۇم قابىل-



نىڭ سادىق كۈچىكى چىنارنىڭ ئادەملىرى باراڭ كۆرسىتىش
ئۈچۈن كىرگەندەكلا قىلاتتى. غەزەپ پالتىسىنى بىلەپ كىرگەن-
لەر بولسا تۆت - بەشتىن ئاشمايتتى. تارىنى چىڭىتمىسا بولماي-
دىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن پەيتۇل تىزگىنىنى باشقا ياققا
سىيرىدى.

— سىلەرنىڭ بۇنداق غەليان كۆتۈرۈشۈڭلار پۈتۈنلەي
ئورۇنسىز، — پەيتۇل ئورنىدىن تۇردى، — ھېلىغۇ بەزىڭلار
مۇكاپات ئالالماپسىلەر، بەزىڭلارنىڭ مائاشى پىرسەنت بويىچە
تۈتۈلىدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن بەلكىم مائاشىڭلارنى پۈتۈنلەي
ئالالماسلىقىڭلار مۇمكىن. نەشرىياتىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان
ئىسلاھاتنىڭ تۈزۈم - بەلگىلىمىلىرىنى تۇرسۇنجان تۈزۈپ چىق-
قان، مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

— ئۇ تۈزگەن بەلگىلىمىلەرگە سىز قول قويمىدى-
ڭىز، — ۋارقىرىدى كىرپىكلىرىگىچە ئالتۇن ئايال، — نەشرى-
ياتتا ئىجرا قىلىنىامدا؟

— سىز باشلىقمۇ ياكى قارانچۇقمۇ؟ — «چىش كولى-
غۇچ» قولىنى شىلتىدى.

— سىز بىزگە ئىگە بولامسىز، بولمامسىز؟ — چىنار
كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئالدىغا بىر قەدەم دىۋەيلەپ چىقتى، —
بولمىسا بىز بارىدىغان يەرگە بارىمىز.

— نەشرىياتتىكى بۇ قالايمىقانچىلىقتا سىز ئىگە بولۇشى-
ڭىز كېرەك، — ھۆرۈلخانىم بىگىز قولىنى شىلتىدى، — تۇر-
سۇنجاندەك ئالىقاپلارنى نەشرىياتقا ئۈندۈرگەنمۇ سىز.

— ئاغزىڭنى يۇمۇش، — پەيتۇل قوشنا ئىشخانىدىكىلەر-
نى ئاڭلىسۇن دېگەندەك قەستەن ۋارقىرىدى، — مېنى نەشرىيات-
تىن سازاڭ قىلىپ چىقارماقچىمۇ؟ مەنمۇ تويدۇم بۇنداق ھو-
قۇقتىن. قايسىڭ قىلىشساڭ قىلىش. ھەر نېمە دېيىشكىنىڭ
بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ تۈزگەن پىلان، تۈزۈملىرىنى باشقۇرغۇچى

ئورگان، تەشۋىقات بۆلۈم، نەشرىياتچىلىق ئىدارىلىرى تەستىقلىغان، قوللىغان!

— بولىدۇ، ئۇنداقتا بىز، — چىنار غەلىيانچىلارغا خىتاب قىلدى، — باشقۇرغۇچى ئورگانغا بارايلى.

— تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى باشلىقلارمۇ ئادەم يېمەس!

— بىزگە ئىگە بولىدىغان، دەردىمىزنى ئاڭلايدىغان بىرەرى چىقار!

غەلىيانچىلار چىقىپ كەتتى. ئارىتام ئىشخانىدا بولۇنغان گەپلەرنىڭ تولىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان تۇرسۇنجان بىلەن مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن كىرىپ كەلدى. ئورۇندۇقىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرغان پەيتۇلدىن ئۆزۈنغىچە سادا بولمىدى. ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئىككىسى ئىشخانا ئوتتۇرىسىدا ئۇندىمەي ئۆرە تۇراتتى. بىر چاغدا مەسۇم قابىل قىسقا يۆتىلىپ شەپە بېرىشى، پەيتۇل قېلىن قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى يېرىم ئاچتى - دە، خۇددى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك قول ئىشارىتى ئارقىلىق «چىقىپ كېتىڭلار» دېگەننى ئۇقتۇردى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككى مۇدىر تۇرۇۋەرگەندى، پەيتۇل بىردىنلا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— چىقىپ كېتىڭلار، مېنى بىردەملىك بولسىمۇ ئارامىمدا قويۇڭلار.

تۇرسۇنجان بىلەن مەسۇم قابىل چىقىپ كېتىشى، پەيتۇل قەددىنى رۇسلاپ غەلىتىلا ھىجايدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ئېلىۋاتقان رولنى ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ ئوينىغانىدى. بۇ «تەسىرلىك» ئويۇندىن خەۋىرى بولغان مەسۇم قابىل ئىچىدە: «ئۇستاتلىقىنى قارا، بۇ گۆش خالتىسىنىڭ» دەپ ئويلىدى.

غەلىيانچىلار شۇ كۈنى كەچكىچە باشقۇرغۇچى ئورگاننى ساراسىمىگە سالدى. جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلار نۆۋەتلىشىپ



چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى زادىلا قايىل قىلالمىدى. غەلىيانچىلارنىڭ بۇ قېتىم قوللانغان ئۇسۇلى بىر - بىرلەپ سۆزلىمەي، بىر نەچچىسى، ھەتتا ھەممىسى خۇددى مۇشۇكنى كۆرگەن قۇشقاچلار توپىدەك جاۋىلدىشىپ، ۋارقىرىشىپ، جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىيازلارنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ گاس قىلىپ قويغىلى تاسلا قالدى. بىرى «تۇرسۇنجان دېگەن قۇيۇنتازنى نەشرىياتتىن يوقاتسۇن» دېسە، يەنە بىرى «يىللىق خۇلاسىنى بىكار قىلىپ، تەڭ تەقسىماتنى يولغا قويسۇن» دەيتتى. ئاياللار بولسا «تەلەپلىرىمىزگە قانائەت تاپقۇدەك جاۋاب ئالمىساق ھەرگىز كەتمەيمىز» دېيىشىپ باتناپ ئولتۇرۇشاتتى. ئىشتىن چۈشكىلىمۇ بىر سائەتتىن ئاشقانىدى. جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىياز «ئىشىكنى تاقايمىز» دەپ باقتى، ئۇلار قوپىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ چىنار قاتارلىق بىرنەچچە ئەرنىڭ قاتتىق تۇرۇۋىشى ئاياللار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز مەدەت بولدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن باشقۇرغۇچى ئورگان رەھبەرلىرى لەسسىدە ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئەمما، ئەكرەم نىياز سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى - دە: «جاڭ شۇجى، ساقچىغا تېلېفون بېرەيلى» دېيىشى، جاڭ پىڭمۇ: «شۇنداق قىلايلى» دەپ دەرھال جاۋاب بەردى. ئەكرەم نىياز تېلېفون نومۇرلىرىنى بېسىپ بولغۇچە، غەلىيانچىلار بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئەكرەم نىياز، كاللامغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى جاڭ پىڭ ئىشخانا جىمىققاندىن كېيىن، — ئۇلار ئالدىنقى يىللاردىمۇ مۇشۇنداق قىلغان، ئەمما بۇ قېتىمقىدەك ئەلپازدا ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ «تۇرسۇنجاننى يوقاتسۇن» دېگەن تەلىپىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم.

— پەردە ئارقىسىدا ئادەم بار دېمەكچىمۇ سىز؟ — ئەكرەم نىيازمۇ ئىككىلىنىپ قالغانىدى، — ئۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇلار پەيتۇلنىمۇ يېرىم كۈن تالاپتۇ ئەمەسمۇ.

— بۇ. . . بىر ئويۇنمىكىن دەيمەن، — جاڭ پىڭ باش چايقىدى.

شۇ كۈنى تۈن كېچىدە پەلتوسىنىڭ ياقىلىرىنى كۆتۈرۈپ، قۇلاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن چىنار غىپپىلا قىلىپ مەسۇم قابىلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يېرىم سائەتتەك هايال بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، مەسۇم قابىل ئىككىنچى قەۋەتتىكى پەيتۇلنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. . .

ئۆشنىسىدىن قانداقتۇر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىكلەپلا قالغان پەيتۇل ئەتىسى ئەتىگەندە دولانلىقلارنىڭ بىر غەزىلىنى دىمىغىدا غىڭشىغاچ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ تازىلىق خادىملىرىنىڭ سەھەردىلا سۈرتۈپ پارقىتىۋەتكەن ئۈستىلىگە ئولتۇرۇپ بىر كېرىلدى - دە، ئىشقا تۇتۇش قىلدى. لېكىن، قولى ئىشتا بولسىمۇ كاللىسىدا «هېلىقى چىنار دېگەن دەلدۈش سەل هەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتىمۇ قانداق؟» دېگەن خىيال ئۇنى ئەنسىرىتىپ قويغانىدى. چىنارنىڭ رەهبەرلەرگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىشى هېچقانچە گەپ ئەمەس، لېكىن بەكمۇ چىڭىتىۋەتسە تار ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان گەپ. ئۇ چاغدا رەهبەرلەرنىڭ غەزەپ قېپى يېرىلدىمۇ «خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، قۇتراتقۇچىنى قېزىپ چىقىڭلار» دەيدۇ - دە، «ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر يىكچە بولمىدى» دېگەندەك، ئۆزۈندىن بېرى چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئىنچىكە تۈزگەن پىلانلىرى ئۆزىنىڭ بوينىغا سىرتماق بولۇپ قايىنامغا سۆرەپ كىرىشى مۇقەررەر.

دەرۋەقە، پەيتۇل قورقتى، قورققاندىمۇ خېلى بەك قورقتى. ئۇ قولىدىكى قىزىل ماي قەلەمنى سىقىمدىغىنىچە «تارىسىدە» ئۇشتۇۋەتتى. ئۇنىڭ تۈك باسقان قېلىن كالپۇكلىرى توختىماي مىتىلداپ نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى: «ئاپلا، ئاخشام مەسۇم قابىلنى ئاگاهلاندۇرۇپ قويسامچۇ كاشكى. غەليانچىلار تەشۋىقات بۆلۈمىگە بارغاندا، ئۆزىنىڭ



تەلەپ - ئارزۇلىرىنى دەپلا قايتىپ كەلگەن بولسىلا بولاتتى. باشقۇرۇش ئورگىنىنى ساراسىمىگە سالغاندەك غوۋغا كۆتۈرسە لى بۇجاڭ نېمە خىياللارغا كېلىپ قالار؟ مېنى ‹كۇشكۇرتتى› دەپ ئويلاپ قالارمۇ؟ ئۇلار هەددىدىن ئېشىپ كەتسە چوقۇم ئاچچىقى كېلىدۇ. مۇشۇ قىياق كۆز داموللام مەسۇم قابىلنىڭ نېمە خىيالى باركىنتاڭ، بەزى ئىشلارنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ.»

پەيتۇل قاچانغىچە ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلايتتىكىن، تېلېفون قاتتىق جىرىڭلاپ ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن لى بۇجاڭ ئۇسۇپلا چىقىدىغاندەك قورقۇپراق ئالدى. لېكىن، تۇرۇپكىدىن كېرىم بۇجاڭنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— هەي ئاداش! ماۋۇ ئۇششۇق - مۇتتەهەملىرىڭنى لى بۇجاڭنىڭ ئىشخانىسىدىن ئېلىپ كەت، بىزنى ئىشلىگىلى قويمىدى!

پۇت - قولىدا جان قالمىغان پەيتۇل ماشىنىسىغا چىقتى - دە، يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە چىنار تەخەللۇسلۇق شائىرچاقنى ئانا - مانىسى، يەتمىش پۇشتىدىن تارتىپ تىللىماقتا ئىدى. كېرىم بۇجاڭنىڭ چالۋاقاپ تېلېفون بېرىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. لى بۇجاڭدىن ئەدىپىنى يەپ كەلگەنگە تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان تۇرسا، ئەمدى بۇگۇنكى ئىش ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتمەمدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ پەيتۇلغا ئۇنچىۋالا ۋاي دەپ كەتمەيدىغان بۇ ئادەم هازىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ «تاۋۇيەن جېگى جاخو[1]» دەپ سالدىمۇ، تۈگەشكىنىم شۇ. خۇدايىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن! ئاخشام مەسۇم قابىل: «پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى،

① تويدۇم بۇ بىر نېمىدىن، دېگەن مەنىدە.

ئەتە تەشۋىقات بۆلۈمىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋېتەيلى»
دېگەندىلا توسۇپ قالسام بوپتىكەن. هەي. . . مەسۇم قابىل
دېگەن تايغىنمۇ ئادەمنى هەر كويلارغا سېلىپ تاماشا كۆرىدىغان
ئوخشىمامدۇ. مۆرىتى كەلسە تۇرسۇنجان، مەسۇم قابىل دەمدۇ،
هېلىقى چىلىم سۈيى ئىچىۋالغاندەك قېتىشما سارالڭ چىنار دەمە
دۇ، هەممىنىڭ كۆتىگە تېپىپ ئەركىن ـ ئەمىن ياشىسا كىشى!
ماشىنا ئاچچىق چىرقىراپ تەشۋىقات بۆلۈم قورۇسىدا توختـ
تىدى. پەيتۇل ئىككى باسقۇچ پەلەمپەينى بىر تاقلاپ دېگۈدەك
يۈگۈرۈپ لى بۇجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. غەلىيانچى
ئاياللار بىلەن بارالڭ كۆرسەتكۈچىلەر ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ،
ئۇستەللەرگە يۆلىنىپ تۇرۇشاتتى. «چىش كولىغۇچ» بىلەن
«ساپسېرىق ئالتۇن» دۇۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ مىـ
چىلداپ يىغلاۋاتاتتى. دېرىزە تەرەپكە قاراپ تاماكا چېكىۋاتقان
لى بۇجاڭ پەيتۇل كىرگەندە قايرىلىپ بىر قاراپ قويغانچە قايتىـ
لاپ قارىمىدى. كېرىم بۇجاڭ بولسا قارا بوراندەك تۇتۇلۇپ
ئۇستىلىدە ئولتۇراتتى.

— قانداق غەرەز ئۇقمايدىغان خەقلەر سىلەر، — ۋارقىرىـ
دى پەيتۇل، — تەلەپ ـ پىكرىڭلارنى مەن هەل قىلاي دەپ
تۇرسام لى بۇجاڭ، كېرىم بۇجاڭلارنى ئاۋارە قىلغىنىڭلار نېمە
سى ـ هە؟ ! بۇ دېگەن نورمال جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغانلىق،
ئۆزلۈكىڭلاردىن قايتامسىلەر ياكى ساقچىغا تېلېفون بېرىپ ئىنـ
قىلابي تەدبىر قوللىنامدۇق.

ساقچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان غەلىيانچىلار تىلىققاندەك بو
لۇپ ئىشىك تۇۋىگە سۈرۈلۈشتى، ئاندىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ
كېتىشتى. چىرايى تاتىرىپ، قوللىرى سۈس تىترەۋاتقان پەيتۇل
بوسۇغا يېنىدىكى يۆلەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئېغىر پۇ
شۇلدىدى.

— لى بۇجاڭ، كېرىم بۇجاڭ، مەن ئۇلارنى ياخشى باشقۇ



رالمىدىم، بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم، مەن ئۆزۈمنى تەكشۈرىـ
مەن، — پەيتۇل يەرگە قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — تۈنۈگۈن ئۇلار
ئىشخانامغا بېسىپ كىرىپ بىر كۈن ئاۋارە قىلدى، دېمىگەن
گەپلىرىم قالمىدى.

— شۇڭا، — دېدى كېرىم بۇجاڭ كۆزلىرىنى ئالاي ـ
تىپ، — تەشۋىقات بۆلۈمىگە بېرىپ قاۋاڭلار، دەپ يولغا سې
لىپ قويۇپسىلە ـ دە.

— يوقسۇ، يوقسۇ، مەن. . . مەن ئۇلارغا بەش يۈز
سومدىن تارقىتىپ بېرەي دېگەنىدىم، ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ قانائەت
تاپماي باشقۇرغۇچى ئورگانغا بېرىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپتۇ.

— پۇل تارقىتىپ بېرىش بىلەن مەسىلە هەل
بولامدۇ؟ — لى بۇجاڭ ئۇستەللەرنى ئايلىنىپ ئورنىغا
كەلدى، — تۈزۈم ـ پرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسـ
لاهات ئىكەن، ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ، ئىشلىمىگەن ياكى ئىقـ
تىدارسىزلار ئۆزىنىڭ ئەمگىكىگە تۇشلۇق ئالىدۇ، بىرلا قېتىم
پۇل تارقىتىلىپ قويۇلسا ئۇلار يىلدىن ـ يىلغا هۇرۇنلىشىپ،
گەجگىگىزگە مىنىدۇ. ئىش ئۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ياخشى
ئىشلەۋاتقانلار جەڭگىۋارلىقىدىن قالىدۇ.

— بۇمۇ ئامالسىزلىقتىن بولغان ئىش، — غۇدۇڭشىدى
پەيتۇل، — بولمىسا ئىسلاهات تۈزۈملىرىنى چۈشەندۈردۈم،
ئاڭلىمىسا قانداق قىلىمەن.

— ئاڭلىمىسا ئورنىنى بىكار قىلسۇن، بۇ دېگەن ئىسلا
هات دەۋرى، — لى بۇجاڭنىڭ ئاچچىقى يانىدىغاندەك ئەمەس
ئىدى، — ئۇلار داشقازىنى چېقىلمىغان يەردىن ئىش تېپىپ كۈ
نىنى ئالسۇن. قانداق دېگەن ئۆكتەملىك بۇ. ئىچكىرى ئۆلكى
لەردە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلىسىگە
قايتۇرۇلۇپ قايتا ئورۇنلىشىشنى كۈتۈۋاتىدۇ ياكى ئۆزلىرى
ئىش تېپىۋاتىدۇ. بۇ يەردە بولسا ياخشى ئىشلىمەي تۇرۇپ

گېلىمغا نان سال دېيىشۋاتقان.
— بىزگە «گۈلدەستە» نەشرىياتىنىڭ غوۋغاسىدىن باشقا
ئىش يوقمۇ، — كېرىم بۇجاڭ ئىشخانا ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغە-
نىچە چېچىلىشقا باشلىدى، — تۇرسۇنجان بىلەن ئىككىڭلارنىڭ
جېدىلىگە ئارىلاشساق، پادا قويىدەك ئادەملىرىڭلار بېسىپ كىرىپ
غوۋغا كۆتۈرسە، بۇ يەر تەشۋىقات بۆلۈمىمۇ ياكى نېمە؟!
— خىجىلمەن، بەكمۇ خىجىلمەن، — پەيتۇل بېشىنى
كۆتۈرەلمەيلا قالدى، — مەن تەكشۈرۈشنامە يازاي. . .
— تەكشۈرۈشنامە يېزىش بىلەنلا ئىش ھەل بولامدۇ؟ —
كېرىم بۇجاڭ قوللىرىنى شىلتىدى، — قايتىپ بېرىپ مەسىلە-
نى توغرا بىر تەرەپ قىلىڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سەتچە-
لىكنىڭ چىقماسلىقىنىڭ ئامالىنى قىلمىساڭلار، بىزنىڭمۇ قول-
لىنىدىغان تەدبىرىمىز بار.
غەليانچىلار شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇلار ھەپتە-
گىچە ئەتىگەندە، بەزىدە ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن پەيتۇلنىڭ
ئىشخانىسىغا كىرىپ غوۋغا كۆتۈرگەندەك بولۇپ چىقىپ كېتەت-
تى، پەيتۇلنىڭمۇ يالغان - راستلاردىن ۋارقىراپ - جارقىراشـ-
لىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بىر كۈنى، دۈشەنبە ئەتىگەندە بولغان
جېدەل - ماجىرادىن كېيىن، پەيتۇل تۇرسۇنجاننى ئىشخانىسىغا
چاقىرتتى. ئۇزۇن مۇددەت چارچاشتىن ئىبغىر ھارغىنلىق يەت-
كەندەك روھسىز، مادارسىز، سالپىيىپ ئولتۇرغان پەيتۇل
تۇرسۇنجانغا يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنى تىكتى. گەرچە ئۇ ناشتى-
سىز قالغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە
رەھىمسىزلىك، ئىچى قارىلىق قوغۇشۇندەك ئۇيۇپ قالغانىدى.
— تۇرسۇنجان، ئاممىنىڭ بىسىمغا بەرداشلىق بېرەل -
مىدىم، — دېدى پەيتۇل ئىبغىر نەزەردە تىكىلىپ، — ئەمدى
مەن سىزنى ئىشلىتەلمەيمەن، ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق ئورۇن تېپە-
ۋېلىڭ.



— مۇنداق دەڭ، — تۇرسۇنجان پەيتۇلنىڭ شۇملۇق يې-
غىپ تۇرغان چىرايىغا قارىدى، — مەن ئاللىبۇرۇنلا مۇشۇنداق
بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، رەھمەت
سىزگە! . . .
— قولىڭىزدىكى ئىشلارنى مەسۇم قابىلغا ئۆتكۈزۈپ بې -
رىڭ، — پەيتۇل تۇرسۇنجاننىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمى -
دى، — سىز خىزمەت ئورنى تېپىپ بولغۇچە مالىيە بۆلۈمىدى-
كىلەر مائاشىڭىزنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.
تۇرسۇنجان چويۇندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى ئارانلا
كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. مۇشۇ كۆڭۈلسىز، ئازابلىق دەقىقى-
لەردە «گۈلدەستە» نەشرىياتىدىكى ئاتمىش يىلدەك تويۇلغان
ئالتە يىل، شۇ مۇساپىدە تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى،
ئەجىر - مېھنەتلىرى، ئىسلاھات قىلىمەن دەپ ئۇيقۇسىز ئۆت-
كۈزگەن تالاي تۈنلەر كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرىكى قىسىلدى،
كۆز قارىچۇقلىرىدا قانداقتۇر قەترىلەر يالتىرىدى. تۇرسۇنجان
«گۈلدەستە» نەشرىياتىدىن، قارا كۆڭلى ھىيلە - مىكىرگە
تولغان بەزىلەردىن، چۈنىنىڭ قانىتىدەك ئەرزىمەس ئەمەلدىن
ئايرىلغىنىغا ياش تۆكۈۋاتقىنى يوق! گويا بۇ دۇنيادا ئۆزى مەۋ-
جۇت ئەمەستەك، يازماقچى بولغان ئەسەرلىرىنى، باللىرىنى،
ئائىلىسىنى، سالامەتلىكىنى ئويلىماي ئاشۇ ئادەملەر ئۈچۈن
قىلغان ئەقىدە - ئېتىقادلىرىغا يۈرىكى يارا، كۆڭلى ئەلەمزېدە
بولدى! توۋا، ئادەملەر ئەجەب بولىدىكىنا! ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى
ئىسسىق سالاملىشىپ، كۈلكە - ھەزىل قىلىشىپ يۈرگىنىنىڭ
ئۆزىلا ئادىمىيلىككەن - دە. سۈزۈك سۇ ئىچىشكىنىدە قۇدۇق
قازغۇچىنى ئۇنتۇپ قېلىشسا، مەئىشەتكە ئېرىشكىنىدە ئەجىر
قىلغۇچىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىسە! بىرنەچچە دىلى ئەگرى-
لەر «تۇرسۇنجاننى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك» دەپ پەيتۇلنىڭ
دېپىغا ئۇسسۇل ئويناشقىنىدا، ئاشۇ بەش - ئون مىڭلاپ مۇكا-

پات، كاللەك ـ كاللەك قەلەم ھەققى ئالغۇچىلار ئالدىغا چىقىپ ئىككى ئېغىز لەۋزى قىلىشقا يارىمىدى! مانا ئەمدى ھۆكۈمرانلىق تەختىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن مىكىر ئېتىشقا مىنگەن پەيتۇل تۇرسۇنجاندەك بىر پىداكار ئىسلاھاتچىنى كۆزدىن يوقاتماقچى!

تۇرسۇنجان ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، خىي شىن ئەپەندىنىڭ ئۆتكۈر خىتابلىرى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى:

«ھۆكۈمەت سەرخىللىرى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ۋە خۇسۇسىي پايدىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تۆۋەنرەك ئىجتىمائىي قاتلامدىكى ئاشۇ كەسپىي سەرخىللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسىشىنى توسىدۇ. . . قەدىمكىلەرنىڭ ‹ئېگىز دەرەخنى بوران سوقار، كۆلتۈك قاشنى سۇ يالار›، دېگەن سۆزى دەل مۇشۇ سەرخىللارنىڭ شاللىنىش قانۇنىيىتىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. . . »



## دوستلار ۋە كۈشەندىلەر

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ xx يىللىقىغا سوۋغات سۈپىتىدە نەشر قىلىنىدىغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئون بەش كىتابنى تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتىكى كونكرېت خىزمەتلەرنى كامىل بىلەن شاگىرتى مىرزا مۇھەممەت ئۈستىگە ئېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەۋاتاتتى. كىتابلارنىڭ سۈپەتلىك بېسىلىشى ھەم مۇقاۋىلىرىنىڭ كۆركەم چىقىشى ئۈچۈن ئۇلار ئۆيىگىمۇ قايتماي زاۋۇتتا يېتىپ كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرمەكتە ئىدى. بۇ جەرياندا كامىلنىڭ زىققا كېسىلى بىرقانچە قېتىم قوزغىلىپ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىندى.

بىر كۈنى مىرزا مۇھەممەت ئىدارىگە بىر ئىش بىلەن كېتىپ قايتىپ كەلگەندە كامىل ئىش ئورنىدا كۆرۈنمىدى. نېمىدىندۇر كۆڭلى ئۇيۇپ ئەندىككەن مىرزا مۇھەممەت سېخ مۇدىرىدىن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدى. ئەسلىدە مىرزا مۇھەممەت كېتىپلا كامىلنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالغانىدى. سېختا ئىشلەۋاتقان قىزلار قورققىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى، كامىل قىزلارغا ياتاقتىن دورىسىنى ئەكېلىپ بېرىشنى ئېيتقانىدى، قىزلاردىن بىرى ئۇچقاندەك بېرىپ دورىنى ئەكېلىپ بەردى. كامىل دورىنى بۇرنىغا، گېلىغا پۈركۈپ كۆپ ئۆتمەيلا ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى. قىزلار ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ياتاققا ئەكىرىپ قويۇشتى.

قىزلاردىن ئەھۋالنى ئاڭلىغان مىرزا مۇھەممەت ياتاققا يۈ-

گۆرۈپ كىرىپ كەلدى، كامىل ھاسىرىغان ھالدا كوررېكتور كۆرۈۋاتاتتى.

— ھەي كامىل ئاكا، قويۇڭ بۇ ئىشنى، يۈرۈڭ، دوختۇرخانىغا بارايلى، — دېدى مىرزا مۇھەممەت ئۇنىڭ سارغايغان چىرايىغا قاراپ.

— بولدى، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، ئىشىمىزنى ئىشلەۋېرەيلى.

— سىزگە ئوكۇل بەرسە سالدۇرۇپ بولۇپلا قايتىپ كېلىپ كېچىچە تۈگەتسەك بولمامدۇ.

— مېنى داۋالانغۇسى يوق دەمسىز؟ — دېدى كامىل، — ۋاقىت قىستاپ قېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ تاپتا بىرمۇنچە ئىشلار دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. زاۋۇتتا ئىشچىلار مۇشۇ كىتابلارنى دەپ ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇلار بىزگە قاراشلىق تۇرۇۋاتسا، بىز ماقالىلەرنى ۋاقتىدا توغرىلاپ بېرەلمىسەك بۇ كىتابلارنى قانداق قىلىپ ۋاقتىدا چىقىرالايمىز.

— ئۇنداق بولسا، — مىرزا مۇھەممەت ئامالسىز قالغاندى، — دوختۇرخانىغا ئىشنى بىرگە ئېلىپ بارايلى، ئوكۇلىنى سالدۇرغاچ ماقالىلەرنىڭ كوررېكتورىنى كۆرەيلى.

كامىلنىڭ چىرايى مىژىدە تۇرۇلدىيۇ، شۇنداقتىمۇ ماقۇل بولدى. ئۇلار شۇ كۈنلۈك ئىشنى سومكىغا سېلىپ كوچىغا چىقتى - دە، تاكسى بىلەن دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتى. يولدا كېتىۋېتىپ ماشىنا ئىچىدە ئۇنىڭ كېسىلى يەنە قوزغالدى. تاقەتسىزلىك، ئەنسىرەش، قورقۇشتىن چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن مىرزا مۇھەممەت ئۇنى دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى. نۆۋەتچى دوختۇر چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، كۆزەينەكلىك ياشانغان كىشى ئىدى. ئۇ كامىلنى كۆرۈش بىلەنلا ئورنىدىن تۇردى - دە، قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ئۇنى ئۆزى يۆلەپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى، ئوكسىگېن تۇڭىنى ئېلىپ



كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئوكسىگېن يەتكۈزۈش نەيچىسىنى بۇرنىغا سېلىپ قويدى. ئاندىن نومۇر ئېلىش، رەسمىيەت بېجىرىشنىمۇ كۈتمەستىن تەكشۈرۈپ، دورا، ئوكۇلغا رېتسېپ يېزىپ مىرزا مۇھەممەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— تېز ئېلىپ كېلىڭ، چاققان بولۇڭ.

دوختۇرنىڭ ئەستايىدىل مۇئامىلىسى، جىددىي ھەرىكەتلىرى مىرزا مۇھەممەتنى خېلىلا ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ پۇل تاپشۇرۇش ئورنىغا پۇل تاپشۇرۇۋېتىپ دورىخانىغا كېلىشى، دورا ئېلىش تۈشۈكى ئەتراپىدا بىرمۇنچە ئادەملەر ئۆچىرەتتە تۇراتتى. ئۇ تاقەتسىزلىنىپ ئالدىغا ئۆتكەنىدى، ئۆچىرەتتە تۇرغانلار ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئامالسىز قالغان مىرزا مۇھەممەت ئادەملەر رېتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلدى. مىرزا مۇھەممەتنىڭ كەلمەيۋاتقانلىقىدىن تەقەززا بولغان دوختۇر ئۆزى يېتىپ كەلدى - دە، ئۇنىڭ قولىدىن رېتسېپنى ئېلىپ، دورىخانا خادىمىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ دورا، ئوكۇللارنى ئۆزى ئېلىپ كەلدى. ئۇ سېستىرانىمۇ چاقىرماي ئاسما ئوكۇلنى ئۆزى تەڭشەپ سالغاندىن كېيىن، مىرزا مۇھەممەتكە: «تۈگەي دېگەندە مېنى چاقىرىڭ» دەپ قويۇپ كېسەل كۆرگىلى بۆلۈمىگە چىقىپ كەتتى. بىر بوتۇلكا ئوكۇل چۈشۈپ بولاي دېگەندە كامىلنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلاندى. مىرزا مۇھەممەت دوختۇرنى چاقىرغانىدى، ئۇ ئىككىنچى بوتۇلكىنى ئاستى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلار كارىۋات ئۈستىگە ماتېرىياللارنى يېيىپ كوررېكتور كۆرۈشكە باشلىدى. ئۈچىنچى بوتۇلكا تۈگىگەندىن كېيىن، دوختۇر كىرىپ ئوكۇلنى ئېلىۋەتتى. ئاندىن:

— سىز ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىڭ، ياتاقتا يېتىش رەسمىيىتى قىلىپ بېرەي، — دېدى.

— رەھمەت دوختۇر، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ياتاي، جىددىي پۈتتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلىرىم بار ئىدى.

مويسىپىت دوختۇر كامىلنىڭ سۆزلىرىدىن سەل ھەيرانلىق
ھېس قىلىپ:
— نېمە، يەنە ئىشلەيمەن دەمسىز؟ ئۆپكىڭىز ياللۇغلە-
نىپ ئىششىپ كېتىپتۇ. سىز ھازىر دەم ئېلىشىڭىز، داۋالىنى-
شىڭىز، ئارتۇقچە ھېرىپ - چارچاشتىن ساقلىنىشىڭىز كې-
رەك. ئۇنداق بولمىغاندا تاسادىپىي ئەھۋال يۈز بەرسە ئالدىنى
ئېلىش تەس بولىدۇ، — دېدى ئۇ خەنزۇ تىلىدا چۈشەندۈرۈپ.
ئەمما كامىل يەنىلا ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن دوخ-
تۇر ئەجەبلىنىپ: — بوپتۇ، مەن كېسەل ئەھۋالىنى سىزگە
ئېنىق دەپ قويدۇم، جان ئۆزىڭىزنىڭ، — دېدى كەسكىنرەك
تەلەپپۇزدا.
كامىل بىلەن مىرزا مۇھەممەت رەھمەت ئېيتىپ ئۇزاپ
چىققاندا، مويسىپىت دوختۇر بېشىنى چايقىغىنىچە قاراپ قال-
دى. ئۇلار تاكسى بىلەن زاۋۇتقا قايتىپ كېلىپلا ياتىقىدا ئىشلە-
رىنى داۋاملاشتۇردى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى
يەنە تۇتقىلى تۇردى. ئىچىدىغان ۋە ئېغىزغا پۈركۈيدىغان دورى-
لارمۇ كار قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار يەنە دوختۇرخانىغا
مېڭىشتى. تاكسىغا چىققاندىن كېيىن كامىل نەپىسى بوغۇلغان
ھالدا: «باشقا دوختۇرخانىغا بارايلى، تۇنۇگۈنكى دوختۇرخانىغا
بارمايلى» دېدى. ئۇنىڭ نېمىدىن قورۇنۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن
مىرزا مۇھەممەت ئۇنى باشقا بىر دوختۇرخانىنىڭ تېز قۇتقۇزۇش
بۆلۈمىگە ئېلىپ باردى. نۆۋەتچى دوختۇر ئوتتۇز ياشلار چامى-
سىدىكى خەنزۇ يىگىت ئىدى. ئۇمۇ تۇنۇگۈنكى دوختۇرغا ئوخ-
شاشلا جىددىي كەيپىياتتا قوبۇل قىلدى ۋە تەرلەپ - پىشىپ
يۈرۈپ كېسەلگە جىددىي تەدبىر قوللاندى.
— ياتاقتا يېتىش رەسمىيىتى قىلىپ بېرەي، — دېدى
دوختۇر تەرىنى سۈرتۈپ، — بىر مەزگىل يېتىپ داۋالىنىڭ.
— دوختۇر، ئىدارىدە دەرھال قولدىن چىقارمىساق بول-



مايدىغان ئالدىراش ئىشىمىز بار ئىدى. . .
— ئىدارىڭىزدىكى ئىشلارنى ماڭا سۆزلىمەڭ، — دېدى
دوختۇر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن دېگەن دوختۇر، مېنىڭ
ۋەزىپەم كېسەلنى داۋالاش. سىز يېتىپ داۋالانمىسىڭىز زادى
بولمايدۇ.
— دوختۇر، بىرنەچچە كۈنلۈك ئوكۇل يېزىپ
بەرسىڭىز، — كامىل دوختۇرغا خىجىللىق بىلەن يېلىندى، —
مەن ھەر كۈنى بىر قېتىم كېلىپ ئوكۇلۇمنى سالدۇرغاندىن
كېيىن قايتسام، ئىشىمىز ھەقىقەتەن ئالدىراش ئىدى.
— ماڭا قاراڭ، بۇ بىرنەچچە كۈن ئوكۇل سېلىش بىلەنلا
بولىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى دوختۇر سەل تېرىكىپ، —
ئۆپكىڭىز ئىششىپ كېتىپتۇ، ئۆپكىنى كاردىن چىقىرىپ قوي-
سىڭىز داۋالاش تەس بولىدۇ. بىر مەزگىل دەم ئالدۇرۇپ
داۋالاش ئارقىلىق ئۆپكىنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسەك
بولمايدۇ.
— كامىلكا، ماقۇل دەڭ، — دېدى مىرزا مۇھەممەت
دوختۇرنىڭ سۆزلىرىدىن ئەندىكىپ، — زاۋۇتتىكى ئىشلارنى
مەن ئىشلەپ تۇراي، بالنىتسىدا يېتىڭ.
— ئازراق چىدايلى، ئىشىمىز تۈگىسۇن، — دېدى ئۇ
مىرزا مۇھەممەتكە. ئاندىن دوختۇرغا يېلىنغان ھالدا ئىلتىجا
قىلدى، — مەن ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن بالنىتسىدا ياتماقچى
ئىدىم. ئىدارىدە ھەقىقەتەن جىددىي خىزمەت بار ئىدى، نەچچە
كۈن ئىچىدىلا قولدىن چىقىدۇ.
— ھە. . . شۇنداقمۇ، ئالدىراش دەڭ. . . سىز بۇنداق
دېگەندىكىن مەن نېمە دەيتتىم، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە
بولسۇن، — دېدى دوختۇر سەل كىنايە ئارىلاش تەلەپپۇزدا.
ئاندىن تۆت كۈنلۈك ئاسما ئوكۇل يېزىپ بەردى.
— يا ئاللا، — دېدى كامىل دوختۇرخانىدىن چىقىپ كې-

تىۋېتىپ كۆلۈمسىرىگەن ھالدا، — تۇنۇگۈنكى دوختۇرنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قېچىپ بۇ يەرگە كەلسەك، ئۇنىڭدىنمۇ يامىنىغا ئۇچرىدۇق ئەمەسمۇ. قاراڭ، ئۇ ماڭا «ئالدىراش دەڭ. . .» دەپ كىنايە قىلىۋاتىدۇ. دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا، مېنىڭمۇ داۋالانغۇم، دەم ئالغۇم كېلىدۇ. بىراق، ئويلاپ بېقىڭ، يۇقىرىدىن بۇ ئىشقا ئىككىمىزنى مەسئۇل قىلغان، مەن بالنىتسىدا يېتىۋالسام شۇنچىۋالا ئىشقا سىز قانداقمۇ يېتىشىپ بولالايسىز. ئەگەر بۇ كىتابلارنى دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرتۈپ نەشردىن چىقىرالمىساق نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى تىرىشچانلىقلىرىمىز، تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىر تىيىن بولمامدۇ. ئاز قالدى، سەل چىداپ تۇراي، مۇشۇ جىددىيلىك تۈگىگەن ھامان ياتاقتا ياتمىسام بولمايدۇ.

كامىل ھەر قېتىم شۇنداق دەيتتى، لېكىن جىددىي ئىشلار بىرى تۈگەپ بولغۇچە يەنە بىرى ئۇلىشىپ كېلىۋېرەتتى. كامىل ئەجدادلار ياراتقان چوڭ - چوڭ دىۋانلاردىن تارتىپ پارچە شېئىرلارغىچە ھەممىسىنى يورۇقلۇققا چىقىرىشقا پۈتۈن زېھنىنى بەرگەنىدى. لېكىن، ئۆز شېئىرلىرىدىن بىرەر توپلام تۈزۈشنى بولسا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى، قىيىن ۋە ئاۋارىچىلىكى كۆپ ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئەجدادلار ئەجرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا پىداكارلىق ۋە خالىسانە ئىشلەش روھى يازغان غەزەللىرىدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقانىدى:

ئەي بۇرادەر، ئەل ئۈچۈن جەبرۇ جاپاغا مەن باراي،
ئەلگە دەپ مىڭ جان پىدا، ئەھدۇ ۋاپاغا مەن باراي.
ئەلگە گەر يەتسە مۇشەققەت ياكى بىر دەردۇ ئەلەم،
دەردىگە دەرمان بولۇپ شۇ دەم داۋاغا مەن باراي. . .

بىر كۈنى كامىل بىلەن مىرزا مۇھەممەت ئىككىسى زاۋۇت



ياتىقىدا، دەسلەپكى چىققان بىرنەچچە كىتابنىڭ نۇسخىسىنى ئەسلىي ئورگىنالغا سېلىشتۇرۇپ ئولتۇراتتى، ياتاققا ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان ئالىم كىرىپ كەلدى. ھېكمەتنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن كامىل دوستىنى يېنىش - يېنىشلاپ قۇچاقلىدى. نىجىس كېسەل ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەي ھۇجۇم قىلىۋاتقان بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە ئۇ دىلكەش يارەنلىرىنى، سىرداش دوستلىرىنى تاقەتسىز سېغىنىدىغان، ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ مىرزا مۇھەممەتكە: «كېسەل تۇغرۇلۇق ھېكمەتكە خەۋەر قىلىپ سالماڭ، ئۇ بەك ئەنسىز، كەلگەنچە ئادەمنى تىللاپ كېتىدۇ» دەپ تاپىلاپ تۇراتتى:

— قارا ماۋۇ قېرى بويتاقنىڭ بۈگۈن مېنى ئەسلەپ قالغىنىنى. تۇرسۇنجان، قېنى بۇ يەرگە كېلىڭ، — كامىل كارىۋاتقا يېيىلغان ئورگىناللارنى يىغىشتۇرۇپ ئورۇن ھازىرلىدى:

— سەن ئەسلىمىگىنىڭ بىلەن مەن داۋاملىق سېنىڭ غېمىڭدە، — دېدى ھېكمەت دوستىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، — ھە، خېلىلا ئېغىر ھاسىرايسەنغۇ، چىرايىڭمۇ باشقىچە.

— ھېچ ئىش يوق، كېچىدىن ئېچىلىپ قالدىممۇ، تومۇ تېگىپ قاپتۇ، — كامىل مىرزا مۇھەممەتكە لەپپىدە قاراپ قويدى، — قېنى، سىز بۇلارغا قىزىقراق چاي تەييارلاڭ، مۇزلاپ كۆكىرىپ كېتىپتۇ بۇ ئاغىنىلەر.

ئۇلار قىزىق چايدىن ئىچكەچ يېڭىدىن چىققان كىتابلارنىڭ نۇسخىلىرىنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشتى. بىرنەچچەسىلا بېسىلغان بۇ نۇسخىلارنى كامىل تەكشۈرۈپ كۆرۈپ «شۇ بويىچە بېسىلسا بولىدۇ» دەپ قول قويغاندىن كېيىنلا، كىتابلار دېيىلگەن تىرازدا بېسىلىپ چىقىپ تارقىتىلاتتى.

— ھېكمەت، ئىسلاھاتچىمىزنىڭ مىجەزى يوقمۇ

نېمە؟ — دېدى كامىل تۇرسۇنجانغا قاراپ، — بەك خامۇش، سۇلغۇن كۆرۈنىدىغۇ؟

— سەن تېخى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلاردىن خەۋەرسىز، — ھېكمەت ئېغىر تىنىپ قويدى، — پەيتۇل ئاخىر ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى ئەمەسمۇ.

ھېكمەت «گۈلدەستە» نەشرىياتىدا يۈز بەرگەن غەلىيانچىلارنىڭ غوۋغاسىدىن تارتىپ، پەيتۇلنىڭ تۇرسۇنجاننى خىزمەتتىن ھەيدىگەنگە قەدەر جەريانىنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسى، باشقۇرغۇچى ئورگان، تەشۋىقات بۆلۈمىدە غەلىيانچىلارنىڭ قويغان تەلىپى، بولۇپمۇ «چىنار» تەخەللۇسلۇق شائىرچاقنىڭ ھەرىكىتى كامىلنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. چۈنكى، ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى مۇھەررىرى ئەزىز ئېلىدىن چىنارنىڭ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ سورۇنلىرىدا تۇرسۇنجاننى سېستىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، پەيتۇل، مەسۇم قابىل، چىنارلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىرلىق باغلىنىش بارمۇ، يوق، دېگەن ئوي كامىلنى گۇمانغا سېلىپ قويدى.

— بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىگە قانچىلىك بولدى؟ — سورىدى كامىل خىيالغا پاتقان ھالدا.

— بىر ئاي بولاي دەپ قالدى، — جاۋاب بەردى تۇرسۇنجان.

— بىرەر ئورۇندىن خىزمەت ئىزدەپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ئىزدىدىم، بىرقانچىلىغان گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىگە بارسام ھەممىسىلا قاپاق ئاچمىدى. «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىدىن ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ يۆتكىلىپ كەتكەچكە ئۇ يەرگە بېرىشقا يۈزۈم چىدىمىدى.

— ئەھۋال چۈشىنىشلىك، — كامىل چارلاشقان يۇمشاق چاچلىرىنى سىلىدى، — مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ قاپاق ئاچماسلىقى



پەيتۇل، مەسۇم قابىل، چىنارلارنىڭ ئۇزۇندىن بېرى مەقسەتلىك ھالدا ئۈستىڭىزدىن پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ سۇيىقەست قىلىشىدىن بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مەقسىتى يولىدا سىزنى قۇربان قىلدى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دېدى تۇرسۇنجان ئىككى ئويلۇق بولۇپ، — لېكىن، بىر ئايدىن بېرى مەسۇم قابىل ئۆيۈمگە ئۈچ - تۆت قېتىم كىرىپ، مېنى «پەيتۇلنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىڭ، جىم ياتماڭ، سىزگە ئۇۋال بولدى، بۇ ئوغرىنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەڭ، تېگىشلىك پاكىتلار بىلەن مەن تەمىنلەيمەن» دەپ ماڭا خەيرخاھلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ مەسۇم قابىل يىللاردىن بېرى پەيتۇلنىڭ نۇرغۇنلىغان بولمىغۇر ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن، بۇنىڭدىن ھېكمەتنىڭمۇ خەۋىرى بار.

كامىل ئىستاكاننى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ پۇۋلىگىنىچە جىمىپ قالدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن بىر پەس ئۈندىمىدى. بىر چاغدىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەممىگە تەكشى قارىدى:

— كونىلار، خىرىس قىلىپ كەلگەن يولۋاستىن ھىجىيىپ كەلگەن يولۋاس خەتەرلىك، دەپ بىكار ئېيتمىغان. مەسۇم قابىل بىر كىمگە ياخشىلىق تىلەيدىغان ئادەملەردىن ئەمەس! يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەل خۇمارى قانمايۋاتقان، كۆزلىگەن رېجىسىگە يېتەلمەي تۈرلۈك نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا پەيتۇلنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، كونا رەقىبى تۇرسۇنجاننى تەختكە چىقىرىشقا ئۇنىڭ تەبىئىتى ھەرگىز يول قويمايدۇ. مەسۇم قابىل بۇ چاغقىچە پەيتۇلنىڭ پوستىغا كىرىۋېلىپ تۇرسۇنجاننى يامان كۆرسەتتى. تۇرسۇنجانغا پەيتۇلنىڭ چىرىكلىكلىرىنى پاش قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالدى. كىمنىڭ ئۇسۇشتۇرۇۋاتقانلىقى بۇ ئىككى قوچقارغا ئايان بولسىمۇ، ھەر

ئىككىسى ئۇنى «شاپائەتچىم» دەپ بىلدى. ئارىلىقتىن پايدا ئالغىنى يەنىلا ئاشۇ «شاپائەتچى». ئۇ پەيتۇلنىڭ قولى بىلەن كونا كۈشەندىسى تۇرسۇنجاننى كۆزدىن يوقاتتى. ئەمدى ئۇ تۇرسۇنجانغا ھەمقان بولۇپ، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق پەيتۇلنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرماقچى. ئاقىۋەت نېمە بولماقچى، مەسۇم قابىلدىن ئىبارەت بۇ ئىتتىپلىقى «گۈلدەستە»دىن ئىبارەت بىلىم بۇلىقىنى لېيىتىپ، ئۆزى باش بولۇپ ئوڭچە - چوڭچە سورىماقچى.

كامىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىسىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بولۇپمۇ تۇرسۇنجاننىڭ كاللىسىدا «پاھ، كامىل تەسەۋۋۇر كۈچى، پەرەز قىلىش ئىقتىدارى، تۇيغۇ سېزىملىرى ئارقىلىق مەنتىقە خۇلاسە چىقىرىشقا نېمىدېگەن ئۇستا - ھە! ئەگەر ئۇ بىرەر سوتچى ياكى رازۋېدكىچى بولۇپ قالغىنىدا ھولمىستەك ئادەم بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مەسۇم قابىلغا كامىلدەك باھا بېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. تۇرسۇنجان ئۇنىڭ بىلەن بىر بۆلۈمدە مۇدىر بولۇپ ئىشلەشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بەش - ئالتە يىل جەريانىدا ئۇنى كۆپ سىنىدى. كىتاب ئۇيۇشتۇرۇش، قەلەم ھەققى بەلگىلەش، تەرجىمە، تەھرىرلىككە ئادەم تەكلىپ قىلىش، تېماتىك پىلان ۋە يىللىق پىلانلارنى تۈزۈش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى مەسۇم قابىلنىڭ مەسلىھەتىسىز قىلمىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھېكايە توپلاملىرىنى پىلانغا كىرگۈزۈپ، ئۆزى تەھرىرلەش جەريانىدا كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى، كىتاب چىققاندىن كېيىن كۆڭلى تىنغۇدەك قەلەم ھەققى يېزىپ بەردى، لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، باشقىلار ئالدىدا ھۆرمەت ۋە شەرەپكە مۇشەررەپ قىلدى. چىن دىلىدىن چىقىرىپ قىلىنغان بۇ بىر قاتار سەممىي ياخشىلىقلار مەسۇم قابىلنىڭ بۇلغانغان قەلب بۇلىقىنى سۈزۈلدۈرۈپ، گۆردەك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭۈل ئاسمىنىنى يو-



رۇتقان بولسا كېرەك، ئۇمۇ ۋاپاغا جاپا قىلمىدى. تۇرسۇنجان پەيتۇلدىن رەنجىگەن، تىل - ھاقارەت ئاڭلاپ دىلى سۇنغاندا ئۇ تەسەللى بەردى. پەيتۇلنىڭ رەزىللىكلىرىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق سۆزلەپلا قالماي، جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلار ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ تۇرسۇنجانغا سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مانا ماڭا پەيتۇل ئۈستىدىن ئەرز قىلىش، ناھەقچىلىك قۇربانى بولماسلىق ھەققىدە مەدەت بېرىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھەمقان بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى. مۇشۇ بىرقەدەر ئەمەلىيەتلەر تۇرۇقلۇق ئۇنى «دۈشمەن» قاتارىغا چىقىرىۋېتىش، ئەلۋەتتە ئادىللىق بولمايتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ قىپقىزىل گۇمانخورلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئادەمنىڭ روھى چۈشسە ئېتىمۇ چاپالماس بولۇپ قالىدۇ دېگەندەك، ئۆتكۈر، چەبدەس، پىكرى چوڭقۇر تۇرسۇنجان ئالىم كامىلنىڭ ئېيتقانلىرىغا نىسبەتەن كۆڭلىدە «چەكتىن ئاشقان سولچىللىق كۆزقارىشى» دەپ باھا بەردى.

— تۇرسۇنجان، گەپ قىلمايسىزغۇ، — سورىدى كامىل ئۇنىڭ جىمىپ كېتىشىدىن گۇمانلىنىپ، — ياكى مېنىڭ پەرەزلىرىم ئارتۇقچە بولۇپ كەتتىمۇ؟

— مەنغۇ ئۇنداق ئويلىمىغان، لېكىن مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلۈم پەرىشان بولغاچقا نېمە قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم، — تۇرسۇنجان كۆڭلىدىكىنى يوشۇردى، — كامىل، سىزنىڭچە بولسا، مەسۇم قابىلنىڭ چومىقىغا ئايلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن پەيتۇلغا چېقىلماسلىقىم كېرەكمۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم خاراب قىلىشقۇ.

— مېنىڭ سۆزلىرىم سىزگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىپتۇ، — دېدى كامىل كۈلۈپ قويۇپ، — دەرۋەقە، بۇ ئىشنى «بولدىلا» دەۋەتسىڭىز مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيسىز. يەڭ شىمايلاپ چىقسىڭىز، پەيتۇل «مەن ئاممىنىڭ تەلىپى، بېسىم-

مى، ئارزۇسى بويىچە تەدبىر قوللاندىم. بۇ يەنىلا نەشرىياتىمىزنىڭ تىنچ - ئەمىنلىكى ئۈچۈن» دېگەن كاۋاكقا كىرىۋېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە ھەممىمىز ئويلىشىپ كۆرەيلى. ھازىر ئۆزىڭىزنى بىرئاز بېسىۋېلىڭ.

— مەنچە كامىلنىڭ سۆزلىرى يوللۇق، — دېدى ھېكمەت تۇرسۇنجانغا قاراپ، — پەيتۇل ئىككىڭلارنىڭ جېدىلىدىن جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىياز، كېرىم، لى بۇجاڭلار راسا بىزار بولۇپ تۇرغاندا سىلەرنىڭ سورىقىڭلارنى سورىشى ناتايىن، ھەتتا ئاۋارىچىلىكتىن قېچىپ «بىرەر يەردىن خىزمەت ئورنى سۆزلىشىڭ، بىز رەسمىيەتلىرىڭىزنى يۆتكەپ بېرەيلى» دېيىشى ياكى «ھازىر ئىسلاھات دەۋرى، كىمنى ئىشلىتىش، كىمنى قالدۇرۇش باشلىقنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى ئىش، بىزدە نېمە ئامال» دەپ قوپاللىق قىلىشىمۇ مۇمكىن.

— مېنىڭمۇ ئەنسىرەپ تۇرغىنىم شۇ، — دېدى تۇرسۇنجان، — شۇڭا كامىل دېگەندەك ياخشىراق ئويلىشىپ كۆرسەك بولغۇدەك.

— تۇرسۇنجان، سىزگە ئەسكەرتىپ قوياي، خاپا بولسىڭىزمۇ مەيلى، — كامىل يۈز ئاياپ ئولتۇرمىدى، — قارىسام، مەسئۇم قابىلغا ئىشىنىپ كەتكەندەك قىلىسىز. سىزدىكى بۇ غاپىللىق بىر كۈنى سىزنى دەھشەت پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ.

ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن خوشلىشىپ قايتتى. ئۇلار باسما زاۋۇت قورۇسىدىن چىقىپ خەلق باغچىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ھەر ئىككىلىسى پەلتولىرىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، كۆرپە قولاقچىلىرىنى باستۇرۇپ كىيدى - دە، كوچا ئاپتوبۇسىغىمۇ، تاكسىغىمۇ چۈشمەي، مۇڭداشقاچ پىيادە مېڭىشتى. فېۋرالنىڭ باشلىرى بولغاچقىمۇ، قاتتىق سوغۇق دەستىدىن چوڭكۆۋرۈك



ئاستىدىكى ۋە قىزىلتاغ ئۈستىدىكى ئورمانلار ئاپئاق قىرو بىلەن قاپلانغانىدى، ھەتتا ئېغىز - بۇرۇندىن چىققان ھورمۇ نەپەس ئۆتمەي قاش - كىرپىكلەردە قىرو بولۇپ توختاپ قالاتتى. قىش قۇياشى باغچىدىكى يالىڭاچ دەل - دەرەخلەر ئۈستىدە ئوتقاشتەك قىزىرىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئاجىز نۇر زەررىلىرى سوغۇق يىڭنىدەك يۈزلەرگە سانجىلاتتى.

— تۇرسۇنجان، — دېدى ھېكمەت كېتىۋېتىپ، — كامىلنىڭ مەسئۇم قابىل توغرۇلۇق دېگەن سۆزلىرى كاللاڭدىن ئۆتمىدى بولغاي، مەن شۇنداق ھېس قىلدىم.

— مەنمۇ ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە كۆپ ئۇچرىغان، ھەتتا مەڭگۈ يۈزىگە قارىماسمەن، دەپ ئويلىغان، — دېدى تۇرسۇنجان ھارغىن قىياپەتتە، — بىراق، مەن «گۈلدەستە» نەشرىياتىغا كەلگەندىن كېيىن، سېنىڭ مەسلىھەتىڭ بويىچە ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتتۇم، كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدىم. ئۇمۇ قىلغان ئەقىدەمنى بىلدى بولغاي، پەيتۇل ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشلاردا مەن تەرەپتە تۇردى. ئازمايدىغان كىم بار دەيسەن، ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن ئىنسان - دە.

— ساڭا زادى نېمە بولدى، قېنى سەندىكى ئۇرغۇپ تۇرغان قىزىق قان، جەڭگىۋارلىق؟ — ھېكمەت ئۇنىڭ سۆزىدىن رەنجىگەنىدى، — بىر چاغدا ماڭا «مەسئۇم قابىل كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ ئېلىپ، چىرقىرىتىپ تۇرۇپ قايتۇرۇپ بېرىدىغان ياۋۇز» دېگەن گېپىڭ ئېسىڭدە باردۇر؟

— ئېسىمدە، ئېسىمدە، ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، — نېمە ئۈچۈندۇر تۇرسۇنجاننىڭ كەيپى ئۆرلەپ قالدى، — ساڭا دېمىگىنىم بىلەن دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، ئىچىمنى نېمىلەردۇر تىلغاپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى. بىلەمسەن، مېنىڭ يەتمەكچى بولغان ئارزۇ - ئارمان، تىلەكلىرىمنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن!

بىز بۇرۇنلا قەيت قىلىپ ئۆتكەندۇق، تۇرسۇنجان ئىچكى-
رى ئۆلكىلەر، بولۇپمۇ دېڭىز ياقىلىرى رايونلىرىدىكى زاۋۇت،
كان - كارخانا، شىركەت، قاتناش - ترانسپورت، قول سانائەت
ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھات جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلى-
رى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرنى كۆپ كۆرەتتى. شۇنداقتىمۇ
ئۇنىڭ ئەڭ قىزىقىپ كۆرىدىغىنى نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى
يېڭىلىقلار ئىدى. ئۇ بۇنداق ماقالىلەرنى كۆرگەندە ئەڭ ھالقى-
لىق ھەم نۇقتىلىق دەپ بىلگەن سەھىپىلەرگە قىزىل قەلەمدە
بەلگە ئۇرۇپ يېنىش - يېنىشلاپ ئوقۇيتتى، تەھلىل قىلاتتى،
خاتىرىسىگە كۆچۈرەتتى، ئۇنى شىنجاڭنىڭ شەرت - شارائىتى
ۋە ئەۋزەللىكلىرىگە سېلىشتۇراتتى، سېلىشتۇرغانسېرى قانلىرى
ئۇرغۇپ قانات ياساپ ئۇچقۇسى كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ «گۆھەر
زېمىن» نەشرىياتىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى كىچىك، شەرت - شارا-
ئىتى ناچار، جېنىنى ئاران بېقىپ كېلىۋاتقان «گۈلدەستە»
نەشرىياتىغا زور ئۈمىدلەرنى يۈكلەپ كەلگەنىدى. تۇرسۇنجاننىڭ
كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم ئۇنى «بەڭگىنىڭ
خىيالى» نى قىلىپتۇ، دېيىشى تۇرغانلا گەپ. «گۈلدەستە» نەش-
رىياتىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، زامانىۋى ماشىنا -
ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغان باسما زاۋۇتى قۇرۇش، كىتاب
تارقىتىش شىركەتلىرىنى تەسىس قىلىش، كىتاب - ژۇرناللار-
نى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى باسما زاۋۇتلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچى-
مىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىش ھەم
بىر مەزگىل يۇقىرى مائاش بىلەن ئىشلىتىپ شاگىرتلارنى يې-
تىشتۈرۈش، كىتاب ئىشلەش بىلەنلا چەكلەنمەي، ژۇرناللاردا
تۈرلۈك سەھىپىلەرنى ئېچىش ئارقىلىق بازارغا يۈزلىنىش قاتار-
لىق نۇرغۇن - نۇرغۇن پىلانلار ئۇنىڭ يەتمەكچى بولغان
تىلەك - ئارزۇلىرى ئىدى. خۇددى يېڭى چىققان چۈجە ساردىن
قورقمىغاندەك، تۇرسۇنجان كېلىپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ



ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ گۆش يېگەندەك، ھاراق ئىچكەن-
دەك، زىياپەت جوزىسىدا غەيۋەت - شىكايەت قىلىشقاندەك ئون-
داق كۆڭۈللۈك ھەم ئاسان بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىدى.
ئۇ خامان مومىسىدەك كۆزگە كۆرۈنگىلى تۇرۇۋىدى، كونا تۆۋ-
رۈكلەرنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. مەيلى سىڭاريان تۇرسۇن
ياكى تۆۋى چىرىپ كەتكەن بولسۇن، ئەڭ بولمىسا لايغا پاتقان
قوزۇقتەك ئەھمىيەتسىز گىدىيىپ تۇرسۇن، بۇ چاغقىچە چوقچى-
يىپ، ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرغان بۇ تۆۋرۈكلەر تۇرغان يەردە
قانداقتۇر خاماننىڭ مومىسى كۆزگە كۆرۈنۈپ ئالقىشلانسا،
ھۆرمەت - ئېھتىرامغا سازاۋەر بولسا ئۇلارنىڭ نام - شەرىپى،
ئاتاق - شۆھرەتلىرى خىرەلەشمەمدۇ! خەيرىيەت، خاماننىڭ
مومىسى قومۇرۇپ تاشلاندى، ئۇلۇغ پىلانلار قارا يەرگە دەپنە
قىلىندى. مانا بۇ بىزنىڭ خۇي - پېئىلىمىز، نادانلىق، قاش-
شاقلىق، ئەبگاھلىق، كۆڭلى تارلىقتىن كېلىپ چىققان ھايات
پاجىئەمىز! . . .

— ھېكمەت، بىر چاغلاردا مېنى ئاگاھلاندۇرغانلىقىڭنى
ئۇنتۇپ قالمىغانسەن، — دېدى تۇرسۇنجان خورسىنغان
ھالدا، — مەن ئاشۇ پىلانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەن
دېگەندەك خاسلىقىمنى، تەۋەككۈلچىلىك روھىمنى چەكلەپ تۇ-
رۇپ، مېنى قوللىغان، مەدەت بەرگەن، يول كۆرسەتكەنلەرنىڭ
قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشتىم،
دوستلاشتىم، يېنىمغا تارتتىم، كۆرسەتمىگەن تىرىشچانلىقىم
قالمىدى. بىراق، يەنىلا مەغلۇپ بولدۇم.

— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، شۇنداقتىمۇ روھىڭنى چۈ-
شۈرمە، — ھېكمەتنىڭ تۇرسۇنجانغا ئىچى ئاغرىپ قال-
غانىدى، — خاتىرجەم بول، خىزمەت ئىشىڭنى بىز دوستلار
ئالاقىلىشىپ ھەل قىلىمىز.

— ھېكمەت، سەن بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرسا-

مۇ، كاللام جايىدا بولمىغاچقا بىر ئىشنى دېيىشنى ئۇنتۇپلا
قالىمەن، — تۇرسۇنجان ھېكمەتكە تاماكا سۇنۇپ ئۆزىمۇ بىرنى
تۇتاشتۇردى، — گېرمانىيىدىكى كىچىك دادامدىن خەت كەلدى.
ئۇ ھازىر سەكسەن ياشتىن ئاشتى، ئۆزى كېسەل ئوخشايدۇ.
— ئىسمىنى كىم دېگەنتىڭ؟ توغرا، ئاروپ بايۋەچچە.
ھە، ئۇ خېتىدە نېمە دەپتۇ؟
تۇرسۇنجان قەدىمىنى ئاستىلىتىپ خەتتىكى مەزمۇنلارنى
ئالدىرىماي تەكرارلىدى:
— «ئاكام ئالىمجاننىڭ مال - دۇنياسى ماڭا ئىككى
دۇنيالىق ئامانەت ئىدى. مەن ئۇنى يوقاتماي، گۈللەندۈرۈپ
بېيىتىپ ئاكامنىڭ روھىنى خۇش قىلدىم. بىراق، بۇ دۇنيادىن
كېتىش ئالدىدا قىيامەتلىك قەرز مېنى ئازابلاپ بىئارام قىلماق-
تا. شۇڭا مال - دۇنيايىمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە
ۋەسىيەتنامە قالدۇردۇم ۋە تېگىشلىك قانۇنىي ئورۇنلارنىڭ گۇ-
ۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزدۈم. ئوغلۇم تۇرسۇنجان، مەن ساڭا ۋىزا
ئەۋەتىمەن، مېنىڭ ھايات شامىم ئۆچكۈچە يېتىپ كەل. سەن
ئاكامنىڭ بىر تاللا تەۋەررۈكى بولغاچقا، مىراسخورلار تىزىملى-
كىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا سېنىڭ مۇبارەك ئىسمىڭ
بار. . .»
— پاھ، دىيانەتلىك ئادەمكەن، — دېدى ھېكمەت، —
«قىيامەتلىك قەرزنى ئۇ دۇنياغا يۈدۈپ كەتمەي» دەپ ئويلاپتۇ.
— ئەجەل كانىيىنى بوغقاندا ئىمان ئېيتتى، دېگەن شۇ دە.
— بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، — ھېكمەتنىڭ قاپاقلىرى
تۈرۈلدى، — قانداق، سەن جاۋاب يازدىڭمۇ؟
— بۇ خەت مەن خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇپ ھەپتە ئۆتمەيلا
كەلگەن، — دېدى تۇرسۇنجان، — خەت يازسام ئۆزۈڭغا سوزۇ-
لۇپ كەتكۈدەك دەپ تېلېگرامما بېرىۋەتتىم.
— بارىمەن دەپ يازغانسەن؟


— ئۇ چاغلاردا كەيپىياتىم بەك ئوسال ئىدى، شۇڭا
خوتۇن - باللىرىم «بۇ ئىشلارنى بىرنەچچە ۋاقىت ئۇنتۇيلى»
دەپ تۇرۇۋالغاچقا، بارىدىغانلىقىم توغرۇلۇق خەۋەر بەردىم.
— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ھېكمەت، — ۋىزا كەلگەن ھا-
مان رەسمىيەت بېجىرگىن.
ئۇلار پاراڭ بىلەن بېيىمىڭغا يېتىپ كەلدى. تۇرسۇنجان
ئەركىن بازار كوچىسىغا قايرىلىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن،
ھېكمەت كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۈچ-
قۇنچاي ئاشخانىدىكى تاماق ئۈستىلى ئۈستىگە بىر پارچە باغاقچە
يېزىپ تاشلاپ قويغانىدى. باغاقچىدىكى «دادا، بىر تەخسە قورۇ-
ما تەييارلاپ قويدۇم، ئەتكەنچاينى ئۆزىڭىز ئېتىپ ئىچىڭ. مەن
ماھىگۈل ھەدەمنىڭ ئۆيىگە كەتتىم، شۇ يەردە قونۇپ قالىمەن»
دېگەن سۆزلەرنى كۆرگەن ھېكمەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى،
ئاندىن تەييار قورۇما بىلەن چاينى ئىچىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ
كەتتى.
ھېكمەت تۈنجى قېتىم كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتىشىپ ما-
ھىگۈلنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى، ئۈچقۇنچاي مېدىتى-
سىنا دوختۇرخانىسىغا كۆپ بارىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ
كۈندۈزلىرى مەكتەپتە ياكى ئۆيدە دەرس تەكرارلاپ، كەچ بول-
غان ھامان ماھىگۈلنىڭ ئۆيىگە كېتىپ شۇ يەردە قونۇپ قالات-
تى، بەزىدە نەبىسىنىڭ ئۆيىگىمۇ باراتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
قانداق گەپ - سۆزلەر بولۇندى، بۇ ھېكمەت ئۈچۈن قاراڭغۇ
ئىدى. بىراق، ئۈچقۇنچاي دادىسى بىلەن ئەسرا بولسىلا ماھىگۈل
توغرۇلۇق گەپ باشلايتتى، ھەتتا بىر قېتىم ئوچۇقلا: «دادا،
ماھىگۈل ھەدەمنى قاچان ئەكېلىۋالىسىز؟» دەپ سورىدى. بو-
لۇپمۇ نەبىسىنىڭ خۇشاللىقى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ دىلنار، ئوغلى
ئەزىمەتلەرنى پات - پات باشلاپ كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتەتتى.
تا قايتقۇچە چاقچاق قىلىپ، قىزىق يۇمۇرلارنى سۆزلەپ ھەممە-

نى كۆلدۈرەتتى. ئۇ 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ھېكمەتنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تانسا، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ناخشىلار ئارقىلىق سورۇننى قىزىتىۋەتتى. ھېكمەت بىلەن ماھىگۇلنى ئۇسسۇلغا مەيدانغا چۈشۈردى. تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا نەبى، ئۇچقۇنئايلار ماھىگۇلنىڭ تۇغۇلغان كۈننى مۇبارەكلەش سورۇننى ماھىگۇلنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدى. نەبى ھەدىسى بىلەن ھېكمەتكە «قىزىلگۇل» ھارىقىدىن قۇيۇپ:

— ئاكا، مەخسۇس ئىككىڭلارغا قۇيدۇم، ماھىگۇل ھەدەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتىغان يۈرەك سۆزلىرىڭىز باردۇ؟ قېنى بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى.

كۆلكە - چاقچاق، ئۇسسۇل - تانسىلار بىلەن قىزىۋاتقان سورۇننىڭ كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە دېسەم بولار؟ — ھېكمەت ھەممىگە تەكشى قارىدى، — بۇ. . . بۇ. . . نەبى، ۋاي بولدىلا، بولدىلا، شوپۇر دېگەنگۇ قېلىن بولىدۇ.

— ۋېيەي، نېمە گەپ ئۆزى، — دىلنار تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلىدى، — ماھىگۇل ئاچام بىلەن ئىككىڭلارنى سۆيۈشۈڭلار دېمىسە، نەبىنى نېمىشقا تىللايسىز. . .

سورۇندا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى، ماھىگۇل ئالىقانلىرىدا يۈزلىرىنى توستى، ھېكمەت بولسا بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ھاي، ھاي، تىنچلىنىڭلار، — نەبى ھەممىنى تەرتىپكە چاقىردى، — ھېكمەت ئاكام سۆزلىمەكچى.

— ماھىگۇل، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، — رومكا تۇتقان قوللىرى تىترەۋاتقان ھېكمەت، ھايا - نومۇستىن ئايدەك رۇخسارى قىزارغان ماھىگۇلگە قارىدى، — سىزگە بەخت - ئامەت تىلەيمەن. . .



— بەخت - ئامەت قولۇمدا، — دېدى ماھىگۇل يەر بېقىپ، — ئەمدىكىسىنى خالىمايمەن. . .

سورۇندا بىردىنلا چاۋاكلار چېلىندى. ئۇلار ئىككىسى رومكىلىرىنى كۆتۈرۈشتى، ئاندىن ھېكمەت ئالدىن تەييارلانغان تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتى — ئاق بىرىليانت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى ماھىگۇلنىڭ بارمىقىغا سېلىۋاتقاندا، يەنە بىر قېتىم تەبرىكلەپ شادلىق سادالىرى ياڭرىدى.

ماھىگۇلنىڭ سۆزى ھېكمەتنى ئۇزاق ئۆتمۈشكە ئېلىپ كېتىپ بىر قىسمىلا قىلىپ قويدى. توغرا، ھېكمەتمۇ بىر زامانلاردا «بەخت تىلەش يۈزىدىن تارتۇق قىلغان بۇ گۈلىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. . . چۈنكى مەن ئاللىبۇرۇنلا بەختىمنى تاپقانمەن! . . . » دەپ گۈلزىبانىڭ گۈلىنى قوبۇل قىلمىغانىدى. . .

كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىككى قېتىملىق تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىنى ئەسلەشكە ئۈلگۈرگەن ھېكمەت بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى - دە، يېزىپ ئاخىرلىشىپ قالغان «تۇمانلىق يىللار»نىڭ ئىككىنچى توم ئورىگىناللىرىنى تارتمىدىن ئېلىپ ئۈستەلگە يايدى.

ھېكمەت ئەتىسى ئىشخانىغا ئەمدىلا چىقىشى، نەشرىيات باشلىقى ياقۇپ مۇھەتتى ئۇنى چاقىرىپ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئىشانوف پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەندىن بېرى، ھېكمەتنىڭ بۇ ئىشخانىغا ئۈچىنچى قېتىم ئاياغ بېسىشى ئىدى. ئالدىنقى يىلى ئىككى قېتىم مۇدىرلىقتىن ئىستېپا بېرىش ئۈچۈن كىرگىنىدە ياقۇپ مۇھەتتى ئۇنىمىغانىدى.

— مۇنداق ئىشتى قاراڭ، — ياقۇپ مۇھەتتى ئېپادىسىزلا ھىجايدى، — رەسسام بۆلۈمىنى كەسپىي ئىشخانا دەرىجىسىدە باش تەھرىر بۆلۈمىگە قوشۇۋەتمەكچى. سىز مۇدىرلىقتىن ئىستېپا بېرىشنى بىرقانچە قېتىم تەلەپ قىلغانىدىڭىز.

شۇڭا. . .

— چۈشەندىم، — ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى، — رەھمەت سىزگە، مېنى بىر يۈكتىن خالاس قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن نېمە-دەپ تەشەككۈر ئېيتىشنى بىلمەي تۇرىمەن. باشقا يوليورۇق بولمىسا مەن چىقاي. . .

ھېكمەت ئىشىكنى ياپمايلا چىقتى - دە، بۇ ئىشتىن مىر-سۇلتاننى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كادىرلار بۆلۈمىگە كىردى. ھۆججەت كۆرۈۋاتقان مىرسۇلتان يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويۇپ، بىر خىل خۇشلۇق ئىل-كىدە كۈلۈپ تۇرغان ھېكمەتكە تىكىلدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟ — سورىدى مىرسۇلتان، — بەك خۇشال كۆرۈنىسىزغۇ.

ھېكمەت ياقۇپ مۇھىتى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى قىسقى-لا بايان قىلىشى، مىرسۇلتاننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، قاپقارا قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ قالدى.

— قۇيرۇقنى كۆتۈرگەن كالا تېزەكلىمەي قالمايدۇ، دەپ ئاخىر دېگىنىنى قىپتۇ - دە، — دېدى مىرسۇلتان ئاچچىقى بىلەن، — شۇنداق بولغاندىكىن، ئەمەل دەرىجىڭىزنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا ماقۇل دېسىڭىز بولمامدۇ.

— ۋاي بولدىلا، ئاران قۇتۇلغاندا ئۇنى ساقلاپ نېمە قىلاي.

— ئەمەل دەرىجىنى يانچۇقتا ياكى ساندۇقتا ساقلايدىغان بىر نېمە ئەمەس، — مىرسۇلتاننىڭ مىجەزى چۈس ئادەم بول-غاچقا چېچىلىشقا ئارانلا تۇراتتى، — ئەگەر بولمىسا ئەمەلدىن نېمە سەۋەبتىن قالدۇرۇلغانلىقىڭىز ھەققىدە بىرەر ئىسپاتمۇ بەرمىدىمۇ؟

— ئۇ توغرۇلۇق بىر نېمە دېمىدى.

— كېيىنكى ۋاقىتلاردا «نېمە خاتالىق بىلەن ئەمەلدىن



قالدۇرۇلغان» دېسە نېمىدەپ جاۋاب بېرىسىز؟

— بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن.

— توغرا، توغرا، ئەمەل دەرىجىڭىزنى ساقلاپ قېلىشقا ياكى ئىسپات قىلىپ بېرىشكە ياقۇپ مۇھىتىنىڭ ئۇنىماسلىقى ئېنىق، چۈنكى ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى بار.

ئەسلىدە ۋاڭ فامىلىلىك بىر كەسپىي ئىشخانا مۇدىرى بىر يىلدىن بېرى ياقۇپ مۇھىتىنىڭ ئۆيىگە قۇرۇق كىرمەي سوۋغا - سالاملارنى توشۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرلا تەلىپى بىرەر بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولۇشتەك ئەمەل تەمەسى ئىدى. بۇ قېتىم نەشرىيات رەھبەرلىكى «چەت ئەل كىتابلىرى ئىشلەش» بۆلۈمىنى تەسىس قىلىشنى ئويلىشىۋاتاتتى. بۇنداق كىچىك كەسپىي ئىشخانىنى خەنزۇ بۆلۈم تەركىبىگە كىرگۈزۈپ قۇرسى-مۇ بولاتتى. بىراق، نەشرىيات رەھبەرلىكى ئۇنى باشقارما دەرى-جىلىككە كۆتۈرۈپ، ۋاڭ فامىلىلىك كېجاڭنى «چۇجاڭ» قى-لىپ بېكىتمەكچى ئىدى. ئەگەر بۇ ھەقتە يۇقىرىغا مەلۇمات سۇنۇلسا، بۇنداق ئىككى - ئۈچ ئادىمى بار كىچىك تەھرىر بۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار «باشقارما» دېگەن يوغان قال-پاقنى كىيگۈزۈشكە ھەرگىز قوشۇلمايتتى. شۇڭا، ياقۇپ مۇ-ھىتى ھېكمەتنىڭ چۇجاڭلىق شتاتىنى ۋاڭغا ئېلىپ بېرىش توغ-رىسىدا مەسلىھەت سالغىنىدا مىرسۇلتان ئۇنى رەت قىلغانىدى.

— ھېكمەتنى خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتىپ، ئەنگە ئېلىپ، ئەمەل كىنىشكىسىگە تامغا بېسىپ ئېلان قىلغان چۇجاڭ، — دېدى مىرسۇلتان چۈشەندۈرۈپ، — شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئە-مەل دەرىجە شتاتىنى خالىغانچە بىركىمگە ئېلىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

— بۇ نەشرىياتنىڭ ئىچكى ئىشى، — ياقۇپ مۇھىتىنىڭ تەلەپپۇزى خېلىلا قاتتىق ئىدى، — ئىچكى جەھەتتە بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ مۇدىرلىرىنى تەڭشەشكە بولىدۇ.

. . . ھېكمەت مىرسۇلتاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىشىنىڭ بۇرۇنلا مەقسەتلىك بول-
غانلىقىنى چۈشەندى.

ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە خېلىغىچە گەپ قىلىشمىدى. ئىشخانا
ئىچىنى جىمجىتلىق باسقان بولۇپ، پەقەت كارىدوردا
ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغان ئاۋازلارلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مىر-
سۇلتاننىڭ چىرايىدىن ئىچىدىكى ئويغا پاتقانلىقىنى بىلمەك تەس
ئەمەس ئىدى.

«گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىدا يۈز بېرىۋاتقان بەزى غەلىتە-
لىكلەرگە مىرسۇلتاننىڭ غەزىپى كېلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئاچ-
چىقى يامان بولغىنى بىلەن تەبىئىتى ئېغىر، ئۆزىنى تۇتۇۋال-
غان، بىرەر ئىشلارغا يېنىكلىك بىلەن باھا بەرمەيدىغان ئادەم
بولغاچقىمۇ، ئالدىراپ - تېنەپ خۇلاسە چىقارمايتتى. سىياسىي
خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغانلار شۇنداق بولامدۇ، تەشكىلگە،
رەھبەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى يامان خاھىش، بولمىغۇر ھە-
رىكەتلەرگە نىسبەتەنمۇ «بۇ دېگەن قىسمەنلىك، ئومۇملۇق ئە-
مەس» دېگەندەك تەكەللۇپ ئىبارىلەر بىلەن بېسىپ تۇراتتى.
بىرەر كادىر بىيۇروكراتلىق، چىرىكلىك، ناھەقچىلىق دېگەندەك
خاتالىقلار ئۈستىدە ئىنكاس قىلىپ كىرگىنىدە، ئۇ: «تەكشۈ-
رۈپ باقايلى، سىلەر زىيالىيلار ھېسسىياتقا بېرىلىسىلەر، بەل-
كىم بۇ ئىشلارنىڭ دەرىجىسى سىز دېگەندەك ئۇنچىۋالا ئېغىر
ئەمەستۇ» دەپ تەربىيە بېرەتتى، چۈشەندۈرەتتى. ئەمما، يېقىن-
دىن بېرى مىرسۇلتان ئېغىر خىيالغا چۆكىدىغان، سەپرا، قول
ئاستىدىكىلەرگە قاتتىق قول بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مىجەزىدىكى
بۇ ئۆزگىرىشكە نەشرىياتتا يۈز بېرىۋاتقان قاتماللىق، تۇرغۇن-
لۇق، ناھەقچىلىق، ئىش ئۇنۇمى بولماسلىق، رەھبەرلەردىكى
ھەشەمەتچىلىك قاتارلىق يامان خاھىشلار سەۋەب بولغانىدى.
باسما زاۋۇتلىرىغا قەرزگە بوغۇلۇش، قەلەم ھەققىنى ۋاقتىدا



تارقىتالماسلىقتىن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقلار، كىتاب
سۈپەتلىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدەك بىرقاتار ئۆڭۈشسىزلىقلار
نەشرىيات رەھبەرلىكىنىڭ ئىسلاھات ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى،
قوللىنىلغان چارە - تەدبىرلەرنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن كېلىپ
چىقىۋاتاتتى، يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە مىرسۇلتاننىڭ دەھ-
شەت غەزىپىنى كەلتۈرۈپ ئويغا سېلىپ قويدى.

مەمۇرىيەتتىكى قۇرۇلۇشقا مەسئۇل مۇدىر جاڭ يۈڭچىڭ-
نىڭ ھەربىي سەپتىن قايتقان ئوغلى ياقۇپ مۇھىتنىڭ تونۇش-
تۇرۇشى بىلەن تارقىتىش بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بىر
كۈنى ياقۇپ مۇھىتى «ئاشۇ بالىنى رەسمىيلەشتۈرۈپ بەرگەن
بولسىڭىز» دەپ تۇرۇۋالدى. ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچەي-
گەن مىرسۇلتان قانچە چۈشەندۈرسىمۇ ئۇ ئۆز گېپىدە چىڭ
تۇرۇۋالدى.

— سىزنىڭ سىياسەت - تۈزۈملەردىن خەۋىرى-
ڭىز بار، — دېدى مىرسۇلتان ئاچچىقىدا، — ئالىي مەكتەپنى
پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان، جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلغان
ياكى ھەربىي سەپتىن كەلگەن بولسۇن، بىر يىل ئىشلىگەندىن
كېيىن بۆلۈمدىكىلەر ئۇنى باھالايدۇ. باھالاشتىن ئۆتەلىسە، بىز
ماتېرىيالنى يېزىپ يۇقىرىغا يوللايمىز. تېخى كەلگىنىگە ئىككى
ئاي بولمىغان بىر ئادەمنى قانداقمۇ رەسمىيلەشتۈرگىلى بول-
سۇن.

— مەن بەكمۇ تەڭلىكتە قالدىم قاراڭ، — ياقۇپ مۇھىتى
قوللىرىنى يايدى، — جاڭ يۈڭچىڭ ھەر كۈنى ئۆيۈمگە كىرىۋې-
لىپ تەڭلىككە سېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئاشۇ ئىشنى قىلدۇرمىسام
بولغانىكەن.

— قايسى ئىشتى ئۇ؟

جاڭ يۈڭچىڭ نۇرساپانىڭ ئۆيىنى ھۆكۈمەت پۇلىدا ھەشە-
مەتلىك زىننەتلەپ بېرىپ، ئۆزۈن ئۆتمەيلا بىر كەچلىكى ياقۇپ

مۇھتىنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ: «سىز دېگەن نەشرىيات باشلى-
قى، ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئادەملىرىڭىز زىيالىيلار، پارتىيە ـ
ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تۇرسا، ئۆيىڭىز كۆركەم، ھەشەمەتلىك
بولمىسا بولامدۇ. نۇرساپانىڭ ئۆيىنىمۇ قۇرۇلۇشتىن ئاشقان
ماتېرىياللاردا زىننەتلەپ بەردىم، ھېچقانچە بىر نېمە كەتمەيدۇ»
دېيىش ئارقىلىق ياقۇپ مۇھتىنىڭ ئۆيىگە يەتتە ـ سەككىز
ئىشچىنى باشلاپ كېلىپ ئىشنى باشلىۋەتتى. زىننەتلەش تۈگى-
گەن ھامان ئۇ: «ئۆيىڭىزگە ھۆكۈمەت پۇلىدىن قىرىق مىڭ سوم
خەجلىدىم» دەپ ياقۇپ مۇھتىنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرۇۋالغاندەك
قورقۇتۇۋەتتى. . .

مىرسۇلتان نېمە دېيىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى، لې-
كىن كۆڭلىدىن «نەشرىياتنىڭ ھالى نېچۇك، ئەمما بۇلارنىڭ
قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى كۆرمەمدىغان» دېگەن ئوي ئۆتتى.
جاڭ يۈگچىڭ ياقۇپ مۇھتىنى سىلاپ ـ سىيپاپ يۈرۈپ تۇمشۇ-
قىغا يۈگەن سېلىۋالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ
ئىشقا سالالايتتى. ھەرقانداق ئادەم، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار
نەپسىنى يىغمىسا، قانداقتۇر نىيىتى يامان رەزىللەرنىڭ، ھەتتا
ئەرزىمەس چۈپرەندىلەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى-
نى ھېس قىلغان مىرسۇلتان ياقۇپ مۇھتىغا قارىدى:

— سىز جاڭ يۈگچىڭغا ئېيتىڭ، ئۇ مېنى ئىزدىسۇن!

. . . ھېكمەت سۇرلۇك قىياپەتتە يۈرگەن مىرسۇلتاننىڭ
دەردىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— مەنمۇ قاراڭ، ھېكمەت، پېنسىيە يېشىم توشمىغان
بولسىمۇ، — دېدى مىرسۇلتان كۆزەينىكىنى تاقاۋېتىپ، — دەم
ئېلىشقا چىقىپ كېتەي دەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟ يەنە ئىككى يىل بار دېگەندەك قىلىۋى-
دىڭىزغۇ؟

— بۇ. . . بۇ يەنىلا شۇ پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى سەۋەبىدىن



دېمەمسىز.

كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى «تەسىر دائىرىسى» نى كۆزدە
تۇتتىمۇ، يەنىلا كۆڭلىدىكىنى يوشۇردى. . .

ھېكمەت ئەتىسى مۇدىرلىقتا ئائىت ئىش ۋە نەرسىلىرىنى
ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى شۇنچىلىك يېنىك ھېس
قىلدى. ئاندىن گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى بىلەن كىچىككى-
نە بىر ئىشخانىنى تازىلاپ كۆچۈۋالدى. ئۆزىدە ھېچقانداق مەس-
ئۇلىيەت تۇيغۇسى ھېس قىلمىغان ھېكمەت بىرنەچچە كۈن ئى-
چىدىلا چالا قالغان مۇقاۋىلارنى سىزىپ بىر ئايلىق ۋەزىپىسىنى
تۈگەتتى ـ دە، ئۆيىگە چىقىپ «تۇمانلىق يىللار» رومانىنىڭ
داۋامىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندىلا تۇرسۇنجان ماتېرىيال پوپكىسىنى
قولتۇقلىغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىك ھەرى-
كەتلىرىدىن، كۈلكىدىن قىسىلغان كۆزلىرىدىن بىرەر خۇش
خەۋەرنىڭ بارلىقىنى جەزملەشتۈرگەن ھېكمەت ئۇنى يۇقىرىغا
تەكلىپ قىلدى. تۇرسۇنجان پوپكىسىدىن چەت ئەل يېزىقى بىلەن
تولدۇرۇلغان بىرنەچچە بەت جەدۋەل ھەم باغاقچىلارنى ئۈستەلگە
يايدى. ئۇنىڭ گېرمانىيىدىكى كىچىك دادىسى ئارۇپ بايۋەچچە
تۇرسۇنجاننىڭ ئايالى، قىزلىرىغا بولۇپ تۆت كىشىلىك ۋىزا
ئەۋەتكەنىدى.

— مەن تېلېگراممىغا ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىسمى، يېشى قاتار-
لىقلارنى يېزىپ قويغانىدىم، — دېدى تۇرسۇنجان خۇشال
ھالدا، — شۇڭا ھەممىمىزگە ئەۋەتىپتۇ. پۇلمۇ سالغانىكەن،
تېخى تاپشۇرۇۋالمىدىم.

— پۇل سېلىپ ئەتراپلىق ئويلاپتۇ، — دوستىنىڭ كەيپى-
ياتىدىن ھېكمەتمۇ مەمنۇن بولغانىدى، — ھازىر چەت ئەلگە
چىقىۋاتقانلارنى كۆرۈۋاتقانسەن، ھەر خىل رەسمىيەتلەرنى بېجى-
رىش، ئائىلى، چېگرىدىن ئۆتۈش، پاسپورت ھەل قىلىش، يول

كىراسى دېگەندەك ئىشلارغا خېلىلا نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ.

— هازىر مەن ئىدارىدىن ئىسپات ئېلىپ تاشقى ئىشلار بۆلۈمىگە بېرىشىم كېرەكقۇ دەيمەن.

— تاشقى ئىشلار بۆلۈمىگە بېرىش هاجەتسىز، بۇنى تەشكىلات بۆلۈمى بېجىرىدۇ، — دېدى هېكمەت ئاڭلىغانلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، — ئۇلارنىڭ قىلىپ بەرگەن رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ شەھەرلىك ساقچىغا بارىسەن.

— پوهۇي، خېلى بەك ئاۋارىچىلىكى بار ئوخشىمامدۇ؟

— چەت ئەلگە چىقىش شۇنچە ئاسان دەپ ئويلامسەن؟ — هېكمەت ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويدى، — ساقچىدىن پاسپورت هەل بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ گېرمانىيە كونسۇلخانىسىدا تەستىقلىتىدىغان گەپ.

— ئۇنداقتا بېيجىڭغا بېرىشىم كېرەك ئىكەن-دە؟

— ساقچىغا رەسمىيەت پۇل تاپشۇرساڭ ئۇلار ئۆزلىرى تەستىقلىتىپ ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن ۋاقتى سەل ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن. ئۆزۈڭ بارساڭ تېزرەك هەل قىلىسەن.

— بوپتۇ، چىدىغانغا چىقارغان، ئۆزۈم بارسامۇ ناهايىتى ئۈچ-تۆت كۈنلۈك يول، — تۇرسۇنجان ۋىزىلارنى پوپكىسىغا ئاۋايلاپ سالدى، — ئەممىسە مەن ماڭاي.

— هەي، ئالدىرىما، — هېكمەت ئۇنىڭ مۈرىسىدىن باستى، — بىر مەسىلە مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئىدارەڭگە بارساڭ پەيتۇل قېرىشىپ قەستەن ئارقىغا سوزىدۇ. هازىر سېنىڭ تەشكىلىڭ بولمىغاندىكىن، باشقۇرغۇچى ئورگانغا بېرىپ جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىيازغا ئىلتىجا قىل.

— توغرا، بۇ گەپنى ئەسكەرتىپ ئوبدان قىلدىڭ، دېمىسەڭمۇ پەيتۇل «مەن ئىسپات يېزىپ، تامغا بېسىپ بەرمىسەم قانداق قىلالايتتىڭ» دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن يانمايدۇ.

تۇرسۇنجان تاكسى بىلەن باشقۇرغۇچى ئورگانغا بىردەمدىلا



يېتىپ باردى، ۋىزىنى كۆرگەن جاڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىياز ئىسپات يېزىپ بېرىشكە دەرهاللا قوشۇلدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلار ئىككىسى تۇرسۇنجاننىڭ تەقدىرىگە ئېچىناتتى هەم ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزرىلىك ئىدى. «گۈلدەستە» نەشرىياتىنى ئاچچىق تەر، جاپا-مۇشەققەتلىك مېهنىتى، ئەقىل-ئىدراكى بىلەن گۈللەندۈرگەن بىر ئىسلاهاتچىنىڭ قوغلاندى بولۇشىدەك پاجىئە هەر ئىككى باشلىقنى ئېيتقۇسىز ئېچىندۇرغانىدى. شۇڭا، ئۇلار پەيتۇلغا بىرنەچچە قېتىم خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ: «نەشرىياتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىنچ-ئەمىنلىكى، ئامىنىڭ تەلەپ-ئارزۇسى بويىچە تەدبىر قوللاندىم. مەن ‹گۈلدەستە› نەشرىياتىغا مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك» دېگەن گەپتە چىڭ تۇردى. ئۇ بۇ گېپىنى تېخىمۇ مۇبالىغە قىلىپ، تەشۋىقات بۆلۈمى رەهبەرلىرىنىڭمۇ كۆزىنى بوياپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالدى.

تۇرسۇنجان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى تونۇشتۇرۇلغان ئىسپاتنامە يېزىلىپ تۈگىدى. جاڭ پىڭ تارتمىدىن تامغىنى ئېلىپ بېسىپ تۇرۇشى، يۇمىلاق تۇرتەلگەن قەغەزنى كۆتۈرۈپ پەيتۇل كىرىپ كەلدى. ئۇ تۇرسۇنجانغا سۇنۇلغان خەنزۇچە ئىسپاتنامىدىكى تامغىنى كۆرۈپ، تۇكۇرۇكىنى غۇرتتىدا يۇتتى-دە، بوينىنى سوزۇپ قارىدى.

— ئىسپاتنامىگە سالاهىيىتىڭىز ۋە ئۇنۋانىڭىزنى قوشۇپ يازدىم، — دېدى جاڭ پىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمدى تەشكىلات بۆلۈمىگە ئاپارسىڭىز بولىدۇ.

— رەهمەت سىزگە، — تۇرسۇنجان ئىسپاتنامىنى قاتلاپ پوپكىغا سالدى.

جاڭ پىڭنىڭ سۆزلىرىدىن دەرگۇمانغا چۈشكەن پەيتۇل «بۇ ئىسپاتنامە خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش خېتىمىدۇ ياكى بىرەر يەرگە ئۇنى ئۇستۇرمەكچىمۇ» دەپ ئويلاپ، جاڭ پىڭغا هېجىيىپ

قارىدى.
— تۇرسۇنجاننى بىرەر يەرگە ئۆستۈرمەكچىمۇ نېمە؟ —
سورىدى پەيتۇل قورۇنغان قىياپەتتە، — قارىسام شۇنداقتەك قى-
لىدۇ.
— ياق، — جاڭ پىڭ ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدى، — تۇر-
سۇنجان چەت ئەلگە چىقماقچى.
— نېمە، چەت ئەلگە؟ — پەيتۇلنىڭ كۆزلىرى يوغان
ئېچىلدى، — ئۇنداقتا ئىدارىدىن تونۇشتۇرۇش ئالماي سىلەرگە
كەلگىنى نېمىسى؟
— مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا نېمىشقا بارغۇدەكمەن، —
دېدى تۇرسۇنجان كۆزلىرىنى مىختەك قاداپ، — ئىدارىدىن چى-
قىرىۋېتىپمۇ مېنى يەنىلا باشقۇرماقچىمۇ سىز؟ بىلىپ قويۇڭ،
ئەمدى چىشىڭىز ماڭا پاتمايدۇ.
— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن مائاشىڭىزنى بىز بېرىۋات-
ساق، — پەيتۇل ئۆزىگە تەمەننا قويغان هالدا قوللىرىنى شىل-
تىدى.
— مائاشنى سىز ئەمەس، پارتىيە - هۆكۈمەت بېرىۋاتى-
دۇ، شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئوتتا كۆيمەيدۇ، سۇدا ئاقمايدۇ. مەن
ئۆلگەنگە قەدەر چىقىۋېرىدۇ، چۈشەندىڭىزما؟
— هاي، هاي، بولدى قىلىڭلار، — دېدى ئەكرەم نىياز
ئەندىكىپ، — ئىككىڭلارنىڭ جېدىلى تۈگەمدۇ، يوق زادى؟
— مەن. . . مەن، — پەيتۇل دۇدۇقلىدى، — تېماتىك
پىلاننى بىر نۇسخا كۆپەيتىپ ئەكىرگەنىدىم، كۆرۈپ تەستىقلاپ
بەرگەن بولساڭلار.
پەيتۇل چىقىپ كەتتى. جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلار تۇر-
سۇنجاننىڭ خىزمەت ئىشىنى ئۇ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن قايتا ئويلىشىدىغانلىقى، تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ،
خاتىرجەم ساياهەت قىلىپ كېلىشى توغرۇلۇق بىردەم پاراڭلى-



شىپ تۇرۇشتى. تۇرسۇنجان خوشلىشىپ كارىدورغا چىققاندا
ئۇلار ئاقىۋول تىلىشىپ ئۇزىتىپ قويۇشتى.
باشقۇرغۇچى ئورگان بىلەن «گۇلدەستە» نەشرىياتىنى ئانچە
ئۇزۇن بولمىغان بىر كوچا ئايرىپ تۇراتتى. تۇرسۇنجان يىراق-
تىن خىزمەت بىناسىغا، يالاڭ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئاراڭ-
لا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشخانا دېرىزىسىگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ
دىمىغى زىڭىدە ئېچىشتى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ پىلانلىرى، گۈزەل
ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئەنە شۇ يەردە بەربات بولغانىدى.
تۇرسۇنجان نەشرىيات ئالدىدىن ئۆتمەسلىك ئۈچۈن، يىراق
بولسىمۇ چوڭ يول تەرەپكە قاراپ مېڭىشى، بىر كىمنىڭ ۋارقى-
رىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىغا قايرىلدى. مەسۇم قابىل يىراق-
تىنلا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئىتتىك كېلىۋاتاتتى. كامىلنىڭ تەن-
بىهلىرىدىن كېيىن تۇرسۇنجاننىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزغىنلىقى-
مۇ سۇسلىشىپ قالغاندەك ئىدى.
— پەيتۇل دېگەن پوق قورساقتىن چەت ئەلگە چىقىدىغان-
لىقىڭىزنى ئاڭلاپلا يۈگۈرۈپ كېلىشىم، — مەسۇم قابىل توخ-
تىماي هاسىرايتتى، — مۇشۇنداقلا قاچماقچىمۇ سىز؟
— قېچىش دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ — تۇرسۇنجان ئاچچىق-
لىغاندەك قىلدى، — تۇغقان يوقلاپ كېلىمەن شۇ.
— بىلىمەن، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىڭىز تولا، — دېدى مە-
سۇم قابىل سەممىمي ئاهاڭدا، — شۇڭا كەلمەسمىكىن دەيمىنا،
چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ كەلمەيۋاتقانلارمۇ بار ئەمەسمۇ.
— توۋا دەڭ مەسۇم قابىل، مەن ئۇ يات يەرلەردە غېرىبى-
سىنىپ نېمە قىلارمەن. ئالتۇن - يامبۇ بىلەن كۆمۈۋەتسىمۇ
يەنىلا ئۆز ۋەتىنىمگە يېتەمدۇ.
— توغرا، توغرا، سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىز مېنى خاتىر-
جەم قىلدى، — مەسۇم قابىل كۈلۈپ قويدى، — سىزسىز ئىش-
خانىمىز هۇۋۇلداپ، سوغۇقلىشىپ كەتتى، — مەنمۇ پەيتۇلنىڭ

بىسىمىدىن باش كۆتۈرەلمەسلا بولۇپ قالدىم. ئەگەر قايتىپ كەلسىڭىز، ئۇ قارا نىيەت بىلەن ئىككىمىز بىر تۇتۇشۇپ باقساق دېگەن نىيىتىم بار ئىدى.

— تۈگىمەس باش ئاغرىقى، جېدەللەردىن تويدۇم. قايتىپ كېلىپ بىرەر خىزمەت ئورنى تېپىۋالسام خاتىرجەم ئىشلەيمەن، — تۇرسۇنجان قول سىلكىدى، — كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، ئەمدى ئىسلاھات، بۇزۇپ - تۈزەش، يېڭىلىق يارىتىش دېگەندەك ئاتىكاچىلىقنى قىلمايمەن.

— سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىز خاراكتېرىڭىزگە ھەرگىز ماس كەلمەيدۇ، — دېدى مەسۇم قابىل، — قېنىڭىزغا سىڭىپ كەتكەن ئىسيانكارلىق روھ سىزنى ھامان پارتلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

— بۇرۇن شۇنداق ئىدى، ئەمدى ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى تۈز يەردە مۇدۇرۇپ يىقىلدىم، بۇرنۇمغا سۇ كىردى، — تۇرسۇنجان سائىتىگە قارىدى، — خۇش ئەمىسە، بىر يەرگە بارماقچى ئىدىم.

— خوشلاشقىنىمىز مۇشۇ بولۇپ قالماس، قاچان ماڭىسىز؟

— رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولغۇچە مارتمۇ كىرىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا تېخى بىر ئايدەك ۋاقىت بار ئىكەن. مەن سىزنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇزىتىپ قويىمەن. ھە راست، قانچىلىك ۋاقىتتا قايتىپ كېلەرسىز؟

— تۆت ئايلاردا قايتىپ كېلەرمەن، پەۋقۇلئاددە بىرەر ئىش يۈز بەرمىسە ئۇ چاغقىمۇ قالماسمەن.

تۇرسۇنجاننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان مەسۇم قابىلنىڭ تەكەللۇپتىن قورۇلغان يۈزى بارا - بارا ئەسلىگە كېلىپ، كېيىن بۇلۇتتەك تۇتۇلدى. . .



# ئىرپان كۆكىدىن كۆچكەن يۇلتۇز

تۇرسۇنجاننىڭ ئايالى ھەم ئىككى قىزىنى ئېلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى. چىرايلىق ماي ئايلىرىمۇ كىرىپ قالدى. «قۇيۇن» دېگەن لەقىمىگە مۇناسىپ چاققان، تېتىك، تىنىمسىز ھەم ئۇچقۇر بۇ ئىسلاھاتچى «گۈلدەستە» نەشرىياتىدىن ئايرىلغان تۆت ئاي ئىچىدە پەيتۇل ئۆزىنى «پەيدەك يېنىك» ھېس قىلالمىدى، ئەكسىچە گىر تېشىدەك ئېغىرلىشىپ، ئولتۇرغان يېرىدە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. «نەشرىيات بىر ئالا قانات مەرەزدىن قۇتۇلدى» دەپ خۇشال بولغىنىمۇ كۆپۈككە ئايلانغانىدى. بولمىسا ھازىر «گۈلدەستە» نەشرىياتى كۆل سۈيىدەك تىنچ، ئىشخانىلاردىن ئۇنلۇك رەك يۆتەلگەن ئاۋازمۇ ئاڭلانمايدىغان، مۇھەررىرلەر ۋار - ۋۇر ۋارقىرىشىپ مۇنازىرىلىشىدىغان، قانداقتۇر ئىشلارغا ئالدىراپ كارىدورلاردا تاق - تۇق مېڭىشىدىغان قىزغىن پائالىيەتلەر تۇنجۇقۇپ، نەشرىياتتا ئەمىنلىك، تۇرغۇنلۇق، خاتىرجەم ھايات شەكىللەنگەنىدى. پەيتۇل ئەنە شۇنداق مۇھىتنى ئارزۇ - نىياز قىلغان ئەمەسمىدى؟! ئەمدى مۇرادىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئارمانلىرى ھاسىل بولغاندا يەنە نېمە غەم، قانداق تەشۋىش بۇ؟

پەيتۇلنى بىزار قىلىۋاتقىنى ئۆزى چۈشەنمەيدىغان، قانداق قىلىش ھەققىدە كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيدىغان كەسپىي ئىشلار ئىدى. بۇگۈنى زاۋۇتتىن چاقىرىپ «توختامدا مۇنچە گراملىق

قەغەز ئىشلىتىش دېيىلگەن، بۇ قەغەز تۈگەپ كېتىپتۇ، قانداق قەغەز ئىشلەتسەك بولار؟»، «قاتتىق مۇقاۋا بىلەن قاتۇرما مۇقاۋىنىڭ تەننەرخى ئازراقلا پەرق قىلىدۇ، قايسىسىنى ئىشلىتەيلى ياكى سۇلياۋ يالىتىلغان ئاددىي مۇقاۋا بولسۇنمۇ؟»، «ھۆرمەت بېتى ئىشلەتسەك كىتاب كۆركەم كۆرۈنىدۇ» دېگەندەك كەسپكە دائىر خىلمۇخىل سوئاللار ئالدىدا پەيتۇل نېمە دېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالاتتى. چۈنكى ئۇ «52» گراملىق قەغەز بىلەن «55» گراملىق قەغەزنىڭ قايسىسىنىڭ سۈپىتى ياخشى، مۇقاۋىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئازراقلا پەرقتىن قانچىلىك ئىقتىسادىي زىيان ياكى پايدا كېلىپ چىقىدىغانلىقى، كىتاب باھاسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، ئاددىيسى، رەڭلىك ئېلىنىدىغان ھۆرمەت بەتلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، كىتابنىڭ قانداق يېرىگە ئورۇنلىشىدىغانلىقىنىمۇ ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىراق - يېقىندىن كېلىۋاتقان تېلېفونلاردىكى قورقاق سېلىشلارچۇ! ئۇلار «ۋاقىت»، «تۆلەم تۆلەش»، «بېسىلىپ قالغان كىتابلارنىڭ باھاسىنى پىرسەنت بويىچە چۈشۈرۈش»، قانداقتۇر شىركەت، كۇرس، مەكتەپلەرگە تېگىشلىك كىتابلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن توختامنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ياكى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغانلىقى، ئەگەر بۇنىڭغا نەشرىيات ئىگە بولمىسا سوتقا ئەرز تۇتىدىغانلىقى قاتارلىق پەيتۇل چۈشىنىپ تېگىگە يېتەلمەيدىغان ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. ھەتتا بەزى غورا قاپاق، ئاچچىقى يامان بىرنېمىلەر توختامنى كۆتۈرۈپ كىرىپ «بۇنىڭغا ئۇچۇق جاۋاب ئالمىغۇچە قايتمايمەن» دەپ ئولتۇرۇۋالاتتى. ئاخىر پەيتۇل بۇ چىگىش ئىشلارنى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىغا ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلماقچى بولدى. لېكىن، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرالماي يۈرگەن مەسۇم قابىل ھېچ تەپتارتماي: «بۇنداق ئىشلارنى سىزدەك نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر ھەم ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ «مۇۋەققەت» باشلىقى ھەل



قىلماي مەن ھەل قىلامدىم. ئەسلىدە بۇلار تۇرسۇنجاننىڭ ئىشلىرى ئىدى، ئۇنى ھەيدىۋەتكەن مەن ئەمەس، سىز. . .» دەپلا ھۆرپەيدى.

پەيتۇل يىللاردىن بېرى تۇرسۇنجاننىڭ شۇنچىۋالا چىگىش ئىشلارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىپ، جاي - جايىغا جاۋاب بېرىپ، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈپ، بىر كىمگە ئېغىرلىق سالماي جان تىكىپ ئىشلەشتەك غەيرەت - شىجائىتىگە قايىل بولغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنى ھەيدىۋەتكەنلىكىدىن خۇشال ئىدى، چۈنكى «تەخت» ھەم «تاج»نى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر ئالغاندەك چوڭ غەلىبە ھېسابلىناتتى. ھازىر بىكار قىلىنغان بىر قانچىلىغان توختامنامىلەر تۈپەيلىدىن بېسىلىۋاتقان، بېسىلىش ئالدىدا تۇرغان ۋە زاۋۇتتا يوللانغان نەچچە مىڭلىغان تىراژلىق كىتابلارنىڭ تەقدىرى پەيتۇلنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان «كىتابلارنىڭ سېتىلماي بېسىلىپ قېلىش» كرىزىسى، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىقتىسادىي ئاقىۋەت، نەشرىياتنىڭ تەقدىرى دېگەنلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە يوق ئىدى. پەيتۇل ھازىر ھەربىر تەھرىر ئىشخانىسى، مەمۇرىيەت ئىشخانىلىرىغا گۈس - گۈس دەسسەپ كىرىپ دىقماق گەۋدىسىنى نامايان قىلىۋېتىپ، ئاندىن گەپ - سۆزسىز چىقىپ كېتەتتى، مەسۇم قابىلغىمۇ: «سەنمۇ ئۆزۈڭگە ھېزى بول، مەن قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم» دېگەندەك سىڭار كۆزىدە قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ تۇرسۇنجاننى يوقىتىش ئۈچۈن ھىمات تىلىگەن ۋاقتىدىكى بىچارە قىياپىتى قاياقلارغىدۇر يوقالغان، مەسۇم قابىلنى «ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول مۇدىرى قىلىش» ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇغانىدى. بىر كۈنى مەسۇم قابىل گەپ ئارىسىدا بۇ ئىشنى پۇراتقانىدى، ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي: «سىزگە مۇئاۋىن مۇدىرلىق ئەڭ مۇۋاپىق» دەپ جاۋاب بەردى.

مەسۇم قابىلنىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قىقىۋەتكەن پەيتۇل ئاجايىپ قورقۇنچلۇق خەتەرگە يول ئاچتى، چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇرسۇنجاندەك يولۋاسنى يوقاتقانىكەن، ئورماندىكى مايمۇنلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. بىراق، ئۇ چىشلىرى مەزمۇت، پۇراق سېزىمى ئۆتكۈر ئوۋ ئىتى — تايغاننىمۇ ئاشۇ چىرقىرىشىپ يۈرگەن مەخلۇقلار قاتارىغا قېتىۋەتكەنىدى. «خەپ، — دەيتتى مەسۇم قابىل ئىڭەكلىرىنى قاماللاپ، — سەن تېخى دەريادىن ئۆتۈۋېلىپلا كېمىچىنىڭ مەيدىسىگە تەپكۈدەك بولدۇڭما؟! بىلىپ قوي، مەسۇم قابىل «خەپ» دەپ ئىڭەك ئۇشلىغاندا، بىگىز بارمىقى تۇمشۇقىدىن ئېشىپ كەتسە، بۇ ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكى! مەن سېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرەڭنى شىلىۋالىمەن. پۇتلىكاشاڭلار يوقالدى، كۆرپەڭنى يەتتە قات سېلىپ، پۇتۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ جەننەت ھوزۇرىنى سۈرىمەن دەپ خىيال ئەيلىمە! سېنى ھەر كويغا سېلىۋېتىدىغان سېھىرگەرلىك پەقەت مەسۇم قابىلنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئەنە شۇنداق ماھارەت، پەللىگە يەتكۈدەك سەۋر - تاقەت پىشىپ يېتىلگەن!»

دەرۋەقە، مەسۇم قابىلنىڭ كۆزلىگەن رېجىسى، يەتمەكچى بولغان پەللىسى ناھايىتى مۇشەققەتلىك، تولىمۇ ئەگرى - توقايلىقلارغا تولغانىدى. ئۇ بۇ يوللارنىڭ يېرىمىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتتى. تۇرسۇنجاندەك رىقابەتچىنى پەيتۇلنىڭ قولى ئارقىلىق تۇيدۇرماي كەشىنى توغرىلىدى. بۇنىڭغا مىكىر زەردابلىرى ئارىلاشقان قانچىلىك ئەقىل - پاراسەت كەتمىدى دەيسىز! مەسۇم قابىل ئەمدىلا پەللىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا قەدەم ئېلىۋىدى، تۇرسۇنجان ئۇنىڭ پىلانلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ناھەق خىزمەتتىن ھەيدەلگەن ئادەم ئۆزىنى قوغداش، ئەڭ بولمىسا «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دېگەندەك جان تىكىپ كۈرەش قىلىش، ئۆچىنى ئېلىش، بۇ يولدا قانچىلىك بەدەل



تۆلىسە «ۋاي» دېمەسلىك كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ تۇرسۇنجاندەك بىر پارچە چوغ ئۇلۇغ يالقۇننى پەيدا قىلالايتتى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق پەللىنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرىمۇ ئەنە شۇ يالقۇندىن تۇتەپ كېتەتتى. مەسۇم قابىل بۇنىڭغا ئۆزىدىن بەتتەررەك ئىشىنەتتى ھەم بارلىق ئۈمىدلىرىمۇ شۇنىڭغا باغلانغانىدى. ئەمما، ئۆگەي ئوغلىنىڭ بېشىغا دىشۋارچىلىق چۈشكەنلىكى چۈشىگە ئايان بولغاندەك، ئەپلىك پۇرسەتتە ئارۇپ بايۋەچچىنىڭ ۋىزا ئەۋەتكىنىنى كۆرمەمدىغان! بوپتۇ، بۇنىڭغىمۇ تاقەت قىلغۇلۇق، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. لېكىن، مەسۇم قابىلنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگىنى تۇرسۇنجاننىڭ بەل قويۇپ بېرىشتەك چۈشكۈنلۈكى ئىدى. «قايتىپ كەلسىڭىز ئۇ قارا نىيەت بىلەن ئىككىمىز بىر تۇتۇشۇپ باقساق» دەپ چېكىپ كۆرگەندە، تۇرسۇنجان ئېرەنشىمىگەن ھالدا «تۈگىمەس باش ئاغرىقى، جېدەللەردىن تويدۇم، قايتىپ كېلىپ بىرەر خىزمەت ئورنى تېپىۋالسام خاتىرجەم ئىشلەيمەن، ئەمدى ئىسلاھات، بۇزۇپ - تۈزەش، يېڭىلىق يارىتىش دېگەندەك ئاتىكاچىلىقنى قىلمايمەن» دېدى.

ياق! تۇرسۇنجان قايتىپ كېلىپ پەيتۇلنىڭ ياقىسىنى بوغۇشى، پۇتىغا چىرماق سېلىشى، يۇقىرى - تۆۋەن رەھبەرلىك ئالدىدا بىر - بىرىنى سۆكۈشۈپ رەسۋا بولۇشى كېرەك! شۇ چاغدىلا مەسۇم قابىلنىڭ چېيى چېچەكلەپ، پىلانلىرى پورەكلەپ ئېچىلىدۇ.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە بوغۇلۇپ، دىمىقىپ ئۆتمەكتە. مەسۇم قابىل ئىشخانىسىدا بىر نەرسىلەرنى يېزىش ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتمەكچى بولاتتى، ئورىگىناللارنى كۆرەتتى. لېكىن، ماتېرىياللار ئۆتتۈرىلاشمايلا سەھىپىلەر كۆزىگە سۇۋاشما بولۇپ كۆرۈنۈپ، بارا - بارا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەيتتى، چۈنكى تاتلىق، قىرتاق خىياللار پەردىسى

ئۇنىڭ قارىچۇقلىرىنى بىر يولىلا مانانلاشتۇرۇپ قويادتى. بىردە
پەيتۇلنىڭ تىرىسىگە سىغماي كۆرەڭلەپ يۈرگەن قىياپىتى كۆز
ئالدىدا ئايان بولسا، تۇرۇپلا تۇرسۇنجاننىڭ «ۋاي بولدىلا» دەپ
قول سىلكىۋاتقان ۋاقتىدىكى ھەممىدىن بىزار بولغان چىرايى
پەيدا بولاتتى. تۆت ئايلىق ئاتپوسكىنى ئۆيلىغىنىدا، بارماقلىرى-
نى پۈكۈپ سانايتتى ـ دە، «ھىم، ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا
كەلگۈدەك» دەپ پىچىرلايتتى.
تۇرسۇنجان ئائىلىسى بىلەن چەت ئەلگە ماڭغاندا ھېكمەت،
كامىللار ئۇنى ئۇزىتىپ ئايرودرومغا چىقتى. مەسۇم قابىلمۇ
ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى كۆپ يوللۇقلارنى ئېلىپ يېتىپ
باردى. تۇرسۇنجان كېتىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، كامىلنىڭ
كېسىلى قوزغىلىپ زاۋۇت ياتىقىدىلا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھازىر
مېدىتسىنا دوختۇرخانىسىدا جىددىي قۇتقۇزۇلماقتا ئىدى، لې-
كىن ئادەم تونۇمايتتى. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، كامىلنى دوخ-
تۇرخانىغا يۆتكەش ئارىلىقىدا بىرنەچچە سېكۇنت نەپەس توختاپ
قالغانلىقى سەۋەبىدىن مېڭىگە كىسلورود يېتىشمەي سېزىمىنى
يوقاتقانىدى. مەسۇم قابىل ھېكمەتنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسا كې-
رەك، مېۋە ـ چېۋە، كونسېرۋا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ
ئۇنى بىر قېتىم يوقلاپ كەلدى، كېيىنكى كۈنلەردە تۇرسۇنجان
ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ كىچىك
ئىشتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوغلى رۇستەمگە شاپائەت قو-
لىنى سوزۇپ كېلىۋاتقان ھېكمەتنىڭ يۈرىكىدىكى توڭنى ئېرى-
تىشكە پايدىسى تېگەتتى، شۇنداقلا بارلىق «يۈكسەك پىلان»
لىرىغا يېتىشنىڭ ئاچقۇچى بولغان تۇرسۇنجاننىڭ مايىللىقىنى
بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرەلەيتتى.
كامىلنى يەنە بىر قېتىم يوقلاپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
ئويلىغان مەسۇم قابىل بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى دوختۇرخانىغا
ماڭماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، پەيتۇل ئۇنى چاقىرىپ ئىشخانىسىغا



ئېلىپ كىردى. تۇرسۇنجان كەتكەندىن كېيىن «ئەمدى سېنىڭ
قاۋاشلىرىڭنىڭ رولى قالمىدى، ئايغاقچىلىق، غەممازلىق قى-
لىپ ئۈچۈر يەتكۈزىدىغان تۇرسۇنجانمۇ يوق» دېگەندەك ئىلمان
مۇئامىلىنى سېزىپ كېلىۋاتقان مەسۇم قابىل ئېرەنشىمىگەن
ھالدا دىۋان يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى ـ دە، بېشىنى مۇرىسىگە
چۆكۈرگەن ھالدا قىياق كۆزلىرىنى قىسىپ قارىدى. قىزارغان
قاپاقلىرى بارغانسېرى يۇمۇلۇپ، يېرىم يۇمۇق جىيەكلەر ئارى-
سىدا ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەينەك ساقىدەك قارىچۇقلاردىن
زەھەردەك ئۇچقۇنلار چاقنىدى ۋە بىر ھازا شۇ ھالدا قېتىپ
قالدى. بۇ قاراشتىن پەيتۇلنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. چۈنكى
مەسۇم قابىل «كېجالىڭ» لىق ئەملى بىلەن يۆتكىلىشنى تەلەپ
قىلىپ كەلگەن ئاشۇ يىللاردىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس سىرلىق بىر
خاتىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولغانىدى. شۇ چاغدا پەيتۇلنىڭ
سوغۇق مۇئامىلىسىگە دۇچ كەلگەن مەسۇم قابىل نەق ھازىرقىغا
ئوپمۇ ئوخشاش نەزەردە تىكىلىپ، پەيتۇلنىڭ يۈرەكلىرىنى
سىرقىرىتىۋەتكەنىدى. شۇ چاغدىكى تىكەنلەشكەن چىرايلار،
«خۇدا خالىسا مەنمۇ بىر كۈنلەردە بىر ـ بىرلەپ
قايتۇرىمەن. . . » دېگەن ئىككى بىسلىق تەئەددىلەر ھېلىھەم
ئۇنىڭ ئېسىدە!
پەيتۇل ھوشىنى يىغدى. . .
— مەسۇم قابىل، سىزمۇ نەشرىياتىمىزدىكى بىر رەھ-
بەر، — پەيتۇل غەلىتىلا ھىجايدى، — شۇڭا بەزى ئىشلارنى
مەسلىھەت بىلەن قىلغىنىمىز تۈزۈك. ھازىر قارالڭ، بەزى ئاپ-
تورلار قەلەم ھەققىنى بەرسۇن، دەپ بېشىمىزنى سارالڭ قىلى-
ۋەتتى. مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن سۆزلەشسەم كاسسىدىكى
پۇل يەتمەيدىكەن، شۇڭا مۇشۇ تىزىملىك بويىچە تۆۋەندىن پۇل
يىغىپ كەلسىڭىز.
مەسۇم قابىل تىزىملىككە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كې-

يىن، ئاغزىنى قىيسايتىپ كۈلدى ـ دە، ئاندىن دىمىغىنى
قىقىپ قويدى. ئۇپئۇچۇق مەسخىرە كۈلكە ھەم دىماغ قىقىشلار
پەيتۇلنىڭ ئوغىسىنى قايناتقان بولسىمۇ، ئىلاجىسىز ئۆزىنى
باستى.
— ھە، مەسۇم قابىل، نىمىگە كۈلىسىز؟ ئۇنىڭدا كۈلگۈ-
دەك بىر نەرسە بارمىكەن؟
— كۈلۈش ئەمەس پەيتۇلكا، يىغىم پىرقىراۋاتىدۇ، —
مەسۇم قابىل بىگىز بارمىقىنى بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇردى، —
كاللىڭىز جايىدىمۇ ئەمەسمۇ، بۇ ساپلا توختاملىرى بىكار قىلىن-
غان كىتابلارغۇ؟ تېخى كۆپلىرى سىز ئۇيۇشتۇرۇپ، تەرجىمى-
سى، تەھرىرلىكى يارىماي، باشقىلارغا قايتا ئۇيۇشتۇرغان، بە-
زىلىرى بولسا كىتاب نومۇرى، تەرجىمە، ئۇچ تەكشۇرۇش ھەققى
ئېلىنىدىغان، لېكىن مەبلەغنى ئۆزلىرى سالىدىغان كىتابلار.
بۇ كىتابلار ھازىرغىچە سىز بەرگەن تەرجىمانلارنىڭ قولىدا تۇر-
سا، بەزىلىرى زاۋۇتقا ئەمدىلا ماڭدى، ئېسىڭىزدىن چىقىپ
قالدىمۇ؟ يۇقىرى ـ تۆۋەندىن بۇ كىتابلار توغرۇلۇق قانچىلىغان
تېلېفون ھەم ئادەملەر كەلدى، سىز ئۇلارغا نىمىدەپ جاۋاب
بەردىڭىز؟ چىرايلىقراق ئۆزرە ئېيتىشنىڭ ئورنىغا «بۇ تۇرسۇن-
جاننىڭ بىزگە قالدۇرغان شالتاقلىرىكەن» دەپ قېتىڭىزغىمۇ
كەلمىدى. «سودىگەرنىڭ تىلى شور بولسا يولى تار بولۇر»
دىگەن گەپ بار، پەيتۇلكا.
ئورۇندۇقىغا قىقىلىپ كەتكەن پەيتۇل چەكچەيگىنىچە ئول-
تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەسۇم قابىلنىڭ بۇنداق قوپال تېگىشىنى
ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ چىش يېرىپ بىر نىمە دىيەل-
مىدى، چۈنكى پەيتۇلنىڭ ئىچ ـ باغرى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.
بىر ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلىۋەتسە بۇ تايغان ئۇنى تالاپ
تالان ـ تاراج قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇنىڭ بايىقى چايناپ
پۈركۈۋەتكۈدەك ئەلپازدا تىكىلىشلىرىدىن چىش ـ تىرناقلىرىنى



بىلەپ كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرمامدۇ. پەيتۇل ئۇنى تۇرسۇنجان-
دەك ھەيدىۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۆگزى-
گە چىقىپ ناغرا چېلىشىدىن، پەيتۇلنى قىپيالىڭاچ قىلىپ
ھاي ـ ھايلىشىدىن قورقىدۇ. كونىلار «بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە
تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دەپتىكەن. شۇڭا قۇيرۇقى-
نى مەسۇم قابىلغا قامالىتىپ قويغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا
ياۋاش ـ يۇمشاق بولۇپ ئىنامىغا پېتىپ يۇرۇشى كېرەككى،
قۇيرۇقىنى دىڭگايتىۋېلىشقا بولمايدۇ. . . ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز-
نىڭ «يېمىگەننىڭ يۈزى يورۇق، يېگەننىڭ يۈزى چورۇق» دې-
گەن تەمسىلىنى نەق پەيتۇلدەك ئادەملەرگە قارىتىپ دېگەنلىكى
بەرھەق.
— ئۇ. . . ئۇنداقتا، نەچچە مىڭلىغان كىتابلار قا. . .
قانداق بولىدۇ؟ — چىرايى پەنجىرە قەغىزىدەك سارغىيىپ كەت-
كەن پەيتۇلنىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى، — تىراژ بەرگەن
ئۇ. . . ئۇ خەقلەر يېنىۋالسا. . .
— ئامبارغا بېسىپ قويىسىز شۇ، نىمە ئامال بار، —
مەسۇم قابىلنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — ئىش ئۇنىڭ بىلەن
تۈگىمەيدۇ، باسما زاۋۇتلىرىغا قەرزگە بوغۇلىسىز. ئەڭ خەتەر-
لىكى، يۇقىرىدىن تەكشۇرۇپ كەلسە، ئەمدى ئارتىپ قويىدىغان
تۇرسۇنجان يوق، يۈز مىڭلاپ ئىقتىسادىي زىياننى ئۆزىڭىز تۆ-
لەيسىز! . . .
— ئۇ. . . ئۇ. . . تۇرسۇنجان توختام تۈزگەن كىتابلار
تۇرسا. . .
— توغرا، تۇرسۇنجان تۈزگەن ئۇ توختاملاردا كىتابنىڭ
زاۋۇتتىن چىقىش، يەتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتى ئېنىق بەلگىلەن-
گەن، — مەسۇم قابىلنىڭ سۆزلىرى خۇددى يادلىۋالغاندەك را-
ۋان ئىدى، — لېكىن، سىز نۇرغۇن كىتابلارنى قانداقتۇر ئا-
دەملەرگە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ۋاقىتنى بەكمۇ ئارقىغا سۈرۈ-

ۋەتتىڭىز، بۇ جاۋابكارلىقتىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىز، كىتاب ئۇيۇشتۇرغان خاتىرىدە سىزنىڭ ئىسمىڭىز بار. . .

باللىق چاغلىرىمىزدا «شىۋە خورىزى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزى ئاپئاق، پۇتلىرى ساپسېرىق، تولىمۇ چىرايلىق خوراز بولىدىغان. ئۇنىڭ كۆركەم تاجلىرى ئىسىلزادە خېنىملارنىڭ قالپىقىدەك قايرىلىپ بىر كۆزنى يېپىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن قىپقىزىل ھالقىلىرى بولسا پوكىنىغا ساڭگىلىغان. ئۇ خوراز چوقۇشۇشقا بەكمۇ ھېرىسمەن. ئۇنىڭ بىرلا ئەيىبى، قۇيرۇقى قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن، ھال رەڭ ئېتى مىتىلداپ تۇرغان پۇرمىلىرىگىچە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر چوقۇشۇۋاتقان قارشى تەرەپتىكى خوراز ئەپلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆتىگە بىرلا تېپىپ دوخرىكىنى پاتۇرۇۋەتسە، خۇددى «كۆتىگە تېپىشكە يوق، ھوي ئەسكى» دېگەندەك «جەك»لا قىلىدۇ ـ دە، سورۇننى تاشلاپ بەدەر تىكىۋېتىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بۇ قاملاشمىغان مىسال قانداق قىلىپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. پەيتۇلنىڭ ھالى ئەنە شۇ ئاچچىقى يامان، جېنى بوش شىۋە خورىزىغا ئوخشاپ قالغانىدى. گەرچە ئۇ «جەك»لا قىلىپ ئىشخانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، چىرايى شۇنچىلىك تاتىرىپ كەتكەنىدىكى، ۋۇجۇدىدىكى قاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ نېمىشقىمۇ تۇرسۇنجاننى ھەيدەش غەلىبىسىدىن كۆرەڭلەپ، مەسۇم قابىلغا قىر كۆرسەتكەن بولغىيدى. قانچە گىدەيگىنى بىلەن ئۇنىڭ بىر پەنجىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ئېنىقتۇ. چۈنكى مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ تېنىدىكى بارلىق ئەزالىرىنى، ھەتتا ئەڭ ئىنچىكە، كۆزگە چېلىقماس قىزىل قان تومۇرلىرىغىچە مىكروسكوپتا كۆرۈپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭغا ھەممىسى ئايان تۇرسا.

— مەسۇم قابىل، مەن. . .



— توختاڭ، پەيتۇلكا، — مەسۇم قابىل قولىنى كۆتۈردى، — سىز بۇرادەرلىككە يارىمايدىغان ئادەمكەنسىز. سىزنىڭ بىر تال بۇغداي بىلەن سەمرىپ، بىر تال بۇغداي بولمىسا يادايدىغان مىجەزىڭىزنى بۇرۇنلا بىلگەن بولسام، نېمە قىلاتتىم سىزگە شۇنچە ھەمقان بولۇپ. ئەگەر چىنار بىرمۇنچە ئادەملەرنى باشلاپ يۇقىرى ـ تۆۋەننى قالايمىقان قىلمىغان بولسا سىزنىڭ گېپىڭىز شۇنچە يوغان بولارمىدى؟ تۇرسۇنجاننى شۇنچە ئەپلەك كۆزدىن يوقىتالامتىڭىز؟ باشتىن ـ ئاخىر ئەقىل كۆرسىتىپ، كېلىۋاتقان زادى كىم؟ ئەمدى بۇگۈن چاترىقىڭىزغا پاتمايلا قالدىڭىز!. . .

— مەسۇم قابىل، خاپا بولماڭ، مېنى كەچۈرۈڭ، — ئۆز پېيىدا ئېسىلىپ قالغان پەيتۇل چۇكۇلداشقا باشلىدى، — نۇردۇن خوجىنىڭ سىزنى تونۇشتۇرۇپ «ھاسا تاياق بولالايدۇ» دېگەن سۆزلىرى تېخى تۆنۈگۈنكىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. سىز ھەقىقەتەن كۆپ ئىشلاردا ئەسقاتتىڭىز. . . لېكىن، مەن سىزنىڭ قەدرىڭىزنى قىلالمىغان يەرلىرىم بار.

— بولدى، مەن قۇرۇق گەپ، قۇرۇق ۋەدىلەرنى تولا ئاڭلاپ بىزار بولۇپ كەتتىم، — مەسۇم قابىل ئورنىدىن تۇردى، — سىز دېگەن نەشرىيات باشلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، مېنىڭ كارىم يوق.

— توختاڭ، مەسۇم قابىل، ئاۋۋال مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ باقمامسىز، — پەيتۇل مەسۇم قابىلنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى، — مەن. . . مەن بۇگۈنلا سىزنى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول مۇدىرى قىلىشقا دوكلات يازسام بولمىدىمۇ.

ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان كىتابلار كىرىزىسى، ئىقتىسادىي زىيان، كۈندىن ـ كۈنگە قورۇپ قېلىۋاتقان مالىيە بۆلۈم خەزىنىسى، ئاپتور، تەرجىمان، تەھرىرلەرنىڭ قەلەم ھەققى دەۋاسى

قاتارلىق ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان دوقاللار پەيتۇلنىڭ كانىيىنى بوغقاندىلا ھوشىنى يىغىپ، ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىكىنى قۇربان قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھىيلە - مىكىر بىلەن نەشرىياتنى شىلىپ يېيىشتەك نەپسانىيەتچىلىكى، تۇرسۇنجاننى يوقىتىشتىكى نەيرەڭلىرى، تەھرىرلىك ئەخلاقىغا زىت قىممىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەسۇم قابىل بىلىپ بولغانىدى. ئەگەر ئۇ مۇشۇ يامانلىغانچە پەيتۇلنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان يەرگىچە بېرىپ يەتسە ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئەڭ ھالقىلىق بولغىنى، ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان دوقال كۆۋرۈكلىرىدىن قانداق ئۆتۈش مەسىلىسى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇ خەتەرلىك ئۆتكەللەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن مەسۇم قابىلدەك پۇراق سېزىمى ئۆتكۈر تايغان بولمىسا بولمايدۇ - دە.

— مەسۇم قابىل، ماڭا ئىشىنىڭ، بۈگۈنلا دوكلات يازىمەن، — پەيتۇل يېلىنغان ھالدا كۆڭلىنى ئىزھار قىلماقتا ئىدى، — ئەسلىدە بۇرۇنلا يازماقچى ئىدىم، قەلەم ھەققى دەۋاسىنى قىلىۋاتقانلار كۈندە بىئارام قىلىپ كۆڭلۈم ئارامىدا بولمىدى.

— بۇ باش قاتۇرغۇدەك ئىش ئەمەس، — دېدى مەسۇم قابىل ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — شۇنىڭغىمۇ شۇنچە بىئارام بولغان بارمۇ.

— قانداق دەيسىز؟ — پەيتۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمىدى، — قېنى ئېيتىڭە، نېمە ئامال - چارىڭىز بار.

— «سىلەرنىڭ قەلەم ھەققىڭلارنى تۇرسۇنجان ۋاكالىتەن قول قويۇپ ئېلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى» دېسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئاغزى تۇۋاقلانمامدۇ.

— ئەگەر كېيىن كېلىپ قالسا جاۋاب بەرمەك تەس بولارمىكىن.



— سىز ئۇنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز، ھېلى، — مەسۇم قابىل دىمىغىنى قاقتى، — سىز باشقۇرغۇچى ئورگانغا كىرگەن كۈنى مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى سىزگە دەپ بەرگەنىدىم. شۇ چاغدا «قاچان قايتىپ كېلىسىز؟» دەپ سورىسام، ئۇنىڭ: «تۈز يەردە مۈدۈرۈپ يىقىلدىم، بۇرنۇمغا سۇ كىردى، خىزمەتمۇ تاپالمىدىم، بۇ يەرلەردە تۇرۇشقا يۈزۈممۇ، مادارىممۇ قالمىدى» دېگەن سۆزلىرىنى دەڭسەپ كۆرمەمسىز.

— شۇنداق دېدىمۇ؟ — پەيتۇلنىڭ تاتارغان چىرايىغا قان يۈگۈردى، — ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلمىسىلا خېلى ئىشلارغا يول ئېچىلاتتى...

— ئۇنى مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنى سىز. يەنە دەرگۇماندا بولغىنىڭىز قىزىق.

— مەنمۇ؟ بۇ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— خۇپسەنلىك قىلماڭ، پەيتۇلكا، مەن سىرتتىن ھەممىنى ئاڭلىدىم، — تايغان يەنە بىر قېتىم ئېغىز سېلىپ ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتتى، — سىز بارلىق نەشرىيات، گېزىت - ژۇرنال، مەتبەئە ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا تېلېفون بېرىپ، رېستورانلاردا مېھمان قىلىپ، تۇرسۇنجاننى «ئەمەلپەرەس، پاچاقچى، سۇيىقەستچى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن سېسىتىۋەتتىڭىز. شۇڭا ئۇ بىر ئايدىن ئوشۇق يول مېڭىپ ھېچ يەردىن خىزمەت تاپالمىدى.

— ئۇنچىۋالا ئەمەس، سىزگە يەتكۈزگەنلەر سەل كۆپتۈرۈۋېتىپتۇ، — پەيتۇل ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى، — پەقەت بەزى ئىدارە باشلىقلىرى تۇرسۇنجاننىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگەنىدى، مەن ئەمەلىي بولغان ئەھۋاللارنى شۇنداقلا دەپ قويغان.

«يائاللا، بۇ تايغاننىڭ ھىدلاپ، تىمىسقىلاپ بارمايدىغان

يېرى يوقكەن - دە» دېگەن ئوي پەيتۇلنىڭ كاللىسىدىن ئۆتۈپ، بەخىرامان چىشىنى كولاپ ئولتۇرغان مەسۇم قابىلغا قارىدى. پەيتۇلنىڭ قىلغان - ئەتكەن، ماڭغان - تۇرغان، ھەتتا خۇپىيە تۇتقان سىرلىق ئىشلىرىنىڭ ئىزىنى بويلاپ بىر كۆلەڭگىنىڭ ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ بۇرۇندىن تارتىپلا ئالدىدىن كەلسە چىشلەپ، كەينىدىن كەلسە تېپىدىغان خۇيى يامان ئاتقا ئوخشايدىغان بۇ ئادەمنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان چۈشەنسىمۇ، لېكىن ھالقىلىق پەيتلەردە ئەسقاتىدىغان چارە - تەدبىرلىرىگە، ھىيلە - مىكىرلىرىگە، ئەقىل لال قالغۇدەك سىرلىق پىلانلىرىغا قايىل ئىدى. مانا ھازىرمۇ ئۇ ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا پەيتۇلنى بىر قىيىن ئۆتكەلدىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈۋەتتى، بۇ زادى كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن، نېمىدېگەن ئەپچىل پىلان - ھە. بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقتى دېگەن شۇ - دە! بۇنىڭدا قەلەم ھەققى دەۋاسىنى قىلغۇچىلارنىڭ ئاغزىنى ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرسۇنجاننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولىدۇ. مەسۇم قابىل ئېيتقاندەك، تۇرسۇنجاندىن ئىبارەت بۇ شىددەتلىك ئېقىن راستىنلا كەينىگە قايتمىسا، بېسىلىپ قالغان كىتابلار، ئىقتىسادىي زىيان، قەرزگە بوغۇلۇش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان چاۋار - چاتقاللارنى ئاشۇ ئېقىن بىلەن ئېقىتىۋەتكىلى بولغۇدەك...

— مەسۇم قابىل، سىزغۇ ئەقىل - ئىدراكقا باي ئادەم، — پەيتۇل يەنىلا دېلىغۇل بولۇپ تۇراتتى، — بۇ چاغقىچە پەرەز ۋە تەسەۋۋۇرلىرىڭىز توغرا بولۇپ كەلدى، بىراق تۇرسۇنجان تاسادىپىي قايتىپ كەلسە رەسۋا بولغىنىمىز شۇ.

— ھەي، پەيتۇلكا، ئۇنىڭ «بۇ يەرلەردە تۇرۇشقا يۈزۈمۇ، مادارىمۇ قالمىدى» دېگەن سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان تۇرسام. كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى بۇ يەردە يۈرگۈسىز قىلىۋەتكەن تۇرسىڭىز، قانداق تۇرالايدۇ؟ — مەسۇم قابىلنىڭ



سۆزلىرى پەيتۇلغا نەشىدەك تەسىر قىلماقتا ئىدى، — بىلسىڭىز، تۇرسۇنجاننىڭ ئۆگەي دادىسى ئەسلىدە ئۇنىڭ كىچىك دادىسى بولىدۇ. ئۇ دېگەن كاتتا كاپىتالىست، مىليونېر. ئۇنىڭ ھازىرقى دەپنە - دۇنياسى ئەسلىدە تۇرسۇنجاننىڭ دادىسىنىڭ بايلىقىدىن كەلگەنىكەن، شۇڭا تۇرسۇنجان ئۇ يەرگە مىراسخور بولۇپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇ بەدرەك ئالتۇن - كۈمۈشكە كۆمۈلۈپ قالغۇدەك، — پەيتۇل كالپۇكلىرىنى يالىدى، — توۋا، ئۇنىڭغا تۈگىمەس - پۈتمەس خەزىنە يولۇقۇپتۇ - دە.

— ھەببەللى، سەكسەندىن ئېشىپ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئاروپ بايۋەچچە زاۋۇت، كارخانىلىرىدىن بىرەرىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى تۇرغانلا گەپ، — ھىيلە - مىكىر پىرى بولغان مەسۇم قابىل توقۇغان لاپلىرى بىلەن پەيتۇلنى ئىشەندۇرمەكتە ئىدى، — زاۋۇت، چەكسىز بايلىق، كۆركەم داچا - ساراي، كىچىك ماشىنىلارغا ئىگە بولغان تۇرسۇنجاننىڭ ئۇلارنى تاشلاپ كېلىشكە كۆزى قىيارمۇ؟ يەنە كېلىپ مۇشۇنداق خورلۇق، جاپا - مۇشەققەت قاينىغان يەرگە! ئەدناسى خوتۇن - بالىلىرىنى بىللىلا ئېلىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ قىياس قىلالمامسىز؟

دائىم ھارام دۇنيا، ھارام نىيەت، ھارام مەئىشەت كويىدا يۈرگەنلەرنى ئاسانلا غەپلەت ئۇيقۇسى بېسىپ، ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ. پەيتۇل مەسۇم قابىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى، قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭلىدە ئاجايىپ رەزىل پىلانلار ئويغىنىشقا باشلىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان خەتەرلىك ھاڭغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. مەسۇم قابىل گويا پەيتۇلنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققاندەك، ئۇنىڭ خىياللىرى ئۈستىدىن چۈشتى.

— ئەگەر ئەقلىڭىزنى ئىشلەتسىڭىز، ھەممە ئىشلارغا داغ-

دام يول ئېچىلدى، — مەسئۇم قابىل شەپە بەرمەكتە ئىدى، — ئاددىي مىسال: بېسىلىپ قالغان كىتابلار، ئىقتىسادىي زىيان، بىكار قىلىنغان توختام قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇشتىن سىرت، ھەتتا تۇرسۇنجاننىڭ نامىدا قەلەم ھەققى يېزىپ ئېلىۋالغىلىمۇ بولىدۇ.

— ئۇ بۇ يەردە بولمىسا قانداق مۇمكىن بولسۇن، — پەيتۇل ئىشەنمىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە «ۋاكالىتەن ئالدىم» دېگەن كاتەكچىگە ئۆز ئىسمىمىز يېزىلىدىغان گەپ.

— توختاڭ، — مەسئۇم قابىل قولىنى كۆتۈردى، — قەلەم ھەققى تالونىغا بۇرۇنقى ئاي - كۈننى يازىمىز - دە، «تۇرسۇنجان ماڭار چېغىدا ماڭا بېرىپ قويغان، تارتمىدا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ» دەيمىز. پۇلنى ئالغاندا، ۋاكالىتەن دېگەن كاتەكچىگە تۇرسۇنجاننىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئۇيغۇرچە يازساق خەنزۇ كاسسىر ئۇقالمايدۇ.

پەيتۇل مەسئۇم قابىلنىڭ بېرىۋاتقان شەپىلىرىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئەمما، بولغۇسى بۇ ئىشلاردىن كۆرە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇرغىنى «ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرى» ئىدى. ئۇنىڭدا پەيتۇلنىڭ سىرتقا ئۇيۇشتۇرغان «تەرجىمە، تەھرىرلىككە، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈپ بېكىتىش» كە دائىر كىتاب ئىسىملىرى، تاپشۇرۇۋالغان ۋاقىت، ئۇيۇشتۇرغۇچى، تاپشۇرۇۋالغۇچى قاتارلىقلار جەدۋەللەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يالغان ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، پۇلىنى ئۆزى ئالغان كىتاب ۋە ئادەم ئىسىملىرىمۇ بار ئىدى. ئەگەر بۇ دەپتەر رەھبەرلىكنىڭ ياكى نەشرىياتتىكى بەزى ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، تۇرسۇنجان قايتىپ كەلمىگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ئىشلار كۆپۈككە ئايلىناتتى. شۇڭا، بالا - قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ جەدۋەللىك دەپتەرنى كۆزدىن يوقىتىش زۆرۈر ئىدى.



— مەسئۇم قابىل، سىرتقا ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرى سىزدىغۇ دەيمەن، — سورىدى پەيتۇل، — مەن تۇرسۇنجانغا سىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلىغان، بولسا شۇنى ماڭا سۇنۇۋەتكەن بولسىڭىز.

پەيتۇلغا بۇ دەپتەرنىڭ نېمە ئۈچۈن لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن مەسئۇم قابىل «بېرەيمۇ ياكى يوق دەيمۇ» دەپ ئويلىدى. «يوق» دېسە تولىمۇ بىمەنىلىك بولاتتى، چۈنكى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىشلىتىپ تۇرۇلۇۋاتقان بۇ دەپتەرنى تۇرسۇنجاننىڭ تاپشۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ھەم ئۇنىڭغا زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر بەرگەن تەقدىردە، پەيتۇل ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا تۇرسۇنجاننىڭ ئىسمىنى يازاتتى ياكى كىتاب ئۇيۇشتۇرۇلغان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى يىراق ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى قانداقتۇر ئۆزى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىسمىغا ئالماشتۇراتتى. ناۋادا تولا ئۆچۈرۈلۈپ چېنىپ قالغۇدەك بولسا، باشقىدىن كۆچۈرۈپ چىقىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، مەسئۇم قابىل ۋاقىتنى سەل ئارقىغا سۈرۈپ، بىر نۇسخا كۆپەيتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— بار، يەنە سىرتقا كىتاب ئۇيۇشتۇرماقچىمىدىڭىز؟ — مەسئۇم قابىل باشقىلارغا بەرگۈدەك كىتابنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن سورىدى، — ئۇ قايسى كىتاب ئىدى؟

— ياق، ياق، كۆرۈپ باقماقچىدىم. . .

— پەيتۇلكا، سىز قاچانغىچە ماڭا ئىشەنمەيسىز؟ — پەيتۇلنى ئالىقىنىدا ئوينىتىۋاتقان مەسئۇم قابىل سۈلكەت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزگەرتىپ چىقىمەن دەڭا. . .

— بۇ. . . بۇ، سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟

— بۇ ئۇسۇلىڭىز بولمايدۇ، باشتىن - ئاخىر چاپاقلىشىپ كەتكەن دەپتەرنى كۆرسە ھەرقانداق ئادەم گۇمان قىلمامدۇ، —

مەسۇم قابىل ئۇنىڭ يەنە بىر كوكۇلىسىدىن قاماللىدى، — ئۇنىڭدىن كۆرە، يېڭى دەپتەرگە قايتا كۆچۈرۈپ چىققىنىڭىز تۈزۈك. بولىدۇ، مەن ئەتە چۈشتىن كېيىن ئەكىرىپ بېرەي.

— ئەتە ئەتىگەن بولماسمۇ؟ — پەيتۇلىنىڭ ئاۋازىمۇ زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى.

— بولماسمىكىن، ئەتە ئەتىگەن زاۋۇتتىكىلەر مېنى ساقلىماقچى.

مەسۇم قابىل پەيتۇلىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقتى - دە، پەلەمپەيلەردىن ئالدىراپ پەسكە چۈشتى. ئاندىن چوڭ كوچا دوقمۇشىدا تاكسىدىن بىرنى توختاتتى - دە، شوپۇرغا «مېدىتسىنا دوختۇرخانىسىغا» دەپ ئۇنلۇك بۇيرۇق قىلدى. مەسۇم قابىل ماشىنىنىڭ يۇمشاق يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭ تۈك باسقان كالپۇكلىرى ئاستا شىۋىرلاشقا باشلىدى، تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدىن پەيتۇلنى تىللاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— «ۋۇ قاغدالما ئەبلەخ، جېنىڭ تۇمشۇقىڭغا كېلىپ قالسىمۇ ئۆزەڭگىدىن چۈشمەيسەن. چاترىقىڭغا پاتماي كېرىلىپ يۈرۈپ كەتكەنلىرىڭنى دەيمۇ! شۇنچە شالتاقلارغا كۆمۈلۈپ قېلىپمۇ خىرامان يۈرۈيسىنا. سەن نېمىدېگەن دۆت، قاپاقۋاش كالۋا! تىزگىنىڭ مېنىڭ قولۇمدا تۇرۇقلۇق، تېخى ماڭا قىر كۆرسەتكىنىڭ نېمىسى! خۇددى ئېزىق چىشىڭنى، ياق، يۈرىكىڭنى سۇغۇرغاندەك قىلىپ ئۈچ ئەمىلىڭنىڭ بىرىدىن كېچىشىڭ ئامالسىزلىقىڭدىن، ھاڭنىڭ قىرىغا كېلىپ قالغانلىقىڭدىن، مەندىن دەھشەت قورققانلىقىڭدىن بولدى! شۇنىڭغا قارىغاندا، پات - پات چار داستىخاننى يېيىپ ئەپت - بەشىرەڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ تۇرمىسا، ئاچچىق ياغ ئىچۋالغان موزايدەك چىچاڭشىپ تۇرالمايدىكەنسەن. مەن قولۇمدىكى ئىسپاتلىرىم بىلەن سېنى ھازىرلا ھاۋا تاپان قىلىپ قويالايمەن. بىراق،



مېنىڭ قولۇمدا يىقىلغىنىڭدىن باشقىلارنىڭ پەشۋاسىدا ئاغدۇرۇلغىنىڭ مېنىڭ ئامەت يۇلتۇزۇم ئۇچۇن پايدىلىق دەپلا سەۋر قىلىپ كەلدىم. شۇنداق بىر كۇنلەر كېلىدۇكى، ئالدىمدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىتتەك كۇچۇكلىنىسەن. يالۋۇرۇپ يېلىنىسەن، مەسۇم قابىلنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا كۆر...»

مەسۇم قابىل پەيتۇلنى غايىۋانە تىللاپ ئاچچىقىنى چىقارغىنچە مېدىتسىنا دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ نەپەس بۆلۇم ئورۇنلاشقان ئىككىنچى قەۋەتكە چىققاندا، كارىدوردا بىرمۇنچىلىغان ئەر - ئايال زىيالىيلار توپلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار كامىلنىڭ يېقىن ئەل - ئاغىنە، دوستلىرى بولۇپ، ئۇن سەككىز كۇندىن بېرى ئايىغى ئۇزۇلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. پەن تەتقىقات كومىتېتى، ئۇن ئىككى مۇقام جەمئىيىتى، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باشلىقلىرى دوختۇرلار بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىشاتتى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى دوختۇرخانا باشلىقى ۋە مەسئۇل دوختۇرلارغا ھەرقانداق ئامال - چارىلەرنى قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى تاپىلايتتى، تېلېفونلارنى بېرەتتى.

مەسۇم قابىل كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە، غەم - ئەندىشە ئىچىدە باش ئېگىپ تۇرغان ئىشانوف، مىرسۇلتان، جارۇللا ئەخمىدى، ئەزىز ئېلى، مەسئۇت پەيزۇللا، رازاق مالىك، ئىمىنجان ئەسئەت، ئابلىكىم قاسىم، قەدىردىن، يەنە ئۆزى تونۇمايدىغان بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن مۇلايىملىق بىلەن قول ئېلىشىپ بولۇپ، ئادەت بويىچە كامىلنى كۆرۈپ چىقىش ئۇچۇن ياتاققا كىرىپ كەتتى. كامىل خاس يالغۇز كىشىلىك ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاپئاق ياپقۇلار ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە جىمجىت ياتاتتى. كارىۋات ئەتراپىغا ئوكسىگېن يەتكۇزۇش تۇڭى، ھەر خىل ئەسۋاب - نەيچىلەر تىزىلىپ كەتكەنى-

دى. كامىلنى دەسلەپتە ئېلىپ كەلگەندە بۇرنىغا كىرگۈزۈپ
قويغان سۇلياۋ نەيچە ئېلىۋېتىلگەنىدى. ئەمدىلىكتە كاناي ئۇس-
تىدىن كېسىلگەن تۆشۈك ئارقىلىق ئۆپكىگە نەيچە ماڭدۇرۇلغان
بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئۇچى توختىماي كۆپۈك قايناپ تۇرغان
ۋارۇنكىدا تۇراتتى، كامىل ئاشۇ نەيچە ئارقىلىق نەپەس ئېلىۋا-
تاتتى. مەسۇم قابىل كارىۋات ئەتراپىدا ئۆرە تۇرۇشقان مېھراي،
ھېكمەت، ماھىگۇل، مىرزا مۇھەممەتلەرگە ئېگىلىپ سۇس سا-
لام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى، چۈنكى دوختۇر-
لار بىمار يېنىدا كۆپ ئادەم تۇرۇشقا رۇخسەت قىلمايتتى.

— ھېكمەت ئاكا، كېچىدىن كىرپىك قاقمىدىڭىز، — دېدى مىرزا مۇھەممەت پىچىرلاپ دېگۈدەك، — چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، قايتىپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالامسىز؟

— شۇنداق قىلىڭلار، — كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن مېھراي ماھىگۇلگە قارىدى، — ئىككىڭلار كۆپ جاپا چەكتىڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماھىگۇل چۈشتىن كېيىن ئىشلەيدۇ.

— مەن ئىدارىگە قايتمايمەن، — دېدى ھېكمەت، — ماھىگۇلنىڭ ئۆيى دوختۇرخانا ئىچىدە بولغاندىكىن شۇ يەرگىلا باراي.

— بىرەر ئۆزگىرىش بولسا، — ئېغىر تىندى مىرزا مۇھەممەت، — تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلىمەن.

كامىل يىقىلغان كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭدىن ئايرىلماي خەۋەر ئېلىۋاتقان مىرزا مۇھەممەتنىڭ سولغۇن چىرايى، ئولتۇرۇشقان قېلىن كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرىدىن ئېغىر چارچىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ دولىسىغا بوش ئۇرۇپ قويۇپ ماھىگۇل بىلەن چىقىپ كەتتى. كېچىدىن بېرىقى ئۇيقۇسىزلىق، جان سەكراتىدا ياتقان بىھوش كامىلغا قاراپ بىئارام بولۇش، روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىشلاردىن ھاردۇق يەتكەن ھېكمەت



بىلەن ماھىگۇلگە تاماق ئېتىش ئېغىر كەلدىمۇ، ئىككىسى دوختۇرخانا ئالدىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ تاماق يېدى، ئاندىن ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرىنى ئاران ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ماھىگۇل ئۇنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

— ماھىگۇل، — دېدى ھېكمەت دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ، — مەن مەسئۇل دوختۇر بىلەن سۆزلەشكەنىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كامىل يىقىلىپ بىرقانچە سېكۇنت دەمدۇ، ئەيتاۋۇر نەپەستىن قالغانلىقى ئۈچۈن مېڭىگە كىسلورود يېتىشمەي مېڭە كاردىن چىققان، ئەگەر ئۇ ساقايغان ھالەتتىمۇ «ئۆسۈملۈك ئادەم» بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىغا يېقىن دەيدۇ، بۇ نېمە دېگىنى؟

— ۋاي توۋا، — ماھىگۇل چۆچۈپ ھېكمەتكە قارىدى، — شۇنداقمۇ بولۇپ قالارمۇ؟

— ئېيتىڭا «ئۆسۈملۈك ئادەم» دېگىنى زادى نېمىنى كۆزدە تۇتىدۇ؟

— «تېنىدە ھاياتلىق بار، لېكىن سەزگۈسى يوق» دېگەنلىك.

— نېمە؟! — ھېكمەت ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، — بۇ... بۇ مۇمكىنمۇ؟! ياق، ياق، دوختۇرنىڭ پەرىزى خاتا! كا... كامىل ئۇنداق بولۇپ قالسا زادى بولمايدۇ...

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. بۇ دېگەن ئىلمىي يەكۈن. مېڭە دېگەن شۇنچىلىك سەزگۈركى، بىرەر دەقىقە كىسلورودسىز قالسا شۇ ھامان خىزمىتى قالايمىقانلىشىدۇ.

— ئاھ خۇدا، بۇنداق ياشاشنىڭ نېمە مەنىسى! ئويلىيالمىسا، يىغلاپ - كۈلەلمىسە، ھاياتلىقتىكى گۈزەل ئەسلىمىلەردىن زوق ئالالمىسا، ئالدىدىكى كىشىلەرنى پەرق ئېتەلمىسە، شادلىق، قايغۇ، مۇھەببەت - نەپرەتلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇنىڭ تاش - تۇپراق، ئۆسۈملۈك - گىياھلاردىن

نېمە پەرقى قالدى. . .

— ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالايلى، — ماھىگۈل تەسەللى قىلدى، — بۇ دوختۇرنىڭ پەرىزىكەنغۇ، — بەلكىم ئۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس.

ھېكمەت دېۋان يۆلەنچۈككە بېشىنى تاشلاپ، تورۇسقا قادالغىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىن ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنىڭ سايىلىرى ئەلەڭلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. . .

ئاھ. . . بوستان يوللىرى، بوستاندا ئۆتكەن كۈنلەر، كۆرەش مەيدانلىرىدىكى ئېلىشىش، قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن ئايدىڭ كېچە. . . ياۋا قومۇش، شاۋاق قاپلىغان قوشكۆلدىكى سۈرگۈن، قۇم - توپىلار تۆكۈلۈپ تۇرغان زەي گەمىلەر. . . چايخانا مەكتەپتىكى سىرلىق ئالاقىلەر، ئىگەچى باغچىسىدا مۇشائىرە ئۆتكۈزۈش ھەم لەپەر ئېيتىشىشلار. . . ئەلنامە يارلىقىدىكى قومۇشلۇقتىن غاقىلداپ چىققان ئۆردەك، بىغۇبار تەنلەرنىڭ بىرلىشىشى. . . پۇپۇنا، پۇچى تاغلىرىنىڭ پىنھان سايىلىرىدىكى سۆھبەتلەر. . . ھەممە - ھەممىسىدە كامىل گىگانت ئادەمدەك قەد كېرىپ تۇراتتى!

كامىل بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى «تۇمانلىق يىللار»نىڭ يېزىلىپ تۈگىگەن ئورىگىناللىرىنى ئۇتتۇرلۇق كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھېكمەتنى چاقىرىپ ياكى تېلېفون بېرىپ رومان ھەققىدە كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. قوشۇشقا، ئېلىۋېتىشكە، تۈزىتىشكە تېگىشلىك يەرلىرىنى ئەستايىدىل كۆرسىتىپ بېرەتتى، ھەتتا يىللار شامالىرى كۆمۈشكە ئۈلگۈرگەن بەزى ۋەقە - ھادىسىلەرنى ھېكمەتنىڭ يادىغا سالاتتى. ئۆمۈر داستانى بولغان «تۇمانلىق يىللار»نىڭ دەسلەپكى تومىلىرىنى ئوقۇغانسېرى ھاياجانغا تولاتتى. دوستلار خاتىرىسى بىر - بىرلەپ ئايان بولۇپ، كەتكەنلەرگە ئاھ ئۇرسا، ھاياتلارغا مېھىر - مۇھەببىتى تولۇپ تاشاتتى. بەزىدە دېرىزىسىدىن كۆرۈ-



نۇپ تۇرغان ساپسېرىق دەرەخلەرگە، ئۆمۈر مەنزىلىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شىرتىلداپ تۆكۈلۈۋاتقان غازاڭلارغا قاراپ ئاھ ئۇراتتى، كۆز ياشلىرى تۆكۈلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېكمەتكە تېلېفون بېرىپ: «ھېكمەت، ھېكمەت! يۈرىكىمنى ئېزىپ، باغرىمنى پارە - پارە قىلىۋەتتىڭ. . .» دەيتتى يىغىدىن بوغۇلغان غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا. ئەمدى. . . ئەمدى بۇ نېمە تەقدىر، قانداق بەختسىزلىك! ھېكمەتنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ھەم كەلگۈسىگە تەقدىرداش بولغان، ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنىڭ، شېرىن چۈشلىرىنىڭ، بەختىيار كۈنلىرىنىڭ شاھىدى، گۇۋاھچىسى، ھەمداسى بولغان كامىلنىڭ ھايات تۇرۇپ ھەممىنى بىر يولىلا ئۇنتۇپ كېتىشى، ھەتتا ئېسىگىمۇ ئالالماسلىقى ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى داغلىماقتا ئىدى.

— يا. . . ياق، دوختۇر يالغان ئېيتىدۇ، مەن ئىشەنمەيمەن، بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— ھېكمەت، ھېكمەت! سىزگە نېمە بولدى، جۆيلۈۋاتامسىز؟

— مەن. . . ماڭا نېمە بولدى؟ — ماھىگۈلنىڭ قاچانلاردا چىقىپ كېتىپ يەنە قايتىپ كىرگەنلىكىنى تۇيمىغان ھېكمەت ئۇنىڭغا گۇمانسىراپ قارىدى، — مەن. . . ۋارقىراپ سالغان ئوخشىمامدىمەن.

— بەك چارچاپ كېتىپسىز، — ماھىگۈل ھېكمەتنىڭ بېلىكىدىن تۇتۇپ يۆلىدى، — مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىڭ. كارىۋاتقا ياستۇق - كۆرپىلەرنى سېلىپ تەييارلاپ قويدۇم.

ماھىگۈل ھېكمەتنى باشلاپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. ئۆيگە نېمىدۇر سىپىلگەندى. يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان دېرىزە پەردە، تۈركىيە كارىۋات ياپقۇچى، ماموق ياستۇق، كۆرپىلەردىن گۈپۇلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان مەززىلىك ھىد دىماغلارنى

غىدىقلاپ كىشىنىڭ بەھرىنى ئاچاتتى. ھېكمەت كارىۋاتقا چىقىپ
يانپاشلاپ يېتىشى، ماھىگۈل ئۇنىڭغا يازلىق ئەدىيالنى يېپىپ
قويۇپ چىقىپ كەتتى.
كامىل يىقىلىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ھېكمەتنى ئۆيىگە
چاقىرىپ ماھىگۈل بىلەن ئىككىسىنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق
سۆھبەتلەشكەنىدى. ئۇلار ھەشەم - دەرەم قىلمايلا كۆڭلىدىكى
دوستلارنى چاقىرىپ «توي چېيى» بېرىشنى بېكىتىشتى. ھېك-
مەت بىلەن ماھىگۈل ئاددىي توي چېيى بولسىمۇ ئانچە - مۇنچە
تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە كامىل دوختۇرخانىغا كىرىپ
قالدى. دوستىنىڭ تىلدىن قېلىپ تېخىچىلا خەتەر ئىچىدە ياتقان-
لىقى ھېكمەتنى ئازاب ئىزتىراپىدا ئۆرتىمەكتە ئىدى، شۇڭا توي-
ئىشى ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.
ھېكمەتنىڭ بىر چاغدا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ ئورنىدىن يېنىكلا
تۇرۇپ كەتتى. تامدىكى ئاسما سائەتنىڭ ئىسترېلكىسى ئالتىنى
كۆرسىتىپ تۇراتتى، بىراق كۈن ئۇزاق بولغاچقىمۇ ئەتراپ
يوپيورۇق ئىدى. ئۇ كارىۋات يېنىغا قويۇلغان تومپۇچكا ئۈستى-
دىكى باغاقچىنى كۆرۈپ قولىغا ئالدى. بۇ ماھىگۈلنىڭ قالدۇر-
غان خېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا: «مەن ئىشقا چىقىپ كەتتىم، تاماق
توك قازىنى ئىچىدە، ئېشىپ قالسا جەرىمانە قويۇلىدۇ» دەپ
يېزىلغانىدى. ماھىگۈلنىڭ چاقچىقىدىن كۆڭلى سۆيۈنگەن ھېك-
مەت تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن، توك
قازىنى ئىچىدە ئىسسىق تۇرغان بىر تەخسە مانتىنى يەپ دوختۇر-
خانىغا ماڭدى.
ھېكمەت ھەر كۈنى دېگۈدەك كامىل ياتقان ياتاقنىڭ ئەترا-
پىنى چۆرگىلەپ يۈرەتتى، بەزىدە كامىلنىڭ كۈندىن - كۈنگە
سولىشىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىگە
يىغا يامىشاتتى. كانىيىنى تېشىپ ئۆتكۈزگەن نەيچىدىن خىرتىل-
داپ ئاۋاز چىققاندىن باشقا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق سادا يوق ئىدى.


ئەنە شۇنداق بىھوش ياتقىنىغا يىگىرمە ئىككى كۈن بولغان بىر
ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭ ھالى بىردىنلا پەسلەپ كەتتى. دوختۇرلار
ئۈپۈر - تۈپۈر بولۇشۇپ، بارلىق ئامال - چارىلەرنى قىلغان
بولسىمۇ ھېچقانداق ياخشىلىنىش كۆرۈلمىدى.
— بىمارنى بۇنداق قىينىمايلى، ئۇنىڭدا ئۈمىد
قالمىدى، — دېدى دوختۇر راست گېپىنى قىلىپ، — ئۆپكى-
نىڭ بارلىق تالالىرىدا كۆپۈك قايناپ نەپەس يوللىرىنى توسۇۋەت-
تى. يەنە بىر تەرەپتىن، كانايدىن كىرگۈزۈلگەن نەيچىنى توخ-
تىماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ نەپەس تالالىرىغا يۆتكەپ تۇرغاچقا،
ئۆپكىمۇ ياللۇغلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.
ياتاق ئىچىدە يىغا - زار كۆتۈرۈلدى. مېھراي ۋە ئۇنىڭ
ئون بەش ياشلىق قىزى راملە كامىلغا ئېسىلىپ، كارىۋاتلارنى
قۇچاقلاپ يىغلىماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ دوستلار كامىلنى ئاۋاي-
لاپ نوسىلكىغا ياتقۇزدى - دە، كۆتۈرۈپ چىقىپ دوختۇرخانى-
نىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا سېلىشتى.
كامىل ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىندى. تەڭرى ئۆمرىدە كۆپ
دىشۋارچىلىقلارنى تارتىپ جاپا چۆللىرىنى كەزگەن، ئۆز مىللى-
تى ئۈچۈن جان ھەم تېنىنى ئايىمىغان، ئىز - دېرەكسىز
كۆمۈلگەن ئەجدادلىرىنىڭ نامىنى جاھانغا نامايان قىلغان، ئىن-
سانىي بۇرچ، ۋىجدان ھەم دىيانەت بىلەن ياشاپ ئىزگۈ تىلەكلى-
رىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ھۆرمەت ساھىبىنى ئېلىپ كېتىشكە
كۆزى قىيمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھېلىھەم ھايات شامىدىن دېرەك
بېرىپ ئاستا ھەم رىتىملىق خىرتىلدايتتى. مىرزا مۇھەممەت
پاختا پەلكۈش بىلەن ئۇنىڭ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى نەمدەپ
تۇراتتى. دوست - بۇرادەرلىرى، ئۇستاز - شاگىرتلىرى گويا
ئۇنىڭ سىماسىنى قەلب خەزىنىسىگە كۆچۈرۈۋالماقچى بولغاندەك
كارىۋات ئەتراپىدا سۈكۈتتە تۇرۇشۇپ، ئەلەم - ھەسرەت بىلەن
ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇشاتتى. ئەمما، كەچ سائەت يەتتىگە ئىككى

مىنۇت قالغاندا كامىل كۆزلىرىنى ۋاللىدە ئاچتى. مېھراي بى-
لەن راملە ئۇنلۇك يىغلاپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى تاشلىماقچى بولغانى-
دى، باشقىلار ئۇلارنى تۇتۇۋالدى. ھېكمەت كۆزلىرىدىن ياش
تۆككىنىچە دوستىغا ئېڭىشىپ: «كامىل، مېنى تونۇدىڭمۇ» دەپ
ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتقانىدى، ئۇ ھېكمەتنىڭ ئالىقىنىنى
بىلىنەر - بىلىنمەس سىققاندەك قىلدى. ئەمما، نۇرى ئۆچكەن
كۆز گۆھەرلىرى ئۇنى تونۇيالىدىمۇ، يوق، بىلگىلى بولمايتتى.
كامىل قارىچۇقلىرىنى ئايلاندۇرۇپ ھەممىگە تەكشى قارى-
غاندەك قىلدى. بەلكى ئۇ ئەجەل خەۋەرچىسىگە بىردەم سەۋر
قىلىشنى ئىلتىجا قىلغان بولسا كېرەك. ئەينەكلىك ئىشكاپلار-
دىكى كىتابلىرىغا، يېزىقچىلىق ئۈستىگە كۆزى قىيمىغاندەك
تام - تورۇسلارغا قارىدى. دوستلىرىغا «خوش» دېگەندەك تەل-
مۈردى، ئاندىن ۋاپادار ھەمراھى، سۆيۈملۈك رەپىقىسى مېھراي-
دىن ئەپۇ سورىغاندەك بىر ھازا تىكىلىپ قالدى. ئۇ يەنە قىزى
راملەگە شۇنچىلىك ئۇزۇن تىكىلىپ قالدىكى، كۆز جىيەكلى-
رىدىن سىرغىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش ياستۇققا تۆكۈلدى
ھەم شۇ پېتى كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالدى.
بۇ ئالەم شۇنچە ۋاپاسىز ئىكەن! قاراڭ، ئۇ ئىلىم -
ئىرپان ئاسمىنىدا چاقنىغان بىر يۇلتۇزنى ئۆز قوينىغا تارتىپ
ئېلىپ كەتتى! . . .



## تۇزاق دېنىنى
## چوقۇغان قۇش

كامىلنىڭ يەتتە نەزىرى ئۆز ئىدارىسىنىڭ چوڭ كۇلۇبىدا
ئۆتكۈزۈلدى. كېلىۋاتقان ئادەم ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئالىم،
يازغۇچى، شائىر، مۇتەخەسسىسلەر، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھ-
بەرلىرى، ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورلىرى، دوتسېنتلىرى،
ھەتتا ئاڭلىغانلىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، تىجارەتچى، سودى-
گەرلەر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەرھۇمنىڭ نەزىرىگە داخىل
بولۇشتى.
ھويلا ئىچىگە تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن
يول تېپىپ مېڭىشمۇ تەس ئىدى. كامىلنىڭ يېقىن دوست -
بۇرادەرلىرى بەللىرىگە ئاق پوتا باغلاپ كۇلۇب ئىشىكىنىڭ ئىك-
كى تەرىپىدە ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئىشانوف، مىرسۇلتان، جارۇللا
ئەخمىدى قاتارلىق ياشانغانلار ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كەلگەن-
لەرگە قول بېرىپ كۆرۈشەتتى. كۇلۇبنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى
تاملارغا «مۇسىبەتنامە»، «تەزىيە»، «مەرسىيە» لەر چاپلانغان
بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شېئىر ۋە نەسرلەر ئىدى. خوتەن-
دىكى دوستلارنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن يوللىغان تېلېگ-
راممىلىرى ھۆسنخەت نۇسخىسىدا يېزىلغاچقا، ئالاھىدە كۆزگە
چېلىقىپ تۇراتتى.
ھەپتىدىن بېرى كۆزى ياشتىن قۇرۇماي، قاپاقلىرى ئىش-
شىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھېكمەت، مىرزا مۇھەممەت-

لەر بەللىرىگە ئاق پوتا باغلىغان هالدا ئىشىك ئالدىدا كەلگەنلەر-
نى كۈتمەكتە ئىدى. هويلىغا بېغىر رەڭلىك بىر كىچىك ماشىنا
كىرىپ كەلدى. شوپۇر ماشىنىسىنى ئىلگىرى - كېيىن تىزى-
لىپ كەتكەن ماشىنىلار ئارىلىقلىرىدىن ئارانلا ئايلاندۇرۇپ كې-
لىپ كۈلۈب ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. پەيتۇل بىلەن مەسۇم
قابىل ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلار مېهمان كۈتكۈچىلەرنىڭ ئەڭ
ئالدىدا تۇرغان هېكمەت، مىرزا مۇهەممەتلەرگە قول بېرىپ،
ئاندىن باشقىلار بىلەن كۆرۈشتى.

كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى سەل سىيلىككەندىن كېيىن، هەم-
مەيلەن كۈلۈب ئىچىگە يىغىلدى، چۈنكى نەزىردىن كېيىن ئاد-
دىي مۇراسىم يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. پەن تەتقىقات ئىل-
مىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى كامىلنىڭ تەرجىمىهالى ۋە كلاس-
سىك ئەدەبىيات ساهەسىگە سىڭدۈرگەن ئەجرى، شۇنداقلا يازغان
ئىلمىي ماقالە، شېئىر، داستانلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.
ئارقىدىن ئىشانوف، هېكمەت، جارۇللا ئەخمىدىلەر مۇسىبەتنا-
مىلىرىنى ئوقۇدى. بولۇپمۇ كامىلنىڭ شاگىرتى — كلاسسىك
ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى مىرزا مۇهەممەت «ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى بويىچە تونۇلغان مۇتەخەسسىس، ئىستېداتلىق نەشرى-
ياتچى كامىل راخمان هاياتىدىن قىسقىچە يادنامە» سەرلەۋهەلىك
مۇسىبەتنامىسىنى ئوقۇشقا باشلىغاندا كۈلۈب ئىچى تىنىق ئاڭ-
لانغۇدەك جىمىپ كەتتى:

— ئۇستازلار، كەسىپداشلار، دوستلار، بىز قايغۇ -
مۇسىبەت ئىچىدە هەسرەت چېكىپ قالدۇق. چاغاتاي تىلى ۋە
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساهەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتە-
خەسسىس، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تۆهپىكارلىرىدىن
بىرى بولغان ئالىي مۇهەررىر، شائىر، ژۇرنالىست كامىل
راخمان بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. خەلقىمىز بىر جانكۆ-
يەر ئوغلانىدىن، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز يارامىلىق ئىز-
دەنگۈچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ ساهەدىكى پېشقەدەملىرىمىز



قابىل شاگىرتىدىن، ئوتتۇرا ياشلىقلىرىمىز سەممىمىي دوستى-
دىن، پائالىيەتچان كەسىپدىشىدىن، بۇ ساهەدە ئىزدىنىۋاتقان
ياشلىرىمىز بىر تەلەپچان ئۇستازىدىن مەهرۇم قالدى. ژۇرنىلى-
مىز ئۆزىنىڭ ماهىر يېتەكچىسىدىن، مۇشتەرىلىرىمىز يېقىن
سىردىشىدىن ئايرىلىپ قالدى. مەرهۇمنىڭ ئائىلىسى ۋە پەرزەن-
تى ئۆمۈرلۈك غەمگۈزارى، مېهرىبان باشپاناهىدىن ئاي-
رىلدى. . . بۇلارنىڭ هەممىسىگە سەۋر - تاقەت قىلىپ «ئەل-
هۆكمىللا» دېمەكتىن ئۆزگە نېمە ئىلاج بولسۇن! . . .

مىرزا مۇهەممەت مۇسىبەتنامىسىنى نادامەتلىك هېسسىياتى
بىلەن داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىدا، هېكمەت سىرتقا چاپلانغان مەرسى-
يە ۋە تەزىيەنامىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.
كۈلۈب ئىچىدىكىلىرىنى بولسا ئەتىگەنلا خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋال-
غانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىرزا مۇهەممەتنىڭ مۇسىبەتنامىسى-
نى كۆرۈپ، بەزى يەرلىرىنى تۈزىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن،
مەزمۇنىدىن خەۋەردار ئىدى.

هېكمەت دەسلەپتىلا جارۇللا ئەخمىدىنىڭ «كلاسسىكلىرى-
مىز» ژۇرنىلىنى بۇلاققا سىمۋول قىلىپ يازغان تەزىيەنامىسىنى
بىر چەتتىن ئوقۇپ، بىر چەتتىن كۆچۈرۈشكە باشلىدى:

ئاتىلار مىراسى — مەشئەل جۇلاسى،
ئەجدادلار روهىنىڭ جاهاننەماسى.
تۈگىمەس ئېقىندۇر «بۇلاق»نىڭ سۈيى،
دىللارغا نۇر بېرەر ئۇنىڭ زىياسى.

ئىچكەندە خەلقىمىز بۇلاق سۈيىنى،
تەشنالىق ئىچىدە قەدىرلەپ ئۇنى.
قانداقمۇ ئۇنتۇسۇن بۇلاق قازغاننى
ۋە ئۇنى ئېقىتىپ، ئەجىر قىلغاننى.

سىز ئاشۇ بولاقتا باغلاپ مۇھەببەت،
ئاققۇزۇپ ئۇنىڭدىن دىللارغا شەربەت.
بېغىشلاپ ياش ئۆمۈر، باھارىڭىزنى،
بەردىڭىز ھاياتقا نۇرانە زىننەت.

ئاققاندا بولاقنىڭ سۈيى مەڭگۈگە،
ئاقىدۇ سىزنىڭمۇ ئەجرىڭىز بىرگە.
ساقلىنار مۇھەررىر دېگەن نامىڭىز،
ئون ئىككى مۇقامنىڭ ياڭراق كۈيىدە.

كامىلنىڭ كەسپىدىشى، شائىر مۇھەممەت زاھىر «ھەسرەتتە قويدۇڭغۇ مېنى» ناملىق تەزىيە شېئىرىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن باشلىغانىدى:

ئەي ۋاپاسىز كاج پەلەك، ھەسرەتتە قويدۇڭغۇ مېنى،
بىر پىداكار دوستتىن ئايرىپ، دەردتە قويدۇڭغۇ مېنى.
ئارىمىزدىن بىر مەھەل، ياش كەتسە ئالىم، ژۇرنالىست،
سەندە ئادىللىق قېنى، كۆلپەتتە قويدۇڭغۇ مېنى.
قۇم بېسىپ كەتكەن بولاقنىڭ كۆزىنى ئاچقانغۇ ئۇ،
چۆلگە تاشلاپ چاڭقىتىپ، غۇربەتتە قويدۇڭغۇ مېنى.
ياقتى ئۇ لۇتفى، نەۋائى، نۆۋبىتى. . . نىڭ شامىنى،
شۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ، زۇلمەتتە قويدۇڭغۇ مېنى.
يا كلاسسىكلار ئۇنى چاقىردىمۇ بەك سېغىنىپ،
كۆرۈشۈپ يانغايمۇ تېز، ھىجرەتتە قويدۇڭغۇ مېنى.
زەپ ئېسىل، پازىل ۋە كەمتەر، ئەل سۆيەر ئوغلان ئىدى،
ئاشۇ دانا سۆھبىتىدىن چەتتە قويدۇڭغۇ مېنى.
. . . . . .



ھېكمەت شېئىرىنىڭ ئاخىرقى كۆپلېتلىرىنى ئىچىدە ئوقۇغاچ كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يانداپلا چاپلانغان يازغۇچى ھەم شائىر نۇرئەخمەت زىكرىيانىڭ «كامىل راخماننىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە» دېگەن شېئىرىنىڭ ئىككى كۆپلېتىنى كۆچۈرۈپ بولغاندا، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ چۆچۈتۈۋەتتى. ھېكمەت قايرىلىپلا ئوبزورچى مەسئۇت پەيزۇللانىڭ ئۇزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— قېنى ھېكمەت ئەپەندى، داۋامىنى يېزىڭ، مەن ئوقۇپ بېرەي.

قوت تاپتى، كامالەت، ئىستىقبال تاپتى،
شاھانە ئەسەرلەر، دۇررى، جەۋھەرلەر.
غەپلەتتىن ئويغىتىش ئۈچۈن جاھاننى،
ھېكمەتنىڭ نۇرىنى چاچقان قەيسەرلەر.

ئەلۋىدا ھاياتلىق بوستانىدىكى،
مىللەتنىڭ ئىناۋەت – ئابرۇيى كۆركى.
ئەسلەيدۇ ئەجرىڭنى «ئون ئىككى مۇقام»
ئەسلەيدۇ «دىۋانى لۇغەتىل تۈركى».

ھېكمەت مەسئۇت پەيزۇللانىڭ ئوقۇپ بېرىشى بىلەن يەنە بىرقانچىلىغان مەرسىيە، قەسىدىلەرنى كۆچۈرۈۋالدى. ئاندىن بەزى ۋىلايەت يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىدىن كەلگەن مۇسىبەت تېلېگراممىلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. يەنە ئامانىللا قۇربان، ئالىمجان زېھرۇللا، شادىمان، توختى قۇربان، مەھەممەت قاسىم، ئەخمەت ھوشۇر قاتارلىق خوتەندىكى دوستلارنىڭ ئايرىم ھەم بىرلىشىپ يوللىغان تېلېگراممىدا تېكىستلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ چىقتى.

مۇقىتجان باھادىرنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە تەنقىدىي ماقالە يېزىلغاندىن كېيىن، مەسئۇت پەيزۇللانىڭ ھېكمەت قەلبىدىكى ئوبرازى بىردىنلا سۇسلاشتى، بولۇپمۇ مەسئۇم قابىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ھېكمەت ئالدىراشلىق ئىچىدە مەسئۇت پەيزۇللانىڭ ماقالىسىنى ئوقۇشقا پۇرسەت چىقىرالمىغانىدى، كېيىن گېزىتنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇدى. ماقالىدە «بىر كالتەك بىلەن ئۇجۇقتۇرۇش» خاھىشى ئەمەس، بەلكى ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ماقالە باشتىن - ئاخىر ئىلمىي يېزىلغان بولۇپ، ھېكايىچىلىقىمىزدىكى يۈز بېرىۋاتقان، سەل قارىلىۋاتقان، تۈزەتمىسە بولمايدىغان نۇقسانلار سەمىمىيلىك بىلەن كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. ھېكمەت ماقالىگە باشتىن - ئاخىر قايىل بولمىسىمۇ، لېكىن ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش مەسىلىسىدە بىر تەرەپلىمىلىك كۆزقاراشنىڭ خېلىلا چەكتىن ئاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. چۈنكى يازغۇچىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالغان ۋەقە ياكى بىرەر ھادىسە ئاپتورنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانىنى بويلاپ راۋاج تاپىدۇ ھەم ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى، قىسمەت - تەقدىرىمۇ ھەرگىز بۇلاردىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەمما، ھەر كىمنىڭ تەسىرلىنىش، زوق ئېلىش، ھاياجانلىنىش، قوبۇل قىلىش دەرىجىسى ئۆزگىچە بولغاچقا، يازغۇچىنى يىغلاتقان بىرەر ۋەقە باشقىلارنى كۈلدۈرۈشى، ئەڭ بولمىسا ئېچىندۇرۇشى مۇمكىن.

ھېكمەت بۇ توغرۇلۇق مەسئۇت پەيزۇللا بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدىلا پىكىر بىرلىكىگە كەلگەنىدى، شۇنداقلا نۇردۇن خوجىنىڭ ئۇنى پۇلغا سېتىۋېلىپ «دۇمباق چالغۇزغان» دېگەندەك سۆز - چۆچەكلەرنىڭ پۈتۈنلەي تۆھمەت



ئىكەنلىكىمۇ ئايدىڭلاشتى. شۇ چاغدا مەسئۇت پەيزۇللا ئاچچىقلاپ: «ئەبلەخلەر، غالچىلار، ئۇلارنىڭ قارا كۆڭلىدىن پاك ئىمان، پاكىز ئېتىقاد دېگەننىڭ سۇنىقىنى تاپقىلى بولمايدۇ. سۈزۈك سۇلىرىمىزنى بۇلغاۋاتقان بۇنداق ئىتبېلىقلىرىنىڭ دەردىنى باقىيغا كەتكۈچە تارتىدىغان ئوخشايمىز. . .» دېگەنىدى.

ھېكمەت بىلەن مەسئۇت پەيزۇللا بارلىق تەزىيەنامىلەرنى كۆرۈپ بولمايلا، كۇلۇبتىن مىرزا مۇھەممەت ئالدىراپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سۆزلەيدىغانلار ئاخىرلىشىپ قالدىمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت ئۇنىڭدىن.

— تۈگىدى، ھازىر پەن تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى خۇلاسە سۆزى قىلىۋاتىدۇ، — مىرزا مۇھەممەت مۇھىم بىر ئىشنى دېمەكچى بولغاندەك ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — ھېكمەت ئاكا، بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار ئوتتۇرىسىدا «تۇرسۇنجان ئاپتورلارنىڭ قىرىق مىڭ سوم قەلەم ھەققىنى ئېلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر بولۇنۇۋاتىدۇ.

— يالغان! — ھېكمەت ئاچچىقىدا ۋارقىرىۋەتتى، — تۇرسۇنجان ئۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەس.

— بۇ، قاراڭ، ئاشۇ مەسئۇم قابىل دېگەن ئەبلەخنىڭ ئويۇنلىرى بولمامدۇ، — دېدى مەسئۇت پەيزۇللا، — تۇرسۇنجاننى نەشرىياتتىن ھەيدەشنىڭ باش پىلانلىغۇچىسىمۇ شۇ.

— پەيتۇلكام بارغانلىكى ئاپتورلارغا: «سىلەرنىڭ قەلەم ھەققىڭلارنى تۇرسۇنجان ‹ئۆزۈم تارقىتىمەن› دەپ ۋاكالىتەن قول قويۇپ ئېلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى» دەپتىمىش.

— بۇ ئىشتا پەيتۇل بىلەن مەسئۇم قابىل ئىككىسىنىڭ قولى بار، — دېدى ھېكمەت كېسىپلا، — ئۇلار تۇرسۇنجاننى

«چەت ئەلدىن كەلمەيدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، ئاپتور-
لارنىڭ قەلەم ھەققىنى قاقتى - سوقتى قىلماقچى.
ھېكمەتنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا كۈلۈب ئىشكىدىن ئادەم-
لەر پاتماي چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن
ئۇزىتىش كېرەك ئىدى، شۇڭا ھېكمەت، مەسئۇت پەيزۇللا،
مىرزا مۇھەممەتلەر ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ
تۇرۇشتى، بەزى ياشانغان زىيالىيلارنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ
ماشىنىغا چىقىشىغا ياردەملەشتى. ئادەملەر ئۇزاپ سەل شالاڭلى-
شىپ قالغاندا، كۈلۈبتىن پەيتۇل بىلەن مەسۇم قابىل چىقىپ
كېلىشتى. ئۇلار ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆرە تۇرۇپ، مېھ-
مانلارنى ئۇزىتىۋاتقان نەزىر ساھىبخانىلىرى بىلەن قول بېرىپ
خوشلىشىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈشى، ھېكمەت، مەسئۇت پەيزۇل-
لا، مىرزا مۇھەممەتلەرنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇلار ھودۇققاندەك
بولۇپ باشلىرىنى سەل ئەگدى - دە، خوشلىشىش ئىپادىسىنى
بىلدۈردى. ماتور ئوت ئېلىپ گۈرۈلدەۋاتقان ئارىلىقتا مەسۇم
قابىل ئەينىكى چۈشۈرۈۋېتىلگەن ماشىنا كۆزنىكىدىن سىرتقا
بىرلا قاراپ دەرھاللا يۈزىنى قاچۇردى، چۈنكى مەسئۇت پەيزۇل-
لانىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى.
ماشىنا سىلىق ئايلىنىپ كوچىغا چىققاندىن كېيىنلا، مە-
سۇم قابىل يېنىككىنە تىن ئالدى - دە، يېنىدا كۆزلىرىنى
يۇمۇپ ئولتۇرغان پەيتۇلغا كۆز قىرىنى سالدى، چۈنكى ئۇ
ئۆزىنىڭ قورققانلىقىنى پەيتۇلنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خا-
لىمايتتى.
مەسۇم قابىل شۇ يىلى ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۇ-
چۈن ھېكمەتتىن كونا ئاداۋەت - نىزالارنى كۆڭلىگە ئالماي،
رۇستەم بىلەن ئۇچقۇنئاينىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش-
نى تەلەپ قىلدى. بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈپ «ئىنسانچىلىقتا ئەڭ
قىيىن نەرسە ‹پاك بولۇش›. دۇنيادا ئەيب - نۇقسانسىز ئادەم



يوق، ھەممە ئىش مەنپەئەتكە باغلانغان» لىقى قاتارلىقلارنى ئىس-
پاتلاش ئۈچۈن مەسئۇت پەيزۇللانىڭ ماقالىسىنى دەستەك قىلىپ
ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، رېستوراندا
ئۆتكۈزۈلگەن بىر توي مەرىكىسىدە، سەل كەيپ بولۇپ قالغان
مەسئۇت پەيزۇللا مەسۇم قابىل ئولتۇرغان ئۈستەلگە كېلىپ
ئۇنى ئىپلاس، ئىغۋاگەر، تۆھمەتخور دېگەندەك تىللار بىلەن
قاتتىق رەسۋا قىلىۋەتتى. ئەگەر باشقىلار مەسئۇت پەيزۇللانى
تارتىپ ئېلىپ كەتمىگەن بولسا مەسۇم قابىل تېخىمۇ ئېغىر
ئاھانەتلەرگە پېتىپ قالغان بولاتتى. بۇ قورقۇنچلۇق ساۋاق
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئېھتىياتچان قىلىپ، ھىيلە -
مىكىر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەگەر ئۇ بىرەر
كىتاب ياكى ئەسەرگە نەشتىرىنى سانجىماق بولسا «يۇرتتىن
بىرنەچچە تونۇشلار كەپتىكەن، بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ مۇنداق چۈ-
شەنچىگە كەپتۇ، لېكىن مەن ‹بۇنداق دېسەڭلار خاتا بولىدۇ›
دەپ قويدۇم، دېيىش ئارقىلىق كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەتتى.
شۇڭا بۇ گۈنكى نەزىردىمۇ بەزىلەر ئۇنى چەتكە تارتىپ، تۇرسۇن-
جاننىڭ نەشرىيات پۇلىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلى-
كى توغرۇلۇق سورىغىنىدا، ئۇ: «مەن تۇرسۇنجاننىڭ بۇنداق
قىلىشىغا ئىشەنمەيمەن، لېكىن ئاپتورلار قەلەم ھەققى دەۋاسى
قىلىۋەرگەندىكىن، پەيتۇلكام مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن ئۇ-
قۇشسا، ئۇلار شۇنداق دەپتۇ، مەنمۇ ھەيران قالدىم، نەشرىيات
باشلىقى ئاساسسىز گەپ قىلمايدىغاندۇ. . . » دېگەندەك تىكەن-
لىك، تىكەنسىز گەپلەر بىلەن چەكلەندى. ئەلۋەتتە «كۈندۈزى
گەپ قىلساڭ يان - يېنىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ
قۇلاقنى - قۇلاققا ياق»، «تامنىڭمۇ قۇلىقى بار» دەپ كونىلار
بىكار ئېيتمىغان. بىر كۈنلەردە بۇ گەپلەر تۇرسۇنجان، ھېكمەت-
لەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالغۇدەك بولسا مەسۇم قابىلدىن ھېچ-
قانداق قۇسۇر تاپالمايدۇ، ھەتتا خۇش بولۇشى مۇمكىن. . .

— پەيتۇلكا، ھەي پەيتۇلكا، — قوش ئېڭەكلىرىگە چۈكۈپ مۇگدەپ قالغان پەيتۇل مەسۇم قابىلنىڭ قايتا تۇۋلىشىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى پاللىدە ئاچتى، — سىزگە ھاردۇق يېتىپ قالغان ئوخشىمامدۇ.

— ھە، ھە، ياق، — پەيتۇل ئالىقانلىرىدا پۇلتىيىپ چىققان قاپاقلىرىنى ئۇۋۇلىدى، — ھە، نېمە ئىشتى؟

— نەزىردە خېلى كۆپ ئادەملەر مەندىن تۇرسۇنجاننىڭ قىرىق مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ئىشىنى سورىدى.

— شۇنداقمۇ؟ — تۇرسۇنجاننىڭ گېپى چىقىش بىلەن پەيتۇلنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى، — مەندىنمۇ سوراشتى. ھە، سىز نېمە دېدىڭىز؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ.

— شۇ، شۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە.

— مەن يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. . .

— نېمىشقا، نېمىدىن؟ — پەيتۇل ئەندىككىنىدىن چۆچۈپ قارىدى، — تۇرسۇنجان ئۇ. . .

— ياقەي، ئۇنىڭ كېلىشى ناتايىن، — پەيتۇل جىمىپ قالغان مەسۇم قابىلنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپلا قالغانىدى، — ئەگەر ئاپتورلار يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئۇلارغىمۇ «تۇرسۇنجان ئېلىپ قېچىپ كەتتى» دېسەكلا بولمىدىمۇ.

— يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ كەلگەنلەر «ئەمىسە تۇرسۇنجان قول قويۇپ ۋاكالىتەن ئالغان قەلەم ھەققى تالوننى چىقىرىڭلار» دەپ قالسىچۇ؟

گويا غايىبتىن بىر قول كېلىپ پەيتۇلنىڭ كانىيىنى غىققىدە سىققاندەك، يۈز-پوكانلىرى ئېسىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى.



راست، ئەجەب بۇ تەرىپىنى ئويلاپ قويماپتىما! ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا نېمىدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك! دۇنيادا مەنپەئەتتىن ئارتۇقراق قۇدرەتلىك كۈچ ھەم تاتلىق نەرسە يوق. مېھنەت ئەجرىدىن قۇرۇق قالغان ئاپتورلار يۇقىرى-تۆۋەن قاتراپ، ھەتتا سوت مەھكىمىلىرىگە بېرىپ قالسا. . . پەيتۇل ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— مەسۇم قابىل بۇ. . . بۇ ھەقىقەتەن زىل ئىشكەن، قانداق قىلساق بولار؟

— مەنمۇ بىلەلمىدىم.

مەسۇم قابىل «بىلەلمىدى» ئەمەس، بەلكى «يالغان تالون» ئەھيا قىلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى باشلىقنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىقىرىشنى كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن پايدىلىق، دەپ قارىغاچقا، قەستەن بىلمەسكە سالدى. ناۋادا پەيتۇلنىڭ راستتىنلا ئەقلى يەتمىگەن تەقدىردە «پۇرىقىنى پۇرىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى تاپتۇرۇش» چارىسىنى قوللانماقچى بولدى. پەيتۇل نەپەس ئۆتمەي، تۇزاق دېنىنى چوقۇش ئۈچۈن مەسۇم قابىلنىڭ يايغان تورىغا قەدەم ئالدى.

— تالوننى پەيدا قىلغانكەنمىز، پۇلنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئەلۋەتتە.

— ئەمما بۇنداق تالوننى مالىيە بۆلۈم باشلىقى، بوغالتىر، كاسسىرلارنىڭ ياردىمىسىز قىلغىلى بولمايدۇ.

— ئۇلارمۇ پايدا-مەنپەئەت تەگمىسە قىلمايدۇ دەڭا، — مەسۇم قابىل پۇرىقىنى پۇرىتىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى تاپتۇرۇۋاتاتتى، — تېخى بىرەر رېستوراندا مېھمان بولۇشنى تەمە قىلىشىمۇ مۇمكىن. . .

پەيتۇل بىرلا پۇراش ئارقىلىق مەسۇم قابىلنىڭ قوينىدىكى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ رېستوراندا بىر ئۈستەل تەييار-

لاش، مالىيه بۆلۈمىدىكى مۇھىم دەپ بىلگەن كىشىلەرنى چاقىر-
رىپ مېھمان قىلىش ھەم ئۇلارنى كۆڭۈل تىنغۇدەك رازى قىلى-
دىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بېرىش، دېگەندەك قۇيرۇق شىپاڭشى-
تىپ ئىز يوقىتىش چارىلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ خاتىرجەم بول-
غاندەك تۇيغۇغا كەلدى.

ماشىنا ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. مەسۇم
قابىل پەيتۇل بىلەن خوشلىشىپ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ
يېزىقچىلىق ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇ-
رىدىغان ئىشكاپىنى ئېچىپ يېشىل تاشلىق خاتىرىسىنى ئالدى.
خاتىرە كۆپ تۇتۇلغاچقىمۇ، مۇقاۋىسىنىڭ چەت - چۆرىسى قىر-
قىلىپ، كىرلىشىپ كەتكەنىدى. مەسۇم قابىل ئۆيدىكىلىرىگىمۇ
كۆرسەتمەي گۆھەردەك ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ خاتىرە باشقىلار-
نىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەن «ئارخىپ ئۇزۇندىلىرى»
بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. مەسۇم قابىل بۈگۈن نەزىرىدە تۇرسۇن-
جان ھەققىدە بولۇنغان گەپ - سۆزلەر، شۇنداقلا ماشىنىدا
كېلىۋېتىپ پەيتۇل بىلەن بولغان قىسقىغىنە سۆھبەتنى يىل،
ئاي، كۈنلىرىگىچە يازغاندىن كېيىن، خاتىرىنى يەنە جايىغا
قويۇپ قويدى. ئۇ تۇزاق دېنىنى چوقۇغان قۇشنىڭ پۇتلىرى
ئۆزى يايغان تورغا خېلىلا مەزمۇت چىگىلىپ قالغانلىقىدىن مەم-
نۇن بولغان ھالدا ئىشكاپقا قۇلۇپ سالدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. بىر كۈنى مەسۇم قابىل ئىشخانىسىدا
ئولتۇراتتى، ھېكمەت قاپاقلىرى سىيلىنغان ھالدا كىرىپ كەل-
دى. ئۇ ھېچقانداق تەكەللۇپ، ئىلتىپاتلارغا پەرۋا قىلمايلا يې-
شىل موۋۇت قاپلانغان دىۋانغا ئولتۇردى - دە، كۆڭلىكىنىڭ
يۇقىرىقى تۈگمىسىنى يېشىپ، ياقىسىنى سىلكىگىنىچە ئۆزىنى
يەلپۈدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئەندىككەن مەسۇم قابىل ئىستاكانغا
ئازراق پەمىل چاي سېلىپ ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيدى، ئاندىن
ھېكمەتنىڭ ئالدىدىكى چاي ئۈستىلىگە ئاۋايلاپ قويدى، كۆڭلى-



دىن «ئۇ نېمىشقا مېنى ئىزدەپ كەلگەندۇ؟ بىرى ئۇنىڭ ئەسەر-
لىرى ھەققىدە چېقىمچىلىق قىلغان بولسا مەندىن گۇمان قىلدى-
مۇ؟ ياكى كامىل قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى
بىرەر ئۆسەك گەپ تارقاتقان بولسا. . .» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى.

— پاھ، پاھ، كۈن ئەجەب ئىسسىپ كەتتى - ھە؟ —
مەسۇم قابىل ئەمەل ئورنىغا ئولتۇرۇشنى بىئەپ كۆردىمۇ،
يۆلەنمە ئورۇندۇقنى ئالدىغا سۈردى، — ھېكمەت، ئۇندەرەشلا
كېلىپ قاپسىز، بىرەر مۇھىم ئىش بارمىدى؟

— مەن ئەسلى كامىلنىڭ نەزىرىدىن كېيىنلا كەلمەكچى
ئىدىم، لېكىن ئىدارىدە ئالدىراش بولۇپ قېلىپ كېلەلمى-
دىم، — ھېكمەت مەسۇم قابىلنىڭ مۇئامىلىسىگە بې-
قىپ، ئەدەپ - قائىدە بىلەن سۆزلىدى، — مەسۇم قابىل،
راست گەپ قىلىڭ «تۇرسۇنجان ئاپتورلارنىڭ قىرىق مىڭ سوم
قەلەم ھەققىنى ئېلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى» دېگەن ئىغۋا
زادى كىمنىڭ ئاغزىدىن چىقتى؟

مەسۇم قابىل دەسلەپتە سەل ھودۇققاندەك قىلغان بولسى-
مۇ، دەرھاللا سەممىيلىك قىياپىتىگە كىردى. چۈنكى، ئۇ
ھېكمەت بىلەن سۆزلەشكەندە ھەربىر سۆز - جۈملىلەرگە، ھەتتا
چېكىت - پەشلەرگىچە ھوشيار بولمىسا ئىشىنىڭ پۈپۈكىنى چۇ-
ۋۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئېچىنغان ھالدا سۆزىنى
باشلىدى:

— سىز سورىغان بۇ سوئالنى كامىلنىڭ نەزىرىدىمۇ بىر-
قانچە زىيالىيلار مەندىن سورىدى، مەن ئۇلارغا. . .

— بولدى، باشقىلارغا قىلغان سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىغاچقا
سىزدىن سوراۋاتىمەن، — ھېكمەتنىڭ جىددىي تەلەپپۇزى مەسۇم
قابىلنى سەل چۆچۈتۈپ قويدى، — «تۇرسۇنجاننىڭ ئۇنداق قى-
لىشىغا ئىشەنمەيمەن» دېگەن سۆزلىرىڭىزگە رەھمەت، لېكىن
سىزنىمۇ ھەيران قالدۇرغان بۇ تۆھمەتنى زادى كىملەر ئويدۇ-

روپ چىقارغان؟

— مەن دەسلەپتە پەيتۇلكامدىن ئاڭلاپ ئانچە سىنەكمىگەن ئىكەنمەن، چۈنكى بۇ ئادەم باشتىن - ئاخىر تۇرسۇنجانغا پۇت ئېتىپلا كەلدى، — مەسۇم قابىل بىردەم توختىۋالدى، — لېكىن كامىلنىڭ نەزىرىدە بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيرانمۇ بولدۇم، ئاچچىقىممۇ كەلدى.

— بۇ بىر سۇيىقەست، مەقسەتلىك ھالدا ئويدۇرۇلغان سۇيىقەست، — دېدى ھېكمەت قوللىرىنى شىلتىپ، — بۇ سۇيىقەستكە تۇرسۇنجاننى سېتىپ، ئۇنى بۇ يەرلەردە تۇرغۇسىز قىلىۋېتىشتەك يامان غەرەز يوشۇرۇنغان. مەن بۇنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىمەن.

— ھېكمەت، بۇنى سۈرۈشتە قىلسىڭىز بىكارلا ئۆزىڭىزنى لەت قىلىۋالىسىز، — دېدى مەسۇم قابىل مۇلايىملىق بىلەن، — مەن كامىلنىڭ نەزىرىدىن قايتىپ كېلىپلا مالىيە بۆلۈمىدىن سۈرۈشتۈرسەم، مالىيە بۆلۈم باشلىقى، بوغالتىر، كاسسىرلار «تۇرسۇنجان پۇلنى ئالغان» دېيىشتى. مەن: «ئۇنداقتا تالوننىڭ كۆتىكىنى كۆرۈپ باقاي» دېۋىدىم، ئۇلار ئېلىپ بەردى.

— راستىنلا تۇرسۇنجان قول قويۇپ ئالغانمىكەن، — سورىدى ھېكمەت.

— توغرا، تۇرسۇنجاننىڭ خەنزۇچە ئىمزاسى قويۇلغانىكەن.

— ئاي، كۈنلىرىچۇ؟

— تالونغا تۇرسۇنجان چەت ئەلگە مېڭىش ھارپىلىرىدىكى ئاي - كۈنلەر يېزىلىپتۇ.

نېمە دېيىشنى بىلمىگەن ھېكمەت يانچۇقىدىن تاماكا، چاقمىقىنى ئالدىرىماي ئېلىپ چاي ئۈستىلىگە قويدى، ئاندىن بىر تال تاماكىنى بارماقلىرى ئارىسىدا بوشراق ئېزىپ تۇتاشتۇرۇپ،



بىرقانچە قېتىم شورىغىچە ئۈندىمىدى. باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ قېچىشتەك رەزىللىكنى پەقەت ئۇزۇل - كېسىل قايتىپ كەلمەسلىك نىيىتىگە كەلگەن قارا كۆڭۈل ئادەملەرلا قىلىدۇ. بىراق، ھېكمەت تۇرسۇنجانغا ئۆزىدىن بەكرەك ئىشىنەتتى. ياكى ئۇ كۆرگەن خورلۇقلىرىغا چىدىيالماي، بۇ يەرلەردىن كۆڭلى سوۋۇپ، رايى يېنىپ كەتكەنمىدۇ؟ كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، قۇلىقىممۇ ئاڭلىمىسۇن، دېگەن نىيەتكە كېلىپ كەلمەي قويارمۇ؟ ئۇنىڭ خالىس نىيەت بىلەن جان پىدالىق كۆرسىتىپ، قۇرۇق تۆھمەت، قۇرۇق سۆزلەرگە قالغىنى راست. شۇڭا «كۆرگەن كۆرمىش، خورلۇقلىرىم مۇشۇ پىتنە - پاسات بازار تاپقان يەرلەردە قالسۇن» دېگەن نىيەتكە كەلگەن بولسىچۇ! ياق، ياق، تۇرسۇنجان ئۇ خىلدىكى ئادەملەردىن ئەمەس! ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنداقتا ھېلىقى تالون قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟ مالىيە بۆلۈمىدىكى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرسۇنجان بولمىسا يەنە قانداق ئامال - چارىلەر بىلەن تەكشۈرەلىسۇن!

— ھېكمەت، خاھ ئىشىنىڭ، خاھ ئىشەنمەڭ، مەن تۇرسۇنجان بىلەن باشتىن - ئاخىر چىقىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئۆتكەن، — دېدى مەسۇم قابىل ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — شۇڭا ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتىمەن. بۇ ئىشلارنى قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى. ئىشەنچىم كامىلكى، بۇ ئىشلارنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر ئويۇن بار.

— توغرا دەيسىز، مەنمۇ شۇنداق ھېس قىلىۋاتىمەن.

ھېكمەت سۇسلا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ مەسۇم قابىلنىڭ تۇرسۇنجان توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك دۈشمەنلىك مۇئامىلىدە بولمىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئوغلى رۇستەمنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بولسىمۇ ھېكمەت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت-

نى ئىللىتمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندۇ، دېگەن ئوي ھېكمەتنى يۇمشىتىپ قويغانىدى.

ھېكمەت تاكسىغىمۇ چۈشمەي ئۆيىگە پىيادە قايتتى. ئۇ يامغۇر بۇلۇتلىرى توپلىشىۋاتقان شەھەر ئاسمىنىغا قارىغىنىدا، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى. كاملىنىڭ ئۆلۈمى چاقماق چۈشكەن دەرەختەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ، مادارىنى قۇرۇتتى. ئەمدى شادلىقىغا، ھەسرىتىگە، ئۆتمۈش، بۈگۈنىنىڭ مۇڭ ئەسرالىرىغا ھەمدەم بولغۇدەك سىرى ھەمراھ قالمىغانىدى. ھېكمەت مۇڭلىنىپ كېتىۋېتىپ كلاسسىكلىرىمىزدىن قايسىدۇر بىر دانانىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ھەسرەت بىلەن ئەسكە ئالدى:

دەردۇ غەمنى كىمگە دەي، سىرىمغا مەھرەم قالمىدى،
غۇسسىگە نە چارە ئەيلەي، يارۇ ھەمدەم قالمىدى.

ھېكمەت ھەر نۆرە كامىل بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، دوستلارنى، ھاياتتىكى تاتلىق خاتىرىلەرنى، بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى ئەسلەشكىنىدە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، قايتىدىن ياشارغاندەك ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى. بولۇپمۇ «تۇمانلىق يىللار»نىڭ ئۈچىنچى تومى ئوتتۇرىلاشقىچە بابمۇ باب كۆرۈپ ماڭغان كامىل ئېيتقۇسىز خۇشال بولغانىدى. ئۇ رومان ۋەقەلىكلىرى توغرۇلۇق پات ـ پات كېلىپ مۇڭدىشىپ كېتەتتى ياكى تېلېفون ئارقىلىق ئويلىغانلىرىنى بايان قىلاتتى. ساتىرىك تۈس ئالغان ئابزاسلارنى ئوقۇغىنىدا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتسە، تراگېدىيىلىك دېتاللار ئۇلارنى تەڭلا ھەسرەتكە چۆمدۈرەتتى. كامىل لاگرۇ، پوپۇنا تاغلىرىنىڭ چوڭقۇر سايلىرى، چاتقاللىق جىلغىلىرى، زۇمرەتتەك ئېقىن سۇلىرى، باش قايغۇدەك چېققىللىرى ئارا بولۇپ ئۆتكەن بىر كۈنلۈك سەپەر، يۇجىنىڭ



قاراڭغۇ توقايلىقلىرى، مەخمەلدەك يانباغىرلار، چەشمە زىلال بۇلىقىدىكى مەڭگۈ ئۆچمەس تاش ئويما، قاپقارا قورام تاش ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن ئايدىڭ كېچە قاتارلىق يۈرەككە شادلىق ۋە نادامەت نەقىشلىرىنى ئويغان خاتىرىلەرنى ئەسكە ئالغىنىدا، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا سۈزۈك ياشلار يالتىرايتتى. مۇراتنىڭ چوشقا قوتىنى، قىشلىق كۆكتات ئامبىرىدا زەيىندىن، ساجىتخانلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان چاغدىكى قوپال ھەم سەت تىللىرى، زۇمرەتنىڭ مەتمۇسانىڭ ئارقىسىغا ئوت قويۇۋېتىشتەك كۈلكىلىك كۆرۈنۈشلەر ھەر ئىككىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولاتتى. چەكسىز قايغۇ، سېغىنىش، ئازاب ئىچىدە گۈلزىبا، نەفىسە، زۇمرەتلەرنى ياد ئېتىپ، ياشلىقىنى ئەسكە ئالاتتى.

دۇنيانىڭ پەيمانى شۇنداق ئوخشايدۇ. ئاشۇ دەۋرلەرنىڭ كۆز مۇنچاقلىرى، دۇرى ـ گۆھەرلىرى بولغان ئۈچ جۈپ ياشتىن پەقەت ھېكمەتلا قالدى! . . . ئەگەر ھېكمەتمۇ ئۇلار تامان كېتىپ قالسا، ئاشۇ تۇمانلىق يىللارنىڭ قۇربانلىرى بولغان بىر دەۋر ياشلىرى ھاياتلىقتىكى ئۆمۈر مەنزىلىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قۇياشلىق جاھاندىن خەيرلەشكەن بولىدۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللاردىن ئىبارەت ئەسىر شامالللىرى تىنىمسىز چېپىپ، ئۇلارنىڭ قان داغلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرىنى كۆمۈشكە ئۈلگۈرىدۇ. شۇنداقمۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكەنمىدى؟ بۇ سوئال ئادەمنى مىسكىن ئويلارغا چۆمدۈرىدۇ. . . بولۇپ ئۆتكەن، بولغاندىمۇ شادلىققا قارىغاندا ئازاب ـ ئوقۇبەت ھەقدادىغا يەتكەن ئاشۇ دەۋر ياشلىرى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بىر ئۆمۈر يېتەلمىگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئىقبال ـ تىلەكلىرىنى يۇدۇپ كەتتى، كېتىۋاتىدۇ، قېپقالغانلىرى سەپەرگە چىقىشقا ھازىرلاندى! ئەشەنمەمسىز؟ قاراڭ، ئۇلارنىڭ ئاپئاق چاچلىرى ئەجەل خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇپتۇ، ئېگىلگەن قەددى بولسا ئۆلۈمگە سالام بەجا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنى كۆزلىرى ياشقا تولغان، قۇياشقا

كۆزى قىيمىغان ھالدا كۆتۈۋېلىۋاتىدۇ... ۋادەرىخا، ئەقىل لال قالغۇدەك پاجىئەلەرنىڭ شاھىدلىرى، قانلىق يىللارنىڭ گۇۋاھچىلىرى بۇ دۇنيادىن ئىز - دېرەكسىز، نام - نىشانسىز، تىنچ - تىۋشسىزلا كېتىپ قالارمۇ؟! شۇ كەتكەنچە ئەۋلادلىرى ياد ئەتمەي، بىر سىقىم خەس - تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسە بۇ نېمىدېگەن پاجىئە!...

ئادەمنى مۇڭغا سالىدىغان بۇ ئويلار ھېكمەتنىڭ يۈرىكىدىن كۆچمەس، دائىملىق مېھمىنىغا ئايلاندى. كامىلنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى تۈۋسىز خىياللار دېڭىزىغا غەرق قىلىپ، جاۋاب تاپماق تەس بولغان سوئاللار تورىغا چىرماپ قويدى. پۈتۈن ئۆمرىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى، ئەقىل - ئىدراكىنى ساۋاپلىق ئىشلار يولىدا سەدىقە قىلىپ، بۇ يولدا ھۇزۇر - ھالاۋەت، مەنپەئەت - مەئىشەتلەرنى تەرك ئەتكەنلەر يامانلارنىڭ قۇربانى بولۇپ ھەسرەت - نادامەت بىلەن كېتىپ قالىدىكەن. ھاياتىدا ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، ئەمەل، ئىمتىياز، ئورۇن، ھوقۇق، بايلىق ئۈچۈن ئالدىغا ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى چەيلەپ - يانجىپ، قاقشىتىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان پىتنىخورلارمۇ بۇ دۇنيادا ئەبەدىي قالمايدىكەن... پەقەت ئۇلار ئەجەل ئالدىدىلا تەڭ - باراۋەر بولىدىغان ئوخشايدۇ. شۇنداق، ئادەم تۆت كۈنلۈك ئۆمۈر مەنزىلىدە خۇددى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك، دۇنياغا تۈۋرۈك بولىدىغاندەك بىر - بىرىنى تالايدىكەن، قان چېچىشىپ يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالىشىدىكەن، بۇ ۋەجىدىن بىر - بىرىگە ئورا كولاش، چېقىمچىلىق قىلىش، ئۆز قېرىنداشلىرىنى ياتلارنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن كىچىككىنە ئىمتىيازىنى، مەنپەئىتىنى، شان - شۆھرىتىنى ئۇ دۇنياغا بىللە ئېلىپ كېتەلمەيدىكەن. بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كېلىپ يەنىلا يالىڭاچ كېتىدىكەن. ئەگەر ئېلىپ كېتىش مۇمكىن بولغان تەقدىردە ھەممىسى بىر - بىرىنى يەپ، قىرىشىپ، بوغۇ-



شۇپ - تالىشىپ، بۇ جاھان ئادەمسىز، تاپتاقىر بولۇپ قالىدىغان چېغى!...

تۇرمۇش ئاچچىقىدا تېگىرقاپ قالغان ھېكمەت روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشمەكتە ئىدى. ئۇ ھەممە - ھەممىنى تەرك ئەتسە، ھەتتا خىزمىتىنىمۇ تاشلاپ بېرىپ تىنچ بىر پىنھاندا سىزىقچىلىق، يېزىقچىلىق كەسپلىرىدىن مۇھەببەت تاپسا، ھىدايەتكە ئېرىشسە بەس! كۆرەلمەسلىك، ھەسەت، ھېرىس تۇمانلىرى قاپلىغان بۇ مۇھىت ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ئارزۇسىغا ئاسايىشلىق بېرەرمۇ؟! بۇ ھېكمەت ئۈچۈنمۇ قاراڭغۇلۇق ئىدى.

ئەمەلدىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئاللىبۇرۇنلا تاشلاپ بەرگەن ھېكمەت كامىلنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن «تۇمانلىق يىللار»نىڭ ئۈچىنچى تومىنى جىددىي داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئىشخانىدىكى مۇقاۋا سىزىش ۋەزىپىسىنى ھەپتە - ئون كۈن ئىچىدە تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتىپ كىرەتتى - دە، يېزىقچىلىق ئۈستىلىدە ئولتۇراتتى. ياشلىقىدىكى قەدىردان دوستلار، جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك مەسۇم سىنەملەر، يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا ھاشار ئەمگىكىگە سېلىنغان دىلكەش دېھقانلار، قوشكۆلنىڭ بىپايان تۈزلەڭلىكلىرىدە قومۇش يۈدۈپ كېلىۋاتقان سولغۇن چىراي مۇئەللىم ۋە مۇئەللىمەلەر، كۈرەش مەيدانلىرىدا ئايلىنىپ يېقىلغان مەرىپەت مەشئەللىرى، جىلتىسىنى قۇچاقلاپ قانغا چىلىشىپ قالغان ئون - ئون بىر ياشلاردىكى نارەسىدىلەرنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىدە قاتقان قان!... قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن ئايدىڭ كېچە... دوستلارنىڭ ئىلتىجالىرى... مۇراتنىڭ جان ئۈزۈۋېتىپ قىلغان چاقچىقى... «ئاھ، نېمىدېگەن ھۇزۇر» مۇرە، چاچلىرىنى قار باسقان گۈلزىبانىڭ تارتىنىپ قۇچاقلاشلىرى، ئۇنىڭ بىلەن دەريا بويىدا تۈنىگەن ئۇنتۇلماس كېچىلەر... كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكەنسېرى، قەلەممۇ ئاق قەغەز بېتىدە شۇنچە راۋان، شۇنچە تېز يورغىلايت-

تى. ھېكمەتتە ھېچقانداق زورۇقۇش ئالامىتى كۆرۈلمەيتتى. بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان چەشمە زىلالدەك ۋەقەلەر، قەلب تارلىرىنى تىترىتىدىغان ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ھېكمەتنى ھاياجانغا سالاتتى. ئۇ كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى، شۇڭا دەممۇ دەم ئويغىنىپ تاڭ ئېتىشنى كۈتەتتى. تاڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئەتىگەنلىك چايغىچە ئۈچ - تۆت سائەت يېزىپ بولاتتى. مۇبادا «قار تازىلاش»، «سىياسىي ئۆگىنىش»، «يىغىن»، «چوڭ تازىلىق» دېگەندەك ئىدارىنىڭ پائالىيەتلىرى بولۇپ قالغىنىدا، بۇ ئىشلارنى بوينىدىن باغلىغاندەك قىلىپ چىقاتتى ھەم شۇ كۈنى سەھەردە باشلىغان ئورگىنالنىڭ ئۈستى تەرىپىگە نەچچە سائەت، نەچچە كۈن يازالمىغانلىقىنى ئېچىنىش بىلەن يېزىپ خاتىرە قالدۇراتتى. بىر قېتىم ئۇ ئورگىنال ئۈستىگە مۇنداق سەھىپىلەرنى يېزىپ قويىدى:

«دوستلىرىم مېنى دەم ئېلىش كۈنلىرى، ھەتتا ھېيت - بايراملاردىمۇ ئىشلەيسەن، سەنمۇ دەم ئال، سالامەتلىك مۇھىم دەپ نەسىھەت قىلىشىدۇ. قىزىم بولسا ‹يېڭى كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ، پاكىز ياسىنىپ، باشقىلارغا ئوخشاش ئويناپ - كۈلسىڭىز بولمامدۇ...› دەپ ئەيىبلەيدۇ. بىراق، ۋاقىت ئادەمگە باقمىسا، شۇنچە نۇرغۇن ئىشلار مېنى تەقەززا قىلىۋاتسا، قانداقمۇ ئويناشقا، دەم ئېلىشقا رايىم بارسۇن. ياز، ھېكمەت، ياز! ئۇ دۇنياغا بارغاندا پۈتۈن ئۆزۈڭنى سۇنۇپ بەكمۇ كۆپ ئارام ئالىسەن، سېنى ئويغىتىدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ...»

پۈتكەن ئورگىناللارنى ئۈتتۇرلۇق ئوقۇپ تۇرىدىغان ئۈچقۇنئاي بىر كۈنى دادىسىغا:

— دادا، كۆڭۈلنى ئېزىدىغان، ئادەمنى ئەندىشىگە قويىدىغان مۇشۇنداق گەپلەرنى يازمىغان بولسىڭىز، — دەپ يىغلىغانىدى.

ھېكمەت ئۆزىگە ئەنە شۇنداق قاتتىق بولۇش، ۋاقىتقا ئەس-



تايىدىل مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق «تۇمانلىق يىللار» نىڭ ئۈچىنچى تومىنى كامىلنىڭ قىرىق نەزىرى بېرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاياغلاشتۇردى. بۇ چاغدا كادىرلار بۆلۈم باشلىقى مىرسۇلتان يېشى توشماي تۇرۇپ پېنسىيە رەسمىيىتىنى ئۆتىگەنىدى. ئىشخانىدا كىتاب - ماتېرىياللارنى قەغەز يەشىككە قاچىلاۋاتقان مىرسۇلتان ھېكمەتكە:

— ئەسلىدە ئاتمىش ياشتا چىقسام بولاتتى، لېكىن يەنە بىر يىلغىچە بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەكمەن. پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتىدۇ، — دەپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ «ئازادلىق» قا چىقىشتەك روھىي كەيپىياتى ھېكمەتنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئويغا سالدى. ئەلۋەتتە، دەم ئېلىشقا چىققانىكەن، خىزمەت، ئۆگىنىش، يىغىن، قار تازىلاش، تازىلىق دېگەندەك تۈگىمەس پائالىيەتلەردىن خالاس تاپىدۇ، بىرەر كىم ئۇنى «ئۇياقتا تۇر، بۇياققا كەل» دېيەلمەيدۇ، ھەرقانداق بۇيرۇقلارسىز ئەركىن ئادەمگە ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ چالا كۆرەڭ، كالتە - كۆسەي باشلىقلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان تېتىقسىز ئىسكەنجىلىرىدىن قۇتۇلىسەن. ئەڭ مۇھىمى، يۈز بېرىۋاتقان بەزى ئىشلارنى كۆزى كۆرمەيدۇ، قۇلىقى ئاڭلىمايدۇ، يۈرەكنى زېدە قىلىپ، ۋىجداننى ئۆرتەيدىغان ناھەقچىلىقلاردىن نېرى بولىدۇ...

— ھە، ئۆزىڭىزنى تىڭشاپ قالدىڭىزغۇ، — سورىدى مىرسۇلتان، — سىزنىڭمۇ چىقىپ كەتكۈڭىز كېلىۋاتامدۇ يە؟

— شۇنداق، ئوتتەك چىقىپ كەتكۈم بار.

— سىزگە تېخى ئەتىگەن، خىزمەت تارىخىڭىزچۇ؟

— ئون ئالتە يېشىمدا ئوقۇشقا كەلدىم، ئون توققۇزدا خىزمەتكە قاتناشتىم.

— ئۇنداقتا، — دېدى مىرسۇلتان، — خىزمەت تارىخىڭىز شەرتكە توشقۇدەك، ئەمما يېشىڭىز شەرتتىن بەكمۇ يىراق،

كېسەللىك ئىسپاتىڭىز بولسا مۇمكىن بولارمىكىن.

ھېكمەت دەرھاللا ماھىگۈلنى ئەسكە ئالدى. ئۇ دوختۇر بولغانىكەن، ئەلۋەتتە، يېقىن - يورۇق كەسپداشلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىسپاتنىڭ يولىنى قىلالايدۇ. ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەندە تېلېفون ئارقىلىق ماھىگۈلگە مەسلىھەت سالماقچى بولۇپ تۇرۇشى، ئىشىك قېقىلىپ ئۆيگە رۇستەم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قورۇنۇپ تۇرغانلىقى ھەم خاپىلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— قېنى ئولتۇر، — دېدى ھېكمەت دىۋاننى كۆرسىتىپ، — ھە، يىللىق ئىمتىھانلار تۈگىدىمۇ؟

— ئاخىرقى ئىمتىھان — ئىنگلىز تىلىدىنمۇ دۆلەتلىك ئىمتىھاننى بېرىپ بولدۇق.

— بىرەر ئىش بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭ؟

— مۇنداق ئىشتى، ئۇنىۋېرسىتېت بويىچە يىگىرمە بىر بالا چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىشقا تاللانغانىدى. رەھبەرلىك ھەممىمىز بىلەن سۆھبەتلەشتى، لېكىن...

— ھە، نېمە بولدى، ئۇچقۇنئاي تاللانمىدىمۇ؟ — ھېكمەت ئەندىكىپ رۇستەمگە قارىدى، — قېنى، دېمەمسەن؟

— ئۇچقۇنئاي باشتىلا تاللانغان، لېكىن ئۇ ئۆزى ئۇنىمىدى.

— ئۇنىمىدى؟

— ئۇ... ئۇ «دادامنى يالغۇز قويۇپ خاتىرجەم ئوقۇيالمايمەن» دەيدۇ.

— ماۋۇ بالىنىڭ تەرسالىقىنى، — ھېكمەت راستتىنلا خاپا بولدى، — ۋۇ قاملاشمىغان. بولدى، خاتىرجەم بول، كەچتە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.

— مېنىڭ كەلگىنىمنى ئۇچقۇنئايغا دەپ قويمىسىڭىز، ئۇ... ئۇ خاپا بولىدۇ.



— ماقۇل، — ھېكمەت رۇستەمنىڭ سەممىمي، مۇلايىم، ياۋاش چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى، — ئەمما مېنىڭمۇ بىر شەرتىم بار، بۇنىڭدىن كېيىن ئائىلەڭنى يوقلاپ تۇر، ئەڭ ياخشىسى قايتىپ كەل. قانداقلا بولسۇن مەسۇم قابىل سېنىڭ ئاتاڭ. جىنايەت بىلەن تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن ئاتىلارنىمۇ يوقلاپ تۇرۇش بالىلارنىڭ بۇرچى ھەم قەرزى.

— شۇنداق بولغان بولسىغۇ بېشىم بىلەن يۈگۈرۈپ خەۋەر ئالاتتىم، لېكىن... لېكىن بۇ باشقا گەپ - دە...

— بولدى، چوڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى تولا ئىچىڭگە ئېلىپ كەتمە. پەقەت كۆڭلۈڭدە ئاتا - ئانا مۇقەددەس، دېگەن بالىلىق ئۇقۇم بولسىلا بولدى. ئەگەر ھازىر ماقۇل دەپ قويۇپ ئەمەلىيىتىڭدە كۆرسەتمىسەڭ مەن رەنجىپ قالىمەن.

— مەن... مەن ئۇچقۇنئايغا دەپ باقاي... ئۇ...

— ئەستەغپۇرۇللا ما بالىنىڭ... — ھېكمەت دەرھاللا ئاچچىقىدىن ياندى، — بولىدۇ، بولىدۇ، مەن ئۇچقۇنئايغا ئۆزۈم دەي...

ھېكمەت ئەسلىدە «بۇ ئۇچقۇنئاينىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنى» دەپ چۈشەنگەنىدى، رۇستەمنىڭ قورقۇپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزىدىن قىزنىڭ راستتىنلا بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ بەكمۇ خاپا بولدى. كەچتە ئۇ ئۇچقۇنئاينى ھۇجرىسىدىن چاقىرىپ مېھمانخانىدا سۆزلەشتى. قىلمەن دېگىنىنى قىلىپ ئۆگەنگەن بۇ تەرسا قىز: «چەت ئەلگە ئوقۇشقا قەتئىي چىقمايدىغانلىقى»دا چىڭ تۇرۇۋالدى. ھېكمەت بىرەر سائەتتەك نەسىھەت قىلىپ ئۇنى زادىلا يۇمشىتالمىدى.

— مەن قانداق خاتىرجەم ئوقۇيالايمەن، — ئۇچقۇنئاي يىغلىۋەتتى، — ئىككى قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقتىڭىز. تاسادىپىي يەنە شۇنداق ئىش تەكرارلانسا يېنىڭىزدا ھەمراھ بول-

مىسا. . . ئاپامدىنغۇ ۋاقىتسىز ئايرىلدىم، ئەمدى مەن. . . سىزدىن، ياق، ياق! خۇدايىم تىكەندەك يالغۇز قېلىشنى كۆرسەتمىسۇن.

ئۈچقۇنئاي دادىسىنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ ئېسەدەپ - ئېسەدەپ يىغلىدى. ھېكمەت ئەمدى نېمىدەپ ئۇنى بەزلىسۇن؟ «مەن كېسەل بولمايمەن، ھەرگىز ئۆلمەيمەن» دېگەندەك كىچىك بالىمۇ ئىشەنمەيدىغان ۋەدىلەرنى بەرسۇنمۇ؟ پەقەت ئۇ قىزىنىڭ توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈش، باشلىرىنى سىلاپ پېشانىسىگە ئۆپۈش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

— ئەمدىلا توي تەييارلىقىنى قىلىۋاتساق، — دېدى ئۈچقۇنئاي ئۆپكىدەپ، — كامىلكام تۈگەپ كەتتى. سىز شۇنچىلىك چۈشكۈنلىشىپ كەتتىڭىزكى، ھەممىمىز قايتا ئېغىز ئاچالمىدۇق. توغرا، ئۇ سىزنىڭ قىيامەتلىك ئاغىنىڭىز، تۈمەنلىگەن ئەسلىمىلەر سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن. ئۇ ھايات چېغىدا سىزنىڭ ماھىگۈل ھەدەم بىلەن توي قىلىش ھەققىدە قانچىلىك كۆپ نەسىھەت قىلدى. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز ئۇنىڭ روھىمۇ خۇش بولمامدۇ، بىر يىلغىچە قارىلىق تۇتۇش نېمە ھاجەت؟!

— بولىدۇ قىزىم، مەن سىزگە ۋەدە بېرەي، — دېدى ھېكمەت قىزىغا تەسەللى بېرىپ، — لېكىن، سىز چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش رەسمىيەتلىرىڭىزنى چوقۇم بېجىرىشىڭىز كېرەك.

— مەن سىزنىڭ ۋەدىڭىزنىڭ چېكىنى بىلەلمىسەم، — ئۈچقۇنئاي كۆزلىرىدىكى ياشلىرى بىلەن كۈلدى، — بۈگۈن ئالتىنچى ئايغا يىگىرمە يەتتە. چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىدىغانلار سەككىزىنچى ئاينىڭ بېشىدا يولغا چىقىدۇ. ناھايىتى بىر ئايلا قالدى دېگەن گەپ.

— شۇنداق تېزمۇ؟ — ھېكمەت بىردەم توختىۋالدى، —



بوپتۇ، سەككىزىنچى ئايغىچە ئوتتۇز نەچچە كۈن باركەنغۇ.

— راستمۇ؟ ئەكېلىڭ قولىڭىزنى، — ئۈچقۇنئاي دادىسىنىڭ چەمەك بارمىقىغا چەمەك بارمىقىنى ئۆتكۈزۈپ سىلكىدى، — ۋەدىمىز ۋەدە، قالمىسۇن يەردە.

— مەنغۇ سىزنىڭ شەرتىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، ئەمدى مېنىڭ بىر شەرتىم بار، سىزمۇ قوبۇل قىلارسىز؟

— چوقۇم ئورۇندايمەن.

ھېكمەت رۇستەم بىلەن بولغان سۆھبەتنى بايان قىلىشى، ئۈچقۇنئاينىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

— دادا. . . سىز. . .

— مانا، مانا، ھېلىلا «چوقۇم» دېگەنتىڭىزغۇ - ھە؟

— ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قايتىش - قايتماسلىقى بىلەن مېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىم. . .

ھېكمەت ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى، بالىنىڭ بۇرچ - قەرزىنى ئەستايىدىل سۆزلىدى، رۇستەمنىڭ دادىسىنىڭ ئىشىدا ھېچقانداق باغلىنىشى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ يوقلۇقى، ئەگەر دادىسى ئۈچۈن ئوغلىغا ۋابال قىلىنسا ئادەمگەرچىلىك بولمايدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ مىساللارنى كەلتۈرۈپ چۈشەندۈردى.

— ئويلاپ كۆرۈڭ، ئەگەر ئۆزىڭىز رۇستەمنى باشلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرسىڭىز بۇ سىزنىڭ ئالىيجانابلىقىڭىز، ئېسىل پەزىلىتىڭىز بولمامدۇ. ئۇلار ھازىرغىچە بارلىق ئۈمىدىنى سىزگە باغلاپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئاھ مېنىڭ پەرىشتىدەك دادام، — ئۈچقۇنئاي دادىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ يۈزىنى يۈزىگە ياقتى.

دادىسىنىڭ ۋەدىسىدىن ھەم نەسىھەتلىرىدىن كۆڭلى سۆيۈنگەن ئۈچقۇنئاي بىردەمدىلا يۈزلىرىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى

ئالماشتۇردى ۋە: «بۈگۈن ياتىقىمدا قونۇپ، ئەتە ئەتىگەن فاكۇلتېت مۇدىرى بىلەن كۆرۈشىمەن» دەپلا چىقىپ كەتتى. ھېكمەت كۆڭلىدە «بۇ شۆھەكچى[1] ماھىگۈلگە گەپ يەتكۈزگىلى ماڭدى» دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۈچقۇنئاي كوچىغا ئۈچقاندەك چىقىپ تاكسىغا چۈشۈپلا «نەنزىنگوغا» دەپ بۇيرۇق بەردى.

ھېكمەت ئەتىسى چۈشتە ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىشى، ئۇنىڭغا سۆڭدىشىپلا نەبىنىڭ قېيناكىسى راخمان كىرىپ كەلدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ چاي قىلىمەن دېگىنىگىمۇ ئۇنىماي «ھاراق بىلەن ئىككى رومكا ئەكەل» دەپ تۇرۇۋالدى. ئەلۋەتتە، ئۆيگە كەلگەن مېھماننىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ساھىبخانىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى ئىدى، شۇڭا ھېكمەت ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ ئۇستەلگە چاي، بىر تەخسە خاسىڭ مېغىزى، بىر تەخسە چىلىغان تەرخەمەكنى توغراپ ئېلىپ كىردى. راخمان تۈكلۈك قوللىرى بىلەن رومكىلارغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى، ئاندىن ھېكمەتنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇزۇن قاراپ كەتتى:

— شۇنچە يىللاردىن بېرى سېنىڭ بىلەن تۇغقانچىلىق قىلىپ بىر - بىرىمىزنىڭ لەۋزىنى ياندۇرماي كەلدۇق، شۇنداققۇ، — راخمان بىر رومكىنى ھېكمەتنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — ھېلىھەم ياندۇرمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

— ھەي راخمان، گەپ بولسا ئۇچۇق قىلمامسەن، باش - ئايىغى يوق سۆزلەپلا كەتتىڭا، — ھېكمەت ھەيران بولۇپ راخمانغا قارىدى، — نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدىم.

— گەپنىڭ مېغىزىنى دېسەم، مەن ھازىر ماھىگۈلنىڭ ئۆيىدىن كەلدىم، — راخمان بىر تال خاسىڭ مېغىزىنى ئېلىپ

[1] شۆھەكچى — غۇلجا شېۋىسى، ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان، گەپ توشۇغۇچى مەنىسىدە، كىچىك بالىلارغا قوللىنىدۇ.



ئاغزىغا سالدى، — ئۇنىڭ بىلەن توي كۈنىنى بېكىتتۇق.

— بۇ... بۇ... ئۈشتۈمتۈتلا توي چۈشۈڭگە كىرىپ قاپتىغۇ.

— ئۆزۈڭ ئۈچقۇنئايغا ۋەدە قىپسەنغۇ.

تۇنۇگۈن كەچ ئۈچقۇنئاينىڭ مەكتەپكە بارىمەن دەپ قويۇپ نەبىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى، ئۇلارغا «ئوت» قويۇپ ھەرىكەتكە كەلتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلغان ھېكمەت نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— تويىنى ماھىگۈلنىڭ ئۆيىدە ئەر - خوتۇن ئاغىنىلەر بىلەنلا قىلىدىغان بولدۇق، ئاخۇنۇمنى مەن باشلاپ بارىمەن.

— قاچانغا بېكىتىپ كەلدىڭ؟

— يەتتىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىگە. بۈگۈن ئالتىنچى ئايغا يىگىرمە سەككىز بولسا يەنە تېخى بىر ھەپتە بار.

— ھەي سەنزە، بۇ... بۇ نېمانچە ئالدىراش.

— سىلەرنىڭ زادى توي قىلغۇڭلار بارمۇ، يوق؟ — راخماننىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — ماھىگۈل «ھېكمەتنىڭ كۆڭلى پاراكەندە، ئالدىرىمىساق بولامىكىن» دېسە، سەن قوپۇپ «نېمانچە ئالدىراش» دېسەڭ. ئېيتە قېنى، توي قىلامسەن - قىلمامسەن؟ بىر ئېغىزلا گەپ قىل، مەن ھازىرلا بېرىپ بۇزۇۋېتىپ كېلەي.

— بولدى، بولدى، سەپرالىق قىلما، مەن رازى، بولدىمۇ.

— ھە، مۇنداق دېمەمسەن، — راخمان رومكىنى قولىغا ئالدى، — ھاراقنى نېمە ئۈچۈن قۇيغىنىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟ قېنى كۆتۈر، تويىڭنىڭ شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشى ئۈچۈن...

گاڭگىراپلا قالغان ھېكمەت ھارىقىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

— خوش، مەن كەتتىم، — راخمان ئورنىدىن

تۇردى، — ماھىگۇل ئىككىڭلارغا بىر ھەپتە ۋاقىت بەردۇق.
تەييارلىقىڭلارنى قىلىڭلار، قىزىل قەغەز ئېلىشنى ئۇنتۇپ قال-
ماڭلار.
راخمان چىقىپ كەتتى. ئۆي ئۇتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان
ھېكمەت ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. قىسقىسى،
ئۇنىڭ كاللىسى ھېچنېمىگە ئىشلىمەيتتى.
شۈكۈر، خەيرلىك كۈنلىرىڭگە! ماھىگۇل بۈنىڭدىن كېيىن
ھېكمەتنىڭ باغرىدا بولىدۇ، گۈلزىبانىڭ سۈرىتى ھەم سىماسى
بولغان بۇ قىز ئون نەچچە يېشىدىن باشلاپلا تۇرمۇشنىڭ ھەممە
ئىسسىق - سوغۇقىنى بېشىدىن كەچۈردى. دادىسى تەرىپىدىن
قىمارۋاز - ئوغرىلارغا سېتىلىپ دوزاخ بوسۇغىسىدىن قايتتى.
نامراتلىق دەردى، دادىسى قايتىنىڭ قاباھەتلىك تىل - ئاھانەتلى-
رى، ئائىلىدىكى ئۈزۈلمەس جەڭگى - جېدەللەر، ئانىسى بۇمە-
رەمخاننىڭ ئاھ - نالىلىرى، ئاچىسى گۈلزىبانىڭ قۇرۇماس كۆز
ياشلىرى، گۈلرۇزنىڭ دوق - دەشنەملىرى ماھىگۈلنىڭ غەزى-
مەت ئالمىسىدەك كىچىككىنە يۈرىكىنى ئېزىپ خۇن قىلىۋەتتى.
شۇنداقتىمۇ ئۇ بالىلىقىنى ئەدەپ - ھايا، شۈكۈر - قانائەت،
ياۋاش - مۆمىنلىك بىلەن بىر ئۇندە - بىر تۇندە ئۆتكۈزدى.
ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەنە شۇنداق جۇدۇنلار ئۇنى پەزىلەتلىك قىز
قىلىپ يېتىلدۇردى. بولۇپمۇ سەممىيلىك ماھىگۈلنىڭ سەۋرى
سىماسىدىن كۆچمەس ئەقىدىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇ كى-
چىك تۇرۇپلا ئاچىسى گۈلزىباغا ھىممەت قولىنى سۇنۇپ دەردىگە
دەرمان بولدى. يىغلىسا يىغلىدى، كۈلسە كۈلدى. يات يۇرتلاردا
بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشكەن قېيناكىسى ھېكمەتنىڭ چىن
ھەمراھى، ساخاۋەتچىسى، بېشىنى سىلايدىغان شاپائەتچىسىگە
ئايلاندى. ھېكمەت ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەت،
نادامەت چېكىشلەر مىسقالچە بىلىنمىدى. ئۆڭگەن چىت كۆڭلەك
كىيىپ، كونا گەرىس ياغلىقىنى ئېڭەكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ چىگ-



كەن كىچىككىنە نازۇك بىر قىزنىڭ ئازغىنا ھاياتىدا قانچىلىك
مۇساپىلەرنى باسقانلىقىغا، تاپانلىرىنىڭ يېرىلىپ، ئاچچىق -
ئاچچىق ياشلارنى تۆككەنلىكىگە يېگىئېرىقىنىڭ ئاشۇ شورلۇق
ئۇزۇن يوللىرى گۇۋاھ! بۇ شاپائەتلەرنى «كۆڭۈل ئارزۇسىغا
يېتىش ئۈچۈن قىلدى» دېگەنلەر ئۇزۇنغا چىقسۇن! ماھىگۈل
پەقەت غۇبارسىز ئاق كۆڭلى، تۇنجى قاردەك كىرسىز، پاك
ئېتىقادى بىلەن سەممىي نىيەت زەرلىرى چاقنىغان نۇرانە قەل-
بىنى نامايان قىلدى! ناھاتكى، گۈلزىبا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ماھى-
گۈل رەسىدىلىك باھارىغا قەدەم ئالغاندىلا ئاچىسىنىڭ ۋەسىيەتنا-
مىسى خۇددى تىنىق سۇغا تاش تاشلىغاندەك ئۇنىڭ قەلب بۇلىقى-
نى تەۋرەتتى، كۆڭۈلگە تالىق تاتلىق - شېرىن تۇيغۇلار يۈرىكى-
دىن ئۇرۇن ئالدى. ئەمما، قىسمەت ھېكمەتنىڭ يۈرىكىگە دەپنە
قىلىنغان گۈلزىبانىڭ ئابىدىسىنى كۆچۈرۈۋېتىشكە كۆزى قىي-
مىغاندەك ماھىگۈلنىڭ كۆڭلىنى تەرك ئەتتى. مانا قاراڭ،
تەڭرى ماھىگۈلنى يىگىرمە يىل تارازا - مىزانلىرىغا سېلىپ،
جاپا كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەجرىنىڭ مۇشەققەتسىز كەل-
مەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاندىن ھۇمايۇن قۇشىنى ئۇنىڭ بې-
شىغا قوندۇردى! ئازاب - ئوقۇبەتلەر شاھىدى بولغان ھېكمەتكە
بولسا ئىككى ئالەم شادلىقىغا بەرگۈسىز بەخت - ئامەت ئاتا
قىلدى! توۋا، بەندە ئۈچۈن جان تۇمشۇقىدا كەلگۈدەك، مىڭ
ئۆلۈپ بىر تىرىلگەندەك رىيازەت جەريانى بولغان يىگىرمە يىل
جانابىي ئاللا ئۈچۈن بىر تىنىقچە بىلىنمىسە كېرەك!
«دۇنيادا خىيالدىن ئۆزگە ئۈچقۇر نەرسە يوق» دېگەنىكەن
كونىلار. ھېكمەت بىردەمدىلا گۈلزىبا، ماھىگۈل ھەم ئۆزى
بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى ئايلىنىپ كەلدى. ئۇ خىيالدىن ئۇزۇ-
لۇپ چىقىپ ئېسىگە كەلگەندە، كۆڭلىدە ئاجايىپ تازا ھەم نۇرانە
بىر چىراغ چاقنىدى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك زەرلىرى ھېكمەتنىڭ
قەلب سارىيىنى نۇرغا تولدۇرۇپ، ساراي ئارا ناز - ئېستىغنا

بىلەن كۆلۈمسىرەپ تۇرغان يېڭى ساھىبخان ماھىگۈلنى ئايدىلەڭ
كۆردى. ئۇ بىئىختىيار تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ
تونۇش نومۇرلارنى باستى.

— ۋەي. ۋەي، ماھىگۈلمۇ سىز؟ نېمە ئىشلار بولۇپ
كەتتى، مەنمۇ ئالدىراپ ھەيران قالدىم. سىزنى ئارقىغا يېنىۋالدى
دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم. ئۇنداق باغرى
تاشلىق قىلماڭ ئەزىزىم. . . ئۆتكەندە سورىغان كەچۈرۈملىرىم
كەملىك قىلغان بولسا، ئەمدىكى ئۆمرۈم سىزنىڭ سادىقىڭىز
بولسۇن! ھەي، ھەي، ماھىگۈل گەپ قىلمايسىزغۇ؟. . .
تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن مىچىلداپ يىغلىغان ئاۋازدىن باشقا
سادا ئاڭلانمىدى. . .



## ئىسلاھاتچىنىڭ
## ئاخىرقى قارارى

تۇنجى باسقۇچتا ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىدىغان ئۇچقۇنئاي،
رۇستەم قاتارلىق يەتتە ئوقۇغۇچى سەككە-
زىنچى كۈنى ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى. بالىلى-
رىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن چىققان ئاتا - ئانىلار، دوست - ساۋاق-
داشلار، شۇنداقلا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ رەھبەرلىرى، كۆك ئاس-
ماندا پەرۋاز قىلغان كۈمۈش قۇشقا قول پۇلاڭلاتقىنىچە كۆز -
ياشلىرىنى تۆكۈپ، بەخت - ئامەتلەر تىلىدى. ئۇزاتقۇچىلار
قاتارىدا تۇرغان مەسۇم قابىل ئۇن قويۇپ يىغلاۋاتقان ئايالىغا
نېمىلەرنىدۇر دەپ تەسەللى بەرمەكتە ئىدى. «جۇدالىقتا، ئايرى-
لىش ئازابىنىڭ بىرى سەپەر قىلغۇچىلار بىلەن كېتىپ، توققۇ-
زى قېپقالغانلارنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەيدۇ» دېگەن گەپ راست
ئوخشايدۇ. ھېكمەت، ماھىگۈل ئەر - خوتۇن، شۇنداقلا نەبى،
دىلنارلارنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، ئېغىر خورسىنماقتا
ئىدى. بىر تاللا يۈرەك پارىسى، جانجىگىرىدىن ئايرىلغان ھېك-
مەت ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالاي دېسىمۇ بەڭۋاش ياش ئۇزۇلمەي
تۆكۈلۈپ تۇراتتى، چىرايىدا بولسا ئېيتقۇسىز جۇدالىق ھەسرى-
تى ئەلەڭلەيتتى. بولۇپمۇ ماھىگۈل قىزى، سىردىشى، دوستى،
شۇنداقلا دەردلىك كۈنلەردە مۇڭدىشى بولۇپ قالغان ئۇچقۇنئايغا
زادىلا چىدىيالماي قالدى. ئۇنىڭ يۈزىگە باسقان ئاپئاق قولياغلى-
قى ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇلار ئايرودرومنىڭ يولۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش زالىدىن چىقىپ، ماشىنىلار تىزىلىپ كەتكەن كەڭ مەيداندىن ئايلىنىپ ئۆتتى - دە، ئۆزلىرىنىڭ چۈشۈپ كەلگەن ماشىنىسى قويۇلغان يەرگە كەلدى. قاپقارا يالتىراپ تۇرغان «قىزىل بايراق» ماركىلىق بۇ ماشىنا راخمانىنىڭ بولۇپ، نەبى ھەيدەپ كەلگەنىدى. ھېكمەت بىلەن ماھىگۈلنى بىر يەرگە ئولتۇرغۇزۇش ئويىغا كەلگەن دىلنار بالدۇرلا ماشىنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئېرىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋالدى. ئۇلار ئەمدىلا قوزغىلىپ مېڭىشى، پەيتۇلنىڭ «ساتانا»سى سىلىق ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان مەسۇم قابىل ھېكمەتكە غەلىتىلا ھېجىيىپ، بېشىدا سالام ئىپادىسىنى قىلدى. بۇ غەيرىي ئىپادىدىن ئۇنىڭ رەھمەت ئېيتقانلىقىنى ياكى خىجىل بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن ھېكمەت بايا بالىلار بىلەن خوشلاشقان چاغدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

رۇستەم ئاپىسى بىلەن نەچچە قۇچاقلىشىپ يىغلاشقاندىن كېيىن، دادىسىنى سۇسلا قۇچاقلاپ «خوش ئەمىسە» دەپ قويۇپ ھېكمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمىدى، تۆكۈلۈپ تۇرغان ياشلىرى بىلەن بىر ھازا قاراپ كېتىپ، بىردىنلا ھېكمەتنى قۇچاقلاپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— ھېكمەتكا، مەن... مەن سىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايمەن، سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى چوقۇم قايتۇرىمەن...

— بولدى، بولدى، يىغلىما، ئوغۇل بالىمۇ شۇنداق بولامدۇ، — ھېكمەت ئۇنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ قويدى، — بارغاندىن كېيىن ياخشى ئوقۇڭلار، بىزنى ئەنسىرەتمەي پات - پات خەت يېزىپ تۇرۇڭلار...

تۈپتۈز ئاسفالت يولدا ماشىنا شۇنداق تېز چاپماقتا ئىدىكى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قەد كۆتۈرگەن قويۇق دەرەخلەر،



ئىستولبىلار ئارقا - ئارقىدىن يىقىلىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ھېكمەتنىڭ كاللىسىغا «ئۆز ئاتىسىغا تەئەللۇق بالىلىق مېھىر - مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتنىڭ باشقىلارغا، يەنە كېلىپ ئۇزۇن يىللىق رەقىبىگە نائىل بولغانلىقىدىن مەسۇم قابىل خىجىل بولدىمۇ ياكى ئاچچىقى كەلدىمۇ، دېگەن خىيال كىرىۋالغانىدى. مەيلى ئۇ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رۇستەمنىڭ بايىقى ئىشى ھەرقانداق ئاتا ئۈچۈن ئېيتقۇسىز خورلۇق، يۇيۇپ تۈگەتكۈسىز نومۇس دېغى ئىدى. شۇڭا، مەنپەئەت، تەمە، ئەمەل، ئىمتىياز يولىدا ئات سېلىپ، ئاسىيلىق يولىغا قەدەم قويغان ئاتا - ئانىلار لەنەت تامغىسىنىڭ ئۆزى بىلەنلا كەتمەي تاكى بالىلىرىنىڭ پېشانىسىگىمۇ بېسىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. كەلگۈسى بىر چاغلاردا ئۇلار ئاتا - ئانىسىنى نەپرەت بىلەن ئەمەس، مۇھەببەت بىلەن ياد ئېتىشسۇن!

— ھېكمەت، ئەجەب جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، — ماھىگۈل ئېرىنىڭ قولى ئۈستىگە ئالىقىنىنى قويۇپ سىرلىق ھالدا سىقىپ قويدى، — تايىنلىق رۇستەم ھەم مەسۇم قابىللار ھەققىدە ئويلاۋاتىسىزغۇ دەيمەن.

— سىز ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىشقا ئۇستا جۇمۇڭ، — پىچىرلىدى ھېكمەت، — مەن مەسۇم قابىلغا ئېچىنىۋاتىمەن.

— ئىچىم ئاغرىپ قالدى، دەڭا.

— ئۇمۇ بار.

ماشىنا شەھەرگە كىرىشى بىلەن سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. نەبى مېدىتسىنا دوختۇرخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئائىلىلىكلەر بىناسى جايلاشقان بۈك - باراقسان ھويلىغا ماشىنىنى قايرىدى. ئۇلار ماھىگۈلنىڭ ئۆيى ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈشتى. ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل نەبى، دىلنارلارنى چاي

ئېچىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزرە ئېيتىپ ئۇنىمىدى. لېكىن، ماشىنا ئوت ئېلىپ ئون قەدەمدەك ئارىلىقتا چىپلا توختىدى ـ دە، نەبى ھەدىسىنى چاقىردى.

— ھەدە، — دېدى نەبى ماھىگۇلگە، — ھېكمەتكامنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، يولدا كەلگۈچە خىيال سۈرۈپ كەلدى، شۇڭا ئۆيگە كىرگەندە كۆڭلىنى ئېلىپ قويغىن.

— ۋيەي، ماۋۇ چويۇن ھۇررەكنىڭ گېپىنىڭ سەتلىكىنى، — دېدى دىلنار قىزىرىپ، — ھەدىسىگىمۇ شۇنداق گەپ قىلغان بارمۇ؟

— ۋاي توختىغىنا، گەپنى ئۇقمايلا چالۋاقايدىكىنا، — نەبى ماھىگۇلگە قايرىلدى، — دېمەكچى بولغىنىم، كۆپ ئەمەس، ئازراق ھاراق قۇيۇپ بەرگىن.

— بولدى ئۇقتۇم، سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن.

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان قۇياش ئۇتقاشتەك قىزىرىپ باغلار ئارقىسىدىن ماراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دەرەخلەر ئارىسىدىن قىيپاش چۈشكەن نۇرلىرى ھويلا ـ ئارام، ئېگىز بىنالارنى بىنەپشەرەڭ نۇرغا تولدۇرغانىدى.

ھېكمەت بىلەن ماھىگۇل ئۆيگە كىرىپ ئاياغلىرىنى سېلىپ كېپىشلىرىنى كىيىشتى، ئاندىن ھەر ئىككىلىسى سارغۇچ ناۋات رەڭ يىپەكتىن تىكىلگەن، ئۆزى يېنىك ھەم ئازادە ئۆيئىچى كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشتى. ماھىگۇل بېلى چىڭگىلگەن، ئويما ياقىسىغا قىزغۇچ يىپەك تۇتۇلغان ئۇزۇن خالىتىدا تېخىمۇ بەرنا ھەم لاتاپەتلىك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دېرىزە ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئېرىنىڭ ئالدىغا ئاستا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ بەللىرىگە قوللىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېشىنى كۆكرىكى ئۈستىگە قويدى.

— چارچىدىڭىزمۇ؟ — شىۋىرلىدى ماھىگۇل.

— ئانچە ئەمەس.

— قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ ـ ھە!



— قورسىقىمنىڭ ئاچقىنىنىمۇ سەزمەپتىمەن، — ھېكمەت چوڭقۇر تىندى.

— مېنىڭمۇ شۇ، — ماھىگۇلمۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، — ئۇچقۇنئاي كېتىپ ئۆيلەر چۆلدەرەپ قالغاندەكلا بىلىنىۋاتىدۇ.

— شۇنداق، كونىلار بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن، — ھېكمەت مەنە بىلەن ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — شۇڭا. . .

— قېلىن. . . — ماھىگۇل قىزاردى، — بىردەم كىتاب كۆرگەچ تۇرۇڭ، مەن كەچلىك تاماق تەييارلاي، بىردەمدىلا بولىدۇ.

ھېكمەت ماھىگۇلنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئۈچ پۇتلۇق پىرقىراتما ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ـ دە، ئۈستەلگە يېيىلغان قولىيازمىلارنى قايتىدىن ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ ماھىگۇل بىلەن توي قىلغان بىر ئايدىن بېرى مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى، «تۇمانلىق يىللار» نىڭ تۆتىنچى تومىنىمۇ مەشەدە باشلىدى. دەم ئېلىش كۈنلىرى، شۇنداقلا كەچ تەرەپلەردە ماھىگۇل يېزىلىپ بولغان ئورىگىناللارنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى دەيتتى، بەزىدە شۇنداق جىمىپ كېتەتتىكى، گويا ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرلىرى يېنىپ كەلگەندەك ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى. بىردە ئۆزىنى ئاۋغان كوچىسىدىكى قورۇسىدا ھويلىلارغا سۇ سېپىپ يۈرگەن ھالەتتە، بىردە بوستان يوللىرىدا، كىچىك ئەزىمەتنى كۆتۈرۈپ چايخانا مەكتەپ ئەتراپلىرىدا، يورۇڭقاش دەريا ساھىلىدىكى شاھىد دەرەخ تۈۋىدە، سۈرگۈن قىلىنغان ھېكمەتنىڭ ئارقىسىدىن يىغلاپ، لاسكوينىڭ توپىلاڭ كوچىلىرىدا يۈرگەنلىكى كۆز ئالدىدا ئايان بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھېكمەتتىن: «ئەگەر بۇ كىتاب نەشر قىلىنسا، بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ تۇرمۇش قىسمەتلىرىگە ئوقۇرمەنلەر ئىشىنەرمۇ؟» دەپ

سورىسا، بەزىدە «ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتمەي ئۆز ئەينى ئالغان بولسىڭىز قانداق ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە» دەپ كۈلۈپ كېتەتتى. ھېكمەت يېزىۋاتقان بۇ ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇشقا پەقەتلا ئالدىرىمىدى. كۆپ قىسىملىق رومانلار ئادەتتە باشقا رومانلارغا ئوخشىمايتتى. ۋەقەلەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قېلىشى، تەكرارلىنىش، بىر ـ بىرىگە توقۇنۇشۇپ قېلىشتەك خاتالىق ھەم سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمايتتى. شۇڭا رومان سۇژىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بىردەكلىكى، ۋەقەلەر راۋاجىنىڭ سىجىللىقى قاتارلىق تەرەپلەردە تاكامۇللاشتۇرۇش زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇرسۇنجان باشتىلا خېرىدارلىق قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ھېكمەتنىڭ نەشرىياتلارغا تەڭلىگۈسى كەلمىدى.

— ھېكمەت، مېھمانخانىغا چىقىڭ، — چەينەك تۇتۇپ تۇرغان ماھىگۈل بوسۇغىدا تۇراتتى، — تاماق تەييار بولدى.

ماھىگۈل ئىككى خىل گۆش قورۇمىسى تەييارلىغانىدى. ئۇلار توغرالغان توقاچ بىلەن قىزىق چاي ئىچىشتى. ھېكمەت ھازىر تاماق ئېتىش، چاي قاينىتىش، بەزىدە تېخى قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشتەك ئۆي ئىشلىرىدىن خالاس تاپقانىدى. لېكىن، ماھىگۈل نۆۋەتچىلىك قىلغان، كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدا ئۇ ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ تاماق تەييارلايتتى، قاچا ـ قۇچىلارنىمۇ يۇياتتى. ھېرىپ ـ چارچاپ كىرگەن ماھىگۈل بۇنداق چاغلاردا قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

— ماھىگۈل، — دېدى ھېكمەت پىيالىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ، — پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيەتلىرى ھەققىدە ئۇقۇشۇپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ھېكمەت، ھەل قىلىشقىلى بولىدۇ، لېكىن راست گەپنى قىلسام، مەن قوشۇلمايمەن، — ماھىگۈل كۆڭلىدىكىنى



ئېيتتى، — پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئادەم ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ ھەم ئاسان قېرىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار.

— مەسىلەن، قانداق؟

— سىزدە خىزمەت، ۋەزىپە، ئۆگىنىش دەيدىغان جىددىيچىلىك بولمايدۇ. بىغەم بولىسىز، غەمسىز ئادەملەر ئاسانلا سەمرىپ كېتىدۇ، سېمىزلىك تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، — دېدى ماھىگۈل ئەستايىدىللىق بىلەن، — سىز دېيىل كارنېگىنىڭ: «ئالدىراش بولغىن، ئالدىراش ئۆتكىن، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان دورا، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى دورىلارنىڭ بىرى» دېگەن سۆزلىرىنى ئويلاپ بېقىڭ.

ھېكمەت دېيىل كارنېگىنىڭ بۇ ئەقلىيە سۆزىنى بىر چاغلاردا مەسۇم قابىلىنىڭ تۇرسۇنجانغا دەپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئەلۋەتتە، بۇ سۆزنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار. ھېچقانداق ھۈنىرى، بىرەر كەسپى بولمىغان ياكى داۋاملىق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئادەملەر پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بىكارچىلىق، غەمسىزلىكتىن سەمرىپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن، ھېكمەتتەك ھەربىر مىنۇت ـ سېكۇنتنى بىكار ئۆتكۈزمەيدىغانلار ئۈچۈن ئاجايىپ قولايلىق پۇرسەتتە! شۇنداقتىمۇ، دوختۇرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ھېس قىلغان ھېكمەت رەسمىيەت قەغىزى ھەققىدە قايتا ئېغىز ئاچمىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئايىدى.

ماھىگۈل ئەينەكلىك ئىشكاپتىن ھاراقنى ئېلىپ ئارا رومكىغا قۇيدى ـ دە، ھېكمەتنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن ئۆزىمۇ «قىزىلگۈل» ھارىقىدىن پىيالىگە قۇيۇپ كۈلۈپ قويدى.

— قېنى، بۇنى ئىچەيلى.

— بەللى، سالامەتلىك توغرۇلۇق گەپ قىلىسىز، ئارقىدىن ئۆمۈرنى ئېكەكدەيدىغان نەرسىنى سايە قىلىسىز، —

دېدى ھېكمەت چاقچاق قىلىپ، — بۇ ئىشىڭىزنى قانداق چۈشەن-
سەم بولار؟
— دوختۇرلارمۇ ھەر كۈنى ئەللىك گرام ئىچىپ بېرىشنى
بەدەن ئۈچۈن پايدىلىق دەپ تەكىتلەيدۇ، — ماھىگۈل ئەستاي-
دىل چۈشەندۈردى، — بىرىنچىدىن، ئۈچەيىنى تازىلايدۇ؛ ئىك-
كىنچىدىن، قاننى ئۇرغۇتۇپ راۋانلاشتۇرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن،
ھاردۇق چىقىرىدۇ. ئەمما، كۆپ ئىستېمال قىلىۋەتسە ئەكس
تەسىرى ئېغىر بولىدۇ.
— مەن بۇ نەرسىنى «قەتئىي تاشلايمەن» دەپ قانچىلاپ
ئۆزۈمگە ئەھدە قىلدىم، توي - تۆكۈن، مەرىكە سورۇنلىرىدا
ئىچمەيمۇ باقتىم، — دېدى ھېكمەت رومكىنى قولىغا
ئېلىپ، — بىراق، كۆڭۈل يېقىن ئەل - ئاغىنىلەر، بولۇپمۇ
قەلەمكەش دوستلار بىلەن ئەسرا بولۇپ قالساملا بۇنىڭدىن خالىي
بولالمايمەن.
ئەر - خوتۇن ئىككىسى «ئۈچقۇنئاينىڭ ئامان - ئېسەن
ئامېرىكىغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن» دېيىشىپ رومكا، پىيالىلە-
رىنى كۆتۈرۈشتى. ئاندىن بىرەر سائەتتەك تېلېۋىزور كۆرۈپ،
چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىرىپ يې-
تىپ قېلىشتى.
ھېكمەت ئويغانغاندا ماھىگۈل يوق ئىدى. ئۇ ئۈستەل كا-
لېندارىغا يۆلەپ قويغان باغاقچىدىكى «مەن ئىشقا چىقىپ كەت-
تىم، سۈتنى پىشۇرۇپ قويدۇم، قىزىتسىڭىزلا بولىدۇ. ئەت-
گەنلىك ناشتىنى ۋاقتىدا قىلىڭ» دېگەن خەتلەرنى ئوقۇدى. ئۇ
مۇنچىدا يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز ناشتا قىلدى.
بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا ھويلىدىكى گۈللۈك ئەتراپىدا يېرىم
سائەتتەك بەدەن چېنىقتۇرۇپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى
بولۇۋىدى، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلىۋالدى.
— ۋۇي، ماۋۇ قۇيۇننى، يەردىن ئۈندۈڭمۇ، ئاسماندىن



چۈشتۈڭمۇ، — ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان ئىللىق قۇ-
چاقلاشتى، — ھە، قاچان كېلىشىڭ؟
— ئۈلۈشكۈن كەچ كەلدۇق، تۈنۈگۈن بىر كۈن ئۆيلەرنى
تازىلاپ رەتلىدۇق، — تۇرسۇنجان قارىداپ ھەم ياداپ قالغاندەك
ئىدى، — بۈگۈن ئەتىگەندىلا سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم.
— مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟
— كەلگەن كۈنۈملا ئاڭلىغان، مۇبارەك بولسۇن.
ھېكمەت تۇرسۇنجاننى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ چاي
دەملەشكە ئېرىنىدى بولغاي، توڭلاتقۇدىن بىرنەچچە قۇتا سوغۇق
ئىچىملىكنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى، ئاندىن تۇرسۇنجانغا تاماكا
سۇنۇپ ئۆزىمۇ بىرنى تۇتاشتۇردى.
— مەن كەتكەن تۆت ئايدىن بېرى خېلىلا ئۆزگىرىشلەر
بوپتۇ، — دېدى تۇرسۇنجان، — ماھىگۈل بىلەن توي قىلىۋاپ-
سەن، كامىل تۈگەپ كېتىپتۇ. رەھمەتلىك ئاجايىپ ئىستېدات-
لىق ئادەم ئىدى.
— شۇنداق بولدى، — كامىلنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن
ھېكمەتنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك تۈس ئالدى، — ھە، ئۆزۈڭ
توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەمسەن؟ چەت ئەللەردە كۆرگەن - بىل-
گەنلىرىڭ كۆپتۇ؟
تۇرسۇنجان گېرمانىيىنىڭ مىيونخېن شەھىرىگە يېتىپ بې-
رىپ ھەپتە ئۆتمەيلا ئاروپ بايۋەچچە قازا قىلدى. ئۇنىڭ قانۇن
ئورۇنلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەسىيەتنامىسىدە،
تۇرسۇنجانغا «مۇنچىلىك مىراس ھەققىياتى بېرىلسۇن» دېگەن
ئېنىق سان يوق بولۇپ، پەقەت بۇلغار زاۋۇتى، ئاياغ - كىيىم
كارخانىسى، بىرقانچە دۇكانلاردىكى مەبلەغ، پايدا، بانكىدىكى
جۇغلانمىنىڭ مەلۇم پىرسەنتىنى ئايرىپ بېرىش كۆرسىتىلگەنى-
دى. لېكىن، ئاروپ بايۋەچچە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆت
ئوغۇل، ئىككى قىزى ھەم ئايالى كىرىم - چىقىم دەپتىرىنى

ئۆزگەرتىپ، مەبلەغ - پايدىنى ئازايتىش، چىقىمنى كۆپەيتىش، بانكىرلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق جوغلانمىنى ئاز كۆرسىتىش ياكى يوقىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ھىيلە - مىكىر ئىشلەتتى، شۇنداقلا ئادۋوكاتلارنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. ھەتتا ئۇلار «قىرىق نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئالىمجان بايۋەچچىدىن دادىمىزغا قالغان مۈلۈك ھەققىياتنى بېرىمىز» دېگەندەك شەرتلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەدلىيە ئورۇنلىرى بىر ئايدەك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، زاۋۇت ئەسلىھەلىرىنى، خام ئەشيا، تاۋار ماللارنى پۇلغا سۇندۇرۇشتەك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قانۇن بويىچە بارلىق بايلىق ئەر - خوتۇنغا تەئەللۇق بولغاچقا، يېرىمى ئايالغا قالدۇرۇلۇپ، قالغان يېرىمى تۆت ئوغۇل، ئىككى قىزى ھەم تۇرسۇنجانغا تەقسىم قىلىنىش بەلگىلەندى. شۇنداقتىمۇ ئايال ئېرىدىن بىر كىشىلىك مىراس ئېلىش تۈزۈمى بويىچە، بالىلارغا قالدۇرۇلغان ھەققىيات تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. نەتىجىدە، ئاروپ بايۋەچچىگە تەئەللۇق يېرىم بايلىق سەككىز ئادەمگە تەقسىم قىلىنماقچى بولدى. بىراق، ئەدلىيە ئورۇنلىرى رەسمىي قارار چىقىرىپ ئىجرا ئېلان قىلىنغاندا، ئاروپ بايۋەچچىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ھەم ئايالى بار بولغان ئازغىنە مەبلەغنى كۆپەيتىش، ئاسراش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، زاۋۇت، كارخانا، دۇكان ئوبوروتلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش يولىدا كۆپ تەر سىڭدۈرگەنلىكى، ئەجىر - مېھنەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئىككى ھەسسىدىن قالدۇرۇلۇپ، تۇرسۇنجانغا بىر ھەسسە مىراس ھەققىياتى بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يات يەرلەردە ھېچقانداق ھىماتى بولمىغان ھەم تىل بىلمىگەن تۇرسۇنجان ئۆگەي ئانا، ئۆگەي قېرىنداشلىرىنى ئوچۇق ھەم يوشۇرۇن تىللاپ - قاقشاپ باققان بولسىمۇ، بەرىبىر ئىجرا ھۆكۈمىنى ياۋاش - يۇمشاقلىق بىلەن قوبۇل قىلماي بولمىدى.

— زادى تۆت ئاي جاپا چېكىپ، چىقىم تارتقىنىڭغا لايىق



قانچىلىك نەرسىگە ئىگە بولالىدىڭ؟ — سورىدى ھېكمەت، — ياكى ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوقمۇ؟

— يەتتە يۈز ئەللىك مىڭ مارك ھەققىيات تەگدى. مەن ئۇنى گېرمانىيىدىلا ئامېرىكا دوللىرىغا ئالماشتۇرۇۋالدىم.

— بىزنىڭ خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا قانچىلىك بىر نېمە بولغۇدەك؟

— بىر ماركنىڭ قىممىتى تەخمىنەن بىر دوللارنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىكەن، — دېدى تۇرسۇنجان، — بۇنى خەلق پۇلىغا چاققاندا ئىككى مىليوندىن كۆپرەك بولىدىكەن.

— نېمە؟! — ھېكمەت چۆچۈپ كەتتى، — پو ئېتىۋاتمايدىغانسەن؟

— تېخى كىچىك دادام ئۆزى ئىشلەتكەن كىچىك ماشىنىسىنى ماڭا بېرىش توغرۇلۇق ۋەسىيەتنامىسىدە ئېنىق ئەسكەرتكەنلىكى ئۈچۈن، بالىلىرى ئۇنىڭغا چېچەك چىقىرالمىدى.

— تېخى كىچىك ماشىنىمۇ ئەكەلدىڭما؟ — ھېكمەت چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك ھەيران بولماقتا ئىدى، — ئۇنى ھەيدەشنى ئۆگىنەي دەمسەن؟

— ئۇنى ئەكېلەلمىدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشتە رەسمىيەت پۇلى، باج بولۇپ، ماشىنىنىڭ باھاسىدىن ئارتۇقراق پۇل تۆلىسەم بولغۇدەك، شۇڭا چېگرادا ئېلىشغا سېتىۋەتتىم.

— پاھ، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاروپ بايۋەچچىنىڭ بايلىقى ھەددى - ھېسابسىزكەن جۇمۇ.

— تېخى خوتۇن - بالىلىرى تۈرلۈك - تۈمەن ھىيلىلەرنى ئىشلىتىپ نۇرغۇن بايلىقنى يوشۇرۇۋەتتى، — دېدى تۇرسۇنجان قوللىرىنى شىلتىپ، — بارلىق زاۋۇت، كارخانا، دۇكانلاردىكى مەبلەغ، تاۋار مال، خام ئەشيا، زاۋۇت ئەسلىھەلىرى، بانكىدى-

كى پۇللار شۇلارغا قالدى. ماڭا بەرگىنى ئۇلارنىڭ غېرىب
مۇڭلۇق كۈيىنى تەڭ كۆتىرىپ قالغانلىقى بولدى.
تۇرسۇنجان گېرمانىيىنىڭ بىرقانچە شەھەرلىرىنى كۆرۈپ،
ئىككى ئاي تۇرغاندىن كېيىن، تۇركىيە، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە،
چېخ - سلوۋاكىيە، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق بىرقانچە دۆلەتلەرنى
ئايلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردە ئاساسلىق
موسكۋا، تاشكەنت، فرۇنزى، ئالمۇتىلارنى زىيارەت قىلىپ بە-
رەر ھەپتىدىن تۇردى. تۇرسۇنجان ياۋروپادا يۈرگەن چاغلىرىدا
بولسۇن ياكى ئاسىياغا كەلگەندىن كېيىن بولسۇن، ئۇنى خۇشال
قىلغىنى، نەگىلا بارسا ئۇيغۇرلارنى ئۇچرىتىشى بولدى. ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىجارەتچى، سودىگەر بولۇپ، بەزىلىرى
ئۇچۇر مۇلازىمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھەربىرىنىڭ ئا-
تىدا يالتىراپ تۇرغان ئالىي دەرىجىلىك كىچىك ماشىنا بار
ئىدى. ئۇلار يانفون ئارقىلىق بىردەمدىلا بىرمۇنچە ئىشلارنى
بېجىرەتتى. بۇلغارىيىدە بولغان بىر ئىش تۇرسۇنجاننى تولىمۇ
ھاياجانغا سالدى. ئۇ ماگىزىن ئارىلاپ يۈرۈپ، ئوتتۇز بەش
ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇنىڭ
ئىسمى ئاتاۋۇللا بولۇپ، خوتەنلىك ئىكەن. چاچلىرىنى قايچارا
پارقىرىتىپ ئارقىسىغا تارىغان، ئۇچىسىغا قىسقا يازلىق يېلىڭ
پەلتو كىيگەن بۇ ئادەم تۇرسۇنجاننى كۆرۈش بىلەن شادلىقتىن
كۆزلىرى يۇمۇلۇپ سۆزلەپلا كەتتى.
— مانا، سىز ۋەتەندىن كەپسىز، سىزنى كۆرۈپلا يۇرتلار-
نىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى، — ئۇ سائىتىگە قاراپ
قويدى، — مەن سىزنى كۆپ ئەمەس قىرىق مىنۇت كۈتۈۋالغۇم
بار. يۈرۈڭ، تارتىنماڭ، قېنى، ماشىنىغا مەرھەمەت، يېقىنلا
يەردە تامىقى سەرخىل بىر رېستوران بار.
ئاتاۋۇللا تۇرسۇنجاننى چاقچاقىراق بىر ئاشخانىغا باشلاپ
كىردى. تاماق ئۈستەللىرىدە ئادەملەر شالاڭ ئىدى، ھەممىسى



تۇرلۇك تىللاردا سۆزلىشەتتى، كىيگەن كىيىملىرىمۇ غەلىتە
ئىدى. ئاتاۋۇللا تاماق كېلىپ بولغۇچە ئۆزىنىڭ خوتەندە تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكى، لېكىن نامراتلىق تۈپەيلىدىن
يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيالمىغانلىقى قاتارلىق ھاياتىدىكى ئوڭۇش-
سىزلىقلارنى سۆزلىگەندىن كېيىن، تۇرسۇنجاندىن خوتەن،
قەشقەر، ئۈرۈمچى، ئومۇمەن شىنجاڭدىكى سودىگەرلەرنىڭ تى-
جارەت ئەركىنلىكى قاتارلىقلار توغرۇلۇق سوئاللارنى ياغدۇرۇ-
ۋەتتى. ئاجايىپ ئىش، چەت ئەلگە چىققانلىكى ئادەمدە ۋەتەن
ئىپتىخارى ئۆرلەپ كېتەمدۇ نېمە، تۇرسۇنجانمۇ بىرگە ئىككىنى
قوشۇپ ماختىغىلى تۇردى. ئاڭغىچە ئۈستەلگە ئىككى خىل قو-
رۇما، بىر تەخسە كالا گۆشى قوردىقى كەلدى. تاماققا قارىغاندا،
ھەر خىل كىچىك قۇتىلىق ئىچىملىكلەر مول ئىدى. ئاتاۋۇللا
تاماق يېگەچ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ قالغا-
نلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
زەيدان كولاشقا چىققان ھاشارچىلار ئۇماچتەك لاي سۇدا
پاتقاققا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قورسىقى ئې-
چىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان ئاتاۋۇللا ھاشارچىلارغا تارقات-
ماقچى بولغان زاغرىدىن بىرنى ئوغرىلىدى. بۇنى بىلىپ قالغان
شياۋدۇيجاڭ ئۇنى قاپقارا لاي پاتقاققا مىلەپ ئۇرۇپ ئاغزى -
بۇرنىنى قان قىلىۋەتتى. «زاغرا ئوغرىلاپ يېگۈچە، مۇت نەرسە
يېگىن» دەپ ئاغزىغا تېزەك تىقتى. بۇنىڭلىق بىلەن دەردى
چىقمىغان شياۋدۇيجاڭ كەنتكە قايتىپ كەلگەندە ئاتاۋۇللانى خا-
ماندا بىر كۈن ئۆرە تۇرغۇزۇپ كۈرەش قىلدى.
— شۇنىڭ بىلەن قاراڭ، تۇغۇلغان يۇرتۇم ھارام بولدى
دېدىم - دە، پەشنى قېقىپ چىقىپ كەتتىم، — دېدى ئاتاۋۇللا
ئاغزىنى سۈرتۈپ، — قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئاتۇشقا
كەلدىم. ئۇ يەردە كاتتا بىر سودىگەرنىڭ مېلىنى توشۇدۇم،
ئاندىن ئىسكىلاتچىسى بولدۇم. ئاخىر ئۇ مېنى چەت ئەلگە

ئېلىپ چىقتى. مانا ھازىر ئۆز ئالدىمغا تىجارەت قىلىۋاتىمەن. . .

تۇرسۇنجان چەت ئەلدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئىشتىياق بىلەن سۆزلىمەكتە، لېكىن «گۇلدەستە» نەشرىياتى ھەم يۈز بەرگەن ئىشلار توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ سورىمايتتى، چىرايىدىمۇ غەزەپلىنىش، ئەندىكىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. بۇ يەردە تارقالغان پىتنە - ئىغۋالاردىن ئۇنىڭ تېخى خەۋەر تاپمىغانلىقىنى بىلگەن ھېكمەت ئۇنى بۇ توغرىدا خەۋەردار قىلىشنى لايىق تېپىپ، «قىرىق مىڭ سوم» مەسىلىسىنى سۆزلىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى ئېنىقلىماقچى بولغانلىقى، بىراق مەسۇم قابىلنىڭ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشنىڭ قانۇن تەرىپىدىن ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلىدى. يەنە ئۇ كامىلنىڭ نەزىرىدە بولۇنغان گەپ - سۆزلەردىن مەسۇم قابىلدىن گۇمانلىنىشقا ئورۇن قالمىغانلىقىنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتتى. بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغانسېرى تۇرسۇنجاننىڭ بايىقى ھاياجانلىق كەيپىياتى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ: «مەسۇم قابىل قايتىپ كېلىشىمنى بىلىدۇ. ئەمما مەن خىزمەت ئورنى تاپالمىغاندىن كېيىن، مېنى چەت ئەلگە قاچتى دەپ جەزملەشتۇرگەن پەيتۇل مۇشۇنداق پىتنە - ئىغۋانى تارقاتقان ھەم ساختا قەلەم ھەققى تالونى ياساپ چىقىپ خىيانەت قىلغان» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— چۇشەندىم، ھەممىسى چۇشىنىشلىك، — دېدى تۇرسۇنجان غەزەپ بىلەن، — تۇنۇگۈن پەيتۇلنى ھويلىدا كۆرۈپ كۆرۈشمەكچى بولغانىدىم، ئۇ شارتلا قىلىپ بىنا ئىشىكىگە كىرىپ كەتتى. قوشنىلارنىڭ سىڭارىيان قاراپ يۈرۈشلىرىمۇ بىكار ئەمەسكەن - دە.

— بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا زەردىگۈش بولۇپ بىئارام بولما، — ھېكمەت تۇرسۇنجاننىڭ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىگە قارىدى، —



ئەمدى سەن قانداق قىلاي دەيسەن؟

— بېرىپ پەيتۇلنىڭ ياقىسىنى بوغىمەن، تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇپ ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن.

— بۇ ئۇسۇلۇڭ ئۆزۈڭنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، چۈنكى پەيتۇل مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن تىلنى بىر قىلىۋالدى. سەن بولساڭ يالغۇز، ھەرقانداق ئورۇندا گېپىڭنى ئاقتۇرالمايسەن، ئۇلار تەرسالىق بىلەن ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدۇ.

— شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟

— ئويلاپ باق، ئۇلار پۇلنى ئاللىقاچان بۆلۈشۈپ خەجلەپ بولۇشتى، ئەمدى قۇسماق تەس! ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى سۇيىقەست ھەم تۆھمەت جىنايىتىنى شەكىللەندۇردى. بۇنداق شارائىتتا ئۇلار ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ بولسىمۇ ھەرگىز ئىقرار قىلمايدۇ.

— سېنىڭچە، قانداق قىلسام بولار؟

— مەسۇم قابىلنىڭ «بۇ ئىشلارنى قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى» دېگىنىگە قارىغاندا، سۇيىقەستنىڭ تېگى - تەكتىدىن خەۋىرى بار، — دېدى ھېكمەت، — ئۇنىڭ ساڭا ياردەم قىلغۇسى بولمىسا سېنى «كۆتۈۋاتقان» لىقىنى دەمدۇ. شۇڭا يارىنىڭ ئېغىزىنى مەسۇم قابىلدىن ئىزدەش كېرەك.

تۇرسۇنجان تېزىغا جەينىكىنى قويۇپ ئېڭىشكىنىچە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاغزى - بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قويۇق تاماكا ئىسى تولغىشىپ تورۇسقا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. «قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىش» مەسىلىسى ئۇنى چىگىش خىياللار تورىغا چىرماپ قويىدى. كۆز ئالدىدا سوراق مەيدانلىرى، فورما كىيگەن كىشىلەر، ۋارقىرىشىش - تىللىشىش، قول شىلتىشلاردەك تۈۋىسىز جېدەللەر ئايان بولدى. ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى،

ئەمدى سۇغا يالىڭاچ سەكرىمىسە بولمايتتى، بولمىسا ئەل - جامائەت ئالدىدا قەلەم ھەققىنى ئېلىپ قاچقان «ئوغرى - خىيانەتچى» ئاتىلىپ قېلىش خەۋپى مەۋجۇت ئىدى. ئەگەر بۇ ئىشتا سەللا بىخەستەلىك قىلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇلسا خىزمەتتىن ھەيدىلىش، چوڭ گۇناھ يېزىش، ئاگاھلاندۇرۇش، ھەتتا قانۇنىي جازاغا ئۇچراپ تەقدىر - ئىقبالىغا داغ چۈشەتتى. تۇرسۇنجان بىلەن پەيتۇل ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش قارىماققا ئادەتتىكى كىچىك ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەتكە بىۋاستە باغلانغانلىقى ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپ جان تىكىپ ئېلىشىشقا، بۇ يولدا قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلماي دۈشمەنلىشىشكە توغرا كېلەتتى. قورقۇنچلۇق يېرى، قارشى تەرەپ پىكىر بىرلىكىگە كېلىۋالغان، ھەرقانداق ئىشنى قائىدە - نىزام، پرىنسىپ، تۈزۈم، ئىلمىي رامكىلارغا ماسلاشتۇرۇپ ھەم چۈشۈرۈپ مۇنازىرىلىشىدىغان بىر توپ ئۇيۇشقان زىيالىيلار ئىدى، راست گەپنى قىلغاندا، ئاڭلىق مۇتتەھەملەر ئىدى.

كىچىككىنە نەشرىياتتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش شۇنچىلىك بوران - چاپقۇنسىز ئۆتمىگەنىكەن، نەچچە يۈز ھەم نەچچە مىڭلىغان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بولغان زاۋۇت، فابرىكا، كان - كارخانا، چوڭ شىركەتلەردىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ بېشىغا قانداق پاجىئەلەرنىڭ كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان تۇرسۇنجان ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— مەن قايتاي، — دېدى ئۇ روھسىز قىياپەتتە، — بۇنىڭدىن كېيىن سىنى كۆپ ئاۋارە قىلىشىم مۇمكىن، مەسلىھەتىڭگە موھتاجمەن.

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، — ھېكمەت ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويدى، — روھىڭنى چۈشۈرمە، قەددىڭنى رۇسلا، بى-



لىپ قوي «روھى چۈشكەن ئادەمنىڭ ئىتىمۇ چاپالمايدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇنداق كەيپىيات سىنىڭ تەبىئىتىڭگە، قۇيۇن لەقەمىڭگە ماس كەلمەيدۇ.

— چاقچىقىڭنى قارا سىنىڭ، — تۇرسۇنجان كۈلۈپ قويدى، — قىلغان سۆزلىرىڭدىن ماڭا غەيرەت - شىجائەت كىرگەندەك بولدى، رەھمەت ساڭا.

تۇرسۇنجاننى ئۇزىتىپ چوڭ كوچىغىچە بىللە چىققان ھېكمەت تۇرسۇنجانغا ئالغان قەلەم ھەققى، تەھرىرلىگەن كىتاب، پەيتۇلغا بەرگەن پۇل، سىرتقا ئۇيۇشتۇرغان ئەسەرلەر، ئومۇمەن ئىقتىسادقا ئائىت ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنى ئاي - كۈنلىرى بويىچە تىزىملاپ قويۇش، كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ چوقۇم سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقىغا قەدەر تاپىلىدى.

— چۈشىمۇ بولۇپ قاپتۇ، — ھېكمەت سائىتىگە قارىدى، — تاماق يەپلا كەتسەڭ بولمامدۇ، ماھىگۈلنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— ماھىگۈل دېسەڭ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى تۇرسۇنجان، — ئايالىڭنىڭ كىتابىنى ئالدىمدىكى ماجىرالار ئوڭۇشلۇق ھەل بولغان ھامان مەبلەغنى ئۆزۈم سېلىپ نەشر قىلدۇرماقچى. نەچچە يىل بېسىپ ياتقان گۇناھىم ئۈچۈن ماھىگۈل خۇش بولغۇدەك رازى قىلىمەن.

— دېمىسەڭمۇ بەك كېچىكىپ كەتتى، — ھېكمەت يەنىلا تۇرسۇنجاننى ئايىدى، — ئاۋۋال بېشىڭنى ساقايت، ئاندىن بىر گەپ بولار.

— ھە راست، «تۇمانلىق يىللار» قانداق بولۇپ كەتتى. مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، ئۇنى ئۆزۈم چىقىرىمەن.

— تۆتىنچى تومنى يېزىپ ئوتتۇرىلاشتىم، بىرەر - ئىككى ئايدا قولۇمدىن چىقارىمىكىن.

تۇرسۇنجان ھېكمەت بىلەن خوشلىشىپ تاكسىغا ئولتۇرۇپ

كەتتى. ئۇ يولدا بارغۇچە مەسۇم قابىل بىلەن كۆرۈشكەندە نېمىلەرنى دېيىش ھەققىدە ئويلاندى، شۇنداقلا پەيتۇلنىڭمۇ تومۇرنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن بىر قېتىم كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

تاكسى «گۈلدەستە» نەشرىياتىنىڭ ئائىلىلىكلەر بىنالىرى ئورۇنلاشقان ھويلا دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. تۇرسۇنجاننىڭ خىزمەت رەسمىيىتى يۆتكەلمىگەچكە، بۇ قورۇدىن كۆچمىگەنىدى. پەيتۇل، مەسۇم قابىللار بىنادا، ئۇ بولسا يەنىلا يەرلىك ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆيى ھويلىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولغاچقا، ئىككى بىنا ئوتتۇرىسىدىكى تارچۇقتىن ئۆتۈپ بارغىلى بولاتتى. تۇرسۇنجان بىنا دوقمۇشىدىن ئايلىنىشى، مەسۇم قابىل ئۇنى ئارقىدىن چاقىرىپ قالدى. ئۇ ئۇلۇشكۈن كەچ ھاردۇق سوراپ كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا قىزغىن كۆرۈشتى.

— قانداق، ھاردۇقىڭىز چىقىپ قالغاندەكمۇ؟ — مەسۇم قابىل ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇراتتى، — مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە، چىرايىڭىز بىر قىسىملا تۇرىدۇ.

— مەسۇم قابىل، سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، — دېدى تۇرسۇنجان، — ۋاقتىڭىز يېتەرمۇ؟

— بولىدۇ، مەنمۇ سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم، ئەتە كەچ ھەممىسى ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەندە ئىشخانامغا كېلىڭ. قۇيرۇقا دىققەت قىلارسىز - ھە؟ — مەسۇم قابىل مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

— رەھمەت سىزگە، — تۇرسۇنجان كېتىپ قالدى.

مەسۇم قابىل ھازىر ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول مۇدىرى ئىدى، بۇ تاجنى كىيگىنىگىمۇ ئۈچ ئاي بولۇپ قالاي دېدى. بۇرۇن كىچىككىنە بىر ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن كېجاڭلىقىنى ئەنقانىڭ سۇتىدەك تۇتىيا بىلگەن بۇ بەندە ھازىر ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇشتەك ئەمەلگىمۇ رازى ئەمەستەك قىلاتتى. ئەمەل



ئېتىغا مىندۇرۇپ قويۇپ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇۋالغان پەيتۇلنى چەيلەپ - يانجىۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى. گەرچە ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئەمەل تىزگىنى پەيتۇلنىڭ قولىدا بولغان بىلەن، ئۇنىڭ بوينىغا چىگىلگەن سىرتماقنىڭ ئۈچى مەسۇم قابىلنىڭ ئالىقىنىدا ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇرۇنقىدەك پەيتۇلغا كۈچۈكلىنىپ كېتىدىغان، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ خۇشامەت قىلىدىغان، تەخسە كۆتۈرۈپ بېلىنى پۈكىدىغان ئىشلارنى قىلمايتتى، بەلكى يوليورۇقلىرىنىمۇ مەنسىتمەي ئاڭلاپ گىدىيىپ چىقىپ كېتەتتى. باشلىقىغا ھېيىقماي تىكىلىپ، بەزىدە گەپلىرىنىڭ بېلىگە تېپەتتى. بولۇپمۇ پەيتۇل ساختا تالون ئارقىلىق قىرىق مىڭ سومدىن مەسۇم قابىلغا بەش مىڭ سوم بېرىپ، قالغىنىنى مالىيە بۆلۈمىدىكى ئۈچ ئادەم بىلەن بۆلۈشكەندىن كېيىن، غەزەپ قېپى يېرىلغان مەسۇم قابىلنىڭ يۈرىكى ئاتىنىڭ كاللىسىدەك يوغىناپ كەتتى. يېشىل تۈمۈر ساندۇقتا كونۋېرتنىڭ ئىچىدىن چىقماي ئۇخلاۋاتقان ئۇ پۇل ۋاقتى كەلگەندە كىملەرنىڭدۇر پېيىنى قىرقىيدىغان قايچا بولىدۇ! بۇنداق كىچىككىنە مەنپەئەت ئالدىدا «ئۇلۇغۋار» تىلەكلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان مەسۇم قابىل تېخى تۇغۇلمىدى!

تۇرسۇنجان كەلگەن كۈندىن باشلاپ پۇشقىقىغا پىت چۈشكەن پەيتۇل ئولتۇرۇلمايلا قالدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتىلا مەسۇم قابىلغا «ئەتىلەتىن ماڭا بىر يولۇقۇڭ، قىلىشىدىغان مەسلىھەت بار» دېگەن بولسىمۇ، مەسۇم قابىل «مەنسىز نېمە ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن» دېگەندەك، ئىككى كۈنگىچە ئۇنى تەقەززا قىلىپ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولۇپ ئەمدىلا ھويلىغا چىقىشى، تۇرسۇنجاننى كۆرۈپ قالدى. بۇمۇ بىر تەرەپتىن ئوڭ كەلگىنى، بولمىسا ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش، چىمدىپ سەكرىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزى ئىزدىمەكچى بولۇپ تۇراتتى.

مەسۇم قابىل ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ كەلگەندە، پەيتۇل چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ يېزىقچىلىق ئۆيىدە سالقىنداپ ئولتۇراتتى. بۇلۇڭغا قويۇلغان شامالدۇرغۇچ بېشىنى ئىككى تەرەپكە توختىماي چايقاپ، نېپىز دېرىزە پەردىلىرىنى ئۇسسۇلغا سېلىۋەتكەندى. مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ ياسالما تەكەللۇپلىرىغا «تاماقمۇ يېدىم، چايمۇ ئىچتىم» دەپ دوق قىلغاندەك جاۋاب بەردى - دە، يالغۇز كىشىلىك دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك خۇيلىنىپ يۈرگىنىگە نەچچە ئاي بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ كېلىۋاتقان پەيتۇل «ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بۆكىنى ئۇچچە كىيگۈزمىدىڭ، ئۆزلىرىڭ كۆپ ئېلىپ ماڭا ئارانلا بەش مىڭ سوم بەردىڭ. . . دېگەن قورساق كۆپۈكىدە شۇنداق قىلىۋاتسەنغۇ» دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ تايغىنىنىڭ تۈكىنى يېتىشىغا سىلاپ، ئاچچىقلىتىپ قويماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— مەسۇم قابىل، ئىككى كۈندىن بېرى ئەجەب كىرەلمىدىڭىز؟ — پەيتۇلنىڭ ئاۋازى تولىمۇ يۇمشاق ئىدى، — مىجەزىڭىز يوقمۇ يە؟

— مىجەزىم جايىدا، پەيتۇلكا، ئاۋۇ بىر نېمىڭىزنى ئۆچۈرۈۋەتسىڭىز قانداق؟ — مەسۇم قابىل قوپاللىق بىلەن شامالدۇرغۇچنى ئىما قىلدى، — بۇ بىر نېمە ئادەمنى ئاسانلا تومۇ قىلىپ قويىدۇ.

پەيتۇل ياۋاشلىق بىلەن شامالدۇرغۇچنىڭ كۇنوپكىسىنى بېسىۋېتىپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. مەسۇم قابىلنىڭ تۇڭ تېزەكتەك كەيپىياتى بىلەن ياخشى مەسلىھەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان پەيتۇل گەپنى يىراقتىن ئايلاندۇرۇپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كۆرۈۋاتقان ئورگىناللارنىڭ بېسىلىپ ياتقانلىقىنى (مەسۇم قابىل كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى، چۈنكى نەشرىياتنىڭ ھالى ئۇ-



نىڭغا ئايان ئىدى) دەپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ قەلەم ھەققىنى تەستىقلاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، پىلانغا كىرگۈزۈش قاتارلىق ھەممە خىزمەتلىرىنى مۇستەقىل ئىشلەشنى تاپشۇردى، ئۆزىنىڭ چات كىرىۋالمايدىغانلىقىنى يېپىق گەپلەر بىلەن ئۇقتۇردى. قىسقىسى، ئېتىكىنىڭ تىزگىنىنى ئۆزۈڭ تۇت، دەپ مەردلىكىنى بىلدۈردى، كۆڭۈل ياسىدى. چىرايى سەل ئېچىلغاندەك قىلغان مەسۇم قابىلمۇ «ئەزرائىل كانىيىڭنى بوغقاندىلا ئىمان ئېيتىسەن، قاپاقۋاش» دېگەنلەرنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پەيتۇلنىڭ ئىچىدە يەنە قانداق تۇڭگۈزلارنىڭ قوتراۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن چىرايىغا كۈلكە، ئاۋازىغا تەبىئىيلىك تۈسىنى بەردى.

— راست گەپنى قىلسام پەيتۇلكا، ئىككى كۈندىن بېرى زاۋۇتتىن كېلەلمىدىم، — دېدى مەسۇم قابىل، — بېسىۋاتقان بىرنەچچە كىتابنىڭ بەتلىرى ئالمىشىپ، ئىچىدىكى قىستۇرما رەسىملىرى جايىغا قويۇلماپتۇ. پۈتۈنلەي قالايمىقان تۈپلىنىپ قاپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم، — بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان پەيتۇل خېلىغىچە جىمىپ كەتتى. ئۇ مەسۇم قابىلنىڭ گەپ يورغىلىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ چاندۇرمىدى، — قاراڭ مەسۇم قابىل، بۇ تۇرسۇنجان دېگەن قۇيۇن بالا - قازادەك يېتىپ كەلدى. سىز ئۇنى ئەمدى كەلمەيدۇ دېگەچكە. . .

— چەت ئەلگە چىققانلاردىن قايتىپ كەلگەنلەرمۇ، كەلمىگەنلەرمۇ بار، بۇنىڭغا ئىككىنچى بىر كىشى قانداق ھۆكۈم قىلالايدۇ؟ قىزىقكەنسىز پەيتۇلكا، — مەسۇم قابىلنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — مېنىڭ دېگەنلىرىممۇ پۈتۈنلەي پەرەز - دە.

— سىز. . . ئۆز. . . ئۆز ۋاقتىدا، — پەيتۇل ئاچچىقىدا دۇدۇقلاپ كەتتى، — ئۇنىڭ كەلمەيدىغانلىقىغا ئىسپات - پىس-

پاتلارنى كۆرسەتمىگەن بولسىڭىز. . .

— مەن پەقەت، ئارۇپ بايۋەچچە كاتتا باي بولغاچقا، تۇرسۇنجاننى ياخشى ئۆي - ماكانغا، بايلىققا ئىگە قىلسا كېلەلمەسلىكى مۇمكىن دېگەن پەرىزىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، قەتئىي كەلمەيدۇ دېمىدىم، — مەسۇم قابىلنىڭ قىياق كۆزلىرى چەكچەيدى، — شۇڭا ئۇنىڭ «بۇ يەرلەردە تۇرۇشقا يۈزۈممۇ قالمىدى» دېگەن سۆزلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈڭ، دېيىش ئارقىلىق مەنتىقىي خۇلاسە چىقىرىشنى ئۆزىڭىزگە قالدۇردۇم.

پەيتۇل ئۇنىڭغا يالتتىدە تىكىلدىيۇ، لېكىن بىر نېمە دېيەلمىدى. تېخى ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدا دېيىلگەن گەپ - سۆزلەر ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىپ ئۆزىگە ئارتىلىپ قېلىۋاتقان يەردە، باشقىلىرىغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى. مەسۇم قابىلنىڭ بۇ ئۇستاتلىقىدىن قارىغاندا رەددىيە بېرىشكىمۇ بولمايتتى. چۈنكى، مەخپىي سىرلار تەتۈرىگە ئېشىلىپ ئارقان ئۈزۈلۈپ كەتسە، كۆز ئالدىدىكى خەۋپتىن پەيتۇلنىڭ ئامان قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ تۇرسۇنجاندەك بىر مىخ يۈرەككە قادىلىپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە مەسۇم قابىل بىلەن پەيتۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيتتى، شۇڭا ئۇ بىردەملا ھورىدىن چۈشتى.

— مەسۇم قابىل، بەزى ئىشلار بېشىمنى قاتۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى پەيتۇل ياۋاشلىق بىلەن، — بولۇپمۇ ئاپتورلارنىڭ قەلەم ھەققى مەسىلىسى. . .

— سىزمىچۇ پەيتۇلكا، مېنىڭدىن بەتتەر ئالدىراقسان ئادەمكەنسىز، — مەسۇم قابىلنىڭ ئېغىزىدىن ئالدىن ئويلانغان سۆزلەر تىزىلىپ چىقىشقا باشلىدى، — مەن سىزگە «ئاپتورلار ئەرز قىلىپ قالسا يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار تۇرسۇنجان ئېلىپ قاچقان قەلەم ھەققى تالونىنى سۈرۈشتۈرسە قانداق قىلىسىز؟» دەپ سىزنى خەۋپتىن ئاگاھ-



لاندۇرسام، سىز ئۇپۇل - توپۇللا مالىيە بۆلۈمىدىكىلەرنى مېھمان قىلىپ، ساختا تالوندىن بىرنى ياساپ چىقىپ پۇللارنى ئۆلەشتۈرۈۋەتكىنىڭىز نېمىسى؟

پەيتۇلنىڭ كاللىسى ھېچنېمىگە ئىشلىمەي گاراڭلا بولۇپ قالدى. گەرچە ئۆز ۋاقتىدا ھەممە ئىنچىكە پىلانلار مەسۇم قابىل تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ھازىر ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى.

— ئەگەر تۇرسۇنجان بۇ ئىشنى بىلىپ قالسا، — پەيتۇلنىڭ بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ قالغانىدى، — پەيلىنى بۇزۇپ چوڭ ماجىرا چىقىرىشى تۇرغانلا گەپ.

— بىلىپ قالسا ئەمەس، بىلىپ بولدى، — مەسۇم قابىل ھېلىلا ئۇنىڭ بىلەن ھويلىدا ئۇچراشقانلىقىنى دەپ بەردى، — ئۇ تايىنلىق ھېكمەتنىڭ قېشىدىن كەلدى. «سىز بىلەن سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ» دەيدۇ. پەيلى ئىنتايىن بۇزۇق، ئەھۋالدىن قارىغاندا، قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ چوقۇم ھېكمەتنىڭ پىلانى. ئەگەر ھېكمەتلا تۇرسۇنجانغا ھەمقان بولىدىكەن، كۈنىڭىز تەس.

— قانۇن ئورۇنلىرىغا؟ — پەيتۇلنىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى، — ئۇنداقتا. . .

— ئۇنداقتا كونا - يېڭى ئىشلارنىڭ ھەممىسى چۇۋۇلۇپ چىقىدۇ، — مەسۇم قابىل ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى، — شۇڭا سىزدىمۇ ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك. تۇرسۇنجان يۆتكىلىپ كېلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى قەلەم ھەققى تالونلىرى، سىز ئۇيۇشتۇرغان ئەسەرلەرگە تارقاتقان پۇل ھۆججەتلىرى، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىڭىز ھەر خىل ئۇسۇللاردا ئالغان پۇل قاتارلىق ئىقتىسادىي پاكىتلارنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ جاي - جايىغا توغرىلاڭ.

— ئاپلا، — دېدى پەيتۇل ئېڭىكىنى تۇتۇپ، — تۇرسۇن-

جان يېڭى يۆتكىلىپ كېلىپ خىزمىتىگە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر بۆلۈمگە تەئەللۇق ماتېرىياللار بىلەن بىرنەچچە يىللىق قەلەم ھەققى تالونلىرىنىڭ كۆتەكلىرىنى بىللە تاپشۇرۇپ بەرگەندەك ئېسىمدە بار.

— توۋا قىلدىم، قىلغان ئىشىڭىزنى كۆرمەمدىغان، — دېدى مەسۇم قابىل ئېچىنغان قىياپەتتە، — ۋاقتى كەلگەندە ئۇ تالونلار سىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

— «بىر قەلەم ھەققى ئىشىنى ئېنىقلىماقچى ئىدۇق» دەپ سوراپ باقسام قانداق؟

— ھازىرمۇ؟ يەنە كېلىپ پىچاق ئۇچى كانايغا تاقالغاندا دەڭا، — مەسۇم قابىل زەھەردەك كۈلدى، — بەزى چاغلاردا نېمانداق كالىلىقىڭىز ئىشلىمەيدۇ سىزنىڭ. بۇنداق قىلسىڭىز ئۇخلاۋاتقان يولۋاسنىڭ بۇرۇتىنى يۇلغان بولىسىز. ئارىدىن ئالتە - يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. تۇرسۇنجان بەلكىم ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، تېخى كونا نەرسىلەر ئىكەن دەپ كۆيدۈرۈۋەتتىمۇ. ئېھتىمال، بۇ قېتىمقى ئېلىشىشتا ئۇ نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنىمۇ بىلمىسە كېرەك.

— توغرا، توغرا، بۇ پەرىزىڭىز مېنى خېلىلا خاتىرجەم قىلدى.

— مەن سىزگە دەپ قوياي، پەيتۇلكا، تۇرسۇنجان ئاپتورلارنىڭ قەلەم ھەققىنى پەقەت مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالالايدۇ. ئۇ دېگەن ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىشى، شۇڭا سىز نېمانچە غەم قىلىپ كېتىسىز؟

— راست، بۇ مالىيە بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ ئىشى تۇرسا، ئەلۋەتتە مېنىڭ خەۋىرىمدە يوقتە.

— پەيتۇلكا، تۇرسۇنجان بايا «ئەتە كەچ ئىشخانىڭىزغا كىرىمەن» دېگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىر بىلىپ باق -



مامدىم، — مەسۇم قابىل ئورنىدىن تۇردى، — ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر مەسلىھەتكە كېلەرمىز.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپلا مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىڭ، قانچە كەچ بولۇپ كەتسىمۇ ساقلايمەن، — پەيتۇل يەنە نېمىدىندۇر خاتىرجەم ئەمەستەك قىلاتتى، — مەسۇم قابىل، زاۋۇتتىكى ئىشلىرىم ئالدىراش دەۋاتاتتىڭىز، ئەتە ئەتىگەن ئىشخانىدا بولالامسىز؟

مەسۇم قابىل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. بىراق، شۇ ھامان كونا قەلەم ھەققى كۆتەكلىرىدىن ئەندىكىپ تۇرغان پەيتۇلنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى مۇسەللەپ بولدى - دە، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدە ئىنتايىن نازۇك بىر ھىيلە ئاپىرىدە بولدى.

— ئەتە چۈشكىچە زاۋۇتتا بولارمەنمىكىن، — مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ خۇدۇكسىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى، — قانداق، تاپشۇرىدىغان بىرەر ۋەزىپە بارمىدى؟

— بار ئىدى. بولدى، زاۋۇتتىكى ئىشىڭىزدىن قالماڭ، سىز كەلگەندىن كېيىن قىلساقمۇ بولىدۇ، ئانچە مۇھىم ئەمەس.

مەسۇم قابىل چىقىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئەمەس، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشقا چۈشۈشتىن سەل ئىلگىرى ئىدارىگە كەلدى. ئىشخانا ئىشىكىگە قولاق يېقىپ تىڭشاۋاتقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك دۈپۈلدەيتتى، چۈنكى ئۇۋلىماقچى بولغان ئوۋ قۇربانى تورغا چۈشكەندەك قىلاتتى. ھاياجان شادلىقىدىن قوللىرى تىترەپ تۇرغان مەسۇم قابىل تۈز قولۇپقا ئاچقۇچنى سېلىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاندىن بۆلۈمگە كىردى. توۋا دېمەي ئىلاج يوق، پەيتۇل قولىدا ئامبۇر تۇتقان ھالدا غەلىتىلا ھىجىيىپ قاراپ تۇراتتى. تۇرسۇنجاننىڭ بۇلۇڭغا يۆتكىۋېتىلگەن خىزمەت ئۈستىلىنىڭ تارتمىلىرى سۇغۇرۇۋېتىلگەن، ئىشكاپ ئىشىكلىرى ئوچۇق، بۇزۇلغان قۇلۇپلىرى ئىلغۇرلىرىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۈستەل ئەتراپىدا بولسا كىتاب،

خاتىرە، ئورگىنال دەپتەرلىرى، قەلەمدان، سىياھ قۇتىلىرى،
دەستە - دەستە ماتېرىياللار دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئىزىغا
چۈشكەن ئۇۋىنى ئەپچىللىك بىلەن قولغا چۈشۈرگەن ئوۋچى-
دەك، ئىشخانا ئوتتۇرىسىدا قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ گىدىيىپ
تۇرغان مەسئۇم قابىل پەيتۇلنىڭ ئوچۇق قالغان ئىشىككە قاراپ
بارغانسېرى تىزلىرى تىترەپ، چىرايىنىڭ ئۆمسۈرۈن ھالەتتە
ئاقىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشىكنى گۈپلا قىلىپ يې-
پىۋەتتى، ئاندىن چىرايىغا كۈلۈمسىرەش ئالامىتى بېرىپ، يەر-
دىكى ئەتۋىركە، بولقىلارنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ
قويدى.

— پەيتۇلكا، مەن كەلگەندىن كېيىن بىللە قىلماقچى
بولغان ئىشىڭىز شۇمىدى؟ — مەسئۇم قابىل ھېچ ئىش يۈز بەر-
مىگەندەك سورىدى، — ئەجەب مېنى ساقلىماپسىز! بۇنى «ئانچە
مۇھىم ئەمەس» دېگىلى بولمايدىكەن. قانداق، ئىزدىگەن نەرسى-
ڭىز تېپىلدىمۇ؟

. . . . . .

— مەنچە، تۇرسۇنجان كونا قەلەم ھەققى تالونلىرىنى بۇ
يەرگە قويىدىغان ئۇنچىۋالا ئەخمەق ئەمەس، — مەسئۇم قابىل
چېچىلغان ماتېرىياللارنى رەتلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى ناھايى-
تى تەبىئىي ئىدى، — قېنى پەيتۇلكا، كەلمەمسىز، بۇ نەرسى-
لەرنى جاي - جايىغا قويۇپ يىغىشتۇرۇۋېتەيلى، بىر كىم كىرىپ
قالسا، ئىشخانىغا «ئوغرى كىرىپتۇ» دەپ قالمىسۇن يەنە. . .
ئۇلار تۇرسۇنجاننىڭ ماتېرىياللىرىنى سەرەمجانلاشتۇر-
غاندىن كېيىن، ئۈستەلنىڭ ئالدىنى تام تەرەپكە قىلىپ بۇلۇڭغا
نىقتاپ قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇزۇلغان قۇلۇپ، ئىلغۇلار
كۆرۈنمەي قالدى.

سەھەردە كەلگەن پەيتۇل نەشرىيات باشلىقى، مۇدىر ۋە
مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ ئىشخانىسىنى تازىلايدىغان تازىلىقچى ئايال



كىلىشى بىلەن مەسئۇم قابىلنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ تازى-
لىقچى ئايال ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن «مەسئۇم قابىلنى ساقلا-
يمەن» دېدى - دە، گېزىت كۆرگەن بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ ئايال
چىقىپ كېتىشى بىلەن ئىشىكنى تاقاپ «قېدىرىش»نى باشلىۋەت-
كەن پەيتۇلنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا يېرىم كۈن بارلىقىدىن كۆڭلى
توق ئىدى. بىراق، مەسئۇم قابىلنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ قېلىشى
ئۇنى ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك بولدى.

تەرلەپ كەتكەن پەيتۇل ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە
قاراپ غىپلا ماڭدى - دە، «دىڭگىمدە» چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى
مەسئۇم قابىلنىڭ ئاۋازى گويا سوتچىنىڭ ھۆكمىدەك ئاڭلان-
غانىدى.

— پەيتۇلكا، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىۋالامسىز؟ — مەسئۇم
قابىل بولقا، ئامبۇر، ئەتۋىركىلەرنى ئۇنىڭ قولىغا تۇت-
قۇزدى، — تۇرسۇنجان بۈگۈن كەچتە كېلىمەن دېگەن، ئۇ مې-
نى «ئوغرىلىق قىلىپتۇ» دەپ گۇمان قىلىپ قالمىسۇن. . .

خۇددى گاس - گاچا بولۇپ قالغاندەك زۇۋان سۈرەلمىگەن
پەيتۇل، يەر قاققىنىچە شارتلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئىشىك تۇتقۇچى-
نى تۇتۇشى، بايىقىدىنمۇ بەتتەر چۆچۈپ، پۈتۈن بەدىنى سىلكى-
نىپ كەتتى. چۈنكى مەسئۇم قابىلنىڭ ئادەتتىكىدەك تىنىقىمۇ
ئۇنىڭ ئۈچۈن گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— پەيتۇلكا، بۈگۈن چېسلاغا نەچچە بولۇپ كەتتى؟
— سە. . . سەككىزىنچى ئاي. . . ئايغا ئون. . . ئونغۇ
دەيمەن. . .

— بۇنى ئۇقۇۋالغىنىم ياخشى بولدى، ۋەدىلىشىپ قويغان
بىر يەرگە بارماقچىدىم.

مەسئۇم قابىل شۇ كۈنى شۇنداق خۇشال يۈردىكى، تېنى
تېرىسىگە سىغماي قالدى. ئۇ پەن - تېخنىكا كىتابلىرى بۆلۈ-
مى، ئۆسمۈر - بالىلار ئوقۇشلۇقى بۆلۈمى، ئىجادىيەت گۇرۇپ-

پىسى، كوررېكتورلار ئىشخانىسى دېگەندەك بارلىق ئىشخانىلارغا كىرىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە چاقچاق قىلدى. قاملاشسۇن - قاملاشمىسۇن يۇمۇر - لەتىپىلەرنى سۆزلىدى. باشقىلار ھىجايسا، ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى. شۇنداق، ئۇ كۈلمەي كىم كۈلسۇن، ئۇ شادلانماي كىم شادلانسۇن؟! مەسۇم قابىل بۇرۇن تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋالغان بولسا، مانا ئەمدى نەق گەجگىسىدىن قاماللىۋالدى. بۇنىڭدىن كېيىن پەيتۇللىنىڭ بويىنىغا قىلىچ تەڭلەپ تۇرسىمۇ ئۇ ھەرگىز مەسۇم قابىلنى چىشلەپ تارتالمايدۇ، ئۆزىگە شېرىك قىلالمايدۇ. «ساختا تالون»، «ئوغرىلىق»، «تۇرسۇنجاننى ھەيدەش» ھېيلىلىرىدىن ئىبارەت بويىنىدىكى سىرتماق ئارقىنىنىڭ ئۇچى مەسۇم قابىلنىڭ قولىدا ئىدى. تۇرسۇنجان بولسا بېشىغا بالا تېغى ياغسىمۇ بىر كىمنى ئۆزىگە چېتىۋالىدىغان، «پالان - پۇستانلار مۇنداق دېگەچكە. . .» دەيدىغان نامەردلەردىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشۈپ بىرەر سائەت ئۆتمەيلا نەشىرىيات ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى. پەقەت ئىش قوشۇپ ئىشلىگەنلەرنىڭ كارىدوردا تاقىلداپ ماڭغان ئاۋازى گاھى - گاھىدا ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئىشخانىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان مەسۇم قابىل پات - پات ئىشىككە قاراپ كارىدوردىكى ئاياغ تىۋىشىنى تىڭشايتتى. دېگەندەك، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشىك چېكىلدى.

مەسۇم قابىل تۇرسۇنجاننى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىستاكانغا پۇراقلىق پەمىل چاي سېلىپ ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيدى، تاماكا تۇتۇپ چاقماق چاقتى، ئاندىن قاتلانما ئورۇندۇقنى سۈرۈپ تۇرسۇنجانغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇردى. ئۇ ئالدىدىكى كەيپىياتى چىگىش، سۇلغۇن چىرايىنى كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم كۆڭلى شادلىققا تولدى، ئىچىدە «سېنىڭدەك تىنىم تاپمايدىغان، خورىكى ئۈستۈن، يۇقىرى - تۆۋەننىڭ ھەممىسىدە كۆزىگە كۆرۈنگەن بىر ئىسلاھاتچىنىڭ بولۇشۇڭ شۇنچىلىك»



دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ چىرايىدىكى تەبەسسۇم، ئىللىق كۈلكە، ئاۋازىدىكى سەمىمىيلىكنى ھەرگىز سۇسلاشتۇرۇپ قويمىدى. تۇرسۇنجاننىڭ «قىرىق مىڭ سومنى ئېلىپ قېچىش» ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، ھەتتا ئېچىنغاندەك قىلىپ تاماقلىرىنى چاكىلداتتى. بەزىدە «ھەي، ھەي، بۇ ناھەق چېلىقنى» دەپ خەيرىخاھلىق قىلدى.

— مەسۇم قابىل، بۈگۈن مەن بىر كۈن مېھمان ئۇزاتتىم، — دېدى تۇرسۇنجان، — ئۇلارنى قانداق مېھمان دېمەمسىز، ساپلا «قەلەم ھەققىنى بېرىۋەت» دەيدىغان ئاپتورلار، ئۇلارنىڭ سالغان تەڭلىكىگە چىدىماي بىرەي دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن ئۇنداق قىلسام مەن راستتىنلا خىيانەتچى، ئوغرى ئاتىلىپ قالامدىم.

— ئۇنداق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ ئىشىڭىز پەيتۇللىنىڭ قولىغا يېتىپ قالسا «تۇرسۇنجان ئېلىپ كەلگەن مىراس پۇلنى قەرزگە تۆلەۋاتىدۇ» دەپ پۈتۈن جەمئىيەتكە يېيىۋەتمەمدۇ.

مەسۇم قابىل قىرىق مىڭ سوم ۋەقەسىنى پەيتۇللىدىن ئاڭلاپ ئىشەنمىگەنلىكى، بىراق كامىلنىڭ نەزىرىدە ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ گەپ بولغانلىقى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ مەسۇم قابىلدىن كوچىلاپ سورىغىنىدا ئۇلارغا زەربە بەرگەنلىكى قاتارلىق جەريانلارنى قالدۇرماي سۆزلىدى. ئاندىن مالىيە بۆلۈمىدىكى خادىملاردىن سۈرۈشتۈرۈپ، رەسمىي قەلەم ھەققىنى تاپشۇرۇۋېلىش تالونىنى كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭدا تۇرسۇنجاننىڭ خەنزۇچە ئىمزاسى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— بۇ جەريانلارنى ئەينى ۋاقىتتا ھېكمەتكىمۇ ئېيتقان، — دېدى مەسۇم قابىل ئېچىنغان قىياپەتتە، — ئۇلار گېپىنى بىر قىلىپ «سەن پۇلنى ۋاكالىتەن ئالغان» دەپ تالوننى دەستەك قىلىپ تۇرۇۋالسا سىز ھېچنېمە قىلالمايسىز. ئۇ-

نىڭ ئۈستىگە، سىزنىڭ ئىمزايىڭىز شۇنداق ئوخشىتىپ يېزىلغانكى، ئۆزىڭىزمۇ پەرق ئەتمىكىڭىز تەس.

— سىزچە قانداق قىلسام بولار؟ — تۇرسۇنجان مەسۇم قابىلنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ھېس قىلدى، — سىز ھېكمەتكە «قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىش» مەسىلىسىنى دېگەندىكەنسىز، شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟

— ئۇنىڭدىن ئۆزگە چارە يوق، — دېدى مەسۇم قابىل دەرھاللا، — سىز تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇڭ، مېنىڭ لوقمان ئىمىن دەيدىغان بىر تونۇشۇم بار، ئۆزىمۇ ئانچە - مۇنچە سىياسىي ماقالىلەرنى يېزىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ كېلىپ قالسا ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقىنى شۇ.

— بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتنى ئارىلاشتۇرۇپ قويسام مۇۋاپىق بولماسمىكىن؟

— سىز ھېچنېمىنى ئۇقمىغان بولۇپ يۈرۈۋېرىڭ، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى. بۇ قېتىم ئۆزىڭىزنى قوغدىمىسىڭىز بۇ نومۇسنى مەڭگۈ ئاقلىيالمايسىز.

قىسقىغىنا سۆھبەتتىن مەمنۇن بولغان تۇرسۇنجان خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. مەسۇم قابىل ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى - دە، دىۋان يۆلەنچۈكىگە بېشىنى تاشلاپ ھوزۇرلىنىپ تاماكا چەكتى. ئۇ تورۇسقا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھالقا - ھالقا ئىسلارغا قارىغىنىچە، ئاۋۋال جاۋغايلىرى جىلمىيىپ، كۆزلىرى قىسىلىپ بىر قىسمىلا ھىجايدى، ئاندىن ئەسەبىيلەرچە «ۋۇ...» دېدى - دە، مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ قويۇق ئىسلار ئارىسىدا سىلكىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مەجنۇنلارچە شادلىقى ئىچىدە يېڭىدىن يېڭى پىلانلار بىخلانغانىدى!

ئەتراپنى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى باسقان بولۇپ، ئاۋغۇستنىڭ ئىزغىرىن شامىلى چىقىپ تۇراتتى. مەسۇم قابىل كوچا چىراغلىرىنىڭ گۇڭگا يورۇقى ئاستىدا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاچ مې-



ڭىپ، ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ تۆمۈر شادىلىق دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ جىمجىت ھويلىغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، پەيتۇلنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى يورۇپ تۇرغان دېرىزىسىگە تىكىلدى.

پەلەمپەيلەردىن تاراقلاپ ماڭغان تىۋشنى يۈرىكى سەزگەن پەيتۇل ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېھمانخانىدا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى. مەسۇم قابىل بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، تۇرسۇنجان بىلەن بولغان سۆھبەتنى سىرلىق ھالدا بايان قىلدى. پەيتۇل ئاڭلىغانسېرى كۆزلىرى چىمچىقلاپ، بېشى توختىماي گىلدىڭلاشقا باشلىدى.

— پەيتۇلكا، تەپتىش مەھكىمىسىدە بىرەر تونۇشلىرىڭىز يوقمۇ، — مەسۇم قابىل ئۇنىڭ يۆلىنىدىغان بىرەر ھىماتى بارمۇ، يوق دېگەن ئويدا ئۇنى چېكىپ كۆردى، — ئەگەر بولغان تەقدىردە بالدۇرراق بېرىپ ئالدىدىن بىر ئۆتۈپ قويغان بولسىڭىز.

— بار، بولمامدىغان، — پەيتۇل دەرھاللا جاۋاب بەردى، — تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالتىنچى دەرىجىلىك باشلىقى لوقمان ئىمىن مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم بولىدۇ.

— خېلى ئىشەنچىلىكمۇ؟ — مەسۇم قابىل لېۋىنى چىشلىدى، — ئارغامچىنى ئەتۇر ئېشىپ يۈرمىسۇن دەيمىنا.

— نەدىكىنى، ئۇنىڭ تېخى ماركسىزملىق مىللىي مەسىلىگە ئائىت تۈزگەن كىتابچىسىنى پىلانغا كىرگۈزۈپ ئۆزۈم تەھرىرلەۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ، — مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىسىنى بىلىۋالدى، — «ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قويۇڭ» دېگەن سۆزۈمنىڭ تېگىگە يەتكەنسىز؟

— يەتتىم، يەتمەمدىغان، ئۈنچىلىك رەسمىيەتلەرنى ئېپى - جېپى بىلەن قاملاشتۇرالايمەن، — پەيتۇل تەلۋىلەرچە كۈلدى، — ئەمدى. . . ئەمدى مەسۇم قابىل ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇپىيە تۇتقۇدەك سىر - ئەسرارلىرىمىز يوق. راست گەپنى قىلسام، بۇگۈن ئەتىگەن ھېلىقى ئىپلاس تالوننى تاپماقچى بولۇپ ئىشخانىڭىزغا كىرگەن. ئۇنى تېپىلمىدى، لېكىن تۇرسۇنجان ئۇستىلىنى كۆرۈپ قالمىغاندۇ؟

— بۇگۈنغۇ كۆرمىدى، ئەمما ھامان بىر كۈنى كۆرىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشخانىغا ئوغرى كىرىپتۇ، دېسەك بولمىدىمۇ.

— ۋاي، ۋاي، ۋاي، كاللىڭىز ئەجەب ئىشلەيدۇ، جۇمۇك.

ئۇلار يەنە بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن مەسۇم قابىل چىقىپ كەتتى. ئۆزىنى خېلىلا يېنىك ھېس قىلغان پەيتۇل گىلەم ئۇستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ نۇردۇن خوجىنىڭ «مەسۇم قابىل سىزگە ھاسا تاياق بولۇپ قالغۇسى» دېگەن سۆزلىرىنى قايتا ئەسلەپ، «بۇ ھاسا تاياق ئاخىر تۇرسۇنجاننىڭ قاڭشىرىنى يارىدىغان بولدى» دەپ خۇشلۇقىغا سىغماي قالدى. مانا، مەسۇم قابىلغا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ھوقۇقىنى تەلتۆكۈس بېرىۋىدى، ئۇ باشقىدىنلا جانلىنىپ، پەيتۇلنىڭ ھەقىقىي جەڭگىۋار تايغىنىغا ئايلاندى. ھېلىقى بىر چاغدىكى قارا بوراندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن چىراي نەلەرگىدۇر يوقىلىپ، ئىچىدىكى ھۇنەر - ھىيلىلىرىنى ئايىماي كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھەي، ھەي، ھوقۇق دېگەن بۇ نەرسە ھېلىقى چۆچەكتىكى ئوتۇنچىنىڭ ئۇر توقمىقىدىنمۇ يامان بولسا كېرەك، شۇڭا خوتەنلىك دېھقانلارنىڭ «ھوي قوق» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن - دە.

پەيتۇل ھەمدەم خىياللارنى قىلىپ ئۇچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئالتىنچى باشلىق لوق-



مان ئىمىننىڭ «ئالدىدىن ئۆتۈپ» قويغان بولسىمۇ، كۆڭلىرى يەنىلا دەككە - دۈككىدە ئۆتۈۋاتاتتى. ئەگەر تاسادىپىي ئۆزگىرىش بولۇپ، باشقا بىرى تەكشۈرۈشكە كېلىپ قالسا قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟ دېگەن قورقۇنچلۇق ئوي ئىشتىھاسىنى بوغۇپ، ئۇيقۇسىنى قاچۇرماقتا ئىدى. لېكىن، بۇ چاغدا تۇرسۇنجان ئەرز قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەر كۈنى ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ جېدەل چىقىرىۋاتقان ئاپتورلار بىلەن جېدەل - ماجىرا ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنچىلىك تەرسا، تۇڭ ئىدىكى، تۇرسۇنجاننىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى، ئىزاھلىرىنى قېتىغىمۇ ئالماي ئاھانەت ياغدۇراتتى. «تالونغا قول قويۇپ پۇلنى ئېلىپ قاچىسەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق تېنىۋالىسەن» دېيىشىپ ياقىسىدىن بوغاتتى. تۇرسۇنجاننىڭ ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى تۆلىۋەتسە بىرەر غېرىب مويىمۇ تەۋرەپ قويمايتتى، بىراق ئوغرى، خىيانەتچى، ساختىپەز دېگەن نامىلار پاكىتتا ئايلىنىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ بىر ئەتىگەنلىكى سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە پەيتۇلنىڭ ئىشخانا ئىشىكىنى بىر تەپتى - دە، غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. قوش ئىشىكنىڭ تامغا سوقۇلۇپ، يەنە يېپىلىپ قالغاندىكى قاتتىق ئاۋازى ۋە تۇرسۇنجاننىڭ غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىن قورقۇپ كەتكەن پەيتۇل چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھەر ئىككىسى ھېلىلا بىر - بىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغاندەك ئەلپازدا بىر ھازا تىكىلىپ قېلىشتى.

— ئېيتە قېنى، مېنىڭ نامىمدا قانچىلىك پۇل ئېلىپ خەجلىدىڭ؟ سەنلا ئىقرار قىلىپ بىر پارچە ھۆججەت يېزىپ بەرسەڭ مەن ھەممىنى تۆلىۋېتەي، — تۇرسۇنجان سومكىدىن بىرنەچچە دەستە ئامېرىكا دوللىرى، خەلق پۇللىرىنى ئېلىپ ئۇستەلگە زەرب بىلەن قويدى، — خىيالىڭدا مېنى كەلمەيدۇ، دەپ ھەممە شالتاق، نىجاسەتلىرىڭنى مېنىڭ يۈزۈمگە سۈۋۈماق-

چى بولدۇڭما؟

— بۇ. . . بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق، — پەي-
تۇلنىڭ ئۇستەلگە تايىنىپ تۇرغان قوللىرى تىترەۋاتاتتى، —
ما. . مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن سۆزلىشىڭ.

— سېنىڭ بۇيرۇقىڭسىز ئۇلار ئۇنلۇكرەك كېكىرەلەمدا؟
ھەممە ئويۇننى ئوينىغان سەن! — تۇرسۇنجان ئۇستەلگە ئۇر-
دى، — تۇرلۇك - تۇمەن نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ مېنى خىزمەت-
تىن ھەيدىدىڭ، ھەممە گېزىت - ژۇرنال، نەشرىيات باشلىقلى-
رىغا يامان كۆرسىتىپ سېسىتتىڭ، بىرنەچچە ئاي بولماسلىقىم-
دىن پايدىلىنىپ تۆھمەت، سۇيىقەست قىلدىڭ. مېنىڭ جان
تىكىپ ئىشلىگەنلىكىمنىڭ سازايىمۇ بۇ؟ سەن دېۋاننى پىتلىق
چاپاندىن قۇتقۇزۇپ قويغانىنىڭ مۇكاپىتىمۇ بۇ؟ قېنى ئېيتە، —
تۇرسۇنجان دەھشەتلىك ۋارقىراپ ئۇستەلگە مۇشتلىغانىدى، ئەت-
راپتىكى ئىشخانىلارغا ئاڭلاندى، — نەشرىياتىڭنى باي قىلىپ،
ھەممە ئەيىب - نۇقسانلىرىڭنى يۆگەپ، ئاسراپ قالغانلىقىمغا
قايتۇرغان جاۋابىڭ شۇمۇ؟! نېمانچە تۇگىمەيدىغان ئۆچ - ئادا-
ۋەت بۇ؟ ئىچىڭ نېمانچە زەھەرگە توشۇپ كەتكەن ئادەمسەن!
پۇل، ھوقۇقتىن باشقا سېنىڭ نەزىرىڭدە باشقا يەنە نېمە بار؟
قېنى سۆزلىمەمسەن، زۇۋانىڭغا بىر نېمە كەپلىشىپ قال-
دىمۇ؟!

— سەن. . . سەن. . . مېنى ھاقارەتلەشكە نېمە. . .
نېمە ھەددىڭ، — چىرايى سۇپسۇر ئاقىرىپ كەتكەن پەيتۇل قى-
لىمدىغان گېپىنى تاپالماي قالدى، — يا. . . يامان بولساڭ
قا. . . قانۇنغا بار. مەن. . . مەن قورقۇپ قالمايمەن. . .

— ئالدىرىما، مەن قانۇنغىمۇ بارىمەن، — تۇرسۇنجان بى-
گىز قولىنى پەيتۇلنىڭ كۆزىگە چىنىدى، — سەن بۇ چاغقىچە
مېنىڭ ئۇستۇمدىن پىتنە - ئىغۋا تارقاتقان بولساڭ، ئەمدى مەن



سېنىڭ ئۇستۇڭدىن پاكىت، ئىسپات تارقىتىمەن. قېنى، ئىك-
كىمىز بىر ئېلىشىپ باقىلى، كىمنى كىم يەر چىشلىتىدۇ، شۇ
چاغدا كۆر!

تۇرسۇنجان پۇللارنى سومكىسىغا سالدى - دە، ئىشىكتىن
ئېتىلىپ چىقىشى، كارىدورغا توپلىشىپ كەتكەن كەسىپداشلى-
رى ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەسۇم قابىللا
كۆرۈنمەيتتى.

— تۇرسۇنجان، — دېدى پېشقەدەم مۇھەررىر نىياز ئاكا
پەيتۇلنىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويۇپ، — ئاخىرقى قارارغا
كېلىڭ.

— نىيازكام توغرا ئېيتىدۇ، شۇنداق قىلىڭ، — باشقى-
لارمۇ ۋارقىراشتى.

تۇرسۇنجان ھەممىگە باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ
قويدى - دە، توپتىن چىقىپ كەتتى. . .

## «ئورا» كولىغۇچىلار

لوقمان ئىمىننىڭ «گۈلدەستە» نەشرىياتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەسلىسى ۋە پەيتۇل بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىگىش ماجىرانى ھەل قىلغىلى كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولۇپ قالدى. ئۇ ئەتىگەندە كېلىپ كەچتە قايتىپ كېتىپ ئىشلىگەنسېرى، بۇ دېلونىڭ ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى پاكىتلار ئىنتايىن ئېنىق ھەم تولۇق ئىدى. تۇرسۇنجاننىڭ قىرىق مىڭ سوملۇق قەلەم ھەققى تالونىغا قول قويۇپ ئالغانلىقى، مالىيە بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ ئىسپاتى، بىر كىتابقا ئىككى قېتىم تەھرىرلىك ھېسابلاپ قانۇنسىز ئېلىۋالغان ئون بىر مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇلنىڭ قەلەم ھەققى كۆتەكلىرى «مانا مەن» دەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىدىكى نۇقتىلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرسۇنجان ئۇيۇشتۇرغانىدى. ئەگەر ئۇلارنى سۈرۈشتۈرگەندە غەيرىي نورمال ئۇسۇللار بىلەن خىيانەت قىلغان سەكسەن مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇل تۇرسۇنجاننىڭ زىممىسىگە توقۇلاتتى.

لوقمان ئىمىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن قايتا ئىسپاتنامە ئېلىش ئارقىلىق ئۈچ ھەپتىلىك خىزمىتىدىن خۇلاسە دوكلات يازدى. ئۇ دەۋاگەرنىڭ ئېغىزىدىن ئۆتكۈزۈش، ئىقرارنامە يازدۇرۇش ئۈچۈن تۇرسۇنجاننى چاقىرتتى. تەكشۈرۈش باشلانغاندىن بېرى بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش بولۇپ، بىرىنچى قېتىمدا تۇرسۇنجاندىن ئەھۋال



ئىگىلىگەنىدى.

ئېگىز بوي، ئاق كۆڭلەك ئۈستىدىن گالستۇكى پۇلاڭلاپ تۇرغان، تولا بوياشتىن چوقا چاچلىرى سارغايغان، كۆكچە قوغۇندەك سوزۇنچاق يۈزلۈك لوقمان ئىمىن ئالدىدا ئولتۇرغان دەۋاگەرگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ خۇلاسىنى ئوقۇشقا باشلىدى. بىراق، ئاخىرغىچە ئاڭلاشقا تاقىتى قالمىغان تۇرسۇنجان «بولدى قىلىڭ» دەپ ۋارقىرىدى.

— سىزنىڭ تەكشۈرۈشىڭىز شۇ بولىدىغان بولسا، مەن يۇقىرى سوتقا ئەرز قىلىمەن، — تۇرسۇنجان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئوقۇغانلىرىڭىز پاكىت ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان قۇرۇق سەپسەتە. سىز كىمنىڭ دېيىنى چېلىپ، ئېرىقىنى ياقىلاۋاتىسىز؟

— مېنىڭ يازغىنىم سەپسەتە ئىكەن، — لوقمان ئىمىن قاشلىرىنى لىككىدە ئاتتى، — قېنى، سىزمۇ پەلسەپە سۆزلەپ باقامسىز؟ پۈتۈن پاكىت، ئىسپاتلار ئېنىق تۇرسا، يەنە تېخى قورققان ئاۋۋال مۇشت تەڭلەپتۇ، دېگەندەك ھۆركىرەيسىزغۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، پاكىت ھامان پاكىت!

تۇرسۇنجان لوقمان ئىمىننىڭ قانداقتۇر مايلارنى سۈۋاپ پارقىراپ كەتكەن يۈزىگە، ئۆزىنى داۋاملىق ياساپ - تۈزەپ يۈرىدىغان ئەپتىگە قاراپ سەسكەندى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر قانۇن كادىرىنىڭ نورمال سالاپەتلىك سىياقى يوق ئىدى، شۇڭا تۇرسۇنجان تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ فورمىلىرىدىن ئەندىكىپ، قورقۇپ ئولتۇرمىدى.

— يازغان خۇلاسىڭىزدىكى پاكىت پاكىت ئەمەس، تۆھمەت! — تۇرسۇنجان خۇلاسىدىكى مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ئىنكار قىلىپ چىقتى، — توغرا، مەن ئاز سانلىق، ئۇلار كۆپ سانلىق، لېكىن مەنپەئەت ئۈچۈن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ باشقىلارنى كۆيدۈرۈش يولىدا بەرگەن ئىسپاتلىرى-

نى، قىلغان تۆھمەتلىرىنى ئىنچىكە ئېنىقلىماي، يېنىكلىك بىلەن خۇلاسە چىقىرىپ تەقدىرىم بىلەن ئوينىشىمەن دەيدىكەن. سىز، سىزنىمۇ سورايدىغان يەرگە بېرىپ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىمەن.

تۇرسۇنجاننىڭ سۆزلىرىدىن سەل چۆچۈپ قالغان لوقمان ئىمىن ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا ياۋاش، كالۋا، قورقۇنچاق ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇڭا تارىنى سەل بوشىتىپ پەدىنى يۆتكىدى:

— قاراڭ تۇرسۇنجان، بىز زىيالىيلار پاكىتقا ھۆرمەت قىلىمىز، — لوقمان ئىمىننىڭ ئاۋازى بايىقىدەك قوپال ئەمەس ئىدى، — قىرىق مىڭ سوملۇق تالونغا قويغان ئىمزايىڭىز، ئاي، كۈن چېسلالىرى، بىر ئەمەس ئۈچ ئادەمنىڭ ئىسپاتى تۇرسا، بۇ پاكىت بولماي نېمە؟ «بىر كىتابقا ئىككى قېتىم تەھرىرلىك ھېسابلاپ ئالغان ئون بىر مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇلنى پەيتۇلغا بەردىم» دەيسىز، بىراۋغا بىكاردىن-بىكار پۇل بېرىدىغان ساراڭ ئادەم يوقتۇ. پەيتۇلنىڭمۇ باشقىلارنىڭ شۇنچە كۆپ پۇلنى تارتىۋېلىشقا بېشى ئون ئەمەستۇ؟ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرى ئۆزگەرتىلگەن، پەيتۇل ئۆزى ئۇيۇشتۇرغان كىتابلارنى سىزگە ئارتىپ قويغان دەيلى دېسەك، دەپتەردە ئۆچۈرۈلگەن، شالتاق بولغان ياكى قىرقىلغان يەرلەر يوققۇ؟ بوپتۇ، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى سىز ئېيتقاندەك بولدى دەپ پەرەز قىلايلۇق، بۇنىڭغا ئادەم ۋە ماددىي پاكىت بولۇشى كېرەكتە.

لوقمان ئىمىننىڭ ئېيتقانلىرى قارىماققا يوللۇقتەك قىلاتتى. لېكىن، تۇرسۇنجان ساختا تالونغا، ئون بىر مىڭ سومدىن ئارتۇق قەلەم ھەققىگە، ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارغا گۇۋاھچى ھەم ماددىي پاكىتلارنى نەدىن تاپالىسۇن؟ بۇلار پەقەت ئىككىلا ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم-بېرىم ئىشلىرى تۇرسا. ئۇ



بەش-ئالتە يىل ئىچىدە يەتتە قېتىمدەك قەلەم ھەققىنى ئۆزى قول قويۇپ ئېلىپ پەيتۇلغا تاپشۇرغانىدى، لېكىن ئۇ ئىللا-بىللا ئالمىدىم دەپ تېنىۋالدى. ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىدىكى پەيتۇل ئۇيۇشتۇرغان نۇرغۇن كىتابلارنىڭ تۇرسۇنجانغا يېزىلىپ قالغانلىقىدىن شۇنى كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، دەپتەرنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئۆزگەرتىلگەنلىكى ياكى قايتا كۆچۈرۈپ چىقىلغانلىقى راست، بۇنىڭغا كىم گۇۋاھ بولالايدۇ؟ تۇرسۇنجان خىزمەتتىن قالدۇرۇلغاندا بۇ دەپتەرنى مەسۇم قابىلغا تاپشۇرغانىدى. ئۇ ئەلۋەتتە بىلىشى كېرەك ئىدىغۇ. تۇرسۇنجان پەيتۇلغا بەرگەن ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز سوم پۇلنى ئۇ كۆرگەنىدى. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق نېمە ئۈچۈن لوقمان ئىمىنغا ئىسپات بەرمەيدۇ؟

چارىسىزلىك ئىسكەنجىسىدە قالغان تۇرسۇنجان مەسۇم قابىل بىلەن كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، لوقمان ئىمىننىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى تۇرسۇنجاندىن كۆرە مەسۇم قابىلنىڭ ئون باراۋەر غەزىپىنى كەلتۈردى. يىللاردىن بېرى «ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، بالىلىرىڭىز ئوقۇسۇن» دەپ داۋاملىق توشۇپ تۇرغان كىتاب-ژۇرناللارنىڭمۇ يۈزىنى قىلمىدا. بۇ ياسانچۇق پەيتۇلنىڭ بىرەر قېتىم گېلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن لوقمىسى تاتلىق تېتىپ كېتىپ ئۇنى سۈتتىن ئاق، تۇخۇمدىن ساق قىلىپ ئاقلاپ قۇتقۇزۇپ قالماقچىمىكەن! مەسۇم قابىل نېمە كويدا، لوقمان ئىمىن نېمە ئويدا، دېگەنگە ئوخشاش زەھەردەك خىياللار مەسۇم قابىلنى ئولتۇرغىلى قويمىدى. ئۇ شۇ كېچىسىلا تۇرسۇنجاننىڭ ئىشىكىنى قاقتى. لوقمان ئىمىن بىلەن تاكاللىشىپ ئەمدىلا ئۆيىگە قايتىپ كىرگەن تۇرسۇنجان تېخى ياتمىغانىدى.

— مەسۇم قابىلمۇ سىز، مەنمۇ سىزنى ئەتە ئىزدەي دەپ تۇراتتىم، — تۇرسۇنجان ئىشىكنى چوڭ ئېچىپ ئۆزى بىر چەتكە

ئۆتتى، — قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

— ئۆيگە كىرمەيلى، يۈرۈڭ، ئىشخانىغا چىقايلى.

مەسۇم قابىلنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىنى كۆرگەن تۇرسۇنجان بىر ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك دەرھاللا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. مەسۇم قابىل دەرۋازا قاراۋۇلىغا: «تۇرسۇنجان بىر ماتېرىيالنى ئىزدىمەكچى، مەن ئىشخانىنى ئېچىپ بەرمىسەم بولمايدۇ» دەپ يالغان ئېيتىپ خىزمەت بىناسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتۇردى-دە، پەلەمپەيگە ئالدىراپ قەدەم ئالدى.

مەسۇم قابىل ئىشخانا چىرىغىنى يېقىپ تۇرسۇنجاننى دىۋانغا تەكلىپ قىلدى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا يېقىن ئارىلىقتا ئورۇندۇقنى سۈرۈپ كەلدى. ئۇلار تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بىردەم جىم ئولتۇرۇشتى. تۇرسۇنجان ئەمدىلا سۆزلەي دەپ تەمشىلىشى، مەسۇم قابىل ئۇنى «بولدى، سۆزلىمەڭ» دېگەندەك قولىنى كۆتۈردى ھەم تۇرسۇنجان لوقمان ئىمىن بىلەن سۆھبەتلىشىشنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ چاقىرتىلغانلىقىنى، خولاسىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنىڭ توقۇپ چىققان پايتىملىرىغا قول قويمىغانسىز؟ — سورىدى مەسۇم قابىل قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا، — بۇ ئەبلەخنىڭ بۇنداق يۈزىدە تۈكى بار مەخلۇق ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمىگەنىكەنمەن. تېخى سىزگە سايە قىلغىنىمنى كۆرمەمسىز.

— قىزىقكەنسىز مەسۇم قابىل، مەن ئۇنىڭ بىر نېمىسىگە قانداقمۇ قول قوياي.

— تۈز كۆڭۈللۈكمۇ يولىدا بولغىنى ياخشى، — مەسۇم قابىلنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — سىز پەقەت ساختا تالونى ئېنىقلاپ، ئۆزىڭىزنى ئاقلاش ئۈچۈنلا مەيدانغا چۈشتىڭىز، لېكىن پەيتۇلچۇ؟ ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرىقى راست-يالغان نەرسىلەرنى قۇراشتۇرۇپ، ساختا مەيدان ھازىرلاپ، سىزنى



چوڭ خىيانەتچى قاتارىدا كۆزدىن يوقاتماقچى. ئېنىقراق ئېيتسام، تۈرمىگە كىرگۈزمەكچى. بۇلارنى سىز ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

— بۈگۈنكى خولاسىدىن كېيىن مەنمۇ چۈشەندىم، پەيتۇل ھەقىقەتەن كۆڭلى قارا نېمىكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى ماڭا ئارتىپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ.

— توغرا، سىز باغنى كۆرسىڭىز، ئۇ باغدادنى كۆردى، سىز تاش سانىسىڭىز ئۇ قۇم سانىدى، — مەسۇم قابىل ئىشىك سىرتىغا قارىۋېتىپ قايتىپ كەلدى، — شۇڭا سىزمۇ رەھىم قىلماڭ. ئۇنىڭ كونا-يېڭى مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقمىغۇچە ئۇ ھوشىنى تاپمايدۇ ھەم ئۆزىڭىزنى ئاقلاپ چىقالمايسىز.

— مەنمۇ شۇنداق ئىرادىگە كەلگەن. بىراق، ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىپ، باشقىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغاچقا، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تۇرىمەن.

— سىز قولۇمدا پاكىت يوق دېمەكچىمۇ؟ بېرى كېلىڭ، — مەسۇم قابىل تۇرسۇنجاننى بۇلۇڭدىكى تەتۈر قويۇلغان خىزمەت ئۈستىلى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، — قېنى، بۇنى بۇياققا ئۆرۈيلى.

تۇرسۇنجان خىزمەت ئۈستىلىنىڭ تارتما، ئىشكاپ ئىشىكلىرىدە ساڭگىلاپ تۇرغان ئىلغۇ، بوزۇلغان قۇلۇپىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭلا قالدى.

— بۇ پاكىت بولماي نېمە؟ قارىڭا، قۇلۇپ، ئىلغۇلارنى كىم چاققاندۇ؟ ئۇ نېمىنى ئىزدىمەكچى؟ — مەسۇم قابىل ئۈستەلگە مۇشتلىدى، — بىلسىڭىز، ئۇنىڭ تەقدىرىنى ۋەيران قىلىدىغان پاكىت نەق سىزنىڭ قولىڭىزدا!

تۇرسۇنجان دەماللىققا ئەسكە ئالالمىدى.

— تېڭىرقاپ قېلىشىڭىزغا قارىغاندا يەنىلا يادىڭىزغا ئالال-

مىدىڭىز. سىز دەسلەپ خىزمەتكە ئولتۇرغاندا پەيتۇل ئۇيغۇر
بۆلۈمگە ئائىت ماتېرىياللار بىلەن نېمىنى قوشۇپ بەرگەنىدى؟
تۇرسۇنجان پېشانىسىگە ئۇردى. شۇ چاغدا پەيتۇل تۇرسۇن-
جاننى يۆتكەپ ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقىدا، بۇرۇن يېزىلغان
بىرنەچچە يىللىق قەلەم ھەققىلىرىنىڭ كۆتەكلىرىنىمۇ قوشۇپ
بېرىۋەتكەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان ھېكمەت ئۇ تالونلارنىڭ بىر
چاغلاردا ئەسقېتىپ قالىدىغانلىقى، شۇڭا ئىشخانىدا قويماي ئۆيدە
ساقلاشنى دېگەنلىكى ئۈچۈن، تۇرسۇنجان ئۇنى كونا كۆن چاما-
دانغا سېلىپ كارىۋات تېگىگە تىقىۋەتكەنىدى.

— مانا، ئېسىڭىزگە ئالدىڭىز، — دېدى مەسۇم قابىل
تۇرسۇنجاننىڭ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەشنى كۆرۈپ، — ئاشۇ
تالونلار ئارقىلىق پەيتۇلنى بىر يولىلا ئۈجۈقتۇرۇۋەتكىلى بولى-
دۇ ئەمەسمۇ! قېنى يۈرۈڭ، مەن سىزگە بىر سۈيىقەستنى
كۆرسىتەي.

ئۇلار ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەسۇم قابىل
ئۈستىلىنىڭ ئىشكاپىدىن ئۈيۈشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملايدى-
غان دەپتەردىن بىرنى ئالدى - دە، تۇرسۇنجانغا سۇندى.

— بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ، سىزنى خۇشال قىلالامدۇ، بىلـ-
مىدىم، — مەسۇم قابىل كۈلدى، — پەيتۇل ئۆز ۋاقتىدا بۇ
دەپتەرنى سورىغاندا، ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بارلىقىنى بىلىپ،
بىر نۇسخا كۆپەيتىۋالغانىدىم.

— رەھمەت سىزگە مەسۇم قابىل، سىز مېنى بەكمۇ
مۇھىم پاكىتلار بىلەن تەمىن قىلدىڭىز، — تۇرسۇنجان چىن
كۆڭلىدىن مەمنۇن بولدى، — لوقمان ئىمىننىڭ خۇلاسىسىنى
ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالغانىدىم.

مەسۇم قابىل تۇرسۇنجاننى مۇھىم بولغان ئىككى خىل
پاكىت بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەر بۇ ئىككى يىپ ئۇچىنى بويلاپ
ئوبدان قېدىرىپ چىققاندا، پەيتۇلنىڭ تونىنى پىچىپ، كەشنى



توغرىلاپ قويغۇدەك ئىقتىسادىي مەسىلىلەر چۇۋۇلۇپ چىقاتتى.
يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ تەھرىرلىك ئەخلاقىغا ياتمىدىغان خاتا-
لىقلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مەسۇم قابىل تۇرسۇنجان-
نىڭ قولىغا ئىككى كارولنى تۇتقۇزۇپ، «ساختا تالون» دىن
ئىبارەت كوزىرنى ساقلاپ قالدى. ئەگەر بۇ كوزىر ئاشكارىلانغان-
دا تۇرسۇنجان نۇقسانسىز ئاقلىنىپ ئورنىدىن دەس تۇراتتى.
بۇ مەسۇم قابىل ئۈچۈن خەۋپ ئىدى، خەۋپ بولغاندىمۇ نەچچە
يىللاردىن بېرى مىكىر سۇلىرىدا لاي ئېتىپ، ھىيلە خىشلىرىنى
بىر - بىرلەپ قويۇپ ياساپ چىققان ئارزۇ - رېجى بىناسى بىر
مۇشت بىلەنلا ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىرىق مىڭ
سومدىن ئىبارەت بۇ تۇگمەن تېشى بۇ تىنىم تاپماس ئىسلاھاتچى-
نىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ، بېشىنى مەڭگۈ كۆتۈرەلمەس قىلى-
ۋېتىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

— تۇرسۇنجان، بۇ دەپتەرنى، — مەسۇم قابىل ئۇيۇشتۇ-
رۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىگە قاراپ قويدى، — ئۆز
ۋاقتىدا ئۆزۈم بىر نۇسخا كۆپەيتىۋالغان دەپ قويارسىز. بۇنداق
دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، مېنىڭمۇ بالىلىرىم، ئائىلەم بار
ئەمەسمۇ. سىز دۇچار بولغان تەقدىرگە مەنمۇ ئۇچراپ قالماي،
چۈنكى پەيتۇلنىڭ مىجەزى سىزگە ئايان.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ تەرەپلىرىنى چۈشىنىمەن.

ئۇلار كونا قەلەم ھەققى تالونلىرىنى، ئۇيۇشتۇرۇلغان كى-
تابلارنى تىزىملاش دەپتىرىنى قانداق تەكشۈرۈش، قايسى تەرەپ-
لىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈش، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر-
دىن قانداق ئۇسۇلدا ئېنىقلاش قاتارلىق ئىشلار توغرۇلۇق مەس-
لىھەت قىلىشقاندىن كېيىن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما،
ئەتىسى مەسۇم قابىل ئىشخانىسىدا ئولتۇرغان چاغدا پەيتۇل
كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مېڭىش - تۇرۇش، ئاۋاز تەلەپپۇزلىرى-
دىن خېلىلا خاتىرجەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەسۇم قابىل، ئاڭلىسام كېچىدىن تۇرسۇنجان بىلەن ئىككىڭلار ئىشخانىغا كىرگەن ئوخشايسىلەر، — پەيتۇل ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئولتۇردى، — ئۇ كاساپەت جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەندە يەنە نېمە ئويۇنلارنى ئويناۋاتىدۇ؟

مەسۇم قابىل ئۇنىڭ مەيدىسىدە يېيىلىپ تۇرغان قوش ئېڭىكىگە، ئىششىپ قالغاندەك سېمىز يۈزىگە، بادام قاپاقلىرىغا قاراپ، تۇيۇقسىز ئىچ - ئىچىدىن زەھەر قايىنىدى، چۈنكى ئۇ پەيتۇلنىڭ دەرۋازا قاراۋۇللىرىغىچە ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى.

— بۇ ئىشنى سىزگە دەي دەپ تۇراتتىم، ھېلىمۇ ياخشى ئۆزىڭىز كىرىپ قالدىڭىز، — دېدى مەسۇم قابىل تەمكىن ھالدا، — كېچىدىن بىر كىم ئىشكىمنى قاقتى، چىقسام تۇرسۇنجان. ئۇ، ئۇستىلىمنىڭ ئىشكاپىدا بىر ماتېرىيال بار ئىدى، ئىشخانىنىڭ ئاچقۇچىنى بەرسىڭىز، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەي بىللە چىقتىم.

— ئەقلىڭىزنى ئىشلىتىپسىز. شۇ باھانىدە ئۇ نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ دەيسىز، — دېدى پەيتۇل، — ھە، ئۇ قانداق ماتېرىيال ئالماقچىكەن؟

— تۇرسۇنجان دەسلەپتە ئۇستىلىنى كۆرۈپ چىچاڭشىپ كەتتى. مەن «ئىشخانىغا ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ» دېسەم، ئۇ: «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك دېگەن شۇ - دە، پەيتۇل ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسە ئىزدەپ قۇلۇپ، ئىلغۇرلارنى چاققان گەپ. ئۇ قارا قورساق كالۋادا باشلىقلىق سالاھىيىتى نېمىش قىلسۇن. ۋۇي پەس ئوغرى، شۇ كۈنگە قالغۇچە دىۋانىلىك قىلساڭچۇ» دەپ تىللاپلا كەتتى.

پەيتۇل زۇۋان سۈرەلمىدى. مەسۇم قابىل تۇرسۇنجانغا يۈلەپ بىر پۇخادىن چىقىۋالدى. چۈنكى، كېچىدە بولغان ئىشنى ئۇنىڭ سۈرۈشتە قىلىشى مەسۇم قابىلنىڭ قورسىقىنى كۆپۈرۈپ



قويغانىدى.

— پەيتۇلكا، سىزمىچۇ قۇلۇپ، ئىلغۇرلارنى چاققانغا تۇشلۇق ھەممە نەرسىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىڭىز بولمامدۇ، — مەسۇم قابىل كېلىشتۈرۈپ نەشتىرىنى سانجىدى، — مانا، كۆتۈرۈپ قويغۇسىز سەۋەنلىكتىن بىرنى ئۆتكۈزۈپسىز.

— نېمە، نېمە؟ قانداق سەۋەنلىككەن ئۇ؟

— ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىدىن بىر نۇسخا كۆپەيتىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ، ئۇ نەق شۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى...

پەيتۇلنىڭ كۆزلىرى بىر چېكىتكە تىكىلگىنىچە قارىچۇقلىرى قېتىپلا قالدى.

— سىززە، سىز... — مەسۇم قابىل بېشىنى چايقىدى، — كونا قەلەم ھەققى تالونلىرى بىلەنلا بولۇپ قېلىپ چوڭ خاتالىقتىن بىرنى سادىر قىلدىڭىز. مانا ئەمدى ھېلىقى قايتىدىن ياساپ چىققان دەپتىرىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ بېرىدىغان بولدى.

— مەسۇم قابىل، ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ — پەيتۇل يېلىنغاندەك قارىدى، — بۇنىڭغا بىرەر ئامال - چارە بارمىدۇ؟

مەسۇم قابىلنىڭ كۆڭلىدىن بىر ئوي لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئەلۋەتتە، كىتاب ئۇيۇشتۇرغان، ئۇيۇشتۇرمايمۇ قەلەم ھەققى يېزىپ ئۆزى ئالغان مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى مېھمان قىلىش، تېلېفون بېرىپ خەۋەرلەندۈرۈش، ئۆزى ئالاقىلىشىپ پىكىر بىرلىككە كېلىش ئۇسۇللىرىنى ئالدىن قوللىنىپ «ئىز ئۆچۈرۈش» تەك ئامال - چارىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بىراق، ئاللىبۇرۇنلا ئۇنىڭدىن قولىنى يۇيۇپ قولتۇقىغا ئېرىتىۋەتكەن مەسۇم قابىل پەيتۇل ئۈچۈن ئەمدىلا قېزىلىۋاتقان گۆرگە توپا تاشلاپ تىندۇرغۇسى كەلمىدى.

— مۇمكىن ئەمەس، پەيتۇلكا، ئەمدى پېشانىڭىزگە كەلگەننى كۆرۈڭ، — مەسۇم قابىل راست گېپىنى قىلدى، — بۇگۇن ئەتىگەن قارا سومكىسىنى كۆتۈرگەن تۇرسۇنجان ماڭا ھويلىدا يولۇقۇپ، ھېكمەتنىڭ قېشىغا بارىدىغانلىقىنى دەپلا چىقىپ كەتتى. ئۇلار بەلكىم ھازىر ئۇ دەپتەرنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى باشلىۋەتكەندۇ!

مەسۇم قابىل ئەۋلىيادەك پەرەز قىلغانىدى. ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان ماھىگۇلنىڭ چوڭ مېھمانخانىسىدا ئۈن - تىۋىشسىز ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت قەغەزلەرنىڭ شىرىقلىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاماق ئۈستىلى ئۈستىگە دەستىلەپ قويۇلغان قەلەم ھەققى تالونلىرى يىل - ئاي تەرتىپى بويىچە ۋاراقلىنىپ، ئۆيۈشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىگە سېلىشتۇرۇلاتتى ھەم ئوخشاش بىر كىتابقا قانچە قېتىم قەلەم ھەققى يېزىلىپ كىملەرگە ئەۋەتىلگەنلىكى، پۇل سانى، تەھرىرلىك، ئۈستىدىن كۆرۈپ بېكىتىش، تەرجىمە دېگەندەك ئىش تۈرى قاتارلىقلار ئايرىم دەپتەرگە كۆچۈرۈلمەكتە ئىدى. قەلەم ھەققى يېزىلغانلارنىڭ كۆپلىرى ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولىسى كەسپىي خادىم بولماي، بەلكى مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. قەلەم ھەققى تالونى ھەم ئۆيۈشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىدە ئارىلاپ يازغۇچى، شائىر، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭمۇ ئىسمى ئۇچراپ قالاتتى. ئىش تۈرى كاتەكچىسىدە بولسا «تەرجىمە» ياكى «تەھرىرلىك» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان كەچلىك تاماقنىچە قەلەم ھەققى تالونىدىن ئىككى دەپتەر، ئۆيۈشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىدىن بىرنەچچە بەتنى كۆرۈپ، سېلىشتۇرۇپ، خاتىرىلەپ تۈگىتەلىدى. ئۇلار ماھىگۇل ئەتكەن لەڭمەننى يەپ، يەنە ئىككى سائەتتەك ئىشلىگەندىن كېيىن، تۇرسۇنجان قايتماقچى بولدى.



ھېكمەت: «ئەتە ئەتىگەن يەنە كېلىپ يۈرگۈچە قونۇپ قال» دېگەنىدى، ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى.

ھەر كۈنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، خاتىرىلەش، مۇھىم ھەم گۇمانلىق دەپ قارالغان ئىسىملارغا بەلگە قويۇش بىلەن شۇغۇللانغان ھېكمەت، تۇرسۇنجان ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئىشنى ئاخىرلاشتۇردى. ئاندىن ئۇلار مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئۈستىدە كېڭىشىۋالغاندىن كېيىن، ئەتىسىلا ئىككىسى بىرلىكتە «سەپەر» نى باشلىۋەتتى. ئۇلارنى گۇمانغا سالغىنى بىر - ئىككى قېتىم قەلەم ھەققى ئالغان، لېكىن ئۆزلىرى ئەدەبىيات ياكى ئەدەبىي تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللانمايدىغان بىرنەچچە ئورگان باشلىقلىرى ئىدى، ئۇنىڭدىن قالسا بىرقانچىلىغان يازغۇچىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ قەلەم ھەققى ئالغىنى نۇردۇن خوجا ئىدى.

— تۇرسۇنجان، نۇردۇن خوجا بىلەن سۆزلەشسەك ئۈنۈمى بولارمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت، — ياكى خاپا بولۇپ توقۇمنى قارىنىغا ئالارمۇ؟

— مۇمكىن ئەمەس، — تۇرسۇنجان قول سىلكىدى، — پەيتۇل ئۇنىڭ سادىق مۇرىتى تۇرسا، ئۇنى ئاسرايدۇكى، يامان گېپىنى قىلمايدۇ.

ئۇلار بىر - ئىككى بېكەت ئارىلىقنىمۇ تاكسى بىلەن بېرىپ ئىككى كۈن ئارىلىدى. ھەر خىل ياسىداق ئۆيلەرگە، ئىشخانىلارغا كىرىپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلەشتى. بەزى تۈز كۆڭۈل سادда باشلىقلار: «پەيتۇل تۈنۈگۈن كەپتىكەن، تەربىيە بېرىپ قايتۇردۇم. ئۇ بىر چاغدا قانداقتۇر كىتابنى ئەكېلىپ تاشلاپ قويدى. مەن ‹مەن بۇنىڭ ئەھلى ئەمەس، قولۇمدىن كەلمەيدۇ›، دېسەم، ئۇ ‹ئۆيىڭىزدە بىر - ئىككى ھەپتە تۇرغاچ تۇرسۇن›، دېدى. كېيىن بىر كۈنلەردە تۇيۇقسىز

تەرجىمە ھەققى دەپ ئۈچ مىڭ سوم كېلىپ قالدى. پەيتۇلغا
ئېلىپ كېتىش ھەققىدە تېلېفون بەرسەم، خاپا بولغاندەك قىلـ-
دى» دەپ راست گېپىنى قىلدى. «ئۆزۈم يازغۇچى بولمىغىنىم
بىلەن ئەدەبىياتنى چۈشىنىمەن. كۆپ لۇغەتلەرنى كۆرۈپ يۈرۈپ
ئۇ رومانىنى تەھرىرلەپ بەردىم» دەپ پو ئاتقانلارمۇ بولدى. نامى
ئاتالغان پېشقەدەم يازغۇچىلاردىن بىرى: «سىزنىڭ نامىڭىزدا قە-
لەم ھەققى يازىمەن، خەۋەردار بولۇپ قالارسىز، دەپ تېلېفون
بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بىرقانچە قېتىم چەك تاپشۇرۇۋال-
دىم. ئىككى نۆۋەت ئۆزى ئېلىپ كەتتى، بىر قېتىمدا ئۆزۈم
ئاپىرىپ بەردىم» دېدى. ئۇ ئۈچ قېتىملىق ئەۋەتىلگەن پۇلنىڭ
سانىنى يادىدا تۇتۇۋالغانىدى. ئەمما بىرقانچىلىغان يازغۇچىلار
«تەھرىرلىك ھەققىم»، «ئۈستىدىن كۆرۈپ بېكىتىش ئەمگە-
كىم» دېگەن بولسىمۇ، كىتابنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمىدى.
ئۇلارنىڭ پەيتۇلنى يۆلەۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

نېمە ئۈچۈندۇر، ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان ئۇچراشقانلىكى
ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىدىن پەيتۇلنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكى سېزى-
لىپ قالاتتى. دېمىسىمۇ ئۇلار ئىككىسى پەيتۇلنى بىر - ئىككى
قېتىم چوڭ كوچا، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە چېلىقتۇرۇپ قالدى،
ھەتتا ھېكمەت، تۇرسۇنجانلار كىرگەن كوچىدىن ئالدىراپ كې-
لىۋاتقان پەيتۇلنى تاكسى دېرىزىسىدىن كۆرۈپ ھەيران بولۇش-
تى. ئۇنىڭ «ئىز ئۆچۈرۈش» ھەرىكىتىنى ئېھتىياتچانلىق بى-
لەن ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى كىچىك ماشىنىسىنى ئىشلەتمىگەنلى-
كىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان تەكشۈرۈشنى باشلاپ ئۈچىنچى
كۈنى ئەتىگەندە، ئىككى نۆۋەت خېلىلا كۆپ قەلەم ھەققى يېزىل-
غان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ مەكتىپى-
گە باردى. ئەمما، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۆز يۇرتلىرىغا
كەتكەنىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە رىشات ھەسەن ئىسىملىك بىر



بالىنىڭ ئۈرۈمچىگە تەقسىم قىلىنىپ قېپقالغانلىقىنى ئاڭلاپ،
تاكسى بىلەن ئۇنىڭ ئىدارىسىگە بىردەمدىلا باردى. ھېكمەت
ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، پەيتۇلنىڭ قانچىلىك قەلەم
ھەققى ئەۋەتكەنلىكىنى سورىشى، رىشات ھەسەن قايناپلا كەتتى.

— ئا. . . ئۇ قاملاشمىغان ئادەمكەن، — دېدى رىشات
ھەسەن قوللىرىنى شىلتىپ، — دەسلەپتە «تەرجىمە قىلىڭلار»
دەپ كىتاب بەردى. ئىككى ساۋاقدىشىمنىڭ بىرلىشىپ تەرجىمە
قىلغىنى خېلىلا قېلىن كىتاب، مېنىڭ بولسا ئۇلارنىڭكىدىن
نېپىزرەك ئىدى. بۇنداق ئىش ئوقۇغۇچىلارغا ئاسان دەمسىز.
دەرسلەر ئېغىر، پائالىيەتلەر كۆپ بولسىمۇ، بىرەر يىللىق
تاماق پۇلىمىز چىقىپ قالغۇدەك دەپ، قۇرۇق نان يەپ، كېچى-
لىرى دەم ئالماي، بەش - ئالتە ئاي تەرجىمە قىلىپ ئاپارساق،
نېمە دەيدۇ دېمەمسىز: «سىلەر بولساڭلار ئوقۇغۇچى، بۇ تەرجى-
مەڭلەرنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن بىرنەچچە كىتابنى تەر-
جىمە قىلساڭلار تەرجىمىدە پىششىپ قالىسىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن
سىلەرگە داۋاملىق كىتاب ئۇيۇشتۇرىمەن» دەپ بىرمۇنچە دۇئايى
سالام بىلەن يولغا سالدى. كېيىن مەسۇم قابىل دېگەن ئادەمدىن
ئاڭلىساق، قەلەم ھەققىنى ئۆزى ئاپتۇ، دەۋا قىلايلى دېسەك بىر
يۇرتلۇقكەنمىز.

ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان سۆھبەتلەشكەن ئادەملەردىن
ئىسپاتنامە، ھۆججەت يازدۇرۇپ ماڭدى. تىزىملىكتىكى ئادەم-
لەر يەنە خېلىلا بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار تۆتىنچى كۈنى بۆلۈنۈپ
تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا مېڭىپ ئالتە كۈن بولغاندا، كۆرۈشۈشكە
تېگىشلىك نۇقتىلىق ئادەملەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ مۇشكۇل بىر
ۋەزىپىنى تۈگەتتى. ئاندىن يازدۇرۇلغان ئىسپاتنامە، ھۆججەت-
لەردىكى پۇلنىڭ قانچىلىكى ئارتۇق ئېلىۋېلىنغان، قانچىلىكى
ئەجىر ھەققى ياكى پەيتۇلنىڭ باشقىلار نامىدا ئىگىلىۋالغىنى،
شەكلى ئۆزگەرگەن پارا، شۇنداقلا بىر كىتابنىڭ تەھرىرلىكى

ياكى تەرجىمىسى بىرقانچە ئادەملەرگە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، نەشرىياتنىڭ قانچىلىك پۇلىغا زىيان سالغان. . . قاتارلىق تۈرلەرنى پەيتول، لوقمان ئىمىنلەر كاۋاك تاپالمىغۇدەك ئىنچىكە خۇلاسىلەپ بېكىتكەندىن كېيىن، تۇرسۇنجان لوقمان ئىمىننىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ كونا قەلەم ھەققى تالونلىرى، ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ قىلىپ بەرگەن ھۆججەتلىرى، پەيتولنىڭ تۇرسۇنجاندىن يولسىز ئېلىۋالغان ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز سوم قەلەم ھەققىنى كۆرگەنلىك ھەققىدىكى مەسۇم قابىلنىڭ بەرگەن ئىسپاتنامىسى، شۇنداقلا تەكشۈرۈشتىن يېزىلغان خۇلاسىنى ئۈستەلگە يايدى. بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتكەن لوقمان ئىمىن بىر چاغدىلا يالغان يۆتىلىپ، ئۈستەلگە يېيىلغان ماتېرىياللارنى رەتلەپ تارتمىسىغا سالدى:

— ئەگەر بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىرەرى ئېھتىياتسىزلىقتىن يوقاپ كەتكۇدەك بولسا، — دېدى تۇرسۇنجان تەمكىن ھالدا، — مەن تولۇقلاپ بېرىمەن. چۈنكى كۆپەيتىش ماشىنىسىدا بىرنەچچە نۇسخا كۆپەيتىۋالدىم. . .

— بولىدۇ، مەن بۇلارنى ئۆز ئىگىلىرى بىلەن نەقلەشتۈرۈپ بىر نېمە دەي، — لوقمان ئىمىن يېڭىلا بويىغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويدى، — كىم بىلىدۇ، ماۋۇ ھۆججەتتەك قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالامدۇ.

لوقمان ئىمىن تارتمىسىدىن ئالىقانىدەك قەغەزنى ئېلىپ تۇرسۇنجانغا سۇندى. بۇ ھۆججەتنى پېشقەدەم يازغۇچى ئاماندىن قارى يازغان بولۇپ، ئۇ پەيتولغا ئەكېلىپ بەرگەن تۆت قېتىملىق قەلەم ھەققىنى «تەھرىرلىك ئۈچۈن ئالدىم» دەپ يازغانىدى. ئاماندىن قارى تۇرسۇنجان بىلەن سۆزلەشكەندە: «ھۆججەت يېزىپ بەرمەي، ئۆز ئاغزىمدا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلاي» دەپ قويۇپ، لوقمان ئىمىننىڭ ئالدىدا گېپىدىن يېنىۋالغانىدى.



تۇرسۇنجان ئىككىنچى قېتىم سۆزلەشكەندە ھەممىگە ئىقرار بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە بۇ ھۆججەتنى يېزىپ بېرىپتۇ.

تۇرسۇنجان شۇ كۈنى كەچتىلا ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ ناھايىتى خاپا بولۇپ كەتتى:

— بىر پېشقەدەم يازغۇچىمۇ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلسا، ئۇنىڭدا ھەق - ناھەق كۆزقارىشى بارمۇ، يوق؟! بىر ئادەمنىڭ تۆھمەت بىلەن كۆيۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن قورقسا.

— ئەمدى ئۇ ئادەمنىمۇ ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ، بەلكىم ئۇنىڭمۇ يۈز كېلەلمەيدىغان يەرلىرى باردۇر، — ھېكمەت تۇرسۇنجاننىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ كۆرەمسەن يە؟

— ئۇن قېتىم سۆزلەشسەممۇ ئوخشاش، ئالدىمدا ھەممىگە ئىقرار قىلىدۇ، ئەمما. . .

— توختا، بىر ئامال بار، — ھېكمەت ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، كىچىك يانچۇق ئۈنئالغۇسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، — بۇ قىزىم ئۇچقۇنئاينىڭ ئىنگلىزچە ئۆگىنىدىغان ئۈنئالغۇسى، ئەڭ تۆۋەن شەپىنىمۇ تارتالايدۇ. تويدۇرماي كۆنۈپكىسىنى بېسىپ قويساڭلا بولدى.

— ۋاي، ۋاي، ئاجايىپ كاللاڭ بار - دە، — تۇرسۇنجان كۈلۈۋەتتى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئاماندىن قارىنىڭ ئۆيىگە باردى. يۇمشاق چاچلىرى ئاقارغان، تاقىر چوققىسىدا ئۈچ - تۆت تال چاچ يۆگىشىپ تۇرغان ياشانغان يازغۇچى ئۇنى مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە باشلىدى. تۇرسۇنجان بىلەن بولۇنىدىغان كۆڭۈلسىز سۆھبەت ئۆزىگە ئايان بولغاچقىمۇ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بۇ ئادەم ئىشىكنى يېپىۋېتىش ئۈچۈن كەينىگە يېنىشى، تۇرسۇنجان ئۈنئالغۇنىڭ كۆنۈپكىسىنى بې-

ـىپ، سومكا بىلەنلا ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.
ــ ئاماندىن ئاكا، مەن سىز بىلەن ئىككى قېتىم پاراڭ ـ
لاشتىم، ــ تۇرسۇنجان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى، ــ ئال ـ
دىمدا، يەتتە مىڭ سومدەك پۇلنى پەيتۇلغا ئاپىرىپ بەرگىنى ـ
ڭىزگە ئىقرار بولىسىز، لېكىن لوقمان ئىمىنغا «تەھرىرلىك
ھەققىم، پەيتۇلغا پۇل ئاپىرىپ بەرمىدىم» دەپ يالغان ئېيتى ـ
ىسىز، بۇ توغرىدا ھۆججەتمۇ يېزىپ بېرىپسىز. بۇ قانداق گەپ
ئۆزى؟
ــ ھەي. . . ئۇكام، بۇ ئىشلارنى ئەمدى بولدى قىلسى ـ
ڭىزچۇ، قاچانمۇ تۈگەر بىز خەقنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە ئورا
كولايدىغان ئىشلىرى، ــ ئاماندىن قارى ئېڭىشىپ سۆزلىگەن ـ
سېرى ئاغزى سومكىغا يېقىنلاپ قالغانىدى، ــ توغرا، تۆت
قېتىمدا يەتتە مىڭ سومدەك پۇلنى ئاپىرىپ بەرگەنلىكىم راست.
ئەمما، قىزىل يۈز ئادەمكەنمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەيتۇل بىلەن
بىر يۇرتلۇق. بىرنەچچە كىتابىمنى چىقىرىپ بېرىپ ھاردۇق
چىققۇدەك رازى قىلدى، شۇلارنىڭ يۈزىنى قىلمىسام بولامدۇ؟
بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ كەلسىڭىز قو ـ
لۇم كۆكسۈمدە، لېكىن بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلمەڭ.
ــ بولىدۇ، ئاماندىن ئاكا، گەپنى ئۇزۇۋەتتىڭىز، مەنمۇ
كەلمەي، ــ تۇرسۇنجان ئورنىدىن تۇردى، ــ تۆھمەتتىن، سۇ ـ
يىقەستتىن تەقدىر ـ ئىقبالى ۋەيران بولۇۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ
تۇرۇپ ئىككى ئېغىز لىللا گېپىڭىزنى ئايىسىڭىز، مانا بۇ نەرسە
گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ.
تۇرسۇنجان كىچىك ئۈنئالغۇنى كۆرسىتىپ قويۇپ چىقىپ
كەتتى. ئاماندىن قارى ئۆي ئوتتۇرىسىدا چەكچىيىپ تۇرغىنىچە
ئۇزاقىچىمۇ چىقمىدى.
تۇرسۇنجان قايتىپ كېلىپ ئۆيدىكى قوش لېنتىلىق ئۈن ـ
ئالغۇدا بىر نۇسخا كۆپەيتىۋالغاندىن كېيىن لوقمان ئىمىن بى ـ



لەن كۆرۈشتى. ئۇ كىچىك ئۈنئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ
قويۇشى، تۇرسۇنجاننىڭ سورىغان سوئاللىرى، ئاماندىن قارى ـ
نىڭ يېلىنغان ھالدا بەرگەن جاۋابلىرى روشەن ھەم ياڭراق
ئاڭلاندى. . .
ــ بۇ لېنتا سىزدە قالسۇن، ــ تۇرسۇنجان ئۈنئالغۇدىكى
لېنتىنى چىقىرىپ لوقمان ئىمىنغا سۇندى، ـ دە، يانچۇقىدىن
يەنە بىرنى ئالدى، ــ ماۋۇ بىرىنى مەن ساقلاي. . .
كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن تۇرسۇنجاننىڭ ئارقىسىدىن
قاراپ قالغان لوقمان ئىمىن ئورۇندۇقىغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ
چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى، ئۇۋۇلىغانسېرى ئوغسى قايىنىدى.
«زىيالىي، قىلغان ئىشى خىيالىي» دېگەن گەپ قايسىبىر
تەلۋىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولغىيدى. بۇ خەقنىڭ ئەڭ
دۆت ـ كومشالىرىمۇ توپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغان، زەنجىرنى
سىلكىمەي ئۈزىدىغان سېھىرگەر نېمىلەركەن! كىم ئويلىغان
ئون نەچچە يىلدىن بېرى يېزىلىپ كەلگەن كونا قەلەم ھەققى
تالونلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچ دورا بولۇپ قېلىشىنى! بۇ لەنىتى
نېمىنى ئويلاپ ئۇ ئەخلەت ـ چاۋارلارنى ساقلاپ كەلگەن بولغىي ـ
دى؟ ھەممە پاكىت ـ ئىسپاتلار رامكا، قېلىپلارغا سېلىنىپ،
خۇلاسە يېزىلىپ بولغاندا، قەلەم ھەققى تالونلىرى، ئۆيۈشتۇ ـ
رۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىنىڭ كونا نۇسخىسىنى كۆ ـ
تۈرۈپ چىققىنىنى قارا! ئۇنىڭ ئىسپات ماتېرىياللارنى ئىككى
نۇسخا كۆپەيتىۋالغىنى لوقمان ئىمىندىن گۇمان قىلغىنى بولماي
نېمە؟ تېخى «ماۋۇ لېنتىنى مەن ساقلاپ قوياي» دەپ ھىجيى ـ
ۋاتقىنىچۇ! يىراق ـ يېقىندىن دەۋا ـ دەستۇر بىلەن كەلگەن
ئاۋام خەلق، دېھقانلار، سودىگەرلەر تەپتىشنىڭ ئۈچىسىدىكى
فورمىنى كۆرۈپلا قورقۇپ، مەڭدەپ، تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرۇپ
كېتىدۇ، لېكىن بۇ قاغدالما زىيالىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ
ئالتىنچى باشلىقىدىن ھېيىقىپمۇ قويمىسا. تېخىمۇ ھەيران قا ـ

لارلىقى، قاچاندۇر بىر چاغلاردا بېشىغا ئاپەت ياغدۇرغانلىقىنى
پال سېلىپ بىلگەندەك، ساقلايدىغانىنى ساقلاپ، كۆپەيتىدىغانىنى
كۆپەيتىپ قويغىنىنى كۆرمەمدىغان! كىتابلاردا «ئادەم كۆزى
ئالدىدىكى ھەممىنى كۆرەلەيدۇ، لېكىن يازغۇچىنىڭ كۆزى يۇ-
رەكتىكىنى كۆرۈپ بىلەلەيدۇ» دەپ تەسۋىرلەنگىنىدەك، ئۇ
ئاللىبۇرۇنلا پەيتۇلنىڭ ئىچ - باغرىنى كۆرۈپ بولغانىكەن - دە!

لوقمان ئىمىن شۇ كېچىسىلا پەيتۇل بىلەن كۆرۈشۈپ
قانداق قىلىش ھەققىدە سۆزلىشىۋېلىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ پەي-
تۇل چىنار قاتارلىق بىرنەچچە چاپارمەنلەرنى باشلاپ، ھېكمەت،
تۇرسۇنجانلارغا ھۆججەت، ئىسپات بەرگەنلەرنى ئىزدىدى. لوق-
مان ئىمىن بولسا تېلېفون ئارقىلىق چاقىرتتى ياكى ئۆزى
بېرىپ ئالاقىلەشتى. بۇ ئىش ھەپتە داۋاملاشقاندىن كېيىن تۇر-
سۇنجاننى ئىشخانىغا چاقىرىپ، قايتىمدىن يېزىلغان خۇلاسىنىڭ
تېخى مۇقىملاشمىغان لايىھىسىنى ئوقۇپ بەردى. خۇلاسىدە،
پەيتۇل تۇرسۇنجاننىڭ قەلەم ھەققىدىن ئىگىلىۋالغان ئون بىر
مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇلدىن مەسئۇم قابىل گۇۋاھلىق بەرگەن
ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز سوم ئېتىراپ قىلىنىپ پەيتۇلغا ئارتىلغانى-
دى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىزنى ئۆچۈرۈشكە مۇمكىن بولمىغان
بىرقانچە ھۆججەتلەر تۇپەيلىدىن، جەمئىي توققۇز مىڭ تۆت يۈز
سوم تۇرسۇنجاننىڭ گەدىنىگە توقۇلدى. نەتىجىدە، ئون بىر
مىڭ سومنىڭ قالدۇقى، شۇنداقلا ساختا تالوندىكى قىرىق مىڭ
سوم قاتارلىقلار قوشۇلۇپ تۇرسۇنجان ئەللىك مىڭ سوملۇق
خىيانەتچى قىلىپ قويۇلغانىدى.

— بۇ خۇلاسىڭىزگە مەن قەتئىي رازى ئەمەس، — دېدى
تۇرسۇنجان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — قارىماققا سىز ئادىل تەپ-
تىش ئەمەسكەنسىز. مېنىڭ سىزگە تاپشۇرغان ماتېرىياللىرىم-
نى قايتۇرۇپ بېرىڭ. مەن ئۇلارنى باشقا ئورۇنغا تاپشۇرىمەن.

— تۇرسۇنجان، نارازى بولغان يەرلىرىڭىز بولسا پاكىتى-



ڭىزنى قويىمىسىز، — لوقمان ئىمىن ماتېرىياللارنى بېرىدىغان-
دەك ئەمەس ئىدى، — مەن يەنە قايتا تەكشۈرۈپ كۆرمەمدىم.

— بولدى ئەمدى، مەن سىزگە ئىشەنمەيمەن، ماتېرىيال-
لارنى بەرمىسىڭىز، ئۆزۈمدىمۇ يەنە بىر نۇسخىدىن بار. سىز
خىيالىڭىزدا ساختا تالوندىن ئىبارەت ئىپلاس تۆھمەتنى ماڭا
ئارتىپ، ھەقىقىي خىيانەتچىنى قانات ئاستىڭىزغا ئالماقچىمۇ؟
مەن نەشرىياتتىكىلەرنىڭ يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىگە ئىشەنمىگەنى-
دىم. ئۇلار راست ئېيتىپتۇ، سىز پەيتۇلنىڭ ھەقىقىي قوغدىغۇ-
چىسى ئىكەنسىز.

تۇرسۇنجان ئېتىلىپ كارىدورغا چىقىشى، شۇ ئەتراپنى
ئايلىنىپ يۈرگەن مەسئۇم قابىلغا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئىشىك
تۈۋىدە بولۇنغان گەپلەرنى چالا - پۇچۇق ئاڭلاپ قالغاچقىمۇ،
چىرايى ئاچچىق غەزەپ ھەم ئۆچمەنلىكتىن پۈرۈشۈپ كەت-
كەنىدى.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟ — تەقەززالىق بىلەن
سورىدى مەسئۇم قابىل.

— يۇقىرى سوتقا ئەرز قىلايمىكىن.

— ئالدىرىماڭ، ئاۋۋال ماۋۇ لوقمان دېگەن ئەبلەخنى
نەشرىياتتىن ھەيدەش كېرەك.

— تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئەۋەتكەن ئادەم تۇرسا ئۇنى
ھەيدىگىلى بولامدۇ؟

— مېنىڭ ئامالىم بار، ئەتە ئەتىگەن مېنى ئۆيىڭىزدە
ساقلاڭ.

دېگەندەك، مەسئۇم قابىل ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەنلا ئۆيگە
كىرىپ كەلدى. ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىراپ تۇراتتى، شۇڭا سومكى-
سىدىن قېلىن بىر دەستە ئورىگىنالنى ئېلىپ شىرەگە
قويدى - دە، ھېكمەتكە قارىدى. بۇ لوقمان ئىمىننىڭ مارك-
سىزملىق مىللىي مەسىلىگە ئائىت تۈزگەن كىتابىنىڭ ئورىگى-

نالىرى. ئۇ بۇ كىتابنى پەيتۇل بىر ئاينىڭ ئالدىدا مەسۇم قابىلغا ئۆزى پىلانغا كىرگۈزۈپ تەھرىرلەۋاتقانلىقىنى ماختىنىپ دەپ بەرگەنىدى. بۈگۈن سەھەر تازىلىقچى ئايال ئىشىكنى ئاچقاندا پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىۋالغان مەسۇم قابىل ئۈستەل ئۈستىدە دۆۋىلەنگەن ماتېرىياللار ئارىسىدىن ئېلىپ چىققانىدى.

— بەك قاراملىق قىپسىز، — دېدى تۇرسۇنجان، — ئەگەر پەيتۇل بىلىپ قالسا چاتاق چوڭ.

— ھازىر ئۇ پوتلىسىنى تارتالماي قالغاندا بۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە قاچان نۆۋەت كېلىدۇ دەڭ. سىز بۇنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، بۇ دېلوغا شەخسىي غەرەز ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتىڭ، شۇ چاغدا بۇ قارا نىيەتنىڭ كۆتىگە سۇ كىرمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي.

تۇرسۇنجان مەسۇم قابىل بەرگەن ئورىگىناللارنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىغا تاپشۇرۇپ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغاننىڭ ئەتىسى نەشرىياتتا لوقمان ئىمىننىڭ قارىسىنى كۆرگىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تەبىئىتى ئېغىر، ئوشۇق سۆزلىمەيدىغان، چىشى ئاغرىپ قالغان ئادەمدەك داۋاملىق تەرى تۇرۇك، يېرىم كۈن سۆزلىسەڭ بىر ئېغىز قوشۇق سالماي كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرىدىغان ئابدۇرېھىم سۇلتان ئىسىملىك ئوتتۇرا بوي، تەمبەل، بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇرنىنىڭ سول تەرىپىدە نوقۇتتەك قارا مېڭى بار بىر ئادەم كەلدى. ئۇ دەسلەپكى بىرنەچچە كۈنگىچە خۇددى پراكتىكىغا كەلگەن ئوقۇغۇچىدەك ئىشخانىلارغا كىرىپ، ئۇنى - بۇنى گەپكە سېلىپ قويۇپ ئەستايىدىل تىڭشىدى، كۆڭلىگە پۈككەن خادىملارنى ئايرىم چاقىرىپمۇ سۆھبەتلەشتى، نېمىلەرنىدۇر يازدى. ئارىلىقتا بىر ھەپتىدەك يوقاپ كېتىپ يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ نەلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيت-



تى. ئۇ دەسلەپتە كەلگەندە پەيتۇل، تۇرسۇنجانلار بىلەن بىر قېتىم سۆھبەتلەشكەنچە، گويا ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. بارا - بارا نەشرىياتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، شوپۇرلىرى بىلەنمۇ بىرنەچچە قېتىمدىن سۆزلىشىپ چىقتى. بىر قېتىم تاقىتى تاق بولغان پەيتۇل ئىشخانىسىغا كىرىپ قالغانىدى، ئۇ ھېچقانداق يۈز - خاتىرە قىلماي «مەن سىزنى چاقىرغاندا كىرىڭ» دەپلا چىقىرىۋەتتى.

ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئابدۇرېھىم سۇلتان تۇرسۇنجاننى چاقىرىپ، قىرىق مىڭ سوملۇق تالون ھەققىدە گەپ سوراپ ئۇنى تەرلىتىۋەتتى. ئۇ گەپنى مىخ قاققاندەك قىلاتتى، ئادەم ئويلىمىغان يەردىن سوئاللارنى سورايتتى. ئادەتتە ئۇ فورما كىيىپ يۈرمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا ھەقىقىي قانۇن خادىمىنىڭ سۈرى بولسا كېرەك. تۇرسۇنجان ئۇنىڭ بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەت جەريانىنى ھېكمەتكە دېگەنىدى، ئۇ: «ھەي، مۇشۇ ساختا تالون تارىخىڭغا داغ چۈشۈرۈپ قويمىسا بولاتتىڭغۇ» دېگىنىچە باش چايقاپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. بىراق، ماھىگۈلنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ئۇلارنى جانلاندۇرۇۋەتتى.

— تۇرسۇنجان، ئەگەر ئاشۇ تالوننى ئېلىپ كېلەلىسىڭىز، — دېدى ماھىگۈل ئىشەنچ بىلەن، — مېنىڭ خىمىيە ئانالىز تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەيدىغان دوستلىرىم بار، ئۇلار خەت رېڭىنى خىمىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق تەكشۈرۈپ تالوننىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئېنىقلاپ بېرەلەيدۇ.

— توۋا، ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ دېگەندەك، ئەجەب بۇ ئىش يادىمىزغا كەلمەپتۇ، — دېدى ھېكمەت ھاياجانلىنىپ، — تۇرسۇنجان تۆتىنچى ئاينىڭ بېشىدا ماڭدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، تالون تۆت - بەشىنچى ئايلاردا يېزىلغان بولۇشى

مۇمكىن.
— خىمىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزسە، — ماھىگۇل
تۇرسۇنجان بىلەن ھېكمەتكە قارىدى، — ئۇن يىل ئالدىدىكى
تالونمۇ ياكى ئۇن كۈن ئالدىدىكىمۇ، مانا مەن دەپلا چىقىدۇ.
تۇرسۇنجان شۇ كۈنى چۈشلۈك تامىقىنى ماھىگۇلنىڭ ئۆيىد-
ىدە يەپ تاكسى بىلەن ئالدىراپ قايتتى - دە، ئۆزىنىڭ ئۆيىگىمۇ
كىرمەي ئۇدۇل نەشرىيات قورۇسى ئالدىدا توختىدى. ئابدۇرې-
ھىم سۇلتان دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارغا «چاقىرمىغۇچە كىرمەڭ-
لار» دەپ بۇرۇنلا ئۇقتۇرغانىدى، چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ گۇمان
قىلىپ قېلىشىدىن، ھەر خىل غەيرىي ئويلارغا كېلىپ قېلىشى-
دىن ئېھتىيات قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ساختا تالون دەستىدىن
سەۋر - تاقىتى قورۇغان تۇرسۇنجان ئىشىكنى چەكتى. ئىچكى-
رىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىش-
خانىغا قورۇنۇپقىنا كىردى.
— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — ئابدۇرېھىم سۇلتان ئورۇن-
دۇقنى كۆرسەتتى، — بايا ئۆيىڭىزگە ئادەم كىرگۈزسەم، ئايا-
لىڭىز ئەتىگەن چىقىپ كەتكەن دەپتۇ، ئاڭلاپلا كىرىپسىز - دە؟
— شۇنداق، ئاڭلاپلا كىرىشىم، — ئابدۇرېھىم سۇلتاد-
نىڭ گېپىدىن كۆڭلى جايىغا چۈشكەن تۇرسۇنجان زادىلا چاد -
دۇرمىدى، — ئېنىقلاشقا تېگىشلىك ئىشلار بارمىكىن.
— شۇڭا چاقىرتقان، — ئابدۇرېھىم سۇلتان ئىشكاپتىن
ئۇن نەچچە ئاپتورنىڭ ئىسمى، ئالماقچى بولغان قەلەم ھەققى،
ئادرېسى، ئەسەر ئىسمى يېزىلغان ئىككى بەتلىك تىزىملىكنى
ئۇستەلگە قويدى، — سىز مۇشۇ تىزىملىك بويىچە قىرىق مىڭ
بىر يۈز ئوتتۇز سومنى ئاپتىكەنسىز. قېنى، ئۆزىڭىز كۆرۈپ
بېقىڭ.
بۇنداق جەدۋەللەشتۈرۈلگەن تىزىملىك پەقەت ژۇرنال تەھ-
رىر بۆلۈملىرىدىلا ئىشلىتىلەتتى، چۈنكى ژۇرنالغا بېسىلغان



ھېكايە، شېئىر، ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر،
ھۆسنخەت، قىستۇرما رەسىم قاتارلىق تۈرلەر كۆپ ئىدى. قە-
لەم ھەققىمۇ يۇقىرىسى بىرنەچچە يۈز، تۆۋىنى سەككىز - ئون
سومغىچە بولغاچقا، ھەربىرىگە ئايرىم - ئايرىم قەلەم ھەققى
تالونى يېزىش ئاۋارىچىلىك ھەم تالون ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىراتتى. شۇڭا، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈم باشلىقلىرى
قەلەم ھەققىلىرىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي پۇلنى جەملەپ
مالىيە بۆلۈمىگە يوللىغاندا، ئۇلار بىر قەلەم ھەققى تالونى
يېزىش ئارقىلىق پۇل بېرەتتى. تەھرىر بۆلۈم باشلىقلىرى بۇ
پۇلنى ئاپتورلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئايرىم - ئايرىم تارقىتىپ
بېرەتتى. چەت، يىراق يەردىكىلەرگە پوچتا ئارقىلىق يوللايتتى.
— گېپىڭىزگە قارىغاندا، بۇنداق جەدۋەللەشتۈرۈلگەن
قەلەم ھەققى ئېلىش ئۇسۇلى كىتابلارغا ئىشلەنمەي-
دىكەن - دە، — سورىدى ئابدۇرېھىم سۇلتان.
— كىتاب ئاپتورلىرىغا بېرىلىدىغان پۇل كۆپرەك بولغاچ-
قا، ئايرىم قەلەم ھەققى تالونى يېزىلىدۇ، — دېدى تۇرسۇنجان
چۈشەندۈرۈپ، — چەت ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەردىكىلەرگە ما-
لىيە بۆلۈمى پوچتا ئارقىلىق پۇل چېكى يوللايدۇ.
— مۇنداق دەڭ، — ئابدۇرېھىم سۇلتان تۇرسۇنجاننىڭ
كۆزىگە تىكىلدى، — ئۇنداقتا، سىز نېمە ئۈچۈن جەدۋەللىك
قەلەم ھەققى ئېلىشنى كىتابلارغا ئىشلىتىپ پۇل ئالدىڭىز؟
— كەچۈرۈڭ، بۇ تىزىملىكنى مەن يازمىغان، — دېدى
تۇرسۇنجان كېسىپلا. ئۇنىڭ ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ گېپىدىن
ئاچچىقى كەلگەنىدى، — بىرىنچىدىن، بۇنداق جەدۋەللىك قەلەم
ھەققى ئېلىشنى كىتابلارغا ئىشلىتىش خاتا ھەم كۈلكىلىك ئى-
كەنلىكىنى بىلىمەن. ئىككىنچىدىن، خەت مېنىڭ ئەمەس، پو-
چېركامغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز بولىدۇ، ئۈچىنچىدىن، پۈ-
تۈن ئەقلىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ كىتاب يازغان ئاپتورلار-

نىڭ پۇلىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئېلىۋېلىش مۇناپىقلارچە ئىش دەپ قارايمەن، چۈنكى ئۆزۈممۇ بىر يازغۇچى!

— سىزدىن يەنە بىر گەپ سوراي، — ئابدۇرېھىم سۇلتان قاپاقلىرىنى تۈردى، — ماتېرىيالىڭىزدا ئون بىر مىڭ سومدىن ئارتۇق قەلەم ھەققىڭىزنى پەيتۇلىنىڭ ئېلىۋالغانلىقى يېزىلغان. پەقەت بۇنىڭدىن ئەمەلىيلەشكىنى مەسۇم قابىل كۆرۈپ قالغان ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز سوم پۇل. يەنە شۇنداق كۆرۈپ قالغان، چېلىقتۇرغان ياكى سىز ئۆز ۋاقتىدا بىرەر كىمگە دەپ بەرگەن ئادەم پاكىتلىرىڭىز بارمۇ؟

— بۇ... — تۇرسۇنجان بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى، — زادىلا ئەسلىيەلمىدىم.

— مەسىلەن، ئائىلىۋق، ئىشخانىدا ئەمەس، سىرتلاردىمۇ بەرگەنمىدىڭىز؟

تۇرسۇنجان يەرگە قادىلىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىنلا بىر ئىشنى ئەسكە ئالدى. ئۈچ يىل ئالدىدا مۇنەۋۋەر مۇھەررىر، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى قەشقەر، خوتەنلەردە ساياھەت قىلدۇرۇپ كېلىشكە پەيتۇل مەسئۇل بولغانىدى. ئۇلار ئىدارىنىڭ مىنىبۇسىغا چۈشۈۋاتقاندا، تۇرسۇنجان كابىنىكا ئىچىدە ئولتۇرغان پەيتۇلغا تومپايغان كونۋېرتنى تۇتقۇزدى - دە، ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ «ئۈچ مىڭ» دەپ پىچىرلىدى. بۇ چاغدا خەنزۇ شوپۇر ئۇلارغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئۇمۇ بىر كىتابقا ئىككى تەھرىرلىك ھېسابلاپ ئالغان بىنورمال قەلەم ھەققىمۇ؟

— شۇنداق، — تۇرسۇنجان قىزىرىپ يەرگە قارىدى.

— ئەمدى چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئابدۇرېھىم سۇلتان ئويغا پاتقان ھالدا، — چاقىرمىغۇچە كىرمەڭ.

— سىزدىن بىر نەرسىنى سورىماقچى ئىدىم، — تۇرسۇنجان ئۈمىد بىلەن قارىدى، — مەن ھۆججەت يېزىپ بەرسەم،



ساختا تالوننى بىر كۈنلۈك بېرىپ تۇرسىڭىز، ئۇنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا تەكشۈرتەي دېگەن.

— ساختا تالون دېگىنىڭىز نېمىسى ئۇ؟ بۇنى قانۇن شۇنداق دەپ قارىسا ھېساب. سىزگە بېرىشكە بولمايدۇ، — ئابدۇرېھىم سۇلتان قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى، — قانۇن ئورۇنلىرىدا خىمىيىلىك تەجرىبىخانا يوق، دەپ ئويلامسىز، قانۇنغا ئىشىنىڭ.

ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى شادلىققا تولغان تۇرسۇنجان ئۆيىگە كىرگەنچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ نومۇر قويۇۋاتقان ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلىۋالدى. سەلىمە ئېرىنىڭ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ باققىنىنى كۆرمىگەنىدى.

— ۋىيەي، ماۋۇ ئادەمنىڭ كۈپكۈندۈزدە سەتلىشىۋاتقىنىنى. قويۇۋېتىڭ، بالىلارنىڭ مەكتەپتىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — سەلىمە قايرىلىپ قارىدى، — بايىلا مەسۇم قابىل كىرىپ سىزنى سوراپ چىقىپ كەتتى، ئۇ يەنە كىرىمەن، دېگەن.

ئابدۇرېھىم سۇلتان تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى باشلىۋەتكەندىن بېرى، مەسۇم قابىل ھەر كۈنى دېگۈدەك تۇرسۇنجاندىن ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇقۇشۇپ تۇردى. ھازىر ئۇ «ئوت تۇتىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى پۈۋلەشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ ئويلىدىمۇ، پەيتۇلدىن يۈزىنى ئۆرۈگەنىدى. شۇنداقلا «ئوغرىلىق»، «ساختا تالون»، «ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرى»نى ئۆزگەرتكەنلىكتىن ئىبارەت تىزگىنلەر مەسۇم قابىلنىڭ قولىدا بولغاچقا، پەيتۇلنىڭ چىشلەپ تارتالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا پەيتۇلمۇ بىرنەچچە قېتىملىق سوراقلاردا مەسۇم قابىلنى ئارىغا قاتماي دەردىنى ئۆزى تارتىۋاتاتتى.

تۇرسۇنجان مەسۇم قابىلنىڭ قىلىۋاتقان خەيرىخاھلىقىنى، بۈگۈنكى خۇشاللىقىنى ئايالىغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، ئىشىك چېكىلىپ مەسۇم قابىل كىرىپ كەلدى. تۇرسۇنجان ئۇنى ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىگە باشلىدى. بىنالارنىڭ سايىسىدە قالغان بۇ بىر قاتار يەرلىك ئۆيلەرگە كۈن نۇرى چۈشمىگەچكىمۇ، كۈندۈزىمۇ چىراغ يېقىپ قويمىسا يورۇمايتتى ھەم زەي پۇراپ تۇراتتى. مەسۇم قابىل سەلىمەنىڭ چاي قىلماقچى بولغان تەرەددۇتىنى كۆرۈپ «ھاجىتى يوق، مەن ئالدىرايمەن» دەپ ئۆزرە سورىدى. ئۇ قانداقتۇر خۇش خەۋەرنىڭ بارلىقىنى تۇرسۇنجاننىڭ كۆلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىنلا بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا تۇرسۇنجانمۇ ئۇنىڭ گەپ سورىشىنى كۈتمەيلا «ساختا تالون»نى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا تەكشۈرىدىغانلىقىنى دەۋەتتى. مەسۇم قابىلنىڭ ئىچىدە بىر نېمە تارسىدا ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك تولغىنىپ چىرايىمۇ غەلىتە پۈرۈشۈپ كەتتى.

— ئەمدى پەيتۇلنىڭ سۈيىقەستى ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولۇپ چاۋىسى چىتقا يېيىلىدىغان بولدى، — دېدى تۇرسۇنجان ھاياجان ئىلكىدە، — سىز ماڭا كۆپ ياردەم قىلدىڭىز، مەن نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ئەمدى ئىشلار جايىغا چۈشۈپتۇ، مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم، — مەسۇم قابىل كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — لېكىن تۇرسۇنجان مېنىڭ بۇ يەرگە كىرگىنىمنى ئابدۇرېھىم سۇلتان ئۇقۇپ قالمىسۇن. «تىل بىرىكتۈردى» دەپ گۇمان قىلىپ قالسا ئىشلىرىڭىز تەتۈرىگە يېنىپ قالمىسۇن يەنە. ئەمىسە مەن چىقاي.

تۇرسۇنجان ئۇنى قانچە تۇتقان بولسىمۇ، ئۇ قانداق تېز كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. مەسۇم قابىل ئۇدۇل ئىدارىگە كەلدى-دە، ئىشخانىسىنى ئىچىدىن تاقاپ ئارقا-ئارقىدىن ئۇلاپ تاماكا چەكتى. ئۇ يۈز بېرىش ئالدىدا



تۇرغان خەۋپتىن ئىزتىراپقا چۈشكەنىدى. قىرىق مىڭ سومدىن ئىبارەت ۋۇۋسكىنى تۇرسۇنجاننىڭ بويىنىغا ئېسىپ مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش پىلانى كۆپۈككە ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەلۋەتتە، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشقىنىدا، پەيتۇل بىلەن ئىككىسى ئوخشاشلا گەدەنگىچە تاز بولۇپ، سەھنىدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولاتتى. مانا ئەمدى ساختا تالوننى خىمىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەن تەقدىردە مەسۇم قابىلنىڭ بۇ چاغقىچە ھېچكىم بايقىيالمىغان يېغىرى ئېچىلىپ قالامدۇ. . . ئۇنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى سەۋر-تاقەت قىلىپ، ئەقىل-پاراسىتىنى خورىتىپ، نازۇك پىلانلار ھامىيىسى بولۇپ تارتقان جەبىر-جاپاسى ئاز بولدىمۇ؟!

مەسۇم قابىل «ياق، ھېلىمۇ كېچىكمىدىم» دەپ پىچىرلىدى. ئۇ ئېتىغا قامچا سېلىپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈر ئىشكاپتا ئۇخلاۋاتقان بەش مىڭ سومنى قۇربان قىلماي بولمايدۇ. بۇ توغرۇلۇق تۇغۇلغان ھەرقانداق گۇمان، سوئال-سوراقلارغا ئۇنىڭ بېرىدىغان جاۋابى بار! ھېلىمۇ ياخشى خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشىنى ئالدىن بىلىۋالغىنى ئۇنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭ كەلگىنى! بولمىسا مەسۇم قابىل ئۆزىنى قانداق ئاقلىيالايتتى. شۇنداق، خۇدا ئۇنىڭغا ئاسايىشلىق يارىتىپ بېرىپ، باشتىن-ئاخىر ئۇنى خۇددى قۇلۇلە قارىنىدىكى سەدەپتەك ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

مەسۇم قابىل يېشىل تۆمۈر ئىشكاپنى ئېچىپ بەش مىڭ سومنى كونۋېرتى بىلەنلا ئېلىپ ئىچ يانچۇقىغا كەپلەپ سالدى، ئاندىن تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، چاچلىرىنى بىر قۇر تارىۋەتكەندىن كېيىن، ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىچىك ئىشخانا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ ئىشخانا بۇرۇن ماتېرىيال بۆلۈمى قارىمىقىدا بولۇپ، ئۆرنەك كىتابلار ساقلىناتتى. لوقمان ئىمىن

كېلىش بىلەن بۇ بۆلۈم تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشخانىسى قىلىنـ
غانىدى.

ئىشىك چېكىلدى. ئىچكىرىدىن «كىرىڭ» دېگەن بوغۇق
ئاۋاز ئاڭلاندى. مەسۇم قابىل ئەدەپ يۈزىدىن بىلىنەر ـ بىلىنـ
مەس ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن قولىنى ئۇزاتتى. ئابدۇـ
رېھىم سۇلتانمۇ قولىنى بېرىپ، ئالدىدىكى كۆرۈۋاتقان ماتېرىـ
ياللارنى بىر چەتكە يىغىشتۇرۇپ ئۈستىگە گېزىتنى ياپتى ـ دە،
«قېنى ئولتۇرۇڭ» دەپ قويدى. تەكشۈرۈش باشلانغاندىن بېرى
بۇ ئادەم بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، ئابدۇـ
رېھىم سۇلتان مەسۇم قابىلنى زادى چۈشىنەلمىدى. ئۇ پەيتۇل
تۇرسۇنجاندىن ئېلىۋالغان ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز سومدىن باشقا
ھېچنېمە پاش قىلغىنى يوق. ساختا تالون، ئويۇشتۇرۇلغان
كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرى، تۇرسۇنجاننىڭ خىزمەت ئۈستىـ
لىنىڭ چېقىلىشى ھەققىدە سورالغان سوئاللارغىمۇ ئېنىق جاۋاب
بەرمەي، مۇجمەل جاۋابلار بىلەن چەكلەندى. ئۇنىڭ كۆپرەك
سۆزلەيدىغىنى ئىككى باشلىق ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس جېدەلـ
دىن نەشرىياتنىڭ چېكىنىۋاتقانلىقى، مۇھەررىرلەرنىڭ قاتتىق
نارازىلىقى، جەمئىيەتكە بېرىۋاتقان يامان تەسىرى قاتارلىقلار
ئىدى. ئۇنىڭ سۆز ئورانىدىن ھەر ئىككىلا باشلىقتىن رازى
ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا ئابدۇرېھىم سۇلتان: «بۇ
ئاداش يەنە كاتتا نەزەرىيە سۆزلىگىلى كىردى بولغاي» دەپ
ئويلىدى.

— ھە، كىرىپ قاپسىز، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ —
سورىدى ئابدۇرېھىم سۇلتان، — ئەگەر بولسا تارتىنماي
سۆزلەڭ.

— مەن بۈگۈن سىز بىلەن ئەستايىدىل سۆزلەشكىلى
كىردىم، — مەسۇم قابىل گېلىنى قىرىپ قويدى، — بۇ چاغقىـ



چە ئىدىيىۋى بوپا بىلەن يەلكەمنى بېسىپ كېلىۋاتقان بىرقانچە
ئىشلار بار ئىدى. بۈگۈن سىزگە ئىشەنگەن ھالدا ھەممىنى
دېمەكچىمەن.

مەسۇم قابىل تۇرسۇنجاننىڭ خىزمەت ئۈستىلىنىڭ چېقىـ
لىشى، پەيتۇلنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغىنىدىن باشـ
لاپ، ئۇنىڭ نەشرىياتنى قانداق ئۇسۇللاردا بۇلاپ ـ تالاپ يېگەنـ
لىكى، ئويۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىنى ئۆزـ
گەرتىپ ئىز يوقىتىشقا ئۇرۇنغانلىقىغا قەدەر جەريانىنى سۆزلەپ
چىققاندىن كېيىن، ساختا تالوننىڭ سىرىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ،
بۇ ئىشنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن پەيتۇلغا ئارتىپ ئۆزىنى
چەتكە ئالدى.

— مانا بۇ ئۇنىڭ بەرگەن بەش مىڭ سوم پۇلى، — مەسۇم
قابىل پۇلنى كونۋېرتى بىلەنلا ئۈستەلگە قويدى، — مەن ئۇيغۇر
بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەنمەن، بۇ سۇيىقەستتىن ھامان
خەۋەر تاپىمەن، شۇڭا ئۇ مېنىڭ ئاغزىمنى ئېتىش ئۈچۈن مۇشۇ
ئۇسۇلنى قوللاندى. مەن پۇلنى ھازىرغىچە ئىشخانامدىكى ئىشـ
كاپتا ساقلاپ كەلدىم.

— قالغان ئوتتۇز بەش مىڭ بىر يۈز ئوتتۇز سوم
پۇلچۇ، — سورىدى ئابدۇرېھىم سۇلتان.

— ئۇ پۇلنى پەيتۇلكام مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن قانداق
ئۈلەشتى، ئۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق. ئىشخانىدا ئولتۇرسام، قوـ
لۇمغا پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئەھۋالنى قىسقىلا بايان قىلىپ
چىقىپ كەتتى.

— پاش قىلىشىڭىز گەرچە سەل كېچىككەن بولسىمۇ
يەنىلا ياخشى ئىش قىلدىڭىز، — دېدى ئابدۇرېھىم سۇلتان مەمـ
نۇن بولغان ھالدا، — ئەمدى مۇشۇ دېگەنلىرىڭىزنى تەپسىلىي
يېزىپ ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭ.

— بولىدۇ، ئەتىلا تاپشۇراي. مېنىڭ تەلىپىم، مەخپىيەتلىك ساقلانسا. — مەسۇم قابىلنىڭ چىرايى بىردەمدىلا بىچارە تۇسكە كىرگەندى، — مېنىڭ ئائىلەم، بالىلىرىم بار ئادەم، مەنمۇ تۇرسۇنجاندەك خىزمەتسىز قالماي، چۈنكى پەيتۇللىنىڭ مىجەزى سىزگە قاراڭغۇ.

— كونا قەلەم ھەققى تالونلىرى ئۈچۈن پەيتۇللىنىڭ ئۇستەللىنى چاققانلىقىنى ھەممە كىشى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ، — دېدى ئابدۇرېھىم سۇلتان ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىگە كەلسەك، ئەسلىي نۇسخىسىدا يېزىلغان ئاپتورلار پەيتۇللىدىن كىتاب ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى، كېيىنكى نۇسخىسى پەيتۇل تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان. قىرىق مىڭ سومنى ئۆلەشتۈرگەنلەر بەش كىشى، كىمنىڭ پاش قىلغانلىقىنى ئۇ قانداق بىلەلەيدۇ. مەسىلە بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندىمۇ، پاش قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمى قەتئىي مەخپىي تۇتۇلىدۇ.

— رەھمەت سىزگە.

مەسۇم قابىل كارىدورغا چىقىپلا يۈز - پېشانىلىرىنى سۈرتتى. ئۇ قۇسۇر چىقىرالمىغۇدەك قۇراشتۇرۇپ چىققان سۆز ئويۇنلىرىدىن ئۆزىمۇ ئەنسىزلىككە چۈشۈپ تەرلەپ كەتكەندى. شۇڭا، ئىشخانىسىغا كىرگەندىمۇ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئۆزىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خۇددى قاچقانىسېرى سايىسى قوغلىغاندەك، تېلېفوننىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىشى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى.

— ۋەي، كىم ئۇ؟ ھە، كېرىم بۇجاڭمۇ سىز؟ پەيتۇللىكامنىڭ ئەھۋالىنى دەمسىز؟ بۇ. . . بۇ. . . گەپلەرنى تېلېفوندا دېمەك ئەپسىز. بولىدۇ، بولىدۇ، ھازىرلا باراي، ئۆزۈممۇ ئەھۋال ئىنكاس قىلغىلى باراي دەپ تۇراتتىم.

مەسۇم قابىل سائىتىگە قارىدى، ئىشتىن چۈشىدىغانغا يەنە



بىر سائەتتەك ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ كوچىغا ئۇچقاندەك چىقتى - دە، تاكسى توسۇپ يۈرۈپ كەتتى.

پەيتۇل بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلە تەپتىش تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈشكە باشلىغاندىن بېرى، باشقۇرۇش ئورگىنى ھەم تەشۋىقات بۆلۈمى رەھبەرلىرى مەسۇم قابىلنى ئىلگىرى - كېيىن چاقىرىشىپ ئەھۋال ئۇققۇشقانىدى. ئۆتكەنكى بىرنەچچە قېتىمدا مەسۇم قابىل نەشرىياتتىكى ئىككى باشلىقنىڭ تېتىقسىز غوۋغالىرىدىن خىزمەتلەرنىڭ يۈرۈشمەي ئاقساپ قېلىۋاتقانلىقىغا، نەشرىياتنىڭ ئىنتىزامى بوشاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن چېكىنىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىدىغانلىقى، ئىشچى - خىزمەتچى، مۇھەررىرلەرنىڭ كەيپىياتى تۆۋەنلەپ ئاكتىپچانلىق، جەڭگىۋارلىق ھالىتىنىڭ بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ، باشقا بىر نېمە دېمىگەنىدى. مانا ھازىر جاراھەت ئېغىز ئېلىشقا ئازلا قالدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ نەق مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتنى كۈتكەنىدى. ئۇ پەيتۇل بىلەن تۇرسۇنجانغا رەھمەت ئېيتسا ئەرزىيدۇ، چۈنكى ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئورىنىنى كولاپ قېزىپ بىر يەرگە ئاپاردى. ئەمدى مەسۇم قابىل ئۇلارنى ئورنىغا ئىتتىرىۋەتسىلا ئىش تامام ۋەسسالام. ئۇنىڭ ناتىقلىق ھۇنىرىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى. ئۇ بۈگۈن شۇنداق سۆزلەيدۇكى، ھاياجىنىنى باسالماي قالغان كېرىم ھەم لى بۇجاڭلار تەسىرلەنگىنىدىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە «چوككىدە» سۆيگۈدەك سېھىرلىنىپ قالسۇن! ئەسلىدە مەسۇم قابىل ئەتە ئەتىگەن ئۇلارنى ئىزدەپ بارماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا كېرىم بۇجاڭنىڭ چاقىرىپ قالغىنىنى كۆرمەمسىز! ئىشلارنىڭ بۇنچىلىك ئوڭۇشلۇق، توسقۇنسىز يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى تەڭرىنىڭ ئۇنىڭ پېشانىسىنى يورۇق، تەلىيىنى ئوڭ، ئامىتىنى كەڭرى قىلىپ قوللاۋاتقانلىقى بولماي نېمە! . . .

مەسۇم قابىل تاكسىدىن چۈشۈپ چوڭ - چوڭ چامدىغىنىچە تەشۋىقات بۆلۈمى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. كېرىم ھەم لى بۇجاڭلار ئۇنى ساقلاپ تۇرغانمۇ نېمە، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئىسسىق چىراي قارشى ئالدى، ئالدىغا ئىستاكاندا چايمۇ ئەكېلىپ قويدى. مەسۇم قابىل دىۋانغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تۇرسۇنجان بىلەن پەيتۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئىقتىسادىي مەسىلىنى ئۆزىنى توختاتقان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەن ئالدى بىلەن پەيتۇلكام ئۈستىدە، — دېدى مەسۇم قابىل ئىككى بۇجاڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — كۆرگەن - بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىمغا ھېسسىيات ئارىلاشتۇرماي ئەينەن بايان قىلىپ باقاي. . .

ئۇ ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىنىڭ قاچان ئۆزگەرتىلگەنلىكى، خىزمەت ئۈستىلىنىڭ نېمە سەۋەبتىن چېقىلغانلىقى، پەيتۇلنىڭ نەق ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ رەسۋا بولغانلىقى، ھەر خىل بىنورمال ئۇسۇللاردا ئېلىۋاتقان قەلەم ھەققىلىرىگە قانائەت قىلماي باشقىلارنىڭمۇ قەلەم ھەققىلىرىنى ئېلىۋالغانلىقى، شۇنداقلا تونۇشۇم، كېرەكلىك ئادەم، يۇرتلۇقۇم دەپ سەۋىيىسىز ئادەملەرگە كىتاب ئۇيۇشتۇرۇپ، نەشرىياتنى نۇرغۇن ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتقانلىقىغا قەدەر قايناپ سۆزلىگەن مەسۇم قابىل ئاخىردا «ساختا تالون» نىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىنىمۇ ئاشكارىلىدى. كېرىم بۇجاڭ بىلەن لى بۇجاڭ ئۇنىڭ بەش مىڭ سومنى تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

— ئۆتكەندە سىز بىلەن سۆھبەتلەشكەندە نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىدىڭىز؟ — سورىدى كېرىم بۇجاڭ سەل ئىشەنمىگەن تەلەپپۇزدا، — ئەجەب بۈگۈن ھەممىنى بىر يولىلا دېگۈڭىز كېلىپ قاپتۇ؟



— ئۇ چاغدا قورقتۇم، — مەسۇم قابىل تەپ تارتىپ قالمىدى، — چۈنكى لوقمان ئىمىن مەنپەئەت تورىغا چىرمىلىپ پەيتۇلنى ئاپئاق ئادەم قىلىشقا ئۇرۇندى. چوڭ خاتالىقلارنى ئىلاجى بار كىچىكلىتىش، كىچىكلىرىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. مەن تەقدىر - ئىقبالىمدىن ئەنسىرىمەمدىم. پەيتۇل تۇرسۇنجاننىڭ مەيدىسىگە بىرلا تېپىپ ئۆرۈۋەتتى، سىلەر ئۇنىڭغا ئارا تۇرالىدىڭلارمۇ؟

— بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، — دېدى لى بۇجاڭ ئېغىر تىنىپ قويۇپ، — پەيتۇلنىڭ بۇنچىۋالا پاتقاققا پېتىپ قېلىشىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ.

— پەيتۇل ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىمۇ بۇزۇلغان ئادەم، — مەسۇم قابىل بىر چاغدا ھېكمەتكە سۆزلەپ بەرگەن گىلەم ۋە پەتنۇس ۋەقەلىرىنى ئىنتايىن كۈلكىلىك قىلىپ تەسۋىرلىگىلى تۇرغانىدى، لى بۇجاڭ بىلەن كېرىم بۇجاڭمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— مەسۇم قابىل، تۇرسۇنجان ھەققىدە كۆزقاراشلىرىڭىزنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى لى بۇجاڭ كېرىم بۇجاڭغا قاراپ قويۇپ، — قېنى، تارتىنماي سۆزلەپ بېقىڭا!

مەسۇم قابىل ئىستاكاندىكى چاينى بىر - ئىككى ئوتلىغىنىچە، بۇ چاغقىچە كاللىسىدا پىشۇرۇپ كەلگەن سۆزلىرىنى قايتا ئەسكە ئالدى. شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايتتىكى، كېرىم بۇجاڭنىڭ تۇرسۇنجانغا بولغان كۆزقارىشى دېگەندەك ئەمەس ئىدى، لى بۇجاڭ بولسا ئۇنى باشتىن - ئاياغ قوللاپ يۆلەپ كەلدى. شۇڭا مەسۇم قابىلنىڭ دېگەنلىرى ھەر ئىككىسىنى قايىل قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، قويغان دەلىللىرى ئىلمىي، پاكىتلىرى تولۇق، مەنتىقە ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. كىم بىلىدۇ، بۈگۈنكى بۇ سۆھبەت مەسۇم قابىلنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم سۆھبەت بولۇپ قېلىشى

مۇمكىن.

— توغرا، ئۆز ۋاقتىدا مەن تۇرسۇنجاننىڭ كىتابى ھەققىدە تەنقىد ماقالىسى يېزىپ، نامان سوپى ئارقىلىق ئېلانمۇ قىلدۇرغان، — دېدى مەسۇم قابىل سەممىيلىك بىلەن، — راست گەپنى قىلسام، ئۇنىڭ يېنىك مىجەزى، ئالدىراقسانلىقى، تەنتەكلىكى، ئاغزىنىڭ ئىتتىكلىكى، يۈزسىزلىكى ماڭا زادىلا ياقمايتتى.

— قېنى سۆزلەڭ، — كېرىم بۇجاڭنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى، — بىلگەنلىرىڭىزنى قويماي سۆزلەڭ.

— لېكىن، مەن ئۇنىڭغا قايىل، ئۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئىزدىنىشى، جۈرئەتلىكلىكى ۋە ھەقىقىي ئىسلاھاتچىغا خاس جەڭگىۋارلىقىغا قول قويىمەن، — مەسۇم قابىل كېرىم بۇجاڭنىڭ بارغانسېرى تۇتۇلۇۋاتقان چىرايىغا قاراپ قويدى، — شۇڭا، مەن ئۇنى قوغلىشىپ «گۈلدەستە» نەشرىياتىغا يۆتكەلگەن. گەرچە ئۇنىڭچىلىك جاسارەت مەندە بولمىسىمۇ، ئەمما ئىسلاھاتقا ئىنتىلىش روھىم كۈچلۈك ئىدى.

— قېنى داۋاملاشتۇرۇڭ، — لى بۇجاڭ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى.

— مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم، مەدەت بەردىم، ھەرقانداق ئىشلىرىدا ھەمدەمدە بولدۇم، ئەمما، — مەسۇم قابىل ئېغىر تىنىپ قويدى، — بارا - بارا ئۇنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، نىيىتىنىڭ خالىس بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ھەرقانداق خاتا ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايتتى. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭدىن: «بىر كىتابنى ئىككى تەھرىرلىككە ھېسابلاپ ئالغان قەلەم ھەققىڭىزنى پەيتۇلغا بېرىدىكەنسىز، بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «مېنىڭ يانچۇقۇمدىن چىقمىغاندىكىن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى



پرىنسىپ بويىچە ئېيتقاندا، پۇل ئارقىلىق باشقىلارنى چىرىتىپ، ئۆزىگە يول ئېچىش، دەپ قارىسا كېرەك.

— يول ئېچىشلا ئەمەس، — دېدى كېرىم بۇجاڭ گەپنى تارتىۋېلىپ، — ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش بۇ.

— مەن «نىيىتى خالىس ئەمەس» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، — مەسۇم قابىل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تۇرسۇنجاننىڭ يېقىنلىرىغا ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى قەلەم ھەققى بېرىشىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇنىڭ يىللىق خۇلاسىدە ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغانلارغا بەش يۈز سومدىن پۇل تارقىتىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنىڭ ئۆزى باشقىلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ پەيتۇلغا قارشى قويغانلىقى بولماي نېمە؟! بولۇپمۇ ئادەمنى ئويغا سالىدىغان بىر ئىش، ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بولمىسا نېمە ئۈچۈن سىلەرگە نامسىز خەت يازىدۇ؟

— نامسىز خەتنى تۇرسۇنجاننىڭ يازغانلىقىنى سىز نەدىن بىلىسىز؟ — سورىدى لى بۇجاڭ.

— پەيتۇلكامدىن ئاڭلىشىمچە، نامسىز خەتتە «باشقىلارنىڭ قەلەم ھەققىنى يولسىزلىق بىلەن ئېلىۋالغان» دېگەن بىر جۈملە سۆز بارمىش، شۇنىڭدىنلا كىمنىڭ يازغانلىقى بىلىنىپ تۇرمامدۇ، بۇ پەيتۇل بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي سىر تۇرسا.

— ئەمىسە سىز ئىسپات بەرگەن ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز سومنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ — لى بۇجاڭ ياندۇرۇپلا سورىدى، — بۇنىڭدىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بارلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ؟

— توغرا، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا چېلىقتۇرۇپ قالغان بولسامۇ، ئۇنى «ئۆتنە - يېرىم قىلىشقان پۇل بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم، — مەسۇم قابىلنىڭ سۆزلىرى بەكمۇ راۋان ئىدى، — نامسىز خەت مەسىلىسى چىققاندىن كېيىن، مەن تۇر-

سۈنجاندىن گۇمانلىنىپ سورىغىنىمدا، ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى پەيتۇلىنىڭ ئون بىر مىڭ سومدىن ئارتۇق قەلەم ھەققىنى ئېلىۋالغانلىقى، ھەتتا ھۆججەت بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، «باشقىلار بار يەردە بەرمەڭ» دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىقىغا قەدەر سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— بىرى چىرىتىشكە ھېرىس، يەنە بىرى چىرىتىشكە، — دېدى كېرىم بۇجاڭ ئاچچىقى بىلەن، — زادى ھەر ئىككىسىنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس.

— ئىچكى ئامىلغۇ بىرىنچى، — دېدى مەسۇم قابىل، — شۇنداقتىمۇ پەيتۇلكامىنىڭ بۇنچىلىك چىرىپ كېتىشىگە تۇرسۇنجاننىڭ ئۇنىڭغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەنلىكىمۇ بىر سەۋەب.

كەچلىك ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار يەنە بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— مەسۇم قابىل، سىز ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، — دېدى لى بۇجاڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بۇ ئىشلار بىر تەرەپ بولۇپ رەھبەرلىك مۇقىملاشقۇچە نەشرىياتنىڭ ئىشلىرى سىزگە قالدى، خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەڭ.

— بىز ئەتىلا كاتىپنى ئەۋەتىپ پەيتۇلىنىڭ خىزمەتتىن توختىتىلىپ تەكشۈرۈلىدىغانلىقى، سىزنىڭ ھازىرچە مۇۋەققەت نەشرىيات باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ تۇرىدىغانلىقىڭىزنى ئۇقتۇرىدۇ. بۈگۈن سىزنى چاقىرىشىمىزمۇ شۇ ئىش ئىدى، — كېرىم بۇجاڭ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — قورقماي، دادىل ئىشلەڭ.

— غەيرەت - شىجائىتىمغۇ بار، بىراق تەجرىبەم كەمرەك، — دېدى مەسۇم قابىل كەمتەرلىك بىلەن، — كۈتكەن ئۈمىدىڭلاردىن چىقالمايمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. . .

— خاتىرجەم ئىشلەڭ، — دېدى لى بۇجاڭ، — خىزمەتتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىڭىز باشقۇرۇش ئورگىنىدىكى



جاڭ پىڭ، ئەكرەم نىيازلارنى ئىزدەڭ، بىزمۇ ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز.

پىلىكتەك يېنىكلەپ، شادلىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقان مەسۇم قابىل سىرتقا چىقىش بىلەنلا ھاياجاندىن «ئۇھ» دېدى - دە، كۆك ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان ئۇنىڭغا گويا نۇر چاقناپ تۇرغان غايەت زور بىللۇر قازاندەك بىلىندى، يامالىق تېغىغا قىڭغايغان قۇياشمۇ خۇددى سەھەر قۇياشىدەك نۇرانە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا بەخت - ئامەت تىلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرى بولۇپ، ياز بالدۇر كېتىدىغان بۇ شەھەردە يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلىغانىدى. شىر تىلداپ تۆكۈلۈۋاتقان غازاڭلار مەسۇم قابىلنىڭ يولىغا چېچىلىۋاتقان زەر چاچقۇنلاردەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئىقبال كۆكىدە يىراقتىن بىر يۇلتۇز چاقناۋاتاتتى. بۇ يۇلتۇزنىڭ ئىسمى نېمىدۇر؟! سۇرەييامۇ، ئەششۇئەلەمۇ ياكى ئۇكەرمۇ؟ يا، ياق، ئۇ ئەمەل يۇلتۇزى! مەسۇم قابىل ئۇزۇن يىللار ئەقىل - پاراستىنى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى، ئەجىر - مېھنەتلىرىنى سىڭدۈرۈپ ئارانلا ئېرىشكەن نىجاتلىق يۇلتۇزى! . . .

مەسۇم قابىل تەشۋىقات بۆلۈمىدىن قايتىپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئابدۇرېھىم سۇلتان تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا پەيتۇلىنىڭ چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەشرىياتنى قاقتى - سوقتى قىلىش قاتارلىق خاتالىقلىرى مۇئەييەن بېكىتىلىپ، قىرىق بەش مىڭ سوم خىيانەت ئارتىلغانىدى. ئۇ يولسىزلىق بىلەن ئېلىۋالغان ئون بىر مىڭ سوم قەلەم ھەققىدىن پاش قىلىنغان ئىككى قېتىملىق بەش مىڭ ئۈچ يۈز سومنى گەدىنىگە ئېلىپ قالغىنىنى تېنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تۇرسۇنجانغا بەش مىڭ يەتتە يۈز سومدەك پۇل ئارتىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ بۇ پۇلغا بىرەر ھۆججەت ياكى گۇۋاھچى چىقىرىپ بېرەلمىگەنىدى. مالىيە بۆلۈمى باشلىقى، بوغالتىر،

كاسىرلارغىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە خىيانەت بېكىتىلگە-
نىدى.

خۇلاسىگە رازى بولۇپ قول قويۇشقان مەزكۇرلارنىڭ خاتا-
لىقلىرى قانۇنىي جازاغا يەتمەيتتى. شۇڭا ئابدۇرېھىم سۇلتان
خۇلاسىنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا بىر نۇسخىدىن تاپشۇرۇپ
بېرىدىغانلىقى، مەزكۇر كىشىلەر ئۇلارنىڭ مەمۇرىي چارىسىنى
كۆتۈشنى جاكارلاپ كېتىپ قالدى.

ئۆكتەبىرنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى، «گۈلدەستە» نەش-
رىياتىنىڭ بارلىق خادىملىرى كىچىكرەك زالغا يىغىلدى. بۇ-
گۈن ئىككى ئايدىن بېرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئىقتىسادىي
دېلودىكى جاۋابكارلارغا كۆرۈلگەن چارە ئېلان قىلىنىدىغانلىقى
ئۈچۈن، ھەممىنىڭ كۆزى يۇقىرىدىن كەلگەن ئىككى كىشىدە
ئىدى. يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، پاخپاق چاچلىرى قويۇق بول-
سىمۇ، لېكىن چارلىشىپ ئاقارغان دوغلاققىنا بىر كىشى نەشرى-
ياتتا نەچچە يىللاردىن بېرى يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي
قالايمىقانچىلىق ھەم ئۇنىڭ خىزمەتلەرگە كەلتۈرگەن يامان ئاقى-
ۋىتى قاتارلىقلار ھەققىدە ئازراق توختالغاندىن كېيىن يوپكىسى-
دىن مۇناسىۋەتلىك ئورگاندىن چۈشۈرگەن ھۆججەتنى ئېلىپ
ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى:

— «گۈلدەستە» نەشرىياتىدا قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشى-
نىڭ تۆۋەنلىكى، قائىدە - نىزاملارنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى
سەۋەبىدىن چىرىكلەشكەن بىر قىسىم كىشىلەرگە تۆۋەندىكىدەك
چارە كۆرۈلدى:

— پەيتۇل نەشرىيات باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلدى، شۇن-
داقلا پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى. ئۇنىڭ
مائاشىدىن ئىككى دەرىجە چۈشۈرۈلىدۇ، ئۆزى پېنسىيىگە چىقى-
دۇ. قىرىق بەش مىڭ سوم خىيانەتنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت
ئىچىدە قايتۇرۇپ بولۇشى شەرت. تۇرسۇنجان ئالىم ئۇيغۇر



بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلدى ھەم بەش
مىڭ يەتتە يۈز سوم خىيانىتىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە
تۆلەپ قايتۇرۇشى شەرت. »

ھۆججەتنى ئوقۇۋاتقان كىشى يىغىن ئەھلىگە تەكشى قارى-
ۋەتكەندىن كېيىن، مالىيە بۆلۈمىدىكى ئۈچ كىشىنىڭ خىيانەت
قىلغان پۇلنى قايتۇرغاندىن كېيىن، يۆتكەپ ئىشلىتىش چارىسى
بېرىلگەنلىكىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئاندىن يوپكىسىدىن ئايرىم بىر
ھۆججەتنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى.

— «ھۆججەت، — ئۇ ھۆججەتنىڭ نومۇرىنى ئېلان قىلى-
دى، — كادىرلارنى خىزمەتكە بەلگىلەش، يۆتكەپ ئىشلىتىش
ھەم قالدۇرۇش نىزامىنىڭ xxx ماددىسىغا ئاساسەن، «گۈلدەس-
تە» نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈم باشلىقى مەسۇم قابىل «گۈلدەس-
تە» نەشرىياتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنسۇن! . . . »

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىزنىڭ ھۆججەتنى ئاڭلىغاندىن
كېيىنكى روھىي ھالىتىڭىز قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ كۆڭۈل كۆزۈم
كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ئىچىڭىز سىقىلدى. «تووۋا» دەپ ياقىڭىزنى
تۇتتىڭىز، بۇنىڭغا ھەيران بولماڭ، رېئاللىقتا «تووۋا» دەيدىغان
ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. پەقەت بىز زامانىمىزدىكى داڭلىق نەزە-
رىيىچى، تارىخشۇناس، ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىستراتېگىيە مەسى-
لىلىرى ئوبزورچىسى خې شېن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى
ئەسلەشكە مەجبۇرمىز:

«كىشىلەرگە ئاللىقاچان ئايان بولغان ئەمەلىي ئەھۋال شۇ-
كى، ھەرقايسى ساھەلەردە كادىرلارنى تاللاش، زىيالىيلارنىڭ
دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق سەرخىل-
لارنى تاللاش ھەرىكەتلىرىدە تاللىنىدىغانلىرى ھەمىشە مۇستە-
قىل كۆزقارىشى يوق، ئىقتىدارسىز، يۇمىلاق تاۋۇز، ياخشى-
چاقلار بولۇپ چىقىدۇ ياكى شەخسىي غەرەز - مۇددىئالىرىنى
ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرالايدىغان، يالغانچى، ساختىپەز، پوچى،

هېلىگەر، ئىككى يۈزلىمچى، سۆيىقەستچىلەر تاللاپ ئۆستۈ-
رۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارغا بۇرۇندىن تارتىپ دىققەت قىلىنىپ
كېلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاسادىپىيلىق دەپ قارالغان.
بۇ، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىدىكى ناچارلارنى
تاللاش مېخانىزمىدۇر: . . »

مانا شۇنداق قىلىپ، كىتابىي بىلىملەر چەشمە زىلال بولۇپ
بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىدىغان «گۇلدەستە» نەشرىياتىدىن ئىبا-
رەت بۇ بۇلاققا تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن يەنە بىر ئېتىبىلىقى
كىرىپ كەلدى. بۇ بۇلاق ئەمدى لېيىماي قالارمۇ؟!



## ئىسلاھاتچىنىڭ تەقدىرى

«مەسۇم قابىل، مېنىڭ كىملىكىم ئۆزۈڭگە ئايان، سەن
كۆزلىگەن مەقسىتىڭگە يەتتىڭ! ئەمما سەن تىزگىنىنى سىيرىپ
ئولتۇرغان ئاشۇ ئەمەل ئېتى قانداق بولۇپ سېنىڭ تېقىملىرىڭ
ئاستىغا ئۆتۈپ قالدى؟ كىملەرنىڭ ئەجىر - جاپاسىدىن كەلدى؟
كىملەر سېنى يۆلەپ مىندۈردى؟ بۇلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدۇڭ!
خۇددى كوچىدا ئۇچراتقان چارىسىز قەلەندەرگە ئېتىبار قىلمى-
غاندەك، ماڭىمۇ قارار كۆزۈڭ يوق! ھەتتا كۆرمىگەن، تونۇمى-
غان ئادەمدەك گىدىيىپ ئۆتۈپ كېتىسەن. مەن سەن ئۈچۈن
قانچىلىك قانات قاقمىدىم، سېنىڭ ئېرىقىڭنى ياقىلاپ، كەتمى-
نىڭنى چېپىپ رېستوران، ئاشخانىلاردا پالاقلاپ يۈرگەنلىرىم
ئازمۇ؟ قاتلامىمۇ قاتلام ‹كېرەكلىك› ئادەملەرنى چاقىرىپ، گويا
سېنىڭ كانىيىڭدەك كۈنلەپ كاسىلدىغانلىرىمچۇ! ئاخىر
ئەجىر - جاپالىرىم مېۋە بېرىپ، سېنىڭ نەزىرىڭدىكى «بۆرە»
سېسىدى، قايسىلا كوچىغا كىرسۇن، ھەممە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى
چەتكە ئالدى، بەدەر قاچتى. سەن ‹بۆرىنى قوتاندىن قوغلىۋەت-
سەكلا ساڭا يېرىم ئەمەس، پۈتۈن لوقمىنى بېرىمەن› دەپ
ئاغزىمغا قۇرۇق سوسكا سالساڭمۇ، مەن يەنىلا بىرمۇنچە كىشى-
لەرنى باشلاپ، ئۇچرىغان يەردە پوپاڭ كۆتۈرۈپ، باراڭ كۆرسى-
تىشكە ئاتلاندىم. نەتىجىدە، بۆرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، قوتان-
نىڭ سەركىسى بولۇشىڭغا مەن ئاساس سالدىم. سەن بۇنىڭغىمۇ
قانائەت قىلماي، يايلاقنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇش ئۈچۈن، تاغدىن
‹يولۋاس›نى قوغلىۋېتىشكە ئاتلاندىڭ! بۇ توغرىدا كېچىلىرى

ماڭا نېمىلەرنى دېگەنلىكىڭ ئېسىڭدىن چىقىپ قالمىغاندۇ؟ ھې-
لىقى شياۋشىمىندىكى كىچىك ئاشخانىدا مەست بولۇپ قېلىپ
، يولۋاسنى تاغدىن ھەيدىسەك، كەڭ يايلاق ئۆزىمىزنىڭ، چوڭ
قوتاننىڭ سەركىلىكى ساڭا مەنسۇپ، دېگەن گەپلىرىڭنى ئۇنتۇپ
قالمىغانسەن؟ بىراق، سەن مېنى ئىتتەك قاۋىتىپ، كۆش -
كۆشلەپ كىشىلەرنى تالىتىپ، ھەممىگە ، غالجىر ، كۆرسىتىپ
بولۇپ، مەيدەمگە تەپمەكچى بولۇۋاتىسەن. بۇ ئۇنداق ئاسان
ئەمەس، ئەقلىڭنى تېپىپ، ھوشۇڭنى يىغ! مەن بوزەك بولىدى-
غان، تەقدىرگە تەن بېرىپ ياش تۆكىدىغان، بارمىقىنى شوراپ،
بويۇن قىسىپ ئولتۇرىدىغان مىسلىمىيانلاردىن ئەمەس! يۈرەك-
نى ئېزىپ، قول مىجەز قىلىپ قويغۇدەك مەدەنىيەت ئىنقىلابى-
نىمۇ كۆرگۈنۈم يوق! مەن دېگەن ھازىرقى يېڭى دەۋر، يېڭى
ئېقىمنىڭ ئىسيانكار ئوغلى! مېنىڭ قېنىمنى قىزىتما. مەگەر-
كىم قېنىم تاشىدىكەن، ساڭـا ئەمـەل ئېتىنـى ئاتا قىلغـان
قەسىر - سارايدا پارتلايمەن. ئۇ چاغدا ئەمەل ئېتىڭ ئۇياقتا
تۇرسۇن، بۇ جاھاندىن ئۆزۈڭنىمۇ تاپالمايسەن!...»

«ئەبلەخ! — مەسۇم قابىل خەتنى پارچە - پارچە قىلىپ
يىرتىپ، پىرقىرىتىپ بۇلۇڭغا ئاتتى، — قارا، بۇنىڭ قورقاق
سېلىۋاتقىنىنى، سەن دەلدۈش، ساراڭ دىۋانە مېنى نېمە كۆرۈپ
قالدىڭ!»

مەسۇم قابىل پەيتۇلنىڭ «تەختى» دە ئولتۇرۇپ بىرنەچچە
كۈن بولار - بولمايلا ئۈستىلىگە تاشلاپ قويۇلغان بۇ خەت
خۇددى قوقاس يۇتۇۋالغاندەك ئۇنىڭ ئىچ - قارنىنى ئۆرتىۋەتتى.
بولۇپمۇ «ئەقلىڭنى تاپ»، «ھوشۇڭنى يىغ» دېگەن قوپال ھاقا-
رەتلەر بىر يېڭى رەھبەر ئۈچۈن ئېيتقۇسىز خورلۇق ئىدى.
خەتنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئۇششاق پارچىلىرىغا قارىغانچە غەزى-
پىنى باسالمىغان مەسۇم قابىل ئۈستىلىگە بىر ئۇرۇۋىدى،
مۇشتۇمى ئاغرىپ كەتتى. بۇ قاپ يۈرەك مۇتتەھەمنىڭ زادى



كىم ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

«خەپ چىنار، مەن ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ساڭا بىر
تونۇتمىسام، — شىۋىرلىدى مەسۇم قابىل، — تاپانلىرىم ئاستى-
دا قۇرتتەك مىجىلىپ، سازاڭدەك تولغىنىسەن تېخى!»

مەسۇم قابىل گەرچە ئىزا - نومۇسقا، خورلۇققا چىدىماي
شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ گەپلىرىگە ئۆزىمۇ ئى-
شەنچ قىلالمايتتى، راست گەپنى قىلغاندا، يۈرىكىگە بىر ئەن-
سىزلىك كىرىۋالغانىدى. دېمىسىمۇ چىنار ھەممە ئىشنى بى-
لىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ راستتىنلا پارتلىسا، مەسۇم قابىل ئەمەل
ئېتىنى ئەمەس، ئۆزىنىمۇ بۇ جاھاندىن تاپالماسلىقتەك خەۋپ
كۆزىگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇ ھازىرقى زامان ياشلىرىدىن ھە-
زەر ئەيلىدى. شۇنچە ئۇزۇن يىللار ھېكمەت، كامىل، تۇرسۇن-
جانلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ، بىر - بىرىنى سەنلىشىپ تىللاش-
قىنى يوق! ئەمما چىنار تامدىن تارىشا چۈشكەندەك خېتىنى
باشلا - باشلىمايلا سەنلەش، تىل - ھاقارەت، قورقاق سېلىش-
لارنى ياغدۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان ساراڭ،
تەلۋىلىكى چىقىپ تۇرمامدۇ. بۇنداق ئەبلەخ بىلەن ھەپىلىشىپ
ئارام تاپالامدۇ كىشى! ھەي، بۇ دەۋر ياشلىرى ئالدىدىكى بۆرد-
دىن، كەينىدىكى يولۋاستىن ئەندىكىپمۇ قويمايدىغان بىر توپ
ساراڭلارغۇ. ئوغلى رۇستەم چېغىدا «دادا، بۇنىڭدىن كېيىن
ھېكمەت، كامىلكاملار ئۈستىدىن ئۆسەك گەپلەرنى تارقاتمى-
ڭىز، ئوبزور - ماقالە يېزىپ سېستىسىڭىز، مېنى ، ئۆز پۇش-
تۇمدەك ئىش قىلمىدى، دەپ رەنجىپ يۈرمەڭ. مەن مەتبەئە
يۈزىدە سىز بىلـەن مـۇنازىرىلىشىمـەن... ئىلىم - پـەندىكى
بەس - مـۇنازىرە قـانداشلىق مـۇناسىۋەتنـى ئېتىراپ قىلماي-
دۇ!» دەپ مەسۇم قابىلغا قولىنى شىلتىگەن تۇرسا.

مەسۇم قابىل ئۇيان ئويلا - بۇيان ئويلا ئاخىر چىنارغا
ئۆيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ئەملىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈك-

تى. بىراق، ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى
بىكاردىن ـ بىكار ئەنسىز ئورۇۋۇاتقىنى يوق. نۇرسۇنجانمۇ ياغلى-
ما گەپلىرى بىلەن مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپلا
ھەرىكەتنى باشلىۋەتكەن، ئەتىجىدە بىرىنچى قول مۇدىرلىقنى
تارتىۋالغان، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ كۆزى پەيتۇلنىڭ ئورۇن-
دۇقىغا چۈشكەن. چىنارنى شۇنداق قىلمايدۇ دەپ كىم
ئېيتالايدۇ؟!

چىنار دېگەن بۇ تەلۋە، مۇتتەھەم، يۈزسىز بىر كۈشەندى-
نىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مەسۇم قا-
بىل، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئارام تاپال-
مايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. خۇددى ئۆزگە قىلساڭ
كۆزگە دېگەندەك، بۇ ئەنە شۇنداق ئۆتنە ئالەم ئىدى!

ئىشىك چېكىلىش بىلەن ئۇنىڭ چىگىش خىياللىرىنىڭ
تۈگۈچى يېشىلمەي قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. «كىرىڭ» دې-
گەن ئىجازەت بىلەن تەڭ، ئىشخانىغا تۇرسۇنجان ئالىم كىرىپ
كەلدى. ئۇ، «مەرھەمەت»نى كۈتمەيلا دىۋانغا كېلىپ ئولتۇر-
دى. مەسۇم قابىل ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈندۇر ئەمەلدارلىق كىبىرى
بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقى ھەمكارلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ
ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى.

— ھە تۇرسۇنجان، كىرىپ قاپسىز، — ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ
سەممىيدەك قىلاتتى، — ئاڭلىسام، پۇللارنى تۆلەپ قايتۇرۇپ
بولۇپسىز.

— شۇنداق، — تۇرسۇنجاننىڭ روھىي ھالىتى تۆۋەن
ئىدى، — مەن سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنۈش دەپ كىردىم. مېنىڭ
خىزمەت مەسىلەم قانداق بولماقچى؟

— خىزمەت مەسىلەم دەڭ، — بۇ توغرۇلۇق مەسۇم قا-
بىل ئالدىراپ ئويلىنىپ قويغانىدى، — سىزگە دوستانە مەس-
لىھەتىم، ئەڭ ياخشىسى پېنسىيىگە چىقىشقا دوكلات يېزىڭ،



مەن! ھەل قىلىپ بېرەي.

— نېمە ئۈچۈن ئەمدى؟

— سىزنى ئايىغانلىقىمدىن شۇنداق دەۋاتىمەن، — دېدى
مەسۇم قابىل بىردەم توختىۋېلىپ، — ئويلاپ كۆرۈڭ، نەشرى-
يات ئىچى ـ سىرتى، ھەتتا جەمئىيەتتىمۇ سىزنىڭ نام ـ
شەرىپىڭىزنى بۇلغايدىغان بەزى گەپلەر بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق
ئىكەن، سىزنى ئېلىپ قالسام ماڭىمۇ، سىزگىمۇ ياخشى
ئەمەس.

— مېنىڭ ئۈستۈمدە تېرىلىپ يۈرگەن قانداق گەپلەركەن
ئۇ؟

— غورۇرىڭىزغا تېگىدىغان بۇ گەپلەرنى دېسەم كۆڭلى-
ڭىزگە كېلىپ قالارمىكىن.

— ياق، دەۋېرىڭ. ماختاش بىلەن تۆھمەتكە ئوخشاشلا
كۆنۈپ قالدىم.

— سىز بۇنداق دەپ تۇرۇۋالغاندىكىن مەندە نېمە
ئامال، — مەسۇم قابىل ئوڭايسىز ھالەتتە گېلىنى قىرىپ
قويدى، — «تۇرسۇنجان ‹گۈلدەستە› نەشرىياتىنىڭ بېشىنى
يېدى، جازالىنىدىغاننى جازالىتىپ، بەزىلىرىنى يۆتكىتىپ،
باشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى توزۇتۇۋەتتى، ئۆزىمۇ شۇ قاتاردا ئەدە-
پىنى يېدى» دېگەن گەپلەر بەك تولا. شۇنداق ئىكەن، يولداش-
لارنىڭ يۈزىگە قاراپ ئىشلەش بەك تەس بولۇپ قالارمىكىن.

تۇرسۇنجان مەسۇم قابىلنىڭ پۇدەپ قويغاندەك سېمىز،
قارىمتۇل چىرايىغا، يېرىم قىسىلغان كۆزلىرىگە ئاچچىق كۈ-
لۈمسىرىگىنىچە قارىدى. بۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھېك-
مەت، كامىللارنىڭ تەنبىھ، ئاگاھلاندۇرۇشلىرى، سىرتتىن
ئاڭلىغان مىش ـ مىش پاراڭلار قايتا تەكرارلىنىپ تۇردى. . .
پەيتۇل ھەم چىنارلارنىڭ بىر مەزگىل قۇتراپ تۇرسۇنجاننى
كۆزدىن يوقىتىشى، سەممىيلىك نىقابى ئاستىدا قىلىنغان يار-

دەملەرنىڭ سەۋەبسىز ئەمەسلىكى، تۇرسۇنجاننىڭ قولى ئارقى-
لىق پەيتۇلنى ئاغدۇرۇش غەرىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەق-
سەتلىك، پىلانلىق، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ كۆڭلى-
دىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ «ئىككى سەگ تالىشۇر، لوق-
مىسىنى قاغا - قوزغۇن ئەپقاچۇر» دېگەن دۇردانىلىرى كەچتى.
مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەيتۇل بىلەن تۇرسۇنجان مەسۇم قابىلنىڭ
سەھنىدە ئويناتقان قونچاقلىرىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئەمدى ئامال
قانچە؟

— بولىدۇ، مەسۇم قابىل، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلاي، —
تۇرسۇنجان ئورنىدىن تۇردى، — مەن سىزنى بۈگۈن چۈشەندىم،
چۈشەنگەندىمۇ بۇرنۇمغا سۇ كىرىپ بۇرۇقتۇرما بولغىنىمدىلا
تولۇق چۈشەندىم، بىراق تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەندىم!

تۇرسۇنجان چىقىپ كەتتى. مەسۇم قابىل چىش ئارىلىقلى-
رىدىن پىشىلداپ غودۇڭشىدى: «چۈشەنگەن بولساڭلا بولدى،
بايقۇش، سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق!»

مەسۇم قابىل ھەقىقەتەن دانا تەدبىر قوللاندى. ئۇ تۇرسۇن-
جاندەك ئەقلى ئۆتكۈر، تەدبىرلىك، سېزىمچانلىقى چەكتىن
ئاشقان مەمەدان، ئاتىكاچىلارنى قوينىدا ساقلايدىغان پەيتۇلدەك
سار پوقى يەۋالمىغان! پەيتۇل تۇرسۇنجان، مەسۇم قابىللارنى
«ۋاي كۈچۈكۈم» دەپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋىدى، ئۇلار ئۇيالماي
بىر نېمىسىنى چىقاردى، ئايانماي ئېغىز سالدى! ھاياتلىقنىڭ
مەنتىقىسى شۇ. بىر كىمگە ياخشىلىق قىلىدىغان، ئىچ ئاغرىتى-
دىغان جاھانمۇ بۇ! مۆرىتى كەلسە ئاتا - ئاناڭنىمۇ «پوش» دەپ
تونۇمايدىغان ۋاقىتلار بولىدۇ... چىناردەك بىر كۆشەندە ئار-
تۇق كېلىۋاتقان يەردە، ئۇستەك ئالغاندەك يەنە بىر كۆشەندىنى
كۆپەيتىۋالسا، مەسۇم قابىلنىڭ دوزاخ ئازابىنى تارتىپ قولغا
كەلتۈرگەن تاج - تەختى نېمە بولماقچى!



مەسۇم قابىلنىڭ شېرىن خىياللىرى يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى.
بۇ قېتىم ئىشىك چېكىلىپ پەيتۇل كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشخانا
ئوتتۇرىسىدا قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، بېشىنى سىڭارىيان قى-
لىپ، سەل ئېڭىشكەن ھالدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ ئەيمىنىپ ھەم
قورۇنۇپ، يېڭى باشلىقنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىدى.
ھەتتا مەسۇم قابىل «قېنى ئولتۇرۇڭ» دېگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ
ئوڭ - سولىنى تاپالماي قالغان ئادەمدەك يان - يېنىغا قاراپ،
دىۋانغا ئارقىچىلاپ مېڭىپ ئارانلا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ بىچارە
ھالىتىدىن ئىمتىياز ئىپتىخارى ھەسسىلەپ ئۆرلىگەن مەسۇم
قابىل «تەخت» كە يۆلەنگەن ھالدا بېشىنى تىك تۇتۇپ
ئولتۇردى - دە، قارىغا مايىل چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالدى.
ئۇ ئۇستەلگە قويۇۋالغان ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى توختى-
ماي ئوينىتىشقا باشلىدى.

— ھە، كىرىپ قاپتىمىزغۇ؟ — مەسۇم قابىلنىڭ ئاۋازى-
مۇ نوپۇزلۇق ئەربابلار پەدىسىدە چىقتى، — بىرەر ئىش - كۈش-
لەر بارمىدى؟

— ئەمدى شۇ... پۇلنى قايتۇرۇش ۋاقتى ئۇن كۈن -
لۈككەن، — دېدى پەيتۇل يېلىنغان ھالدا، — باللارنى ئوقۇ-
تۇپ، قىزلارنى چىقىرىپ، ئوغۇللارنى ئۆيلەپ قولۇم قىسقا
بولۇپ قالدى. شۇڭا قەرەلنى سەل ئۇزارتىپ بېرەرمىكىن
دەپ...

— ماڭا تۆلەيدىغان قەرز بولسىغۇ مەيلى دېسەم
بولاتتى، — مەسۇم قابىل يالغان يۆتىلىپ قويدى، — لېكىن بۇ
دۆلەتنىڭ پۇلىكەن، پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلمىساق بولمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — پەيتۇل ئالقانلىرىنى ئۇۋ-
ۋۇلىدى، — ئەمما... ئەمما... پۇلنىڭ ئورنىنى زادىلا قى-
لالماي...

— سىز ئىجتىمائىي ئالاقىسى كەڭرى ئادەم، — مەسۇم

قابىلنىڭ ئاۋازىغا تەنە ئارىلاشتى، — ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا كۆپ
ئەسقاتتىڭىز، ئەمدى ساخاۋەتكە شاپائەت قىلمىسا بولماس.

— بىرنەچچىسىنىڭ ئۆيىگە قەرز سوراپ بارغانىدىم، —
پەيتۇلنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — مېنىڭدىن بۇرۇن هال
ئېيتىپ يولغا سالدى.

— قەرز سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز، — مەسۇم قابىل قاتـ
تىقلا تەگدى، — ئابدۇرېهىم سۇلتاننىڭ خۇلاسىسىدە دۇئاغا،
خۇشامەتكە بېرىۋەتكەن، ئارتۇق يېزىۋەتكەن پۇللار ئېنىق يېزىلـ
غانغۇ، شۇنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ھەممىسىگە كۆرسىتىڭ.

پەيتۇلنىڭ كۆز ئالدى راستىنلا يورۇغاندەك بولۇپ كۆز
قارىچۇقلىرى پىلدىرلىدى. بۇرۇنلاردا مەسۇم قابىل ھەر خىل
ئامال ـ چارە، هىيلە ـ مىكىر، ئەگرى پىلانلارنى كۆرسەتكەندە
ئۇنىڭدا خۇددى شۇنداق هالەت روي بېرەتتى. مانا هازىرمۇ ئۇ
يەنىلا ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ بۇيرۇق بېرىۋاتىدۇ. «شۇنىڭغىمۇ
باش قاتۇرۇش كېتەمدۇ، قەلەم ھەققىڭلارنى ئېلىپ قېچىپ
كەتتى دېسىڭىزلا پۈتمىدىمۇ»، «ئۇ قايتىپ كەلمىگەنىكەن،
ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى ئارتىپ قويغىلى بولىدۇ»، «ئۇنىڭ
نامىدا قەلەم ھەققى يازغانىكەنسىز، پۇلنى ئېلىشقا توغرا كېلىـ
دۇ»، «ئوغرى كىرىپتۇ دەپلا قويساق بولىدۇغۇ»، «ئۆزگەرتـ
سىڭىز شالتاق بولۇپ چېنىپ قالىدۇ، باشقىدىن كۆچۈرۈپلا
چىقىڭ»... مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ـ نۇرغۇن يول
كۆرسىتىشلەر بولۇپ ئۆتمىگەنمىدى؟ ئۆتكەن. پەيتۇلنى ئوڭدا
قويۇۋەتكەنمۇ ئاشۇ ئاڭلىماققا يېقىملىق چارە ـ تەدبىرلەر...
قىڭغىر يوللاردا پۈتلاشتۇرغانمۇ ئاشۇ «ئۆزىنى كۆرسەتمەي ھە-
دىنى پۈراتقان» سىرلىق پىلانلار... ساخاۋەتتىن يىراقلاشتۇ-
رۇپ بارغانسېرى قاباھەت پاتقىقىغا پاتۇرغانمۇ ئاشۇ شېرىن ـ
شېكەر ئۇچۇرلار... بىراق، هازىر ئۇلار ئاچچىق ئەسلىمىگە
ئايلىنىپ قالدى. پەيتۇل ئەمدى ۋەيران بولغان قىسمىتىنى



ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرى مۇشۇ سىرلىق ئادەمگە
باغلانغان. ئەگەر سەللا قىلدىن قىيىق كېتىدىغان بولسا، ئازغىـ
نا پېنسىيە مائاشىنىمۇ ئالالماسلىقى مۇمكىن. پەيتۇل نېمىدېـ
گەن خام ئويلىغان. ئۇ ئەسلىدە مەسۇم قابىلدىن ئىبارەت هاسا
تاياق بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ قاڭشىرىنى يارماقچى بولغانىدى،
لېكىن بۇ هاسا تاياق ئۆزىنىڭ گەجگىسىگە تېگىپ ئۇنى توپا
چىشلىتىپ قويۇشنى كىم خىيالىغا كەلتۈرگەن؟! بىرقانچە يىلـ
لار ئىلگىرى مەسۇم قابىل پەيتۇل يالۋۇرۇۋاتقان پەگادىكى مۇشۇ
ئورۇندا ئولتۇرۇپ «مۇئاۋىن كېجاڭلىق ئەمەلىمنى ساقلاپ قالـ
سىڭىز» دەپ يېلىنغانىدى، ئەمدىلىكتە شۇ ئورۇندا ئولتۇرغان
پەيتۇل ئۇنىڭغا يېلىنىۋاتىدۇ. كىم بىلىدۇ، تاڭلا بەش كۈندىن
كېيىن مەسۇم قابىلمۇ ئاشۇ پەگادىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ
چىنارغا يېلىنامدۇ تېخى! ئۇنىڭغا ئالدىن بىر نېمە دېمەك تەس.
چۈنكى، تەقدىرى ئەزەلنىڭ ئويۇنلىرى بەندىلىرىنى مەسخىرە
قىلىش بىلەنلا داۋاملىشىپ كەلدى. كۆرۈڭ، چىۋىننىڭ قانىتىـ
دەك ئەمەل كويىدا سەرگەردان بولۇپ، ئىتتەك كۈچۈكلەنگەن مەـ
سۇم قابىل «تەخت»كە ئولتۇرۇۋىدى، خۇددى «هۇمايۇن قۇشى
قونسا چىۋىن باشىغا، سۇمۇرغ كېلۇر ئۇنىڭ قاشىغا» دېگەنـ
دەك، تۇرسۇنجان هەم پەيتۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمىدىمۇ؟!
شۇڭا دەيمىزكى، زەر تونلارغا پۈركەنگەن هۆكۈمدارغا شادلىق
ۋە شادىمانلىق ئەبەدىيلىك بولمىغىنىدەك، جەندە ـ كۇلاھ كىيـ
گەن دىۋانىگىمۇ غۇربەتلىك كۈنلەر باقىمەندە ئەمەس، چۈنكى
هاياتلىق قىسمەتلىرى تۈرلۈك ـ تۈمەندۇر!

پەيتۇل ئېڭىشكىنىچە مەسۇم قابىلنىڭ ئىشخانىسىدىن چىـ
قىپ كەتتى. ئۇ ئىككى كۈنگىچە «دۇئاغا، خۇشامەتكە كەتكەن
پۇللارنى يىغىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئۆيلەرگە كىرگەن بولسىمۇ،
هېچنېمە ئۈندۈرەلمىدى، ھەتتا بەزىلىرى هېڭدىن سېسىق گەپـ
لەر بىلەن يولغا سالدى، بەزىلىرى بولسا چىرايىنىمۇ ئاچمىدى.

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا پەيتۇلنى ماختاپ، كۆپتۈرۈپ ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك قايناپ كەتكەن ئادەملەر ئۇ ئەمەلدىن قېلىپ، نەپتەگمەس بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئارقىسىنى ئۆرۈۋگەندى. ئامالسىز قالغان پەيتۇل كەچ تەرەپتە نۇردۇن خوجىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئابدۇرېھىم سۇلتانىنىڭ خۇلاسىسىدە، ئۇنىڭغا ئارتۇق ئەۋەتىلگەن پۇل يەتتە مىڭ سومدىن ئاشاتتى. بىراق، نۇردۇن خوجا چىرايىنىمۇ ئاچماي ئولتۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئۇ پەيتۇل ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن ئۇنى كۆڭلىدىن سىيرىپ چىقىرىۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ پەيتۇل ئۆزىنىڭ قاتتىق تەڭلىك تارتىپ قالغانلىقىنى، بولمىسا ھەرگىز ئۆز ۋاقتىدا ئەۋەتكەن پۇللارنى زىغىرلاپ يۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇردى. نۇردۇن خوجا يەتتە مىڭ سوم پۇلنىڭ گېپى چىقىش بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، چالۋاقاپلا كەتتى:

— مەن ھەرقايسىڭىزنىڭ خەزىنىسىدىكى پۇلنى بۇلىدىممۇ، ئوغرىلىدىممۇ ـ ھە؟ — نۇردۇن خوجا شىرەگە مۇشتلىدى، — بېسىم ئىشلىتىپ ئارتۇق ئېلىۋالدى دەيدىغانغا مەن ياكى ھوقۇقدار بولمىسام، ياكى قەلەم ھەققىمنى مۇنچە پۇلدىن بېرىڭلار، دەپ شەرت قويدۇممۇ؟ بۇ قانداق گەپ ئۆزى.

— ئەمدى قاراڭ. : . ئۆز ۋاقتىدا سىز يازغان، تۈزگەن، تەھرىرلەپ بەرگەن ئورگىناللارنىڭ بەت سانى بويىچە قەلەم ھەققى يازغانىكەنمىز، — پەيتۇل مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈردى، — كىتاب چىققاندىن كېيىن، خەت سانى خېلىلا كەم چىقتى. ئابدۇرېھىم سۇلتان شۇ بويىچە ھېسابلاپ، ئوشۇق كەتكەن پۇللارنى ئاسانلا تېپىۋالدى.

— كىتاب چىققاندىن كېيىن يازماي، ئورگىنالغا قەلەم ھەققى يازغانىكەنسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ تۈزۈمىڭلاردىكى ئىش، مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى ـ ھە؟ — نۇردۇن خوجا بارغانسېرى



قىزىشماقتا ئىدى، — بىلىپ قويۇڭكى، مەن سىڭدۈرگەن ئىلمىي ئەمگىكىمگە لايىق ھەق ئالدىم. ئەگەر چەت ئەللەردە بولغان بولسام ئۇنىڭدىن ئون ھەسسە، ھەتتا يۈز ھەسسە ئارتۇق ئالغان بولاتتىم.

پەيتۇل نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ چىرايى خىجالەتچىلىك، تەڭلىك، خاپىلىقتىن قىزىرىپ، ئېسىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ چاغقىچە نۇردۇن خوجىنىڭ كۈلۈپ، ھىجىيىپ يۈرگەن ئىللىق قىياپىتىنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغاچقىمۇ، ئۇنىڭ «بۇلىدىممۇ» «ئوغرىلىدىممۇ»، «بېسىم ئىشلەتتىممۇ؟» دېگەن چاغدىكى قوپال ئەلپازىنى كۆرۈپ ئوسال ئەھۋالدا قالغانىدى. دېمىسىمۇ، پەيتۇل ھەر قېتىم بىرەر ـ ئىككى كاللەك پۇلنى قوش قوللاپ سۇنغىنىدا، خۇشلۇقىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئاغزى يېپىلماي قالىدىغان نۇردۇن خوجا «ۋۇي، بۇ نېمانچە جىق، مېنىڭ مۆلچەرىمدىن خېلىلا ئوشۇق ئېلىپ كەپسىز. . . » دەپ، «رەھمەت، ھەشقاللا» دىن قانچىنى دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ ساناپ بېرەلمەيتتى، ھەتتا تېلېفون ئارقىلىق مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرەتتى. مانا ئەمدى قايتۇرىدىغان چاغدا پەيتۇلنى ئىتتەك سىلكىشلەپ قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى. پەيتۇل بۇ يەرگە قانچىلىك ئۈمىد بىلەن كەلدى دەيسىز. ئۇنىڭ كۆڭلىدە «ئۆز ۋاقتىدا ھىممەتلىرىڭ ئاز بولمىدى، ھازىر بېشىڭغا كۈن چۈشۈپتۇ، كەم يەرلىرىڭنى تولدۇرۇۋال، دەپ بىرەر كاللەك پۇلنى ئالدىمغا قويار» دېگەن تەمەمۇ يوق ئەمەس ئىدى. دوستلۇق، يېقىنلىق، «ۋاي» دەپ دولا قېقىشلارنىڭ ھەممىسى مەنپەئەت ئېرىقىدىن سۇ ئىچىپ تۇرمىسا قۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن پەيتۇل يەنىلا نۇردۇن خوجىغا يېلىندى:

— بولمىسا. . . قەرز ھېسابىدا ئازراق پۇل ئۆتنە بېرىپ تۇرالامسىزكىن؟ — مەن تىلخەت يېزىپ بەرسەم. . .

— قەرز؟ ! — نۇردۇن خوجا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. بۇ

ئۇنىڭ «قېنى، كەشكىنى توغرىلا» دېگەن بېشارىتى ئىدى، — مەن دېگەن سودىگەر، تىجارەتچى بولمىسام ئوشۇق پۇل نېمىش قىلىسۇن!

پەيتۇل بېشىنى سالغىنىچە سىرتقا قەدەم ئېلىشى، زەرب بىلەن يېپىلغان ئىشىك خۇددى ئۇنىڭ ئارقىسىغا تەپكەندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۆز ۋاقتىدا شۇنچە كۆپ ھىممەتلەرگە نائىل بولغان نۇردۇن خوجىنىڭ بۇ يۈزسىزلىكىدىن قاتتىق خورلانغان پەيتۇل ئايىغى ئاستىدىكى يولنىمۇ پەرق ئەتمەي چوڭ يولغا چىقتى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئىككى بۇرادىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتتى. پۇلنى قايتۇرۇش قەرەلى توشۇپ قالاي دېگەندى. مەسۇم قابىل چىنارنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن بېرى، ئاخىرقى ھاياتىنى دوغا تىككەن ئۇششۇك ھەردىسىدەك كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ سەپرايى ئۆرلەپ نەشتىرىنى سانجىشقا ئارانلا تۇراتتى. ئۇ ئەتىگەن پەيتۇلنى چاقىرىپ: «پۇلنى قەرەلىدە تۆلەپ قايتۇرمىسىڭىز، جەرىمانە بىلەن قوشلاپ تۆلەيسىز» دەپ ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى. ئۇ دېگىنىنى قىلماي قويمايتتى، شۇڭا پۇلنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىسا مەسۇم قابىل ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئۆچ ئالاتتى.

ئىككى قاسناقتىكى ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ سارغايغان ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ خېلىلا شالاڭلىشىپ قالغان بولسىمۇ، يانتۇ ئېسىلىپ تۇرغان ئۆكتەبىر قۇياشى يەنىلا قىزىق تەپتىنى يوقاتمىغانىدى. كەم پۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرالماي غەمگە پاتقان پەيتۇل چەت - ياقىلار بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز، ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان تۇرسۇنجاننى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ قولىدا خېلىلا ئېغىر سومكا بار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە يېقىنلاشقانسېرى، يەر بېقىپ ئۆتۈپ كېتەيمۇ ياكى سالاملىشىپ قويايمۇ، دېگەن ئوي ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە تەڭلا پەيدا



بولدى. يول چېتىدىكى تۆمۈر سالاسۇن ئىككى رەقىبنى تار يولدا ئۇچراشتۇرۇپ قويغانىدى.

«بۇ يۈزسىز قەستەن تېنىۋېلىپ مېنى خىيانەتچى قىلىپ قويدى» دېگەن قورساق كۆپۈكى تۇرسۇنجاننىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە خۇشال ئىدى. چۈنكى مۇشۇ ئادەمنىڭ زىيانكەشلىك «ھەسسىسى» بولمىغان بولسا تۇرسۇنجان بۈگۈنكىدەك ئەركىن - ئازادە قانات ياساپ ئۇچالمىغان، نەشرىيات سودىگىرى بولالمىغان بولاتتى. لېكىن، پېتىدىن چۈشۈپ، روھى سۇنغان پەيتۇل پۇلنىڭلا كويىدا قالغاچقا، ئىچىدە مەسۇم قابىلنى قارغاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بىر غۇلاچمۇ يەر قالمىدى. گويا غايىبتىن بىر كىم كوماندا بەرگەندەك ھەر ئىككىسى ئورنىغا مىخلىنىپ قالدى. پەيتۇلنىڭ خىجىللىق ئىلكىدە مۆلۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرى، خالتىلىشىپ قالغان قوش ئېڭەكلىرى، مۇلايىم، بىچارە ھالىتى، سەل ئېگىلگەن قەددىنى كۆرگەن تۇرسۇنجاننىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرى لەپپىدە ئېچىلدى. ئاداۋەتنى ئۇنتۇغان غۇمسىز بۇ چىرايدىن غەيرەتكە كەلگەن پەيتۇل قورۇنغان ھالدا: «تۇرسۇنجان. . .» دېگەن بىر ئېغىز گەپنى ئارانلا دېيەلىدى.

— پەيتۇلكا، بۇياققا مېڭىپسىز؟

— ھە، شۇ. . . بىرنەچچە كۈنلەر بولدى، پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ بولالماي. . . — پەيتۇلنىڭ بۇرۇنقى ئەپتىدىن ھېچنېمە قالمىغانىدى، — مەسۇم قابىل ئادەم ئەمەس نېمىكەن، ھەممىسىنى تولۇق تاپشۇرىسەن دەپ. . . ئاڭلىسام سىزنىمۇ. . .

— ھېچقىسى يوق، مەن يولۇمنى تېپىۋالدىم. . .

— ماڭا قاراڭ تۇرسۇنجان، كۆپ ئويلاندىم، — پەيتۇل يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، — ئويلىغانسېرى باشتىن - ئاخىر مەسۇم قابىلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئاجايىپ چوڭ خاتالىقلارغا يول

قويغانلىقىمنى بىلىپ يەتتىم. ئۇ. . . ئۇ ئىنتايىن قۇۋ، ھىيلەگەر، ساختىپەز ئەبلەخكەن ئەمەسمۇ.

— راست دەيسىز. ئۇ سىز تەھرىرلەۋاتقان ئورىگىنالنى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىقىپ تەپتىش مەھكىمىسىگە ئاپىرىشىمنى ئېيتتى. ئاندىن ئۆيۈشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىدىن كۆپەيتىۋالغان نۇسخىسىنى ماڭا بەردى. ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن كونا قەلەم ھەققى كۆتەكلىرىدىن نۇرغۇن پاكىتقا ئېرىشىدىغانلىقىمنى شۇ يادىمغا سالدى. ئىشقىلىپ، سىز توغرۇلۇق نۇرغۇن ئىشلارنى ماڭا يەتكۈزۈپ تۇردى. مەنمۇ خۇددى سىزدەك «ماڭا ياردەم قىلىۋاتىدۇ» دەپ چۈشەنگەنىكەنمەن.

— قاراڭ بۇ نائەھلىنى، ئورىگىناللارنى سىزنى ئوغرىلىدى دەيدۇ. تېخى «ئۆيۈشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىنى «ئۆزى كۆپەيتىۋاپتىكەن» دەۋاتامدۇ. تۇرسۇنجان، سىزنى «خاپا بولماڭ» دېسەممۇ بەرىبىر ۋاقتى ئۆتتى، لېكىن ئېچىمدىكىنى دەۋالمىسام تېخىمۇ تۈگىشىپ كەتكۈدەكمەن. ئۆيۈشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىنى ئۆزگەرتىش نەق شۇنىڭ پىلانى، ساختا تالونمۇ ئاشۇ ياساپ چىققان ھىيلە، سىزنى «بۇ يەردە بۇرنۇمغا سۇ كىردى، يۈزۈممۇ قالمىدى، ئەمدى چەت ئەلدىن كەلمەيمەن» دېدى، دېيىش ئارقىلىق ئاپتورلارنىڭ قەلەم ھەققىنى بەرمەسلىكنى شۇ ئېيتقان. تېخى چىنارنىڭ ئېيتىشىچە، مەسۇم قابىل سىزنى سېپستىش ئۈچۈن نەچچە يىللاردىن بېرى نۇرغۇن پۇل خەجلەپتۇ. چىنارنى ئادەم توپلاپ يۇقىرى - تۆۋەن قاترىتىپ غۇلغۇلا چىقارغانمۇ يەنە شۇ.

— چىنار مەسۇم قابىلنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى تۇرۇقلۇق، ئەجەب ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ قاپتۇ؟

— نەدىكىنى، چىنار تۈنۈگۈن خېلىلا ئېغىر مەستكەن، ئۇ مەسۇم قابىلغا دەھشەتلىك خەتتىن بىرنى تاپشۇرغانلىقىنى دەپ بەردى.



— نېمە مەزمۇندىكى خەتكەن؟

— مەسۇم قابىل پەيتۇل ھەم تۇرسۇنجانلارنى كۆزدىن يوقاتقاندىن كېيىن، ساڭا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول مۇدىرلىقىنى بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغانىكەن. كەچۈرۈڭ تۇرسۇنجان، مەن كالۋا سىزدىن ئاغرىنىپ يۈرۈپتىكەنمەن، نامسىز خەتنى ئەسلىدە مەسۇم قابىل چىنارغا يازدۇرۇپتىكەن ئەمەسمۇ.

— ئۇنداقتا پەيتۇلكا، ئۇلارنىڭمۇ ھوقۇق - ئىمتىيازلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

پەيتۇل نەچچە يىللاردىن بېرى مەسۇم قابىلنىڭ قۇرغان قاپقىنىغا چۈشۈپ نۇرغۇنلىغان سەۋەنلىك - خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىقى، تۇرسۇنجاننىمۇ توغرا چۈشەنمەي ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن قورساق كۆپۈكلىرىنى چىقىرىۋالدى.

— ئادەملەرنى چۈشەنمەك بەك تەسكەن، — پەيتۇل كۆزدىن دومىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياشنى يەڭ ئۇچىدا سۈرتۈۋەتتى، — بۇرۇن مەندىن مەنپەئەت كۆرگەن نۇرغۇن بۇرادەرلەر مېنىڭدىن بىر يولىلا يۈز ئۆرۈدى. مۇشۇ ياشقا كەلگەندە خەقنىڭ بوسۇغىلىرىدا پۇل تىلەپ يۈرۈش ئاسان دەمسىز. يۈزۈمگە دەسسىگەنچىلىك قىلىپ يېلىندىم، يالۋۇردۇم، بۇنى بېشىغا كەلمىگەن ئادەملەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

تۇرسۇنجاننىڭ بىردىنلا ئۆزىنى ۋەيران قىلغان رەقىبىگە ئىچى ئاغرىپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ پەيتۇلنى يانپاشقا ئېلىپ يىقىتقاندىن كېيىن ئىچىدە بىر يېرى ئېچىشىپ ئارامسىزلىنىپ يۈرگەنىدى. پەيتۇل ساختا تالون ئارقىلىق ئۇلىشىۋالغان سەككىز مىڭ ھەم قاقتى - سوقتى قىلغانلىرى بىلەن قوشقاندا يىگىرمە مىڭ سوم ئەتراپىدا خىيانەت تۆلىگەن بولاتتى. لېكىن، تۇرسۇنجان پەيتۇلنىڭ غەرىزىنىڭ يامانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆيۈشتۇرۇلغان كىتابلارنى تىزىملاش دەپتىرىنى،

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى كونا قەلەم ھەققى تالونلىرىنى قىدىرىپ يۈرۈپ پەيتۇللىنى كۆتۈرۈپ قويغۇسىز قىلىۋەتتى. چىن ھەقىقەتنى سۆزلىگەندە، بۇ پەيتۇللىنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىدىن بولدى. ئەلۋەتتە، ئىككى پالۋان چېلىشقا چۈشكەندە بىر - بىرىنى يىقىتىش ئۈچۈن قەيەردىن تۇتۇپ يەرگە غۇلىتىشنى ئويلايدۇ، «ماۋۇ جان يېرىكەن» دەپ ئولتۇرمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، تۇرسۇنجان بىلەن پەيتۇللىمۇ بىر - بىرىنى يىقىتىشتا ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمىدى. مەسۇم قابىل ئۇلارنى تالاشتۇرۇپ قويۇپ لوقمىسىنى تارتىۋالدى، ئۇلار ئاغزى - بۇرۇنلىرى قان، بەدەنلىرى جاراھەتلەنگەندىلا ھوشىنى تاپتى، بىراق كېچىكتى، لوقما ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. . .

تۇرسۇنجان ئېڭىكىنى مەيدىسىگە چۈكۈرۈپ، توختىماي مىجىلداپ، ياش يۇقى كۆزلىرىنى مۆلۈلدىتىپ يەر بېقىپ تۇرغان پەيتۇللىغا قاراپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ياشانغان بىر ئادەمنىڭ چوڭ كوچىدا ياش تۆكمىكى ئاسان ئەمەستە!

— يەنە قانچىلىك پۇل كەملەپ قالدى، — سورىدى تۇرسۇنجان.

— ئون ئىككى مىڭدەك پۇلنىڭ ئورنىنى زادىلا قىلالمىدىم.

— كەچتە ئۆيۈمگە كىرىڭ، تاپقاندا بېرەرسىز.

— راستمۇ؟ — خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىغان پەيتۇل تۇرسۇنجاننىڭ قولىنى تۇتتى، — رەھمەت سىزگە، مېنى. . . مېنى ئاشۇ قارا تۇڭگۇزنىڭ ئالدىدا بىر تەڭقىسلىقتىن قۇتقۇزدىڭىز. . .

— مەن ماڭاي پەيتۇلكا، — تۇرسۇنجان تاكسىغا قول كۆتۈردى، — «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىغا بارماقچىدىم.

— كىتابىڭىزنى شۇ يەردە چىقارماقچىمۇ؟

— ياق، كىتاب نومۇرىنى شۇلاردىن ئالىمەن، مەبلەغنى



ئۆزۈم سالىمەن، — تۇرسۇنجان تۆمۈر سالاسۇننى ئايلىنىپ كېلىپ تاكسىغا چۈشتى، — بۇلارنىڭ ئىچىدە ماھىگۈلنىڭمۇ كىتابى بار. . .

قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن پەيتۇل ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. تۇرسۇنجان سائىتىگە قاراپ قويدى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا مەسئۇت پەيزۇللانىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئوبزور - ماقالىلەر توپلىمى، يەنە بىر ياش ئاپتورلارنىڭ پوۋېستلار توپلىمىنىڭ ئورىگىناللىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىدا ئۇچرىشىپ مەسئۇل مۇھەررىر بىلەن بىرلىكتە توختام تۈزۈشمەكچى ئىدى. تۇرسۇنجان دەسلەپكى قېتىمدا تەۋەككۇل قىلىپ يەتتە كىتابقا مەبلەغ سېلىپ ئۆزى چىقىرىشقا بەل باغلىدى. ھېكمەت «تۇمانلىق يىللار» نىڭ تۆت تومىنى يېزىپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، ئۈستىدىن قايتا كۆرۈپ تۈزىتىۋاتقاچقا تېخى تاپشۇرمىغانىدى. شۇڭا تۇرسۇنجان «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتى ئائىلىكلەر بىناسى ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتى.

ئىشىك چېكىلىشى، ھېكمەت چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. تۇرسۇنجان مېھمانخانىغا كىرىپلا گىلەم ئۈستىدىكى قول چامادانى ھەم سەپەر سومكىلىرىنى، كىيىملەرگە دەزمال سېلىۋاتقان ماھىگۈلنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بىر يەرگە چابدۇنغانلىقىنى بىلىپ بولدى. ماھىگۈل چاي قىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇ ئالدىرايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى.

— ھېكمەت، رومانىنى تاپشۇرماي نەگە قاچماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دېدى تۇرسۇنجان دوستىغا تىكىلىپ، — بۈگۈن كەلمىسەمزە، غىپلا قىلىپ تىكىۋېتىدىكەنسەن - دە.

— ساڭا بايا تېلېفون قىلسام، ئۆيدىكىلىرىڭ ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەن، دېدى، — ھېكمەت ئۇنىڭغا تاماكا سۇندى، — ئەھۋالدا سەل ئۆزگىرىش بولۇپ قالدى. قارا، ماھىگۈلنىڭ دەم

ئېلىش نۆۋىتى كېلىپ قاپتىكەن، شۇڭا مەنمۇ ئىدارىدىن ئون بەش كۈنلۈك دەم ئېلىشىمنى ئالدىم، ئىككىمىز غۇلجىدىكى تۇغقانلارنى يوقلاپ كەلمەكچى.

— تۇغقانلارغا ماھىگۈلنى كۆرسىتىپ كېلىمەن دېگىنە، غۇلجىلىقلار «خوتەندىنمۇ مۇشۇنداق چىرايلىقلار چىقىدىكەن» دەپ ھەيران قالار.

— ھوي تۇرسۇنجان، — ماھىگۈلمۇ چاقچاق قىلدى، — ئەسلى چىن چىراي ئۇيغۇر قىزلىرى خوتەندىن چىقىدۇ جومۇڭ، ئۇلار رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى ئىشلەتمىسىمۇ يەنىلا تەبىئىي گۈزەل.

ئۈچىلىسى تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى.

— ھېكمەت، راست گەپنى قىل، رومانىنى قانداق قىلىسەن؟

— ماھىگۈل ئىككىمىز كۆرۈپ ئازراقلا قالغان، غۇلجىدىن قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا تاپشۇرىمىز، — دېدى ھېكمەت، — ئاڭغىچە قولۇڭدىكى كىتابلارنى ماڭدۇرۇپ تۇرمامسەن.

— بوپتۇ ئەمىسە، سېنىڭ تۆت كىتابىڭنى ئايرىم ماڭدۇراي، ئەمما غۇلجىغا بېرىپ يېتىۋالمىساڭلا بولدى.

— خاتىرجەم بول، ئۆلۈم - يېتىم بولغان ئۆيلەرنى پەتىلەپلا قايتىمىز.

— ماھىگۈل، سىزنىڭ كىتابىڭىزنى نەچچە يىل بېسىپ ياتقان گۇناھىم ئۈچۈن، مىڭ خېتىگە ئەللىك سومدىن قەلەم ھەققى بېرىمەن، رازى بولارسىز؟

— گەپ پۇلدا ئەمەس، تۇرسۇنجان، — دېدى ماھىگۈل كىيىملەرنى قاتلاۋېتىپ، — كىتابىم چىقىپ قالسىلا شۇنىڭغا خۇشالمەن.

— ھەي قۇيۇن، نەشرىياتلاردا تۈزۈم بويىچە مىڭ خېتىگە



ئون سەككىز سومدىن يىگىرمە بەش سومغىچە قەلەم ھەققى يېزىلىۋاتقان يەردە، ئۇنداق كۆپ بەرسەڭ ساڭا پايدا قالامدۇ؟

— بۇ ئىشلارنىڭ پىرى بولۇپ كەتتىم دېگىنە. ئەگەر يولىنى تاپالىساڭ نەشرىياتچىلىقتا زىيان يوق.

— يامان قاغدالما، قۇۋ نېمىسەن جۇمۇ، ئىچىڭگە كىرىپ چىقسام، پۇلنى يەمچۈك قىلىپ، قەلىمى پىشقان قەلەم ئىگىلىرىنى ئۆزۈڭگە جەلپ قىلماقچىغۇ سەن.

— ھازىر مەن قانات - قۇيرۇقى بوغۇلمىغان ئەركىن شۇڭقارمەن، — تۇرسۇنجاننىڭ كۆزلىرىدىن چېقىن چاقنىدى، — ئەمدى پەرۋاز قىلغىنىمنى كۆر. مېنى «پو ئاتتى» دېسەڭمۇ مەيلى، لېكىن ئۈچ يىلغىچە قەد كۆتۈرۈپ كىچىكرەك باسما زاۋۇتتىن بىرنى قۇرۇپ چىقىمەن. بەش يىل بولغاندا ئىككى - ئۈچ يۈز ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بولغان باسما زاۋۇت ھەم كىتاب تارقىتىش شىركىتى قۇرۇپ مۇستەھكەم ئۇل تىكلەيمەن. ئون يىل بولغاندا پۈتۈن ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئىلغار، زامانىۋىلاشقان كارخانىچى بولۇش پىلانىم بار.

— سېنىڭ پىلانلىرىڭنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئىشەنچىم كامىل، — ھېكمەت تۇرسۇنجاننىڭ شىجائىتىگە قايىل ئىدى، — ھەر ھالدا ھوشيار بول، تۈز يەردە پۇتلاشتىڭ، يىقىلىپ قوپتۇڭ، بۇلار ساڭا تەجرىبە - ساۋاق بولسۇن. ئەڭ مۇھىمى، يۇقىرى - تۆۋەن رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈر. ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان يوغانچىلىقنى قىلما، كەمتەر، سەمىمىي بول. سىناقتىن ئۆتمىگەن پىلانلىرىڭغا نىسبەتەن ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇت. پۇلنى قوغلىشىپ قانۇن - تۈزۈمنى ئۇنتۇپ قالما، بۇ قېتىم يىقىلساڭ ھەممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالىسەن.

— ۋاي، ۋاي، سېنىڭدەك بىر مەسلىھەتچىم بولسا گۈلدنى گۈلگە كەلتۈرۈۋېتەتتىم، — دېدى تۇرسۇنجان، — يا،

سەنمۇ ماڭا ئوخشاش خىزمىتىڭنى تاشلاپ مەن بىلەن ئىشلەمسەن؟

— مېنىڭ يېزىقچىلىق ھەم سىزىقچىلىق كەسىپلىرىمگە چوڭقۇر مۇھەببىتىم بار، — دېدى ھېكمەت ماھگۈلگە قاراپ قويۇپ، — بىراق، شۇنى ئەستىن چىقارما، مەن ھامان سەن بىلەن بىللە!

— رەھمەت ساڭا، — تۇرسۇنجان ئورنىدىن تۇردى، — سىلەرگە ئاقيول بولسۇن، كۆڭۈللۈك ئويناپ كېلىڭلار. ھە راست، بىر گەپنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۆتۈشمە كۆۋرۈك يېنىدىكى تاۋار ئۆيلەردىن توقسان كۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش ئۆيگە پۇل تۆلەپ قويدۇم.

— پاھ، قالتىسقۇ، نەچچە ئېغىزلىقكەن؟

— تۆت ئېغىز، بەلكىم سىلەر كېلىپ بولغۇچە مەن كۆچۈپ بولارمەن.

ھېكمەت تۇرسۇنجاننى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى. ئۇ ھەر قېتىم سەپەرگە چىققىنىدا قەلەم، خاتىرە، ئورىگىنال قەغەزلىرىنى سېلىۋالىدىغان كىچىك قول پوپكىسىنى ئېلىش ئۈچۈن چوڭ ساندۇقنى ئېچىپ ئاختۇرۇشى، قولىغا گۈلزىبانىڭ چاچ تۇمارى چىقىپ قالدى. ھېكمەتنىڭ بىردىنلا يۈرىكى سېلىپ كۆز جىيەكلىرى قىزاردى. ئۇ تىرناقتەك قىپقىزىل تۇمارنى ھىدلاپ تۇرۇشى، بوسۇغىدا قاراپ تۇرغان ماھگۈل كۆرۈپ قالدى. ئۇ شۇ ھامان يۈزلىرىنى توسۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. ماھگۈل ئاپئاق تور پەردىلەر تارتىلغان دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە ئۈنسىز ياش تۆكۈپ تۇراتتى، ھېكمەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سىلىققىنا قۇچاقلىدى.

— ئاھ ئوخشاش ھىد - پۇراقلار، ئوخشاش سۇمبۇل چاچلار، — ھېكمەت ماھگۈلنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ھىدلىدى ھەم سىلىدى، — خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى ئوخشاتمىسۇن.



— تىلەكلىرىڭىزگە رەھمەت، — ماھگۈل ئېسەدەپ كەتتى، — لېكىن ھىدلىرىم - پۇراقلىرىم ئوخشىمىسا كېرەك. . .

— چىن سۆزۈم ماھگۈل، بۇ ئوتتۇز يىللار ئىلگىرىكى شۇ پۇراقلار. . . — ھېكمەت تۇمارنى ماھگۈلنىڭ چاچ ئۇچىغا چىگىپ قويدى ھەم ئەستىن كۆتۈرۈلمىگەن ئىككى مىسرا شېئىرنى تولىمۇ پەس ۋە مۇڭلۇق ئاۋازدا تەكرارلىدى:

ئۆزۈڭ بىر قىز، چېچىڭ بىر قىز،
كۆيدۇم ساڭا ئەي بىر جۈپ قىز.

— ھېكمەت! . . . — ماھگۈل ئېرىگە قايرىلىپ باقتى.

— ماھگۈل، قاراڭ بۇنى، — ھېكمەت چاچ ئۇچىنى كۆرسەتتى.

— قىزىل تۇمار! — ماھگۈل ھېكمەتنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى. . .

# ئانا يۇرت مېھرى

ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل غۇلجىغا كېلىپ ئەتىسىلا خادىك
ھارۋا كىرا قىلىپ جاڭزىدىكى كىچىك ئاپىسى مايمۇنەمنى يوقـ
لاپ كەلدى. زىھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇبارەك خاتىرىـ
سىدە بولسا كېرەك، مايمۇنەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولغان
ئابابەكرى (ئاۋاكرىم) قىرىقىنچى يىللاردا ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا
كېلىپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇپ غۇلجىدا ئوقۇتقۇچى ھەم
ئىشلەۋاتقان مەكتىپىگە مۇدىر، ئازادلىقتىن كېيىن سودا ـ
سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان.
ئۇ ئۆز زامانىسىدا تونۇلغان، پەزىلەتلىك، ئىستېداتلىق زىيالىيـ
لارنىڭ بىرى ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئابابەكرىگە «ئىلىم
نوپۇزلۇقى»، «ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دېگەن جىنايەت ئارـ
تىلىپ كۈرەش ـ پىپەن قىلىنغاندىن كېيىن، ئائىلىسى بىلەن
يېزىغا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ بىر مەزگىل رېجىم ئاستىدا ئېغىر
ئەمگەككە سېلىندى، ئاندىن يىگىرمە ياشلىق ئوغلى ئابدۇقاھار
بىلەن دۇينىڭ ماللىرىنى باقتى. بىر كېچىسى قاتتىق چىققان
بوراندا قويلار پىتىراپ كېتىشتى. ئەگەر بىرەر چىشقاق پاقلان
يىتۈپ كەتسە ياكى ئۆلۈپ قالسا، بۇ سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ
نەق بۇزغۇنچىلىقى ھېسابلىناتتى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى
تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرۈپ، چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كېتىشتى.
دادىسىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرگەن ئابدۇقاھار،
ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ قويلارنى قوغلاشقا
باشلىدى. كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق سوغۇقى يۈز ـ قوللارنى چېقىپ



تۇرسىمۇ، يۈگۈرۈشتىن چاڭقاپ كەتكەن ئابدۇقاھار دوم يېتىپ
ئېرىقتىن سۇ ئىچتى، شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئۆتۈپ نەپەس
يېتىشتۈرەلمەي، ئەتىسى سەھەردە جان ئۈزدى. چۈنكى، ئۆپكە
ئىششىپ كۆكرەككە پاتماي قالغانىدى. بۇ ئېغىر مۇسىبەت ئۇنـ
تۇلماي تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ «بىرگە زەربە بېـ
رىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» باسقۇچى باشلاندى. شەھەردىن
چىققان بىر توپ قىزىل قوغدىغۇچىلار ئابابەكرىنى باغلاپ ئېلىپ
كەتتى، ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېـ
تىشتى. . .

ئاخشام ئۇلار بىر كېچە مۇڭداشتى، مايمۇنەم كىچىك ئاپىـ
سى بۇ قايغۇلۇق ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ بەردى. مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابىدا ئازاب چەككەن ھېكمەت، كامىل، مۇرات، نەفىسە،
زۇمرەتلەر ھەم ئۇكىسى نەبىنىڭ كىچىك تۇرۇپلا تارتقان تارتقۇـ
لۇقلىرى كۆڭلىدىن كەچكەن ماھىگۈل مايمۇنەم كىچىك ئاپىسى
بىلەن تەڭلا كۆز يېشى تۆكۈشتى.

— ساپساق بىر ئادەمنى بىھۇدە ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئارقىدىن
ئەسلىگە كەلتۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى مايمۇنەم رومىـ
لىنىڭ ئۇچىدا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — دېگەنبىلەن ئوغلۇم ئۆـ
مەرجان دادىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ سودا ـ سانائەت ئىدارىسىدە
ئىشلەۋاتىدۇ.

كىچىك ئاپىسى بىلەن بىر كېچە مۇڭداشقان ھېكمەت بىلەن
ماھىگۈل بۈگۈن چۈشلۈك تاماقنى يەپلا قايتىشقا تەرەددۇت
قىلغانىدى، مايمۇنەم ئۇلارنى قويۇپ بەرمىدى.

— بالام، ئارى كۈندە بىر كەلمەيسەن، بىرەر كۈن دېگەنـ
نىڭ يېنىشى يوق، — دېدى مايمۇنەم رەنجىگەندەك قىلىپ، —
ئەيساجان دېگەن كەنت باشلىقىمىز بار، ئۇ تولىمۇ ئوبدان ئادەم.
ئاشۇ بىر يىلى كېلىپ كەتكىنىڭنى ئاڭلاپ «بىر چاقىرىۋېلىش
ئويۇم بار ئىدى» دەپ ئۇۋۇلىنىپ كەتتى. ئۇ سىلەرنى بۈگۈن

كەچكە بىر چىنە چايغا تەكلىپ قىلىپ قويدى، كىرمىسەڭ سەت تۇرار، مەن ئۇلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن.

كىچىك ئاپىسىنىڭ لەۋزىنى يىرالمىغان ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل ئۇنىڭغا رازىلىق بەرگەندىن كېيىن، قەدىمكى جايلارنى كۆرۈش ئىستىكىدە زايىمكا ئورمانلىقىغا يول ئالدى. زايىمكىنىڭ كۆزلۈك مەنزىرىسى ماھىگۈلنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. قاتمۇقات ئېدىرلىقلاردىكى بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن چىغىر يوللار ئوت باسقان سۈزۈك بۇلاقلارغا ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ شىرقىراپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۇلىرى بارغانسېرى پەسلەپ، پاخپاق قوراي، سۇتلىگەن، چىغىرتماق، چىغ، لويلا، ئەمەن قاتارلىق ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئىچىدە غايىب بولاتتى. بۇ چىغىر يوللار قېلىن چاتقاللار ئىچىدە داۋاملىشىپ، قارىياغاچ، سۆگەت، جىگدە يەنە قانداقتۇر تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان زايىمكا ئورمانلىقىغا تۇتاشقانىدى. خۇددى خوتەننىڭ ئەتلەس - شايىلىرىدەك خىلمۇخىل رەڭ ئالغان تەبىئەتكە مەھلىيا بولۇپ قالغان ماھىگۈل ھېكمەتنىڭ زايىمكا ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى.

ھېكمەتنىڭ بالىلىق چاغلىرى تۈنۈگۈنكىدەك ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئۇ چاغلاردا زايىمكا ئىپتىدائىي ئورمان ئىدى. قېلىن ئورمان روجەكلىرىدىن شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھېكمەت دوستلىرى بىلەن كىچىك تاراملاردا بەس - بەس بىلەن ئۈزۈشۈپ، ئۇ تەرەپتىكى ئاراللارغا ئۆتۈشەتتى. ئورمان ئىچىدىكى ئات - ئۇلاغ يوللىرىدا يۈگۈرۈشۈپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ۋاشاڭ قىلىنغان قوغۇنلۇق، تاۋۇزلۇقلارغا يوپۇرۇلۇپ كىرەتتى - دە، تاغار، خالتىلىرىنى تولدۇراتتى. ئۇ چاغلار شۇنداق تالقان تۆكتى، مەمۇرچىلىق زامانلارمىكىن تاڭ، ۋاشاڭ قىلىنغان قوغۇن، تاۋۇزلۇقلاردا قوغۇن، تاۋۇز ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇراتتى. قېزىۋېلىنغان سەۋزە،



پىيازلىقلاردىمۇ ئەنە شۇنداق سېخىيلىق مەۋجۇت ئىدى. بەزىدە ھېكمەت دوستلىرى بىلەن زايىمكا ئەتراپىدىكى ئېدىرلىقلاردا تېكىساقال سېغىزى چىقىراتتى، بۇ سېغىزنى مەكتەپتىكى قىزلار «ماڭا بىر چاينام» دەپ تالىشىپ يالۋۇرۇشاتتى.

— شۇ چاغلاردىلا سېغىز بىلەن قىزلارنى يالۋۇرتۇپ يۈرۈپتىكەنسىز - دە، — دېدى ماھىگۈل چاقچاق قىلىپ.

— يوقسۇ خېنىم، ئۇنداق كۆنداشلىق قىلماڭ، — ھېكمەت ھەزىل بىلەن جاۋاب بەردى، — بىر چاينىمىنى ئون تىيىندىن ساتاتتىم دەڭا.

— بىرەر چاينام سېغىزنى سوۋغا قىلغانلىرىڭىز يوقمۇ؟ — ياندۇرۇپلا سورىدى ماھىگۈل.

— مىڭ مەرتەم سوۋغا قىلغۇم بار ئىدى، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — لېكىن مەكتىپىمىزدە ماھىگۈل ئىسىملىك قىز يوق بولۇپ قالدى - دە!

ماھىگۈل ئېرىگە يالتىدە قاراپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ھېكمەتنىڭ بىلەكلىرىگە قوللىرىنى ئۆتكۈزۈپ پەسكە قارىۋالدى. ئۇلار زايىمكا ئورمانلىقىغا سىڭىپ كەتكەن ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆيلەر، پەن زاۋۇتى، يەم - خەشەك زاۋۇتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلىك بىنالارنى ئايلىنىپ، دەريا تەرەپكە چۈشۈپ كېتىدىغان يول ئېغىزىغا قايرىلدى. بۇ يەردىن بىرقانچىلىغان تاراملارغا بۆلۈنگەن ئىلى دەرياسى ۋە تارام ئارىلىقلىرىدىكى چوڭ - كىچىك ئاراللار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قېلىن ئوت قاپلىغان يان باغىرلاردا رېلىس ياتقۇزۇلغان تۆمۈر يول دەريا ساھىللىرىغا پەسلەپ چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇنىڭغا ھەيران بولغان ماھىگۈل ھېكمەتتىن سورىدى.

— بۇ يەردە پويىز يولى نېمىش قىلىدۇ؟

— بۇ پويىز يولى ئەمەس، — كۈلدى ھېكمەت، — ھەر قېتىم سال كەلگەندە قارىغايلارنى ۋاگون ئارقىلىق پەن زاۋۇتىغا

توشۇش ئۇچۇن ياسالغان بولسا كېرەك. رېلىسلارنىڭ داتلىشىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، پرىستاننى تۆۋەنگە يۆتكەپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— سال دېگەن قانداق نەرسە ئۇ؟

— نۇرغۇن قارىغايلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ ئېقىتىپ كېلىدۇ، بۇنى سال دەپ ئاتايدۇ.

هېكمەت بىلەن ماھىگۇل قولتۇقلىشىپ، بەزىدە ئىلگىرى - كېيىن مېڭىشىپ دەريانىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار پاختا ئاتقۇچىنىڭ زىيىدىن قاڭقىغان پاختىلاردەك پارچە - پارچە ئاق بۇلۇتلار لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن سۈزۈك كۆك ئاسمانغا، ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا تولغىشىپ سوزۇلۇپ كەتكەن ئاقۋاش تاغلارغا، ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدىكى سۇس مانانلارغا تىكىلىپ هاياجان ئىلكىدە قېتىپ قېلىشتى. . .

نىل رەڭلىك مانانلاشقان گۈڭگا تاغلار باغىرلىرىدا كۆكۈچ تۇماندەك كۆلەڭگىلەر بىر - بىرىدىن پەرقلەنگەن هالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىلمىگەنلەر بەلكىم ئۇنى كۆكتىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن يامغۇر بۇلۇتلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ياق، ئۇلار تەڭرىتاغ ئانىنىڭ باغرىنى باغاشلاپ ياتقان غۇلجىنىڭ مېهرى ئىللىق سەهرا - يېزىلىرى — توققۇز تارا، جاغىستاي، چۆلۈقاي، خونخاي مازار، قاينۇق، سۇپتاي قاتارلىق قەدىمي تاران ماكانلىرى ئىدى. بارغانسېرى پەسلەپ، چەكسىز يېيىلىپ ياتقان ئالتۇندەك رەڭدار تۇزلەڭلىكلەر، باغلار، قاراڭغۇ ئورمانلار، مۇنبەت قارا چىملانتۇپراق، يىلانباغرى ئېقىنلار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ، زۇمرەتتەك ئىلى دەريا ۋادىلىرىنى هاسىل قىلغان. ئىلى دەرياسى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ زايىمكىغا كەلگەندە بىرقانچە تارامىلارغا بۆلۈنۈپ ئاقاتتى. بىر زامانلاردا پادىچىلار تارامىلار ئوتتۇرىسىدا يېشىل مارجاندەك چوقچىيىپ قالغان ئاراللارغا ماللىرىنى ئۆتكۈزۈپ



بېقىشاتتى.

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى. دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمى ئىزنالىرىغا قىڭغايغان قۇياش قارىياغاچ، سۆگەت، جىگدە، قىرچىنتاللار بىلەن قاپلانغان زايىمكا قىرغاقلىرىنى قىزغۇچ نۇرلىرىدا سىرلىق تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئەتراپنى قاپلاپ تۇرغان ئورمانلار، قىپقىزىل، ساپسېرىق، قوڭۇر، ئاق رەڭلەر بىلەن تاۋلىنىپ بەجايىكى رەڭدار سۇرەتنى ئەسكە سالاتتى. مىليونلىغان چېقىنلارنى چېقىپ ئېقىۋاتقان دەريا ئۆركەشلىرى خۇددى كۇمۇش ئېرىتمىسىدەك يالتىرايتتى. ئەتراپتىن ئەمەن، بۇيا، كەندىر هىدلىرى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ، ئۇلۇغ سۇدىن كېلىۋاتقان نەم هاۋا تەنلەرگە هۇزۇر بېرەتتى.

قېلىن ئوت قاپلىغان دەريا قىرغاقلىرىدا، يىراقلارغا نەزەر تاشلىغان هېكمەت بىلەن ماهىگۇل كەچكى قۇياش نۇرىدا گىگانت هەيكەللەردەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ماهىگۇلنىڭ سۇس بىنەپشەرەڭ نۇر ئىلكىدە قىزارغان ئاق گىرىپ كۆڭلىكى، ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ توزۇندىلىرى مەيىن شامالدا هىلپىرلىسە، هېكمەتنىڭ چارلاشقان بۇدۇر چاچلىرى دەممۇ دەم كۆزلىرىگە چۈشۈۋالاتتى. ئۇلار دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئالاقات، قارىقات جىغانلىقلىرى، تىكەنلىك چاتقاللىقلار، سارغايغان قومۇشلۇقلارغا، توقايلىشىپ كەتكەن قىرغاق بويلىرىدا لەرزان پالاق ئۇرۇپ ماكانلىرىغا قايتقان بېلىقچىلارغا، توپ - توپ ياۋا ئۆردەكلەر ئۇچۇشۇپ چۈشۈۋاتقان يېكەنلىكلەرگە كۆز ئۇزمەي قاراشاتتى. لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ئۇ قېتى هەم بۇ قېتى ئوخشاشلا خىلمۇخىل رەڭلەر بىلەن بويالغان بولۇپ، قىپقىزىل، قوڭۇر قىزىل، ساپسېرىق، هال، ئاقۇش سېرىق ياپراقلار، خىلمۇخىل گىياهلار بىر - بىرىدىن هۆسن تالىشىپ تەبىئەتنى هادىس گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەنىدى.

— هېكمەت، قاراڭا، ئۇ نېمە؟ — ماهىگۇل دەريانىڭ

باش تەرىپىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان قاپقارا نەرسىنى كۆرسەتتى، — تېخى ئۇستىدە ئادەممۇ بار ئىكەن.

— سال، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — بايا سىزگە دېمىگەنمىدىم.

— ئۇنى نەگە ئاپىرىدۇ؟

— پەن زاۋۇتىغا، پەس تەرەپتە قارىغايلارنى سۇزىدىغان پىرىستان بولۇشى مۇمكىن.

سال بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. قاپقارا كەكە ساقاللىق بىر كىشى قىرغاققا سوقۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئارقا تەرەپتىكى تەڭشەكنى كۈچەپ تارتىۋاتاتتى. سالنىڭ باش تەرىپىدىكى ياش يىگىت بولسا قولىدىكى ئۇزۇن چەڭزىنى سۇغا پاتۇرۇپ كەينىگە قاتتىيىۋالغانىدى. سال دەريا بويىدىكى ئېگىز ئۆسكەن ساپسېرىق قومۇشلار، توزغاقلىرى يېتىلگەن يېكەنلەر ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ قالسا، بەزىدە سۇلارنى شالاپلىتىپ پەيدا بولاتتى. سال ئۈستىگە قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان چاپان، جۇۋا، ئوتۇن، تولغىشىپ ئىس چىقىۋاتقان تاش ئوچاق، پار كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قۇم چۆگۈنلەرگە قاراپ ھەيران بولغان ماھىگۈل سال ئۇزاپ كەتكۈچە كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قالدى.

ئىلى دەريا بويلىرىنى ئوتقاشتەك تاۋلىغان قۇياش يىراق ئېقىن ئىزنالىرىغا ئاستا - ئاستا چۆكمەكتە ئىدى. دەريا سۈيى قاندەك تاۋلىنىپ ئىككى قاتتىكى ئورمان، چاتقاللىقلارمۇ قىزغۇچ چاڭ ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئايالىنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىۋالغان ھېكمەت ئۇنى باشلاپ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنى تىزغىچە چۆكۈرگەن يۇمشاق مىسىل، ياۋا يالپۇز، ياۋا بېدىلەر خۇددى ئات يايلىمىدەك يېتىپ كەتكەنىدى، ئۇلاردىن بىر خىل قۇرۇقشا باشلىغان ئوت - خەسلەرنىڭ ھىدى كېلەتتى. ماھىگۈل بىردىنلا ھۆ بولۇپ، يوپۇرماقلىرى كاۋا چېچىكىدەك سارغايغان ئارچا غولىنى تۇتۇپ پەسكە



ئېڭىشتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم قۇرۇق ھۆ قىلغاندىن كېيىن سەل ئوڭشالدى، يۈزى ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

— زىيان قىلغۇدەك بىر نېمە يېمىگەنىدىڭىز، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ ئاقىرىپ قالغان چىرايىغا قاراپ، — ياكى غۇلجىنىڭ ھاۋاسى بىلەن سۈيى يەكلەۋاتامدۇ؟

— ئەنسىرىمەڭ، بۇ سىز ئويلىغاندەك ئىش ئەمەس، — بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ماھىگۈل كۆزلىرىدىكى لىپمۇلىپ ياشلار بىلەن كۈلدى، — كېتەيلى، كەنت باشلىقى ساقلاپ قالمىسۇن...

— چۈشەندىم، — ھېكمەت ماھىگۈلنى قۇچاقلىغىنىچە نەچچە پىرقىرىتىۋەتتى، — مۇبارەك بولسۇن!

يېرىم كۈنلۈك ساياھەتتىن كۆڭلى سۆيۈنگەن ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل كەنتكە قايتىپ كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، ھويلىدىن ئېگىز، تەمبەل بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن سەممىمىي، مۇلايىم يىگىت ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ كەلگىنىچە ھېكمەت بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتى. ماھىگۈلگە سۈس ئېگىلىپ، ھال - ئەھۋال سورىدى.

— مەن ئەيساجاننىڭ ئوغلى بولىمەن، — دېدى يىگىت يۇمشاق تەلەپپۇزدا، — ھەرقايسىلىرىنى چاقىرىپ كەلگەنىدىم.

— بولىدۇ، بىز ئارقىڭىزدىن بارايلى، — ھېكمەت ماھىگۈلگە قاراپ قويدى، — تېخى كۈنىمۇ بالدۇرغۇ.

— دادام بىللىلا ئېلىپ كەل، ئۆينى تاپالماي قالىدۇ، دېگەن.

— ئەمىسە مەن ئۆيگە كىرىپ چىقاي.

ماھىگۈل ھېكمەتكە «قۇرۇق كىرسەم بولماس» دېگەن مەنىدە قاراپ قويۇپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ھايال بولمايلا قول سومكىسىنى ئېلىپ چىقتى. يىگىت ئۇلارنى باشلاپ چوڭ

يولغا چىقىپلا سولغا قايرىلدى. يەر يېتىنى بىر قەۋەت ساپسېرىق غازاڭ قاپلىغانىدى. ئىككى قاسناقتىكى چوڭقۇر ئېرىق ئىچىدە بىرمۇنچە قويلار بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ غازاڭ يالمايتتى. چوڭ يولنىڭ ئوڭ تەرىپى كۆز يەتكۈسىز ئېتىز بولۇپ، سول تەرىپىگە بولسا ئۇزۇنلۇقى يۈز مېتىر كەلگۈدەك قىسقا خالتا كوچىلار سېلىنىپ كەتكەنىدى. ھەربىر كوچىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىدە ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن گۈللۈك دەرۋازىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. ھويلا ئالدىلىرىدىكى تۇلۇقتاش، ساپان، سىيالكا، شۇنداقلا باغلاپ قويۇلغان ئات، كالىلار بولمىغىنىدا، پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان بۇ كۆركەم قورۇ - جايلار شەھەر كوچىلىرىنى ئەسكە سېلىپ قوياتتى.

ئۇلار ئىككى كوچىدىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى كوچىغا قايرىلدى - دە، سول تەرەپتىكى ئويما نەقىشلىرى رەڭگارەڭ سىرلانغان قوش قاناتلىق ھەيۋەتلىك دەرۋازىغا كىرىشتى. ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە لاپاسلىق مال ئېغىلى، سول تەرىپىدە پېشايۋانلىق ئۆيلەر بار ئىدى. ئۇزۇن كەتكەن جاھازلاردىكى تاللارنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ، قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخىچىلا كۆمۈلمىگەنىدى. ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى يوغان بىر تۈپ ئالمىنىڭ پۇتىقىغا سويۇلغان بىر قوي ئېسىقلىق تۇراتتى. پاكار، دىقماققىنا كەلگەن بىر ئادەم قوينىڭ ئىچ - قارنىنى ئېلىش بىلەن بەنت بولغاچقا، ھېكمەت، ماھىگۈللەرنىڭ كىرگىنىنى زادىلا تۇيمىدى.

— دادا، مېھمانلار كەلدى، — دېدى يىگىت دادىسىغا ئېگىشىپ.

پاكار ئادەم دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا تارتىۋالغان پەشتامىغا قوللىرىنى سۈرتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ ئاقارغان بوردەك ساقاللىرىغا، قىسقا چار قاشلىرىغا، بۇغداي ئۆڭ يۇملاق چىرايىغا، دىقماققىنا گەۋدىسىگە تىكىلىپلا قالدى. ئۇ قارىغانسېرى



كۆز جىيەكلىرى كېڭىيىپ، قارىچۇقلىرى قاتقان ھالدا چەكچىيىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە، ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم بولۇپ ئۆتكەن ھايات پاجىئەلىرىنىڭ گىرىمسەن كۆلەڭگىلىرى ئۆز ئەكسىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئەنە، ئاقساراي سايلىقىنىڭ زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت، كىمدۇر بىرىنىڭ ئايانچلىق زارى، يەنە كىمنىڭدۇر قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى. . . ئۇنىڭ «خۇدا رىزقىمنى نەلەرگە چاچقان بولسا. . .» دېگەن ۋاقتىدىكى ئۇستىۋاشلىرى توپا، ساقاللىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن سىماسى خۇددى بۇلۇتلار پەردىسىدىن ئۈزۈلۈپ چىققان ئايدەك بارا - بارا يورۇماقتا ئىدى.

— مەن سىلىنى تونۇيالارمۇ؟ دەپ گەپ قىلمىغانىدىم، — دېدى ئەيساجان ھېكمەتنىڭ چىرايىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا، — ئاخىر ئەسلىرىگە ئالدىلا. . .

— مەتمۇساكا. . . — ھېكمەت ئېتىلىپ كەلدى، ئۇلار قۇچاقلاشتى.

— ھېكمەت ئەپەندىم. . . ھېكمەت ئەپەندىم. . . — مەتمۇسانىڭ پۈتۈن تېنى ھاياجان ئىزتىراپىدا تىترىمەكتە ئىدى، — قارىسىلا بۇ ساخاۋەتلىك ئۇچرىشىشنى! جانابىي ئاللاغا مىڭ قەترە ھەمدۇسانا. . . ھەمدۇسانا. . .

مەتمۇسا يىغلىغانىدى. ئۇ قورۇقلار ئارا ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتمەي ماھىگۈلگە قارىدى - دە، ھېكمەتنىڭ بايىقى ھالىتى ئۇنىڭدا روي بەردى.

— گۈلزىبا خېنىم. . . يا. . . ياق، بۇ. . . بۇ مۇمكىن ئەمەس. . .

— بۇياق گۈلزىبانىڭ سىڭلىسى ماھىگۈل بولىدۇ، — ھېكمەت ئاستا شىۋىرلىدى.

— ئاھ خۇدا، قۇدرەت - كارامەتلىرىڭگە تەسەننا، —

مەتمۇسا سەل ئېگىشكەن ماھىگۇلنىڭ پېشانىسىگە بارمىقىنى تەگكۈزدى، — ئۆمرىڭىز ئوخشىمىسۇن، تېگىل ئوخشىمىسۇن. . .

— ۋايىيەي. . . تۇۋا، ھويلىدا پاراڭلىشىۋاتقانلار قوشنىلار چېغى دەپ، خېمىرىمنى يۇغۇرۇپ ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن، — مەلىكە ساھىبخان سىلىق قەدەملەر بىلەن پېشايۋان پەلەمپىيىدىن چۈشتى - دە، ماھىگۇل بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتى، — تىنچ تۇردىڭىز، تىنچ - ئامان كېلىپ قالدىڭىز. . .

— نۇرەخمەت بالام، — دېدى مەتمۇسا ئوغلىغا قاراپ، — ماڭ، كېلىن بالىنى چاقىر، ناسىرنىڭ ئايالى بىلەن ئۆپكە - ھېسىپلەرنى قويسۇن، ئاپاڭنىڭ قىلىدىغان ئىشى چېچىدىنمۇ تولا.

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، — مەلىكە ساھىبخان يول باشلىدى.

سەككىز تۈۋرۈكلۈك ئۇزۇن پېشايۋاننىڭ ئىككى چېتىدە ئالدىغا ئۇسۇپ چىققان ئىككى «سوقا ئۆي» بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى ئالتە ئېغىزدەك ئادەتتىكى ئۆيلەر، ھۇجرا، دالان، ئامبار ئىدى. مېھمانلار باشلانغان سوقا ئۆي ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، يەرلىك ئادەت بويىچە جابدۇلغانىدى. تولدۇرۇپ سېلىنغان گىلەملەر، قاپقاقلىق دېرىزە تەكچىلىرىدىكى تەشتەكلىك گۈللەر، ئەينەكلىك تام ئىشكاپلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە تىزىلغان فارفور بۇيۇملار بۇ ئۆينى ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ تاماق شىرەسى بۇرۇنلا تەييارلانغان بولۇپ، ئۈستىگە ئاپئاق داستىخان يېيىپ قويۇلغانىدى. مېھمانلار تاۋار كۆرپىلەردىن ئورۇن ئالدى. مەلىكە ساھىبخان داستىخاننى ئېلىۋېتىپ چاي تەييارلاشقا چىقىپ كەتتى. مەتمۇسا نان - توقاچلارنى ئوشتۇپ قويدى. شىرە ئۈستى سېرىق ماي، قايماق، سۈزمە، قېتىق، مالىنا مۇراببасى قاتارلىق سەھرا نېمەتلىرى



بىلەن تولغانىدى.

مەلىكە ساھىبخان پەتنۇستا چەينەك - پىيالىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مېھمانلارغا چاي قۇيدى. ئۇنىڭ بېجىرىم يۈزىگە ئىنچىكە قورۇقلار چۈشكەن بولسىمۇ، ئەينى زامانلاردا مەتمۇسانى مەھلىيا قىلغان چېقىر كۆزلىرى ھېلىھەم خۇمارلىشىپ چاقناپ تۇراتتى، چېكە چاچلىرى بولسا كۆكۈچ ئاقارغانىدى.

— مەلىكەم، چاينى مەن قۇياي، — مەتمۇسا ئايالىنى بۇرۇنقىدەكلا مەلىكەم دەپ ئاتايتتى، — ساپ قايماق بىلەنلا ئەتكەنچاي تەييار قىلمامسەن، كېلىن بالا سېنىڭدەك ئوخشىتالمايدۇ.

— ئەمىسە تارتىنماي ئېلىشسىلا، بۇ ئادەم سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارنى ئاڭلاپ بىر كۈن قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيلا قالدى، — مەلىكە ساھىبخان چىقىپ كەتتى.

— ھەي. . . جاپاكەش مەزلۇم، — مەتمۇسا ئاپئاق ساقاللىرىنى سىيپىدى، — مېنىڭ جاپايىمنى بەك تولا تارتتى.

— مەتمۇساكا، قاچانلاردىن بېرى بۇ يەرلىك بولۇپ قالدىلا، — سورىدى ھېكمەت، — تېخى چوڭ قورۇ - جايلارنىمۇ قىلىۋاپلا.

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، — مەتمۇسا ماھىگۇل بىلەن ھېكمەتنىڭ چىنىسىگە ناۋات سېلىپ قويدى، — ئۆزلىرى سومكامغا ئىككى ناننى سېلىپ، كامىل ئەپەندىم بىلەن ياتاقلىرىدىن ئۇزىتىپ قويغان شۇ كۈنلەرگە يىگىرمە بىر يىلدىن ئېشىپ قاپتۇ. ھە راست، كامىل ئەپەندىمنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— كامىلنىڭ قازا قىلىپ كەتكىنىگە، — ھېكمەتنىڭ چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئالدى، — يېرىم يىل بولۇپ قالدى.

مەتمۇسا دۇئاغا قول كۆتۈرۈشى، ھېكمەت بىلەن ماھىگۇلمۇ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشتى.

— رەھمەتلىك تولىمۇ ئېسىل ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ سۆزلە-

رىنى ئەمەس، بەلكى چىرايىنى كۆرسەممۇ ئەيمىنىپ تەرلەپ كېتەتتىم.

ھېكمەت دوستىنىڭ نىمە كېسەل بىلەن قازا قىلغانلىقىنى سۈرلەپ تۇرۇشى، مەلىكە ساھىبخان كىرىپ پىيالىلەرنى يىغىشتۇردى، ئاندىن پەتنۇستا ئاپقۇرلارغا ئۇسۇلغان ئەتكەنچاي ئېلىپ كىردى. ساپسېرىق قايماقلار لەيلەپ تۇرغان چاينىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ مەتمۇسا ئۇستىلەپ سېرىق ماي سېلىپ قويدى.

— سەھراچىلىق، ھېكمەت ئەپەندىم، سۈت - قايماقنىلا زورلايدىغان گەپكەن، — مەتمۇسا گەرچە ئۆزرە سورىغاندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئىپتىخارلىق پۇراپ تۇراتتى، — بىراق، كۆرگەن كۈنلىرىمىزنى ئويلىساق، بۇنىڭغا مىڭ قەترە شۈكۈر دەيمىز.

— ئۆزلىرى ھال ئېيتسىلا، — دېدى ماھگۈل گەپ قىستۇرۇپ، — بىز نېمىمۇ دەرمىز.

— راست دەيلا خان، — مەتمۇسا ساقاللىرىنى سىيپاپ قويدى، — بۇ كۈنلەرنى ئاۋۋىلى خۇدا، ئاندىن قالسا مۇرات، ھېكمەت، كامىل ئەپەندىلەر بەردى، دېسەم لاپ بولمايدۇ. مەن يۇرتتىن چىقىپ سىرتلاردا ئۈچ يىل سەرسان بولدۇم، ئىلىغا كېلىپ ئورۇنلاشقىنىمغا ئون سەككىز يىل بولۇپ قاپتۇ.

— مەن ئىلىغا بىرنەچچە قېتىم كەلدىم، شۇ چاغلاردىمۇ مەشەدە بار ئىكەنلا - دە؟ — سورىدى ھېكمەت، — ئەجەب ئۇچ-رىشالماپتىمىز.

— 1976 - يىلى كەلگەنلىرىدە ئۆزۈم كۆرۈشۈشتىن قاچتىم. چۈنكى، مەن بىلەن تونۇشلۇقى بار ھەرقانداق ئادەم ھەم يۇرتلۇقلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى، — دېدى مەتمۇسا، — 1981 - يىلى بولسا مايمۇنەمدىن كېلىپ كەتكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، قوقاستا پۇچۇلانغاندەك



بولۇپ كەتتىم.

— شۇنداق قىلغانلىرىمۇ ئوبدان بوپتىكەن، — ھېكمەت كونا ئىشلارنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى، — سىلى كەتكەندىن كېيىن ئەلەم كۈرىشىگە قاتناشقانلارنى سۈرۈشتە قىلىش باشلاندى. بىر قېتىم كامىل ئىككىمىزدىن سۈرۈشتۈرۈپ كەپتىكەن. كامىل تەمتىرىمەيلا «قەشقەر كانىسۇ ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ كېتىمەن» دېگەن، دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بوستان ئىنقىلابىي كومىتېتى سىلىنى ئىزدەشنى توختاتتى.

— يائاللا، شۇ يىللاردا دەككە - دۈككىدە ياشاپ يېگىنىمىز چىرايىمىزغا چىقمىغان، يا كېچىدە كۆزىمىزگە ئۇيقۇ كەلمىگەن، — دېدى مەلىكە ساھىبخان بېشىنى چايقاپ، — بۇ ئادەمنىڭ قانچە كېچىلەر رازىلىق بەرگەنلىكىنى، نەچچە قېتىم ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى ساناپ بېرەلمەيمەن.

— دەسلەپتە قاتتىق تۇتۇلدى، — دېدى ھېكمەت، — كېيىن مەركەزنىڭ ھۆججىتى كەلگەندىن كېيىن، ئەلەم كۈرىشىدىكى ئىشلارنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، بېشىنى يەيدىغانلار، ئادەملەرنى ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، — دېدى مەلىكە ساھىبخان، — يەنە نېمىگە ئۇرۇشتۇڭ، دەپ ئەدىپىنى بەرسە بولامدۇ؟

— مەلىكەم، ئاشخانىدىكى ئىشلار قانداق بولۇپ كەتتى؟ — مەتمۇسا ئايالىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، — ئەتكەنچايلىرىڭمۇ سىڭىپ بىر يەرگە باردى.

— نۇرەخمەت گۆشلەرنى پارچىلاپ قازانغا سېلىۋېتىپ، سازەندە ئاغىنىلىرىنى چاقىرغىلى چىقىپ كەتتى. كېلىن بالا ھەجەر بۇۋى بىلەن ئۆپكە - ھېسپىلەرنى قويۇۋاتىدۇ، — مەلىكە ساھىبخان ئورنىدىن تۇردى، — قوشنىلاردىن ئىككى ئايال تاماق تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى، مەنمۇ چىقىپ باقاي، ماھگۈلئاينى

يالغۇز قالارمىكىن دەپ ئۇلتۇرۇپ قالدىم.

— مەنمۇ چىقىپ ياردەملىشەي، — ماھىگۈل مەتمۇسانىڭ
خاپا بولغىنىغا قارىماي ئورنىدىن تۇردى، — غۇلجىلىق ئايالللار-
نىڭ تاماق ئېتىشتە دېگۈدەك بار، ئەگەر بولمىسا ئۆگىنىۋالارمەن.

— يائاللا، — ماھىگۈلنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان
مەتمۇسا ياقىسىنى تۇتتى، — گۈلزىبا خېنىمنىڭ ئۆزلىرىغۇي،
چاچ تۇمارلىرىغىچە ئوخشاپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، خۇدايىم
يامان سۆز، يامان كۆزدىن نېرى قىلسۇن!

— مەتمۇساكا، نۇرەخمەتتىن باشقىمۇ باللىرى باردۇ،
ئۇلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — ھېكمەت بۇ سۆزنى قىلىپ قويۇپ شۇ
ھامان ئۆكۈندى، — ياكى. . .

— خۇدايىم ئىنساپ - تەۋپىقلىق باللاردىن تۆتنى بەر -
دى، — مەتمۇسا پەخىرلەنگەندەك كۈلۈپ قويدى، — ئاقسۇدىكى
چېغىمىزدا قوشكېزەك تۇغۇلغان بىر جۈپ قىزىم بار ئىدى،
ئۇلار ھازىر ئىلى سىفەندە ئوقۇيدۇ، مۇشۇ سەھرانىڭ تەۋەررۇكى
بولغان ئەڭ كىچىك ئوغلۇم ئون يەتتە ياشقا كىردى. ئۇ ماتور-
لۇق نەرسىلەرگە بەك ھېرىسمەن چىقىپ قالدى. شۇڭا، ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرۈشى بىلەنلا تراكتور ئېلىپ بەردىم، ھازىر
شەھەردە قۇرۇلۇشلارغا قۇم - شېغىل، خىش توشۇپ ئوقەت
قىلىۋاتىدۇ. نۇرەخمەت بولسا خۇدايىم بەرگەنلا بىر بالا بولدى.
ئالتە يېشىدا قولۇمغا چۈشكەچكىمۇ ماڭا بۆلەكچىلا ئامراق،
ئاممىزە، مەن بىلەن يۈرۈپ تارتىمغان جاپاسى قالمىدى.

مەتمۇسانى قەد كۆتۈرگەن ھاللىق سەۋىيىدىكى دېھقان دې-
يىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئەللىك مو يەر، يەتمىش -
سەكسەن تۇياق قوي، تۆت سىيىر، ئۈچ ئات، بىر تراكتور،
شەھەرگە كىرىش، يەم - خەشەك توشۇش ئۈچۈن خادىك ھارۋى-
سى بار ئىدى. ئۇ چوڭ ئوغلى نۇرەخمەت بىلەن دېھقانچىلىق
قىلاتتى. مەلىكە ساھىبخان سىيىر سېغىش، قېتىق ئۇيۇتۇش،



تاماق ئېتىش دېگەندەك ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى.
يىغىم - تېرىمنىڭ قاتىلاڭ مەزگىللىرىدە ئۇمۇ ئەرلەر بىلەن
تەڭ بۇغداي ئورۇش، خامان تېپىش. . . لارغا قاتنىشاتتى. مەت-
مۇسا بەش يىلنىڭ ئالدىدا شايارلىق ناسىر ئىسىملىك بىر يېتىم-
چى بالىنى بېقىۋالغانىدى. بۇلتۇر ئۇنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ
ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى قىلىۋالدى، ئۇ بالا ئايالى ھەجەربۈۋى
بىلەن قوي، كالا، ئاتلارغا قاراشتىن سىرت، ئېتىز - ئېرىق
ئىشلىرىغىمۇ ياردەملىشەتتى.

مەتمۇسا ئەسلىدە نادان، قارا قورساق، گۇناھقا پاتقان ئادەم
ئىدى. ئۇنىڭ ئەمەل - مەنپەئەت كويىدا قىلمىغان ئەسكى ئىش-
لىرى قالمىدى. بۇ يولدا ئالدىدى، ئالداندى، تالىدى، تالاندى.
مەتمۇسا ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن خورلۇقلار، ئۇرۇلۇپ - سوقۇ-
لۇشلار، ھاقارەتلىك تامغىلاردىن كېيىن بىردىنلا ئويغاندى.
نەۋرە ئىنىسى خالىقنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى، ئۆزى-
نىڭ رەزىل قىياپىتىنى تونۇدى، نومۇس قىلدى، ئۆرتەندى.
بۇ خىل ئۆرتىنىش — ئازابنىڭ ئادەم ۋۇجۇدىنى پاكلايدىغان
ئوتى مەتمۇسانى يېڭى ئادەم قىلىپ چىقتى. ھەر سۆزىدە ئاللانى
زىكرى قىلىپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر - سانا ئوقۇۋاتقان، چاچ -
ساقاللىرى سۇۋارى ئاقارغان، چېھرىدە پاكلىق نۇرلىرى چاقنى-
غان، باللىرى، تۇرمۇشى، كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنى ئېيتىخار-
لىق بىلەن سۆزلەۋاتقان بۇ سالاپەتلىك ئادەمنىڭ مەتمۇسا ئىكەن-
لىكىگە ئەقلى لال بولغان ھېكمەت، تەقدىرىي قىسمەتكە ئالدىن
بىر نېمە دېگىلى بولمايدىكەن، دەپ ئويلىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. مەتمۇسا خۇپتەن نامىزىنى
ئۆتەپ قايتىپ كىرىشى، مەلىكە ساھىبخان ماھىگۈلنى باشلاپ
كىردى. ئاڭغىچە نۇرەخمەتنىڭ ئايالى بىر لېگەن مانتىنى شىرە-
گە قويۇپ، چىنىلەرگە چاي قۇيدى.

— قېنى ئېلىڭلارچۇ، ئەتكەنچاينىڭ ئارقىسىدىنلا ئېلىپ

كىرسەك يېيىلمەسمىكىن دەپ كېيىنرەك قالدى، — دېدى مە-
لىكە ساھىبخان تەخسىلەرگە ئاچچىقسۇ، لازا قىيامىلىرىنى سې-
لىپ، — بۇ مانتىغا ماھىگۇلئاينىڭمۇ قولى تەگدى.

— نۇرەخمەت كىرمەپتىغۇ، — سورىدى ھېكمەت كېلىن
ئاغىچىدىن.

— بىزنىڭ ئۆيدە ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى.
ئاپا، مېھمانلار ئۆزلىرىگە قالدى، مەن ئاۋۇلارنى كۈتەي، —
كېلىن سۇس ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

مانتا يېيىلىپ، داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇ-
رەخمەت ئۆيگە تۆت يىگىتنى باشلاپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى
دۇتار، تەمبۇر قولتۇقلىۋالغانىدى. ئۇلار ھېكمەت بىلەن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، تام ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆر-
پىلەردىن ئورۇن ئېلىشتى. بۇ يىگىتلەرنىڭ قىزىرىپ قالغان
چىرايلىرىدىن، ئوچۇق - يورۇق سۆزلىرىدىن سەل قىزىۋالغان-
لىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەيساجىنىكا، سىنى كەنت باشلىقى دەپ يۈرسەك، —
دېدى بولۇس ئىسمىلىك يىگىت. ئۇنىڭ ئاق سېرىق، يالپا
يۈزلىرىدىن قىزىقچىلىقى چىقىپ تۇراتتى، — كاتتا يازغۇچىلار
بىلەنمۇ ئۇلپەتچىلىكىڭ بار ئىكەن ئەمەسمۇ، يا سەنمۇ ئانچە-
مۇنچە يوشۇرۇن يېزىپ قويامسەن؟

— يازىمەن ئۇكا، يازىمەن. نەچچە قېتىم «بولۇسنىڭ
ئىتى كۆك بېدىنى تولا يەپ شاتراقلاپ قاپتۇ» دەپ رېتسىپ
يېزىپ بەردىمغۇ، — ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئەيساجىنىكا، سەن خەت يېزىپ بەرگەن شۇ كۈنلەردە
قارا، — دېدى زابوي لەقىمى بار مەخپىر ئىسمىلىك قارىمۇتۇق
يىگىت، — ئىتىنىڭ ئالدىدىكى كۆك بېدىنى جۇسەي ئىكەن دەپ
يەۋېلىپ، نەچچە كۈنلەپ ئاقىلىقتىن كېلەلمىدى ئەمەسمۇ بۇ
ئەخمەق، — كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.



— راست دەيسەن مەخپىر ئاداش، — دېدى بولۇس چاق-
چاقنى ئۇلاپلا، — شۇ كۈنلەردە شەھەردىن گالدۇ - گۇلدۇڭ
چىقىپ، خوتۇنۇڭنىڭ چېچىغا چاپىدىغان يېلىمنى ھالۋىمىكىن
دەپ يەۋالغىنىڭ ئېسىڭدىدۇ؟ — كۈلكىدىن ھەممىنىڭ كۆزلە-
رىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— تېخى «قەنتنى ئاز ساپسەن» دەپ خوتۇنى بىلەن ئۇ-
رۇشقان ئەخمەق بۇ، — زۇنۇن ئىسمىلىك بالىنىڭ ئۇلىغان بۇ
چاقچىقى قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى.

سەھرالىق يىگىتلەرنىڭ سەل قوپال، ئەمما سەممىي، تۈز
چاقچاقلىرى ھەممىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ شادلىققا چۆمدۈر-
دى. بولۇپمۇ تولا كۈلۈشتىن ماھىگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن ياش
چىقىپ كەتتى. ئاز ئۆتمەي كۈلكىلەر بېسىقىپ، ئۆيئىچى سەل
تىنچىغاندىن كېيىن، نۇرەخمەت تەمبۇرنى يېنىغا تىكلەپ قو-
يۇپ ئولتۇرغان ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى كۆزلىرى چوڭ، قاڭ-
شارلىق، قاپقارا چاچلىرى ئارقىغا تارالغان، تەمكىن يىگىتنى
تونۇشتۇردى.

— ئىسمى قۇربانجان، — نۇرەخمەت قۇربانجاننىڭ كەس-
پى، خىزمەت ئورنى قاتارلىقلارنى دېگەندىن كېيىن ھېكمەتكە
قاراپ قويدى، — ئۇرۇمچىدىن ئائىلە يوقلاپ كېلىپ، ئۇلۇش-
كۈن ئاغىنىسى بولۇسنىڭكىگە چىققانىكەن. ئىككى كۈندىن بې-
رى ئەسرا بولۇپ ياخشى تونۇشۇپ قالدۇق. ئاممىزە، ناخشا -
سازلارنىڭ پىرى دېسە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

— بۇ ئاغىنىمىز تونۇمىغان يەرلەرگە ئانچە بېرىپ كەت-
مەيدۇ، — دېدى بولۇس، — لېكىن ھېكمەت ئەپەندىمنىڭ
ئىسمىنى ئاڭلاپلا ئالدىمدا كېتىۋاتامدۇ، — ھەممىسى كۈلۈ-
شۈپ كېتىشتى.

— ئىسمىڭىز ھەممىگە تونۇش، — ھېكمەتنىڭ ياش كوم-

پوزنتور بىلەن تونجى ئەسرا بولۇشى ئىدى، ــ مېنىڭ رادىئو
دراممىسى قىلىنغان بىر پوۋېستىمنىڭ مۇزىكىسىنى سىز ئىشلە-
دىڭىزغۇ دەيمەن.
ــ شۇنداق، ــ قۇربانجان قىزاردى.
ــ ھەي ئەيساجىنىكا، ئۇرۇمچىدىكى ئاتاقلىقلار بۇنىڭدىن
كېيىن سېنىڭ ئۆيۈڭدە تونۇشــا بولغــۇدەك جــۇمۇ، شۇڭا
پات - پات چاقىرىپ تۇرغىنا.
مەخپىرنىڭ چاقچىقى ھەممىنى كۇلدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ،
بىراق ھېكمەتكە ئاچچىق تەندەك بىلىندى. دېمىسىمۇ ئۇرۇمچى-
دە ئەسىرى، مۇزىكىسى، شېئىر - داستانلىرى، ئىلمىي ئىخ-
تىرالىرى تونۇش، لېكىن بىر - بىرى بىلەن ئەسرا بولۇشمىغان
نۇرغۇن يىرىك زىيالىيلار بار ئىدى.
ــ قېنــى ئىنىلىرىم، ھــەممىمىز سىلــەرگــە قــاراپ
قالدۇق، ــ دېدى مەتمۇسا يىگىتلەرگە قاراپ، ــ ئانچە - مۇنچە
پەيزى قىلمامسىلەر.
قۇربانجان تەمبۇرنى، بولۇس دۇتارنى ئېلىپ سازلىغاندىن
كېيىن ئەجدادلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى، دەردۇ - غەم-
لىرىنى، ھەسرەت - پىغانلىرىنى ئەسكە سالىدىغان، دەردمەن-
لەرنى مۇڭغا، ئاشىقلارنى شېرىن - لەزىز تۇيغۇلارغا چۆمدۇر-
دىغان ئىلى ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى. تەمبۇرنىڭ پەسىيىپ ھەم
يېنىك كۆچىنىشلەر بىلەن تىترەپ چىقىۋاتقان مۇڭى ئۇنتۇلغان
ئەسلىمىلەرنى ئويغىتىپ يۈرەكلەرنى يىغلىتاتتى...

دەرد - ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغە.
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغە.
يار سېنىڭ ئا، دەردىڭ يامان.



كېچە بىر ئويقۇدا ياتسام،
ئېتىمنى قامچىلاپ ئۆتتۇڭ.
سۆزۇڭمۇ يوق، خېتىڭمۇ يوق،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۇڭ.
جېنىم ئاھ يارەي...

ــ ھەي، ھەي، قولۇڭلارغا دەرد بەرمىسۇن، ــ ۋارقى-
رىدى مەخپىر زابوي ناخشا پەيزىگە چۆمگەن ھالدا. قۇربانجان
بىلەن بولۇس بىر يۈرۈش ئىلى ناخشىلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ
ئېيتماقتا ئىدى:

خونخاينىڭ مازارىدا،
كەكلىكتىن تولا توشقان.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
باشتا خۇدۇيۇم قوشقان.

بەگنىڭ باللىرى دەيدۇ،
بىرىدىن بىرى دودەن.
ئىشكىڭدىن تولا ئۆتتۇم،
جېنىم ئالتۇنۇم،
چىقمامسەن جېنىم مودەن.

ــ مۇڭ، مۇڭ، مۇڭ، ــ ۋارقىرىدى مۇڭغا چۆككەن
زۇنۇن، ــ ئۆلمەڭلار باللار!
ناخشا يېنىك كۆچىنىشلەر بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈ-
لۈشى، قۇربانجان بىلەن بولۇسنىڭ پېشانىلىرى تەرلەپ، بويۇن-
لىرى قىزىرىپ كەتتى.

خۇشكۈندۈر بۇرادەرلەر،
كىشى جانانىغا يەتسە.
چېكىپ جەبرۇ - جاپالارنى،
كۆزى مەستانىگە يەتسە، جانەي. . .

ناخشىنىڭ مەزمۇنىنىڭ تېرەنلىكىدىن ھاياجانلانغان ماھەگۈل چاندۇرماي ھېكمەتكە قاراپ قويۇپ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

جاپانى كىم تولا تارتسا،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
گۆھەر ئالغۇچە شۇ تاشتىن،
نى سەۋدا ئۆتىدۇ باشتىن.

قـۇربانجـان بىلەن بولۇس گۈلـەمخان، سادىر پالۋان، كۆچ - كۆچ قاتارلىق بىر يۇرۇش ئىلى ناخشىلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تەمبۇر - دۇتارلىرىنى قويۇشى، ھەممە بىردەك بارىكاللا، رەھمەتلەرنى ئېيتىشتى. لېكىن، نۇرەخمەت قۇربانجاندىن «ئۇلۇشكۇن كېچە ئېيتقان ناخشىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز» دېيىشى، باشقىلارمۇ «ئـاڭلايلـى، ئـاڭلايلـى» دەپ تۇرۇۋالدى.

— بۇ ئەسلىي ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ، — دېدى قۇربانجان تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ، — مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھەم سىنىپىي كۈرەش ئەۋج ئالغان دەۋرلەردە ئازاب - ئوقۇبەت، مەھكۇملۇق ئىچىدە يازغان شېئىرى ئىكەن، قاملاشمىسىمۇ ئاھاڭغا سېلىپ باقتىم.

قۇربانجان تەمبۇرنى ماھىرلىق بىلەن چېكىپ، يۈرەك تارلىرىنى تىترەتكۇدەك قىسقا پائۇزدا بەرگەندىن كېيىن، كۆزىنى



يۇمغان ھالدا ناخشىسىنى باشلىدى:

قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى ئوتلۇق جېنىمنى،
شامال دارىپ كېكەچ قىلدى بۇلبۇل تىلىمنى.
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس بولدۇم پارالىچ،
نېمەم بىلەن قىلاي رازى ئەزىز ئېلىمنى.

بۇ پايانسىز گۈزەل ئەلدە بىر كۈن تۇغۇلدۇم،
تۇغۇلدۇمۇ، قەپەس ئىچىدە ئەجەب بوغۇلدۇم.
ئاھ. . . مەقسىتىم مۇيەسسەر، نە ئىقبال يورۇق،
ۋادەرىخا، تىلسىم ئىچىدە ئەجەب بوغۇلدۇم.

تىرىك دېسە تىرىكلىكتە ھېچبىر مەنا يوق،
ئۆلەي دېسەم، ئۆلمەككە ھېچبىر بانا يوق.
كۈندە خىيال، كۈندە تەشۋىش، كۈندە دەردۇ غەم،
دەردىم ئېيتسام دەردىمگە ھېچبىر دانا يوق.
. . . . . .

قۇربانجان ناخشىنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىنى چۈشۈرۈپ بولۇشى، تاقەت قىلالمىغان مەتمۇسا ھاياجىنىنى باسالمىدى:

— ياشاڭ قۇربانجان ئىنى، كۆرگەن كۆرمىشلىرىمىزنى ئەسكە سالدىڭىز، بۇ باشلار نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن دەيسىز، — مەتمۇسانىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزارغانىدى، — پاھ، پاھ، پاھ نېمىدېگەن مۇڭلۇق، مىسكىن ناخشا بۇ!

ناخشىنىڭ ئازابلىق ھوزۇرىدىن سېھىرلەنگەن قۇربانجان ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئاھاڭغا سېلىنغان يەنە بىر شېئىرىنى باشلىدى. شېئىر تېكىستى باشتىن - ئاياغ پەلسەپىلىك پىكىر جەۋھەرلىرى بىلەن يۇغۇرۇل-

غان بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى. قۇربانجان گويا كىملەر بىلەندۇر سىردىشىۋاتقاندەك، تەمبۇرنىڭ پەدىلىرىگە قۇلاق يېقىپ چالماقتا ئىدى:

ئەجەب بىر گۆش ئىكەن بۇ يۈرەك دېگەن،
ھەر تەندە ئۇ، ھەر خىل ھېس قىلار ئىكەن.
ئەگەر ئۇ ئىچمىسە ۋىجدان شارابىن،
ئىلغۇردا ئېسىقلىق سېسىق گۆش ئىكەن.

ئۆي ئىچى شۈنچىلىك جىمىپ كەتكەنىدىكى، يۈرەكلەرنىڭ دۈپۈلدىشى ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

شۆھرەت كەمىرىگە ئۈزاتقۇچە قول،
ئوتۇنچى بوۋاينىڭ ئارغامچىسى بول.
تاجدارلار تاجىنىڭ كۆزى بولغۇچە،
كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بول. . .

ناخشا ئاخىرلىشىپ، قۇربانجان تەمبۇرنى تامغا تىكلەپ يۈز - بويۇنلىرىدىكى تەرنى سۈرتكۈچە مېھمانخانىدا تىرىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ھەممە سېھىرلەنگەندەك قېتىپ قېلىشقان بولۇپ، كۆزلىرى قۇربانجانغا تىكىلىپ تۇرسىمۇ، كۆڭلى بوراندىق دېڭىزدەك شاۋقۇنلايتتى. . .

— رەھمەت قۇربانجان، — نۇرەخمەتنىڭ بۇ سۆزى ھەممىنى ئېسىگە كەلتۈردى.

— مۇبارەك بېشىڭىز ئامان بولسۇن. . .

— قولىڭىز دەرد كۆرمىسۇن. . .

بۇ ناخشا گويا تارازا مىزاندەك ھەممىنى ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇلار «بۇ دۇنياغا كېلىپ ئىنساندەك ياشىيالىدىمۇ،



يوق» دەپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلچەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. چاقچاق، ھەزىل، شوخلۇق قانلىرىغا سىڭىپ كەتكەن غۇلجا بالىلىرى قايغۇ - مۇسىبەتنىمۇ شادلىققا ئايلاندۇرالايتتى. بولۇس سورۇننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چاقچاققا ئۇرۇق سالدى:

— ھوي مەخپىر، ناخشىدىن پەيزى ئالالىدىڭمۇ؟ سەنغۇ بالاڭ يېغلىسىمۇ ناخشا دەپ ئاڭلايدىغان ئەخمەق.

سورۇندا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مەخپىرمۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا جاۋاب ياندۇردى.

— سەنغۇ بالاڭنىڭ سۇ تاپانچىسىنى ئېتىپ مەرگەن بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق، — كۈلكە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

«ئەخمەق» قاپىيە قىلىنغان چاقچاق داۋاملىشىپ ئارقا - ئارقىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

— بالىسىنىڭ قۇلاقچىسىنى كىيىۋېلىپ ليوتچىك بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق.

— ئىككى پېتىكىنى مۈرىسىگە قادىۋېلىپ، گېنېرال بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق.

— تازىلىققا رىئايە قىلدىم دەپ، كۆمۈرنى يۇيۇپ قالايدىغان ئەخمەق.

— قورسىقى ئېچىپ كەتسە، سوغۇق تونۇرغا قارماق تاشلىغان ئەخمەق.

— مەستلىكتە خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، ساقايسا يارىشىۋالىدىغان ئەخمەق.

— ئوخشاش ئىسمىلىكلەرنى كۆرسە، خوتۇنىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئەخمەق.

— شېكەر خالتىسىدا ئىشتان كىيىپ، ئارقىسىغا تاتلىق دەپ يېزىۋالىدىغان ئەخمەق.

بولۇسنىڭ ئاخىرقى چاقچىقى ئۆيدە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈۋەتتى.

بولۇس بىلەن مەخپىرنىڭ چاقچىقى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ هازىر جاۋابلىقى هەممىنى قايىل قىلىپ هەيرەتتە قالدۇردى. كۈلكىدىن بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلسە، بەزىلىرى قورساقلىرىنى تۇتۇپ تولغىناتتى.

— هەي، هەي، بولدى قىلىڭلار، بىز سىلەرگە قايىل، — ۋارقىرىدى مەتمۇسا، — قورساقلار ئاغرىپ كەتتى.

شاد - خۇراملىققا تولغان سورۇن ئەهلى كۈلكىلىرىنى ئارانلا بېسىپ كۆزلىرىنى سۈرتۈشتى، مەيدىلىرىنى تۇتۇپ «ئۇھ» دېيىشتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن نۇرەخمەت گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزگە تۇتۇندى:

— هەممىمىز قانغۇدەك كۈلۈشتۇق. دادام كىچىكىمدىن تارتىپ مۇرات، هېكمەت، كامىل ئەپەندىملەرنىڭ ناخشا - سازلارغا هېرىسمەن، خۇش چاقچاق ئىكەنلىكى هەققىدە كۆپ هېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. شۇڭا، هېكمەت ئەپەندىمدىن بىر ناخشا ئاڭلاپ باقساق، قېنى ئەمىسە.

نۇرەخمەت دۇتارنى سۇنغانىدى، هېكمەت ئالغىلى ئۇنىمىدى. باشقىلارنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشىدىن ئامالسىز قالغان هېكمەت ئاخىر دۇتارنى قولىغا ئالدىيۇ، تامغا يۆلەپ قويدى.

— مەن ياش چاغلىرىمدا گارمۇن چالغان، دۇتارنى بولسا دوستۇم مۇراتتىن يېنىك، ئادەتتىكى پەدىلەرگە چېلىشنى ئۆگەنگەن، — هېكمەت خىجىللىق بىلەن ئۆزرە ئېيتتى، — ئۇنىڭغىمۇ ئۇزۇن يىللار بوپقاپتۇ، هەر ئىككىسىنى چالماي ئۇنتۇپ كەتتىم.

— شۇنداقتىمۇ تىرىڭشىتىپ باقامسىز، — دېدى قۇربانجان، — نۇرەخمەتنىڭ لەۋزىنى يىرىسىڭىز كۆڭلىگە كەلمەمدۇ.

— هوي راسۇي، قاراڭلار نۇرەخمەتنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى...



— هەي، ئىشىكنى ئېتىۋېلىڭلار، يىغلاپ كوچىغا چىقىپ كەتمىسۇن يەنە...

بېسىم شەكلىنى ئالغان چاقچاق، هەممەيلەننىڭ تەرەپ - تەرەپتىن «هە، ئەمىسە، خەپشۇك» دېيىشىدىن هېكمەت دۇتارنى قولىغا ئالدى. ماهىگۈل ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «رومانغا كىرگۈزۈلگەن تېكىستنى ئېيتىڭ» دەپ تولىمۇ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى.

— بولىدۇ. مەنغۇ شائىر ئەمەس، شۇنداقتىمۇ رومانىمغا قاملاشمىغان شېئىردىن بىرنى كىرگۈزگەنىدىم، — هېكمەت قىزىرىپ كەتكەنىدى، — ماهىگۈل ئۇنى «قارا تورغاي» دېگەن ناخشىنىڭ ئاهاڭىغا سېلىپ ئېيتىپ يۈرۈپ ماڭىمۇ سىڭىپ قاپتۇ.

هېكمەت دۇتارنىڭ پەدىلىرىنى بېسىپ بىر - ئىككى قېتىم مەشىق قىلىپ باققاندىن كېيىن، ناخشىسىنى پەس ئاۋازدا باشلىدى:

يېڭى چېچەك ئېچىلغاندا يالتىراپ،
بىز دۇنياغا ئۈمىد بىلەن تۆرەلگەن.
ئۇزاق كارۋان يوللىرىغا ئىز سالغان،
بوۋىلارنىڭ پاك روهىغا يۆلەنگەن.

سۈزۈك بۇلاق سۇلىرىغا ئىنتىلدۇق،
ئىچكىنىمىز بولدى لېكىن لاي - لاتقا.
سەپەر مۈشكۈل، يوللار قىستاڭ تىكەنلىك،
بولۇپ كەلدى قەدەم ئالساق قاياققا.

مەتمۇسا «راست، بەرهەق» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاپئاق ساقاللىرىنى توختىماي سىيپايتتى. هېكمەت ئۇنىڭغا لەپ-

پىدە قارىدى ـ دە، ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۆمرىمىزنى زەھەرلىدى، خۇن قىلدى،
ئىتتىپلىقى ئۇچراپ ھەربىر بۇلاقتا.
مانا شۇنداق ئۆتتى ئۆمۈر مەنزىلى،
ياشلىقىمىز قالدى ئەمدى ئۇزاقتا.

چەيلىۋەتسە باش كۆتۈرگەن كوكاتتەك،
جان تالىشىپ تۇردۇق يەنە ئاياغقا.
كەچمىشلەرنى يېزىپ قويدۇق بىر ـ بىرلەپ،
سۇزۇكلۇكنى تىلەپ يېڭى ئەۋلادقا.

— ۋاي رەخمىتا. . . — بولۇسنىڭ سوزۇپ ئېيتقان مەد-
ھىيىسىگە ھەممە بىردەك قوشۇلدى، بولۇپمۇ ھاياجانلانغان قۇر-
بانجان چاۋاكمۇ چېلىۋەتتى، — ۋۇ ئاكا ۋۇي، سىزنى يازغۇچى
دەپ بىلەتتۇق، ناخشىچى چىقىپ قالدىڭىزغۇ ئەمدى.
بولۇسنىڭ چاقچىقى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.
— بۇ ناخشىلىرى، — دېدى مەتمۇسا خىيالغا پاتقان ھال -
دا، — مۇرات، زۇمرەت، كامىل، نەفىسە، گۈلزىبا ھەم ئۆز-
لىرىنىڭ ھاياتىنىڭ يەكۈنى بوپتۇ. مۇرات مېنىڭ تەقدىرىمنى
ئۆزگەرتكەن بىر پارچە چوغ ئىدى. ئەپسۇس، كېرىموف ئۇنى
ئېتىۋەتتى. زۇمرەت ئېرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش يولىدا يامغۇر-
دەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوقلارغا پىسەنت قىلماي كېرىموفنىڭ بەدىنى-
نى غەلۋىردەك ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۆتەشمە قىلىن-
غان سىنىپ، كارىدورلار ئارا خالىقنى قوغلاپ يۈرۈپ ۋارقىرى-
غان ئاۋازىنى ئۇزۇن يىللارغىچە ئۇنتۇيالمىدىم. زۇمرەتنىڭ
تېخى سوۋۇمىغان جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغىنىم تۆنۈ-
گۈنكىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. . .



ناخشىنىڭ تەسىرىدىن ھاياجانغا تولغان مەتمۇسا قىرىغان
چېغىدا ئۆتمۇشىگە تەئەللۇق ۋەقەلەرنى تۈنجى قېتىم باشقىلار
ئالدىدا سۆزلەۋاتاتتى. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. ئۆمۈرنىڭ
ئاخىرقى پەللىسىدە بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ، باقىيىنىڭ بوسۇغىلى-
رى كۆرۈنۈپ تۇرغان مەتمۇسا ئۇچۇن ھەممە ـ ھەممە بەرىبىر
ئىدى. ئۇنىڭ ھېكمەت بىلەن بولغان يېقىندارچىلىقىنىڭ ئادەت-
تىكى مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاجايىپ
ۋەقەلەر شاھىدى ھەم قۇربانى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان باشقى-
لارمۇ ئۇنلىرى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا مەتمۇسانىڭ سۆزلىرىنى
بېرىلىپ تىڭشىماقتا ئىدى:
— ئاپئاق كىيىملىك نەفىسەنىڭ كۆكسىگە خەنجەرنى پاتۇ-
رۇپ كۈلۈمسىرەپ ياتقان ھالىتى بەئەينى كۆكتىن چۈشكەن
پەرىزات ئىدى، — مەتمۇسا سۆزىنى داۋام قىلدى، — مىلتىق
زاكۈمىنى بېسىپ تۇرغان بارماقلىرىم مىدىرلاپ توختىمايتتى.
بۇ ھالەت زۇمرەت ئۆلۈش ئالدىدىمۇ يۈز بەردى. بىراق، ئاقسا-
رايسايلىقنىڭ زۇلمەتلىك كېچىسىنى يورۇتۇپ كۆيۈۋاتقان ئوت،
ئۇنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتقان يالۋۇرۇش، يېلىنىش، چىرقىرى-
غان، ۋارقىرىغان نالىلەرنى ئاڭلىغىنىمدا، پۈتۈن جاھان يورۇپ
كەتكەندەك، مۇرات، زۇمرەت، نەفىسە، گۈلزىبالار ماڭا قاراپ
كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىدى. چۈنكى ھاياتلىق كۆكىگە زىمىستان
چىللايدىغان بىر زاغ پانىيدىن خوشلاشقانىدى.
مەتمۇسا بەكمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئىچىنى بوشاتتى. ئۇنىڭ
دەردىنى چىقارغان ئادىمىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھېكمەت، ماھى-
گۈل، مەلىكە ساھىبخانلا بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ باشقىلار مەتمۇ-
سانىڭ ھېكايىسىدىن مەۋھۇم بىر پاجىئەنىڭ سايىسىنى كۆرگەن-
دەك بولدى. . .
— ھېكمەتكا، — دېدى قۇربانجان، — ئېيتقان ناخشى-
ڭىزغا پۈتۈن بىر ھايات سىمفونىيىسى سىڭگەندەك قىلىدۇ.

شۇڭا تېكىستقا مەن بىر ئاھاڭ ئىشلەپ باقسام قانداق دەيسىز؟

— بۇ سىزنىڭ ھەممىتىڭىزگە باغلىق ئىش، مەن نېمىمۇ دەيتتىم.

كېلىن مەلىكە ساھىبخانغا پىچىرلاپ قويغاندىن كېيىن، چوڭ شىرەنى قويۇپ داستىخان سالدى. نۇرەخمەت مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى. ئاڭغىچە كېلىن ھەم مەلىكە ساھىبخانلار لىگەنلەردە گۆش، ئۆپكە - ھېسىپلارنى ئېلىپ كىرىشتى، ئارقىدىن بىر چىنىدىن قورۇتۇلغان ئاشكۆكى سېلىنغان شورپا قويۇلدى. مەتمۇسا ھەممىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىمۇ «بىسمىللا» دەپ قول ئۇزاتتى.

يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. مېھمانلار دۇئادىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەممەيلەن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ يىگىتلەرنى ئۇزىتىپ قويۇشتى. ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە چىقماقچى بولۇۋىدى، مەتمۇسا زادىلا قويۇپ بەرمىدى. مەلىكە ساھىبخانمۇ «مايمۇنەمگە قوندۇرۇپ قالىمىز» دەپ ئېيتىپ قويغان، دەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. ماھىگۈلنى مەلىكە ساھىبخان بىر كىچىك ھۇجرىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. مەتمۇسا بىلەن ھېكمەت بولسا تولدۇرۇپ گىلەملەر سېلىنغان ساراي ئۆيدە يېتىپ قېلىشتى.

تورۇسقا تىكىلىپ ياتقان ھېكمەتنىڭ بىر چاغقىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. بايا بولۇنغان گەپلەر ھەم نۇرەخمەتنىڭ ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا، مەتمۇسانىڭ مۇرات، كامىل، ھېكمەت، زۇمرەت، نەفىسە، گۈلزىبالارنى خوتەندىن ئايرىلغاندىن تارتىپ ئەسلەپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى. ئەسلىدە بۇ ئادەم دوست ئەمەس كۆشەندە ئىدى. پەقەت ئۇ مۇرات بىلەن جەڭ مەيدانلىرىدا بىللە يۈرگەن ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا يولىنى تېپىپ ياخشىلىققا مايىل بولدى، كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ بىر - ئىككى ئېغىز لەۋزىدىن ئالەمچە خۇشاللىق تاپتى. «توۋا، ئاداۋەتكە شاپائەت



قىلىدىغان ئادەملەرمۇ باركىنا» دەپ يىغلىدى، ھاياتىدىكى بولۇپ ئۆتكەن رەزىللىكلىرىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزى ئۈچۈن، مۇرات ھەم ئۇنىڭ دوستلىرى ئۈچۈن خالىقتىن قىساس ئېلىش ئوتى يۈرىكىنى ئۆرتەپ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ قىساس خۇمارىغا قانغاندىن كېيىن بولسا يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بىر نېمە دېمەك تەس ئىكەن. ھېكمەت بەزى - بەزىدە مەتمۇسانى ئەسلەپ قالاتتى، ھەتتا بىرنەچچە قېتىم چۈشىگىمۇ كىردى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ «شۇ ئادەم بارمىدۇ ياكى ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ، ھايات بولسا نەلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى. بۇ قېتىم غۇلجىغا دەم ئېلىشقا كېلىپ مەتمۇسا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى ھېكمەت ئۈچۈن تولىمۇ مەنىلىك ھەم خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى. يەنە كېلىپ مەتمۇسانى ھۆرمەتكە سازاۋەر، تەقۋادار، ئىمانى كامىل، ساخاۋەتلىك، ئامەتلىك مۇسۇلمان تەرىقىسىدە ئۇچرىتىشى ھېكمەتنى چىن دىلىدىن سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ناۋادا ئۇ خالىقنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭ يالىقىنى يالاپ ئۆتكەن بولسا ئەھلى - جامائەت نەپرەتلىنىدىغان ناباب، رەزىل ئادەمگە ئايلانغان بولاتتى.

— مەتمۇساكا، بايا قۇربانجاننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ قىلغان سۆزلىرىدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، — دېدى ھېكمەت يانغا ئۆرۈلۈپ، — يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى تارتقاندەك قىلىدىلا. ئۆزلىرى قانداق بولۇپ غۇلجىغا كېلىپ بۇ يېزىغا ئورۇنلىشىپ قالدىلا؟

— ھەي. . . ھېكمەت ئەپەندىم، سۆزلىسەم گەپ تولا.

مەتمۇسا قوش ياستۇقنى تامغا تىكلەپ ئۇنىڭغا يۆلەندى - دە، سەرسانلىقتا ئۆتكەن ھاياتىنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى:

خالىقنى كۆيدۈرۈپ قىساسىنى ئالغان مەتمۇسا، 1970 -

يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا مەلىكە ساھىبخان بىلەن ئوغلى نۇرەخ-
مەتنى كېچىلەپ شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنى بىر دەڭگە
ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى قاتناش بېكىتىدە ئىككى كۈن
ئايلىنىپ يۈرۈپ يولخېتى ئىزدىدى. ئاخىر ئۇ ئاقسۇغا بارىدىغان
يولخېتىنى سېتىۋېلىپ يۈرتتىن ئايرىلدى.

ئاقسۇدا ئىككى تەرەپباز تەشكىلاتنىڭ ئاخىرقى جان سەكرا-
تىدا راسا ئېلىشىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. مەتمۇسا شەھەردىن
ئانچە يىراق بولمىغان مەھەللىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە
ئېلىپ مەلىكە ساھىبخاننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئالتە
ياشلىق نۇرەخمەتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ سودا ساراي،
ئاشلىق ماگىزىنى، قاتناش بېكەتلىرىدە خەقلەرنىڭ يۈك ـ تاق-
لىرىنى، ئۇن تاغارلىرىنى، ھەر خىل ماللىرىنى توشۇپ، كۈن-
لۈك خىراجەتكە تۆشلۈق پۇل تېپىشقا باشلىدى. نۇرەخمەت
ئۇنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ، بىر كۈن كەچكىچە يۈگۈرۈپلا يۈرەتتى.
قورسىقى ئاچسا بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئوغرىلىقچە نان ساتىدىغان-
لاردىن بىرەر نان ئېلىپ ئىككىسى قورسىقىنى تويغۇزاتتى. بۇ
ئەنسىز يىللاردا كىچىك باللارنى ھەمراھ قىلىش مەتمۇسادەك
قارا نوپۇس، تونۇشتۇرۇشى يوق ئاققۇنلار ئۈچۈن بىخەتەرلىك
كۈنلۈكى ئىدى. ئەگەر تەرەپباز تەشكىلاتنىڭ قانخورلىرى ياكى
بازار باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ئۆلۈمدىن،
ئەڭ بولمىسا تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

مەتمۇسا ئاقسۇدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ بىر يىلدەك تۇرال-
دى. تەرەپباز تەشكىلاتلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەن، ئىتتەك تال-
شىشلىرى يىغىشتۇرۇلۇپ جاھان تىنچىشى بىلەنلا، قاراڭغۇ
بازارچى، ھايانكەش، قارا نوپۇس، ئاققۇنلارنى تۇتۇش شىددەت-
لىك باشلىنىپ كەتتى. داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرى-
كەت چاقماق تېزلىكىدە يېزا ـ كەنتلەرنىمۇ ئالا قويما-



دى. كىچە ـ كېچىلەپ ئىشىك قېقىش، تۇتۇش، سولاش،
باغلاش، ئۇرۇش ئەۋج ئېلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە جۇسادۈي①
نىڭ ئادەملىرى مەتمۇسانى تۇتۇپ كېتىپ يەرلىك تۈرمىگە سول-
دى. ئۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك «نەدىن كەلگەن، ھايانكەشلىك
قىلىپ قانچىلىك پۇل تاپتىڭ» دېگەندەك سوئال ـ سوراقلار
بىلەن ئېسىپ ئۇراتتى، ھەتتا بەزىلىرى تاماكىسىنى يۈزلىرىگە
يېقىپ قاپقارا داغ قىلىۋەتتى. مەلىكە ساھىبخان نۇرەخمەتنى
باشلاپ كۈندە بېرىپ يالۋۇراتتى، يىغلاپ ـ قاقشايتتى. مەتمۇ-
سانى بىر ئاي قىيناپ ھالىدىن كەتكەندىلا قويۇپ بېرىشتى.
ئايالى بىلەن ئوغلى ئۇنى ئارانلا تونۇدى، ئۇنىڭ يۈزى كۆكەر-
گەن، ئىششىغان ھەم قارا ـ قوڭۇر داغلار بىلەن قاپلانغانىدى.
شۇ ئىشلاردىن كېيىن مەتمۇسا يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرىغا
پۇل بېرىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ يامالىق تېغى ئەتراپىدىكى
ئاھالىلەردىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراقلاشقان-
دىن كېيىن، ئوغلى نۇرەخمەت بىلەن رەخت بېلىتى، ئاشلىق
بېلىتى ئېلىپ ساتتى. ئۇ بېلەتلەرنى نۇرەخمەتنىڭ يىرتىق چاپى-
نىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئۇنى بىر بۇلۇڭغا ئولتۇرغۇزۇپ قويات-
تى ـ دە، ئۆزى ئازغىنە بېلەتنى ئېلىپ ئاشخانىلار ئەتراپىدا
ساتاتتى. تۇتۇلۇپ قالغان ھالەتتىمۇ بىرەر ـ ئىككى كىلو ئاش-
لىق بېلىتى، بىرنەچچە مېتىر رەخت بېلىتىنى كۆرگەن باشقۇر-
غۇچىلار ئۇنى «چوڭ قاراڭغۇ بازارچى ئەمەسكەن» دەپ قويۇۋې-
تەتتى ياكى پوتلا ـ مىشىقىنى ئېقىتىپ يىغلاۋاتقان بالىنى
كۆرۈپ ئېرىپ قالاتتى. بىراق، ئۈرۈمچىدىمۇ «بىرگە زەربە

① جۇسادۈي — شۇ يىللاردا جاي ـ جايلاردا قۇرۇلغان ئاممىۋى تەشكىلات،
ئامانلىق ساقلاش، تەرتىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆتىگەن، كۆپ ھاللاردا ھەددىدىن
ئېشىپمۇ كەتكەن.

بېرىش، ئۇچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈش بىلەن، «ئۇچ خىل»[1] ئادەملەرنى تۇتۇش ھەرىكىتى باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۆي بېسىپ نوپۇس تەكشۈرۈش مەھەللە - مەھەللىلەردە قانات يايدى. يۇرت - يۇرتلاردىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ جېنىنى بېقىۋاتقان ئىشلەمچىلەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەر «قارا نوپۇس»، «گۇمانلىق ئۇنسۇر»، «قاچقۇن جىنايەتچى» دەپ قارىلىپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. مەتمۇسا دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ ئىككى ھەپتە سولاندى. گەرچە بۇ يەردىكى ساقچىلار مەتمۇسانى ئېسىپ قىيناپ، يۈزلىرىگە تاماكا ئوتىنى ياقمىغان بولسىمۇ، تاسما بەلۋاغ، توك كالتەكلىرى بىلەن ئۇرۇپ بەدەنلىرىنى كۆكەرتىۋەتتى. تۇتۇلغانلارنى ئۆز يېرىگە مەجبۇرىي ئاپىرىپ بېرىش ھارپىسىدا قىرىقتەك ئادەمنى توك چېپىشقا ئېلىپ چىققاندى، مەتمۇسا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قېچىپ كەتتى.

ئەنسىرەش، ۋەھىمە، قورقۇش ئىچىدە قالغان مەتمۇسا بىلەن مەلىكە ساھىبخان مەسلىھەتلىشىپ غۇلجىغا كەتمەكچى بولۇشتى. بىراق، ئۇنىڭغا «چېگرا رايونلارغا بېرىش»[2] تونۇشتۇرۇشى بولۇشى كېرەك ئىدى. مەتمۇسا نەنزىنگۇ يولۇچىلار بېكىتىگە ھەر كۈنى كېلىپ، يوشۇرۇنچە ئىش قىلىدىغانلار بىلەن قۇلاق يېقىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر ساقچى تامغىسى بېسىلغان تونۇشتۇرۇشنى خېلىلا قىممەت باھادا سېتىۋالدى.

مەتمۇسا غۇلجىغا ئامان - ئېسەن كېلىپ، دۆلەتۋاغ مەھەل-

① ئەلەم كۈرىشىگە قاتنىشىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن، بۇلاڭ - تالاڭ، ئۇرۇپ - چېقىشقا قاتناشقان، ئەكسىيەتچى سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

② ئۇ چاغلاردا ساقچىنىڭ ئىسپاتى بولمىسا غۇلجا تەرەپلەرگە بېرىشقا، كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى.



لىسىدىكى بىر موزدۇزنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كۈندۈزلىرى رەخت ھەم ئاشلىق بېلىتى سېتىپ تىرىكچىلىك يولىنى تېپىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. غۇلجا چېگرا رايون بولغاچقىمۇ، تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ئىشلىرى ئاقسۇ، ئۈرۈمچىلەردىنمۇ قاتتىق ئىدى. «يېزا - سەھرالاردا يەر كۆپ، ئادەم ئاز، ئىشلىسەڭلا جان ئېتىپ كېتەلەيسەن، تۈزۈملەرمۇ ئانچە چىڭ ئەمەس» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغان مەتمۇسا يېزىلارغا چىقىپ كېتىپ ماكانلىق بولۇشنى قانچە ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ھېچ ئۇقتىسىغا كەلتۈرەلمىدى.

بىر كۈنى مەتمۇسا بېلەتلىرىنى سېتىپ ئۆيىگە قايتىشىدا، ئۆيىدىكىلىرىگە يېمەكلىك ئېلىش ئۈچۈن بەيتۇللانىڭ ئالدىغا كېلىشى، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان بىر ئادەمنىڭ مەدرىسە جامەسىنىڭ تاش پەلەمپىيىدە مەيدىسىنى قاماللىغىنىچە پۈكۈلۈپ ئولتۇرغىنىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەچكە، بېغىررەڭ مانچېستىر دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۈستىدە قارا چىبەرقۇتتىن شىم - تۇجۇركا، پۇتىدا تۇمشۇقلىرى سەل ئاقارغان خۇرۇم ئۆتۈك، بېلىدە قارا پوتا، پېشانىلىرى ئاپتاپتا كۆيگەن بۇ ئادەمنىڭ مەست ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن مەتمۇسا ئۇنىڭغا ئاستا ئېڭىشتى.

— ئاكا، سىلىگە بىر نېمە بولمىغانتۇ؟ — مەتمۇسا ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، — ئا. . . كېسەللىرى خېلى بار ئوخشىمامتا، ئۆيلىرى نەدە، ئاپىرىپ قوياي.

— ئۆيۈم يىراق، سەھرادا، — ئۇ زەئىپ ئىڭرىدى، — ھا. . . ھاپىزۋاينىڭ سارىيىدا ئېتىم بار، شۇ. . . شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويغان بولساڭ. . .

قېچىش، يوشۇرۇنۇش، تۇتۇلۇش، ئەندىشە ئىچىدە ھاياتى

قاڭقىغان توپتەك سەرسانلىقتا ئۆتۈۋاتقان مەتمۇسا «سەھرا» گې-
پىنى ئاڭلاپ جانلىنىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ يىراق سەھرالاردىن
ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر ئىلىنچۇككە موھتاج
ئىدى.

— نەدە ئۇ ساراي؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن، نەدە چوڭ بولغان نېمىسەن؟
گەپلىرىڭمۇ غەلىتە، — بىمار ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېگىكىدە
ئىشارەت قىلدى، — ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن چوڭ دەرۋازا، ۋاي
مەيدەم. . .

مەتمۇسا بىمارنىڭ دوپپىسىنى كىيگۈزۈپ يۆلەپ تۇرغۇز-
غاندىلا، ئۇنىڭ ئورۇق، ئېگىز قامىتى نامايان بولدى. شۇنداق-
تىمۇ ئۇ مەيدىسىنى قاماللاپ ئېڭىشىپ تۇراتتى. مەتمۇسا ئۇنى
ھاپاش قىلماقچى بولۇۋىدى، بىمار باش چايقاپ زادىلا ئۇنىمىدى.

— بەدىنىڭ تاشتوقماقتەك تۇرغىنى بىلەن ئۆزۈڭ غورال-
دايدەك نېمىكەنسەن، — دېدى ئۇ ئىنجىقلاپ، — ۋاچچىدە ئېزى-
لىپ كېتەرسەن.

— تاشتوقماقنىڭ ئېزىلگىنىنى سىلى نەدە كۆرگەنيا. . .

— شۇنداقتىمۇ يۆلەپ ماڭساڭ شۇمۇ كۇپايە.

مەتمۇسا بىمارنى ھاپىزۋاينىڭ سارىيىغا يۆلەپ كىرىپ ئەپ-
لىك بىر جايدا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن سىرتقا چىقىپ كەتتى -
دە، قايسىدۇر ئاشخانىدىن بىر چىنـە ئـاش سۇيـى كۆتۈرۈپ
كىردى.

— قېنى بۇ ئاش سۇيىنى قىزىق - قىزىق ئىچىۋالسىلا،
مەيدىلىرىگە ئارام بېرىدۇ.

بىر قاچا قىزىق ئاش سۇيىنى ئىچىپ بولغۇچە پېشانىسىدىن
پۇژۇلداپ تەر چىقىپ كەتكەن سەھرالىق «گارتتىدا» كېكىرىۋى-
دى، مەتمۇسا «ئاش بولسۇن» دەپ قويدى. ئۇمۇ پىسسىڭىدە
كۇلدىيۇ، بايىقى بىئارامىلىق ئۇزۇل - كېسىل تارقىمىغاچقا



چىرايىنى تۈردى.

— ئۇھ بۇرادەر، رەھمەت ساڭا، سەن دېگەندەك خېلى
ئارام بەردى، — سەھرالىق مېھرى بىلەن قارىدى، — ئۆزۈڭ
خېلى تۈزۈك نېمىدەك قىلىسەن، ئاممىزە تىلىڭنى قاغا چوقۇ-
ۋالغاندەك كەملا سۆزلەيسىنا، ئېتىڭ نېمە، ئۆزۈڭ نەلىك؟

— ئۆزۈم خوتەندىن، — مەتمۇسا ئىسمىنى دېيىشتە تې-
ڭىرقاپ قالدى، — ئېتىم مەتئەيسا. مەن خوتەندىن بولغاچقا،
گەپلىرىم ئۆزلىرىگە ئەجەبىىدەي ئاڭلانسا كېرەك.

— ھوي، بىر چىرايلىق ئىسمىغا «مەت» نى قوشۇۋالغى-
نىڭ نېمىسى؟ توۋا قىلدىم، — سەھرالىقتا بىر قاچا ئاش سۇيى
كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى، — «ئەيساجان» دېسەڭلا بولمىدىمۇ.

— ئەيساجان؟ ئەجەب ئۇز ئىسىمكەنىيا بۇ، — مەتمۇسانىڭ
چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى، — ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم - شەرىپىلى-
رى نېمە بوتكىن.

— ئىبراھىم تۆگە، — سەھرالىق بىتايلىقتا لەقىمىنىمۇ
قوشۇپ دەۋەتتى.

— تۆگە بولغاندىمۇ راسا ئېگىز، ئورۇق تۆگىكەنلا، —
مەتمۇسا ھىجىيىپ قويدى.

— ھوي، چاقچاققىمۇ خېلى خۇمارىڭ بار نېمە ئوخشىما-
سەن، تېخى ئۇقمايلا لەقىمىمنى دەپ سالغىنىمنى كۆرۈڭ، —
ئىبراھىم تۆگە ئېتى تەرەپكە قاراپ قويدى، — ئەمىسە بۇرادەر،
خاپا بولماي ئاتنى ئەكەلگىنە.

مەتمۇسا ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ ئۇنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈ-
شى، ئىبراھىم تۆگە مەيدىسىنى يەنە قامالاپ، قوش باشلىق
ئېگەرگە جەينەكلەپ قالدى. شۇڭا، مەتمۇسا ئاتنىڭ چولۋۇرى-
دىن يېتىلەپ چوڭ يولغا چىقتى. كۆزلىرى ئېلىشىپ تۇرغان
ئىبراھىم تۆگە قاپاقلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ: «تىزگىنىنى ماڭا
بەر، ئۆزۈم كېتەلەيمەن» دەپ ئاستا شىۋىرلىشى، مەتمۇسا

«ئاتتىن يىقىلىپ قاتلا، بىردەم بىللە ماڭاي» دېدى.
ئەتراپ گۇگۇم پەردىسى بىلەن قاپلىنىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ
قالغانىدى. ئېلىنىڭ زۇمرەتتەك كۆك ئاسمىنىدا دەسلەپكى يۇل-
تۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەيدىسىنىڭ مۇجۇپ ئاغرىشى بىر
ئاز قويۇپ بەرگەن ئىبراھىم تۆگە بېدە بازىرىغا كەلگەندە بېشىنى
ئاستا كۆتۈرۈپ مەتمۇساغا قارىدى.

— ئەيساجان بۇرادەر، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — ئاتنى
بۇنداق يېتىلەپ ماڭساڭ خەقلەر مېنى ھېكىمبەگ غوجىمىكىن
دەپ قالمىسۇن يەنە.

— ھېكىمبەگ غوجى دېگەن گادايمۇ ئىلىدەك ئادەمتۇ
بۇلا، — مەتمۇسا قايرىلىپ قارىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قا-
راڭغۇدا كىمنى كىم تونۇيتتۇ.

— گەپلىرىڭ كەمدەك قىلغىنى بىلەن، قۇلاققا يېقىملىق
ئاڭلىنىدىكىنا، — ئىبراھىم تۆگە كۈلۈۋىدى، چىرايى ئاغرىق-
تىن پۈرۈشۈپ كەتتى، — ھە، دېگىنە قېنى، غۇلجىغا نېمە
بولۇپ كېلىپ قالدىڭ، نېمىشلارنى قىلىۋاتىسەن؟

مۇشۇنداق سوئالنىڭ چىقىشىنى كۈتكەن مەتمۇسا، جان
بېقىش ئۈچۈن ئايالى بىلەن (ئۇ جان سانى كۆپكەن دەپ قالمى-
سۇن دېگەن ئويدا بىر ئوغۇل، ئىككى قىزى بارلىقىنى دېمىدى)
يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆرگەنلىكى، ئايا-
لىنىڭ گۈلدەك ھۈنىرى تۈرۈقلۇق ئىشلىتەلمىگەنلىكى قاتارلىق-
لارنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى.

— ئايالىم گىلەم، تاغار، خۇرجۇن، پالاس توقۇيالايدۇ،
دېگىن، — بىر قولىدا مەيدىسىنى، بىر قولىدا قوش باشلىق
ئېگەرنى تۇتۇۋالغان ئىبراھىم تۆگە پەسكە قارىدى، — بولۇپمۇ
تاغار توقۇيالىسا بەلەن گەپكەن. سېنىڭ سەھرالارغا مەيلىڭ
يوقمۇ؟

— بومماتتىكى، بار، — مەتمۇسا خۇشلۇقىنى يوشۇرال -



مىدى، — ئەسلىدە مەنمۇ دېھقان بالىسى دېسىلە.

— ئەمىسە قارا، ئايالىڭ تاغار توقۇسۇن، سەن دۇينىڭ
ماللىرىنى باق، سېنىڭچە، بولارمۇ؟

— بۇ. . . بۇ ئىش قولۇلىرىدىن كېلەما؟ — مەتمۇسانىڭ
ئاۋازىدىن ئىشەنمەسلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ھوي، نېمە دەۋاتىسەنۇي، بەش - ئالتە ئىشلەپچىقى-
رىش ئەترىتى بار بىر چوڭ دادۇينى ئالىقىنىدا ئوينىتىۋاتقان
دادۇيجاڭنىڭ قولىدىن ئۈنچىلىك ئىش كەلمىسە، ئۇنداق ھوقۇق-
نىڭ كۆتىگە ئوت قويۇۋەتمەي.

— مۇنداق دېسىلە، — مەتمۇسا قەۋەتلا خۇشال بولۇپ
كەتتى، — ئۇنداق بولسا مەن ئەتىلا سىلىنى ئىزدەپ. .

ئىبراھىم تۆگە بىلەن مەتمۇسا گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ
دۆڭمەھەللىدىن ئۆزاپ كەتكەنىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
ئاسمانغا بوي تارتقان قەدىمىي دەرەخلەر بىر - بىرىگە گىرەلى-
شىپ، ئالىقاندەكمۇ كۆن نۇرى چۈشۈرمەيدىغان ھاجى بولۇس
مەھەللىسىگە كىرىپ كەلگەندىلا، مەيدە ئاغرىقى خېلىلا قويۇپ
بەرگەن ئىبراھىم تۆگە مەتمۇسانى توختاتتى.

— ھوي ئەيساجان، قىزىق گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ ئۆيۈڭنىڭ
نەدىلىكىنىمۇ سورىماپتىمەنا. نېمە، دۆلەتۋاغ مەھەللىسىدە
دەمسەن؟ — ئىبراھىم تۆگە ئاتتىن چۈشتى، — ماۋۇ خۇمىسى-
نىڭ كېيىنى قارا، بۇرۇنراق دېسەڭچۇ، دۆلەتۋاغ مەھەللىسى
خىتاي بازىرىنىڭمۇ نېرىسىدا تۇرسا. ئەمدى قانداق كېتىپ بولا-
لايسەن، قېنى كەينىمگە مىنگەش، جاڭزىغىلا چىقىپ كېتەيلى.

— رەھمەت، مەزلۇم ئەنسىرەپ قاتۇ، — مەتمۇسا يەرگە
قارىدى.

— «قاتۇ» دېگىن، ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار بەكمۇ
ئېجىل - ئامراق ئوخشىمامسىلەر؟

— بۇرۇن ئۇزۇم شەۋىتىدەك بولساق، — مەتمۇسا ئاپئاق

چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، — ھازىر مۇساپىرچىلىقتا ئەنجۈر مۇرابباسىدەك شىلىشىپ كەتتۇق دېسىلە.

— مۇنداق دېگىن، بوپتۇ ئەمسە، ھەسسىنە، جاپا تارتىپ قالمىدىغان بولدۇڭ ـ دە، — ئەتە ئىزدەپ بارساڭ يەنە «تۆگە» دەپ يۈرمىگىن جۇمۇ، «ئىبراھىم دادۈيجاڭ» دېسەڭلا ھەممىسى بىلىدۇ. . .

جەينەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ ئۇگدىسىغا يۆلىنىپ ياتقان مەتمۇسا چوڭقۇر تىنىپ جىمىپ قالدى. ھېكمەتنىڭ قېنى داۋاملاشتۇرسىلا، يېزىغا كەلگەندىن كېيىن كۈنلىرى قانداق ئۆتتى؟ دېگەن سوئالى ئۇنى يەنە شۇ يىللارغا ئېلىپ كەتتى.

مەتمۇسا ئىبراھىم تۆگىنىڭ ئەترىتىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۆزى مال باقتى، مەلىكە ساھىبخان بىلەن ئۇن ياشلارغا كىرىپ قالغان نۇرەخمەت ئىككىسى بابكارلىق دۇكىنىدىن بىرنى قۇرۇپ دۈينىڭ تاغارلىرىنى توقۇدى. ئىككى يىلغا قالماي مەتمۇسا بۇ ئەتراپتا يۈز تېپىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ماللارنى نەسىللەندۈرۈش، تۇغدۇرۇش، داۋالاش جەھەتتىكى كەسپى ھەممە يەرگە تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىبراھىم تۆگە دۈيدىن پۇل ئاجرىتىپ نەسىللىك ئايغىر، بۇقا، قوچقار، تېكىلەرنى سېتىۋېلىپ «نەسىللەندۈرۈش پونكىتى» قۇردى. بارا ـ بارا بۇ پونكىتنىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇقلىنىپ، قوشنا كەنت، يېزىلاردىنمۇ ماللىرىنى نەسىللەندۈرۈش، داۋالىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. مەتمۇسا سىرتتىن كەلگەنلەردىن دورا ھەم ئىش ھەققىگە پۇل ئالدى، پۇلى كەملەپ قالغانلار يېنىدا بارىنى بەرسە شۇنىڭغا رازى بولدى، پۇلى يوقلار «نېسى» قىلسا، كېيىن سورۇشتۇرۇپمۇ كەتمىدى. بۇ جەرياندا دېھقان باللىرىدىن بىرنەچچىنى شاگىرت قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىدى. شۇڭا «ئەيساجان تېخنىك» «مال دوختۇرى ئەيساجان» دېگەن ناملار ئېغىزدىن ـ



ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. ئۇ دۈيگە ئورۇنلىشىپ بىرەر يىلغا قالماي ئائىلىسى بىلەن يېزا نوپۇسىغا ئېلىندى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىزى بار ئىدى. خۇلاسە كالام، ھالال ياشاشنىڭ تەمىنى، ھوزۇرىنى، چەكسىز روھىي ئازادىلىكنى ھېس قىلغان مەتمۇسا ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن قارا كۈنلەرگە خاتىمە بەردى!

— قاچاندىن بېرى كەنت باشلىقى بولۇپ قالدىلا؟ — سورىدى ھېكمەت يانغا ئۆرۈلۈپ، — بىر ئوبدان كەسىپلىرىنى تاشلاپ بۇ ئىشقا سېپىلىپ قاپلا.

1981 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىبراھىمكام ئاشقازان يارىسى بىلەن تۈگەپ كەتتى، — دېدى مەتمۇسا ئەسنىگەن ھالدا، — كەنتتىكىلەر مېنى سايە قىلىپ تۇرۇۋالدى، يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ ماڭا خىزمەت ئىشلىدى. بۇ چاغدا نەسىللەندۈرۈش پونكىتىدا ئىشلەۋاتقان شاگىرتلارمۇ مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— 1981 ـ يىلى كېلىپ كىچىك ئاپامنى يوقلاپ كەلگەن چاغلىرىمدا سىلى كەنت باشلىقى ئىكەنلىدە، — ئۇيقۇسى كەلگەن ھېكمەتنىڭ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقتى، — ئەجەب شۇ چاغدا ئۇچرىشالماپتۇق.

— سىلى كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇقۇپ كۆپ ئۆكۈندۈم.

ھېكمەت بىلەن مەتمۇسا مۇرات، خالىق، تۇراپ ئىمىنلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى. ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەن قايماقلىق چاي بىلەن ناشتا قىلىپ ئۇزاپ چىقتى. ئاندىن كىچىك ئاپىسى بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇشى، نۇرەخمەت خادىك ھارۋىسىنى ئېلىپ كەلدى. ھارۋىدا مەتمۇسا، مەلىكە ساھىبخانمۇ بار ئىدى. ئۇلار قايتا ـ قايتا قۇچاقلىشىپ ئايرىلىشتى. خادىك ھارۋا شەھەر يولىغا قاراپ

يۈرۈپ كەتتى.
ھېكمەت، ماھىگۇل شەھەردىكى قېرىنداشلار، توغراق،
گەمە، قارايەر، جىلىلىيۈزى قاتارلىق يېزا ـ سەھرالاردىكى تۇغ-
قانلارنى يوقلاپ ـ پەتلەپ، سەيلە ـ ساھايەت قىلىپ يۈرۈپ
ئون نەچچە كۈننىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قېلىشتى. ئۇلار-
نىڭ ئون بەش كۈنلۈك دەم ئېلىشىمۇ توشۇپ قالدى. ئاخىردا
تۇغقانلار، ئەل ـ ئاغىنىلەر بىلەن خوشلىشىپ ئۈرۈمچىگە يۈ-
رۈپ كەتتى. كەڭسايىنىڭ قارىغايلار قاپلىغان جىلغىلىرى، ساي-
رامنىڭ يېشىل مەخمەلدەك بويلىرىدا خاتىرە رەسىملەرگە چۈ-
شۈپ كۆڭلى سۆيۈنگەن ھېكمەت بىلەن ماھىگۇل ئەتىسى چۈشتە
ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.
ئۇلار كەچكىچە ئۆيىنى بىر قۇر تازىلىۋالدى، ئاندىن يۇيۇ-
نۇۋالدى. ئىككىسى مېھمانخانىدا چاي ئىچىپ ھاردۇقىنى چىقى-
رىپ تۇراتتى، تېلېفون جىرىڭلىدى. تۇرۇپكىدىن تۇرسۇنجان-
نىڭ ئالدىراپ سۆزلىگىنى ئاڭلاندى.
— ھە، ئەمدى كەلدىڭما؟ مەن ساڭا ئۈچ كۈندىن بېرى
تېلېفون بېرىۋاتىمەن. ئەتە «تۇمانلىق يىللار»نى ئېلىپ كېتى-
مەن، تەييارلاپ قوي.
— بولمايدۇ، ئۆگۈنلۈككە ئال، ئەتە بىر كۈن كۆرىدىغان
يەرلىرىم بار. ھەي، ماھىگۇلنىڭ كىتابى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟
نېمە؟ بېسىلىۋاتىدۇ؟ ھەي قۇيۇن، بەك چاققانغۇ سەن. ئەمدى
ئىتتىپلىقلىرى لېيىتالمايدۇ، دەمسەن؟ بولىدۇ، بولىدۇ، مەن
ئەتىلا تۈگىتەي.
— تۇرسۇنجاننىڭ پائالىيەتچانلىقىغا بەكمۇ قايىلمەن، —
دېدى ماھىگۇل، — نېمىدېگەن تىنىم تاپماس ئادەم بۇ.
— توغرا دەيسىز، ئۇنىڭغا ئەركىن مۇھىتنىڭ يارىلىشىمۇ
بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ئاساسى
بار. مەسۇم قابىلدەك ئىتتىپلىقلىرىنىڭ سۇنى لېيىتىشىغا تاقا-



بىلەن تۇرالىسىلا مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ياخشى بىر كارخانىچى
بولۇپ قالالايدۇ.
— بۇنداق ئىتتىپلىقلىرى جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى
ساھەلىرىنى لېيىتىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ماھىگۇل ئېچىنغان
ھالدا، — لوقمان ئىمىندەك ئادەملەر قانۇن ئورۇنلىرىنى، مە-
سۇم قابىلدەكلەر نەشرىيات، مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنى، نۇر-
دۇن خوجىدەك كاتتا ئەربابلار زىيالىيلار تەبىقىلىرىدىن ئىبارەت
بۇلاقلارنى لېيىتىپ كەلدى. ئاددىيسى، بۇنداقلار سەھىيە ئو-
رۇنلىرىدىمۇ تېپىلىدۇ. يېقىندا بىر دوختۇر ئۆزى مەسئۇل
بولغان بىر بىمارغا «قىزىمىنىڭ تويى بولماقچى» دەپ قىممەت
باھالىق باغاقتىن تۆت يۈزنى ئىككى يۈز قىرىق سومغا ئالدۇ-
رۇپ، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە «مەسلىھەت چېيى» ئۈچۈن
گۆش لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى پۇراتقان. تەڭلىكتە قالغان بىمار
نائىلاج بىر قوينىڭ گۆشىنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان.
دوختۇرخانا رەھبەرلىكى بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ بىر تەرەپ
قىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە بىر دوختۇرنىڭ ئۇنىڭ-
دىنمۇ ئېغىرراق پارا ئالغانلىقى مەلۇم بولدى.
— ئويلاپ كۆرۈڭ ماھىگۇل، بىز ياشلىقىمىزدا قانداق
ئېغىر كۈنلەرگە دۇچار بولدۇق، — دېدى ھېكمەت جىددىي تە-
لەپپۇزدا، — تەكتىنى قازغاندا، يەنىلا شۇ سۇزۇك بۇلاقلارنى
لېيىتىۋاتقان ئىتتىپلىقلىرىنىڭ چېقىمچىلىقى، كۆرەلمەسلىك،
ھەسەتخورلۇق، ئاچ كۆزلۈكى، خۇشامەتچىلىك، نادانلىق، مەن-
سەپپەرەسلىكدەك ئىللەتلىرى تۈپەيلىدىن زامانىنىڭ قۇربانى بو-
لۇپ كەلدۇق. ئاتمىشىنچى يىللارنى ئەسلىگىنىمىزدە، تۇراپ
ئىمىن، خالىق، كېرىموف، جامال توختى، ئىمىن سوپى،
ساۋۇر روزى، زەينىدىن قاتارلىقلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقاي-
سى ساھەلىرىدىكى سۇزۇك بۇلاقلارنى بۇلغاپ كەلگەن ئىتتىپلىق-
لىرى ئىدى. قىسقىسى، ئىتتىپلىق روھى مىللىتىمىزنىڭ بەدى-

ىندىن كۆچمەس مەرەزگە ئايلانغان. ئۇلار شۇم غەرەزلىرىگە
يېتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان مۇناپىقلىقلىرىنىڭ كىملەرنى يىغلى-
تىپ، كىملەرنى كۈلدۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق چايان
تەبىئىتىدىن يانمايدۇ.
هېكمەتنىڭ سۆزلىرىدىن خىيالغا چۆككەن ماهىگۈل نېمە-
ىندۇر ئەسكە ئالغاندەك ئېرىگە مەنە بىلەن قارىدى. هېكمەتمۇ
ئايالىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.
— هېكمەت، «تۇمانلىق يىللار» . . .
— ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن، بىرىنچى تومنى ئېلىپ كېلىڭ.
ماهىگۈل بىر دەستە ئورىگىنالنى شىرە ئۈستىگە قويدى.
— هېكمەت، سىز مەتمۇسانىڭ ئۆيىدە ماۋۇ ناخشىنى
ئېيتقانىدىلا، — ماهىگۈل ماتېرىيال ئىچىدىن ئىزدىگەن ئورىگى-
نالنى سۇغۇرۇپ چىقاردى، — مېنىڭ كۆڭلۈمدىن غەلىتە بىر
ئوي كەچكەنىدى.
— رومانىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىش، تاپتىممۇ؟ — هېك-
مەت ماهىگۈلنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى.
— توغرا، ئىككىمىزنىڭلا كۆڭلىدىن كەچكىنىنى كۆر -
مەمسىز، — ماهىگۈل ئورىگىنالدىكى شېئىرنى كۆرسەتتى، —
قاراڭ بۇ مىسرالارغا:

سۈزۈك بۇلاق سۇلىرىغا ئىنتىلدۇق،
ئىچكىنىمىز بولدى لېكىن لاي - لاتقا.
سەپەر مۇشكۇل، يوللار قىستاڭ تىكەنلىك،
بولۇپ كەلدى قەدەم ئالساق قاياققا.

بۇ مەنىنى تولۇقلاپ، تېمىنى تېخىمۇ يورۇتۇۋاتقان بۇ مىس-
رالارچۇ!
هېكمەت ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى:



ئۆمرىمىزنى زەهەرلىدى، خۇن قىلدى،
ئىتتىپلىقى ئۈچراپ هەربىر بۇلاقتا. . .

هېكمەت بەت نومۇرى سېلىنمىغان تۇنجى ئورىگىنالنى ئال-
دى - دە، رومان تېمىسىنى ئۆچۈرۈپ بولۇپ توختاپ قالدى.
ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن ماهىگۈل خەت يېزىلمىغان ئو-
رىگىنال قەغىزىنى ئېلىپ كەلدى. هېكمەت ئورىگىنالنىڭ ئوت-
تۇرىسىغا يوغان هەم كۆركەم قىلىپ يېزىپ ئايالىغا قارىغانىدى،
ئۇنىڭ چېھرىدىن مەمنۇن بولغان تەبەسسۇمنى كۆردى.
هېكمەت بىلەن ماهىگۈل بۇ يېڭى نامغا تىكىلگەنسېرى
پاجىئەگە تولغان هايات سىمفونىيىسىنى قايتا ئاڭلاۋاتقاندەك،
تراگېدىيە هەقدادىغا يەتكەن ئۆمۈر مەنزىلىنى قايتىلاپ بېسىۋات-
قاندەك هەم ئۇنىڭ قان - يىرىڭغا تولغان يىلتىزىنى كۆرۈۋاتقان-
دەك بولدى. قۇتلۇق هاجىم، خانىزاتخان ئانا، غازاخۇنلاردەك
ئەجدادلىرى بۇ تېمىغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن ساقال سىيپاپ
باش لىڭشىتىۋاتقاندەك؛ كامىل، مۇرات، نائىبى، نەفىسە،
گۈلزىبا، زۇمرەت قاتارلىق مەرهۇم ۋە مەرهۇمە دوستلىرى
كۆزلىرىدىكى قانلىق ياشلىرى بىلەن كۈلۈمسىرىگەندەك نامايان
بولدى. قارىچۇقلىرىنى لىپمۇلىپ سۈزۈك ياشلار قاپلىۋالغان
هېكمەت ئاستا پىچىرلىدى:
— دوستلىرىم، سىلەر مەندىن رازى بولغان بولساڭلار،
تاڭلا مەهشەر كۈنى يۈزۈم يورۇق قوپقان بولارىدىم هەم سىلەر-
نىڭ ئالدىڭلارغىمۇ كۈلۈپ باراردىم! . . .
هېكمەت بىلەن ماهىگۈل يېڭى تېمىغا ئۈزۈنغىچە تىكىلىپ
قالدى! ! . . .

2001 - يىلى ئاپرېل ئۈرۈمچى

تەكلىپلىك تەھرىر : راخمان مامۇت
مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : مەرەمنىسا

# ۋىسال دەقىقىلىرى

جالالىدىن بەھرام

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 - يىل 4 _ ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 - يىل 4 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 16.875
سانى : 0001 _4000
باھاسى : 28.00 يۈەن

بىرھون تورتۇراسى

تور ئادرېسىمىز:

birhon.sinaapp.com

birhon.blogspot.com

www.birhon.tk

www.birhon.com